# نادىر ماقالىلەر توپلىمى

# (1)

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران

2013-يىلى 4-ئاي

مەنبە: مىسرانىم مۇنبىرى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى، ئۇيغۇرلار تورى، باغداش مۇنبىرى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى،

# مۇندەرىجە


1-ئىندىئانلار ھالاكىتىنىڭ باش ئاخىرى ...................ئۆمەرجان ئىمىن 4

2-ئاپپاق خوجىنىڭ "جاھان كېزىش نامى بىلەن تىبەتكە قىلغان

سەپىرى.............................. ئەخمەتجان ھەسەن 19

3-ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئۇيغۇر ساتقىنلار.......... ئەمەتجان مۇھەممەد ئەركىزات 31

4-يەھۇدىيلارنى 3000 يىل ساقلاپ قالغان ئامىللار................ ئەركىن سىدىق 38

5- نيۇ يوركتىكى قەشقەر تونۇسى ........................... زۇلپىقار بارات ئۆزباش 57

6- مەدەنىيلىشىشمۇ، ياتلىشىشمۇ؟ ........................يار مۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق 76

7-ئىنسانلىققا ئىجازەت ....................................... ئابدۇۋەلى ئايۇپ 129

8-«كاتتايلاق» نامىنىڭ تىل يىلتىزى ھەققىدە ................... مۇھەممەد قادىر 140

9-ئۇيغۇر نامىنىڭ ماددى ئىسپاتى «قور» ھەيكىلى تېپىلدى....... مۇھەممەد قادىر 152

10-سوۋېت مەزگىلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى تىل مەسىلىسى .......دىك خاۋ 198

11-ئۇرخۇن ئابىدىلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى دۇنيا قاراش

توغرىسىدا.............................................. ئابدۇمجىت مۇھەممەد 218

12-مەدەنىيەت ۋە مىللەت ............................................ داۋۇت ئۇبۇلقاسىم 240

13-پەرغانە ۋادىسىدا يوقىلىپ كەتكەن خەلق ئۇيغۇرلار............ نەبىجان تۇرسۇن 280

14-مۇراد ناسىروف ۋە مەن ............................................ نەبىجان تۇرسۇن 337

15-قەشقەردىكى چۆكۈش ۋە ئۆرلەش ........................... ئەختەم ئۆمەر 363

مەشرىقيۇ-مەغرىپ تامامدا ئۇل زاتنىڭ ھېكمىتى باردۇر،
كۈللى ئالەم مەخلۇقاتنىڭ زىكرى-تەسبىھ، ئېيتمىقى باردۇر.

يارالمىش قىسسىلىرىدىن، زەبۇر، تەۋرات، ئىنجىلمۇ ھەم،
ئاڭا تەستىق، بۈيۈك دەستۇر قۇرئان ئايىتى باردۇر.

يەتتە دوزاخ، سەككىزى جەننەت، بىرىنى قىلىپ ئارتۇق،
زاتى ئۇلۇغ رەھمان رەھىمنىڭ نەبىھگە رەھمىتى باردۇر.

گەر قىلساڭ تەرك نامازنى، قېتىپ ئۇنىڭغا كەبىرى گۇناھ،
ھېچ ماكان يوقتۇر ساڭا ،بولسا مەھشەردە سورىقى باردۇر.

ئىستىسەڭ رۇخسار بېھىشدىن، بىلگىكى، بولمىغىل غافىل،
بۇندا شەكسىز لەۋزە قىلغان خۇدانىڭ ۋەدىسى باردۇر.

ھېچكىشى تەڭداش بولالماس، ھەر شەيئى مۇھتاج ئېرۇر،
ياراتماق مۈشكۈل ئەمەس، قايىم قىلماقتا قۇدرىتى باردۇر.

مەگەر شاپائەت ئەيلىسە، پەقەت رەسۇلغا روخسەت بار،
كىرىپ جەننەتكە كۆرەر بولساڭ، لەكىمىڭ ئۈممىتى باردۇر.

ئەي يۇسۇف، تىلە تەۋفىق، زىنھار بولمىغىل گۇمراھ،
تەرەھھۇم ئەيلىسە رەببىڭ، بېرەرگە ھەم كەۋسىرى باردۇر .

مەنبە: ئۆزۈم

# 1- ئىندىئانلار ھالاكىتىنىڭ باش ئاخىرى

## -غەربىي ياۋرۇپا تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھېيلىسى

ئۆمەرجان ئىمىن

ئىندىئانلار, ئاۋستىرالىيانلار، پولىنىزىيانلار... دۇنيا سوراپ باقىقان خەلقلەر ئىدى. تاجاۋۇزچىلارنىڭ بالاخور نەپسى ئۇلارنى يەپ كەتتى .بۇ «مۇستەملىكىچىلىك تارىخى ئىنسانىيەت سالنامىسىگە قانلىق قىلىچ ۋە يالقۇنلۇق ئوت تىلى بىلەن يېزىلىپ قالدى .» (ماركس)
كولۇمبونىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئىندىئانلارغا قىيامەت ئېلىپ كەلدى. ئۇ 1513-يىلى تۇنجى بۇلۇپ ئامېرىكا قىتئەسىدە مۇستەملىكە ئورناتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە، فرانسىيە، پورتگالىيە ۋە گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئارقا-ئارقىدىن قوشۇن كىرگۈزۈپ، ئىسپانىيە بىلەن مۇستەملىكە تالاشتى. بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈل ئامېرىكا قىتئەسى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قالدى. تاجاۋۇزچى ئەل ھۆكۈمەتلىرى ئىندىئانلارنى قۇل قىلىش جەريانىدا مۇستەملىكىچىلىك ھېيلىسىنىڭ ئۆلگىسىنى ياراتتى .

### 1.ئەپسانە – رىۋايەتلەر ئارقىلىق كېڭەيمىچىلىك قىلىش ھېيلىسى

ياۋرۇپالىقلار كولۇمبو خاتىرلىرى ئارقىلىق ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ سىرلىق جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، ئىندىئانلارنىڭ غەلىيتە قىياپىتى ۋە ئۆزگىچە تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن تۇنۇشقاندىن كېيىن ، ئوتتۇرا ئەسىردە تازا راۋاجلاندۇرۇلغان قەدىمكى يۇنان، رىم ئەپسانە – رىۋايەتلىرىگە رېئاللىق تۇيغۇسىدا قاراشقا ئادەتلەندى .ئەپسانە رىۋايەتلەردە قەيت قىلىنغان ھادىسىلەرنى تېپىش ئۈچۈن ئامېرىكا قىتئەسىگە بېرىشقا بەل باغلىغان تەۋەككۇلچىلەرنىڭ كۆپىيىشى –ئىسپانىيە پادىشاھىنىڭ كالللىسىدا كېڭەيمىچىلىك قىلىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ھېيلىسىنى شەكىللەندۈردى.
1513-يىلى تەۋەككۇلچى ئاقسۆڭەك دېرئان ئىسپانىيە پادىشاھىغا رىۋايەتتىكى «ياشلىق بۇلىقى» (بۇ بۇلاقتا چۈمۈلگەن كىشى ياشلىق دەۋرىگە قايتارمىش) نى تېپىپ بېرىش بەدىلىگە زور ئىنئامغا ئېرىشىش كۇيىدا، خان ئارمىيىسىگە باش بۇلۇپ، ئامېرىكا قىتئەسىگە باردى . ئۇ بارغانلا يېرىدە

ئىندىئانلارنى بۇلاقنى تېپىپ بېرىشكە قىستاپ قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى . نۇرغۇن جايلاردا مۇستەملىكە بايرىقىنى تىكلىدى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن دېرىئان پادىشاھىنىڭ يول يۇرىقى بويىچە ھازىرقى فلورىدا ۋە باھاما ئارلىنى «ياشلىق بولىقى » جايلاشقان ئورۇن قىلىپ بېكىتىپ ،بۇ جايدىكى ئىندىئانلارنى قىرىپ تۈگىتىشۋەتكەندىن كېيىن ، بۇ رايۇندا ھەربىي شتاپ تەسىس قىلدى.
16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فلورىدا ۋە باھاما ئارىلى ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ ئامېرىكىغا بېرىپ – كېلىشىدىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇن بولۇپ قالغانلىقى-« ياشلىق بۇلىقى» قىزغىنلىقىنىڭ ھەقىقىي كۆرۈنىشى ئىدى.
1529-يىلى ھەربىي ئەمەلدار نونىيو ئىسپانىيە پادىشاھىغا ئەپسانىلەردىكى «يەتتە ئالتۇن شەھەر»نى تېپىپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپ ، خىل قوشۇن بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىگە باردى . ئۇ ئۆزلىكسىز تۆردە شىمالغا كېتىپ ، كەڭ جايلارنى ئىستىلا قىلغان بولسىمۇ ، بۇ ئەپسانىۋى شەھەرلەرنى تاپالمىدى . 1540-يىلى پادىشاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆزى ئىستىلا قىلغان شىمالى ئامېرىكا رايونىنىڭ يەتتە يېرىدە ۋالى مەھكىمە ئورگىنى تەسىس قىلدى. 1532-يىلى مۇستەملىكچى پىساررو رىۋايەتلەردىكى «كۈمۈش تاغ»،«سماب كۆل »نى تېپىش ئۈچۈن غەربىي جەنۇپ تەرەپتىن ئامېرىكا قىتئەسىگە باستۇرۇپ كىردى . ئۇ پېرۇدىكى ئىنكا دۆلىتىنىڭ نۇر چاقناپ تۇرغان ئىبادەتخانىلىرىنى ، ئاپئاق رەڭدىكى شەھەر قۇرلۇشلىرىنى «كۈمۈش تاغ» دەپ خىيال قىلىپ ، نۇرغۇن قانلارنى تۆكۈپ بۇ دۆلەتنى مۇنقەرز قىلدى .«سماپ كۆل»نى ئىزدەپ ئارگېنتىناغىچە كېتەيدى.
1518-يىلى خۇئان دېگىل خارۋا ئىسىملىك مۇستەملىكچى ئەپسانىلەردىكى «ئامازون ئايال چەۋەندازلىرى »نى تېپىش ئۈچۈن ئامېرىكا قىتئەسىگە باردى.كېيىن ئورېلليانو ئوخشاش مەقسەتتە ئامېرىكىغا قوشۇن باشلاپ باردى. ئۇلار ھازىرقى ئامازون ھارۋىسىدا توققۇز نەپەر ئايال چەۋەنداز بىلەن ئۇرۇشقاندىن كېيىن ،بۇ جايغا «ئامازون» دەپ نام بەردى.ئۇلار يەنە مايا رايونى ،كالىفورنىيە ،برازىلىيە،چىلى قاتارلىق جايلاردا ئايال چەۋەندازلارنى ئىزدەش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ بۇ جايلارنى بېسىۋالدى .
1519-يىلدىن باشلاپ دېيىشس، پلاسكىس قاتارلىق مۇستەملىكچىلەر كۆپادا رىۋايەتتىكى «ئىت باش مايمۇن»ۋە «ئىت يۈزلۈك ئادەم»لەرنى ، مايا رايۇندا «سۇ ئاستىدا ئۇخلايدىغان قەبىلە»،«چېچى يوق ئادەملەر »،«پەتەك ئادەملەر»نى،جەنۇبىي ئامىرىكىدا «ئىككى باشلىق قۇش» ، «بىر پۇتلۇق ئادەملەر»ۋە «قۇيرۇقلۇق ئادەملەر»، «شىر بەدەن قۇش باش»ھايۋانىنى ئىزدەش ئۇرۇشى قوزغاپ بۇ جايلارنى بېسىۋالدى. بەزى مۇستەملىكچىلەر بوي ئېگىزلىكى ئادەتتىكى سەككىز ئادەمنىڭ بويي ئېگىزلىكىگە باراۋەركېلىدىغان «گىگانت ئادەملەر»نى ھەم سۆزلىيەلەيدىغان، ئاڭلىيالايدىغان «ئادەم بىلىق »لارنى ئىزدەش جەريانىدا كولورىدا ،پېرو، تىنوچدىتلان، يېڭى گالىتسىيە، يۇكاتان يېرىم ئارىلى، مىسسىپى دېلتا رايۇنى ۋە تېكساس دېڭىز

ساھىلى، بېرناردىنا ئارىلى قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. مۇستەملىكە قىلىنغان بارلىق جايلاردا ئىسپانىيەگە قاراشلىق ۋالىي مەھكىمە ئورگىنى تەسىس قىلىندى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قانلىق قىلىچى رىۋايەتنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا قادىر بولالمىغان بولسىمۇ، ئىسپانىيە پادىشاسىنىڭ پۈتكۈل ئامېرىكا قىتئەسىنى ئۆز مۇستاملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇردى.

## 2.دىنى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش ھىيلىسى

ئىندىئان دىنىدا تۇتېم ئېتىقادى ۋە كۆپ ئىلاھلىق دىن ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى . ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىمۇ ئاجايىپ-غارايىپ ئوبرازلار تۈسىدە يارىتىلغانىدى. دەسلەپكى مۇستەملىكە دەۋرىدىلا ئىسپانىيە ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي روھانىلىرى ، ئۆز ئارمىيىسىگە « ئىندىئانلار < ئىنجىل> دا كۆرسىتىلگەن جىن ئالۋاستىلارغا چوقۇنۇپ ئىنسانىيەتكە ئاپەت تىلەيدىكەن» دېگەنلەرنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ ، ئىندىئانلارغا بولغان قىرغىنچىلىقنى كەسكىنلەشتۈرگەن ئىدى. 1611-يىلى كوئىئو ئېلادىكى سان پېتىر ئەتراپىدا يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغاندا ، 1558- يىلى پونساكرا قولتۇقىدا قارا بۇران چىقىپ ئىسپانىيە دېڭىز پىلوتىنى ۋەيران قىلىۋەتكەندە ، روھانىلار « بۇ ئىندىئانلارنىڭ جىن-ئالۋاستىلارغا چوقۇنغانلىقىدىن بولغان» دېگەن دىنىي سەپسەپىنى تارقاتقاچقا ، مۇستەملىكىچى ئارمىيە بۇ جايلاردىكى ئىندىئانلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تۈگىتىۋەتكەن. قايسى جاي تەبىئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىسا شۇ جايدىكى ئىندىئانلارنى قىرىپ يۇقۇتۇش ئەۋج ئالغان ئىدى. خىرىستىئانلار بۈۋى مەريەمنى «مۇقەددەس ئانا» سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ. ئىندىئانلارمۇ « تونەنچىن» ( مۇقەددەس ئانا) نى بارلىق ئىلاھلارنىڭ ئانىسى ، دەپ قارايدۇ ئىندىئانلار يەنە قۇياش ئىلاھى بىلەن ئوت ئىلاھىنى كىرىست بەلگىسى بىلەن ئىپادە قىلىدۇ. ئىندىئان دىنلىرىدىمۇ خىرىستىئان دىنىغا ئوخشاش « ئىلاھ يولىدا قۇربان بولغانلارنىڭ روھى ئىلاھ بولۇپ تۇغۇلىدۇ.» دېگەن تەلىمات ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇستەملىكىچىلەر بۇ تاسادىپىي ئوخشاشلىقنى دەستەك قىلىۋېلىپ ، ئىندىئانلارنى « سىلەر بۈۋى مەريەمنىڭ باشقابىر ئۇرۇقىدىن دەپ ئالداپ ، خىرىستىئان دىنىغا بەيئەت قىلىشقا زورلىغان. ئۇلار يەنە ئىندىئان بۇتخانىلىرىدىكى كىرىست بەلگۈلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەيسانىڭ ھەيكىلىنى ئورناتقان. ئىندىئانلار بۇنى كىچىك ئىش دەپ بىلىپ چوقۇنۇۋەرگەن.

خىرىستىئان دىن تارقاتقۇچىلىرى يەنە « قەيەردە يامانلىق ، دىنسىزلىق ئەۋج ئالسا شۇ يەردە بۈۋى مەريەم روھى پەيدا بولىدۇ» دېگەننى يەرلىك ئاھالىگە تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە بىر چاغدا، ياۋرۇپادىن بۈۋى مەريەم ھەيكىلىنى تۈركۈملەپ يۆتكەپ كىلىپ ، ئىندىئانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ، قارشىلىق كۈچى كۈچلۈك جايلارغا مەخپىي كۆمگەن. بىر مەزگىلدىن كېيىن ،

**سىتۇپىلىنغان ئىندىئان كاھىنلىرى بۇلارنى «بايقاپ » قالغان ۋە خەلققە ئىلاھىيلاشتۇرۇپ تەشۋىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جايلار قان تۆكىلىدىغان ،ئاھالىلار تارقاقلاشتۇرىلىدىغان ھەم كاتتا چېركاۋلار قەد كۆتۈرىدىغان ئورۇنغا ئايلىنىپ قالغان . 1517ـ1565ـ يىللار ئارىلىقىدا پەقەت مېكسىكىدىلا 200دىن ئارتۇق ئورۇندا بۈۋى مەريەم ھەيكىلى بايقالغان ».**



**مۇستەملىكىچىلەر يەنە ئىندىئانلارنىڭ ئالەم كۆزىتىش مۇنارلىرى، قۇياش ئىبادەتخانىلىرى ئۈستىگە چېركاۋلارنى سالدى. ئىندىئان بۇتلىرىنى چېقىپ، ئورنىغا ئىندىئان بۇدلىرى شەكلىدە نىقاپلانغان خرىستىئان بۇدلىرىنى تۇرغۇزدى. كىرىست بەلگىلىرىنىمۇ ئىندىئانلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بۇيۇملار بىلەن ياسىدى. خرىستىئان دىنى بايراملىرىنى ۋە نەزىر –چىراق كۈنلىرىنى ئىندىئان كالىندارى بويىچە يەرلىك بايرام كۈنلىرىگە توغرىلاپ ئورۇنلاشتۇردى. ئىندىئانلارنى خرىستىئان دىنلىرىغا قوبۇل قىلىش رەسمىيەتلىرىنىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ، كۈنىگە 6 مىڭدىن 15 مىڭغىچە ئادەمنى دىنغا كىرگۈزدى. چېركاۋلاردىكى بۈۋى مەريەم بۇدلىرىغا «تونەنچىن »دەپ ئىسىم قويىدى. ئىندىئانلار يۇقىرىقى ئۆزگىرىشلەرنى شەكىل جەھەتتىكى ئىش ھىسابلاپ ئاسانلا كۆنۈپ كەتتى. ئۇلار خرىستىئان بۇتلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆز بۇتلىرىنى يوشۇرۇپ قويۇپ مەخپىي چوقۇندى. چىركاۋلار ئاستىغا ئۆز بۇتلىرىنى كۆمۈپ قويىدى. چېركاۋ تۈۋرۈكلىرىگە ئۆز دىنىي دۇرتلىرىنى يېزىپ قويىدى. خرىستىئان دىنى ئۇسۇللىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئوينىدى .مۇستەملىكىچىلەر بۇ خىل پاسسىپ قارشى تۇرۇشنى بىلىسمۇ بىلمەسكە سالدى . ئۇلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كېيىنكى ئەۋلات ئىندىئانلارنىڭ بۇ خىل مەخپىي «قورساق كۆپۈكى»نى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ كېتىدىغانلىقىغا**

ئشىنەتتى. گەرچە ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ بولۇش ئالاھىدىلىكى تۈپەيلى ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىندىئانلارنى دىنسىزلاندۇرۇش ھىيلىسى تەلتۆكۈس ئۈنۈم بەرمىگەن بولسىمۇ، لىكىن ئۆز دىنىدىن يۈز ئۆرىگەن ئىندىئانلاردا ئىتىقادسىزلىق ،ئەسلىنى ئۇنتۇش خاھىشلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

## 3.مەدەنىيەتنىڭ جان تومۇرىنى ئۈزىۋېتىپ روھنى ئۆلتۈرۈش ھىيلىسى

ياۋروپادا تۈنجى بولۇپ قۇياش تەلماتىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى برونىي رىم مەيدانىدا كۆيدۈرۈلۇۋاتقان 1600-يىللاردا، ئىندىئانلار مايا، تىنوچدىتلان ۋە تۇئتىغۇلكان شەھەرلىرىدىكى ئالەم كۆزىتىش مۇنارلىرىدا ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان تېلېسكوپ بىلەن كۈننىڭ كۆيۈش ۋاقتىنى ئاي، زۆھرە يۇلتۇزى ۋە باشقا سەييارىلەرنىڭ دەۋرىيلىك ئايلىنىش ۋاقتىنى توغرا ھېسابلاپ چىقىۋاتاتتى .
ئىندىئانلارنىڭ پۇختا مەدەنىيەت تورى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ «ئىندىئانلارنى بويسۇندۇرۇش -ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرگەنچىلىك ئاسان ئىش» دېگەن خىيالىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. مۇستەملىكىچىلەر بىر مەزگىللىك ھۇدۇقۇش قورقۇشتىن كېيىن، ئىندىئان مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى مىخانىزمىدىكى سەلبىي خۇسۇسىيەتنى بايقىۋالدى. كاھىنلار پۈتكۈل ئىندىئان جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى ۋە زىيالىيلار قاتلىمى ئىدى. ئۇلار پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىلىم -پەن، مەدەنىي -مائارىپ ۋە مەنىۋى پائالىيەت ئىشلىرىنى ئۇستىگە ئالغۇچىلار ئۇلار يەنە ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش، جەمىيەت تەرتىپىنى تۈزەش قاتارلىق پائالىيەتلەرگىمۇ يېتەكچىلىك قىلاتتى. چىن مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا، پۈتكۈل ئىندىئان مەدەنىيتى «كاھىن»نامى بىلەن ئاتالغان يۇقىرى تەبىقە دىندارلار سىنىپىغا مەنسۇپ ئىدى.
كاھىنلار دىنى خەلقنى كۆكۈلدىكىدەك قۇل قىلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرى ئېرىشكەن بارلىق بىلىملەرنى ئىلاھىي ۋەھىي سۈپىتىدە خەلققە يەتكۈزەتتى. خەلق بارلىق ئۇرۇنلاشتۇرۇشلارنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى دەپ بىلىپ، شەرتسىز بويسۇناتتى ھەم كاھىنلارنى «ئەۋلىيا »دەپ ئۇلۇغلايتتى. كاھىنلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت يارىتىش تەجرىبىلىرىنى ئىنتايىن مەخپىي تۇتاتتى، ئۆز پەرزەنتلىرىنىلا «ئىز باسار ئەۋلىيا»قىلىپ تەربىيلەيتتى خەلقنى ھەرگىز ئارىلاشتۇرمايتتى.
بىر كاھىن ئۆلسە ئورنىغا بىر كاھىن پەرزەنت ئىز باسار بولاتتى، خەلق پەقەت ئانا تىلى، ئۇرۇش ئىلاھلارغا چوقۇنۇش ۋە ئېغىر ئەمگەكتىن باشقا ھېچنىمىنى بىلمەيتتى، يېزىق بىلىدىغان بىرمۇ پۇقرا بولمايتتى. ئىندىئان مەدەنىيتى ماھىيەتتە «كاھىنلار مەدەنىيتى» ئىدى. ئىندىئان مەدەنىيتىنىڭ جان تومۇرى ئاخىرى ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى ئارمىيسىنىڭ باش روھانىيسى دىئوگو .د.راندانىڭ قانلىق

قېلىچىدا كېسىپ تاشلاندى.

1562-يىلى راندا ئامرىكىنىڭ پۇتكۇل ئىسپان تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىگە ئىندىئان كاھىنلىرىنىڭ نەسلىنى قۇرۇتىۋېتىش ،ئىندىئان تىل-يېزىقىدىكى كىتاب،ھۆججەتلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي كۆيدۈرۈۋېتىش كاھىنلارنىڭ بارلىق ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش بۇيرۇقىنى بەردى.شۇنىڭدىن كېيىنكى 40يىلدا مۇستەملىكىچىلەر «كاھىنلار جىن-ئالۋاستىلارنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەكىلى»دېگەننى باھانە قىلىپ ،400مىڭدىن ئارتۇق كاھىننى ئۆلتۈردى.پايدىلىنىش مەقسىتىدە ساقلاپ قالغان ئاز ساندىكى خائىن كاھىنلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا كاھىنلارنىڭ نەسلىنى پۈتۈنلەي قۇرۇتۇۋەتتى. نەچچە مىڭ يىللىق ئىندىئان مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەشكەن كىتابلارنى «ئالۋاستىلار قوللانمىسى»دەپ پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋەتتى. مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى.ئالىملار كېيىنكى 300 يىل جەريانىدا قاتتىق ئاختۇرۇشلار بەدىلىگە ئاران تۆت پارچە كىتابنى قولغا چۈشۈرگەن بولسىمۇ ،ئىندىئان يېزىقىنى بىلىدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىغاچقا ،ئۇقۇش مۇمكىن بولماي ،مۇزېي بۇيۇمى بولۇپ كەتتى. ئىندىئان مەدەنىيىتىنىڭ سەلتەنىتى پەقەت جارابىلاردىلا ساقلىنىپ قالدى.ۋەتىنىدىن ،دىنىدىن ۋە مەدەنىيەت ئىزچىللىقىدىن ئايرىلغان ئىندىئانلار بىراقلا روھسىزلىنىپ جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتتى.

## 4.مەدەنىيەت كۆچۈپ كىلىپ شالغۇتلاشتۇرۇش ھىيلىسى

مۇستەملىكىچىلەر ئىندىئانلارنىڭ مىللى مەدەنىيىتىنى خارابىلاشتۇرۇشقا باشلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپا مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئامرىكىغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ ئىندىئانلارغا مەجبۇرىي تاڭغاندى.

مۇستەملىكىچىلەر ئامېرىكا قىتئەسىگە قەدەم باسقان كۈندىن باشلاپ بۇ جايدىكى تاغ تىزمىلىرى ، دەريا-كۆللەر، ئورمانلىق، ئارال، دېڭىز بوغۇزلىرى، شەھەر ۋە يېزا –كەنتلەرنى خرىستىئان دىنى ئەۋلىيالىرىنىڭ ئىسمى ۋە خرىستىئان دىنى بايرامناملىرى بىلەن ئاتاپ ماڭغان. كولۇمبو غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىغا 1492-يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈنى يېتىپ بارغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئارالدىكى تۇنجى بارغان كەنتكە «ئەيسانىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرلەش كەنتى»دەپ ئىسىم قويغان. بۇ ئارالنى«كىچىك ئىسپانىيە ئارىلى » دەپ ئاتىغان. پەقەت مېكسىكىدىلا 1756 ئۇرۇنغا « مەريەم» 221 ئۇرۇنغا « بۈۋى مەريەم» دەپ نام بىرىلگەن. « ياقۇپ » ، « يۇسۇپ» نامى بىلەن ئاتالغان جايلارنى ئىنتايىن كۆپ بولغان، ئەسلى يەر- جاي ناملىرى پۈتۈلەي بىكار قىلىنغان. مۇستەملىكىچىلەر ئىندىئانلارنىڭ يەرلىك بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ، مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ بىرىشنى تەلەپ قىلىشنى ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خرىستىئان دىنىي بايراملىرىنى

ئىندىئان كالىندارى بويىچە يەرلىك بايرام كۈنلىرىگە توغۇرلاپ ئۆتكۈزگەن ، يەرلىك دىنىي بايراملارنى ئاددى شەكىلدە، خرىستىئان دىنى بايراملىرىنى داغ-دۇغۇلۇق ئۆتكۈزۈش شەكلى ئارقىلىق ئىندىئانلارنى خرىستىئان بايراملىرىغا قىزىقتۇرغان. مۇستەملىكچىلەر ئۆلچەم بىرلىكلىرى، پۇل بىرلىكلىرى جەھەتتە پۇتۇنلەي ياۋرۇپا ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىنى ئۇمۇملاشتۇرغان.

1522- يىلدىن باشلاپ ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا مۇناستىر ، شەھەر قۇرۇش ئەۋج ئالغان. شەھەر لاھىيلەش ، باشقۇرۇش ۋە مەمۇرىيەت تەشكىلى قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئىبىرىيە يېرىم ئارىلىدىكى ئۈلگىلەرنى كۆچۈرۈپ كەلگەن . يول قاتنىشى جەھەتتە ، ياۋرۇپا ئۇسلۇبىدىكى شاخمات تاختىسى شەكىللىك لاھىيەنى قوللانغان. بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە شەھەر ستىراتىگىيىسى جەھەتتە ئىندىئان ئۇسلۇبى ئاساس قىلىنغان بولسىمۇ ، بىناكارلىق بىزەكچىلىكى جەھەتتە ، ئىتالىيە رەسسساملىق ئۇسلۇبىدىن ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ھەيكەلتاراشلىق ، ئويما نەقىشچىلىك ھەم بوياقچىلىق تېخنىكىسى كۆچۈرۈپ كىلىنگەن. نەتىجىدە ، ئىندىئانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارچىلىق مەدەنىيىتى خاراپلاشقان. مۇستەملىكچىلەر تارىخ-تىزكىرچىلىك ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تارىخى بۇرمىلانغان تارىخنامىلەرنى ياساپ چىققان. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئىندىئانلارنى قىرىپ قۇل قىلغان ئىپلاسلىقلىرىنى «ئەيسا يولىدا قىلىنغان مۇقەددەس ئۇرۇش » سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. مۇستەملىكچىلەر ئىندىئان سەنئىتىنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىنى خالىغانچە بۇزۇپ پايدىلانغان. ئىندىئانلارنى ياۋرۇپا كىيىملىرىنى كىيىپ ، ياۋرۇپاچە گىرىم قىلىپ ئىندىئان سەنئىتىنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر قىلغان . ئىندىئان تىياتىرلىرىنىڭ تەسىرلىك مۇزىكىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ ، ئورنىغا خرىستىئان دىنى مۇناجاتلىرىنى سەپلىگەن. ئىندىئان مۇزىكىلىرىغا خرىستىئان دىنى مەدىنىيە تېكىسلىرىنى كىرگۈزۈپ ، سىغىنىش پائالىيەتلىرىدە ئىندىئانلارنى يۇقۇرى ئاۋازدا ئوقۇشقا مەجبۇرلىغان. ئىندىئان مۇزىكانتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللى چالغۇلارنى چېلىشنى چەكلەپ ، ياۋرۇپا چالغۇلىرىنى چېلىشقا قىستىغان. ئىندىئان ئۇسۇللىرىنىمۇ خالىغانچە بۇزۇپ ، ھەممىنى ئەيسانى ، خرىستىئان دىنىنى مەدىھىيەلەيدىغان، خرىستىئان ئۇسۇلى قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتكەن. رەسساملىق ، ھەيكالتاراشلىق جەھەتتىمۇ ئىندىئان سەنئەتكارلىرىنى ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتىن قول ئۈزۈشكە مەجبۇرلىغان. قىسقىسى : مۇستەملىكچىلەر ئىندىئان سەنئىتىنى مۇمكىن بولغان دەرىجىدە بۇزۇپ ، ئۆزگەرتىپ ئۆز ئاتالغۇ سىستېمىسىنى بېيىتقان. مۇستەملىكچىلەر كىلىشتىن ئىلگىرى « پوچتىكا» دەپ ئاتىلىدىغان ئىندىئان سودىگەرلىرى يۇرتمۇ –يۇرت قاتناپ ، پايدىسىغا ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى ئەنئەنىۋى سودا بىلەن شۇغۇللىناتتى. شەھەرلەردە ئالتۇن-كۈمۈش ، يېزىلاردا كاكاۋۇ مىسپالتا قاتارلىقلار پۇل بىرلىكى قىلىناتتى. مۇستەملىكچىلەر ئىندىئانلارنى مۇستەملىكە ئاستىغا ئالغاندىن كىيىن ، ئامېرىكا قىتئەسىنى خام ئەشيا مەنبەسى دەپ تونۇپ قالماي ، يەنە ياۋرۇپادا بازار تاپالمايدىغان ناچار تاۋارلارنى بازار ئورنىدىمۇ پايدىلانغان. ئۇلار سۈپىتى ناچار ماللارنى كۆپلەپ يۆتكەپ كىلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا باج ۋە باشقا جەھەتلەردە

ئىتىبار بەرگەن . ئىندىئان سودا- سېتىقچىلىرىنى ئېغىر باج ۋاستى بىلەن قىسىپ روناق تېپىش ئىمكانىيىتىدىن ئايرىغان. پۇلدار ئىندىئان ئاق سۆڭەكلىرى يۇشۇرۇن ئۆلتۈرۈلۈپ ، مال- مۈلكى ، بۇلاڭ- تالاڭ قىلىنغان. مۇستەملىكىچىلەر ئاچقان « نىسىيگە سېتىپ ئۇسۇمى بىلەن تۆلىتىۋېلىش ماگزىن» لىرى ئىندىئانلارنى نامراتلاشتۇرىدىغان ئاساسلىق ئاملغا ئايلانغان.

## 5. « مائارىپنى گۆللەندۈرۈش» شۇئارى ئاستىدا نادانلاشتۇرۇش ھىيلىسى

ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە پۇتكۈل ياۋرۇپانى دىنى ئىسلاھات دولقىنى قاپلىغاندىن كېيىن ، مۇستەملىكىچىلەر ئىندىئانلارغا بولغان دىنى تەربىيىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇلار ئىنسانپەرۋەرلىك تونىغا ئورۇنىۋېلىپ « ئىندىئان مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇپ ئۇلارنىڭ روھنى قۇتقۇزۇۋالايلى» دىگەن شۇئارنى بازارغا سالدى.
1523- يىلى ئىسپانىيلىك داڭلىق روھانى پېيدولۇ مېكسىكىدا تۇنجى ، «ئىندىئانلار مەكتىپى» نى قۇرغاندىن كېيىن ، پۈتكۈل ئامېرىكا قىتئەسىدە مەكتەپ قۇرۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. مەكتەپلەردە بوي سۇنغان خىزمەت كۆرسەتكەن ئىندىئان ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ بالىلىرى قوبۇل قىلىندى. مەكتەپلەردە ياۋرۇپا مىسسىئونىرلار مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇش متوتى ئاساس قىلىنىپ ، ئەنئەنىۋى خىرىستىئان دىنى دەرىسلىرى ئۆتۈلدى. ئىسپان تىلى ئوقۇتۇش ئاساس قىلىندى. ئەيساغا قارغۇلارچە چوقۇنۇش روھى پۈتكۈل مائارىپ ئەخلاقىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. « ئىنجىل»نى يادلاش ئەۋج ئالدى. مۇستەملىكىچىلەر « ئىندىئان بالىلار دىنى تەشۋىقات ئەترىتى » تەشكىل قىلىپ ، ئوقۇغۇچىلارنى ئاتا- ئانىلىرىغا ، يەرلىك خەلققە خىرىستىئان دىنىنى تەشۋىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئوقۇغۇچىلار يەنە ئىندىئان ئاھالىلىرىنىڭ يەرلىك دىنىغا چوقۇنۇشىنى توسۇش ، يەرلىك قول- ھۈنەر كەسىپى بىلەن شۇغۇللىنىشنى چەكلەش، قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە پايلاقچىلىق قىلىش، ئىندىئان دىنى بۇتلىرىنى چېقىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەتتى.ئەمما ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز ئاتا- ئانىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلەتتى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ دەرىسلىك ماتىرىياللىرىدا مۇستەملىكىچىلىك تارىخى بۇرمىلانغان. ئىندىئان مىللى قەھرىمانلىرى « ئەيسانىڭ دۈشمىنى» دىيىلىپ ھاقارەتلەنگەن. ئوقۇغۇچىلارغا ئىسپانچە يېڭى ئىسىملار قويۇلغان. ئۆز تىلىدىن قول ئۈزۈپ ، ئىسپان تىلنى قوللانغانلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. مەكتەپلەردە يەنە « ئىنجىل» دا زىكرى قىلىنغان مۇقەددەس كىشلەرنى مەدھىيلەش ئەۋج ئالغان. ھەتتا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئوبرازى كۆپتۈرۈلگەن. ئىندىئانلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرى ھەجۋىيلەشتۈرۈلگەن تىياتىرلارنى ئويناش ئۇمۇملاشقان. مۇستەملىكىلەرنىڭ « ئىندىئان مائارىپىنى گۆللەندۈرۈش» يۇلىدىكى بىر قاتار

تەدبىرلىرى ئارقىسىدا ، 17- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئامېرىكا قىتئەسىدە ، يېڭى بىر ئەۋلات ئورنىتىلغان . « ئىندىئان زىيالىيلىرى» شەكىللىنىپ ئۆز مىللىتىنىڭ خاراپلىشىشىنى تىزلەتكۈچى كاتالىزاتۇرغا ئايلانغان ئىدى. ئامېرىكا مۇستەقىللىق ھەركىتى ، 1- دۇنيا ئۇرۇشى ، فاشىسىزىمغا قارشى ئۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار چوڭ ئۆزگۈرۈشلەر گەرچە ئىندىئان ماتارىپىغا بەزى پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار يەنىلا مۇئارىپ سىياسىتىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ قالدى. مۇستەملىكىچىلەر ئىندىئانلارنى «ئاز قوبۇل قىلىش، مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا قويماسلىق» تىن ئىبارەت تەزدۇرۇش ھيلىسى قوللىنىپ « ئوقۇش قىزغىنلىقى يوق ياۋايى مىللەت» دىگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ قويدى. نەتىجىدە ئىندىئانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىلىم چۈشەنچىلىرى ئىزچىللىقنى يوقۇتۇپ ، مىللى ماتارىپ شەكلى پۈتۈنلەي خاراپلاشتى. ئىندىئانلار مىسلىسىز دەرىجىدە نادانلىشىپ كەتتى.

## 6. بايلىق يۆتكەپ كىلىپ ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش ھيلىسى

ياۋرۇپادا كاپىتالىزىم بىخ سۈرگەندىن كىيىن جاھانگىر ئەللەر بايلىق تالان –تاراج قىلىش پائالىيىتىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈردى.

ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىنى تالان –تاراج قىلىشتا قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى. 1519-يىلى مۇستەملىكىچى كورتىس ئازتېكلار دۆلىتىگە باستۇرۇپ كىردى.

ئازتېك پادىشاھى سۈلھىيلىشش نىيىتىدە كورتېسقا دىيامىترى ئالتە ئىنگىلىزچى كىلىدىغان ئىككى ئالتۇن لىگەن بىر قاپاق كىپەك ئالتۇن ۋە باشقا نۇرغۇن سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدى.كورتېس سوۋغىلارنى ئېلىۋېلىپلا رەزىل نىيىتىنى ئاشكارلىدى .ئىككى سائەت ئىچىدىلا ئىككى مىڭ ئىندىئاننىڭ جېنىغا زامىن بولدى ۋە ئالتە مىليون 300مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا باراۋەر ئالتۇن كۈمۈشنى بۇلاپ كەتتى .

1532-يىلى پىسارو ئىنكا دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ ، پادىشاھ ئاتا خالپانى ئەسىر ئېلىپ بىر ئۆيگە سولاپقويدى ھەم ئىنكا ئىندىئانلارغا پادىشاھ قامالغان ئۆيىنى ئالتۇن كۈمۈش بىلەن تولدۇرۇپ بەرسە ، پادىشاھنى قويۇپ بىرىدىغانلىقنى جاكارلىدى. پۈتكۈل ئىنكا ئاھالىسى ھەركەتكە كىلىپ ، ئۇزۇنلۇقى 22 ئىنگىلىزچى كەڭلىكى 17ئىنگىلىزچى ، ئېگىزلىكى 9ئىنگىلىزچى كىلىدىغان بۇ ئۆيىنى ئالتۇن – كۈمۈش ،يامبۇلار بىلەن تولدۇرغان بولسىمۇ پىسارو بايلىقنى ئېرىشۋېلىپلا قىرغىنچىلىق ھەركىتىنى باشلىۋەتتى .مۇستەملىكىچىلەرنىڭ بۇ خىل بۇلاڭ –تالاڭ ھەركەتلىرى پۈتكۈل قىتئەنى قاپلىغاندىن كىيىن ، ھەر قايسى جايلاردا ئىندىئانلارنىڭ قارشىلىق ھەركەتلىرى ئارقا –ئارقىدىن مەيدانغا چىقتى. 1553-يىلى چىلىدىكى ئالاۋكا ئىندىئانلىرى ئىچىدىن چىققان ياش قەھرىمان

لۇدارۇ چىلى ئىندىئانلارغا باش بۇلۇپ ، مۇستەملىكىچىلەرنى تارمار قىلدى ھەم مۇستەملىكىچى ئارمىيە قوماندانى بالدىۋىنى ئەسىر ئالدى .لۇدارۇ پۈتۈن خەلق توپلانغان مەيداندا بالدىۋىيگە :«سەن ئالتۇن بولغىلى كەلگەن ، بىز سىنى ئالتۇنغا تويغۇزۇپ قويايلى» دەپ خىتاپ قىلىپ ، قايناپ تۇرغان ئالتۇن ئېرىتمىسىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا قۇيدى. ئەمما خائىنلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كىلىشى سەۋەبىدىن ئىندىئانلارنىڭ قارشىلىق ھەركەتلىرى تېزلا مەغلۇپ بولدى.

مۇستەملىكىچىلەر تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئېرىشىش مەقسىتىدە مىكسىكا، پېرۇ بولىۋىيە ، ۋە يېڭى كرانادا قاتارلىق جايلاردا ئالتۇن-كۈمۈش كانلىرىنى كەڭ ئېچىپ ئىندىئانلارنى كۈنىگە 18سائەت ئىشلەشكە مەجبۇرلىغان. قامچا-كالتەك ئاستىدىكى ئېغىر ئەمگەك ۋە كانلارنىڭ بىخەتەرلىك ئىشلىرىنىڭ ناچارلىقى سەۋەبلىك كان سەيسىگە تۇتۇلغانلارنىڭ بەشدىن تۆت قىسمى ئۆلۈپ كەتكەن .شۇڭا، كان سەيسىگە تۇتۇلغانلارنىڭ دەپنە مۇراسىمنى ئالدىن ئۆتكۈزىۋېتىش پۈتكۈل ئىندىئان جەمىيىتىدە ئۇمۇمي ئادەتكە ئايلانغانىدى. مۇستەملىكىچىلەر 1541-يىلغا قەدەر 15مىليون ئىندىئاننىڭ جېنىغا زامىن بولغان .ئىسپانىيە 1574-يىلغا قەدەر ئامېرىكا قىتئەسىگە 200مىڭ ئائىلىنى كۆچۈرۈپ بارغان بۇلۇپ ، ئۇلار كان –ئېكىنزارلىق ئېچىش ، سودا قىلىش، ئىندىئانلارغا نازارەت قىلىش ،خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن.

ئىندىئانلار كۆپلەپ قىرىلىپ كەتكەچكە ، مۇستەملىكىچىلەر ئەمگەك كۈچى تولۇقلاش ئۈچۈن ئىبلىس قولىنى ئافرىقىغا سوزغان. 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىغا قەدەر ئافرىقا 100مىليون نىگىر خەلقىدىن ئايرىلغان، بۇنىڭ 15مىليونىلا ئامىرىكىغا ساق بارالىغان.

«بەزىلەرگە بەخت ئىلىپ كەلگەن ئىش يەنە بەزىلەرگە كۈلپەت ئىلىپ كىلىدۇ.بىر سىنىپنىڭ ئازادلىققا چىقىشى ماھىيەتتە، ئىككىنچى بىر سىنىپنىڭ قۇللۇققا چۈشۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ» (ئېنگىلىس).

«ئامېرىكا قىتئەسىدە كانلارنىڭ ئېچىلىشى ، يەرلىك ئاھالىنىڭ قىرىپ تاشلىنىشى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش دەۋرىنىڭ تاڭ نۇرى ئىدى... يېڭىدىن تۇغۇلغان كاپىتالنىڭ بېشىدىن تاكى تاپىنىغىچە قان ۋە زەرداپ تېمىپ تۇراتتى»

(ماركىس). مۇستەملىكىچىلەر ئىندىئانلارنى زۇلمەتلىك تۇرمۇشقا مۇپتىلا قىلىش بەدىلىگە ، ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئالتۇن –كۈمۈشلەرنى ھەدەپ ياۋرۇپاغا يۆتكىگەن. 1545-1560-يىللار ئارلىقىدا ئىسپانىيەگە ئامرىكىدىن 5500كىلوگرام ئالتۇن ، 246مىڭ كىلوگرام كۈمۈش توشۇلۇپ تۇرغان .(باشقا بايلىقلار تېخىمۇ كۆپ). ئەزەلدىنلا سېرىقتال سەۋىيىدىن يۇقىرى تۇرمۇش مۇھىتىغا ئېرىشەلمەي كەلگەن ئىسپان ئاق سۆڭەكلىرى ئامرىكىدىن بولاپ كېلىنگەن بۇ ھارام بايلىقلارغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇلار بۇ بايلىقلارنى پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشىغا سەرپ قىلىپ مىسلىسىز دەرىجىدە چىرىكلىشىپ كەتتى. ئۇلاردا كاپىتالىزىم تەرەققىي قىلالمىدى . ئىسپانىيەگە كەلگەن ئامەت باشقا جاھانگىرلارنىڭ كۆزىنى قىزارتتى . ئەنگلىيە

دەسلەپتە ئامېرىكىدىن ئىسپانىيەگە توشۇلۇۋاتقان بايلىقلارنى بۇلاش بىلەن شۇغۇللىنىپ 1577-1580-يىللىرىدا 4مىليون 700مىڭ فونت سىتېرلىڭ قىممىتىدىكى بايلىققا ئېرىشتى.ئۇلار 1584-يىلى شىمالىي ئامېرىكىنى ئىسپانىيىدىن تارتىۋېلىپ ۋېرگىنىيە مۇستەملىكىسىنى شەكىللەندۈردى. پورتۇگالىيەمۇ برازىلىيىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ ، جەنۇبىي ئامېرىكىدا ئىسپانىيە بىلەن مۇستەملىكە تالاشتى. گوللاندىيە ئاتلانتىك ئوكيانىنى قامال قىلىۋالدى .1609-يىلى فىرانسىيە شىمالىي ئامېرىكىغا بېسىپ كىرىپ ئەنگلىيە بىلەن مۇستەملىكە تالاشتى. شۇنداق قىلىپ ،ئۆز ئاجىزلىقىغا باقماي ناھايىتى كەڭ جايلارغا مۇستەملىكىچىلىك تورى يايغان ئىسپانىيە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكە جايلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى باشقا جاھانگىرلارغا تارتقۇزۇپ قويىدى.

## 7.قەبىلىۋازلىقنى پايدىلىنىپ پارچىلاپ يوقىتىش ھىيلىسى

مۇستەملىكىچىلەر كېلىشتىن ئىلگىرى ئىندىئانلار جەمئىيىتىدە ئائىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈلمىسىدىن تارتىپ دۆلەت تۈزۈلمىسىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتكۈل فورماتسىيە شەكىللىرى تەڭلا مەۋجۇت ئىدى. قەبىلىۋازلىق ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانىدى. ھەر قەبىلە ئۆز ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان زېمىندا مۇستەقىل ياشايتتى، ئىجتىمائىي سەۋىيىسىمۇ تەكشىسىز ئىدى . قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا دائىم ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى. بولۇپمۇ مايا دۆلىتى، ئازتېك دۆلىتى ۋە ئىنكا دۆلىتىنىڭ ئارقا -ئارقىدىن قۇرۇلۇشى بوي سۇندۇرۇلغان قەبىلە ئەزالىرىنىڭ قەلبىدە قىساس دېغى قالدۇرۇلغانىدى. مۇستەملىكىچىلەر ئىندىئانلاردىكى بۇ خىل قەبىلىۋازلىق ھالىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ئىدى. ئۇلار قەبىلىلەر مۇستەقىللىقىنى ھەدەپ بازارغا سېلىپ ،يەرلىك ئاھالىلەرگە ئىلگىرىكى قەبىلىسىنى قۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپ ئۇلارنى ئۆز خانلىقىغا قارشى چىقىشقا كۈشكۈرتكەن ۋە كونا زىددىيەتلەرنى تىرىلدۈرۈپ قەبىلىلەر ئارا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ، قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ قان تۆكۈشكە سەۋەپ بولغان ھەمدە بىر قەبىلىنى يوقاتماقچى بولسا ئالدى بىلەن شۇ قەبىلىگە دۈشمەن قەبىلىنى قولغا چۈشۈرۈپ ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. ماركس خۇددى ئېيتقاندەك، «ئىسپانىيەلىكلەر ئامېرىكا قىتئەسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلىرىدا، بىر قەبىلە باشلىقنى تىرىك تۇتۇۋالسا بارلىق قەبىلە ئەزالىرىنىڭ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلىۋالغان،شۇڭا ئۇلار ئالدى بىلەن پادىشاھ ياكى قەبىلە باشلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ، ئۇنى ئۆز مەقسىدىگە يەتكۈچە تىرىك ساقلاش ھىيلىسىنى قوللانغان». 1519-يىلى كورتىس ئازتېك پادىشاھىنى ئالداپ نەزەر بەنت قىلىۋالغان. ھەر قايسى قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىشالمىغاچقا ئىككى يىل ئىچىدىلا ئازتېكلار مۇنقەرز قىلىنغان.

1533-يىلى پىسارروئىنكا دۆلىتىگە باستۇرۇپ بارغاندا ئالدى بىلەن پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىش كويىدا يۈرگەن ئىندىئان ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆزىگە تارتىپ ،ئۇلارغا تەختنى ئېلىپ بېرىش

ۋەدىسىنى بىرىپ، ئۇلرنىڭ ياردىمگە ئېرىشىپ ئالتە مىليون نۇپۇسلۇق ئىنكا دۆلتىنى ئۇڭايلا بېسىۋالغان

1546-يىلى يەنە بىر مۇستەملىكىچى مۇتەيىغ مايا دۆلتىگە باستۇرۇپ بارغاندا ئىككى چوڭ قەبىلە ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق تالىشىش كۈرۈشى بولۇۋاتاتتى. مۇتەيىغ«ئاۋۋال بىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئۇنىڭ دۈشمىنىنى يوقۇتۇش، ئارقىدىن ئۇنىمۇ ساق قويماسلىق »ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ ئىمپىرىيە دەرىجىسىگە يەتكەن مايا دۆلتىنى ئازغىنا ئەسكەر بىلەن مۇنقەرز قىلغان.

## 8.رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ جىسمانىيەتنى قورىتىش ھىيلىسى

ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئىندىئانلارنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇپ بولغاندىن كىيىن، نۇقۇل ئىقتىسادىي ئۇنۇم قوغلاشتى ئۇلار ئىندىئانلار تېرىشنى بىلىدىغان «47خىل مۇستە زىرائەت –ئۇسۇملۇككە قانائەت قىلماي باشقا قىتئەلەردىن يەنە 200خىل زىرائەت كۆچۈرۈپ باردى. ئىندىئانلارنى ئىبىرىيە يېرىم ئارىلىغا خاس ئىگىلىك شەكلى ۋە قورال سايمانلارنى قوللىنىشقا مەجبورلىدى. ملىكىچىلەر دېھقانىنىڭ قولىدا بىر پارچە يەر بولسىلا ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ» دەپ قارىغاچقا، ئىندىئانلارنىڭ قولىدىكى يەرنى تارتىۋالماي، يەرسىزلەندۈرۈشنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى –ئېغىر باج-سىلىق ۋاستىسىدىن پايدىلاندى. يىل ئاخىرىدا ھۇسۇلنىڭ يېرىمنى (بەزى جايلاردا ئۈچتىن بىر ياكى ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى) باج-سىلىققا ھىسابلاپ تۇتۇپ قالدى. ياۋرۇپادا قايسى مەھسۇلاتنىڭ بازىرى ئىتتىك بولسا ئىندىئانلارنى شۇ خىل زىرائەتلەرنى تېرىشقا مەجبۇرلىدى، ياۋرۇپادىن كۆپلەپ مال-چارۋا يۆتكەپ كىلىپ ئىندىئانلارغا مەجبۇرى باققۇزدى. ئىندىئانلارنى ئالداپ ئۇزۇقلۇق قىممىتى ئىنتايىن تۆۋەن نەرسىلەرنى يېيىشكە كۆندۈردى. ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، يۇقۇملۇق كىسەل، ئېغىر ئەمگەك قاتارلىق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئىندىئانلار تۈركۈم –تۈركۈملەپ قىرىلىپ كەتتى. مۇستەمىكىچىلەر يەنە ئىندىئانلارنىڭ قولىدىكى بايلىقنى يېيىۋېلىش مەقسىتىدە ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان «جەننەت بىلتى »نى يۇقىرى باھادا زورلاپ ساتتى. ئۆلگۈچى ئىندىئانلاردىن قالغان مىراسىنىڭ يېرىمنى ئۆلگەندىن كىيىنكى دۇئا –تىلاۋەت ھەققىگە تۇتۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ئىندىئانلىرنىڭ ھايۋاندىن ھىچ پەرقى قالمىدى. ئىندىئان دىنلىرىدا ھاراققا چىلانغان قوناقنى ئوت كۆيدۈرۈپ ئىلاھلارغا نەزىر قىلىش ئادىتى بار ئىدى. مۇستەملىكىچىلەر بۇ ئادەتنى خىرىستىئان دىنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىندىئانلارنى ھاراققا قىزىقتۇردى. 1544-يىلى مىكسىكىدا تۇنجى ھاراق زاۋۇتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، جاي-جايلاردا زەھەرلەش كۈچى زور بولغان يۇقىرى گرادۇسلۇق ھاراق ئىشلەيدىغان زاۋۇتلار كەينى –كەينىدىن قۇرۇلدى. ھاراق بوتكىلىرىمۇ يىراق –يېقىندىكى يېزىلارغا قەدەر ئۇمۇملاشتى؛ ھەممە نەرسىدىن

ئايرىلغان ئىندىئانلار بىراقلا بىرىلىپ كەتتى ھاراق ئىندىئانلارنى زەئىپلەشتۈرۈپ، جەڭگىۋارلىقنى يوقاتتى ئۇلار ساقال قويۇشقا قارا رەڭلىك كىيىم كىيىشكە ئادەتلەنگەن ئىسپانىيەلىكلەردىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان ( ئىندىئان دىنىدا ئۆلۈم ئىلاھى ساقاللىق سۈپەتتە تەسۋىرلىنەتتى، قارا رەڭمۇ بالايى -ئاپەتنىڭ سىمۋولى ئىدى)، ھەتتا ئون ئىندىئان بىر ئىسپانىيەلىكنى ئۆلتۈرۈۋىتىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى ئۆزلىرىنىڭ يوغان بەستى بىلەن كولۇمبوغا يۈنان ئەپسانىلىرىدىكى «گىگانت ئادەملەر»نى ئەسلەتكەن ئىندىئانلار ھاراقتا بىرىلگەندىن كېيىن، بارغانسىرى كىچىكلەپ، ئاجىزلىشىپ كەتتى. ئىندىئانلار دۇنيادا تۇنجى بولۇپ توغۇت چەكلەش دورىسىنى ئىشلەتكەن بەقۇۋۋەت خەلق ئىدى. ھاراقتا بىرىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۆرىكى ئاجىزلاپ، ئۇرۇقى پۇچەكلىشىپ ئەۋلاد قالدۇرالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ھەتتا بىر نەچچە بوتولكا ھاراقنى دەپ خائىنلىق قىلىدىغان ساتقىنلارمۇ بىر نەچچە يۈز بوتۇلكا ھاراققا ئۆز زېمىنىنى تىگىشىۋېتىدىغان قەبىلە باشلىقلىرىمۇ كۆپلەپ چىقتى.

ياۋرۇپا سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىندىئانلارغا قارىتىلغان قۇللۇق سىياستى ئۆلۈم سىياستىگە ئالماشتى. ئامازۇن دەريا ۋادىسىدىكى ئىككى مىليونغا يېقىن ئىندىئان خەلقى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ بۇ جايدا كان ئېچىش، زاۋۇت قۇرۇشقا نارازىلىق بىلدۇرۇپ، چەت جايلارغا كۆچۈشكە قارشى تۇرغاچقا مۇستەملىكىچىلەر سۇ ئارقىلىق مەخپى تارقاتقان مىكروبتا يوقۇملىنىپ پۈتۈنلەي قىرىلىپ كەتتى (ھازىر 100مىڭچە ئىندىئان قالدى). شەرقىي شىمال كولۇمبىيە ئورمانلىقىدىكى كادىيە ئىندىئانلىرى ئۆزلىرى ئاچقان ئالتۇن كانىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى مۇستەملىكىچىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بىرىشنى خالىمىغاچقا، مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن ئۇزۇق-تۈلۈك جەھەتتە قامال قىلىنىپ، سىل كىسىلى بولۇپ قىرىلىپ تۈگىدى. برازىلىيە ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقىدىكى ئىندىئانلار مۇستەملىكىچىلەر قەستەن يوقتۇرغان قىزىل كىسىلى بىلەن يۇقۇملىنىپ قىرىلىپ كەتتى. باشقا نۇرغۇن جايلاردىكى ئىندىئانلارمۇ مۇستەملىكىچىلەر «ئىئانە»قىلغان ،يۇقۇملۇق كىسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلار كىيىپ تاشلىۋەتكەن كىيىملەرنى كىيىپ،يۇقۇملىنىپ قىرىلىپ كەتتى .بەزى مۇستەملىكچى كاتتىباشلىرى «ئەيسا خرستىئان دىنىغا بايلىق ياراتقۇچىلارنى قوللايدۇ» دىگەندەك دىنى نىقابقا ئۇرىنىۋىلىپ ،ئاشكارا ھالدا «ئىندىئانلار ئىنسانلارنىڭ نەسلى ئەمەس كۆيدۈرۈش، پارتلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى قۇرۇتىۋىتىش كىرەك» دەپ جار سالدى. ھەتتا، مۇستەملىكىچىلەر ۋېنېسۇئىلا، ئامازۇن دەريا ۋادىلىرىدىكى، كارىت دېڭىزى ساھىلىدىكى ئىدىئانلارنى ئەمگەككە سېلىش باھانىسىدا يىرتقۇچ ھايۋان، زەھەرلىك ئىلان، تىمساق، كىت، كۆپ جايلارغا باشلاپ بېرىپ يىيرتقۇچ جانلىقلارغا يەمچەك قىلىپ يوقۇتىۋەتتى. مۇشۇنداق رەزىل ۋاستىلەر ئالدىدا 40مىليون نوپۇسلۇق ئىندىئان خەلقىدىن ھازىر قالغىنى بىر مىليونىدىن سەل ئاشىدۇ.

## 9. خەلقئارا مەۋجۇتلۇق ئىنتېرناتسىئونالنىڭ خىتابى –قالدۇق ئىندىئانلارنىڭ باھارى

1969-يىلى لوندوندا خەلقئارا مەۋجۇتلۇق ئىنتېرناتسىئونالنىڭ قۇرۇلۇشى مۇستەملىكە ئاستىدا يۇقىلىشقا يۈزلىنىۋاتقان ئىندىئانلارغا باھار شامىلى ئېلىپ كەلدى.مەۋجۇتلۇق ئىنتېرناتسىئونالى «بىز ئەڭ ئەقەللىي ھوقۇقنى – مىللەتلەرنىڭ ئەلمىساقتىن ياشاپ كەلگەن ئۆز زېمىنىدا ھاقارەتلەنمەي ئاچ –يالىڭاچ قالماي ئەركىن ياشاش ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرۈشىمىز»دېگەن بۇرچنى ئۆزىگە قبىلنامە قىلغان .80–يىللاردا پانامادىكى «قىزىلتاغ»ۋادىسىدا لوندوندىكى بىر شىركەت 22مىليارد دوللار مەبلەغ سېلىش بەدىلىگە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مىس كان ئاچماقچى بولغان ۋە بۇ جايدىكى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئىندىئان خەلقنى سىرتقا قوغلىغان چاغدا،ئىنتېرناتسىۇنال «يەرلىك خەلقنىڭ ئۆز مۇھىتىدىن ئايرىلغانلىقى ئۇلارنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ»،«يەرلىك ئاھالە ئەتراپقا كۆچسە ئۇلار ئوتتۇرىسدىكى ئىنسانىي مۇناسىۋەت تورى بۇزۇلۇپ ،غۇرۇرى دەپسەندە بولىدۇ...يەرلىك خەلقنىڭ مەۋجۇتلۇق ھوقۇقىنى قوغدايلى،ئۇلارغا ئۆزىنى قوغداش تاكتىكىلىرىنى ئۆگىتەيلى،مەدىنيەتلىك جەمىيەتنىڭ ئۇلارۋا بولغان زىيىنىنى ئازايتايلى»دەپ ئېتىراز بىلدۈردى.

ئامرىكىلىق ئىنسانشۇناس يوھان لېندېن ھۆكۈمەتنىڭ «ئېچىش »سىياسىتىنىڭ تەسرىدە ئىدىئانلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىشكە يۈزلەنگەنلىكىنى ،بىر نەچچە ئون يىل ئىچىدىلا برازىلىيەدىكى 270ئىندىئان قەبىلىسىنىڭ 90نەچچىسىنىڭ يوقلىپ كەتكەنلىكىنى ئۈچتىن ئىككى قىسىم قەبىلىنىڭ ئادەم سانىنىڭ مىڭغىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدىغاندىن كېيىن ،برازىلىيەلىك ئىنسانشۇناس داشى رىبلو ماقالە ئېلان قىلىپ «پەقەت قىلچە ئىقتىسادىي قىممىتى يوق دەپ قارالغان جايلاردىلا ئىندىئانلارپۈت قويغۇدەك زېمىنغا ئېرىشەلەۋاتىدۇ،قوۋەيەردە بايلىق بارلىقى سېزىلگەن كۈندىن باشلاپ شۇ جايدىكى ئىندىئانلرغا قىيامەت باشلىنىدۇ»دەپ نارازىلىق بىلدۈردى.مەۋجۇتلۇق ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئەزاسى بىنتېرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە باياناتنامە تاپشۇرۇپ «بىز ھۆكۈمەتتىن ئاچماسلىق...نى تەلەپ قىلمايمىز، بىز پەقەت ھۆكۈمەتتىن ئېچىش پىلانى تۈزىدىغان چاغدا يەرلىك مىللەتلەرگە قانچىلىك ئاۋارىچىلىق كەلتۈرىدىغانلىقنى ئويلىنىشنى، ئۇلارنىڭ كىيىنكى تەقدىرىنىمۇ پىلانغا كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىمىز»دەپ تەلەپ قويغان.

ئىنسانشۇناسلار ھازىر دۇنيادا ئەڭ ئىلغار دەپ قارىلىۋاتقان تۇغۇت چەكلەش دورىسىنىڭ ئىندىئانلارنىڭ مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئىجادىيتى ئىكەنلىكىنى، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا ئىندىئانلار مىلادىدىن ئىلگىرى ئىجاد قىلغان دورىلارنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئاشكارىلاش ئارقىلىق، ئىندىئانلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىگىلىك شەكلىنىڭ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ،ئاڭ

سېستمىسىنىڭ قىممىتىنى تەشۋىق قىلدى .شۇنىڭدىن كېيىن بىر مۇنچە ئالىملار «بىلىمنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ياخشى چارىسى ئۇنى ئۆزى پەيدا بولغان زېمىندا ئىزچىللىقتا ئىگە قىلىش ئىندىئانلارنى ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە قىزىقتۇرۇش يولى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىگىلىك شەكلىنى داۋاملاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك »دەپ ھېسابلىغاندىن كېيىن ،مەۋجۇدلۇق ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئامېرىكا شۆبىسى ئامازۇن ۋادىسىدا «مەدىنى مىراسلارنى قوغداش ئورنى »قۇرۇپ، ئامازۇن ھاۋزىسىدا چىقىدىغان ھەر خىل مىۋە ئۆسۈملۈك مېيى ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى گۈل-گىياھ جەۋھەرلىرىنى خەلقئارا بازارغا سالغان مەسئۇل خادىملارنىڭ مۆلچەرلىشىچە بۇ ئورۇن 20يىلدا 15مىليارت ئامېرىكا دوللىرىلىق ساپ پايدا يارىتىدىكان،بۇ جايدىكى ئىندىئانلار يىلىغا بىر مىليارت ئامېرىكا دوللىرىغا ئېرىشىدىكەن ،ئۇلار بۇ پۇل ئارقىلىق مەكتەپ ،دوختۇرخانا ، مىللى كارخانىلارنى قۇرىدىكەن.

1989-يىلى كالفورنىيەدە «شامان دورىلىرى»شىركىتى ئېچىلغان. بۇ شىركەتمۇ ئىندىئانلارغا زور مىقداردا پايدا يارىتىپ بەرگەن. نيو-يۇرك ئۆسۈملۈك تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى بېلىك ئۆزىنىڭ پەقەت ئىندىئانلارلا تېرىشنى بىلىدىغان زىرائەتلەر ئىچىدىن راك ۋە ئەيدىز كېسەللىكلىرىگە شىپا بۇلىدىغان ماددىنى دەسلەپكى قەدەمدە بايقىغانلىقىنى تەتقىقاتى مۇۋەپپىقىيەت قازانسا ئىندىئانلارنىڭ نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

يېڭى گۋېنىيەگە تۇنجى قېتىم بارغان ئاۋستىرالىيىلىك پېتربات 70-يىللاردا بۇ جايدا بىر ساياھەت ئورنى ئاچقان، ھەر يىلى ئون مىڭدىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۇتىۋالغان ھەم بۇ جايدا ئېرىشكەن پايدىنىڭ كۆپ قىسمىنى يەرلىك ئىپتىدائىي مىللەتلەرگە ئىئانە قىلىۋەتكەن. يېقىنقى يىللاردا ئىندىئان يېزىلىرىغا بارغان ساياھەتچىلەر ھەر بىر ئىندىئان ئاقساقىلىنىڭ ئەتراپىغا 2-3يۈز ياشنىڭ توپلىشىپ قەدىمكى مەدىنىيەت ئەنئەنىلىرىنى، ئاڭ-چۈشەنچىلىرىنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى، بۇرۇن شەھەرلەرگە قېچىپ كەتكەن ئىندىئان ياشلىرىنىڭمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن.

”ئاسىيا كىندىكى گېزىتى“ نىڭ 96-يىل 1-ئايلىق سانلىرىدىن ئېلىندى

تور مەنبەسى : بىلىم-كۈچ بىلوگى

# 2ـ ئاپپاق خوجىنىڭ «جاھان كېزىش» نامى بىلەن تىبەتكە قىلغان سەپىرى ھەققىدە

## ئاپتور :ئەخمەتجان ھەسەن



مۇھىم مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە «ئاپپاق خوجا «نامى بىلەن مەشھۇر بولغان خوجا ھىدايەتۇللا ئىشانىنىڭ ـ17 ئەسرنىڭ 70ـ يىللىرى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىسمائىلخان تەرىپىدىن يەكەن خانلىقى تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىش، ئۆچ ئېلىش، قارشىلىشىش ئوي- خىياللىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، قىلچەئۈيالماستىن ۋە ئارىلىقنى يىراق كۆرمەستىن تىبەتكە بىرىپ لاما دىنىنىڭ دىنىي، سىياسىي داھىيسى دالاي لاماVكە ئۆز «قىينىچىلىقى» دىن ھال ـداتلاشتا قايسى يوللار ئارقىلىق بېرىپ كەلگەنلىكى نۇقتىلىق بايان قىلىنىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئاپپاق خوجا يەكەن خانلىقى تەۋەسىدىن قوغلانغان ۋاقىت تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى زېمىنلارغا ئۇيرات موڭغۇللىرى ئىگىدارچىلىق قىلىشۋاتقان ھەم ئۇلارنىڭ سىياسىي گەۋدە سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغان ھاكىمىيەت ئاپپاراتى ــــ جۇڭغار خانلىقى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان، يەكەن خانلىقى بولسا كۈنسېرى ئاجىزلىشىپ پەقەت تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنلارنىلا ئىدارە قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان، خانلىق تەۋەسىدە تەپرىقىچىلىق، ئىچكى نىزا، مەزھەپچىلىك، پىرقىۋازلىق، بۆلۈنۈش ۋە پارچىلىنىش ئېغىرلىشىۋاتقان، مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى بولغان خوجا- ئىشانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاقتاغلىق ئىشانلار گۇرۇھىنىڭ كۈچى كۈنسېرى كۈچىيىپ، خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىغا قول تىقىش ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئالغان، «ئاقتاغلىق» سوپى- ئىشانلار بىلەن «قاراتاغلىق «سوپى- ئىشانلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگە جىدەل كۈچەيگەن ۋاقىت ئىدى .

17-ئەسىرنىڭ 70- يىللىرى زالىم، ئىسيانكار يولۋاسخاننى ئۆلتۈرۈپ يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان ئىسمائىلخان «ئاقتاغلىق» ۋە» قاراتاغلىق» تىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك، قىساس تۈسىنى ئالغان كۈرەشلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىشى ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ خانلىقتا تۈرلۈك قالايمىقانچىلىقلارنى پەيدا قىلىپ، خانلىق ھوقۇقىغا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىگە بولغان تەھدىتنى يوقىتىش ۋە ئۆزىنى قوللىغان قاراتاغلىقلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاقتاغلىق ئىشانلار گۇرۇھىنىڭ پىرى ئاپپاق خوجىنى يەكەن خانلىقى تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقارغان.

ئاپپاق خوجا ناھايىتى زېرەك بىر سىياسىي قارانىيەتچى بولۇپ، ئۇ شۇ دەۋردە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان جۇڭغار خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تىبەتتىكى دالاي لاما V نىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان، سۆزىنى يېرمايدىغان، ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىنى جان دەپ ئورۇندايدىغانلاردىن ئىكەنلىكىنى، يەكەن خانلىقىغا تاقابىل تۇرالايدىغان سىياسىي كۈچنىڭ جۇڭغار خانلىقى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەن. چۈنكى، شۇ ۋاقىتتىكى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ غەربىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا نەزەر سالساق، 17- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 18- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر مەزكۇر رايوندا مۇستەھكەم ھاكىمىيەت ئاساسىغا ئىگە بىرەر خانلىق تېخى رويابقا چىقمىغان بولۇپ، پەقەت بىر- بىرى بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان ئۇرۇش- جېدەل قىلىپ كېلىۋاتقان بۇخارا خانلىقى بىلەن خىۋە خانلىقى بار ئىدى. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق، شۇنداقلا

يەرلىك بەگ- ئەمىر ۋە خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقايسى گۇرۇھ ۋە تەبىقىدىكىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى چۆرىدەپ ئوتتۇرىغا چىققان زىددىيەتلەر ئاپپاق خوجىنىڭ ئاتا- بوۋىلىرى ياشاپ ئۆتكەن پەرغانە ۋادىسىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەخت تاجىنى بېشىغا كىيىش «ئارزۇ» سىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا پايدىسىز ئىدى. شۇڭا، ئۇ تەڭرىتاغىنىڭ شىمالىدا كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى يەكەن خانلىقىغا تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، مەزكۇر رايوننى يۇتۇۋېلىش غەرىزىنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، جۇڭغار خانلىقىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن. شۇنداق قىلىپ تارىخىمىزدا ئۆتكەن بۇ «ئۇلۇغ ئەۋلىيا»نىڭ «ئارزۇ»سى ئۇنىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ 3 -خانى غالدانىغا يول باشلىشى ۋە ھەمدەمدە بولۇشى بىلەن ئىشقا ئاشقان.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپپاق خوجىنىڭ تەخت، ھوقۇق، ئەمەل- مەنسەپلەرنى پۈتۈنلەي ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىش «قىزغىنلىقى» دىن قىلچە بوشاشماي، سىياسىي مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 12 يىل «جاھان كېزىش» نامى بىلەن كۆپ يەرلەرنى ئارىلاپ، ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ ئاخىرى تىبەتتىكى لاما دىنىنىڭ دىنىي، سىياسىي داھىيسى دالاي لاماVنىڭ قېشىغا بارغانلىقى، ئۇنىڭ خوجا- ئىشانلارنىڭ» تەخت- سەلتەنەت» نى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن مەقسەتلىك، غەرەزلىك ۋە پىلانلىق باسقان تۇنجى قەدىمى ئىدى .

بۇ ھەقتە تەزكىرە- قوليازمىلاردا ۋە تارىخىي ئەسەرلەردە كۆپلەپ مەلۇمات قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ «جاھان كېزىش» نامى بىلەن تىبەتكە قىلغان سەپىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىر- بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ يەردىكى ئاساسلىق پەرق، بەزى ئەسەرلەردە ئاپپاق خوجىنىڭ جاھانكەزدىلىك ھاياتى 10 يىل داۋاملاشقان دېيىلسە، يەنە بەزىسىدە 12 يىل داۋاملاشقان دېيىلگەن (قايسى كىتابنىڭ نەچچىنچى بېتىدە شۇنداق دېيىلگەن؟ ئېنىق بولسۇن). تىبەتكە بېرىشى توغرىسىدا بەزى ئەسەرلەردە لەنجۇ، چىڭخەي ئارقىلىق بارغان دېيىلسە، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا كەشمىر ئارقىلىق بارغان دېيىلگەن (قايسى كىتابنىڭ نەچچىنچى بېتىدە شۇنداق دېيىلگەن؟ ئېنىق بولسۇن .(لېكىن بۇ يەردىكى ئوخشاشلىق ئۇنىڭ تىبەتكە بېرىپ دالاي لاماVدىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ «تونۇشتۇرۇش خېتى» نى ئېلىپ جۇڭغار خانى غالدانىنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكىدۇر.

دېمەك، ئاپپاق خوجىنىڭ يەكەن خانلىقىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىنكى سەرگەردانلىق ھاياتى قانچىلىك داۋاملاشتى؟ تىبەتكە بېرىش ئۈچۈن قايسى يولدا ماڭدى؟ دېگەن مەسىلە تەتقىقات ساھەسىدە ھازىرغىچە تالاش- تارتىش بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىدۇر. مەزكۇر ماقالىدە، مەن ئاپپاق

خوجىنىڭ ھايات پائالىيىتىگە دائىر تارىخىي تەزكىرە ۋە قولىيازمىلارغا، تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە، شۇنداقلا بۇ ھەقتىكى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن سۆز-چۆچەكلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ، قايسى خىل قاراشنىڭ تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقماقچى.

ئاپپاق خوجىنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ئىچىدە ئەڭ تەسىرى بار مەلۇمات ئېكسپېدىتسىيەچى چوقان ۋەلىخانوف[①]نىڭ مەلۇماتىدۇر. ئۇ 1858~ 1859- يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈشى، ئاھالىسى، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، پەۋقۇلئاددە ھەربىي ۋەزىپە بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەنىدى. ۋەلىخانوف ئۆزىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى، تارىخ، جۇغراپىيە بىلىملىرىنىڭ موللۇقى بىلەن ئۆزىنىڭ قەدىمى يەتكەن ھەر بىر جاينىڭ تارىخى، جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈشى، ھاۋا كېلىماتى، ئاھالىسى، خەلقلىرىنىڭ ئۆرپ -ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىگىلىگەن ماتېرىياللاردىن ناھايىتى تەپسىلىي خاتىرە يېزىپ ماڭغان. جۈملىدىن ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدىمۇ، ناھايىتى مول ماتېرىيالغا ئېرىشكەن بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتقىچە بولغان تارىخى، خوجىلارنىڭ بۇ زېمىنغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان. ئۇ قەشقەردىكى پائالىيىتى جەريانىدا توپلىغان ماتېرىياللىرىدىن بىر قىسمىنى تاللاپ رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتى بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇ» تەزكىرەئى ئەزىزان» نى تۇنجى بولۇپ ئىلىم ساھەسىگە ئېلىپ كىرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا قىزىققۇچى ئالىملارنىڭ بۇ ئەسەرگە بولغان قىزىقىشى قوزغىلىپ، بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەنىدى. چوقان ۋەلىخانوفنىڭ 1858~1859-يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش جەريانىدا يازغان كۈندىلىك خاتىرىلىرى، تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى ئۇنىڭ «ئالتىشەھەرنىڭ 1858~1859 -يىللىرىدىكى ئومۇمىي ئەھۋالى» ناملىق دوكلاتىدا ئېلان قىلىنغان. ۋەلىخانوف مانا شۇ ماتېرىيالدا خوجىلار ھەققىدە خېلى كەڭ توختالغان بولۇپ، ئۇ: «قاراتاغلىقلارنىڭ مۇرىتى بولغان يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئىسمائىل خان ئاپپاق خوجىنى يەكەن خانلىقىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. خوجا ھىدايەتۇللا كەشمىرگە قاچىدۇ ۋە ئۇ يەردىن تىبەتكە بارىدۇ. ئۇ دالاي لامانى تاۋاپ قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ، دالاي لاما ئۇنىڭغا بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بېرىپ، غالدان بىلەن كۆرۈشۈشكە بۇيرۇيدۇ[②]«دەيدۇ.

ۋەلىخانوفنىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتى 1861- يىلى «رۇسىيە خان جەمەتى جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» نىڭ 3- سانىدا ئېلان قىلىنغان. جون مىشىر بىلەن روبىرت مىشىر ئۇنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ، «رۇسلار ئوتتۇرا ئاسىيادا» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ۋەلىخانوفنىڭ كۆزقارىشى ناھايىتى كەڭ تارقىلىپ، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ تېزلا دىققىتىنى

قوزغاپ، بارتولدنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ سانلىق ئالىم، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.

ئەنگلىيەلىك ئالىم ئېلىئاس (N.Elias) نىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ۋەلىخانوف يۇقىرىقى دوكلاتىنى يېزىشتا ئاساسلىقى مۇھەممەد سادىقنىڭ» تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق ئەسىرىگە ئاساسلانغان، مەزكۇر ئەسەرنى روبېرت شاۋ ـ1897(R.shao) يىلى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان. گەرچە روبېرتشاۋ بۇ ئەسەرنى تولۇق ۋە مۇكەممەل تەرجىمە قىلالمىغان بولسىمۇ (ئۇ تەرجىمىدە قىينالغانلىقتىن، خېلى بىر قىسىم مەزمۇنلارنى چىقىرىۋەتكەن)، لېكىن بۇ ئەسەرنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ مۇھەررىرى ئېلىئاس مەزكۇر ئەسەرگە ھەجىم جەھەتتىن خېلى ئۇزۇن ھەم تەتقىقات خاراكتېرلىق بىر مۇقەددىمە يازغان بولۇپ، ئۇزۆرۈر ئىزاھلارنى قوشۇپ«مۇقەددىمە ۋە باھا» دەپ ئاتالغان سۆز بېشى ئورنىدىكى بۇ تەتقىقات نەتىجىسنى ئېلان قىلغان .ئەمەلىيەتتە بۇ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ھەققىدە خېلى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات بولۇپ،1898- يىلى كالكۇتتادا نەشر قىلىنىۋاتقان «بېنگال ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيتى ئىلمي ژۇرنىلى (JASB) «نىڭ 66- جىلد 1- سانىنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن بۇيان«تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ بۇ تەرجىمىسىغەرپ ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ،ئۇلار تەرىپىدىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە چېن جۇنمۇ ئەپەندى بىلەن جۇڭ مېيجۇ ئەپەندى روبېرت شاۋ تەرجىمە قىلغان«تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تارىخ تەتقىقات ئىشخانىسى 1980- يىلى ئىشلىگەن» مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمە ماقالىلار توپلىمى» نىڭ 8- توپلىمىغا كىرگۈزۈپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدە سەئىدىيە خانلىقى تارىخى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخلار ھەققىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار ئۆز تەتقىقاتلىرىدا بۇ ئەسەردىن كەڭ پايدىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئاپپاق خوجىنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتى ھەققىدە يۇقىرىقى تەرجىمىدە:«ئىسمائىلخان ئاپاق خاجامنىكاشغەردىن ھەيدەپ چىقارغاندا، خىراج قىلىپ شەھەر بىشەھەر يۈرۈپ كەشمىر ۋىلايەتلىرى بىلەن كۆزلەرى چىن مەملىكىتىگە چۈشۈپ، ئاندىن يۈرۈپ‹جۇ›دېگەن كافىرلەرنىڭ بۇتخانىسىگە چۈشتىلەر. ئاندا چىن كافىرلەرىدىن بەرەھمەنلەر بار ئىدى[③]«دېيىلگەن بولۇپ، ئاپپاق خوجا ئۆزىنىڭ «كەشپ ـ كارامەتلىرى «بىلەن ئۇلارنى ھەيرانلىقتا قالدۇرۇپ، كۆڭلىنى ئۇتقاندىن كېيىن، ئۇلار ھىدايەتۇللا ئىشاندىن ئۇنىڭ كىملىكى، قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سورىغان. بۇ ھەقتە«تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق كىتابتا: «سوئال قىلدىكى:‹كىمدۇرسىز؟ قايسى تەرەپتىن كىلۇرسىز؟›ھەزرەت ئەيدىلەر: ‹مەن مۇسۇلمان فىرقەلەرىنىڭ ئالىم، سەيدزادىسىدۇرمەن، خۇسۇسەن

ياركەند، كاشغەر خەلقى مۇرىت- مۇخلىسىم ئەردى. ھالا بۇ شەھەرلەرنى بىراۋ مەندىن سويۇپ ئالدى ۋە مېنى قوغلاپ چىقاردى. سىزدىن ئىلتىماس قىلادۇرمەنكى، كىشى بۇيرۇپ مېنىڭ يۇرتۇمنى قولۇمغا ئالىپ بەرگەيسىز[④]««دېيىلگەن. دالاي لاما ئاپپاق خوجىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى جۇڭغار ھۆكۈمرانى غالدان بۆشۈكتۇغا خەت يېزىپ بېرىدۇ، ئاپپاق خوجا ئۇ يېزىپ بەرگەن خەتنى كۆتۈرۈپ جۇڭغار خانى غالداننىڭ قېشىغا بارىدۇ. بۇ ھەقتە«تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق كىتابتا:«بەرەھمەن ئەيدى: ‹بۇ يەردىن ئۇ يەرگە لەشكەر بارماغى دىشۋار› دەپ قالماقىقا خەت پۈتتى» .[⑤]«ئى بىشەۋكەتى خان، ئافاق بىسيار ئۇلۇغ، ئۆز دىنىدا كامىل مۇئەككەل كىشىدۇر. كاشغەرنىڭ، ياركەندنىڭ خاجەسى ئىكەن. ئىسمائىلخان دېگەن مۇنىڭ يۇرتىنى سويۇپ ئالىپتۇ. كېرەككى لەشكەر ئىبەرىپ، يۇرتىنى قولىغە ئالىپ بەرگەيسەن ۋە ئەگەر سەۋەپ قىلماسەڭ مۇشكۈل بولغۇسدۇر[⑥]«، »خاجە ئافاق بۇ خەتنى ئالىپ، قالماق تۆرەسىگە يەتكۈزدى .تۆرە كامال تەۋازۇئ بىرلە خەتكە ئەمەل قىلىپ، ئۆز لەشكەرى بىرلە كاشغەرغە يۈزلەندى[⑦]«دېيىلگەن. ئەلۋەتتە، ئۆزىنى قەشقەر، يەكەننىڭ خوجىسى، سەييىدزادىسى دەپ ئاتاپ كەلگەن ئاپپاق خوجىنىڭ بۇ خەتنى كۆتۈرۈپ غالداننىڭ ئالدىغا كېلىشى، ئۇزاقتىن بېرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈشنىڭ شېرىن چۈشىنى كۆرۈپ، چىشىنى بىلەپ ئولتۇرغان غالدانغا ئالەمچە خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەندى.

-19ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلغان «ئىخلاسمەنلەرنىڭ سىرى —— مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى» دە: «جانابى ئاپاق خوجام بۇ نۆۋەت جاھاننى 10 يىل ساياھەت قىلدى. ئاخىرى خىتاي مەملىكىتىگە باردى، لەنجۇ شەھرىگە يەتتى. لەنجۇ خەلقىنىڭ ئىنتايىن تولالىقى بىلەن ئاۋات ئىدى، ئۇ چاغلاردا خىتايلار قالماقلاردىن تولا ئەندىشە قىلاتتى. ئاپاق خوجام شەھەرنىڭ سىرتىدىكى تۇڭگان مەسچىتىگە چۈشتى، مەسچىتنىڭ سەيناسىدا بىر تۈپ ئاچچىق ئۆرۈك بولۇپ، مېۋىسى زەھەر ئىدى، ھەر كىم يېسە ئۆلەتتى. بۇ ئەھۋالدىن ھەممە خەلق ھەيران قالغانىدى. بۇ مەسچىتنى سۈپۈرۈدىغان جارۇپكەش مۇنداق دېدى: سىزلەر مۇساپىر ئىكەنسىزلەر، مۇنۇ ئۆرۈكنىڭ مېۋىسىدىن يەپ سالمىغايسىزلەر، بۇ ئۆرۈك بۇ يىل زەھەر بولۇپ قالدى. ئاپاق خوجام مۇنداق دېدى: دەرەخنىڭ مېۋىسىنى زەھەر قىلغانلىق خۇدانىڭ قۇدرىتىدۇر، يەنە ئۇ زەھەردەك مېۋىنى بىز ئۈچۈن ھەسەلدەك قىلىپ بېرىشكىمۇ قادىر، ھەسەل بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دەپ، تازا پىشىپ تۇرغان ئاچچىق ئۆرۈكنى ئاپاق خوجام مۇبارەك قولى بىلەن ئىرغىتتى، مېۋىلىرى تۆكۈلۈپ چۈشتى. ئاپاق خوجام: ئەي يارانلىرىم ئەندىشە قىلماي يەڭلار دېدى. سوپىلار دەرھال يېدى. تۇڭگانلار ئەھۋالدىن قورقۇپ ئۆزلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا مەلۇم قىلدى. كاتتىباش تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپ ھېچ نەرسە تاپالمىدى. خادىملار بۇ ئەھۋالنى كاتتىباشقا مەلۇم قىلدى، كاتتىباش خاقانغا مەلۇم قىلدىكى، بۇ شەھەرگە مۇسۇلمان سودىگەرلىرىدىن بىر گۇرۇھ كىشىلەر پەيدا بولدى، سودىگەرمىكىن دېسەم

رەخت- ماتالىرى يوق، قاچقان ئەسكەرلەرمكىن دېسەم جەك ئەسۋاپلىرى يوق دېدى. خان: بۇ مۇساپىرلار بىر ئىشتىن خالىي ئەمەس، بىر قانچە كۈن ئېھتىيات بىلەن دىققەت قىلىڭلار دېدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، خان ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولدى. بۇ يۇرتتىكى پۈتۈن تېۋىپلار خاننى داۋالاشقا ئاجىزلىق قىلدى. چۈنكى ھەزرىتى ئاپاق خوجامنىڭ دىلى خاندىن رەنجىگەن ئىدى، شۇڭلاشقا خانغا كېسەل چاپلاشتى .چىراغچىلار، قۇرئەندازلار دېدىكى: خاننىڭ كېسىلى مىجەزىنىڭ ۋە تەبىئىتىنىڭ ئېگىز -پەسلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەدنىڭ ئەۋلادىدىن بىر كىشىنىڭ دىلى خاندىن ئاغرىغان ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن خان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپتۇ، دېدى. خان ھەزرىتى ئاپاق خوجامغا خەت ئەۋەتتى: جانابلىرىغا يامان گۇمان بىلەن قارىغان ئىكەنمىز، ئۆزرىمىزنى قوبۇل قىلىپ گۇناھىمىزنى ئەپۇ قىلىشلىرىنى سورايمىز دېدى. ئاپاق خوجام تۈكۈرۈكىگە بىر ئاز سۇ ئارىلاشتۇرۇپ بىر شىشە قۇتىغا سالدى ۋە خانغا ئىبەرىتتى، خان شۇ زامان ساقايدى. خان رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ھەر خىل رەخت- ماتا، زىلچە- گىلەملەرنى 40 تۆگىگە يۈكلەپ خوجامغا سوۋغا قىلدى. خان لەنجۇ تەۋەسىدىكى بارلىق ئەمەلدارلارغا مۇنداق دەپ خەت يازدى: بىزگە تەۋە ھەر قانداق شەھەرگە مۇشۇ مۇساپىر مېھمانلار بارسا، زىياپەت بېرىپ، ياخشى كۈتۈڭلار، ھەممە خادىملار ۋە تەۋەلىكتىكى بارلىق خەلقلەر بىلەن خەزىنىدىكى ئىقتىسادنى سەرپ قىلىپ، مۇشۇ مېھمانلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىڭلار. ئەگەر بۇ مېھمان خەزىنىدىكى نەرسىنىڭ قاندىقىنى تاللىسا دەرھال بېرىڭلار، ھەرگىز ئايىماڭلار دېدى. ئاپاق خوجام خاننىڭ خەزىنىسىگە كىرىپ ھەممە نەرسىنى كۆردىيۇ، ھېچ نەرسىنى قوبۇل كۆرمىدى. پەقەت چاي خەزىنىسىگە نەزەر قىلدى. بىزگە مۇشۇ چايدىن بېرىڭلار دېدى، خەزىنىچى نېمىنى كۆڭۈللىرى تارتسا ئېلىۋېرىسلە دېدى. ئاپاق خوجام 18 تۆگىگە خۇشبۇي چاي ئارتىپ سالا دېگەن شەھەرگە كەلدى. بۇ شەھەرنىڭ خەلقى پۈتۈنلەي مۇسۇلمان ئىدى. ئاپاق خوجام بۇ شەھەردە ئالتە ئاي تۇردى. خانىقا بىنا قىلدى. سالا شەھرىنىڭ پۈتۈن خەلقى ھەزرىتى خوجامغا قول بەردى. ئالتە ئايدىن كېيىن ئۇقايەتۇللا ئىسىملىك، لەقىمى ئالتۇن باش ئاخۇن نامىلىق ئىبادەت ۋە ئىستىقامەتتە ئىنتايىن كۈچلۈك بىر كىشىنى ئۆز ئورنىدا خەلىپە قىلىپ تەيىنلەپ، سالادىن چىقىپ سىچۇئەن (سىچۈەن) گە كەلدى. بۇ ئۆلكىدە خىتاي، قالماق ۋە تىبەت كاپىرلىرى بار ئىدى. تىبەت خەلقى چىراغچى ۋە رەمباللارغا ئېتىقاد قىلاتتى. تىبەت دېگەن جايدا دالاي لاما نامىلىق بىر چىراغچى بولغان. ئاپاق خوجام تىبەتكە يېتىپ كەلگەننى دالاي لاماغا شېپى قىلدى. بىزنىڭ تەرەپىمىزگە ئاق دەستار كىشى كەلدى. بۇ كىشى ئۇلۇغ زاتتۇر دەپ ئاپاق خوجامنى قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىقتى. ئات- ئۇلاغ ۋە باشقا پەش- كەشلەرنى ئالدىغا ئىبەرىتتى. دالاي لاما يولدا بىر چېدىر تىكتى، چېدىرغا بىرقانچە تۆشۈكلەرنى قويدى. بىرقانچە قاچىلارنى سۇغا تولدۇرۇپ، ھەر بىر قاچىنى بىردىن تۆشۈككە ئېسىپ قويدى. ۋاقتىكى ئاپاق پادىشاھىم يېتىپ كەلدى. دالاي لاما جانابى پادىشاھىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى، ئاتنىڭ يۈگىنىنى يېتىلەپ چېدىرنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە چېدىرغا تەكلىپ قىلدى. ھەزرىتى پادىشاھىم بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم دەپ

چېدىرغا قەدەم قويېۋىدى، دالاي لامانىڭ قىلغان ھىيلىلىرى، ئەپسۇنلىرى يوقاپ كەتتى. چېدىرنىڭ ئورنى بولغان زېمىن قالدى. دالاي لاما كۈلۈپ تۇرۇپ: يەر يۈزىدە مەندىن ئۇلۇغراق كىشى يوق دەپ ئويلايتتىم، ئەمما جانابلىرى مەندىن ئۇلۇغراق ئىكەنلا. ئاندىن دالاي لاما ئاپاق خوجامنى ئۆزىنىڭ جايىغا تەكلىپ قىلىپ ئۈچ كۈن زىياپەت ئۆتكۈزدى. ئاپاق خوجام يەنە سەپەرنى ئىرادە قىلدى، دالاي لاما: ئەي خوجام بىزگە خىزمەت تاپشۇرۇڭ، بىزنىڭ سىزگە خىزمەت يەتكۈزۈش ئارزۇيىمىز بار ئىدى، دېدى. ئاپاق خوجام: ئەي دالاي لاما سېنىڭ خىزمەت قىلىش ئارزۇيىڭ بولسا، ئىمان ئېيتقىنىڭى سېنىڭ خىزمىتىڭ مۇشۇدۇر دېدى. دالاي لاما: ھەقىقەتەن بۇ گەپلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئەمما ئىمان ئېيتسام بىرقانچە مەملىكىتىم قولۇمدىن كېتىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا خىزمەت بولسا بۇيرۇق قىلسىڭىز، مېنى مەيۈسلەندۈرمەڭ دەپ تولا يالۋۇردى. ئاپاق خوجام مۇنداق دېدى: يەكەن ۋە قەشقەردىكى خەلق بىزنىڭ مۇرىت -سوپىلىرىمىز ئىدى، ئەلھال زالىملار بۇ ۋىلايەتلەرنى تەسەررۇپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ ۋىلايەتلەرنى قولىمىزغا كەلتۈرۈپ بېرىڭ، بۇ ۋىلايەتلەرنى زالىملاردىن خالىي ۋە بىز ئۈچۈن مەخسۇس قىلىپ بەرسىڭىز دېدى. دالاي لاما دەرھال بۇ سۆزنى ماقۇل كۆردى .ئىلىنىڭ باشلىقى بۆشۈكتۈ ناملىق قالماق ئىدى، بۇ قالماققا دالاي لاما بۇيرۇق قىلدىكى، سەن ئۆزۈڭ بېرىپ شەھەرلەرنى زالىملارنىڭ قولىدىن ئېلىپ مۇشۇ خوجامنى پادىشالىق تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ قايتىپ كەل، دېگەن مەزمۇندا بۇيرۇق خېتى يېزىپ تامغىسىنى بېسىپ بەردى. بۆشۈكتۈ قالماق خەتنى ئېلىپ 10 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قەشقەر تەرەپكە راۋان بولدى. ئاپاق خوجام ئاق ساي يولى بىلەن ئىككى كۈندە قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ ئۈستۈن ئاتۇشقا چۈشتى. شۇ كۈنلەردە پۈتۈن قەشقەر خەلقى ئاپاق خوجامنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ يېڭىدىن قول بەردى. بۆشۈكتۈ (غالدان (قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلغان زالىملارنى ئەسىر ئېلىپ ئىلىغا قايتتى[⑧]«دېيىلگەن.

»چوڭ خوجىلار تەزكىرىسى» دىمۇ «ئىخلاسمەنلەر سىرى ـــ مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى» دىكىگە ئوخشاش مەلۇمات قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئىسمائىل خان تەرىپىدىن ھەيدەلگەن خوجا ھىدايەتۇللا ئىشان ۋە ئۇنىڭ «ئىشقىيە «گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، كۈچ توپلاپ قايتا باش كۆتۈرۈش كويىغا چۈشكەنلىكى، ھەم ئاشۇ رەزىل سىياسىي قارانىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بېرىش»، «جاھان كېزىش» نامى بىلەن «سىرتتىن ياردەمچى ئىزدەش « سەپىرىگە ئاتلانغانلىقى، شۇ قېتىمقى سەپەردە گەنسۇ، چىڭخەي ئارقىلىق تىبەتنىڭ لخاساشەھرىگە بېرىپ دالاي لاماⅤتىن ياردەم تىلىگەنلىكى، كېيىن ئۇ دالاي لاماⅤيېزىپ بەرگەن خەتنى كۆتۈرۈپ جۇڭغار خانى غالدان باشلاپ ماڭغان قوشۇنغا يول باشلىغۇچى بولۇپ، يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقى بايان قىلىنغان.

»چوڭ خوجىلار تەزكىرىسى» بىلەن «ئىخلاسمەنلەر سىرى ـــ مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى» نى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلساق، ئاپپاق خوجىنىڭ شىزاڭغا قۇمۇل، گەنسۇ ۋە چىڭخەيلەر ئارقىلىق

بارغانلىقىنىڭ تارىخىي رېئاللىقىغا بىرقەدەر ئۇيغۇنلۇقىنى بايقىۋالغىلى، شۇنداقلا ئاپپاق خوجىنىڭ شۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئاپپاق خوجىنىڭ شىزاڭغا بارغان ئېنىق ۋاقتىنى چەت ئەللىك ئالىملار 1678 – يىلى دەپ مۇقىملاشتۇرغان .شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا 1680 – يىلى قايتىپ كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.[⑨]

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، ئاپپاق خوجىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بارغان ۋاقتى ۋە ئۇ بارغان جايلار توغرىسىدا گەنسۇ، چىڭخەيلەردە ساقلانغان ئاپپاق خوجىغا دائىر ماتېرىياللار ۋە غەربىي شىمالدىكى سوپىزم تەرىقەتلىرىگە دائىر ماتېرىياللاردا، ئۇنىڭ قۇمۇل، خېشى كارىدورى، لەنجۇ ئارقىلىق جەنۇبقا مېڭىپ، خېجۇ ۋە شىنىڭ قاتارلىق جايلاردا 1671 – يىلدىن 1674– يىلغىچە تەرىقەت تارقىتىپ شىزاڭلىخاساغا بارغانلىقىقەيت قىلىنغان. شۇ ۋەجىدىن گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكە– ئاپتونوم رايونلاردىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا «پەيغەمبەرنىڭ 25– ئەۋلادى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەن[⑩]»دېگەن گەپ تارقالغان.

ئاپپاق خوجىنىڭ گەنسۇ، چىڭخەيلەردە تەرىقەت تارقاتقانلىقى ھەققىدە خۇفىيە سۇلۇكىگە مەنسۇپ بولغان بىجياچاڭ) گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ لىنشيا شەھىرىگە جايلاشقان (خانىقاسىدىكىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «كاڭشىنىڭ 11– يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ –25 ئەۋلادى بولغان خوجا ھىدايەتۇللاھ مەككىدىن تەڭرىتاغ ئارقىلىق چىڭخەيىنىڭ خۇاڭجۇڭ رايونىغا كېلىپ تەرىقەت تارقاتقان .[11]»بۇ خانىقادىكىلەرنىڭ يەنە بىر بايانىدا: «كاڭشىنىڭ 11– يىلى (مىلادىيە 1672– يىلى) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25 –ئەۋلادى خوجا ھىدايەتۇللا ئاپپاق مەسئۇلى ئىسىملىك ئۇستاز ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭ ئارقىلىق چىڭخەيىنىڭ خۇاڭجۇڭ رايونىدىكى فېڭخۇاڭشەن (رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئاپپاق خوجا شىنىڭغا بىرنەچچە قېتىم بارغان) گە كېلىپ تەرىقەت تارقاتقان[12]»دېيىلىدۇ.

خۇاسى (گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ لىنشيا شەھىرىگە جايلاشقان) سۇلۇكىدىكىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «...كاڭشىنىڭ 10– يىلى (مىلادىيە 1671– يىلى) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ –25 ئەۋلادى ھىدايەتۇللا چىڭخەيىنىڭ شىنىڭ شەھىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ سوپىزم تەلىماتىنى تارقىتىپ، يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن.[13]«...

مۇپتى سۇلۇكىدىكىلەر بولسا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «كاڭشىنىڭ 10– يىلى (مىلادىيە 1671– يىلى) ما شۇجېن شەنشىنىڭ شىشياڭ دېگەن يېرىدىن گەنسۇنىڭ خېجۇ رايونىغا چاي ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25– ئەۋلادى ھەزرىتى ھىدايەتۇللا ئاپپاق مەسئۇلنىڭ خېجۇ، خۇاڭجۇڭ رايونلىرىغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتقان... كاڭشىنىڭ 12 –

يىلى (مىلادىيە 1673– يىلى) ئاپپاق چىگخەيدە تەرىقەت تارقىتىۋاتقاندا... ما شۈجېن) مۆپتى سۇلۇكىنىڭ ئاساسچىسى) شىنىڭ خۋاڭجۇگىغا بېرىپ ئۇنى زىيارەت قىلغان .[14]«مۆپتى سۇلۇكىدىكىلەرنىڭ يەنە بىر بايانىدا: «ما شۈجېن يول ئۈستىدە ھىدايەتۇللانىڭ تەرىقەت تارقىتىش ئۈچۈن چىگخەيگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتقان، بۇ چاغ كاڭشىنىڭ 11– يىلى ئىدى[15]«دېيىلدۇ.

يۇقىرىقى سۇلۇكىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئاپپاق خوجا كاڭشىنىڭ 10– يىلى (مىلادىيە 1671– يىلى) دىن 12– يىلى (مىلادىيە 1673 –يىلى) غىچە بولغان ئارىلىقتا گەنسۇ، چىگخەيلەردە تەرىقەت تارقاتقان. بۇ، ئۇنىڭ تىبەتكە بېرىش ئۈچۈن قىلغان تەييارلىق ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. لېكىن، بىجياچاڭ سۇلۇكى، خۋاسى سۇلۇكى ياكى مۆپتى سۇلۇكى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئاپپاق خوجىنىڭ تەرىقەت تارقاتقانلىقىغا ئائىت خاتىرىلىرىدە بۇ «ئۇلۇغ ئەۋلىيا» نىڭ سىياسىي غەرىزى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان. بۇ، «ئۇلۇغ ئەۋلىيا» نىڭ مەقسەت – مۇددىئالىرىنى مەخپىي تۇتقانلىقىدىن بولسا كېرەك. شۇڭا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سۇلۇكىلەرنىڭ ماتېرىياللىرىدا بۇ ھەقتە مەلۇمات بولماسلىقى تەبىئىي. لېكىن، بۇ ھەرگىز ئاپپاق خوجىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىگە دائىر شىنجاڭدا ساقلانغان ماتېرىياللار بىلەن گەنسۇ، چىگخەيلەردە ساقلانغان ماتېرىياللار بىر– بىرىگە زىت دېگەنلىك ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلار بىر– بىرىنى تولۇقلاش رولىغا ئىگە. چۈنكى شىنجاڭدا ساقلانغان ئاپپاق خوجىغا ئائىت ماتېرىياللاردا ئاساسلىقى ئۇنىڭ لخاسادىكى دالاي لاما V نىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ «تونۇشتۇرۇش خېتى» نى كۆتۈرۈپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانى غالداننىڭ يېنىغا كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا «يول باشلىغۇچى» بولۇپ يەكەن خانلىقى زېمىنىغا تاجاۋۇزچى قوشۇننى باشلاپ كەلگەنلىكى بايان قىلىنغان بولسا؛ گەنسۇ، چىگخەيلەردىكى سوپىزم تەرىقەتلىرىنىڭ ئاپپاق خوجا ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان ماتېرىياللىرىدا، ئۇنىڭ چىگخەي، گەنسۇلاردا تەرىقەت تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، خانىقا بىنا قىلغانلىقى ۋە مۇرىت تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەنلىكىگە ئائىت مەلۇمات بار .بۇ مەنبەلەر بىزنى تارىخىمىزدىكى ئىشانلىق ئېقىمىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەر سوپىزم تەرىقەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە ئىشانلىق ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى ئاپپاق خوجىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى بىلەن تېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

بىزگە مەلۇم، ئاپپاق خوجا ھەرگىز ئىشانلىق ئەقىدىسىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈكلىكىدىن، خاس تەرىقەت تارقىتىش مەقسىتىدە گەنسۇ، چىگخەيلەرگە بارغان ئەمەس، ياكى گەنسۇ، چىگخەيدىكى مۇسۇلمانلار ئاپپاق خوجىنىڭ يەكەن خانلىقىدا قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بىلىپ، بۇ «ئۇلۇغ ئەۋلىيا» نى تەكرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن گەنسۇ، چىگخەيگە «ھىجرەت» قىلسۇن دەپ تەكلىپ قىلغان ئەمەس ۋە ياكى ئۇنى تەرىقەت تارقىتىپ بەرسۇن دەپ چاقىرغان ئەمەس . ئاپپاق خوجا «جاھان كېزىش «نامى بىلەن تەكرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن تىبەتكە قىلغان شۇ سەپىرىدە،

گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىدە تارقالغانلىقى چىڭخەي ئۇنىڭ ئۆتەر يولى بولغاچقا، زۆرۈرىيەت تۈپەيلى تەرىقەت تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن مەشغۇل بولغان. چۈنكى، ئاپپاق خوجىنىڭ بىردىنبىر دەسمايىسى ئۆزىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» ۋە» ئىشانلىق تەرىقىتىنىڭ پىرى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتاش بولۇپ، ئۇ مۇشۇنىڭغا تايىنىپ گەنسۇ، چىڭخەيدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىرگە ۋە كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئاسانلا كۆپلىگەن ئاخباراتقا ۋە سەدىقە، پۇل -پۇچەككە ئېرىشىپ، تەرەپ- تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ، سىرتقى ھەرىبىي كۈچىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغان. بۇ، ئۇنىڭ «تەرىقەت تارقىتىش» نامى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردە يۈرت كېزىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدىمۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ كۈچ توپلاپ، قولدىن كەتكەن دىنىي ۋە سىياسىي ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى زادى ئېسىدىن چىقارمىغانلىقنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىجىياچاڭ سۇلۇكى، خۇاسى سۇلۇكى، مۇپتى سۇلۇكى ۋە شيەنمن سۇلۇكى قاتارلىق تەرىقەتلەرنىڭ ماتېرىياللىرىدىكى ئاپپاق خوجىنىڭ تەرىقەت تارقىتىشقا دائىر بايانلارنى تەھلىل قىلساق، ئاپپاق خوجىنىڭ شىنجاڭدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بۇرۇن بېرىپ تەرىقەت تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئىشان ئىكەنلىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ 1671- يىلدىن باشلاپ گەنسۇ، چىڭخەيلەردە بىرنەچچە يىل پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقنى، ئۇنىڭ تەرىقەت تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن يۇقىرىدىكى سۇلۇكلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكنى چۈشىنەلەيمىز. مەسىلەن، خېجۇ ئايمىقىنىڭ بافاڭ دېگەن يېرىدىكى ما زوڭشېڭ بىجىياچاڭ سۇلۇكىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، ئۇ خوجا ھىدايەتۇللا ئىشاندىن تەلىم ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن بىجىياچاڭ سۇلۇكىنى بەرپا قىلغان. گەنسۇ لىنتاۋنىڭ بېيشياڭ دېگەن يېرىدىكى ما شۇجېن مۇپتى سۇلۇكىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، ئۇ خوجا ھىدايەتۇللا ئىشاندىن تەلىم ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن مۇپتى سۇلۇكىنى بەرپا قىلغان. خوجا ھىدايەتۇللا ئۇنىڭغا» مۇپتى» (دىنىي شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقارغۇچى) دېگەن نامنى بەرگەن .شەنشىنىڭ چاڭئەن دېگەن يېرىدىن گەنسۇنىڭ خېجۇ ئايمىقىغا كۆچۈپ كەلگەن ما لەيچى خۇاسى سۇلۇكىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، ئۇ خوجا ھىدايەتۇللا ئىشاندىن تەلىم ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن خۇاسى سۇلۇكىنى بەرپا قىلغان. چىڭخەينىڭ خۇاڭجوڭ دېگەن يېرىدە ئولتۇرۇشلۇق شيەن مىيجېن شيەنمېن سۇلۇكىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، ئۇ خوجا ھىدايەتۇللا ئىشاندىن تەلىم ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن شيەنمېن سۇلۇكىنى بەرپا قىلغان.

ئەمدى بىز، ئاپپاق خوجا يەكەن خانلىقى تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن بىۋاستە ئىلىدىكى غالداننى ئىزدىمەي ئەكسىچە تىبەتتىكى دالاي لاماVنىڭ قېشىغا بارغانلىقى، ئارىلىقتا 1671- يىلدىن باشلاپ گەنسۇ، چىڭخەيلەردە تەرىقەت تارقىتىش نامى بىلەن قاتراپ يۈرگەنلىكىگە دىققەت قىلساق، «جۇڭغارلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» دىكى مۇنداق

بىر ۋەقە كۆزنەمزگە چېلىقىدۇ: «1671– يىلى (كاڭشىنىڭ 10– يىلى) جۇڭغارىيەدە سىياسىي مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، زىڭگې ئانا باشقا ئىنىلىرى چېچەن ۋە باتۇرلار تەرىپىدىن كېچىسى ئۇخلاۋاتقان يېرىدە ئۆلتۈرۈلدى. ئانۇ خاتۇن (زىڭگېنىڭ ئايالى (ئادەم ئەۋەتىپ، زىڭگېنىڭ ئانا بىر ئىنىسى غالداننى شىزاڭدىن چاقىرتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا غالدان شىزاڭدا دالاي لاماVنىڭ شاگىرتى ئىدى. ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېز سۈرئەتتە شىزاڭدىن جۇڭغارىيەگە قايتىپ كېلىپ، ئاكىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئاكىسىنىڭ ئايالى ئانۇخاتۇننى ئەمرىگە ئالدى، شۇ ئارقىلىق خوشۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئوچىرتۇخان (ئانۇخاتۇننىڭ دادىسى) نىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى. سىياسىي ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ، ئاكىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ قاتىللارنى جازالىدى.[16]«

دېمەك، غالدان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى 5 ~ 6 يىل سىياسىي سەھنىدىكى ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ كۈچىنى زورايتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. ئەگەر ئاپپاق خوجا ھالداتلاپ ئۇدۇل غالداننىڭ ئالدىغا بارغان تەقدىردىمۇ، غالدان ھەرگىز ئۇنىڭ«ئارزۇ»سىنى قاندۇرالمايتتى. شۇڭا، ئاپپاق خوجا قۇمۇل، خېشى كارىدورى، لەنجۇ ئارقىلىق جەنۇبقا سەپەر قىلىپ چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھرىگە بېرىپ، ئاندىن شىزاڭنىڭ لخاسا شەھرىگە بېرىشقا تەييارلىق قىلغان. ئۇنىڭ قۇمۇل ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بارغانلىقى ھەققىدىكى: «ئاپپاق خوجا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىشتا قۇمۇلدىن ئۆتكەن بولۇپ، سۇباشى دېگەن جايدا تۇرغان ۋە شۇ يەردە مۇسۇلمانلارغا تەرىقەتتىن تەلىم بەرگەن. ئۇ جايدا بىر ياغاچ ئۆي بولۇپ... كېيىنچە مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئورنىغا بىر مەسچىت سالغان ۋە ئۇنى ‹ئاپپاق خوجا مەسچىتى› دەپ ئاتىغان. بۇ جاي ھازىرقى قۇمۇل ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ ۋە قۇمۇل مېھمانخانىسىنىڭ يېنىغا توغرا كېلىدۇ[17]«دېگەن مەلۇماتمۇ ئاپپاق خوجىنىڭ قۇمۇل، گەنسۇ ۋە چىڭخەي ئارقىلىق تىبەتكە بارغانلىقى ھەققىدىكى قاراشنى ئىگرى سۈرىدۇ.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقاتئىنىستىتۇتى

# 3-ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئۇيغۇر ساتقىنلار

**ئەمەتجان مۇھەممەت ئەركزات**



جەڭگىۋار ئۇيغۇر جەڭچىلىرى

## 1.تاڭ سۇلالىسىنىڭ ساداقەتمەن سانغۇنى ــــ ئاشىنا شىر

ئاشىنا شىر كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ باتۇر شاھزادىسى ئىدى.كۆكتۈرك خانلىقى مىلادى 583-يىلى غەربىي تۈرك خانلىقى ۋە شەرقىي تۈرك خانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن، مىلادى 626-يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقى تەۋەسىدىكى 15 كە يېقىن ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەر بىرلىشىپ شەرقىي تۈرك خانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتەردى.دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە شەرقىي تۈركلەر خاقانى قارا خاقان بۇ ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئاشىنا شىر بىلەن ئۆز ئوغلى يوغۇق شاد باشچىلىقىدا 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ماڭدۇردى.ئاشىناشىر ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇر سەركەردىسى ــــ بوسات تېكىن تەرىپىدىن

قاتتىق مەغلۇپ بولدى.مىلادى 629-يىللىرى ئاشىنا شىر يەنە بىر قېتىم بوسات تېكىن تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ ھازىرقى جىمسار ئەتراپىغا كېلىۋالدى.شۇ يىلى شەرقىي تۈركلەر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن غەربىي تۈركلەر ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدىمۇ ئىچكى ماجىرا يۈز بېرىدۇ.پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان ئەقىللىق ئاشىنا شىر غەربىي تۈركلەر تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ غەربىي تۈركلەر زېمىنىنىڭ يېرىمىنى ئىگەللەپ ئۆزىنى دۇب خاقان(都布可汗) دەپ جاكارلىغان.دەل شۇ پەيتتە شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئورنىنى سىرتاردۇشلار خانلىقى(مىلادى 628~646-يىللار) ئىگەللىگەن. غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قىسمەن جايلىرىنى ئىگەللەپ ئۆزىنى ئازىراق كۈچلەندۈرگەن ئاشىنا شىر شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان سىرتاردۇشلار خانلىقىنى ئىگىللەپ شەرقىي تۈرك خانلىقىنى قايتا تىكلىمەكچى بولىدۇ.ئەمما بۇ قېتىممۇ قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ تۇرپانغا چېكىنىدۇ.

تۈركلەرگىمۇ، سىرتاردۇشلارغىمۇ ۋە باشقا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگىمۇ قاتتىق نارازى بولغان ئاشىنا شىر مىلادى 635-يىلى تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىدۇ. ئۇ تاڭ تەيزوڭنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ سولقانات باقاۋۇللار ئۇلۇغ سانغۇنى (左卫大将军) دېگەن مەنسەپكە تەيىنلىنىپ خاننىڭ سىڭلىسى نەنياڭ مەلىكە (南阳公主) گە ئۆيلىنىدۇ، ئاشىنا شىرمۇ تاڭ تەيزوڭغا ناھايىتى ساداقەتمەن بولۇپ خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى جان تىكىپ قوغدايدۇ. مىلادى 637-يىلى تاڭ سۇلالىسى شەرقتە باش كۆتەرگەن ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىدىكى سىرتاردۇشلار خانلىقىنىڭ،شەرقىي-جەنۇبتا تىبەت خانلىقىنىڭ،غەربتە غەربىي تۈركلەر ۋە غەربتىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا تاڭ تەيزۇڭ «ياتلارنىڭ قولى بىلەن ياتلارنى يوقىتىش ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە» دىگەن ئەنئەنىگە ئاساسەن،غەربىي تۈركلەرنى ئاشىناشىر ئارقىلىق يوقىتىش قارارىغا كېلىدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئاشىنا شىرنى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنلارنىڭ باش سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەپ 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن غەربكە يۈرۈشكە يولغا سالىدۇ.ئاشىناشىر ئالدى بىلەن قۇچۇ خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغاندا قۇچۇ خانلىقىنىڭ خانى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدۇ،بۇ قېتىم ئاشىنا شىر توسالغۇسىزلا ئىدىقۇتنى ئالىدۇ ھەمدە قېينئاكىسى تاڭتەيزۇڭغا بۇ خوشخەۋەرنى يەتكۈزىدۇ. ئاشىنا شىر چىڭخەيدىكى تۈيغۇنلارنى ،ئاندىن قومۇلنى،قۇچۇنى بىرلا ۋاقىتتا ئالغاندىن كېيىن،غەربىي تۈركلەر جىددى تەدبىر قوللىنىپ كۆسەنگە بولغان كونتۇرۇللۇقنى ھەسسىلەپ كۈچەيتكەن،ھەتتا كىنگىت(ھازىرقى قارا شەھەر) خانىنىڭ قىزلىرىغا غەربىي تۈرك يابغۇسى چۇلى ئاكا-ئۇكىلار ئۆيلىنىپ قۇدىلاشقان. مىلادى 644-يىلى ئاشىنا شىر 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ،كىنگىتكە ھۇجۇم قىلىپ ئۆزئارا ئۇرۇشۋاتقاندا غەربىي تۈركلەر بىلەن كۆسەن خانلىقى ئاشىنا شىرغا قارشى زور قوشۇن چىقىرىپ،كىنگىتنى ماددى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن،يەنە كېلىپ ئاشىناشىر قوشۇنلىرىنىڭ يولىنى توسۇپ ئۇنى چېكىندۈرگەن. مىلادى 648-يىلغا كەلگەندە تاڭ تەيزۇڭ كۆسەنگە ئىككىنچى قېتىم ئاشىنا شىر قوماندانلىقىدىكى 100مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يۈرۈش قىلىدۇ.ئاشىنا شىر بۇ قېتىم

كۆسەن خانلىقى بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزىۋېتىش ئۈچۈن،بىر يۆلىنىش قوشۇنىنى كۆسەننىڭ شەرقىي شىمالىغا ھۇجۇم قىلدۇرغان. دەل ھالقىلىق پەيتتە غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇسى قۇلۇبۇ بىلەن شىخۇي تۈركلەرگە ئۆزلىكىدىن تەۋەلىك بىلدۈرۈپ تاڭ قوشۇنلىرىغا يول باشلىغۇچى بولغان.شۇنداق ئەۋزەل شارائىتتا ئاشىنا شىر بىرقانچە قېتىم ئېلىشىش ئارقىلىق كۆسەن قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان. كۆسەن خانى خېلىبوسبى ۋە باش سانغۇنى جاالىدىن قاتارلىقلارنى تىرىك ئەسىر ئالغان. كۆسەن ۋەزىرى نالى كېچىدە قېچىپ كېتىپ غەربىي تۈركلەر تەرەپكە بېرىپ ياردەم سوراپ ھەمدە قالدۇق كۆسەن قوشۇنلىرىنى يىغىپ، كۆسەن شەھىرىنى ساقلاشقا قالغان گوشيۈلۇ ئاتا-بالا ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ كۆسەن شەھىرىنى ئىگەللىۋالغان.بۇنى ئاڭلىغان ئاشىنا شىر كۆسەنگە قايتا يۈرۈش قىلغان ،بۇ ۋاقىتتا نالىنى كۆسەنلىكلەر ئۆزلىرى تىرىك تۇتۇپ ئاشىناشىرغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.ئاشىناشىر ئىلگىرى – ئاخىر بولۇپ بەش چوڭ شەھەرنى ۋە 70 نەچچە كىچىك شەھەرنى تاڭ سۇلالىسىگە قارام قىلىپ بەرگەن.

ئاشىنا شىرنىڭ ھاياتى كېچە-كۈندۈز تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىلىش،تاڭ ھۆكۈمىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش،تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىش،چېگرا رايۇنلىرىنى تېنىچلاندۇرۇش قاتارلىق ئۇلۇغ تارىخى ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش بىلەن ئۆتكەن ھايات. مىلادى 655-يىلى ئاشىناشىر پايتەخت چاڭئەندە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندا تاڭ گاۋزۇڭ ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ جەسدىنى ۋاڭلىك قەبرىستانلىقىغا قويۇپ، قەبرىسى ئۈستىگە ئابىدە تىكلىگەن.

## 2. قىرغىزلارغا تۆھپە كۆرسەتكەن ئۇيغۇر سانغۇن ـــــ كۇلۇگ باغا

مىلادى 839-يىلى ئۇيغۇر ئۇرخۇن خانلىقىدا ئىچكى جەھەتتىن نىزا پەيدا بولۇپ، پۈتۈن خانلىق تەۋەسىدە يۈز بەرگەن جۇدۇن ئاپىتىدە ئات-ئۇلاغلار، مال-چارۋىلار كۆپلەپ ئۆلۈپ ۋابا كېسىلى تارقىلىپ، خانلىق قىيىن ئەھۋالدا قالغان پەيتتە ئۇيغۇر سانغۇنى كۇلۇگ باغا خاككاسلار(قىرغىزلار) تەرەپكە بېرىپ ئۇيغۇر ئۇرخۇن خانلىقىنىڭ ئەھۋالىنى ئەينەن مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان خاككاسلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى كېلىپ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بارگاھى قارا بالغاسۇننى ئىشغال قىلدۇ.ئۇيغۇر خانلىقى ۋەيران بولۇپ بىرقانچە بۆلەككە بۆلىنىپ ھەر تەرەپكە كۆچۈشكە باشلايدۇ[1].

## 3.موڭغۇللارغا يېلىنغان قورچاق پادىشاھ ـــــ ئافاق غوجا

ئەسلى ئىسمى ھىدايىتۇللا ئىشان بولۇپ ، مىلادىيە 1626-يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان . دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ خوجا مىلادىيە 1620 -يىلى نەمەنگاندىن قۇمۇلغا كەلگەن . ئانىسى زۇلەيخا

بكىم ئۆز ۋاقتىدا قەشقەردىن قۇمۇلغا چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بەشكىرەملىك مىرسەئىد جىلىل دېگەن كىشىنىڭ قىزى بولىدۇ . ئاپپاق غوجا مىلادىيە 1638-يىلى ئون ئىككى ياش ۋاقتىدا ، دادىسى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دادىسىدىن رەسمى سوپى ئىشانلىقنى ئۆگىنىشكە باشلىغان . 1667-يىلى دادىسى مۇھەممەد يۇسۇپ يەكەندە «ئىسهاقىيە» مەزھىپىدىكى ئۆزىنىڭ نەۋرە ئەۋلادى بولغان جۇجا ئەبەيدۇللا تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئاپپاق غوجا ئۆزلىكىسىز مۇرت كۆپەيتىش ، كۈچ توپلاش ۋە تەسىرى دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ، ئەڭ ئاخىرى تىغ ئۇچىنى دىننىي پائالىيەتتىن ھالقىتىپ ، ھاكىمىيەتكە قاراتتى ۋە مىلادىيە 1678-يىلى جۇڭغار ئىشخالىيەتچىلەرنى باشلاپ كىلىپ ، سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئون ئىككىنچى سۇلتانى ئىسمايىل خاننى ئاغدۇرۇپ ، تارىختا 165 يىل ھۆكۈم سۈرگەن شۆھرەتلىك سەئىدىيە خانلىقىنى بەربات قىلدى . ئۇنىڭ ئورنىغا جۇڭغارىيە ھامىيلىقىدىكى ئاپپاق خوجا خانلىقىنى تىكلەپ ، بۇ خانلىقتا ئون بەش يىل ھۆكۈمران بولدى .

ئاپپاق غوجا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بۇ دەۋردە ، ئىلگىركىيىن بولۇپ ، ئون بىر قېتىم چوڭ قىرغىنچىلىق بولدى ، بىر يۈز سەكسەن مىڭ ئادەم قىرغىنچىلىقتا ئۆلدى .ئاپپاق غوجىغا ۋە ئۇنىڭ ھامىيسى بولغان جۇڭغار ئىشخالىيەتچىلىرىنىڭ قاتمۇقات زۇلۇملىرىغا قارشى ئىككى يۈز قېتىمدىن كۆپرەك خەلق ئىسيانى كۆتۈرۈلدى .

ئاپپاق غوجا مانا شۇنداق ئىسيانچىلاردىن ۋە ئۇ يۈرگۈزگەن زوراۋانلىقىغا قارشى چىققان تالىپلاردىن ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ ، مىلادىيە 1679-يىلى جۇڭغارلارنىڭ كۈچى بىلەن ئىلىغا پالاپ ، غالچا يىگىت ۋە غالچا چوكان نامىدا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قۇل قىلىپ بەردى .ئۇ يەنە ، خانلىق يارلىقى چۈشۈرۈپ ، مەسچىت — مەدرىسلەرنى خانىقا بىلەن تۇتەكخانىلارغا ئۆزگەرتتى ، قۇر ئان بىلەن ھەپتىيەكتىن باشقا بارلىق كىتاپ ، مەدەنيي مىراس ۋە تارىخى قول يازمىلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى . بۇنىڭغا نارازى بولغان ، قارشى چىققان شەرئەت پېشىۋالىرىنى ، دىننىي ئۆلىمالارنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئۆلتۈردى [2].

ئاپپاق غوجا مىلادىيە 1693-يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ بىشىدىكى بىر پەيشەنبە كۈنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى . بىر كېچە-كۈندۈزدە يەكەندىن قەشقەرگە ئېلىپ كېلىنىپ ، ھازىرقى ھەزرەتتىكى ئۆزى بىنا قىلدۇرغان «مازارى شاھان»غا ئاپىرىپ دادىسىنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلىندى .

## 4.تۆن بالىسى ــــ نىياز ھېكىم بەگ

پوتكۇل ئۇيغۇر ئېلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ياتلارنى تازىلاپ ،مۇناپىق خوجىلارنىڭ خەلقىمىزگە سالغان زۇلۇم -ستەملىرىدىن جاق تويۇپ ،نەپەسمۇ ئالالماس ھالەتكە كېلىپ قالغان ئاۋامنى

قايتىدىن قەددىنى رۇسلاش ۋە سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بەل باغلىغان ياقۇپ بەگ (بە دەۋلەت) نى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن ساتقىن تۇن بالىسى نىياز ھېكىمبەگمۇ تارىخىمىزدىكى تالاي پاجىئەلەرنىڭ سەۋەپچىسىدۇر.نىياز ھېكىمبەگ ئۆزىنى شۇنچە ئەتىۋارلىغان ياقۇپ بەگنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن «زوڭتۇڭ دارېن» نىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى ئېلىپ قېلىپ ئىشلىتىشنى،ھېچ بولمىسا «چەنتو»لارنىڭ يېرىدە پايدا يەتكۈزەلەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندا «زوڭتۇڭ دارېن» مىيىقىدا كۈلۈپ،«ئۆز پادىشاھىغا ئاسىلىق قىلغان كىشى ھامان بىزگىمۇ ئاسىلىق قىلىدۇ ،ئۇنى ئاپىرىپ تۈرمىگە تاشلاڭلار!» دەپ تۈرمىگە قامىغان.شۇندىن ئېتىۋارەن نىياز ھېكىمبەگ زىنداندا سۇنىڭ ئورنىدا ھاراق ئىچىشكە ،ئوزۇقنىڭ ئورنىدا ئۆزىنىڭ تېنىدىن شىلىۋېلىنغان گۆشتىن قورۇلغان قورۇمىنى يېيىشكە مەجبۇر بولغان .شۇنداق قىلىپ 25كۈن بولدى دىگەندە ئۇنىڭ جېنى كۆپ يەرلىرىنىڭ گۆشى شىلىۋېلىنغان ،زەي زىنداندا سىسىپ ،يىرىڭلاپ ،قۇرتلاپ ،بەدبۇي ھىد تارقىتىۋاتقان تېنىدىن جۇدا بولغان . ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى مەھبۇسلارغا بورىغا يۆگەتكۈزۈپ ،كۆتەرتىپ يىغىشەرنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىدىكى بارىن قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىپ ،شۇ پېتى كۆمدۈرىۋەتكەن .[3]

## 5.ئابدۇقادىر داموللامنى قەتلى قىلغان ـــــ ئەھمەد مەزىن

`ئابدۇقادىر داموللام كېچىدە تەرەت ئالغىلى چىققاندا ئەھمەد مەزىن تەرىپىدىن پىچاقلاپ ئۆلتۈرلىدۇ.ئەھمەت مەزىننىڭ ئابدۇقادىر داموللامنى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇقادىر داموللامنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ھىندىستاندىكى ئوقۇشىنى تاشلاپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ بۇ دېلۇنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشنى قايتا-قايتا تەلەپ قىلىپ ئەرز سۇنغاندىن كېيىن،قەشقەردىكى ئەمەلدارلار(ئۆمەربەگ بىلەن زۇنۇن پاششاپلار) شەھەر كاتتىسى تەرىپىدىن سۈگگۈتۈلگەن ئالتۇن يامبۇنىڭ كۈچى بىلەن بۇ سىرنى ئاشكارلىماسلىققا ۋەدە بېرىدۇ ئەھمەت مەزىننىڭ ئۆزىگىمۇ بارلىق جىنايەتلىرىدىن تېنىش كېرەكلىگى ، شۇندىلا ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن خالاس بولىدىغانلىقى ئالاھىدە جېكىلىنىدۇ. لېكىن توختىماي قىلىنغان بۇ دەۋادىن زېرىككەن شەھەر كاتتىلىرى ئەھمەت مەزىننى تۆمۈر قەپەزگە سولاپ ئۆرۈمچىگە ماڭدۇرىۋېتىدۇ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ئىز قوغلىشىپ ئۆرۈمچىگە كېلىپ ئەرز سۇنىدۇ.ھۆكۈمەت تەرەپ ئەھمەت مەزىننى ئېتىپ بېرىشنى ئېيتقان بولسىمۇ ئابدۇلئەزىز مەخسۇم بۇنىڭغا قوشۇلماي پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىلارنىمۇ جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قاتىل ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ،لېكىن پەردە ئارقىسىدىكىلەر يەنىلا ئاشكارلانمايدۇ. قەشقەر كاتتىلىرىنىڭ تەلىپى ۋە ۋەدىسى بويىچە ئەھمەت مەزىن سولاقتىن بوشىتىلىپ قويۇپ بىرىلىدۇ .بۇ قاتىل ئۆرۈمچى كوچىلىرىدا بىر مەزگىل لاغايلاپ يۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ئىشتىن خەۋىرى بارلىكى كىشىلەرنىڭ تىل ـ ئاھانەت ، دەشناملىرىدىن بىر مىنۇتمۇ ئارام تاپالماي ،

ياقا يۇرتلارغا قېچىپ بېرىپ جان باقدۇ . روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربە يېگەن ئاقۋەتتە ئېلىشىپ قېلىپ شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى ، ھەتتا ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېيىشكە باشلايدۇ . نەتىجىدە ئەنە شۇنداق سارائلىقتا بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆلىدۇ.

1924-يىلى ئابدۇقادىر داموللام سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، سۇيىقەستچىلەرنىڭ نىشانى ئۇنىڭ شاگىرتى سابىت داموللامغا مەركەزلىشىدۇ.

## 6 .شېڭ شىسەيگە ساداقىتىنى بىلدۈرگەن ـــــ شاپتۇل داموللام

ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللام پەيزاۋات شاپتۇللۇق كىشى بولۇپ دىنىي مەلۇماتى يۇقىرى بولغاچقا، قەشقەر تەۋەسىدە تەسىرى زور بولغان. لېكىن بۇكىشى سىپى ئۆزىدىن مۇناپىق بولۇپ، ئابدۇقادىر داموللامغا قەست قىلىش سۇيىقەستىگە قاتناشقان ، ئوسمان پاشابىلەن تۆمۈر شجائىنى زىددىيەتكە سېلىپ، ما جەنساڭ ئۇچۈن كەتمەن چاپقان. ئۇ 1934 – يىلدىن كېيىن، يەنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ئەتۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەن ھەمقەشقەردە قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان . 1935 – يىلى يازدائۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكەبويىچە ئېچىلغان« ئىككىنچى قېتىملىق ئاۋام كونفرېنىيىسى » گە قاتناشقان . قايتىپ بارغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەيگە بولغان ئالاھىدە ئىخلاسى ھەققىدە سۆزلەپ يۈرگەن ھەم شىڭ شىسەينىڭ « ئالتە بۈيۈك سىياستى » نى تەشۋىق قىلغان .

1936 – يىلى 5 – ئايدا، شېڭ شىسەي قەشقەرنىڭ ۋالىسى ۋاڭ باۋچەنگە تېلېگرام بېرىپ،«سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن سودا – سانائەتچىلەر تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىل قىلغانلىقىنى ، شۇڭا قەشقەر ئۇيغۇرئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللامنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بېرىشى لازىملىقى»نى ئۇقتۇرغان . شېڭ شىسەينىڭ ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللامدىن پايدىلانماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن مەھمۇت شجاڭ ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشىغا يول قويمىغان. ئۇ، 5 – ئاينىڭ 12 – كۈنى كېچىدە، ئادەم ئەۋەتىپ ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللىنى قەشقەركونا شەھەرنىڭ ئۆتەڭ بازىرىدا يۇشۇرۇن ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن.

## 7.ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى چاققان شېڭ سىسەينىڭ سادىق غالچىسى

## ـــــ روزى موللام

1931-يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىدىن ئەجەللىك زەربە يەپ، ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېلىۋاتقان شېڭ شىسەي تۇرپانغا كەلگەندە ، روزى موللام شىڭ شىسەيگەغالچىلىق قىلىپ، ئىشەك مىنىپ ئالدىغا بېرىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرىنى «دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەنۋى

تەرغىباتچىسى» دەپ چاقىدۇ. شىڭ شىسەي بۇنى ئاڭلاپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1933-يىلى 3-ئاينىڭ 13 -كۈنى سەبداشلىرى بىلەن باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ.

## 8.لۇتپۇللا مۇتەللىپنى چاققان گومىنداڭچى —— ھېكىم نۇر

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ جاسۇسلۇق بۆلۈمىدىن مۇتەللىپنى كۆزىتىدىغان ئادەملەر ئاللىبۇرۇن تەشكىللەنگەن. شۇ چاغدا ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنى تەكشۈرىدىغان «ئەپەندى»، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا «ياخشى»، «كاڭجيەن»، جەمئىيەتتە «گاڭبى» دىگەندەك مەخسۇس ئادەملەر بار ئىدى. ل.مۇتەللىپ قاتارلىقلارنى ئاشكارلاپ قويغان ھېكىم نۇرنىڭ مەخپىي ئىسمى «گاڭبى» ئىدى. ھېكىم نۇر شۇ يىللاردىكى ساقچى ئەمەلدارى، ل.مۇتەللىپلەرنىڭ تەشكىلاتىغا سوقۇنۇپ كىرگەن ئىشپىيون ھەم مۇتەللىپنىڭ قاتىلى ئىدى.

ئىزاھلار:

1: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى،«سۈي،تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخى شەخسلەر» 65~71-بەتلەر،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999-يىل 7-ئاي

2: ئەخەت تۇردىنىڭ «بەختسىز سەئدىيە» ناملىق كىتاۋىدىن ئېلىندى .

3: ئابدۇۋەلى ئەلى ئەپەندى يازغان«بەدەۋلەت-ئۆركەشلەپ ئاققان قايدۇ دەرياسى» ناملىق رومانىنىڭ 11-بابىدىن ئېلىندى.

# 4ـ يەھۇدىلارنى 3000 يىل ساقلاپ قالغان ئامىللار

ئەركىن سىدىق

2013ـ يىلى 2ـ ئاينىڭ 5ـ كۈنى

بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇ مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش. مىللەت ساقلىنىپ قالمايدىكەن، ھەرگىزمۇ مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا بىر مىللەت ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك؟. مەن ئاشۇ سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەپ بېقىشنى ئويلىغىلى خېلە ئۇزۇن بولدى. باشقىلار بىلەن مۇشۇ تېما ئۈستىدە پاراڭلىشىش جەريانىدا، مەن بىر تونۇشۇمدىن «ھالال گۆش يەيدىغان مىللەتلەر يوقاپ كەتمەيدىكەن. مەن بىر ياۋروپالىق داڭلىق ئاپتورنىڭ كىتابىدا ئاشۇنداق مەزمۇننى كۆرگەن ئىدىم»، دېگەن سۆزنى ئاڭلىدىم. ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىنىڭ بىرىگە چاپلانغان بىر پارچە ماقالىدا «دېھقان نوپۇسىغا ئىگە مىللەتلەر يوقاپ كەتمەيدىكەن» دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇننىمۇ كۆردۈم. راست شۇنداقمۇ؟ بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللار قايسىلا؟ يۇقىرىدىكى گەپلەر خېلە ئورۇنلۇقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇ سۆزلەر ھەرگىزمۇ بىر پۈتۈن ئىلمىي نەزەرىيەگە ۋەكىللىك قىلالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئاشۇ سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي ئۇقۇملارنى تولۇق ئىنقلاپ چىقىش قارارىغا كەلدىم.

مەن ئالدى بىلەن چەت ئەلدىكى ئىنگلىزچە گوئوگلە ۋە Amazon.com تور بەتلىرىگە كىرىپ، «بىر مىللەتنىڭ ساقلىنىپ قېلىنلىشى» (ئىنگلىزچە The survival of a people) دېگەندەك سۆزلەرنى كىرگۈزۈپ ئىزدەپ باقتىم. لېكىن مەن كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىم. مەن ئىزدىگەن مەزمۇنغا ئەڭ يېقىن كېلىدىغان بىر كىتابنىڭ ئىسمى «ساق قالغۇچىنىڭ كىشىلىك خاراكتېرلىرى» (Al Siebert, The survivorpersonality) بولۇپ، مەن ئۇنى توردىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا سېتىۋېلىپ، كۆرۈپ باقتىم. ئەمما، بۇ كىتاب ئوت ئاپىتى، يەر تەۋرەش ۋە سۇ ئاپىتىگە ئوخشاش تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچراپ ساق قالغان كىشىلەر، ھەمدە ئائىلە پاجىئەلىرىگە يولۇققان كىشىلەرنىڭ ئاشۇنداق ۋەقەلەردىن كېيىنكى روھىي ھالىتى، ۋە ئاشۇنداق روھىي ھالەتتىن قۇتۇلۇش يوللىرى ئۈستىدە بولۇپ، ئۇنىڭدا مەن ئىستىگەن مەزمۇنلار يوق ئىكەن.

ئۆنىڭدىن كېيىن مەن يەنە «مىللىي گۈللىنىش» دېگەن سۆزنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق تورلارنى قايتىدىن ئىزدىدىم. نەتىجىدە ئىنگلىزچە «ئېتنىك گۈللىنىش(The ethnic revival) »، »مىللەتپەرۋەرلىك بىلەن مودېرنىزم (زامانىۋىلىق(Nationalism and modernism) »(، »مىللىي كىملىك(National identity) «، دېگەن كىتابلارنى تېپىپ، ئۇلارنىمۇ سېتىۋېلىپ ۋاراقلاپ چىقتىم. بۇ ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى ئەنگلىيىدىكى لوندون ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى دوكتور ئەنتونى سمىز (Anthony D. Smith) بولۇپ، بۇ ئاپتورنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك تەتقىقاتىدا كۆپلىگەن ئىلمىي ساھەلەرنى بىرلەشتۈرگەن دۇنياغا داڭلىق مۇتەخەسسىس ئىكەنلىكىنى ئۇ كىتابلار قولۇمغا تەگكەندىن كېيىن ئاندىن بىلدىم. بىراق، بۇ كىتابلاردا تەسۋىرلەنگىنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قايتىدىن گۈللەنگەن، مۇستەقىل ياشايدىغان، گېرمانلىقلارغا ئوخشاش مىللەتلەر ھەققىدە بولۇپ، ئۇ كىتابلاردىمۇ مەن ئىستىگەن مەزمۇنلار تېپىلمىدى.

مۇستەقىل ياشايدىغان بىر مىللەت بىلەن مۇستەملىكە قىلىنغان بىر مىللەتنىڭ ئەھۋالى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بىر مىللەت ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ياشىغاندا، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتالايدۇ. ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى، قىممەت قارىشى، قانۇنى، ئۆرۈپ-ئادىتى، ۋە ئىجتىمائىي شەكىللىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ئۆزىنىڭ تىلى، دىنى، يېسە بولىدىغان يېمەكلىكلىرى، ۋە كىيىم-كېچەكلىرى قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ساقلاپ قالالايدۇ، ۋە پەقەت ئۆزى مۇۋاپىق كۆرگەندىلا ئۆزگەرتەلەيدۇ. ياد مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدىن ئۆزىنى ئۆزى خالىغان دەرىجىدە ساقلاپ، ئۆز مەدەنىيىتىدىن بىمالال بەھرىمان بولۇپ ۋە ئۇنى ساقلاپ ماڭالايدۇ (بۇلار بىر تولۇق تىزىملىك ئەمەس).

بىزنىڭ بۇ يەردە بىلمەكچى بولغىنىمىز، مۇستەقىل ياشىمايدىغان بىر مىللەت ئۆزىنى ساقلاپ قالالىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئامىللار قايسىلا، دېگەندىن ئىبارەت. كەلگۈسى ئۈچۈن قايسى يولنى تاللاشنى بىلەلمىگەندە، تارىخنى ۋاراقلاپ، بۇرۇنقىلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە تەجرىبىلىرىدىن ئەقىل تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا يۇقىرىقى سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن كىمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە تەجرىبىلىرى ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ؟

ئىزدىگەن كىتابلارنى تاپالمىغاندىن كېيىن، مەن دىققىتىمنى تور بەتلىرىدىكى ئىنگلىزچە ماقالىلەرگە بۇرۇدۇم. ھەمدە بىر قىسىم قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇم. مەزكۇر ماقالىدا مەن بۇ قېتىم ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## 1. ئارقا كۆرۈنۈش

مەن ئوقۇرمەنلەرگە ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى بىر خىيالىي ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىمەن. بىر يۇمشاق ۋە پاكىز ئاق قۇم بىلەن تولغان دېڭىز قىرغىقىدا 100 ئادەم ئاپتاپ قاقلىنىدۇ. باشقا 20 ئادەم دېڭىز ئىچىدە سۇ ئۈزۈپ ئوينايدۇ. تۇساتتىن بىر چوڭ دولقۇن كېلىپ، سۇ ئۈزۈۋاتقان 20 ئادەمنى سۇ ئاستىغا ئەكىرىپ كېتىدۇ. قىرغاقتىكىلەر ساق قالىدۇ، ئەلۋەتتە. سۇغا چۆكۈپ كەتكەنلەر سۇ ئاستىدىن 30 مىنۇتقىچە چىقالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 20 ئادەمدىن 18 كىشى ئۆلۈپ كېتىپ، ئاران ئىككىسى ساق قالىدۇ. (سىزچە ئۇيغۇرلار ھازىر يۇقىرىدىكى 3 گۇرۇپپا ئادەملەرنىڭ قايسى گۇرۇپپىسىغا ئوخشايدۇ؟) دۇنيادا ھازىرغىچە ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش شارائىتىغا ئىگە ئەمەس، يوقاپ كېتىشكە تېگىشلىك ئەھۋال ئاستىدا ياشاپ تۇرۇپ، ئۆزىنى 3000 يىلدىن ئارتۇق ساقلاپ قالالىغان بىرلا مىللەت بار. ئۇ بولسىمۇ يەھۇدىلاردىن ئىبارەت. يەھۇدىلار يۇقىرىدىكى ۋەقەدىكى دېڭىز سۈيىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىپ، سۇ ئاستىدا 30 مىنۇتتىن ئارتۇق تۇرۇپ، يەنە ھايات قالغان ھېلىقى ئىككى ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش مىللەتلەردىن ھازىرغىچە يەھۇدىلاردىن باشقىسى ياشاپ باقمىغان. شۇڭلاشقا بىر مىللەتنى ساقلاپ قېلىشتا ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغان ئامىللار ئۈستىدە ئىزدەنمەكچى بولغان ھەر قانداق بىر ئادەم، ئالدى بىلەن يەھۇدىلار ئۈستىدە ئىزدىنىشكە مەجبۇرى بولىدىكەن. مەنمۇ شۇنداق بولدۇم.

مەن ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ھەققىدە بىرەر نەرسە يېزىپ باقمىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئۇيغۇر تارىخىنىڭ مۇھىملىقىغا سەل قارايدىغانلىقىمدىن ئەمەس. مەن ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھازىرقى دەۋردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى خېلە بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن ئىدىم. ئۇيغۇر تارىخىدىن خەۋەردار ياشلارنىڭ ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ ياشايدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر تارىخىدىن خەۋەردار ئەمەس ياشلارنىڭ ئىچىدە بولسا، ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر بولۇپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدىغانلارمۇ بارلىقىنى بۇرۇنلا ھېس قىلغان ئىدىم (ھۆكۈمران ئورۇندىكى مىللەتلەر بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىدىغان بولغاچقا، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى چەكلەش ياكى ئۇلارنىڭ تارىخنى ئۆزگەرتىپ قايتىدىن يېزىپ چىقىش جەھەتتە ئەڭ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ). مەن كەلگۈسىدە ئىزدەنمەكچى بولغان تېمىلار ئىچىدە ئۇيغۇر تارىخىمۇ بار. مېنىڭ ھازىر قىلىۋاتقىنىم، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئۇيغۇر دىيارىدا ئاساسەن ياكى ئاسانلىقچە تېپىلمايدىغان بىلىملەر بىلەن تەمىنلەش بولۇپ، مەن ئوقۇرمەنلەردىن مەزكۇر ماقالىنىمۇ ئاشۇنداق بىر ئىدىيە ئاساسىدا چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن تۆۋەندە بايان قىلىدىغان يەھۇدىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى چۈشىنىشكە خېلە چوڭ ياردەم قىلىدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۆۋەندىكى يەھۇدىلارنىڭ قىسقىچە تارىخىغا سەل قارىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 2. يەھۇدىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

يەھۇدىيلارنىڭ تارىخىنى مۇنداق ئىككى چوڭ دەۋرگە بۆلۈش مۇمكىن. بىرىنچىسى، يەھۇدىيلارنىڭ ئىككىنچى ئىبادەتخانىسى بۇزۇپ تاشلانغان مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىللارغىچە بولغان ئالدىنقى 1000 يىللىق دەۋر. ئىككىنچىسى مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىللاردىن بۈگۈنگىچە بولغان 1940 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەۋر.

بىرىنچى دەۋرنىڭ 90 پىرسەنتىدە، يەھۇدى نوپۇسىنىڭ ئاساسلىق قىسمى توپلىشىپ ياشىغان، ھەمدە ھازىرقى ئىسرائىل زېمىدە ئۆزلىرىنىڭ بىر مۇستەقىل دۆلىتىمۇ مەۋجۇت بولغان. بۇ دەۋرنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى، بۇ دەۋردە يەھۇدىيلار باشقا مىللەتلەرنىڭ دىنىغا ئوخشىمايدىغان يەھۇدى دىنىغا ئىگە بولغان. بۇ دەۋردىكى باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئورتاقلىقى مۇنداق ئىككى نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرى بىر خىل ئورتاق ئەھۋالنى، يەنى تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق، ۋە تولۇق چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ بولالمىغان تەبىئىي ھادىسىلەرگە بولغان بېقىندىلىق قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن. يەنە بىرى بولسا، ئۆز-ئارا ئۆچرىشىپ تۇرىدىغان مەدەنىيەتلەر بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. يەنى، ئىدىيىلەر ئۆز-ئارا قوبۇل قىلىنغان ۋە ئۆزگەرتىلگەن. يەھۇدىيلارنىڭ يۇقىرىقى بىرىنچى نۇقتىدا باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن ئورتاقلىقى بولغان. ئەمما، گەرچە ئۇلار ياشىغان ماكان ئۈچ چوڭ قىتئە ئۆز-ئارا ئۇچرىشىدىغان جايدا بولسىمۇ، تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەردە يەھۇدى ئېتىقادى باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭكىدىن تۈپتىن پەرقلەنگەن:

(1)تەبىئىي ھادىسىلەر بىر-بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، باشقا مەدەنىيەتلەر ئۇ ھادىسىلەر ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم ئىلاھ بەلگىلەپ قويغان. پەقەت يەھۇدى دىنى بولغان جۇدائىزملا «ئىلاھتىن پەقەت بىرسىلا بار» دەپ قارىغان.

(2)قەدىمقى ئەللەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىلاھى بار بولغان. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەر بىرى باشقىسىنىڭ ئىلاھىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلغان. بىر ئەل يەنە بىر ئەلنى ئۇرۇشتا يېڭىپ بېسىۋالغاندا، يېڭىلگەن ئەل «ئۇلارنىڭ خۇداسى بىزنىڭكىدىن كۈچلۈك ئىكەن» دەپ قاراپ، يەڭگۈچى ئەلنىڭ خۇداسىنى ئەينەن قوبۇل قىلغان. ھەرگىزمۇ دىنىي ئۇرۇش بولمىغان. پەقەت جۇدائىزملا «خۇدا ئۇنىۋېرسال بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەقەت بىرسىلا بار، قالغانلىرى بولسا فانتازىيەدىن باشقا نەرسە ئەمەس»، دەپ قارىغان.

(3)باشقا قەدىمقى دىنلارنىڭ ھەممىسى خۇدالىرىنى بىرەر فىزىكىلىق جىسىم ياكى ھادىسىلەر بىلەن زىچ باغلاپ قويغان، ھەمدە كۈننىڭ خۇداسى، ئاينىڭ خۇداسى، دېڭىز خۇداسى، ھامىلدار بولۇش خۇداسى، ۋە ئۆلۈش خۇداسى قاتارلىق كۆپ ساندىكى خۇدالارغا ئىگە بولغان. كۆپىنچە

ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ خۇدالىرى بىر خىل ئىنسان شەكلىنى ئالغان. پەقەت جۇدائىزملا خۇدانىڭ فىزىكىلىق گەۋدىسى، شەكلى ۋە شۇلارغا ئوخشاش باشقا نەرسىسى يوق، دەپ قارىغان.

ئىلاۋە: ئەگەر سىز ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «يۇسۇپ زىلەيخان» دېگەن كۆپ قىسىملىق كىنونى كۆرۈپ باققان بولسىڭىز، يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئاشۇ كىنودىكى مەزمۇنلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلاپ بېقىڭ. مەن كۆرگەن بەزى ماتېرىياللاردا دېيىلىشچە، ئاشۇ كىنودىكى يۇسۇپ پەيغەمبەر بىلەن ئۇنىڭ دادىسى ياقۇپ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەر ئىككىسى يەھۇدى ئىكەن. ئەگەر سىز ئۇ كىنونى تېخى كۆرۈپ باقمىغان بولسىڭىز، ئۇنى چوقۇم كۆرۈپ بېقىڭ. مەن سىزنىڭ ئۇنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. مەن مەزكۇر ماقالىنى يېزىشتا پايدىلانغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك يەھۇدىلار تەرىپىدىن يېزىلغان. لېكىن، يۇقىرىقىدەك پۇتۇن دۇنيا بىلىدىغان پاكىتلارنى بايان قىلىشتا يەھۇدى ئالىم-تەتقىقاتچىلىرىنىڭ سەممىي بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

(4)باشقا قەدىمقى دىنلارنىڭ ھەممىسى «خۇدا چەكلىك كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە» دەپ قارىغان. بۇنداق بولغاندا، خۇدانى پەيدا قىلغان باشقا بىر خىل كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما جۇدائىزم ھەممە مەۋجۇتلۇقلارنىڭ ياراتقۇچىسى خۇدا بولۇپ، ئۇ يارىتىش جەھەتتە چەكسىز كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە، دەپ قارىغان.

(5)قەدىمقى دۇنيانىڭ ھەممىسى خۇدا دېگەن بىر قورسىقى كىچىك زومىگەر بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش نەپسى بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ، شۇڭا ئادەتتىكى ئىنسانلار بىلەنمۇ، ۋە بىر-بىرى بىلەنمۇ تۇقۇنۇشىدۇ، دەپ قارىغان. ئۆز خۇدالىرىدىن ھەرگىزمۇ ئەخلاق جەھەتتە مۇتلەق ھالدا مۇكەممەل بولۇشنى كۈتمىگەن. پەقەت يەھۇدى خۇداسىلا ئاشۇنداق شەرتكە توشقان.

(6)باشقا قەدىمقى دىنلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم شەكىلدىكى ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىگە يول قويغان. پەقەت جۇدائىزملا ھەر قانداق شەكىلدىكى ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىگە قارشى تۇرغان.

يۇقىرىدىكىدەك پەرقلەر تۈپەيلىدىن، قەدىمقى مەدەنىيەتلەرگە يەھۇدى ئەقىدىسى بىمەنە بولۇپ تۇيۇلغان. يەھۇدىلار باشقىلارغا ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن ئورتاق ھۆكۈمگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان شەكىلدە نامايان بولغان. يەھۇدىلار «خەتەرلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان دوستىسىز ئىنسانلار»، دەپ قارالغان. قىسقىسى، مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىللاردىن بۇرۇنلا، يەھۇدىلار باشقا بارلىق ئەللەرنىڭ چەتكە قېقىشىغا دۇچ كەلگەن. ئۇ دەۋردە يەھۇدىلار جۇدائىزمنى ساقلاپ قېلىشقا سەۋەب بولغان، دىن بىلەن مۇناسىۋەتسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرمىگەن. دۇنيانى زىل-زىلىگە كەلتۈرگۈدەك بىرەر يەھۇدى ئىمپىراتورلىقىمۇ مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان. يەھۇدىلار ماتېماتىكا، مېدىتسىنا، ئىقتىساد، بىناكارلىق، سەنئەت ۋە پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەردە بىرەر دەۋر بۆلگۈچ ئىجادىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ باققانمۇ ئەمەس. ئەگەر ئاشۇنداق ئىشلار مەۋجۇت بولۇپ

باققان بولسا، جۇدائىزمنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى بىر مۆۋەپپەقىيەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلغان مۆجىزىلەرنىڭ بىرى، دەپ قاراشقىمۇ بولار ئىدى.

ئىلاۋە: مۇھەممەد پەيغەمبەر مىلادىيىدىن كېيىنكى 570-يىلدىن 632-يىلغىچە ياشىغان بولۇپ، كۆپلىگەن تارىخشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئىسلام دىنىنى مۇھەممەد پەيغەمبەر 622-يىلى ئىجاد قىلغان. يۇقىرىدىكى يەھۇدىيلارغا ئائىت ئىشلار مىلادىيىدىن كېيىنكى 70-يىللاردىن بۇرۇنقى دەۋردە يۈز بەرگەن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ۋاقىتلارغا دىققەت قىلىشىنى سورايمەن.

يەھۇدىيلارنىڭ 70-يىللاردىن باشلانغان ئىككىنچى تارىخىي دەۋرىدە، يەھۇدىي جەمئىيىتى ئۆز-ئارا قارشىلاشقان نۇرغۇن مەدەنىيەت ئىچىگە تارقالغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھېچ قانداق مەركىزىي ھاكىمىيىتى ياكى كونتروللۇقى مەۋجۇت بولمىغان. ئادەتتە، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قالغان بىر مىللەت باشقا مىللەت مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگە زور كۆلەمدە ئۇچرىغان، ۋە باشقا مەدەنىيەتلەرنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان بولاتتى. دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدىكى يەھۇدىي جەمئىيەتلىرى ئۆزى تۇرىۋاتقان دۆلەت ۋە رايوننىڭ مۇھىتىغا ماسلاشقان، ۋە شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى خېلە چوڭقۇر قوبۇل قىلغان بولاتتى. ئاشۇ دەۋردىكى خىرىستىيان دىنىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا نەچچە يۈزلىگەن مەزھەپنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ دىنىي مەزھەپلەر ئەينى زاماندىكى ئۆزۈن مۇددەتلىك ۋاقىت ئىچىدە بىر ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن، ۋە ئۆز ئالدىغا مەركىزىي ھاكىمىيىتى ۋە كونتروللۇقىغا ئىگە بولغان بىر دىندا بارلىققا كەلگەن. ئاشۇنداق ئەھۋالنى بارلىققا كەلتۈرگەن كۈچ جۇدائىزمغا تېخىمۇ زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن بولسا توغرا بولاتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئىش يۈز بەرگەن: ھازىرقى جۇدائىزم بىلەن بۇنىڭدىن 1900 يىل ئىلگىرىكى جۇدائىزم ئوتتۇرىسىدا دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي ئىش-ھەرىكەت جەھەتتە ھېچ قانداق تۈپ پەرق مەۋجۇت ئەمەس. بۇ بىر ھېچ كىم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئەھۋال بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ نورمال جەريانىغا خىلاپلىق قىلىدۇ.

ئۇنداقتا يەھۇدىيلار بىلەن ئۇلارنىڭ جۇدائىزم دىنىنى ساقلاپ قالغان ئامىللار قايسىلا؟ بۇ نۇقتىلار تۆۋەندىكى قىسىملاردا بايان قىلىنىدۇ.

## 3.يەھۇدىيلارنى 3000 يىل ساقلاپ قالغان مۇھىم ئامىللار

يەھۇدىيلارنى ساقلاپ قالغان ئامىللار ئۈستىدە تېخىچە بىرەر بىرلىككە كەلگەن نەزەرىيە مەۋجۇت ئەمەس. يەھۇدىيدىن بولغان مۇتەخەسسىسلەر ئىچىدە ئۆزلىرىنى 3000 يىلدىن ئارتۇق ساقلاپ قالغىنى يەھۇدىي دىنى-جۇدائىزم، ۋە يەھۇدىيلارنىڭ دىنى بىلەن ئەخلاقى توغرىسىدىكى 613 تەلىماتلار، دەپ قارايدىغانلار كۆپ ئىكەن. مەن ئوقۇغان 2008-يىلى نەشر قىلىنغان «ھەقىقەتكە كۆرە ياشاش (Living up to the truth, Dr. Dovid Gottlieb)» دېگەن كىتابتا، ئاپتور

باشقىلار ئوتتۇرىغا قويغان، يەھۇدىلارنى 3000 يىل ساقلاپ قالغان ئامىللار ھەققىدىكى بارلىق كۆز-قاراشلارنى مۇنداق 3 ئامىلغا يىغىنچاقلىغان:

## (1) ئېزىلىش

(2)يەھۇدى دىنى-جۇدائىزم

(3)مائارىپ بىلەن دىن ئاساسىغا قۇرۇلغان ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشتىكى بىر قىسىم ئالاھىدە ئىقتىدارلار

(1) ئېزىلىش

»ئېزىلىش» ياكى «زۇلۇم» دېگەن ئامىل ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ناھايىتىمۇ تونۇشلۇق. بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنى ئەزسە، ئېزىلگۈچى مىللەتتە ئەزگۈچى مىللەتنىڭ ئۆز خەلقى بىلەن ئۆز مەدەنىيىتىنى يوقىتىۋېتىش مەقسىتىگە قارشى ئىرادە ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. تارىختا دۇنيادىكى يەھۇدى ئەمەس مىللەتلەر يەھۇدىلارغا «باشقا دۇنيا ئادەملىرى» دەپ ئېنىقلىما بەرگەن. مەن يەھۇدىلارنىڭ تارىخى ھەققىدىكى بىر تور بېتىنى كۆرگەن، ئۇنىڭدا يەھۇدىلارغا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ۋاقتى، ئورنى ۋە ۋەقەنىڭ تۈرى بىر جەدۋەل شەكلىدە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن:

–قوغلاندى قىلىنغان

–مەجبۇرى ھالدا باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلدىغان كىشىلەرگە ئۆزگەرتىلگەن

–كىتابلىرى كۆيدۈرۈلگەن

–مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان

–يەھۇدى چېركاۋلىرى كۆيدۈرۈلگەن

–قىرغىن قىلىنغان

–مال-مۈلكى كۆيدۈرۈلگەن

–يېرى تارتىۋېلىنغان

–دېڭىزدا سەپەر قىلىشى چەكلەنگەن

–كەڭ-كۆلەملىك قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان

–تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن

–گېرمانىيە ۋە فرانسىيەدىكى يەھۇدى نوپۇسىنىڭ 3/1 قىسمى قىرىلغان

–قىرىلغان

–بۇلاڭچىلار ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان

تارىختا يەھۇدىيلار جەمى 79 دۆلەتتىن قوغلاندى قىلىنغان بولۇپ، بەزى دۆلەت ۋە جايلاردىن كۆپ قېتىملاپ قوغلانغان. بۇ يەردە تەبىئىي ھالدا سورىلىدىغان بىر سوئال، «دۇنيا يەھۇدىيلارغا نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئۆچ؟» دېگەندىن ئىبارەت. بۇنىڭ جاۋابىنى تارىختىكى سەۋەبلەر بىلەن ھازىرقى سەۋەبلەر، دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ بايان قىلىش مۇمكىن بولۇپ، مەن بۇ يەردە تارىختىكى سەۋەبنىڭ بىر قانچە ئاساسلىق قىسمىنىلا قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كېتەي:

-يەھۇدىيلارنىڭ دىنى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادىتى باشقىچە بولۇپ، خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭكىدىن تۈپتىن پەرقلىق. شۇڭا خرىستىيان دۇنياسى ئۇلارنى تەبىئىي ھالدا ئۆچ كۆرگەن.

-ئۇلار ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغۇچى ئىنسان، ياكى «ئاللا تاللىغان ئىنسانلار» ھېسابلاپ، خرىستىيانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان.

-ئۇلار تارىختا ئاچ كۆزلۈك، ئوغرىلىق، يالغانچىلىق، باشقىلاردىن پايدىلىنىش، سودىدا جازانىخورلۇق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان.

-يەھۇدىيلار نەدە ياشىشىدىن قەتئىينەزەر، باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلاشماي، ئۆزلىرى ئۆز-ئالدىغا ئايرىم ياشىغان. باشقا مىللەتكە ھېچ قانداق مەنپەئەت بەرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن باشقا مىللەتلەرگە بىر غەيرى مىللەت بولۇپ كۆرۈنگەن.

-ئۇلار يەھۇدى ئەمەسلەرنىڭ جېنىنى بىر ھايۋاننىڭ جېنى بىلەن تەڭ قاراپ، ئۆزلىرىنى «مۇقەددەس ئىنسانلار» دەپ ھېسابلىغان. شۇڭا باشقا مىللەت كىشىلىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغۇرلاشنى ئورۇنلۇق ئىشلار قاتارىدا كۆرگەن (ھازىر پەلەستىنلىكلەر ئەسىرگە چۈشكەن بىر يەھۇدىنى ئىسرائىلىيىگە قايتۇرۇپ بەرسە، يەھۇدىيلار ئۇنىڭ ئورنىغا 50-300 ئەرەبلىك ئەسىرنى قايتۇرۇپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەرەبلەردىن نەقەدەر ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ)

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر پۈتۈن دۇنيانىڭ يەھۇدىيلارنى چەتكە قېقىشىنى ۋە ئېزىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنداق ئېزىلىش بولسا يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز كىملىكىنى ساقلاشتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. ئەگەر يەھۇدىيلار دۇنيادا باشقا مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنغان بولسا، ۋە جەمئىيەتتە باشقا مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا ئېرىشەلىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ چاققا يوقاپ كېتىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى.

كەمسىتىشكە ئۇچراش يامان ئىش بولۇپ، ھېچ قانداق بىر مىللەت باشقىلار تەرىپىدىن كەمسىتىلىشنى ۋە چەتكە قېقىلىشنى خالىمايدۇ. لېكىن، ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، بەزىدە يامان ئىشتىن ياخشى نەتىجىمۇ كېلىپ چىقىدۇ. كەمسىتىلىشنىڭ ئىجابىي رولىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشتىكى رولىدۇر. مەن يېقىندا ئىدارەمدە كېچە سائەت 11 گىچە ئىشلەشكە ماجبۇرى بولۇپ قالدىم. ئۇ كۈنى ئەتىگىنى ئىدارىنىڭ كىچىك

ئاپتوبۇزى بىلەن ئىشقا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ماشىنا ئاللىبۇرۇن كەتكەن بولغاچقا، يېرىم كېچىدە ئۆيگە بىر يەھۇدى خىزمەتدىشىمنىڭ ماشىنىسى بىلەن قايتىپ كەلدىم. بىز يولدا پاراڭلىشىپ، مەن ئۇنىڭغا يۇقىرىقى 3 ئامىل ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمنى سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ ئىنتايىن خوشال بولۇپ كەتتى. ھەمدە «ئۇ ئىشلارنى مەن بىلمەيدىكەنمەن. ھازىر بىزگە نىسبەتەن ھېچ قانداق كەمسىتىش بولمىغاچقا، مەن ئوغلۇمنى يەھۇدى قىلىپ تەربىيىلەشتە ئىنتايىن قاتتىق قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن»، دېدى. ھەمدە مېنى بىزنىڭ شەھەردىكى «يەھۇدىلار مەركىزى» دە بىر قېتىم يۇقىرىقى تېمىدا ئىلمىي دوكلاد بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. قىسقىسى، بىر مىللەتنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقۇتۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى، ھەممە مىللەتلەرنى ھەممە ئىشتا باراۋەر قىلىۋېتىش. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى بىر مىسالى ئامېرىكىدۇر. ئامېرىكىدا 200 دەك مىللەت ياشايدۇ. ھەر بىر داڭلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەكشۈرسىڭىز، ئۇلاردىنمۇ ئاسانلا بىرەر يۈز مىللەت تېپىلىدۇ. لېكىن، ئامېرىكىغا كىچىكىدە كەلگەن، ياكى ئامېرىكىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ياشلارنى تەكشۈرسىڭىز، ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئاساسەن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقايسىز. بۇنداق ياشلارنىڭ ئاساسىي قىسمىغا نىسبەتەن ئۆزى ئايرىم بىر مىللەت بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى قالمىغان بولۇپ تۇيۇلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەردىمۇ ئوخشاش. ئاشۇنداق سەۋەب تۈپەيلىدىن، تەرەققىي تاپقان ياكى دېموكراتىك دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلار ئۆز باللىرىنى ئۇيغۇر قىلىپ چوڭ قىلىشتا ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئۆز باللىرىنى ئۇيغۇر قىلىپ تەربىيىلەشكە كۆزى يەتمەي، ئۇيغۇر دىيارىغا قايتىپ كەتكەنلەر (مەسىلەن، «چەتئەل ئىشتىياقى ۋە ئۇيغۇرلۇق ئەندىشىسى» http://bbs.misranim.com/thread-80167-1-1.htmlنى كۆرۈپ بېقىڭ) ۋە قايتىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلارمۇ بار.

مەن بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرگە ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە 2009-يىلى تومۇزدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئوبدان كۆزىتىپ، ئاشۇ ئۆزگىرىشلەرنى يۇقىرىدىكى مەزمۇن بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

## (2) دىن

يەھۇدىلار ئىنجىلىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى «تەۋرات» بولۇپ، ئۇ جەمى 5 كىتابتىن تەركىب تاپقان. يەھۇدىلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ئاساسلانغاندا، تەۋراتتىكى بارلىق قانۇن-تەلىماتلارنى ئۇلارنىڭ خۇداسى مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، كېيىن مۇسا پەيغەمبەر ئۇلارنى ئاشۇ 5 كىتاب قىلىپ يېزىپ چىققان ئىكەن. تەۋراتتا يېزىلغان مەزمۇنلار ئۇقۇم ۋە سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىشى جەھەتتىن

ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك بولۇپ، جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئالاھىدە تەرتىپ بويىچە تېزىلغان سۆزلەر بىلەن يېزىلغان ئىكەن. شۇڭا تەۋراتنى ئەسلىدىكى سۈپەتنى ساقلىغان ھالدا باشقا بىر تىلغا تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆز ئانا تىلىدا يېزىلغان تەۋراتنى ئوقۇش تەلەپ قىلىنغان. مىلادىيىدىن كېيىنكى 64-يىلىدىن بۇرۇن يەھۇدىيلار چېركاۋغا بېرىپ، ئاللاھقا سەجدە قىلغاندا تەۋراتنى يادلىۋالغان بويىچە ئوقۇيدىغان بولۇپ، 64-يىلىغا كەلگەندە يەھۇدىيلار بىر يېڭى قانۇن چىقىرىپ، ھەممە يەھۇدىيلاردىن تەۋراتنى يادلىۋېلىپ ئەمەس، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ، كىتابتىن بىۋاستە ئوقۇشنى تەلەپ قىلغان. ھەمدە باللىرىغا تەۋراتنى ئوقۇشنى ئۆگىتىشنى دادىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى قىلىپ بېكىتكەن. دادىلار باللىرىغا تەۋراتنى توغرا ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنى ئۆزلىرى توغرا ئۆگىنىشكە مەجبۇرى بولغان. شۇنىڭ بىلەن تەۋراتنى ئۆگىنىشتىكى يالغانچىلىق ياكى كۆز-بوياmچىلىققا ئىمكان قالمىغان. شۇنداق قىلىپ، دۇنيانىڭ قايسى جايىدا ياشىشىدىن قەتئىينەزەر، يەھۇدىيلار ئۆز ئانا تىلىنى چوقۇم ئۆگەنگەن، ئۆز ئانا تىلى ئارقىلىق تەۋراتنى چوقۇم ئۆگەنگەن، ھەمدە دادىلار باللىرىغا تەۋراتنى ئۆز ئانا تىلىدا چوقۇم ئۆگەتكەن. تەۋرات يەھۇدىيلارنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرغان. ئۇ يەھۇدىيلارنى توپلىشىپ ياشاشقا مەجبۇرى قىلغان. ھەمدە ئۇ يەھۇدىيلارنى ئۆز ئانا تىلى، ئەنئەنىسى، ئۆرپ ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. مۇتلەق كۆپ ساندىكى يەھۇدىي دىنىي ئالىملىرى، يەھۇدىينى 3000 يىل ساقلاپ قالغان بىردىن-بىر ئامىل تەۋرات، دەپ قارايدىكەن.

تەۋراتتا تەسۋىرلەنگەن جۇدائىزمنىڭ تۆۋەندىكى ئامىللىرى يەھۇدىيلارنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان: ئەقىدە، قىممەت قارىشى، قانۇن، ئۆرۈپ-ئادەت، ۋە ئىجتىمائىي شەكىللەر. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئايرىم تىلى، يېمەكلىكلىرى، ۋە كېيىم-كېچەكلىرى. يەنى، تەۋراتتا تەسۋىرلەنگىنى يالغۇز دىنىي ئۆقۇمدىنلا ئىبارەت ئەمەس بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يېزىلغان.

بۇ ئەھۋالنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ: ئۇيغۇرچە قۇرئان قاچان نەشر قىلىندى؟ ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە قۇرئاننى ھازىرغىچە بىر قېتىم ئوقۇپ باققانلار قانچە پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ؟

يەھۇدىيلار ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ۋە ئەنئەنىسىنى تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. مەن بۇنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە سىلەرگە تۆۋەندىكى بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرەي. 2013-يىلى 10-يانۋار كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئوباما «ياقۇب لېۋ (Jacob J. Lew) «ئىسمىلىك بىر يەھۇدىينى ئامېرىكىنىڭ مالىيە مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىدى. ياقۇب جۇدائىزمنىڭ «ساباس» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پەرىزىگە ئەمەل قىلىدىغان بولۇپ، شۇ پەرزنىڭ تەلىپى بويىچە ھەر ھەپتە جۈمە كۈنى كەچتىن باشلاپ، شەنبە كۈنى كەچكىچە قەتئىي خىزمەت قىلمايدىكەن، ماشىنا

ھەيدىمەيدىكەن، ئۆيىدە توك ئىشلەتمەيدىكەن (ئېلېكتىر لامپۇچكىسى ياندۇرماي، شام ياندۇرىدىكەن)، ھەمدە يانفۇن ئىشلەتمەيدىكەن. ئۇ ھازىرغىچە پرېزىدېنت ئوباما مەمۇرىي ئىشخانىسىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان بولۇپ، پەقەت ئوباما ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاندىلا ئۇ جۈمە كۈنى كەچتىن شەنبە كۈنى كەچكىچە خىزمەتكە كېلىدىكەن. بۇنداق ۋاقىتنىڭ بەزىلىرىدە ئۇ ئۆيىدىن ئىشخانىسىغا پىيادە كېلىدىكەن. (لىيۇ نىڭ ئىمزاسى 4-3 ياشلىق بالىلار قەغەزگە سىزىپ ئوينىغان ۋاقىتتىكى شەكىلگە ئوخشاش ئىكەن. ئامېرىكىدا پىشەدىن پۇل باسقاندا، ئۇ پۇللارغا شۇ چاغدىكى مالىيە مىنىستىرىنىڭ ئىمزاسى بېسىلىدىغان بولغاچقا، بۇ ئىش دۇنيادا ناھايىتى چوڭ خەۋەرگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىمزاسىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرگىلى بولىدۇ: http://www.washingtonpost.com/rf/image_606w/WashingtonPost/Content/Blogs/in-the-loop/201301/Images/lew.png?uuid=wVyMMIqjEeK-7m449SFUAg)

يەھۇدىيلارنىڭ پۈتۈن خەلق دىنغا ئېتىقاد قىلىش، پۈتۈن خەلق تەۋراتنى ئۆز ئانا-تىلىدا چۈشىنىپ تۇرۇپ ئوقۇپ مېڭىش، ۋە بارلىق دادىلار باللىرىغا تەۋراتنى ئوقۇشنى ئۆگىتىش مەجبۇرىيىتى ئۇلاردىن ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەقلىي ئىقتىدارنى تەلەپ قىلغان. شۇڭلاشقا ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر ئېتىراپ قىلغىنىدەك «يەھۇدىيلار ئەقىللىق» بولماستىن، پەقەت «ئەقىللىق يەھۇدىيلارلا ساقلىنىپ قېلىپ، قالغانلىرى ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ تۈگەپ كەتكەن». مەن بۇ ھەقتە ماقالىنىڭ كېيىنكى بىر قىسمىدا يەنە ئازراق توختىلىمەن.

# (3) ئالاھىدە ئىقتىدار

## -پۈتۈن خەلق زىيالىي بولۇش-

ياھۇدىيلارنىڭ مىللىي مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرى، بارلىق ئادەم دىندار بولۇش، ۋە پۈتۈن خەلق زىيالىي بولۇشتىن ئىبارەت. مېنىڭ بىلىشىمچە، پۈتۈن خەلق ئوقۇغان بولۇش ياپونلۇقلارنىڭمۇ مىللىي مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرى. ياپونىيە ۋە تەرەققىي قىلغان ياۋروپا ئەللىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ پۈتۈن خەلق ئوقۇغان بولۇش قانۇنىنى يولغا قويغىنىغا 200 يىلچە ۋاقىت بولدى. ئەمما يەھۇدىيلار مىلادىيىدىن كېيىنكى 64-يىلىلا ئوغۇللار 6 ياشتىن باشلاپ مەجبۇرى ئوقۇش قانۇنىنى يولغا قويغان، ھەمدە ئۇ قانۇننى 100 يىل ئىچىدە، يەنى 164-يىلىغا كەلگەندە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، يەھۇدى ئەرلىرىنىڭ تىل-يېزىق ۋە ھېسابلاشتا ساۋاتلىق بولۇش دەرىجىسى 100 پىرسەنتكە يەتكەن. يەنى، يەھۇدىيلار مەجبۇرى مائارىپنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى ھازىر 1900 يىلدىن ئۆزۈنراق ۋاقىت بولدى.

يەھۇدىلار ئارىسىدا تارقالغان مۇنداق بىر داڭلىق سۆز بار: «بىر ئەر بىر زىيالىينىڭ قىزىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەممە مال-مۈلكىنى قۇربان قىلىشقا ئەرزىيدۇ. شۇنداقلا قىزىنى بىر زىيالىيغا بېرىش ئۈچۈنمۇ ئۆزىنىڭ بارلىق مال-مۈلكىنى قۇربان قىلىشقا ئەرزىيدۇ». مەن بۇ سۆزنى بىر قانچە يەھۇدى خىزمەتداشلىرىمغا دەپ باققان ئىدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ سۆزنى بىلىدىغان بولۇپ چىقتى. مېنىڭ بىر يېقىن ئۇيغۇر دوستۇم بار بولۇپ، ئۇ ماڭا مۇنداق بىر ئەھۋالنى دەپ بەردى: ئۇنىڭ دادىسى بىر ناھايىتى كەمبەغەل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، 1950-يىللىرىلا ئۈرۈمچى ۋە بېيجىڭدا ئوقۇپ كادىر بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئاپىسى بولسا بىر ناھايىتى كۆپ مال-مۈلكى ۋە يەر-جايلىرى بار دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى ئاپىسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، توي قىلىش تەلىپىنى ئېيتقاندا، ئاپىسىنىڭ دادىسى «كادىر دېگەن قەلەندەر كېلىدۇ»، دەپ بۇ توي ئىشىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادىسى يەرلىك گوڭشې ھۆكۈمىتىنى ئىزدەپ، ئاشۇ ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمىنىڭ ياردىمىدە ئاپىسى بىلەن توي قىلىپتۇ. مەن بۇ يەردە ھەممە ئۇيغۇرلار ئاشۇنداق، دېمەكچى ئەمەسمەن. ھەممە ئۇيغۇرلار ئۇنداق ئەمەس. لېكىن، بۇ بىر مىسالدىن زىيالىي بولۇشقا قانداق قاراشتا ئۇيغۇرلار بىلەن يەھۇدىلار ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك چوڭلۇقتىكى پەرقلەر بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. يۇقىرىدىكى ئىش بولغۇنىغا ھازىر 60 يىلدىن ئاشتى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى باللىرىنى زىيالىي قىلىشقا ھازىر قانداق قارايدۇ؟ مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇيغۇرلاردا پۈتۈن خەلق زىيالىي بولۇش ئېڭى زادىلا تىكلىنىپ باقمىغان بولۇپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنى زىيالىي قىلىشنى ئارزۇلايدىغانلارمۇ بارلىق ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنىلا تەشكىل قىلالتى. ھازىر بولسا ئاتالمىش «قوش تىل مائارىپى» سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى تاشلاپ، باشقا ياشاش يولىنى تاللاۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭلاپ تۇرىۋاتىمەن.

ئامېرىكىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپ بىلەن شەخسىي مەكتەپ، دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئامېرىكىدىكى شەخسىي مەكتەپلەر بارلىق مەكتەپلەرنىڭ 25 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، شەخسىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاران 10 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. يەنى، دۆلەت ئىگىلىگىدىكى مەكتەپتە بىر سىنىپتا 40 ئوقۇغۇچى ئوقۇسا، شەخسىي مەكتەپتە ئاران 15 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. شۇ ئارقىلىق شەخسىي مەكتەپنىڭ ئوقۇش سۈپىتىنى ناھايىتى يۇقىرى ساقلايدۇ. دۆلەت ئىگىلىگىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئوقۇش پۇلى ئېلىنمايدۇ. ئەمما شەخسىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولسا ھەر ئېيىغا 1000 دوللار ئەتراپىدا ئوقۇش پۇلى ئېلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردىمۇ دۆلەت ئىگىلىگىدىكى مەكتەپلەرنىڭ يىللىق ئوقۇش پۇلى 12 مىڭ دوللار ئەتراپىدا بولسا، داڭلىق شەخسىي مەكتەپلەر (مەسىلەن، Havard، MIT، Stanford، Caltechقاتارلىقلار) نىڭ ئوقۇش پۇلى 30 مىڭ دوللار ئەتراپىدا بولىدۇ. مەن بىلىدىغان كىچىك باللىرى بار

يەھۇدىلارنىڭ ھەممىسى باللىرىنى شەخسىي مەكتەپتە ئوقۇتىدۇ. مەن بىلىدىغان يەھۇدىلارنىڭ ھەممىسى ئاتا-ئانىسى 2-3 خىزمەت ئىشلەپ، ھەر كۈنى 15 سائەتتىن كۆپرەك ئىشلەپ، تاپقان پۇلى بىلەن ئۇلارنى ئەڭ قىممەت ۋە ئەڭ داڭلىق ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقان كىشىلەر. مېنىڭ ھازىرقى بىر يەھۇدىي خىزمەتدىشىمنىڭ 10 يىلدەك تۇتقان ئۆيى ئەسلىدە ئىدارىگە 5 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر شەھەردە ئىدى. لېكىن ئۇ 2 يىلنىڭ ئالدىدا ئىدارىگە 55 كىلومېتىر كېلىدىغان بىز تۇرىدىغان شەھەرگە يېقىن بىر شەھەرگە كۆچۈپ كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن ئۆي كۆچۈشتىكى سەۋەبنى سورىسام، ئۇ ماڭا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «بالام شەخسىي مەكتەپتە ئوقۇيتتى. بىز بۇرۇن تۇرغان شەھەردىكى شەخسىي مەكتەپنىڭ ئوقۇش سۈپىتى سەل تۆۋەنلەپ كەتتى. ھازىرقى شەھەرنىڭ ئوقۇش سۈپىتى مۇشۇ پۈتۈن رايون بويىچە ئەڭ ياخشى ئىكەن. بىز شۇڭا كۆچتۇق.» دېمەك، بۇ يەھۇدىي خىزمەتدىشىم بالىسىنىڭ ئوقۇشىنى دەپ، بالىسىنى بىر شەخسىي مەكتەپتە ئوقۇتۇۋاتقىنىغىمۇ رازى بولماي، ئۇنى ئەڭ ياخشى شەخسىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۈچۈن، كۈنىگە 5 كىلومېتىر ماشىنا ھەيدەپ ئىشقا بارىدىغان يەردىن، كۈنىگە 55 كىلومېتىر ماشىنا ھەيدەپ ئىشقا بارىدىغان يەرگە كۆچۈپ كەلگەن. بالىنىڭ ئوقۇشىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ئېڭى جەھەتتە بىز ئۇلاردىن قانچىلىك ئارقىدا تۇرىمىز؟

يەھۇدىلار ئىچىدە ئەڭ قىيىن كەسىپلەردە ئوقۇيدىغانلار، ۋە ئەڭ قىيىن ۋە پۇلنى ئەڭ كۆپ تاپقىلى بولىدىغان كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ. ئالىي مەكتەپنى ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋانغىچە ئوقۇيدىغانلارمۇ كۆپ.

## - يەھۇدىلارنىڭ ئەقىللىقلىقى -

مەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتكىنىمدەك، 64-يىلدىن باشلاپ، يەھۇدىلار دىنىي ئايەتلەرنى يادلىۋېلىپ ئوقۇشتىن، تەۋراتنى ئۆز تىلىدا تولۇق ۋە چۈشىنىپ ئوقۇشنى قانۇن قىلىپ يولغا قويغان. يېقىنقى 2000 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار ئاساسەن باشقىلارنىڭ يېرىدە ياشىغان بولغاچقا، ئۇلار يالغۇز ئۆز تىلىدا تولۇق ساۋاتلىق بولۇپلا قالماي، يەرلىك مىللەت تىلىدىمۇ تولۇق ساۋاتلىق بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يېزىق، سۆز ۋە ماتېماتىكا جەھەتتە ئۆزى ياشىغان جايلاردىكى يەرلىك مىللەتلەردىن كۆپ ئۈستۈن تۇرغان. شۇڭلاشقا يەرلىك مىللەتلەر شەھەردە ئىشلەيدىغان بىلىملىك ئەمگەكچىلەرگە ھاجىتى چۈشكەندە، يېزىلاردىكى بىلىملىك يەھۇدىلارنى ئاپىرىپ ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سودا-سېتىق، ئىقتىساد ۋە بازارلاش كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇرلانغانلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن (ئاشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھازىر دۇنيادىكى چوڭ بانكىلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن يەھۇدىلارنىڭ قولىدا). ساۋادى ۋە بىلىم

سەۋىيىسى تەۋراتنى چۈشىنىپ ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ يەھۇدىيلىقىنى ساقلاپ مېڭىشقا يەتمىگەن يەھۇدىيلار ئۆز مىللىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ يوقاپ كەتكەن. مەسىلەن، 1-ئەسىردىن 6-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيادىكى نوپۇسى 4.5 مىليوندىن 1.5 مىليونغا چۈشۈپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر مىليونغا يېقىن يەھۇدىيلار جۇدەئا (Judea) بىلەن مىسىردىكى رىملىقلارغا قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلاڭلاردا ئۆلۈپ كەتكەن. قالغان 2 مىليون يەھۇدى بولسا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ يوقاپ كەتكەن.

يىغىپ ئېيتساق، پەقەت ئەڭ ئەقىللىق يەھۇدىيلارلا قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ قالغان، ۋە ئۆزلىرىنى يەھۇدى سۈپىتىدە ساقلاپ قالالىغان. مانا بۇ ھازىرقى يەھۇدىيلارنىڭ ناھايىتى ئەقىللىق بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بولسا، ئەقىللىق ياكى زىيالىي كىشىلەر پەقەت ئەقىللىق ۋە زىيالىي كىشىلەر بىلەنلا توي قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ساقلىنىپ قالغان يەھۇدىيلارنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسى تەدرىجى ھالدا ئۆسۈپ كەتكەن. يەھۇدىيلارنىڭ نوپۇسى دۇنيا نوپۇسىنىڭ 0.2 پىرسەنتىگە تەڭ. يەنى، دۇنيا نوپۇسى 7 مىليارد بولۇپ، يەھۇدىنىڭ بولسا 13 مىليون. ئۇلارنىڭ بۇ نوپۇس سانى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە يېقىن كېلىدىغان بولۇپ، بۇ سان جۇڭگودىكى ھەر بىر قېتىملىق ئومۇمىي نوپۇس ساناش جەريانىدا كېلىپ چىقىدىغان ئەڭ كىچىك خاتالىقتىنمۇ كىچىك. ئەمما، 1870-يىلدىن 1950-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىن چىققان داڭلىق ئالىملارنىڭ ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىلىقلار ئىچىدىكى نىسبىتى ئەدەبىياتتا 4 ھەسسە كۆپ، مۇزىكىدا 5 ھەسسە كۆپ، گۈزەل سەنئەتتە 5 ھەسسە، بىئولوگىيىدە 8 ھەسسە، خىمىيىدە 6 ھەسسە، فىزىكىدا 9 ھەسسە، ماتېماتىكىدا 12 ھەسسە، ۋە پەلسەپىدە 14 ھەسسە كۆپ بولغان. ئەدەبىيات، خىمىيە، فىزىكا، مېدىتسىنا ۋە پەلسەپىدە نوبېل مۇكاپىتى ئالغانلارنىڭ ئىچىدە ياھۇدىيلارنىڭ نىسبىتى 1900-1950 دە 14 پىرسەنت، 1950-2000 دە 29 پىرسەنت، ۋە 2000 دىن ھازىرغىچە 32 پىرسەنت بولغان. پۈتۈن دۇنيا بويىچە ھازىرغىچە نوبېل مۇكاپىتىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ سانى 360 ئېتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ سانى 165 ئەتراپىدا ئىكەن.

ئىنسانلارنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان «ئەقىللىق بۆلۈنمىسى (Intelligence Quotient)» دېگەن بىر بىرلىك بار بولۇپ، ئۇ قىسقارتىلىپ «IQ» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ بىرلىك بويىچە ئۆلچەملىك سىناق ئېلىپ بارغاندا، ھەر بىر ياش گۇرۇپپىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە IQ نومۇرى 100 دەپ ئېلىنىدىغان بولۇپ، مۇشۇنداق قىلغاندا ھەر بىر ياش گۇرۇپپىسىدىكى كىشىلەر ئېرىشكەن نومۇرنىڭ «ئۆلچەملىك ئېغىشى (standard deviation)» «ئاساسەن 15 بولۇپ چىقىدۇ. ھەمدە ھەر بىر ياش گۇرۇپپىسىدىكى 95 پىرسەنت كىشىلەر ئېرىشىدىغان نومۇر 70 بىلەن 130 نىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ. 1954-يىلى ئامېرىكىدىكى بىر پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسى نيۇ يورك شەھىرىدىكى دۆلەت ئىگىلىگىدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇستىدىن ئۆلچەملىك سىناق ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ IQ نومۇرىنى ئۆلچەپ چىققان. نەتىجىدە ئىق نومۇرى 170 تىن يۇقىرى

ئوقۇغۇچىلاردىن 28 كىشى تېپىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 24 ئوقۇغۇچى يەھۇدى بولۇپ چىققان.

## –ئۆز ئەنئەنىسى ۋە ئۆز تۇرمۇش ئادىتىگە سادىق بولۇش–

يەھۇدىلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان، ئىنگلىزچە «پاسسوۋەر» دەپ ئاتىلىدىغان مىللىي بايرىمى بار بولۇپ، ئۇ ھەر يىلنىڭ ئەتىياز مەزگىلىدە كېلىپ، جەمى 7ـ8 كۈن تەبرىكلىنىدۇ. كۆپ ساندىكى يەھۇدىلار بۇ بايرامنىڭ دەسلەپكى ئىككى كۈنى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئىككى كۈنى ئىشلىمەيدىغان بولۇپ، بۇ بايرامنىڭ قانداق تەبرىكلىنىشى، قانداق تاماقلار ئىستېمال قىلىنىشى قاتارلىقلار تەۋراتتا قانۇن قىلىپ بەلگىلەنگەن. ئامېرىكىمۇ ھازىر ئاشۇ كۈنلەردە يەھۇدىلارنىڭ ئىشقا ۋە مەكتەپكە كەلمەسلىكىنى قانۇن بويىچە يوللۇق قىلىشۋەتكەن. يەھۇدىلار بۇ بايرامنى ئۆزلىرىگە ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈمىدىنى مۇددەتلىك ھالدا ئەسلىتىپ تۇرىدىغان بىر ئادەت قىلىپ يېتىلدۈرگەن. بۇ بايرام بۈنىڭدىن تەخمىنەن 3000 يىل بۇرۇن باشلانغان بولۇپ، ئۇ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئۇلار ئازراقمۇ ئۆزى بىللە ياشاۋاتقان باشقا مىللەتلەرنى دوراشقا ئىنتىلمىگەن، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆز ئەنئەنىسىگە ۋە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە سادىق بولغان. دۇنيانىڭ قەيېرىدە ياشىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار بىر جايغا توپلىشىپ، يەھۇدىلار جەمئىيىتى قۇرۇپ ياشاپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى، مىللىي ئىپتىخارىنى، ۋە مىللىي غۇرۇرىنى ساقلىغان ۋە ئۇلارنى نامايەن قىلغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل ئەنئەنىسىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئامېرىكىدىكى كۆپلىگەن شەھەرلەردە بىردىن «يەھۇدىلار مەركىزى» بار بولۇپ، يەھۇدىلار ئالاھىدە كۈنلەرنىڭ ھەممىسدە ئاشۇنداق مەركەزلەرگە يىغىلىپ، ئۇيچە پائالىيەت ئۆتكۈزىدۇ. مەن ئىدارەمدە ۋە خەلقئارالىق يىغىنلاردا بېشىغا يەھۇدىلارغا خاس كىچىك دوپپا كىيىۋالغان يەھۇدىلارنى داۋاملىق ئۇچرىتىپ تۇرىمەن.

1994ـ يىلى مەن، مېنىڭ يېتەكچى پروفېسسورۇم ۋە ئامېرىكىنىڭ بىر دۆلەت تەجرىبىخانىسىدا ئىشلەيدىغان بىر يەھۇدى ئۈچەيلەن بىر خەلقئارالىق ئىلمىي ـ تەتقىقات جورنىلىدا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇق. مەن ئۇ چاغدا ئۇ يەھۇدىنى كۆرۈپ باقمىغان بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ مېنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇمنىڭ دوكتۇرلۇق ئوقۇشى جەريانىدىكى ساۋاقدىشى ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتىم. ئارىلىقتىن بىرەر يىل ئۆتكەندە، مەن بىر بىر خەلقئارالىق ئىلمىي ـ دوكلاد يىغىنىغا بارغاندا، ھېلىقى يەھۇدىنى ئۇچۇرتۇپ قالدىم. ئىككىمىز يېرىم سائەتتەك پاراڭلاشتۇق. ئاشۇ پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇ ماڭا قىزىقىپ، مېنىڭ قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىمنى، ۋە نەدىن كەلگەنلىكىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزەمنىڭ كىملىكىنى چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، «ئاڭلىسام سەن يەھۇدى مىللىتىدىن ئىكەنسەن»، دېدىم. ئۇ دەرھاللا: «شۇنداق. مەن بىر يەھۇدى. مەن ئۆزەمنىڭ بىر يەھۇدى

ئىكەنلىكمدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن»، دېدى. بۇ گەپ ماڭا بەك تەسىر قىلدى. ناھايىتى ھا كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن «سەن ئۆزەڭنىڭ بىر يەھۇدى ئىكەنلىكىڭگە قانداق قارايسەن؟» دەپ سورىمىغان تۇرسام، ئۇ ماڭا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق جاۋاب بېرىدۇ؟، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا خېلە ئاچچىقىمۇ كەلدى. ھازىر ئويلىسام، ئۇ يەھۇدىنىڭ ھېلقىدەك دېيىشى، ۋە نۇرغۇن يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نېمە مىللەتتىن ئىكەنلىكىنى كىشلەر بىلمەي قالمىسۇن، دەپ ئويلاپ بېشىغا بىردىن كىچىك دوپپا كىيىپ يۈرۈشى، ئۇلارنىڭ مىللىي ئىپتىخارىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىشلىرىنى ئەيىبكە بۇيرۇش ھەرگىزمۇ مۇۋاپىق ئەمەس ئىكەن. ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىز بۇ جەھەتتە كۆپ ئاجىز ئىكەنمىز-مەن چەت ئەلدىكى خىزمەت ئورنىدا ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى يۇشۇرۇپ يۈرۈيدىغان ئۇيغۇرلاردىن نەچچىنى بىلىمەن.

## -ئىنسان مۇكەممەللىكىنى قوغلىشىش-

يەھۇدىيلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان، «ئالىي بايرام كۈنى (High holidays)» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر مىللىي بايرىمى بار. ئۇ جەمى 10 كۈن تەبرىكلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ بايرام كۈنلىرىدە ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشى، ئىنسان مۇكەممەللىكىنى قوغلىشىش، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز خاراكتېرى ياكى كىشىلىك ئەخلاقىنى داۋاملىق باھالاش ۋە ياخشىلاش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش، ۋە ئۆزىنىڭ مىجەزىنى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەخلاقىي مۇكەممەللىكى بويىچە قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزمۇن ناھايىتى مۇھىم بولغاچقا، مەن بۇ مەزمۇننى ئۆزەمنىڭ كېيىنكى بىر ماقالىسىدە ئايرىم بايان قىلىمەن.

قىسقارتىپ ئېيتقاندا، مىللىي كىملىكنى ساقلاشتا بىر مىللەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئايرىم بايرىمى بولۇش ناھايىتى مۇھىم. ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق ۋە سورۇن مەدەنىيىتى، ھەمدە ناخشا-ئۇسۇل ۋە يۇمۇر-چاقچاقتىكى ئالاھىدە تالانت-ئىقتىدارلىرى ۋە ئالاھىدە مەدەنىيىتى ھازىرغىچە يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي بايرىمى مىللىي كىملىكنى ساقلاشتا ئوينىغان رولىلارنىڭ بىر قىسمىنى ئويناپ كەلدى. لېكىن، ئىنسان مۇكەممەلىكنى قوغلىشىش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بىر قىسىم نەرسىلەرنى يېتىلدۇرۇش، ياكى ئۆزىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر قىسىم شەرت-شارائىتلارنى ھازىرلاش جەھەتتە خېلە ئېغىر سەلبىي رولنىمۇ ئويناپ كەلدى. بۇ مەسىلە مەزكۇر ماقالىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى مەسىلە بولۇپ، مەن ئۇ توغرۇلۇق بۇنىڭدىن ئارتۇق توختالمايمەن. لېكىن، مەن ئۇيغۇر ئىجتىمائىي-پەن مۇتەخەسسىسلىرىدىن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 4. ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ رولى

يەھۇدىلارنىڭ ھازىرقىدەك ساقلىنىپ قىلىنىشىدا، ئوسمان ئىمپېرىيەسى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. يەنى مىلادىيىدىن كېيىنكى 70-يىللاردا زور ساندىكى باشقا جايلاردىن قوغلانغان يەھۇدىلار ئىسپانىيەگە بېرىپ يەرلەشكەن. لېكىن ئۇلار 15-ئەسىرگە كەلگەندە ئىسپانىيە تەرىپىدىن خرىستىيانلارغا ئۆزگىرىشكە مەجبۇرلانغان. بىر قىسىم يەھۇدىلار بېسىمغا چىدىماي خرىستىيانلارغا ئۆزگىرىپ كەتكەن. 1492-يىلى بۇ خەۋەر شۇ ۋاقىتتىكى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى بېيازىتنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ بىر پارچە بۇيرۇق چىقىرىپ، ئىسپانىيەدىن قوغلانغان يەھۇدىلارنىڭ تۈركىيەگە كېلىپ يەرلىشىشىنى قارشى ئالغان. شۇنىڭ بىلەن خېلە زور ساندىكى يەھۇدىلار تۈركىيىنىڭ ياۋروپا قىسمىغا كۆچۈپ كېلىپ يەرلەشكەن. ئوسمان ئىمپېرىيەسى بۇ يەھۇدىلارغا باشقا مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە دىنىي ئەركىنلىك بەرگەن. يەنى، ئوسمان ئىمپېرىيىسى يەھۇدى ۋە باشقا مىللەتلەردىن ھەرگىزمۇ دىنىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەھۇدىلار كېيىنكى 5 ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە تۈركىيەنى پانالىق جاي تۇتۇپ، باشقىلارنىڭ باستۇرۇشى ۋە قوغلاندى قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالغان. بەزى تارىخچىلارنىڭ قارىشىچە، ئوسمان ئىمپېرىيەسى تۇتقان يۇقىرىقىدەك يول ئۇنىڭ دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدىكى چوڭ ئىمپېرىيە بولۇپ كېڭىيەلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

## 5. ئاخىرقى سۆز

يەھۇدىلاردا نېمىلەرنىڭ بار بولغانلىقى، ۋە ھازىر نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىشتىكى مەقسەت، ئۇيغۇرلاردا نېمىلەرنىڭ كەملىكىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈندۇر. مەن مەزكۇر ماقالىدا يەھۇدىلارنى 3000 مىڭ ساقلاپ قالغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ئېزىلىش، دىن، ۋە مائارىپ بىلەن دىن ئاساسىغا قۇرۇلغان بىر قىسىم ئالاھىدە ئىقتىدار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمدەك، يەھۇدىلارنىڭ يېزىق ۋە ھېساب جەھەتتىكى ساۋاتلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغىنىغا 2000 يىل ۋاقىت بولدى. مەن كۆرگەن بىر ماتېرىيالدا ئېيتىلىشىچە، ھازىر ئىسرائىلىيە نوپۇسىنىڭ 25 پىرسەنتى ئىنجىنىر ئىكەن. ياپونىيە ۋە ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان مىللەتلەرنىڭ پۈتۈن خەلق مەجبۇرى مائارىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغىنىغىمۇ ھازىر 200 يىلدىن ئاشتى. ھازىر ياپونىيە نوپۇسىنىڭ 10 پىرسەنتى ئاپتوموبىل ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق نوپۇسى يېزىلاردا بولۇپ، ئۇلار ھازىرمۇ يېزىق بىلەن ھېساباتا ئاساسەن ساۋاتسىز. ئۇلار ھازىرمۇ بىر ئىلىم-پەنگە ئائىت ئاممىباپ كىتابنى ئوقۇپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن مەلۇم ئىقتىسادىي

ئۇنۇمگە ئېرىشىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئەمەس. مۇشۇنداق مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئىشنى بۇنىڭدىن كېيىن نۆلدىن باشلىشى كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مائارىپى 50- ۋە 60-يىللاردا جۇڭگودىكى مائارىپى ئەڭ تەرەققىي قىلغان جايلار بىلەن ئوخشاش ئورۇن ئالغانىدى. لېكىن ئۇ يېقىنقى 10 يىلدەك ۋاقىتنىڭ مابەينىدە خېلە زور دەرىجىدە چېكىندى. ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى ئۈستىدە بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ ئەڭ بېشىدا بەزىلەردىن بىر مىللەتنىڭ ساقلىنىپ قېلىنىشىدا ھالال گۆش يەيدىغان بولۇش ۋە دېھقانلىرى كۆپ بولۇشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە بەزى گەپلەرنى ئاڭلىغانلىقىمنى تىلغا ئالغان ئىدىم. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمدەك، يەھۇدىيلار ئۇچۇن قانداق يېمەكلىكلەرنى يېسە بولىدىغانلىقى ۋە قانداق يېمەكلىكنىڭ چەكلەنگەنلىكى تەۋراتتا قانۇن سۈپىتىدە ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ يەھۇدىيلارنى ساقلاپ قالغان كۆپلىگەن ئامىللارنىڭ پەقەت بىرسىلا بولغان. ھەمدە يەھۇدىينىڭ دېھقانلىرىنىڭ ئەقلىي كۈچى ئۆزىنى يەھۇدى قىلىپ ساقلاپ تۇرۇشقا يەتمەي، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ يوقاپ كەتكەن. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان يەھۇدىيلار ئاساسەن شەھەرگە كۆچۈپ، شەھەردە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەقلىي ئىقتىدارلارنى تەلەپ قىلىدىغان كەسپلەر بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەردىن تەركىب تاپقان.

ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەسىلىلەر ئىنتايىن كۆپ. ھەمدە ئۇ مەسىلىلەرگە ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى مەسىلىلەر قوشۇلۇۋاتىدۇ. ئۇ مەسىلىلەرنىڭ يىلتىزىنى ئاساسەن ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئىچىدە مەكتەپ تەربىيىسى كۆرگەنلەرنىڭ بەك ئازلىقى، مەكتەپ تەربىيىسى كۆرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىمۇ ئۇنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن سەۋىيىسىدىلا توختاپ قالغانلىقى، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىچىدە ھازىرمۇ ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنالايدىغانلارنىڭ سانىنىڭ ئىنتايىن ئازلىقى بىلەن باغلاش مۇمكىن. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئۇيغۇرنى روناق تاپقۇزۇش ئۇچۇن چوقۇم ئۇيغۇرلار مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ھەمدە تولۇقسىز مەكتەپ مائارىپ سەۋىيىسىگە يەتكەنلەرنىڭ سانىنى 100 پىرسەنتكە كۆتۈرۈش كېرەك. ھازىرقى شارائىتتا ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر ئۈچۈن بىر ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشاش ئىنتايىن قىيىن. لېكىن، مېنىڭچە شەرەپلىك دەرىجىسىدە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان كەسپ يوق. ئۇيغۇرلار ھازىرقىدىن ياخشىراق ياشايمەن دەيدىكەن، چوقۇم ھەممە ئادەم «مائارىپ، مائارىپ، مائارىپ» دەپ تەڭ تووۇلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولى يوق. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا دىن ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. مەكتەپ تەربىيىسى قوشۇمچە رول ئوينايدۇ. شۇڭلاشقا دىنىنىڭ سۇسلىشى ھەر قانداق بىر مىللەت ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق.

مەن يېقىندىن بۇيان بارغان يەرلىرىمدە ئۇيغۇرلار ھازىر بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان كونكرېت ئىشلار توغرىسىدا يېتەكلەشكە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى كۆپ ئاڭلاۋاتىمەن. مېنىڭچە ئۇيغۇرلار ئىچىدە

هازىر يىراقنى كۆرىدىغان ئىدىيەگە ئىگە كىشىلەر ئازلىق قىلمايدۇ. ئۇ ئىدىيىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان شەرت-شارائىتقا ئىگە بولماسلىق تۇپەيلىدىن، ئاشۇنداق كىشىلەر ئىچىدىكى كۆپ ساندىكىلەر ھازىر سۈكۈتتە تۇرىۋاتىدۇ. مەن بۇ يەردە ھەر بىر ئادەم ئۆز ئائىلىسىدە قىلالايدىغان ئىشلاردىن بىر قانچىنى تەۋسىيە قىلاي:

(1) ئۆيىڭىزدە چوقۇم ئۆزىڭىز ئۈچۈن ۋە بالىڭىز ئۈچۈن ئۆيىڭىزنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر كىچىك «كۇتۇپخانا» قۇرۇپ چىقىڭ. ئەگەر سىز پەرزەنتلىك بولسىڭىز، بالىڭىز 2-3 ياشتىن باشلاپلا كىتاب بىلەن ۋە باشقا ئەقلىي كۈچنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئويۇنچۇق بىلەن ئويناپ چوڭ بولسۇن.

(2) بالىڭىزغا 3-4 يېشىدىن باشلاپ ئۆيىڭىزدە كىتاب ئوقۇپ بېرىشنى بىر ئادەتكە ئايلاندۇرۇڭ.

(3) بالىڭىزغا 4-5 يېشىدىن باشلاپ ئۇيغۇرچە ئېلىپبەنى ئۆگىتىپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدىكى ساۋاتىنى ئۆيىڭىزدە چىقىرىپ قويۇڭ.

(4) ھازىر ئويۇن-تاماشىغا سەرپ قىلىۋاتقان ۋاقتىڭىزنىڭ بىر قىسمىنى كىتاب ئوقۇشقا، ئۆز كەسپىڭىزنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىشقا، ۋە ئىنسان مۇكەممەللىكىگە قاراپ يۈرۈش قىلىشقا ئاجرىتىڭ. ئۇيغۇرلاردا ئېچىلمىغان يوشۇرۇن كۈچلەر ئىنتايىن كۆپ. سىزدىمۇ ھەم شۇنداق. ئاشۇلارنى تېپىپ چىقىڭ ھەم ئىشقا سېلىڭ. كىشىلەر ئۆزى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان ياكى ئۆزىدىن كۈچلۈك كىشىلەرنى ئاسانلىقچە بوزەك قىلالمايدۇ. ئۆزىدىن ئاجىزلارنى كۆرگەندە بولسا پۇرسەتلا بولسا بوزەك قىلغۇسى كېلىدۇ. باشقىلارغا بوزەك بولماي دېسىڭىز، ئۆزىڭىزنى باشقىلار بىلەن تەڭ تۇرىدىغان ياكى ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان دەرىجىدە كۈچلەندۈرۈڭ. بۇنىڭدىن باشقا يول يوق.

بۇ ماقالىنى ھېچ كىمدىن سورىماي، مەنبەسىنى ئەسكەرتكەن ھالدا باشقا ھەر قانداق تور بېتىگە يوللىسىڭىز بولىۋېرىدۇ.

مەنبە: ئەركىن سىدىق مەرىپەت تورى

# 5- نيۇ يوركتىكى قەشقەر توپىسى

## زۇلپىقار بارات ئۆزباش

### ئىلاۋە:

ئەسسالام ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار، ئانا تىل بايرىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!

ئۇنىۋېرستىتىمىزدا ئانا تىلنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەتتە ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئانا تىلدا يېزىلغان كىتاب ۋە ۋاراقچىلارنى كۆرگەزمە قىلدى. مەن بۇ پائالىيەتتە ۋەتەندىن يېقىندا ئەكەلدۈرگەن كىتابلاردىن "كەچمىش"(خالىدە ئىسرائىل)، "سالچىلار"(مەمتىمىن ھوشۇر) قاتارلىق ئىككى رومانى كۆرگەزمە قىلدىم؛ ئىمزا خاتىرىسىگە ئىككى تىلدا خاتىرە سۆزى يازدىم. پائالىيەت ناھايىتى ياخشى بولدى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ-ئانامنىڭ تىلىنىڭ يات بىر زېمىندا، باشقىلارنىڭ تىللىرى قاتارىدا بويۇن قىسىپ قالمىغىنىدىن سۆيۈندۈم.
ۋاقتىم بىر ئاز ئالدىراش بولغىنى ئۈچۈن پائالىيەت جەريانىنى يېزىشقا ۋاقتىم يار بەرمىدى.يىلدا بىر كېلىدىغان ئانا تىل بايرىمىنى مۇنداقلا ئۆتكۈزۈۋېتىشكە تېخى كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەتەندىن كېلىۋاتقان ئانا تىلغا ئائىت ياخشى خەۋەرلەر، ياخشى ئۇچۇرلار بىر تەرەپتىن خۇرسەن قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن ۋىجدانىمنى ئازابلىدى. شۇ ۋەجىدىن يېقىندا يازغان "نيويوركتىكى قەشقەر توپىسى" ناملىق ھېسابىيانىمنى تەقدىرداشلىرىم بىلەن ئانا تىلدا ئورتاقلىشىش مەقستىدە يوللىدىم.
يازمىدا تەسۋىرلەنگىنى راست بولغان ۋەقە. ئۈچ خالتا قەشقەر توپىسى نيويوركتا ساقلانماقتا؛ يازمىدا تەسۋىرلەنگەن، قەشقەر توپىسنى ساقلاۋاتقان ئۇيغۇر بوۋاي ھېلھەم ھايات. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى بىزنى ۋەتەن ۋە تۇپراقنىڭ قىممىتى ھەققدە قايتىدىن ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ.

(1)

ۋەتەن دېسەم ئاغزىم قانار...ۋەتەن، بۇ سۆز ئەمەس.

يۇقىرىقى مىسرانى تىزغان شائىر ھىجرەتتە مۇساپىرچىلىقنىڭ ئازابى جانغا پاتقاندا، ۋەتەن سېغىنىشى باغرىنى ئۆرتىگەندە شۇنداق نىدا قىلغان بولغىيمىدى؟

بوغۇزۇمدا ئاچچىق بىر نېمە. قارىسام، مېنى بۇ پاراڭچى ئۇيغۇر بوۋاينىڭ يېنىغا باشلاپ كەلگەن تەتقىقاتچى مۇھەممەدجان ئاكىنىڭ كۆزىدىمۇ ياش لىغىرلاپ قاپتۇ. ئۇيغۇر بوۋاي نەجىمىدىن ئاكىغا سوئال قويۇپ ئولتۇرمىدىم. گەپ ئارىلاش بىھاجەت. كۆزلەر، ئاۋازلار، ھەتتا ئارىدىكى ۋاقىتلىق سۈكۈتمۇ سۆزلەيدۇ؛ بوۋايدىن كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تىنىقى كىشىگە تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان تۇيغۇلارنى بەخش ئېتىدۇ. مېنىڭ پەقەت مۇناسىۋەتى يوق شەيئىلەر ئارىسىدىكى باغلىنىش ھەققىدە سادىدىلارچە ئويلاپ باقىدىغان بۇ كاللامدا يەنە تۇرۇپلا تىترەك ۋە ۋەتەنىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە غەلىتە سوئال پەيدا بولدى:

-نېمىشقا تىترەكنىڭ ئاڭلىغىلى بولمايدۇ؟مەيلى ئۇ قورقۇنچتىن ياكى ھاياجاندىن پەيدا بولغان تىترەك بولسۇن.

-نېمىشقا ۋەتەن پارچىسى مۇساپىر ئۇيغۇرنىڭ ۋۇجۇدىنى بۇ دەرىجىدە تىترىتىدۇ ؟يۇرتتا ئاڭلىغان كىشى ھەيرانلىق ھېس قىلماس بولۇپ قالىدىغان ۋەتەن پارچىسى.

80 ياشلىق ئۇيغۇر بوۋاي ئۇستا ھېكايىچى ئىدى؛ ئۆزى ساقلاۋاتقان ئۈچ خالتا قەشقەر توپىسىنىڭ ھېكايىسىنى بىخارامان، تەسرلىك قىلىپ سۆزلەيتتى. بۇ پاراڭلار بىر قارىسا ئادەمگە مىبگىر كېچە قىسسەلىرىدىكى تۈگىمەس ھېكايىلەرنىڭ بىر قىسمىدەكلا، رىۋايەتتەكلا ئاڭلىناتتى. يەنە بىر قارىسا سەمەت دۇگايلىنىڭ1930-1940-يىللاردىكى قەشقەر تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تارىخى رومانى "ھايات شامالىرى" نىڭ 1-قىسمىدىكى مۇساپىر يىگىتنى—"قەشقەر، ئىشقىمدا قالدىڭ" دەپ ئاھ ئۇرۇپ ئىچ-ئىچىدىن بۇلدۇقلاپ سۆزلەيدىغان تەسرلىك بايانچى "مەن" نى ئەسلىتەتتى.

قەشقەر ھەققىدە پاراڭ بولۇۋاتقان شۇ دەقىقىدە باشتىن ئاخىرى بوۋايدىن كۆزۈمنى ئۈزمىدىم. چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئالتە يىلدىن بۇيان ۋەتەن ھەققىدىكى ئەڭ تەسرلىك ھېكايىگە ۋە بۇ ھېكايىنىڭ ئۇستا بايانچىسى بولمىش ئۇيغۇر بوۋاينىڭ ئامېرىكىدىكى 50 يىللىق ھەيران قالارلىق كەچۈرمىشلىرىگە شاھىت بولۇۋاتقىنىم ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر ۋۇجۇدۇم بىر نەچچە قېتىم تىترەپ ئۆتتى. نيۇيوركتا-- قەشقەردىن 20مىڭ كىلومېتىر نېرىدىكى ئالدىراش، جىددىي بىر شەھەردە ئەزىزانە قەشقەرنىڭ، توغرىراقى مېھرى ئىسسىق قەشقەر توپىسىنىڭ پارچىنى ئاڭلاش، يەنە كېلىپ بۇ دەرىجىدە تەسرلىك ھېكايە بايان قىلىدىغان ئۇيغۇر بوۋايدىن ئاڭلاش ھەم بىر نېمەت ھەم بىر پۇرسەت بولسا كېرەك. سۆيۈملۈك ئۇيغۇر بوۋاي.

قەشقەر توپىسى،

مۆلجەرتاغ توپىسى.

قاغلىق بىلەن گۇما ئارلىقىدىكى ھىمت سىپىنىڭ توپىسى،

قۇمۇلدىكى ئارا يەر توپىسى.

تۇرپاندا يار يېزىسىنىڭ توپىسى.

غۇلجىدا ئازات يۇزى توپىسى.

كورلىدا بوستان مەھەلىسى،

كۇچادا كونا شەھەرنىڭ توزۇپ تۇرىدىغان توپىسى.

ئاتۇشتا سۇتۇق بۇغراخان قەبرىسى ئالدىدىكى چىلانىرەڭ تۇپراق.

ھەممىسى30 نەچچە يىللىدىن بېرى ئايىغىم تەگكەن تۇپراقلار. ئەمما، ئەمما مەن ھېچقاچان تۇپراقنىڭ قىممىتى ، مەنىسى ھەققىدە ھازىرقىدەك ئويلانغان ئەمەس. بۇنىڭدىن 25 يىل بۇرۇن ھويلىمىزنىڭ تۇپرىقىغا جىجاپ تۇرۇپ تەئلىق نۇسخىسىنى خۇشخەتچىلەپ يېزىشنى مەشىق قىلغان چاغلىرىمدا ئېھتىمال مەن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ ئۆزۈمنىڭ يات تۇپراقتا ئۆچ خالتا تۇپراقنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ۋۇجۇدۇم ئېزىلىپ قېلىشنى ئويلىمىغان بولغىيدىم؟ 2009-يىلى ياز ئايلىرىدا دادامنىڭ قەبرىسىدىن توپا ئېلىپ ماڭغان چېغىمدىمۇ تۇپراق ھەققىدە ئېھتىمال بۇنچە قاتتىق ئويلانمىغان بولغىيدىم. بوۋاينىڭ ھېكايىسى ماڭا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ تولا ئاڭلاپ قۇلىقىمغا ئورناپ كەتكەن، ئابدۇقەييوم ئىمىن تەرىپىدىن"قارا ھېجران" ناملىق پىلاستىنكىغا ئوقۇلغان ۋەتەن ھەققىدىكى مىسرالىرىنى ئەسلەتتى:

غېرىپ دەردىنى غۇربەتتە ئادادىن سورا،

ۋىسال قەدرىنى ئاشىق گادادىن سورا.

ۋەتەنسىز ھاياتتا نە مەنە، نە تەم،

بۇنى ئۆز ئېلىدىن جۇدادىن سورا.

نويوركنىڭ ئۆزۈن ئارال دەپ ئاتىلىدىغان رايونىدىكى قەھۋاخانىدا كۆرۈشتۇق. پاراڭغا ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئۆچ ئىستاكان قەۋە پۇلىنى تۆلەشتە ئۆچ ئۇيغۇر تالىشىپ قالدى. بوۋاي بىلەن

تەتقىقاتچى ئاكىمىز پۈل تۆلەشكە ئالدىراپ "بىز تۆلەيمىز" دەيتتى. مەن "مەن تۆلەيمەن" دەيتتىم. پۈل ئالغۇچى ئاقپىشماق قىزنىڭ ھەيرانلىقى كۆلۈمسىرەش بىلەن يېقىملىق تۈس ئالغان چىرايىغا تېپىپ چىقتى.

----زادى قايسىڭلارنىڭ پۇلىنى ئالىمەن؟ ماڭا بىرىڭلارنىڭ پۇلى كېرەك،- دېدى ئاخىرى قىز كۈلۈپ تۇرۇپ.

شۇنداق قىلىپ مەن تۆلىگەن بولدۇم. ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ چىقىمىنى ئۆزى كۆتۈرىدىغان ئامېرىكىدا مېھمانلارنىڭ پۇل تۆلەشنى تالىششى ئۇلارغا نىسبەتەن ھەيران قالغۇدەك ئىش ئىدى؛ ئەمما ئۇيغۇر ئەنئەنىسىدە بىز مانا مۇشۇنداق تەربىيىگە كۆنگەنىدۇق. ئەسلى ئاشۇ تالىششلار توغرا ئىكەن. ئاشۇ تۇزۇتلۇق ئالاقىدە مېھمانغا، قارشى تەرەپكە بولغان ھۆرمەت يوشۇرۇنغانىكەن.

پاراڭنىڭ ئەسلى تېمىسى قەشقەر ھەم قەشقەر توپىسى ھەققىدە ئەمەس ئىدى. مەن بۇۋاينى نيۇيوركقا كەلگەن پۇرستىمدىن پايدىلىنىپ جەدىتزىم تېمىسىدا زىيارەت قىلماقچى ئىدىم. تەتقىقاتچى ئۇيغۇر ئاكىنىڭ ماشىنىسىدا نيۇيوركنىڭ ئۇزۇن ئارال دەپ ئاتىلىدىغان يېرىگە بىر سائەتتەك ماشىندا يول مېڭىپ كەلدۇق.بۇ 2012-يىللىق ئامېرىكا سايلام كۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنى 11-ئاينىڭ 5-كۈنى ئىدى. ئەتە بۇنداق ۋاقىتتا ئوباما بىلەن رومنىينىڭ كىمنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك پرېزىدېنتلىققا سايلىنىدىغانلىقى ئېنىق بولۇپ بولاتتى. ئەسلى نويوركتىكى "قەشقەر قەھۋەخانىسى" دا كۆرۈشمەكچىمۇ بولغانىدۇق.ئەمما، "قەشقەر قەھۋەخانىسى" جايلاشقان بروكلىن رايونى بۇ قېتىم ئېغىر شۇرىغان ئاپەتكە ئۇچراپ قاتنىشى توسۇلۇپ قالغاچقا، بۇ ئارزۇيۇممىزغا يېتەلمەي قالدۇق.

پاراڭ ئارىلىقىدا گەپتىن گەپ چىقىپ يېنىمدىكى ئاكىمىز بۇۋايغا تەرەببالالا سوئال قويۇپ قالدى:

-سىز ساقلاۋاتقان ئۈچ خالتا قەشقەر توپىسى ھازىرمۇ بارمۇ ؟

-نېمشقا بولمىغۇدەك، ساندۇقنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ساقلاپ ساقلاۋاتىمەن،-دەپ خۇشئاۋاز بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى بوۋاي بېشىدىكى بادام دوپپىنى سەل ئۇستىگە سۈرۈپ قويۇپ،- ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىم بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىمدا ئۇدۇللۇق "مەن تۇگەپ كەتكەندە قەبرەمگە قەشقەرنىڭ توپىسىنى چېچىڭلار " دەپ تاپىلاۋاتىمەن. ئۆزۈمگۇ ھازىرچە سالامەت، ئەمما، جان دېگەن ئاللاھنىڭ ئىلكىدە . ساندۇقۇمدىكى قەشقەر توپىسى ماڭا كۈچ، مەدەت بېرىدۇ. ئۆلۈپ كەتسەم، قەبرەمگە ئانا يۇرتۇمنىڭ توپىسى چېچىلسا خاتىرجەم كۆز يۇماتتىم. بۇ تىلەكلىرىمنى ۋەسىيەت قىلىپ پۈتۈپ قۇشنانچىمغا، ئىككى بالامغا قايتا-قايتا تاپىلاپ كېلىۋاتىمەن.

بوۋايغا تېلېفون كېلىپ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى.

-- ئاكىمىز ئۆزى ياشىنىپ قالغىنى بىلەن تېتىك، ياشلارغا خاس جۇشقۇنلۇقى بار، --يېنىمدىكى مۇھەممەدجان ئاكا تېلېفوندا سۆزلىشۋاتقان بوۋاينىڭ قولىدىكى ئالما ماركىلىق تېلېفوننى ئىما قىلىپ قوشۇپ قويدى، --تېخى بۇ ئاكىمىز ئالما شىركىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەۋەسكارى دەڭا.

بوۋاي تولىمۇ خىرامان كىشى ئىدى؛ مەيلى ئادەتتىكى پاراڭ ئارىلىقىدا بولسۇن ياكى تېلېفوندا سۆزلەشكەن بولسۇن، ئالدىرىماي، دانە-دانە، ھېسسىياتلىق سۆزلەيتتى. 50 يىلدىن بېرى ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقان، ۋەتەندىن 17 يېشىدا چىقىپ كەتكەن بوۋاينىڭ ئۇيغۇر تىلىنى بۇنداق ئۆز ئاھاڭدا، ھېسسىياتلىق سۆزلىشى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بوۋاي بىزگە مەزكۇر سودا شەھەرچىسىنىڭ ئالما مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئورنىدا كۆتۈلۈپ تۇرۇۋشىمىزنى ئېيتقانىدى. بايا ئۇقسام، ئۇيغۇر بوۋاي نەجمىدىن ئاكا ئالماس شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى سېتىۋ جابسىنىڭ ھەۋەسكارى ئىكەن.

---- تاغىمىزدا يېڭى گەپ جىكەن، --دېدىم بوۋاي تېلېفوندا سۆزلىشۋاتقان دەقىقىدە يېنىمدىكى تەتقىقاتچى ئاكىمىزغا.

--گەپ بولسا تارتىنماي سوراڭ. ئۆزى پاراڭخۇمار ئادەم بۇ، ۋەتەندىن ئۇيغۇر كەپتۇ دېسە يىراقنى يىراق دېمەي بېرىپ كۆرۈشىدۇ. نيۇيوركتا ئاران بىر كەلگىنىڭىزدە جىقراق ماتېرىيال ئىگىلىۋېلىڭ، --دېدى ئۇ.

بوۋاي تېلېفوندىكى گېپىنى تۈگىتىپ ئۆزرە سورىدى ۋە تېلېفوننى ماڭا تەڭلەپ دېدى:

--ئۇكام، ۋەتەندىكى ياخشى تورلار بولسا تەۋسىيە قىلسىڭىز. ئاڭلىسام ھازىر ۋەتەندىكى تورلارنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ. تېلېفونومدا ئۇيغۇرچە تورلاردىن ئۈچۇر كۆرسەمكەن دېگەن ئۈمىدىم بار.

مەن بوۋاينىڭ قولىدىن تېلېفوننى ئېلىپ، ئۇيغۇرچە ئىزەش تورلىرىنى گۇگۇلدىن ئىزدىدىم ۋە بوۋاينىڭ تېلېفونىغا بىر قانچە ئۇيغۇر مۇنبەرنىڭ ئۇلىنىش ئادرېسىنى ساقلاپ بەردىم ، ئاندىن ئۇيغۇر مۇنبەرلىرىگە قانداق كىرىش كېرەكلىكىنى دەپ بەردىم. تېلېفونىدا ئۇيغۇرچە مۇنبەرلەردىكى كونا يېزىقى چىققاندا بوۋاينىڭ چىرايىدا ئىختىيارسىز مەمنۇنلۇق كۈلكىسى پارلاپ چىقتى.

-رەھمەت، ئۇكام، رەھمەت، دېدى بوۋاي---سىزنى كۆرۈپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى، ۋەتەننىڭ ھىدىنى ئېلىپ كەلدىڭىز. بولسا بىر نەچچە كۈن تۇرۇڭ، بىزنىڭكىگە تۇرۇڭ، ئۆيۈم كەڭرى. بىر نەچچە كۈن قانغۇدەك پاراڭلىشايلى.

بوۋايغا ئەدەب بىلەن ئۆزرە قويدۇم. ئۆگۈنلۈككە نيۇيوركتىن ئايرىلىپ بوستونغا بارمىسام بولمايتتى. ۋاقىت جەدۋىلىمنىڭ زىچلىقىنى بىلگەن بوۋاي "ھەتتىگەي" دەپ خۇرسىنىپ قالدى. بوۋاينىڭ گېپى شاخلاپ، ئۆزىنىڭ ئالما مەھسۇلاتلىرىغا قانداق بولۇپ ئامراق بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى تېمىغا كۆچكىلى تۇرغاندا يېنىمىزدىكى ئاكىمىز گەپ ئارىلىدى:

--ئاكا، بۇنداق پاراڭلاشقىلى تۇرساق كېچىچە گېپىمىز تۈگىمەيدۇ،-دېدى يېنىمىزدىكى تەتقىقاتچى ئاكىمىز بوۋايغا قاراپ،--گەپنى قىسقارتساق، بىز يەنە يېرىم سائەت ماشىنا ھەيدەپ ئۆيگە قايمىساق بولمايدۇ. بولسا ئاۋۇ ئۈچ خالتا قەشقەر توپىسىنىڭ گېپىنى تۈگىتىۋەتسىڭىز، ئاندىن يەنە ئاۋۇ بېشىڭىزدىكى بادام دوپپىنىڭ ھېكايىسىنمۇ ئاڭلىساق.

--بولىدۇ، -دېدى ئۇيغۇر بوۋاي،--گەپ ئارىلاپ كېتىپ قالدى، ئەپۇ قىلىڭلار. ساندۇقۇمدىكى قەشقەر توپىسىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەشتىن ئاۋۋال مەرھۇم دادام توغرىلۇق ئازراق سۆزلىشىمگە توغرا كېلىدۇ. دادام ئەينى ۋاقىتتا 1930-يىللارد قەشقەردىكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن مائارىپچى ئادەم ئىدى، مەرھۇم مەھمۇد سىجاڭ بىلەن يېقىن ئۆتەتتى. ئېسىمنى بىلسەم، دادامنىڭ مەھمۇد سىجاڭنىڭ گېپىنى تولا قىلىدىغان. دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە، بەش ياش ۋاقتىمدا دادام مېنى يېتىلەپ مەھمۇد سىجاڭنىڭ يېنىغا كىرگەندە، مەھمۇد سىجاڭ مېنى ئەركىلىتىپ يۈزۈمنى بوشقىنا مۇتۇۋاپتىكەن؛ دادامغا "بۇ بالىڭىزنى چوڭ بولغاندا ماڭا ئەسكەرلىككە بېرىڭ، ۋەتىنىنى قوغدايدىغان پىداكار بولسۇن" دېگەنىكەن. كېيىن مەھمۇد سىجاڭ ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ئاۋۋال ھىندىستانغا، ئاندىن ياپونىيەگە چىقىپ كېتىپتۇ. دادامنىڭ مەھمۇد سىجاڭ ھەققىدىكى گەپلىرى تۈگىمەيتتى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىلىم-مەرىپەتكە، مائارىپقا ئاتىغان ئادەم ئىدى. دادام دەرس ئۆتكەندە مەن سىنىپ كەينىدە ئولتۇرۇپ پەخرلىنىش ئىچىدە سۆزلىگەنلىرىگە قۇلاق سالاتتىم. كېيىن دادام شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، ئۇ ۋاقىتتا قانخور شېڭ شىسەينىڭ نەزەرىدە ۋەتىنىم، مىللىتىم دەپ مەيدانغا چىققان ھەر قانداق ئادەم خەتەرلىك ئوبيېكت ھېسابلىناتتى. دادام تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن يىللاردا مەن ئانامنىڭ ۋە مومامنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدۇم. بېشىمدىكى بادام دوپپىنىڭ ھېكايىسى مومام بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

---ئاشۇ دوپپىنىڭ ھېكايىسىنى ئاۋۋال سۆزلىۋېتىڭ بولمىسا، -دېدى يېنىمدىكى تەتقىقاتچى ئاكىمىز.

---بۇ بادام دوپپىنى مەن ۋەتەندىن ئەكەلدۈرگەن. موموم تىكىپ بەرگەن بادام دوپپا بۇ ئەمەس. ئەمما، بادام دوپپا بولغىنى ئۈچۈن ماڭا مومامنى ئەسلىتىدۇ. ئىشنىڭ ئەسلى جەريانى مۇنداق. كىچىك چېغىمدا موموم ماڭا دوپپا تىكمەكچى بولۇپ دوپپىنىڭ ئارىسىغا ئالىدىغان قاتتىق

قەغەز ئىزدەپتۇ ۋە ساۋاتسىز بولغاچقا، مېنىڭ بەشىنچى سىنىپنى تۈگەتكەندە ئالغان شاھادەتنامەمنى دوپپىنىڭ قېتىغا تىكىۋېتىپتۇ. بىر كۈنى سىرتتىن كىرسەم، مومام"سىلىگە دوپپا تىكتىم، كىيىۋالسىلا" دەپ بېشىمغا دوپپىنى كىيدۈرۈپ قويدى. مەن مومام تىككەن دوپپىنى ياقتۇرۇپ كەيدىم، ئەمما ئۇنىڭ قېتىغا تىكىلگىنى مېنىڭ شاھادەتنامەم ئىكەنلىكىنى خېلى ئۇزۇنغىچە بىلمىدىم. كېيىن شۇ شاھادەتنامە لازىم بولۇپ سۈرۈشتۈرسەم، ئەسلى ئۇ مەن كىيىپ يۈرگەن دوپپىنىڭ قېتىدا ئىكەن. شاھادەتنامەمنىڭ دوپپامنىڭ قېتىدا ئىكەنلىكىمنى بىلگەن چېغىمدا مومامنىڭ تۈگەپ كەتكىنىگە خېلى ئۇزاق بولغانىدى.

"بوپتۇ، ھېچقىسى يوق بالام. بۇ دوپپىنى موملىرىنى كۆرگەن كۆزدە قەدىرلەپ ساقلىسلا، يوقىتىپ قويمىسلا" دەپ تاپىلىدى ئانام. شۇنداق قىلىپ مەن ئۇ بادەم دوپپىنى بېشىمدىن چۈشۈرمەي كيدىم. كېيىن دادام تۈرمىدىن چىققاندا شۇ بادام دوپپىنى كىيىپ ئانام بىلەن تۈرمىنىڭ ئالدىغا باردۇق. دادام ئانىسىنىڭ يۈزىنى كۆرۈلمىگەنىدى، مومام ئۆز قولى بىلەن تىككەن دوپپامنى بۇراپ ئۇزۇنغىچە يىغلىدى. كېيىن بىر مەزگىل خاتىرجەم ياشىغان بولدۇق. 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىدا لاداخ يولى ئارقىلىق كارۋان توپىغا ئەگىشىپ تۈركىيەگە ھىجرەت قىلىپ چىقتۇق. مەن ۋەتەندىن چىققان چېغىمدا 18 ياشتا ئىدىم.

دادام ئەسلى يۇرتتىن ئايرىلىدىغان چاغدا قەشقەرنىڭ توپىسىدىن ئېلىۋالغانىكەن. دادام 1956-يىلى تۈركىيىدە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئۆلۈپ كېتىشىن بۇرۇن بىزگە ھەمىشە : "مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قەبرەمگە يۇرتتىن ئېلىپ چىققان توپىنى چېچىڭلار" دەپ تاپىلايتتى. تۈركىيىدە دادامنىڭ ۋەسىيتى بويىچە قەشقەر توپىسنى دادامنىڭ قەبرىسىگە چاچتۇق. ئۇ چاغلاردا مەن دادامنىڭ نېمىشقا قەشقەر توپىسنى ئېلىپ ماڭغانلىقىنى، بىزگە نېمىشقا ئۇنداق نەسىھەت قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيتىم. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئانام تۈگەپ كېتىپ يالغۇز قالغان چېغىمدا، مۇساپىر بولغان چاغلىرىمدا ئاندىن چۈشەندىم.

---ئامېرىكىغا تۈركىيەدىن كەلگەنمىدىڭىز؟-دەپ سورىدىم مەن، --قاچان كەلگەندىڭىز؟

---ئامېرىكىغا 1964-يىل كەلدىم. بۇ يىل بۇ دۆلەتتە تۇرۇۋاتقىنىمغا ئاز كەم 50 يىل بولدى. تۈركىيىدە ئۆي-ئوچاقلىق بولغانىدىم. كېيىن ئامېرىكىدا يەنە بىر بالام تۇغۇلدى. نۇرغۇن يىللار ئۆتتى، ئەمما قەشقەرنىڭ باللىق چاغلىرىمدا يۈرىكىمگە ئورناپ كەتكەن سىماسى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. 1980-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا قەشقەردىكى تۇققانلار بىلەن خەت ئالاقىمىز ئەسلىگە كەلدى. ياش چاغلىرىمدا تازا بىلمەپتىكەنمەن، يېشىم چوڭايغانچە ۋەتەن سېغىنىشى كۈچىيىپ كەتتى.ئېچىمدە بىر ئوت. خەت-ئالاقە ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ۋەتەندىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم.

قەشقەردىكى تۇققانلار پوچتا ئارقىلىق قەشقەرنىڭ گۇلە-قاق، چىلاننى ئەۋەتىپتۇ. مەن ئۇلارغا خەت يېزىپ بۇ نەرسىلەرنى بۇ يەردىمۇ تاپالايدىغانلىقىمنى، ماڭا يەل-يېمىش ئەۋەتمەي قەشقەر توپىسىدىن ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلىدىم. يۇرتتىكىلەر "توپىنى نېمە قىلىدىغاندۇ؟"دەپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. كېيىن ھامىمام پەرەز قىلىپ: "بۇ ئەمدى ۋەتەنگە كەلمەيدىكەن، بىزنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ" دەپ يىغلاپتۇ. ئۈچ خالتا قەشقەر توپىسى نىيورككا ئالتە ئايدا كەلدى. دەسلەپتە تامۇژنىدىن ئۆتمەي قايتىپ كېتىپتۇ. كېيىن تۇققانلار توپىنى قايتا-قايتا ئەۋەتىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۈچ خالتا توپا ئاخىرى قولۇمغا تەگدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۈچ خالتا توپىنى قەدىرلەپ ساقلاپ كەلدىم.

بوۋاي گېپىنى تۈگىتىپ ماڭا: "ئۆيگە بارغان بولسىڭىز توپىنى كۆرستىپ قوياتتىم" دېدى ۋە قوشۇپ قويدى:

--ھە راست بايا قورساقنى سورىماپتىمەن. قورساق ئاش بولسا تاماققا باشلاي،ئاش ئىچىلى.

-رەھمەت، -دېدى يېنىمدىكى تەتقىقاتچى ئاكىمىز جاۋابەن،---تاماق يەپ كەلدۇق.

بوۋاينىڭ "ئاش ئىچىلى" دېگەن سۆزى ماڭا يېقىملىق ھەم يېقىملىق بىلىندى، ۋەتەنىنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە بىزنىڭ خېلى ساندىكى قېرىنداشلىرىمىز قېرىنداشلىرىمىز تاماقنى "ئاش" دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيتتى. بوۋاينىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى يەرلىك گەپلەرنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقى كىشنى خۇرسەن قىلاتتى.

-ھازىرمۇ تۈركىيەدىكى، قەشقەردىكى تۇققانلار بىلەن ئالاقە قىلىشىپ تۇرامسىلەر؟-سورىدۇم بوۋايدىن.

-ئەلۋەتتە. ئالاقە قىلماي بولامدۇ. يۇرتىكمىنىڭ بىر ئۈچى ۋەتەنگە باغلانغان. بۇ بىر ئوت. ۋەتەنىنىڭ پارىڭىنى قىلىش، ئامېرىكىغا كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن ئىزدەپ-سوراپ بېرىپ بېرىپ پاراڭلىشىش مېنى خۇشال قىلىدۇ. ۋەتەن سېغىنىشىغا ھېچنىمە تەڭ كەلمەيدىكەن.

ۋاقىت قىستاپ قېلىپ بوۋايغا خوش دېيىشكە مەجبۇر بولدۇق. بوۋاي 80ياشقا كىرگەنلىكى بولسىمۇ گۇس-گۇس دەسسەپ ماڭاتتى، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئەسلى بىلسەم، بوۋاي ھازىرمۇ چېنىقىشنى تاشلىماپتۇ، ئاش-تاماققا دىققەت قىلىدىكەن. مەن بوۋاينىڭ ئادەمخۇمارلىقى، گەپخۇمارلىقى بۇگۇنكىدەك ساغلام تۇرۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر ئامىل بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم.

قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق.

-ئامان بولۇڭ تاغا، پۇرسەت بولسا يەنە كۆرۈشەرمىز- دېدىم بىر كۆرۈشۈپ تۇغقاندەك بولۇپ قالغان بوۋايغا.

--نيۇيوركقا بۇدا ئۇزۇنراق تۇرغۇدەك بولۇپ كېلىڭ. كەلسىڭىز چوقۇم مېنىڭكىگە چۈشۈڭ،- دېدى بوۋاي.

بۇ نيۇيورك 2012-يىلدىكى شۇرغان ئاپىتىگە ئۇچرىغان چاغ بولۇپ، تالا بەكلا سوغۇق ئىدى. بوۋاي بىلەن قيالماسلىق ئىچىدە خوشلىشىپ سوغۇق ھۇۋلاپ تۇرغان ماشىنىغا چىقتۇق. قىش بولمايدىغان ھاۋايدا ئىسسىق ھاۋاغا كۆنۈپ قالغىنىم ئۈچۈن، نيۇيورك ماڭا شۇنداق سوغۇق بىلىندى. تالادا مىچىلداپ قار يېغىشقا باشلىدى. ماشىنا قوزغىلىپ تەتقىقاتچى ئاكىمىز بىلەن ھەر ئىككىمىز خېلىغىچە پاراڭلاشماي خىيال بىلەن ماڭدۇق.

--تەسكەن،-دېدى ئارىدا ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقان تەتقىقاتچى ئاكىمىز- كىچىك چېغىدا چىققانلار ئاسان سىڭىشىپ كېتىدىكەن، ئەمما، چەت ئەلگە يېشى چوڭىيىپ قالغاندا چىققانلار ۋەتەننى ئۇنتۇيالمايدىكەن.

جاۋاپ قايتۇرمىدىم. خىيالمدا بايىقى بوۋاينىڭ سىماسى ۋەتەن ھەققىدە نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۆزۈم ئوقۇغان ئۇنتۇلماس قۇرلارنى خىيال ئېكرانىمدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. تۇرسۇن قۇربانىنىڭ "تاغ كەينىدە چوققا بار" ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتىدا ئۇزۇن يىل ئۆزبېكىستاندا ياشاپ ۋەتىنىنى ئۇنتۇيالمىغان بىر مۇساپىر تەسۋىرلىنەتتى. خىياللىرىم قاناتلاندى. ئۇ ئەسەردىكى ئاپتوبۇس غۇلجىدا توختىشى بىلەن تەڭلا يەرگە چۈشۈپ تۇپراقنى سۆيۈپ يىغلاپ كەتكەن ئۇيغۇر بوۋاي، يازغۇچى ھاجى مىرزاھىد كېرىمىنىڭ "جۇدالىق" ناملىق رومانىدىكى بىر ئۆمۈر ۋەتىنىنى ئۇنتۇيالماي يۈرىكى داغلىنىپ ئۆتكەن چوكان مېھرىنىسا، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ "باھاردا ياغقان قار" ناملىق پوۋېستىدىكى ۋەتىنىنى تولا خىيال قىلىپ خىيالپەرەسلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈدىغان، ۋەتەن بارلىق ئەسلىمىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن تېلۋالدى... يەنە تالاي ئوبرازلار خىيال ئېكرانىمدىن ئۆتتى.... چاتما تەسەۋۋۇر قىلىشقا ھېرىسمەن بولغىنىم ئۈچۈنمۇ، بىرەر ئۇنتۇلماس ياكى جانلىق دېتال ماڭا شۇنىڭغا مۇنانسۇۋەتلىك بىر مۇنچە يانداش ئۇچۇرلارنى ئەسلىتەتتى. ھازىرمۇ شۇنداق بولدى.1930—يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن روس شائىرى يېسىنىن "يايلاقتا" ناملىق شېئىرىدا ۋەتەن ھەققىدە شۇنداق گۈزەل مىسرالارنى تىزغان ئىكەن:

ۋەتەنىنىڭ ھەسرەتلىك گۈزەللىكىنى،

سەرسانلىق ئىلكىدە يەتتىم مەن تونۇپ.

چۈشەندىم ھەسرەتلىك گۈزەللىك ئۆزى،

بېرەركەن تەڭداشسىز بەختنى تۇغۇپ.

تەتقىقاتچى ئاكىمز مېنى خىيالنى سۇرۇۋالسۇن دەپ ئويلىدىمۇ،ئەيتاۋۇر ماشىنىنى ئۇنىسىز ھەيدەپ كېتىۋااتاتتى.ئارىدا بىر قانچە يەردە گاز قاچىلاش ئۆچۈن ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇۋاتقان ماشىنىلار كۆزۈمگە چېلىقتى.

--ئاپەتتىن كېيىن تېخىچە گاز بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟-سورىدۇم مەن ئۆچىنچى گاز قاچىلاش پونكىتىدىمۇ قاتىرىسىغا تۇرۇپ كەتكەن ماشىنىلارنى كۆرۈپ.

--شۇنداق، بۇ قېتىم نيورىيورك ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. شۇرىغان ئاپتىدىن كېيىن تېخىچە بىر قىسىم رايونلارغا توك كەلمىدى. 50 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر ئاپەت ۋە ئېغىر زىيان دەپ خەۋەر قىلىشىۋاتىدۇ. ھېلىمۇ نيو يورك پىشقان، زامانىۋىي شەھەر بولغاچقا، شەھەردىكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئاساسىي ئەسلىھەلەرنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تېز بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاپەت ئەتە كەچتە نەتىجىسى چىقىدىغان پرېزىدېنت سايلىمىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان بولغاچقا، نيويورك شەھەرلىك ھۆكۈمەت ناھايىتى قاتتىق تەدبىرلەرنى ئالدى. ھازىر مېترولار قەشقەر قەھۋەسى جايلاشقان بروكلىن رايونىغا بارىدىغان مېترو ئەسلىگە كەلمىگەن بولسىمۇ قالغان يەرلەردە قاتناش راۋانلاشتى. يامان بولغىنى، شەھەرنىڭ ھەممە يېرىدە ماشىنىغا قاچىلايدىغان گاز جىددىي بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇ گاز بىلەن خاتىرجەم ئۆيگە بېرۋالساق، مەنمۇ ئەتىدىن باشلاپ مۇشۇنداق ئۆچىرەتتە تۇرۇش قىسمىتىگە دۇچ كېلىمەن.

-ئالدىڭىزدا خېجىلمەن،-دېدىم،--گاز تازا جىددىي بولۇۋاتقان چاغدا سىزگە ئېغىرىمنى سالدىم. شۇنچە ئۇزۇن يول مېڭىپ مېنى ئۇ تاغىمىز بىلەن كۆرۈشتۈرگىنىڭىزگە رەھمەت.

-ئۆزىمىزنىڭ ئىشى بۇ ئۇكام، --دېدى تەتقىقاتچى ئاكىمىز،-گازنىڭ ئىشى كارايىتى چاغلىق. ئەتە قاچىلىمىسام كېيىن قاچىلارمەن. سىزنىڭ نەجمىدىن ئاكا بىلەن كۆرۈۋۈشۈۋالغىنىڭىز ئوبدان بولدى. ئۇزۇن يىل چەت ئەلدە ياشىدىم. ئەمما، ۋەتەنگە بولغان سۆيگۈسى ۋە سېغىنىشى بۇ دەرىجىدە كۈچلۈك ۋەتەنداشلارنى ئاز ئۇچراتتىم.

--سىزنىڭ گەپ-سۆزىڭىزدە جەنۇپ شېۋىسىنىڭ پۇرىقى تېخى كەتمەپتۇ، -دەپ گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم مەن ،-بۇنىڭدىن سۆيۈندۇم. مەن ئازراق پۇرسەتنى دەپ يىلتىزىنى،ئەنئەنىسىنى ئۇنتۇشنى ئۆزگىرىشنى توغرا دەپ قارىمايمەن. ھەر مىللەت ئۆز خاسلىقى بىلەن قەدىرلىك. چەت ئەلدا

ياشاش، ئشلەش هەرگز پۇرسەت ئۇچۇن باشقىلارغا ئۆزگرىپ كېتش دېگەنلك ئەمەس. بۇ نۇقتدىن قارىغاندا، مەيلى سز بولۇڭ، مەيلى بايىقى تاغمىز بولسۇن، توغرا قلىپسلەر. ئۇيغۇرلار ئەنئەنە بلەن زامانلقنڭ مۇناسۋتنى خېلى توغرا بر تەرەپ قلغان هەم ئۆز ئەنئەنسدىن ئالدىراپ ۋازكەچمەيدىغان مللەت. بۇ تەرىپى مېنى سۆيۈندۈرىدۇ.

ئۈزۈن مۇددەت مۇڭدشدىغان ئادەم يوق يالغۇز ياشغاچقمۇ، كۆپرەك سۆزلەپ سالدىم.

-توغرا دېدىڭز، ئۇكام. باشقىلارنىڭ ئەنئەنسنمۇ كۆردۇق. بز بۇرۇن زامانۋىلىق دەپ قارىغان نۇرغۇن نەرسلەر ئۇنداق ئەمەسكەن. ئۇيغۇر تارتشسا تارتشقۇچىلقى بار مللەت. تەبئىي پەن ئوقۇغاچقا، مللتمنڭ تارىخى، مەدەنيتى هەققدىكى بلمم مول ئەمەس. ئەمما، مەن ئۇزۇن كۆزتشلەردىن كېين بزدىمۇ زامانۋىي مللەتلەرگە خاس نۇرغۇن ياخشى خسلەتلەرنڭ بارلقنى هېس قلدىم. ئەلۋەتتە ئۆزگەرتشكە تېگشلك يېرىمزمۇ ئاز ئەمەس.

تەتقاتقچى ئاكمز ئارىدا ئۆزىنڭ جەنۇپتن چققاندىن كېينكى 18 يللق ئوقۇش، خزمەت هاياتىدا هېس قلغان مللي كىملىككە مۇناسىۋەتلك هسىلىرىنى يىنچىكە بايان قىلدى. پۈتۈن بايانلرىدىن ئانا يۇرتىغا، ئۇيغۇر ئەنئەنسگە بولغان چوڭقۇر سېغىنشى بلىنىپ تۇراتتى. راست گەپنى دېسەم، بۇ ئاكمزنى بۇرۇن تونۇمايتتم. بوستوندىكى بر ئاكمزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بلەن بۇ ئاكمزنىڭ ئۆيگە ئايالم، بالام بلەن چۈشكەندۇق. تۈنۈگۈن ئاكمز پۈتۈن بر كۈن ئشنى تاشلاپ، بزنى نيويوركتىكى داڭلىق ساياهەت نۇقتلرىدىن 11-سېنتەبر خاتىرە سارىيى، ئمپېرىيە بناسى، ۋال ستېرت كوچسى، دەۋر مەيدانى، ئەركىنلك ئارىلى، نيورك دېڭز ساهلى ۋە كولۇمبيە ئۇنۋېرستتنى ساياهەت قلدۇردى. ئادەتتە نويۇركتا ئەڭ تۆۋەن باهالق ياتاقلارمۇ 150 دوللاردىن كەم بولمايتتى.

--سز تېخى ئوقۇۋېتپسز. ياتاققا ئاتىغان پۇلىڭز يانچۇقىڭىزدا قالسۇن، بزنىڭكدە تۇرۇڭ،-دېگەندى ئۇ نيويوركقا كېلشتن بۇرۇن تېلېفوندا ئالاقە قلغان چېغىمدا.

مەيلى بايىقى تاغمىز بولسۇن، مەيلى يېنمدا ماشنا هەيدەپ كېتۋاتقان بۇ كشى بولسۇن، مەندە چوڭقۇر تەسرات پەيدا قلدى. ئېهتمال بۇرۇن كۆرۈپمۇ باقمىغان يات برىنى ئۆيدە قوندۇرۇپ، ۋاقت ئاجرتىپ مېهمان قلدىغان ئش هازىرقى رېتمى تېز، ئەخلاقي قورغانلار تېز يىمرىلۋاتقان بر جەمئيەتتە مېهماندوس ئۇيغۇرلاردىلا ساقلىنىپ قېلۋاتقان ئەنئەنە بولسا كېرەك.

هەر قېتم ياخشلققا رەهمەت ئېيتقنمدا ئاكمزنىڭ "هېچقسى يوق، ئۆزىمزنىڭ ئشى" دېيشى مېنى خۇرسەن قىلاتتى، تەسرلەندۈرەتتى.

بايلا سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، ئەمدى قار ئارىلاش شىۋىرغانغا ئۆزگەردى. ھەر ھالدا شۈكرى، شىۋىرغان ئەدەپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۆيگە كېلىۋالدۇق. ئۆيگە كەلسەك، ئاكىمىزنىڭ ئايالى سۈيقاش ئېتىپ ساقلاپ تۇرغانىكەن.

(2)

قەشقەر، ئىشقىمدا قالدىڭ.... سەمەت دۇگايلىنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى تەسىرلىك رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى مانا مۇشۇ ماۋزۇدا باشلىنىدۇ. رومانىنى 13يىل بۇرۇن ئوقۇغان چېغىمدا "قەشقەر ئەسەردىكى پېرسوناژ قىزنىڭ ئىسمى ئەمەس يۇرتىنىڭ ئىسمى تۇرسا، يازغۇچى نېمشقا 'ئىشقىمدا قالدىڭ' دەپ ماۋزۇ قويغاندۇ ؟" دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمدى چۈشەنگەندەك قىلىمەن؛ قەشقەرنىڭ نېمشقا مۇساپىر ئۇيغۇرنىڭ ئەسلىمىسىگە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بوۋاينىڭ قەشقەر توپىسى ھەققىدىكى پاراڭلىرى ھېس قىلدۇردى. تەتقىقاتچى ئاكىمىزنىڭ ئانا يۇرتىغا، ئۆز قەۋمىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بولسا ماڭا گرمان جەمئىيەت نەزەرىيىچىسى ئېرىخ فروم (1901-1980) نىڭ "ئادەمنىڭ كىملىك ئېھتىياجى ئۆز توپىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن باشلىنىدۇ" دېگەن سۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەتتى. چوڭلارنىڭ "مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس" دېگىنىنىمۇ بىكار ئەمەسكەن.

ۋەتەن دېگەن نېمە؟

بۇ سوئالغا ھازىرغىچە مۇتەپەككۇرلار ھەر خىل تەبىرلەرنى بېرىشتى. بۇ جاۋاب-تەبىرلەر ئىچىدە ماڭا "ۋەتەن دېگەن سېنىڭ خەلقىڭدۇر" دېگەن جاۋاب ئەڭ قايىل قىلارلىق بىلىنىدۇ. ۋەتەن، كوللېكتىپ رىشتە ھەقىدە ھازىرغىچە شائىرلار تەسىرلىك مىسرالارنى، يازغۇچىلار ئانا يۇرت سۆيگۈسى كۆپۈلدەپ تۇرىدىغان ھېكايىلەرنى پۈتتى. ئۇيغۇر شائىرى ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ "توزان قەسىدىسى" ناملىق شېئىرىدىكى يۇرتتىن كەلگەن قېرىندىشىنىڭ كىيىمىدىن ۋەتەن ھىدىنى ئىستەۋاتقان مۇساپىر، موپاسساننىڭ "دونداق" ناملىق ھېكايىسىدە گرمان تاجاۋۇزچىلىرى ئالدىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى نامايەن قىلغان پاھىشە ئايال، فرانسىيە يازغۇچىسى دائودېتنىنىڭ "ئەڭ ئاخىرقى دەرس" ناملىق ھېكايىسىدە گرمان ئىشغالىيىتىدىكى فرانسىيە مەكتىپىدە ئەڭ ئاخىرقى بىر سائەتلىك ئانا تىل دەرسىنى ۋەتەنىنىڭ تەقدىرىگە باغلاپ پۈتۈن ئىشقى بىلەن ئۆتكەن مۇئەللىم، ياشار كامالنىڭ "مەمەت ئاۋاق" ناملىق رومانىدا يۇرتداشلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىققان قەھرىمان قاراقچى، 1910-يىلى نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پولشا يازغۇچىسى سېنكېۋىچنىڭ "ماياك قاراۋۇلى" ناملىق ھېكايىسىدە يات زېمىندا پولەك يېزىقىدا چىققان گېزىتنى كۆرۈپ مېھرى بىلەن سىلاپ كەتكەن، كۈچكە تولغان بوۋاي....ئاشۇ ئۆلمەس پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى بىزگە ئادەتتىكىچە ئاڭلىنىدىغان ۋەتەن سۆزىنىڭ قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان مەنەلەرنى

چوڭقۇرلاپ ھېس قىلدۇردى. ئېھتىمال بوۋاينىڭ ئۈچ خالتا قەشقەر تۇپىسىنى ساقلاپ يۈرگەنلىكى تۇپراقنى ئۇلۇغلايدىغان قەدىردان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمنىڭ ۋەتەن سۆيگۈسىنىڭ ئۆزگىچە ئىپادىلىنىشى بولسا كېرەك. باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش داۋامىدا تۇپراقنى ۋەتەن دەپ چوڭ بىلىپ ساقلايدىغان مىللەت ئەزالىرىنى ئۇچراتمىغانىدىم.

"نېمىشقا ۋەتەندىن ئايرىلغان ئادەمنىڭ ئۆز تۇپىغا بولغان سېغىنىشى بۇنچە كۈچىيىپ كېتىدۇ؟" دېگەن سوئال ئامېرىكىغا كەلگەن ئالتە يىلدىن بۇرۇن خىيال ئېكرانىمدىن تالاي قېتىملا ئۆتتى، تالاي قېتىملاپ كەچۈرمىشلىرىمدە ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. كېيىن ئۇرۇمچىدىكى چېغىمدا ھېس قىلغان ۋەتەن چۈشەنچىمدە مەسىلە بارلىقىنى، بۇرۇن ۋەتەن ئۇقۇمىنى ئابستراكت يوسۇندا چۈشىنىشىپ كەلگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئەسلى مەھەللىمىزدىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىدا، ئاپئاق رومال ئارتقان موماي لار نىڭ قورۇقلىرىدا، تاڭ سەھەر بىلەن تەڭ چىللاشقا چۈشكەن خورازلارنىڭ سوزۇق ئاۋازىدا، ئەرزان ئاۋازىدا، ئاتا-بوۋلىرىمىز كۆمۈلگەن قەبرىلەردە، ئۇيغۇر چوكاننىڭ چېھرىدا پارلىغان يېقىملىق كۈلۈمسىرەشلەردە، ئېتىزدا ئالدىراش ئىشلەۋاتقان دېھقاننىڭ مېھنىتىدە، شامالدا مەيىن يەلپەنۈپ تۇرغان بۇغدايلاردا ۋەتەن ئېلېمېنتلىرى مەۋجۇد ئىكەن. لېكىن، بىز ۋەتەندە بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈۋېرىپ ھەيرانلىق ھېس قىلماس بولۇپ قالدىكەنىمىز.ئەمەلىيەتتە بىز كۆنگەن، ئادەتلەنگەن سىمۋوللارنىڭ ، نەرسىلەرنىڭ كەينىدە بىز قېزىشقا ، دىققىتىمىزنى بېرىشكە تېگىشلىك مەنە قاتلاملىرى كۆپ بولىدىكەن.

ۋەتەن مۇساپىرچىقتا قالغان، ئەمما يىلتىزىنى ئۇنتۇماي ياشاۋاتقان ئادەمنىڭ ئەسلىمىسىگە ئايلىنىپ كېتىدىكەن. ئادەم ئادەتتە تەسەۋۋۇردىكى گۈزەل ئوبيېكت ئۈچۈن چۈش كۆرۈپ ياشايدىغان مەخلۇق، ئۇنىڭ بەختلىك ياشىشى ئۈچۈن چوقۇم تەسەۋۋۇرنى تولدۇرۇپ تۇرىدىغان، غايىۋانە ئىنتىلىشلىرىنى قوزغايدىغان بىر ئوبيېكت بولۇشى كېرەك. مۇساپىرچىلىقتا ياشايدىغان ئادەم ئۈچۈن ۋەتەن ۋە كوللېكتىپ رىشتە ئەنە شۇنداق سېھىير كۈچكە ئىگە غايىۋانە مەنزىلدۇر. يات تىل ئۆگەيلەيدۇ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە يات مەدەنىيەت يەكلەپمۇ قويىدۇ. باشقازېمىندا باشقا بىر مىللەت بىلەن ياشاش دېگەنلىك بۇرۇن كۆنگەن سىمۋول، مەنە قاتلاملىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆڭۈل ئەلگىكىدىن ئۆتكۈزۈش دېمەكتۇر. بۇ جەرياندا بىزنىڭ ئۆزلۈكىمىز قايتا-قايتا مۇرەسسە جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ ، قايتىدىن تەرتىپلىنىدۇ.ئەمما، ئەسلى يىلتىزىنى ئۇنتۇپ يېڭى مەدەنىيەتكە كۆنگەن ئادەم بىلىپ-بىلمەي نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قالىدۇ.گرمان جەمئىيەت نەزەرىچىسى جورج زىممېلنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ بەرىبىر گېرۋەكتىكى ئادەم بولۇپ قالىدۇ. ئەسلى مەدەنىيتىدىن ياتلىشىپ ھەم يەنە بىر مەدەنىيەتكە تولۇق ئۆزلىشەلمىگەن ئادەمنىڭ قەلبىدە ھېچكىمگە دېيەلمەيدىغان پىراق قاينايدۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل پىراق يىغىندا ھەسرەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ ھەقتە دۇنياغا داڭلىق ئالىملاردىن گرمان مۇتەپەككۇرى ئادورنونىڭ،

ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى ئەرەپ مۇتەپەككۇر ئېۋۋدار سايىدنىڭ سەرگۈزەشتىسى ۋە مۇساپىرچىلىق ھەققىدە يازغانلىرى ئادەمگە مۇساپىرچىلىق، ھىجرەت، گرۇەكتىكى ئادەم ئۇقۇملىرى ھەققىدە يېڭىچە ھېسلارنى بەخش ئېتەتتى.

تېئودور ئادورنو(1903ـ1969) ئەسلى گرمانىيەدە 1920ـيىللاردا قۇرۇلۇپ داڭق چىقارغان فرانكفورت ئىسنتىتىتوتىدا تەنقىدچىلىك پىكىر ئېقىمىغا ئۇل سېلىپ زور شۆھرەت قازانغان، ياۋروپا تەۋەسىدە زور شۆھرەتكە ئېرىشكەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر ۋە جەمئىيەت نەزەرىيىچىسى ئىدى.ئەمما، ئۇ يەھۇدىي بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ناتسىستلار گرمانىيىدە تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن تەھدىتكە دۇچ كەلدى ۋە 1934ـيىلى خوركخېمېر، خېربېرت ماركۇس قاتارلىق مەشھۇر تەنقىدچى سەپداشلىرى بىلەن ئامېرىكىغا كەلدى. ئادورنو تەسىرى كۈچلۈك مۇتەپەككۇر بولغىنى ئۈچۈن ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئەتۋارلاندى، ئەمما تاكى ناتسىسلار مەغلۇپ بولۇپ ئانا يۇرتى فرانكفورتقا قايتقانغا قەدەر ۋەتىنىنى ئۇنتۇيالمىدى. گرمانىيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئامېرىكا تۇپرىقىغا ئىككىنچى دەسسىمىدى. ئادورنو 20ـئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا تەۋە ۋىجدانلىق، پۇختا تەسىرى چوڭقۇر ئىلىم ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتى ﭬاشىزم ، كوممۇنىزم ۋە غەرپ تاراتقۇلىرىنىڭ تەسىرىدە ئەۋج ئالغان ئىستىمالپەرەسلىككە قارشى كۆرەش بىلەن ئۆتكەنىدى. ئەمما، پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئەدەبىيات، مۇزىكا، تارىخ، مەدەنىيەتشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەردە ئۇنىۋېرسال يېتىلگەن مۇشۇنداق بىر ئالىم ئامېرىكىدا ئۆتكەن ھاياتىنى نابۇت بولغان ھايات دەپ ئاتىدى ۋە ئۆزىنىڭ "نابۇت بولغان ھايات" ناملىق ئەسلىمىسىدە مۇساپىرچىلىق ھەققىدە مۇنداق يازدى: "يات زېمىن بىز بۇرۇن كۆنگەن ئەنئەنە تەرىكىبلىرىنى قارشى ئالمايدۇ. يات زېمىندا ھەر قېتىم سۇرگەن ئازغىنە راھەت كونا ئاڭغا ئاسىيلىق قىلىش، ئازابلىق مۇرەسسەگە كېلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ...يات زېمىندا ئۆي ئۇقۇمى مۇساپىرنىڭ قولىقىغا يات ئاڭلىنىدۇ. ئۆيى تۇرۇپ ئۆيى يوقتەك تۇيۇلىدىغان بىر ھېسسىيات مۇساپىرنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزمايدۇ...ئەسلىدىنلا خاتا قەدەم بىلەن باشلانغان ھايات ھاياتتەك بولمايدۇ".[1]

ئېدۋارد سايىدنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى ئەسلىمىسىمۇ ناھايىتى تەسىرلىك. لىۋاندىكى بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كەلگەن ئېدۋارد سايد خارۋارد، پرىنستون قاتارلىق داڭلىق ئۇنىۋېرستېتلاردا پروفېسسور بولىدۇ؛ ئەمما، ئۇ ئېزىلۋاتقان پەلەستىن خەلقىنىڭ تەقدىرىگە داۋاملىق دىققەت قىلىدۇ، ئانا يۇرتى ھەققىدىكى ئازابلىق ئويلىنىشلارنى توختىتىپ قويمايدۇ."شەرقچىلىق "ناملىق كىتابى غەربتە زىلزىلە قوزغاپ، ئۇ زېئونىزىم ھەرىكىتىنى قوللايدىغان يەھۇدىيلارنىڭ، يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن چاغدىمۇ، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرستىدىتىكى ئىشخانىسى ئامېرىكا فېدراستىە ئىدارىسىنىڭ قايتا-قايتا تىنتىشىغا دۇچ كەلگەندىمۇ تېز پۈكمەيدۇ.بۇ جەريانلارنى ئۇ ئۆزىنىڭ 2003ـيىلى نەشىردىن چىققان "لاماكانلىق"

ناملىق ئەسلىمىسىدە يازدى.ئەسلى ئاشۇ ئابرويى، ئاشۇ شارائىتى بىلەن مەيلى ئادورنو بولسۇن ياكى ئېدۋارد سايد بولسۇن، ھېچنىمىدىن غەم قىلماي بەختلىك ياشىيالايتتى. ئەمما ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى. بۇ يەردە ئېدۋارد سايدنىڭ "زىيالىنىڭ سۈرگۈنلۈكى ھەققىدە: مۇسارچىلىق ۋە گىرۋەك " ناملىق ھېسباياندىكى مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە قۇرنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئارتۇقچە ئىش بولمىسا كېرەك. ئېدۋارد سايد مۇنداق يازىدۇ: "مۇتلەق كۆپ ساندىكى سۈرگۈندە ياشاۋاتقان زىيالىيلار ئۈچۈن قىينچىلىق ھېسابلىنىدىغىنى ئۆز ئانا يۇرتىدا ياشاش پۇرستىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئەمەس، بەلكى ھەر ماڭدامدا ئۆزىنىڭ مۇساپىر ھالىتىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئېسىگە سالىدىغان ئازابلىق ئۈچۈرلارغا ئۇچراپ تۇرۇش. مۇساپىنىڭ ۋەتىنى خىيالىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولغاچقا،ئۇنىڭغا يىراق بىلىنمەيدۇ. مۇساپىر ئۆزى يات زېمىندا ياشىسىمۇ ۋەتىنى بىلەن دىلىدا شەكلىسىز رىشتە ئورناتقان بولىدۇ. ئەمما، ئۇ يا كونا ماكانىغا تەۋە ئەمەس، يا يېڭى ماكانىغا تەۋە ئەمەس. ئىككى ئارىلىق، ئارسالدىلىق ۋە يېرىملىق يات زېمىندىكى مۇساپىرنىڭ تەقدىرىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن بولىدۇ"[2]

نەزەرىيۋي نۇقتىدىن تەھلىل قىلغاندا قەشقەر توپىسى ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايىنى پۈتكەن ئۇيغۇر بوۋاينىڭ ئېيتقانلىرى بىزگە مۇنداق بىر قانچە نۇقتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ: بىرىنچى، كوللېكتىپ رىشتە، بايان، رىۋايەت ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار. بىزنىڭ كوللېكتىپ رىشتىمىزنى چىڭىتىدىغان، يىلتىزىمىنى ھېس قىلدۇرىدىغان، بىزنى ئورتاق ئەسلىمىگە يېتەكلەيدىغان ، مەدەنىي كىملىكىمىزنى ساقلاپ قېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان مەدەنىيەت ئېلمېنتلىرى بار. ئۇلاردىن نەزىر-مەرىكەگە ئوخشاش مۇراسىملار، نورۇزغا ئوخشاش بايراملار، بۆكۈخانىغا ئوخشاش رىۋايەتلەر ئورتاق رىشتىمىزنى ئېسىمىزگە سالىدۇ، بىزنى كوللېكتىپ ئەسلىمىگە يېتەكلەيدۇ. بۇ جەريان ئۆزلۈكۈمىزنىڭ لايىھىلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. فرانسىيىلىك مەشھۇر جەمىيەتشۇناس ئېمىل دۇركايم (1858-1917) نىڭ شاگىرتى ماۋرىس خالبۋاچ (1877-1945) ئۆزىنىڭ "كوللېكتىپ ئەسلىمە" ناملىق كىتابىدا تارىخي ۋەقەلەرنىڭ، قەھرىمانلارنىڭ، ئەنئەنە ھەققىدىكى بايانلارنىڭ ئەسلىدىن يىلتىزى بىر كىشىلەرنى ئۇيۇشۇشقا يېتەكلەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ ئەسلىمىسىنى قانداق قوزغايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ ؛ دىنىي ئەقىدەنىڭ كوللېكتىپ ئەسلىمنى قوزغىتىشتا ئوينايدىغان رولىغا يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: "ھەر قانداق بىر دىنىي ئەقىدە ئەينى بىر ئىجتىمائىي كونتېكىست ئىچىدە ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي توپنىڭ ئۇيۇشۇشىنى تېزلىتىدۇ؛ يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ شۇ ئىجتىمائىي توپقا دائىر چوڭ ۋەقەلەرنىڭ، ئۇرۇشلارنىڭ، ئىختىرالارنىڭ، ئۆزگىرىشلەرنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئورپچى ئېسىدە ساقلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇ جەريان سىمۋوللارنىڭ ياردىمىدە ئىشقا ئاشىدۇ" (خالبۋاچ، 1992:84) [3] .

ئىككىنچى، رىۋايەت ۋە بايانلار بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بولۇپ، بىر توپنىڭ قىممەت قارىشىغا، ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە بېۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن،

دۇنيا ئەدەبىياتشۇناسلىق، فولكلور تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم تۆتىدىغان روس فولكلورچىسى، "قۇرۇلمىق پوئېتىكا" ئىلمىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ۋىلادىمىر پروپ ئۆزىنىڭ "چۆچەك-رىۋايەتلەر مورفولوگىيىسى" ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ:"ئەمەلىيەتتە كىشلەرگە ئادەتتىكىچە تۇيۇلىدىغان بايانلاردا ، ھېكايىلەردە بىر كولېكتىپنىڭ ئېڭىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭقۇر قۇرۇلما يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ چوڭقۇر قۇرۇلما بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ تەسەۋۋۇردىكى مەھۇم كودلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ"(پروپ، 1968)[4]. ئۇيغۇر بوۋاينىڭ 50 نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزى ئۆسمۇرلۈك چېغىدا ئايرىلغان قەشقەرنى ئۇنتۇيالماسلىقى ۋە قەشقەر توپىسىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى ئەمەلىيەتتە بىر توپقا ئورتاق بولغان تەسەۋۋۇرنىڭ مەۋھۇم كودىنى ئەكس ئەتتۇرسە، بوۋاينىڭ ئۇ ھەقتىكى ھېكايىسى ئاڭلىغۇچىنىڭ قەلبىدىكى يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مەۋھۇم تۇيغۇلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرىدۇ. كانادالىق مەشھۇر ئەدەبىي تەنقىدچى، تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق ئەدەبىيات پەنلىرى پروفېسسورى نورسروپ فرايېر بولسا ئۆزىنىڭ1957-يىلى نەشىردىن چىققان "تەنقىد ئاناتومىيىسى" ناملىق مەشھۇر كىتابىدا: "باياندىن كېلىۋاتقان ئۇچۇر بىر جەمئىيەتنىڭ مەنىۋىي تەرتىپى ئۇچۇن بەكمۇ مۇھىم ، ئۇ بىر ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرىنى تەۋەلىك ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ، ئورتاق تەقدىرنى ئېسىگە سالىدۇ، ئۇلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ" دەپ يازىدۇ (فرايېر، 1957:43)[5].

ئۇيغۇر بوۋاينىڭ قەشقەر توپىسى ھەققىدىكى ھېكايىسى ئاددىي بولغىنى بىلەن ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى. ئاشۇ بايانىنىڭ تەسىرى بىلەن نيويوركتا، يات بىر زېمىندا نەپەس ئېلىۋاتقان ئۈچ ئۇيغۇر ئەللەيلەندى، ئۇلارنىڭ ئورتاق رىشتىسى بىر يەرگە كەلدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا شۇنى چۈشىنىش تەس ئەمەسكى ، قەشقەر توپىسى ھەققىدىكى ھېكايە بولسۇن، ياكى تۇمارىس رىۋايىتى بولسۇن، شىراق رىۋايىتى بولسۇن ۋە ياكى 'بوكوخان" رىۋايىتى بولسۇن، مەنىۋىي ھاياتىمىزدا بۇنداق رىۋايەت، ھېكايىلەرنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئۇلارنى قېزىشقا توغرا كېلىدۇ.شائىر بوغدا ئابدۇللا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋىي ھاياتىدا رىۋايەت -بايانلارنىڭ تۇتىدىغان رولى ھەققىدە "سالغا تېشى" ناملىق داستانىدا مۇنداق يازىدۇ:

مۇڭگۈزلەرنى مەشئەل قىلغان يۇرت،

رىۋايەتلىرى بىر ئالتۇن ئاچقۇچ.

ساقلانغان چىشلارنىڭ ئاراشلىرىدا،

يېگىلانغاندەك خىمېرتۇرۇچ[6].

بوۋاينىڭ قەشقەر توپىسى ھەققىدىكى ھېكايىسىنى ئاڭلىدىم؛ ئەمما، ۋاقتىم زىچ بولغىنى ئۈچۈن ئاشۇ توپىلارنىڭ ئۆزىنى كۆرەلمىدىم. ئۆيگە كەلگۈچە ئارلىقدا ۋەتەن ھەققىدە پاراڭ قىلىشىۋېتىپ تەتقىقاتچى ئاكىمىزدىن سورىدۇم:

-- ئەخەت تۇردىنىڭ "سەرسان روھ" ناملىق رومانىنى ئوقۇغانمىدىڭىز؟

- ياق دېدى، تەتقىقاتچى ئاكىمىز، - ئوقۇماپتىكەنمەن. نەدىن تاپقىلى بولىدۇ؟

-توردا ئاۋازلىق نۇسخىسى بار. مەن پات-پات ئاڭلايمەن. ئۇ روماندا تەسۋىرلىنىدىغان پادىچى بالىنىڭ پاراڭلىرىمۇ بايىقى تاغمىزنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى بايانلىرىدەك تەسىرلىك.

-- قانداق دەيسىز؟ئىسىڭىزدە بولسا ئېيتىسىڭىز، بىرگە ئاڭلىغان بوڭلساق بوپتىكەن.

مەن بىر دەم ئويلىنىپ تۇرۇۋېلىپ تېخى يېقىندىلا توردىكى ئاۋازلىق نۇسخىسىنى ئاڭلىغان "سەرسان روھ"رومانىدىكى پادىچى بالىنىڭ ئانا يۇرتىنىڭ، تۇپراقنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى ئېسىمدە قالغىنى بويىچە دەپ بەردىم:

- ئىسمىڭ نېمە؟

-قۇسەي.

-قەيەردە تۇرىسەن؟

- ئاۋۇ جىلغىنىڭ ئىچىدە.

- ئۇ يەردە قانچە ئائىلە بار؟

-بەش ئائىلە بار.

- ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسلەر؟

-چارۋا باقىمىز؛ ئانچە-مۇنچە تېرىقچىلىق قىلىمىز.

- ئۇ يەردە سۇ يوقمۇ؟

- يوق.

-سلەر نېمە ئىچسىلەر؟

-يامغۇر ياغقاندا يامغۇر سۈيىنى يىغۋالىمىز. سۈ تۈگىسە سىلەرگە ئوخشاش يولۇچىلاردىن سۇ سورايمىز.

-ئۇ يەردىن كۆچۈپ كەتسەڭلار بولمامدۇ؟

-ياق، كۆچمەيمىز. بۇ يەرنىڭ تاشلىرىنى باشقا يەرنىڭ ئۈنچە-مارجانلىرىغا تەڭ قىلمايمىز. چۈنكى، بۇ يەر بىزنىڭ يۇرتىمىز؛ ئىككى دۇنيالىق ۋەتىنىمىز. بۇ يەردە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆتكەن؛ بوۋامنىڭ، دادامنىڭ قەبرىسى مۇشۇ يەردە. ھەر قانچە قىيچىلىق بولسىمۇ ئۇلارنى تاشلاپ كەتمەيمىز [7].

## نەقىل مەنبەلىرى:


[1] تېئودور ئادورنو: "نابوت بولغان ھايات ھەققىدە ئويلىنىش"، ئىنگلىزچە 38-بەت.

Theodor Adorno. 1951. Reflections from Damaged Life. London: New Left Books

ئادورنونىڭ ئىستېمالپەرەسلىكنى ۋە مودا مەدەنىيەتنى تەنقىد قىلغان قاراشلىرى ئۈچۈن ئاپتورنىڭ "جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ؟"ناملىق كىتابىنىڭ 162-166بەتلىرىگە قارالسۇن.

[2] ئېدۋارد سايىد، "ئېدۋارد سايىد ئەسەرلىرىدىن تاللانما"——"سۈرگۈندىكى زىيالى: مۇساپىرچىلىق ۋە گىرۋەك"، 371-372-بەتلەر

,Edward Said. 2000. "the Edward Said Reader",pp372-273 Intellectual Exile: Expatriates and Marginals ". New York: Vintage Press"

ئېدۋارد سايىدنىڭ "شەرقچىلىق" ناملىق ئەسىرىدىكى ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرلەر ئۈچۈن ئاپتورنىڭ "جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ" ناملىق كىتابىنىڭ 286،285-بېتىگە قارالسۇن.

[3] مائۇرس خالبۋاچ، "كوللېكتىپ ئەسلىمە ھەققىدە"، ئىنگلىزچە نەشرى، 84-بەت.

University :Maurice Halbwachs. 1992. On Collective Memory. Chicago .of Chicago Press

[4]ۋىلادىمىر پروپ، "چۆچەك-رىۋايەتلەر مورفولوگىيىسى"، ئىنگلىزچە نەشرى.

:Vladimir Propp. 1968. The Morphology of the Folktale. Austin .University of Texas Press

[5] نورسروپ ڧېرايې، "تەنقىد ئاناتومىيىسى"، ئىنگلىزچە نەشرى، 43-بەت.

Northrop Frye، 1957، Anatomy of Criticism، Princeton: Princeton University Press.

[6] بوغدا ئابدۇللا، "سالغا تېشى" داستانى

[7] ئەخەت تۇردى، "سەرسان روھ" ئاۋازلىق نۇسخىسى

# 6- مەدەنىيلىششمۇ، ياتلىششمۇ؟

## يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

يوللىغۇچىدىن: ئۇيغۇرلارنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلانى مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقتىن ۋاقتسىز ئايرىلدۇق. ئۇنىڭ ۋاپاتى بىزنى چوڭقۇر ئازابلىدى، گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ بىزگە بەكمۇ كېرەكلىك ئادەم ئىدى؛ ئىمان-ئېتىقادلىق، تىز پۈكمەس، ئار-نومۇس تۇيغۇسى كۈچلۈك ئادەم ئىدى. چىرايىدىن ئۆلچەملىك بىر ئۇيغۇرنىڭ سىماسىنى، ياشاش ئۇسۇلىدىن بۇلغانمىغان ئۇيغۇرغا خاس مەردانىلىقنى، ئەسەرلىرىدىن خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن روھىي تىنىقىنى ھېس قىلالايتتۇق.

ئۇنى چوڭقۇر سېغىنىش، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇرلارپ ئوقۇش بىر مەيدان نومۇس ئىنقىلابى قوزغاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئىچىدە ھايات بىلەن نومۇسنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئەڭ چوڭقۇر ئويلانغان مۇھىم زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىرسى ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ «ھايات ۋە نومۇس»، «ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا»، «پەرزەنت تەربىيسى»، «بوۋام شۇنداق ئۆگەتكەن» قاتارلىك كىتابلىرىدا ئەكس ئەتكەندى. مەرھۇمنىڭ ھاياتى بىزنى نومۇس ۋە ھاياتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ؛ «باشقىلارغا ئايلىنىپ كېتىش ئۈچۈن زىيالى ۋە ئەمەلدار بولۇۋاتامدۇق؟ باشقىلارغا ئايلىنىپ كېتىش ئۈچۈن چەت ئەلگە چىقىۋاتامدۇق؟ ئىچ پۇشۇقى ئۈچۈن ئەسەر يېزىۋاتامدۇق؟ قەلەمنى سۈيئىستىمال قىلىۋاتامدۇق؟» دېگەن سوئاللارنى سوراشنىڭ زۆرۈرىيتى بارلىقنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ھەممىمىز نومۇس قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەمما، بىز نومۇسنى ئۇنتۇپ قالدۇق. بىز يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنى ئەسلەش بىلەن تەڭ ئۆزىمىزنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىمىزغا، نېمىلەرنى قىلىۋاتقىنىمىزغا، قايسى ئىمكانىيەتلەرنى ئېيتىۋاتقانلىقىمىزغا، بالىلىرىمىزغا ئىزىمىزدىن قانداق تىكەن ئۈندۈرۈۋاتقانلىقىمىزغا قايتا زەن سېلىپ قارىشىمىز، ئويلىنىشىمىز كېرەك.

تۈركلەر «مىڭ نەسىھەتتىن بىر مۇسىبەت ئەلا»دېيىشىدۇ. مەن تالاي قېتىملاپ نەقىل ئالغان بۇ گەپتە

چوڭقۇر ھېكمەت بار. بارغانچە ئۇنتۇغاق، بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان بولۇپ كېتىۋاتىمىز. بۇ ھال بىر قىسىم مەتبۇئاتلىرىمىزدىمۇ ، بىر قىسىم مۇنبەرلەردىمۇ ئەكس ئېتىۋاتىدۇ. مۇنبەرلەردە خېلى كۆپ قىسىم تورداشلار قانچىلىك پىشمىغان بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ئۆزىنىڭلا تېمىسىنى يوللاشنى ئويلايدۇ . ئەرزىمەس، پۇچەك يازمىلار مۇناسىۋەت يولى بىلەن ۋە ھەر خىل يوللار بىلەن بىلەن ئۇن-سىنغا ئېلىنماقتا. ئەسلى ئېسىل ئۆتكەن پېشقەدەملەرنىڭ ياخشى ئەسەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ ئەسەرلىرى ئۇن-سىنگە ئېلىنىپ ئوقۇلۇشى، مۇھاكىمە قىلىنىشى، تېخىمۇ جىق ئادەم تەرىپىدىن ئوقۇپ قەدىرلەپ ساقلىنىشى كېرەك كېرەك ئىدى. ئۇنداق بولمىدى. ھېلىھەم بولسا كېچىكمەيمىز .

ئاشۇ ئوينىڭ تۆرتكىسىدە بۇ ماقالىنى تورغا يوللىدىم. بولسا ئاۋازى ياخشى، ئۇن-سىن شارائىتى يار بېرىدىغان قېرىنداشلارنىڭ بۇ ماقالىنى ئوقۇپ لىنتىغا ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەرھۇمنىڭ بۇ ماقالىسى قانۇنلۇق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ھازىرقى پالاكەت-پېشكەلچىلىكلىرىمىزنىڭ چوڭقۇر يىلتىزىغا ئۇيغۇر تەپەككۇر ئەندىزىسىدىن چىقىپ دىئاگنوز قويغان ئېسىل ماقالىلەرنىڭ بىرى. ماقالىنى ئوقۇيلى، مۇھاكىمە قىلايلى. بۇ مەرھۇمنى ئەسلەشنىڭ يەنە بىر ياخشى شەكلى .

يار مۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ھەققىدە قانچە جىق مەرسىيلەر، قانچە جىق ئەسلىمىلەر يېزىلسا شۇنچە ياخشى. چۈنكى، بىزنىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆگىنىدىغانلىرىمىز بەك كۆپ . مەرھۇمنىڭ ھاياتى ۋە ۋاپاتى بىز ئۈچۈن بىر دەرسلىك.
مەرھۇمنىڭ قىممىتى يىللار ئۆتۈپ تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ .

توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھەممىمىز كۆز ئالدىمىزىكى رېئاللىقتا بىر سەپتە، بىر خىل مۇھىتتا ياشاۋاتىمىز. كۆز ئالدىمىزدىكى ھايات مەنزىرىسى نەزىرىمىزدىن يىراق ئەمەس. بىراق بۇ ئەمەلىيەتكە بەزىلەر دىققەت قىلغان، بەزىلەر تازا دىققەت قىلالمىغان، بەزىلەر ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئىچىگە تىنىشقان، بەزىلەر پەرۋاسىزلىق بىلەن كۆزىنى يۇمۇشقان. بەزىلەر كۆزىنىڭ ئىنكاسىنى جۈرئەتلىك ئوتتۇرىغا قويىۋاتىدۇ، ئەپسۇسكى نۇرغۇنلىرىمىز ئۈچۈن بەزى ۋايساشلار ئەخمەقلىق بولۇپ تۇيۇلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىر ئەمەسكى ھازىرقى رېئاللىق، تەرەققىيات، چېكىنىش، مەدەنىيلىشىش ۋە ياتلىشىش توغرىسىدا خېلى كۆپ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بۇ توغرا تەۋسىيلەر بىزگە رېئاكسىيە بېرىۋاتامدۇ قانداق؟ ئەيتاۋۇر نۇرغۇن ئىشلار تېخىمۇ ئەدەپ كەتكىلى تۇردى. بىر ئۇلۇغ زاتتىن: «تەكەببۇرلۇق نىمە؟» دەپ سورىسا، «ھەق سۆزنى تەن ئالماسلىق ۋە باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. ئۇنداقتا بىزگە مەسلىھەت، ھەق تەۋسىيلەرنىڭ تەسىر قىلمايۋاتقانلىقى

بىزدىكى بىمەنە تەكەببۇرلۇقمۇ ياكى ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىكمۇ؟

مەن يەنە ئەنئەنە، مەدەنىيلىشىش، ياتلىشىش ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىپ قېلىۋاتىمەن. بۇنىڭدىن مەقسەت كۆزىمىزدىن ياتلىشىپ مىللىي خاسلىقىمىزنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرىۋاتقان بىر قىسىم ئەھۋاللار، ياخشى ئەنئەنىمىزدىن يىراقلاپ كەتكەن بەزى ئېزىقىشلار ئارقىلىق ئۆزىمىز ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىش ئۈچۈن ئەينەك كۆتۈرۈش. ئۇقمايمەن، قارىغۇنىڭ شەھرىدە ئەينەك كۆتۈرۈپ ماڭسا خورلۇققا قالغاندەك، بەزىلەرنىڭ قاراڭغۇ قەلب ئۆڭكۈرىگە ئەينەك كۆتۈرۈپ كىرىمەن دەپ، ناكەسلەرنىڭ قارغىشىغا ئۇچرارمەنمۇ؟

»ياتلىشىش»نىڭ لۇغەت مەنىسىدىن قارىغاندا، بىر خىل نەرسىدىن ئىككىنچى خىل نەرسىگە ئۆزگىرىپ كېتىش، ئەكسىگە قايتىش مەنىسىنى بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن يىراقلىشىش، ئايرىلىش دېگەننىڭ ئوخشاش مەنىلەرنى بېرىدۇ. ھازىرقى دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ ياتلىششى توغرىسىدا مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزى توغرىسىدا ئىزدىنىشى ئۈچۈن يوچۇق ئېچىشقا تىرىشىۋاتىمىز. ياتلىشىش كۆپ تەرەپلىملىك مەزمۇنلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان. مەسىلەن: ئاڭنىڭ ياتلىششى، بۇنى گېگىل:«ئاڭ ئۆزىنىڭ پائالىيىتى جەريانىدا ئۆزىنى ياتلاشتۇرۇپ، ئىككىنچى بىر خىل ئوبيېكتقا ئايلىنىدۇ» دەپ قارىغان. ئەمگەكنىڭ ياتلىششى توغرىسىدا ماركس ئالدى بىلەن ئەمگەكچىنىڭ ۋە ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ياتلىششى مەسىلىسىدە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان نەرسە بولماستىن، بەلكى ئەمگەكچىلەر ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. يەنە بىر نۇقتىدىن، ئەمگەك جەريانىنىڭ ياتلىششى مەسىلىسىدە ئەمگەك ئەمگەكچىلەر ئۈچۈن مەجبۇرىيەت ۋە بېسىمغا ئايلىنىپ قالغان. ئەمگەكچىلەر ئەمگەك جەريانىدا خۇشاللىق ۋە ئازادىلىك ھېس قىلماستىن، ئەمگەكتىن بىزارلىق ھېس قىلىدىغان روھىي ھالەت. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئادەم ماھىيىتىنىڭ ياتلىششى، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياتلىششى، مەدەنىيەتنىڭ ياتلىششى، ئېتىقادنىڭ ياتلىششى، جىنسىي ياتلىشىش قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ياتلىششنىڭ بىرقانچە تەرىپى بولىدىكەن. بىرى، پاكلىنىش ۋە تەرەققىيات خۇسۇسىدىكى يېڭىلىنىش، يەنە بىرى، بۇلغىنىش خاراكتېرىدىكى ئۆز- ئۆزىنى دەپنە قىلىش. يېڭىلىنىش ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن بولىدۇ، بىرى كونا، قالاق، قاتمال، مەنىۋى زەئىپلىك قاتارلىق مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلىنىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىللەتلەردىن پاكلىنىش بىلەن مىللەتنىڭ شان- شەرىپىگە، مەۋجۇتلۇقىغا، تەرەققىياتىغا، كەلگۈسى ئىستىقبالىغا تۆرتكە بولىدىغان ئىلغار ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى زامانىنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش،

هاياتىي كۆچىنى ئاشۇرۇش، ئىلغار ئىدىيە، ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنى، پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان بىر خىل يۈزلىنىش، ئاللىبۇرۇن باشقىلار سۈپۈرۈپ تاشلىۋەتكەن ئەخلەت- چاۋالارنى قوبۇل قىلىۋېلىپ ئۆزىنى بۇلغاش. بىزدە ھازىر ئىلغار ئەنئەنىلىرىمىزنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاز، قالاق، قاتمال، چۈشكۈن، خۇراپىي ئەنئەنىنى جاھىللىق بىلەن ساقلاش كۆپرەك. چەت ئەلنىڭ ئىلغار قىممەتلىك ئىچىنى، مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى قوبۇل قىلىش ئازراق، ئۇلار ئاللىقاچان چۆرۈپ تاشلىۋەتكەن ئەخلەتلىرىنى، تۈكۈرۈۋەتكەن تۈكۈرۈكلىرىنى قوبۇل قىلىۋېلىپ، مىللىتىمىزنىڭ مىللىي روھىنى، مىللىي ئەنئەنىسىنى بۇلغاش، مىللىي خاسلىقىمىزنى بارا- بارا دەپنە قىلىش كۆپرەك بولۇۋاتىدۇ .

مەدەنىيلىشىش بىلەن تەرەققىيات تۇرمۇشقا يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. بىراق، ئۇ ھەرگىز ئەنئەنىنى چەتكە قېقىش ئارقىلىق ئىپادىلەنمەيدۇ. بەلكى قالاق ئەنئەنىلەردىن يۈرەكلىك ۋاز كېچىش، ئىلغار ئەنئەنىلەرنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەنئەنىدىن ۋاز كېچىش تەرەققىي قىلىش ئەمەس، بەلكى بارا- بارا ئۆزىنى ئۇنتۇتۇرۇش بىلەن باراۋەر. ياخشى ئەنئەنىدىن ۋاز كەچكەن مىللەت چوقۇم يامان تەقدىرنىڭ قولىغا تۇتۇلىدۇ .

ئۇيغۇر خەلقى مۇكەممەل، گۈزەل ۋە پارلاق ئەنئەنىگە ئىگە مىللەت. بۇ ئەنئەنە ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەت قارىشى، ئېتىقادى، ئېستېتىك ئېڭى، تۇرمۇش ئادىتى، تارىخىي تەرەققىياتى، مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقادى ئارىسىدا بارا- بارا مۇكەممەللىشىپ، بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم كاتېگورىيىگە ئايلانغان. ئۇيغۇر خەلقى شۇنى چۈشىنەتتىكى، ئەنئەنىدىن ئايرىلغان مىللەت مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتتى. ئەنئەنىدىن ئايرىلغان مىللەت قېپىالىڭاچ قۇرۇق گەۋدىگە ئايلانغان تىرىك جەسەتكە ئوخشايتتى .

ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خەلقىنىڭ ئورتاق بىر ساداسى شۇكى، ھازىرقى خېلى كۆپلىگەن ياشلاردا غەرب مەدەنىيىتىگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇش خاھىشى بىر خىل ئومۇمىيلىققا ئايلانماقتا. بۇنداق ياتلىشىش يالغۇز ئىدېئولوگىيە جەھەتتىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى مىللىي ئەنئەنە، مىللىي ئۆرپ- ئادەت، مىللىي قىممەت قارىشىغا جەڭ ئېلان قىلىش ئارقىلىقمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ھەتتا بىر شۇنداق ھادىسىلەرنى بايقىدۇقكى، جىنسىي ئەركىنلىك تەشەببۇسلىرىمۇ بىر قىسىم نادان ياشلىرىمىزنى سېھرى جادۇسىنىڭ تەسىر تورىغا چۈشۈرۈۋېلىشتىن باش تارتمايۋاتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتە ئەخلاقىي جەھەتتىكى ئىجتىمائىي كونتروللۇقنىڭ تىزگىنىدىن بوشىنىشقا ئۇرۇنۇپ تىپىرلاۋاتىدۇ. ھايانىڭ ئورنىنى ھاياسىزلىق ئىگەللىگىلى تۇردى. مەن ئۇيغۇرلاردىكى ياتلىشىشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى

سۈپىتىدە مۇنداق بىر قانچە تىپىك ئەھۋالنى مىسال قىلىپ بېرەي :

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ- ئادىتىدە توي- تۆكۈن، ئۆلۈم- يېتىم ئىشلىرى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بىراق ھازىر ئەڭ ياخشى، گۈزەل ۋە ھايا ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىلغار ئەنئەنىمىزنىڭ ئورنىغا ئۆزىمىزگە قەتئىي مۇناسىپ كەلمەيدىغان يات بىر ئادەتلەر دەسسۋالدى .

ئۇيغۇرلاردا باللارنىڭ سۈننەت تويى بىر بالىنىڭ يەتتە ياشقا كىرىپ، جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت ھاياتىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش باسقۇچىنى تەبرىكلەش، شۇنداقلا بۇ بالىنىڭ سۈننىتىنى قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىسىنى ئىپادىلەش مۇراسىمى. بۇ تويدا قازان ئېسىپ يۇرتقا ئاش بېرىش ئارقىلىق باللارنىڭ بەخت- سائادەتلىك، يارامىلىق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق، ھازىر ئاتا- ئانىلارنىڭ قۇرۇق سۆلەتۋازلىقى بىلەن بۇ مەسۇم باللارنىڭ بەخت- ئىقبالى توغرىسىدىكى تىلەكلەر رېستوراندىكى ھاراق- شاراب، مەستلىك- نەسلىك، قالايمىقان كۈلكە- چاقچاق ئىچىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتتى .

بىر قېتىم مەن بىر زۆرۈرىيەت بىلەن مەلۇم بىر رېستورانغا باردىم. بۇ يەردە بىر بالىنىڭ سۈننەت تويى ئۆتكۈزۈلىۋاتقانىكەن. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، رىياسەتچى بىلەن توي ئىگىسى سەھنىگە چىقىپ تويىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىدىغان چاغدا ئۇ ھەر ئىككىسى قولىدا لىق مەي تولدۇرۇلغان رومكىلارنى تۇتۇشۇپ ئاجايىپ دەبدەبە، ھەيۋەت بىلەن بالىنىڭ بەخت ئىقبالىنى ۋە ئىستىقبالىنى تىلەشتى. بىر مىللەتكە نىسبەتەن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياتلىشىش بولامدۇ؟

بۇرۇنقى قىز- يىگىت تويىدا ئاۋۋال قىزنى يۆتكەپ كېلىپ، ئىككى ياش بىر ياستۇققا باش قويغاندىن كېيىن، ئەتىسى ئىككى ياشنىڭ بىرىنچى كېچىنى ياخشى، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزگەنلىك شەرپىگە ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە توي بېرىلەتتى. ئەتىسى قىزنىڭ يۈزى ئېچىلغانلىقى ئۈچۈن سىمۋوللۇق ھالدا يۈز ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاندىن قىز كىشىلەرگە يۈزىنى كۆرسىتەتتى. ئەگەر ئالمادىس قىزدا مەسىلە كۆرۈلۈپ قالغان بولسا، ئەتىسى قازان ئېسىلمايتتى. بۇ ئەنئەنە ئىنتايىن قائىدىلىك، تەرتىپلىك، ئەھمىيەتلىك ئىدى. ھازىر بۇنىڭ پۈتۈنلەي تەتۈرىسىچە، قىزنى ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن يۆتكەپ كېلىپ، ئاۋۋال كوچا- كوچىلارنى سازايى قىلدۇرىمىز، ئاندىن رېستورانغا ئېلىپ بېرىپ ئۇسسۇلغا، تانسىغا سالىمىز، ئاندىن تېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىمىز. بۇ ھازىر قىزلارنىڭ يۈزى توي قىلىشتىن بۇرۇن ئېچىلىپ بولغانلىقىنىڭ سىمۋولىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر يوشۇرۇن پاجىئەمۇ بار. ئوغۇلغا توي شادلىقى دەپ كۆپلەپ ھاراق ئىچۈرۈلىدۇ، نەتىجىدە ئۇ بىرى قىزنىڭ ھەققىي پاك ياكى پاك ئەمەسلىكىنى بىلىش، ھېس قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قېلىنىۋاتىدۇ.

يەنە بىرى، ئەگەر شۇ مەسىلىدە بالا بولۇپ قالسا، ئۇ بالا چوقۇم مۇكەممەل ئادەم بولۇش ساالاھىيىتىنى ھازىرلىمىغان بولىدۇ. بۇنى پۈتكۈل جەمئىيەت ناھايىتى چوڭقۇر ئويلىنىشى كېرەككۇ، دەيمەن .

ئۈچىنچى بىر تىپىك مىسال، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك، تارىخىي ۋە رېئاللىقنى قىممەتكە ئىگە بىر بايرىمىمىز بار. ئۇ بولسىمۇ نورۇز بايرىمى. نورۇز بايرىمى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. نورۇز بايرىمىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى قىممىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىقتىسادىي قىممىتىمۇ خېلى ئەھمىيەتلىك ئىدى. بىراق، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە نورۇز بايرىمىغا كۆڭۈل بۆلۈش بىزدە ناھايىتىمۇ زەئىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. پەقەت نورۇز كېچىسى تېلېۋىزوردا بېرىلگەن نورۇز بايرىمى سەنئەت كېچىلىكى بىزنىڭ بىردىنبىر تەبرىكلەش پائالىيىتىمىز بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كالېندارى بويىچە 3- ئاينىڭ 21- كۈنى كۈن بىلەن تۈن تەڭ بولىدۇ. شىنجاڭدا باھار باشلىنىدۇ. يەر- زېمىن تەۋرەيدۇ، قۇرت- قوڭغۇزلارمۇ ئۇيقۇدىن ئويغىنىدۇ، ئەتىيازلىق تېرىقچىلىق باشلىنىپ كېتىدۇ. يېڭى بىر يىلدىكى مول- ھوسۇل ئۈچۈن ئاساس سېلىنىدۇ. بۇ خۇشاللىقنى تەبرىكلەپ يېزا- يېزىلاردا ئاجايىپ مول مەزمۇنلۇق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى يېڭى- يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىدۇ .

بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدىكى، ئەنئەنىسىدىكى ھەرقانداق ئۆرپ- ئادەت ۋە ئەنئەنە ھەرگىزمۇ بىكاردىن- بىكار ئىچ پۇشۇقى ئۈچۈنلا يارىتىلغان ئەمەس. ئۇ شۇ مىللەتنىڭ پۈتكۈل ھايات تارىخى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن. بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى شۇ مىللەتنى تەشكىل قىلغان ئومۇمىي جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە ياشاش ئادەتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ گۈزەل ۋە قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىمىز كېيىنكى تەرەققىياتىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئۇل. ئۇ ھەم ئۆزىمىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، ھەتتا ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. قىممەتلىك نەرسىلەر ھەرگىز كونىرىمايدۇ. ئەنئەنىدىن ئۇنىڭ كونا بولغانلىقى ئۈچۈنلا ۋاز كەچكىلى بولمايدۇ ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق دەپ قارىساق ۋەتەنمۇ بىز ئۈچۈن كونا، ئۇنىڭدىنمۇ ۋاز كېچىش كېرەكمۇ؟ مىللىتىمىزنى كونىتى دەپ ئۇنتۇپ كېتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلامدۇ؟

ئومۇمەن، بىزدە ياتلىششى ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ تەرەققىي قىلىپ كەتكەنلىكىمىزدىن، ئەنئەنىمىزنىڭ تەرەققىيات يولىمىزدا پۇتلىكاشاڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ بىر تەرەپتىن بىزدىكى ئەنئەنىنى سۆيۈش، ئەنئەنىنى قەدىرلەش ئاڭلىقلىقىمىزنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن بىزنىڭ نادانلىقىمىزنى، گۈزەللىكنى ۋە ھەقىقىي قىممەتنى تونۇمىغانلىقىمىزنى، ئۆزىمىزنى قەدىرلەش ئىقتىدارىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۈچىنچى تەرەپتىن، ئاتا- ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ يېتەكچىلىك، يادرولۇق رولىنى يوقىتىپ

قويغان، ئەنئەنە تەربىيىسىگە تازا كۆڭۈل بۆلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى ياشلاردا مىللىي روھ ئاجىزلاشقان، ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى قەدىرلەش يېتەرلىك بولمىغان، باشقىلارغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز كەمستىش خاھىشى باش كۆتۈرگەن. ئۇلارغا نەسىھەت قىلسا، بۇلار زامان ئۆزگەردى، دەۋر ئۆزگەردى، ھازىرقى زامان سىلەرنىڭ دەۋرىڭلارغا ئوخشىمايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنداقتا زامان ئۆزگەرسە، دەۋر ئۆزگەرسە مىللەتمۇ ئۆزىنىڭ ئىلغار، قىممەتلىك ئەنئەنىسىدىن ئايىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلامدۇ؟ دەۋر تەرەققىي قىلسا، نادان، مەدەنىيەتسىز مىللەت ئۈچۈن ئۆزىدىن ياتلىشىش، ئۆزىدىن ۋاز كېچىش لازىم بولامدۇ؟ پەقەت روھىي جەھەتتىن زەئىپلەشكەن كىشىلەرلا ئاشۇنداق ئايىنىش، ئۆزىنى ئۇنتۇش، قارىغۇلارچە باشقىلارغا چوقۇنۇشنى تەرەققىياتقا يۈزلىنىش دەپ قارايدۇ. ئۆزگە بولغان ئىشەنچ، مىللەتكە بولغان يۈكسەك ھۆرمەت، ئۆزگە بولغان مۇھەببەت پارلىغان جۇشقۇن روھلۇق ياشلار روھىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى ئىزدەش، ئۆزىنى قايتىدىن قۇرۇش، ئەنئەنىنى زامانغا يارىشا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇكى، ھەرگىزمۇ مىللەتنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسىگە ئاسىيلىق قىلمايدۇ. نادان، ھاماقەت، ئازغۇن كىشىلەرلا ياتلىشىش، ئايىنىشنى ئەنئەنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دەپ چۈشەندۈرىدۇ، مەنىۋى جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈكنى ئەركىنلىش دەپ چۈشىنىدۇ.

## ھەقىقەتمۇ كونىرامدۇ؟

مەن كىتاب ئوقۇش ھاياتىمدا ئەڭ چوڭ تەسىرگە ئۇچرىغان ئەسەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق پەلسەپىۋى ئەسىرى. مەن بۇ ئەسەرنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مەنىۋى مەكتەپ بولدى، دەپ قارىسام ناھايىتى مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى مۇقەررەر. چۈنكى، مەن بۇ كىتاب ئارقىلىق دۇنيا قاراش جەھەتتە بەلگىلىك ئۆزگىرىش ياسىدىم. ئۆزۈمگە بولغان تونۇشنى، ئۆزۈمگە قويغان تەلەپنى يېڭىلىدىم؛ ھاياتنىڭ مەنىسىنى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قىممىتىنى باشقىدىن ھېس قىلىشقا باشلىدىم. بىر ئالىم «قۇتادغۇبىلىك»نى ناھايىتى نۇرغۇن كوچىلاردىن تۈزۈلگەن بىر ياسداق شەھەرگە ئوخشىتىپ، «تېخى بىرەر ئادەممۇ بۇ شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىنى سەير قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى» دېگەن ئىدى. ھەقىقەتەن مەن ھەر قېتىم بۇ ئەسەرنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا يېڭى- يېڭى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولىمەن. ئەڭ مۇھىمى مەندە ئاجايىپ بىر ھەيرانلىق ۋە يەنە بىر چۈشىنەلمەسلىك بار.

ھەيرانلىقىم شۇكى، «قۇتادغۇبىلىك»تىكى بىلىش چوڭقۇرلۇقى ۋە چۈشەنچىنىڭ كەڭلىكى بىلەن بىللە ئۇ ئەسەرنىڭ 11- ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارلىققا كەلگەنلىكىگە بولغان ھەيرانلىق. ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەلسەپىۋى مەسىلەر، ھاكىمىيەت مەسىلىلىرى ۋە تۇرمۇشنىڭ كونكرېت

هالقىلىرىغىچە بولغان بارلىق ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەرگە بولغان چۈشەنچە ئىنتايىن ئىلغار. گەرچە ئالىم 11- ئەسىردىكى فېئودال مۇھىتتا، دىنىي ئىدېئولوگىيە ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھاكىمىيەت، قانۇن ھەققىدىكى تەشەببۇسلار ياۋروپادا شۇنىڭدىن بەش ئەسىر كېيىن تەشەببۇس قىلىنغانىدى. ئەسەردە ئالغا سۈرۈلگەن تۈرمۇش قانۇنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يەكۈنلەر بۈگۈنمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ، ئومۇمەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنىڭ ھاياتىي قىممىتىگە چەكسىز ئىشەنگەن. ئۇنى «بۇ دۇنيانى ئىزدىسەڭمۇ يول مۇشۇ، ئۇ دۇنيانى تىلىسەڭمۇ يول شۇ»، «ھەرگىز يولۇڭدىن ئازماي ئۇشبۇ يول بىلەن ماڭغايسەن. بۇ مەندىن ساڭا مىراس قالغان سۆز، ھەرقانچە ئالتۇن- كۈمۈشمۇ بۇ سۆزلىرىمنىڭ قىممىتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئالتۇننى خەجلىسەڭ تۈگەيدۇ، ئەمما مېنىڭ بۇ سۆزلىرىم ساڭا مەڭگۈ ئەسقاتىدۇ» دېگەن. ھەيرانلىقىمنى تېخىمۇ ئۇلغايتقان يەنە بىر نەرسە - 11- ئەسىردە يۈسۈپ خاس ھاجىپلا ئەمەس، بەلكى مەھمۇد قەشقەرى، ئىماندىن قەشقەرى قاتارلىقلارغا ئوخشاش بۈيۈك تىلشۇناسلار ۋە تارىخچىلار بارلىققا كەلگەن. «قۇتادغۇبىلىك»تىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، قاراخانىلار دەۋرىدە تەبىئىي پەنمۇ ئاجايىپ زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن. مانا شۇنداق ئۇلۇغ ئالىملارنى ۋە نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن شۇ چاغدىكى ئىلمىي مۇھىت، شۇ چاغدىكى مائارىپ كېيىن نەگە كەتكەن بولغىيتتى؟

شۇنداق، «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللاردىۋانى» ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ ئىلغار ھالقىسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار 21- ئەسىردە ياشاۋاتقان ئەۋلادلىرىغا دائىملىق ئۇستاز بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن بىر ئۆمۈرلۈك تەتقىقات نىشانىم قىلىپ «قۇتادغۇبىلىك»نى تاللىۋالغانىدىم. ئۇنى جەمئىيەتكە تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭدىكى قىممەتلىك مەنالاردىن، ئۇلۇغۋار مەزمۇن ۋە تەۋسىيەلەردىن خەلقىمنى بەھرىمەن قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىر خىل پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى ئويغىتاي دېگەن بىر نىيەتتە مەن. بۇنداق بولۇشتا يەنە ماڭا تەسىر قىلغان مۇھىم بىر ئىش «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەزمىي يەشمىسى نەشر قىلىنىپ، بىزدىن ئەسىرلەپ جۇدا بولۇپ تۇرغان بۇ ئەسەر قايتىدىن يورۇقلۇققا چىقتى. ئەسلىدە ھەربىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدە بىردىن تەۋەررۈك قىلىنىپ ساقلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى ئىش ئۇنداق بولمىدى. ئۆز ۋاقتىدا خەلقىمىز بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ياخشى ھېس قىلالمىدى. يەنە بىر جەھەتتە نەزمىي بولغانلىقى ئۈچۈن بەدىئىي تەربىيىلىنىشى تۆۋەن ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى يېتەرلىك بولمىغان كىشىلەر بۇ ئەسەردىن ئۈنۈملۈك مەنپەئەت ئالالمىدى. گەرچە خېلى كۆپ كىشىلەر كىتابنى قەدىرلەپ ئېلىپ قويغان بولسىمۇ، تاكى ھازىرغىچە ئوقۇپ باقمىغان زىيالىيلار ناھايىتى كۆپ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بېسىلغان كىتاب سانى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئاخىر باھاسى چۈشۈرۈلۈپ سېتىلدى. تاكى يېقىنقى يىللارغىچە شۇنداق بولدى .

مەن ساۋاتلىق دەپ قارىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»نى بىر ئوقۇپ چىقىشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتىم. ھازىرغىچە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا بارلىققا كەلگەن بىرەر ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»تەك كۆپ تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىمىغان. مەخسۇس مۇشۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن تۆت نۆۋەت مەملىكەتلىك ئىلمىي تەتقىقات يىغىنى چاقىرىلدى. بىر نۆۋەت خەلقئارالىق يىغىن چاقىرىلدى. مەخسۇس كىتابلاردىن ئون نەچچە پارچە، ئىلمىي ماقالىدىن نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ پارچە ماقالە يېزىلدى. تېلېۋىزور، گېزىت- ژۇرناللارنىڭ سەھىپىلىرىدە بۇ ئەسەرلەردىن ئۈزۈندىلەر بېرىلىپ تۇردى. شۇنداق كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقاتنىڭ تەسىرى بىلەن بولسا كېرەك، ئەسەر نەشر قىلىنغان 1984- يىلدىن 1998- يىلغىچە بولغان ئون تۆت يىلدىن كېيىن بەزى كىشىلەردە «قۇتادغۇبىلىك»كە بولغان قىزغىنلىق قوزغالدى. بۇ ۋاقىتتا كىتابنىڭ باھاسى ئون ھەسسە ئېشىپ يۈز يۈەندىن سېتىلدى .

بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ باھا ۋە چۈشەنچىسى بويىچە كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىدىغان كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇنىڭ ئەڭ تىپىكلىرى مۇنۇ مەزمۇندا: «بىز قاچانغىچە بۇ ئىككى كونا چاپاننى («قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى دېمەكچى) كىيىۋېرىمىز»، «ئىككى كىتابنى تەكىي قىلىپ ياتامدۇق» دېگەندىن ئىبارەت. ھەتتا ماڭمۇ «كونا چاپان» لەقىمى سىڭىپ قالغىلى ئاز قالغانىدى. ھەتتا ئۆزىنى ئەڭ كاتتا چاغلايدىغان بەزى شائىرلار ئوچۇق- ئاشكارا پۈتۈن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئىنكار قىلىشقان. ئۇنىڭدا بىز ئۈچۈن لازىملىق ھېچ نەرسە يوق دەپ قارىغان .

مېنى تېخىمۇ ئەپسۇسلاندۇرغان يەنە بىر تىپىك ئەھۋالمۇ بار. بىر كۈنى بىرقانچە كىشىلەر بىلەن بىر سورۇندا سۆھبەتتە بولۇپ قالدۇق. بۇ سورۇندا يۈسۈپ خاس ھاجىپ توغرىسىدا پاراڭ بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئوقۇتقۇچىسى ئەسكى تامدىن مۈشت چىققاندەكلا: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ دېگەن كىم؟ ئۇ نەلىك ئادەم؟» دەپ سوراپ قالدى. بىز ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، «سېنىڭ يۇرتلۇقۇڭ» دەپ جاۋاب بەردۇق. ئۇ يەنە ئۇلاپلا «قەيەردە ئىشلەيدىغان ئادەم ئۇ؟» دېمەسمۇ، سورۇندىكىلەر بىر- بىرىمىزگە ئەجەپلىنىپ قاراشتۇق. ئۇ چاقچاق قىلمايۋاتاتتى، راستىنلا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىكەن. مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى ئەپسۇسلىنىش ۋە ئۈمىدسىزلىنىش ئىگىلىگەن ئىدى ..

–ئەي سادىغاڭ كېتەي بۇرادەر، ئىنساپ قىل، سەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كىملىكىنى بىلمەي، قانداقمۇ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىم بار دەپ قارايسەن،- دېدىم .

–بىرەر ئادەمنى بىلمىگەنگە نېمە بوپتۇ، سەن بىلمەيدىغان ئادەملەرمۇ كۆپتۇ،- دەپ تېرىكتى ئۇ .

–توغرا، بىز بىلمەيدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ، بىراق بىز ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ ئۇلۇغ ئالىمىمىزنى بىلمىسەك تولىمۇ نومۇسسىزلىق بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپقىمۇ يۈز كېلەلمەيمىز،-

دېدىم .

مەن كېيىن بۇ ھەقتە مەخسۇس تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندىم. مەلۇم بولدىكى 90 پىرسەنت ئوقۇتقۇچى «قۇتادغۇبىلىك»نى ئوقۇپ باقماپتۇ. 100 پىرسەنت ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تېخىمۇ يىراق ئىكەن. ھەتتا دەرسلىك مەزمۇنىدا «قۇتادغۇبىلىك»نى ئوقۇپ كېلىش تەلىپىنى قويماپتۇ. بۇنىڭدا يەنىلا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ناھايىتى چوڭ. بىرەر چەت ئەللىك بىرەر ئوقۇغۇچىدىن «سىز قۇتادغۇبىلىك»نى ئوقۇپ باققانمۇ؟ دەپ سوراپ قالسا نېمە دەپ جاۋاب بەرگۈلۈك .

بىز تەكىتلەۋاتقان ساپا مائارىپى بويىچە ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ ساپاسى ۋە ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسىنى نېمىگە ئاساسەن ئۆلچەيمىز؟ بىز كىتاب ئوقۇمدۇق، قانداق كىتابلارنى ئوقۇيمىز، پەقەت مۇھەببەت كىتابلىرىلا بىزگە ھەقىقي ساپا ئاتا قىلالارمۇ؟ «كونا چاپان» دەپ قاراۋاتقان بۇ ئىككى ئەڭگۈشتەرنى قاچان كىيىپ باقتۇق؟ ئۇنى كىيىپ باقماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ كونا- يېڭىلىقىنى، ئۆزىمىزگە مۇناسىپ كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقىنى قانداق ھېس قىلالايمىز؟ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇن پۈتۈنلەي ھايات ھەقىقەتى ۋە قانۇنىيىتىنىڭ يەكۈنلىنىشى. ھەقىقەتنىڭ كونىرىغىنىنى نەدە ئاڭلىغان؟ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ غالىپلىقىنىڭ نەمۇنىسى، ئۇلارچە بولغاندا، تىلىمىزنى كونىرىدى، دەپ تاشلىۋېتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلامدۇ؟

ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا ناھايىتى نازۇك بىر تاللاش تۇرۇپتۇ. تارىخنىڭ بۇ ئاچىلىدا بىر قەدەمنى خاتا باسساق تارىخ چاقى مجىپ يانچىيدۇ. بىلىش كېرەككى، ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىكى بار: بىرى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئاجايىپ جۇشقۇن، قايناق ۋە رەھىمسىز بازار. يەنە بىرى ئەڭ جىددىي ۋە دەھشەتلىك بەيگە مەيدانى. بازارمۇ نابابلىرىنى شاللىۋېتىدۇ. بەيگىمۇ چىدامسىز، غەيرەتسىز، قابىلىيەتسىزلىرىنى چاڭ- توزان ئارىسىدا قالدۇرىدۇ. چۈنكى تارىخ رەھىمسىز، ئۇ ھەرگىزمۇ كەينىگە قاراپ ساقلاپ تۇرمايدۇ. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق دەھشەتلىك رىقابىتىگە كەڭرى يول ئېچىپ بېرىپ، بۇ رىقابەت خاسىيىتىدىن كەشىپ قىلىنغان رەڭگارەڭ مۆجىزاتلار بىلەن ئۆزىنى ياساندۇرغان بولسا، يەنە شۇ رىقابەت «تىغ»لىرىدىن تۆكۈلگەن دەريا- دەريا قانلار بىلەن ئۆزىنى يۇيۇپ پاكلىماقچى بولىدۇ. مەلۇم مەنىدە بۇ تارىخنىڭ گۇناھى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شان- شەرىپى ۋە ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز يېڭىلىشى ھېسابلىنىدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىغانكى، رىقابەت بەيگىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان خەلق تارىخ سەھنىسىدىن ئۈن- تىنسىزلا غايىب بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ھايات- ماماتلىق بەيگىدە يېڭىلگەنلەر، بازاردىن شاللانغانلار، توغرا يول

تاپالمىغانلار بەيگىدىن، بازاردىن، يولدىن ئاغرىنىشى ئەخمەقلىق. ئەگەر دانا بولماقنى ئىزدەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ نابابلىقىمىزدىن ئاغرىنساق بولىدۇ. مەن تۆۋەندە مىللەتنى خاراب قىلىدىغان بىرقانچە ياتلىشىش ئەھۋاللىرىنى قىسقىچە بايان قىلىمەن :

## غەيرىي جىنسىي ئۆزگىرىش ئىپادىلىرى

دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلار ئەركەك ۋە چىشى ئىككى جىنستىن يارىتىلغان. ئەركەكتە ئەركەككە خاس ئالاھىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەت، چىشىدا چىشىغا خاس ئالاھىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەت ناھايىتى روشەن ئايرىلغان. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانلارمۇ ئەر- ئايال ئىككى جىنستىن فىزىئولوگىيىلىك، ئاناتومىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك جەھەتتە روشەن جىنسىي پەرققە ئىگە قىلىنغان. ئەرلەردە ئەرلىك تەبىئەت ناھايىتى روشەن، ئاياللاردا ئاياللىق تەبىئەت ئىنتايىن گەۋدىلىك. بۇ بىر خىل ئومۇمىيلىق. مانا مۇشۇ ئومۇمىيلىقلار قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىش تەقسىماتى جەھەتتە بولسۇن، كىيىم- كېچەك، زىبۇزىننەت ۋە يۈرۈش- تۇرۇش جەھەتتە بولسۇن، روشەن ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن .

مىللىي خاسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي خاسلىقنى ۋە ئەركەكلىك سالاپىتىنى ئىپادىلەيدىغان فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك كۆركى بار. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭمۇ ئاياللىق خۇسۇسىيىتىنى، ئاياللىق تەبىئىتىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان ئىنتايىن نازۇك خاسلىقى بار. قەدىمكى ئەسەرلەردىكى بايانلارغا سەپسالىدىغان بولساق، ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئاياللىق خاراكتېرى كۆپىنچە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي- پەزىلىتى، ھاياسى، دىيانىتى، قەددى- قامىتى، ھۆسن- جامالى، زىبۇ-زىننىتى قاتارلىقلار تەرەپتىن يورۇتۇپ بېرىلگەن بولسا، ئەرلەرنىڭ تاشقى كۆركىگە ئېتىبار قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قاراپ، كۆپىنچە ئەرلىك خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدىغان ئەقىل- پاراستى، غۇرۇر- ۋىجدانى، باتۇرلۇقى، قەيسەر، قەھرىمانلىقى، ئىلىم- ھۈنەر جەھەتتىكى ئىقتىدارى، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان جاسارىتى قاتارلىق تەرەپلەرگە كۆپرەك ئورۇن بېرىلگەن. مەسىلەن، كۆلتېكىننىڭ ئەرلىك سۈپىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:«ئۇ يىگىرمە بىر ياش ۋاقتىدا بىز چاچا سەنگۈن (سانغۇن) بىلەن سوقۇشتۇق. دەسلەپتە ئۇ تارقىن چورىنىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى، بۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى. ئىككىنچى قېتىم ئىشبارا ياقىرانىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى، ئۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى. ئۈچىنچى قېتىم يەگىن سىلىگ بەگنىڭ ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى، ئۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى. ئۇنىڭ ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىسى يەكمە (يىيپىنچا)سىگە يۈزدىن ئارتۇق ئوق تەگدى. (لېكىن) يۈز- بېشىغا بىر تال ئوقنىمۇ تەگكۈزمىدى...» «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى» 86- بەت .

بۇ بىر ئەرنىڭ باتۇرلۇقىنى، قەھرىمانلىقىنى، قورقماس جاسارىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل ئەرلىك خاراكتېر. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى داڭلىق ئېپوسلىرىدىن ۋە خەلق ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم نادىر نامايانىدىلەردىن ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى خەلقىمىزنىڭ ئەرلىك سالاپەت ئېڭى ئاساسىدا ئاجايىپ يۈكسەك ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخاننىڭ ئوبرازى ھەققىي ئەركەكلىك قىياپەت بىلەن خەلق قەلبىدە مۇنداق ئورۇنغا ئىگە بولغان: «بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورىدى، ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى. بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز- چىرايى كۆك، ئاغزى چوغدەك قىزىل، كۆزى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى. ئۇ ھۆر- پەرىلەردىنمۇ چىرايلىقراق ئىدى. بۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ سۈتىنى بىر قېتىم ئېمىپلا ئىككىنچىلەپ ئانىسىنى ئەممىدى. خام گۆش، ئاش، مەي سورىدى. تىلى چىققاشقا باشلىدى. قىرىق كۈندىن كېيىن چوڭ بولدى، ماڭدى، ئوينىدى. ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرە بېلىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇننىڭ مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى.» «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 90- بەت .

يۇقىرىقى تەسۋىردىكى ئوغۇزخان ئەگەر ھازىرقى خەلقئارا بەدەن گۈزەللىك ۋە ساغلاملىق مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ مۇنبەرگە چىقسا ئالتۇن مېدال ئېلىشىدا شۈبھە يوق .

ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ تاشقى ئەرلىك سۈپىتىدىكى يەنە بىر ئۆلچەم ساقال- بۇرۇت خۇسۇسىدا ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلاردا ئەرلەرنىڭ مۇھىم بىر زىننىتى ساقال دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەرلىرىگە ئۆز تەبىئىتىگە، ئەرلىك خاراكتېرىگە ياندىشىقان ھالدا قويۇلۇق، ساقال- بۇرۇت ئاتا قىلىنغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەرلەرنىڭ تاشقى كۆركى توغرىسىدا توختىلىپ: «ئەرلەرنىڭ ساقال- چېچى ئۆز بولسۇن، ئاۋازى ئەرەنچە ۋە ئوچۇق بولسۇن، يۈرۈش- تۇرۇشى مەردانە بولسۇن، ساقال- چاچ كىشىنىڭ ھەيۋىتىنى، ئەرلىك سالاپىتىنى ئاشۇرىدۇ، بۇ ھەيۋەت بىلەن ئەرنىڭ ھۆرمىتى ئاشىدۇ» دېگەن. مۇنداق تەبىئىي ئۆلچەمنىڭ تەكتىلىنىشى ۋە قەدىرلىنىشى ئۇيغۇرئەرلىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى يېتىلدۈرگەن تەبىئىي ئۆلچەم ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ھەقىقەتەن ئۇيغۇر ئەرلىرىگە ئاتا قىلىنغان قويۇق ساقال- بۇرۇت تەبىئەتنىڭ بىزگە بەرگەن بىر ئەرلىك سالاپىتى ئىدى .

ھازىرقى ئەمەلىي رېئاللىقتا ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئەرلىك سالاھىيىتى ۋە ئەرلىك خاراكتېرىنى ئۆلچەيدىغان چۈشەنچىلىرىدە بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۇنى مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەردىن كۆرستىش مۇمكىن .

بىرىنچى، جىسمانىي ساپادىكى چېكىنىش ئالامەتلىرى

ئەرلەر ئۆچۈن جىسمانىي ساپا ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇرلاردا «ئادەمنىڭ كىچىكى بولغۇچە ئىتنىڭ كۈچۈكى بول» دېگەن گەپ بار. ھازىر ئۇيغۇرلاردا بىر تەرەپتىن پاكار ئادەملەر كۆپىيىپ كەتتى. يەنە بىرى مېيىپ ئادەملەرنىڭ سانى ئېشىپ كەتتى. بەدەن زەئىپلىكىنىڭ يەنە بىر روشەن ئىپادىسى شۇكى، ھازىر ئوتتۇرا ياش ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ قورسىقى خۇددى توققۇز ئايلىق قورساق كۆتۈرگەن ئانىلارنىڭكىدەك تومپىيىپ چىققان. بەزىلەر چىرايلىق ئەرلىك سالاپەتنى يوقىتىپ، خۇددى بىر پارچە پور كۆتەككە ئايلىنىپ قالغان. بۇ ئىشنىڭ بىر تەرىپى. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق تەرىپى شۇكى، ئەرلەر ئۆزىدىكى مۇشۇنداق نورمالسىز فىزىئولوگىيىلىك ھالەتتىن پەخىرلىنىپ، ئۇنى باياشادچىلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراپ، كىشىلەرگە كۆز- كۆز قىلىدىغان بىر كۇزۇر قىلىۋالغان. بۇ خىل نورمالسىزلىق ئەمەلىيەتتە ئەرلەردىكى جىسمانىي ئەمگەكتىن قاچىدىغان، يېمەك- ئىچمەككە دىققەت قىلمايدىغان، چىنىقىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، ھۇرۇن، بىكار تەلەپ كىشىلەردە كۆپرەك كۆرۈنىدىكەن. بىلىش كېرەككى سېمىزلىكمۇ بىر خىل كېسەل، شۇنداقلا نۇرغۇن خەتەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئانىسى. شۇڭا، ئۇ خىل بىنورمال بەدەن قۇرۇلۇشىمىز بىزنىڭ زەئىپلىكىمىزنى، كېسەللىكىمىزنى، پالاكەتلىكىمىزنى، يارىماسلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ھەرگىزمۇ بىزنىڭ سالاپەتلىك، ساغلام، بېجىرىم ئەركەك ئىكەنلىكىمىزنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى نورمالسىز، كېلەڭسىز بەدەن تۇرمۇش، خىزمەت ۋە باشقا جەھەتلەردە پەقەت بىزگە قۇلايسىزلىق كەلتۈرىدۇ، خالاس .

ئەرلەردىكى غەيرىي جىنسىي ياتلىشىش توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا، ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ساقال- بۇرۇتقا تۇتقان مۇئامىلە- مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىمۇ گەپ قىلىش زۆرۈر. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەرلىرى بىلەن بۇنىڭدىن يىرىم ئەسىر بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا خېلى كۆپ ئۆزگىرىش بولغانلىقنى ھېس قىلىش مۇمكىن. ھازىرقى ئۇيغۇر ئەرلىرى ساقال- بۇرۇتنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن خاتا چۈشىنىدىغان ئەھۋال پەيدا بولدى. بىرى، ساقال- بۇرۇتنى پەقەت سەھرالىقلارغا ۋە قارىي، ئىماملارغا خاس ئىش. ئۇ مەدەنىيەت كاتوگورىيىسىگە كىرمەيدۇ، دەپ چۈشىنىش. يەنە بىرى، ساقال- بۇرۇت قويۇشنى قېرىغانلىقنى ئاشكارىلاش دەپ قاراپ، قېرىلىقنى يوشۇرۇشنىڭ بىر ئۇسۇلى سۈپىتىدە ساقال- بۇرۇتنى پاكىز قىرىپ يۈرۈش. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن قىرانىغا يەتكەن ئەرلىرىمىزمۇ ساقال- بۇرۇتىدىن نومۇس قىلىدىغان ھالەت شەكىللەندىمۇ قانداق؟ پېشقەدەم، يەتمىش- سەكسەن ياشلىق مۆتىۋەرلىرىمىزنىڭ يۈزلىرى مومايلارنىڭ يۈزىدىن پەرقلەنمەيدىغان بولدى. ئەسلىدىن ئالغاندا ساقال- بۇرۇت ئەرلەرنىڭ قېرىلىقنى يوشۇرۇپ، يۈزلىرىدىكى قورۇقلارنى يېپىپ، ھەيۋەتنى ئاشۇراتتىغۇ. تەبىئەت ئاتا قىلغان بۇ ئالاھىدىلىكنى قانداقمۇ يوقىتىۋەتكىلى بولسۇن. بۈگۈن قىرىۋەتسە يەنە ئەتىسى چىقىدىغان تۇرسا. مەن خېلى يىللاردىن بېرى بۇرۇت قويىمەن. ئۇنىڭ مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا، دۇنيا قارىشىمغا، گۈزەللىكىمگە، ئەرلىك سالاپىتىمگە قىلچىلىك تەسىر قىلغانلىقنى ئۇقمايمەن. ئەكسىچە مەن بۇنىڭدىن پەخىرلىنىمەن. ساقال- بۇرۇت دېگەن بىزگە نىسبەتەن

بۇرنىمىزنىڭ قاڭشارلىق، كۆزىمىزنىڭ قارا، قاپاقلىرىمىزنىڭ قاتلاق، چاچلىرىمىزنىڭ قوڭۇر ۋە قارا يارىتىلغانلىقىغا ئوخشاش تەبىئەتنىڭ بىر ئىلتىپاتى. ئەخمەق نادانلار شۇنى ھېس قىلىشى كېرەككى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىدىن تۇغما تەبىئىتى يەتتە ياشقا توشقاندا سۈننەت قىلىنىدۇ. ئەمدى كېلىپ، ساقال-بۇرۇتلىرىمىزنى پۈتۈنلەي قىرىپ سۈننەت قىلىش قايسى مەزھەپتە باركى؟

ئىككىنچى، ئەلەرنىڭ زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىشى مەدەنىيلىكنىڭ ئىپادىسىمۇ؟

ھازىر بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا بىر خىل غەيرىي جىنسىي ياتلىششقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىمەنە «مەدەنىيلىشىش» خاھىشى باش كۆتۈرۈۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىپادىلىرى شۇكى، بىز بەزى ئۇيغۇر ئەركەكلەرنىڭ ئارىسىدا بويۇنلىرىدا زەنجىر، قوللىرىدا ئۈزۈك، بەزىلەرنىڭ بىلىكىدە بىلەزۈك تاقىغان غەيرىي مەدەنىي ياشلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇ خىل ئەھۋالغا نىسبەتەن ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. بىرى زامان تەرەققىي قىلدى، پۇل بولسا زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىغاننىڭ نېمە يامىنى، ئۇمۇ بىر خىل مەدەنىيەت ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىشنىڭ ئىپادىسى، دەپ قاراش. يەنە بىرى «ئۇچامدا ئىشتان يوق، ئېتىم مارجان بۇۋى» دەپ ئەرلىك خۇسۇسىيەت، ئەرلىك قەددى-قامەت، ئەرلىك ئالاھىدىلىكنى يوقىتىش نېمىدىگەن قىلىقسىزلىق، ئاياللار ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغانلىقتۇ بۇ، دەپ تەنقىدلەش. مېنىڭچە ئىككىنچى خىل پىكىردىكى كىشىلەرنى مۇتەئەسسىپلىك قىلدى، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئاساسىمۇ، مىللىي ئەنئەنە ئاساسىمۇ بار. مۇقەددەس كىتابلاردا «ئەردەك بولۇۋالغان ئاياللارغا، ئاياللاردەك بولۇۋالغان ئەرلەرگە لەنەت» دېيىلگەن. بۇ ئەر ئەر بولسۇن، ئەرلىك ئالاھىدىلىكنى ساقلىسۇن، ئايال ئايال بولسۇن، ئاياللىق خۇسۇسىيىتىنى ساقلىسۇن دېگەن تەلەپ ئىدى. ئەگەر بۇنى مەدەنىيەت نۇقتىئىنەزەرىدىن قارايدىغان بولسا، تەرەققىيات، مەدەنىيەت ھەرگىزمۇ ئەرلىك خۇسۇسىيەتتىن، ئەرلىك سالاھىيەتتىن مەھرۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان نەرسە ئەمەس. ئەگەر پۇل بىزنىڭ ئەرلىرىمىزنى ئەرلىك خۇسۇسىيەتتىن، ئەرلىك سۈپەتتىن قول ئۈزدۈرۈپ، ئالتۇن-جابدۇقلار بىلەن ئۆزىنى بېزەشكە مەجبۇر قىلىدىغان بولسا، بۇ زادى قانداق پسىخىك تەقەززالىقنىڭ كۈچىدۇ؟ مەن زىبۇزىننەت بىلەن ئۆزىنى پەردازلىۋالغان «ئەركەك»لەرنىڭ پسىخىكىسى، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئىگىلەپ باقتىم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئازراق پۇل تاپقان، چەللىدە ئات چېپىۋاتقان نادان، ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان بايچاقلار ئىكەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ پۇلدارلىقىنى ۋەۋىسكا بىلەن ياكى پۇللىرىنى مەيدىسىگە چاپلاپ ياكى ئېسىپ نامايىش قىلىشنى ئەپسىز كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا، زىبۇزىننەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بايلىقىنى كۆز-كۆز قىلىدىكەن. يەنىمۇ مۇھىم تەرەپ شۇكى، بۇ خىل ئادەتنى مەدەنىيلىك نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈشكە تېخىمۇ ئاساسىمىز يوق. چۈنكى، پۇل ھېچقاچان مەدەنىيەتلىك ئىنساننىڭ بەلگىسى بولغان ئەمەس. پۇل پەقەت مەدەنىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن ۋاستە بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، كلاسسىكلىرىمىز پۇل-بايلىقلا بولۇپ بىلىمى، مەدەنىيەت ساپاسى يوق كىشىلەرنى «بىر خۇرجۇن ئالتۇن ئارتىلغان

ئېشەك» دەپ سۈپەتلىگەن. زىبۇزىننەتلەرنىڭ مەنسۇبىتىدىن قارىغاندىمۇ ئالتۇن، زىبۇزىننەتلەر ئاياللارنىڭ نازۇك بەدەنلىرىگە، ئۇلارنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ ئاياللىق خۇسۇسىيىتىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق ئىدى. ئەرلەرنىڭ يۈگلۈق بەدەنلىرى، ئارىدەك قوللىرى، تارشىدەك بىلەكلىرىگە نازۇك ھالقا، ئۈزۈك، زەنجىر، بىلەزۈكلەرنى تاقاشقا قانداقمۇ مۇناسىپ كەلسۇن؟

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۇزاق تارىخي مۇساپىدە ئۇيغۇر ئەرلىرى ئەرلىك سالاپىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان بىرمۇنچە ئادەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئىشلەپچىقىرىش زۆرۈرىيىتى بىلەن بېلىگە پوتا باغلاش، پىچاق ئېسىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئەرلەرگە خاس ئادەتلەر بارلىققا كەلگەن. بىز ھازىر بارلىق ئۇيغۇر ئەرلىرى بېلىگە پوتا باغلىسا، پىچاق ئاسسا بولاتتى دېمەكچى ئەمەسمىز، بىراق بېلىگە پوتا، پىچاق ئېسىشنىڭ ئورنىنى بويىنىغا زەنجىر، قولىغا ئۈزۈك سېلىش ئىگىلىگەن. بىز بۇ نەرسىلەر بىلەن تۇرمۇشتىكى قايسى بىر ئىشنى ئەرلەرچە بېجىرىش ئۈچۈن پايدىلىنارمىز. پەقەت ھاياتىمىزنى خەتەر ئىچىگە قويۇشنىڭ بىر كۆلكىسى بولۇش رولىنى ئوينار. ئۇيغۇرلارنىڭ بەلۋېغى بىلەن پىچىقى تۇرمۇش ئېھتىياجى، ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ھەرقاچان زۆرۈر لازىمەتلىكلەر ئىدى. ھەتتا بەلۋاغ سىمۋوللۇق ھالدا ئەرلەرنىڭ ئىرادىسىگە، ئىشەنچىسىگە، جۈرئىتىگە، باتۇرلۇقىغا ئىشارە قىلىناتتى. ئالتۇن- جابدۇقلار ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ نېمىسىگە سىمۋول قىلىنار؟

ئەي، ئۆزىنى ئەركەك دەپ سانايدىغان ئۇيغۇر ئوغۇللىرى، خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىڭلار! بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەت چەت ئەل ئەمەس. بىز مۇشۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ئىكەنمىز ئۆز خەلقىمىزنىڭ يوللۇق قائىدە- يوسۇنلىرىغا، تۇرمۇش مىزانىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۆز ئەھۋالىمىز بىلەن ئوبدان ھېسابلىشىپ كۆرۈپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئەرلىك ئۆلچەم تارازىسىغا سېلىپ تۇرۇشىمىز لازىم. قەلبىمىز قۇرۇق، ساۋاتسىز، مەدەنىيەتسىز تۇرۇپ، تېرە- گۆشلىرىمىزنى بېزىۋالغانلىقىمىز بىزنىڭ قەدىر- قىممىتىمىزنى، مەدەنىيلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. بۇنى ئاتا- بوۋىلىرىمىز «بوياقلىق ھەيكەل» دەپ ئاتىغان .

بىر پەيلاسوپتىن ئادەم بىلەن ھايۋاننى پەرقلەندۈرىدىغان شەكلەن پەرق توغرىسىدا سورىغاندا مۇنداق جاۋاب بەرگەن ئىكەن: بىرى، ھايۋاننىڭ يېمىكىنىڭ نامخالىسى بولمايدۇ، نېمە ئالدىغا كەلسە يەۋېرىدۇ. ئادەم بولسا ئۆزىگە مۇناسىپ نەرسىلەرنى يەيدۇ. ئىككىنچى، ھايۋانلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراق ۋەتىنى بولمايدۇ، قەيەردە ياشاشقا توغرا كەلسە ياشاۋېرىدۇ، ئىنسانلارنىڭ بولسا ئۆز ۋەتىنى بولىدۇ، يۇرتى بولىدۇ، ئۇلار ۋەتىنى ئۈچۈن تۇغۇلىدۇ، ۋەتىنى ئۈچۈن ئۆلىدۇ. ئۈچىنچى، ھايۋانلارنىڭ

ئەركەك چىشىسىنى بىر قارىماققا پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ، بىراق ئادەمنىڭ ئەر- ئاياللىق پەرقى ناھايىتى روشەن زاھىر بولۇپ تۇرىدۇ .

دېمەكچى، ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي پەرق جەمئىيەتتىكى مۇھىم قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى، ئىنسانلار مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى. گەرچە تاشقى ئىپادە جەھەتتىكى غەيرىي ئۆزگىرىش ماھىيەتلىك پەرقنى ئۆزگەرتىۋېتەلمىسىمۇ، لېكىن مۇئەييەن نۇقتىدا غەيرىي جىنسىي ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شەكلەن ئۆزگىرىش بارا- بارا مەزمۇن جەھەتتىكى ئۆزگىرىشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل بولۇپ قالىدۇ. شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىرىش مەزمۇنىنىڭمۇ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟

## ئەرلىك ۋە مەردلىك تارازىسى

ئۇيغۇرلاردا ئەزەلدىن ئەرلىك ۋە مەردلىك قەدىرلىنىپ كەلگەن، نامەردلىك ئەيىبلەنگەن. شۇڭا، ئەرلەر ئۇچۇن ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ ۋە يۇقىرى ئۆلچەملەرنى قويغان. ئەزەلدىن ئەرلىك جىنسىلا ئەرلىك تەبىئىتىنى ۋە ئەرلىك خاراكتېرىنى ئۆلچەشنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ باققان ئەمەس. شۇنداقلا تەققى ـ تۇرقى، كىيىم ـ كېچەكى ۋە زىبۇزىننىتى ئەرلىك سالاھىيەت ۋە ئەرلىك سالاپىتىنى باھالاشنىڭ شەرتى بولۇپ باقمىغان. ئەلىشىر نەۋائى تاشقى كۆركى بىلەن مەنىۋى پۈتۈنلۈكنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا مۇنداق تەۋسىيەلەرنى قىلغانىدى:«ئۆزىنىڭ ھۆسن ـ جامالىدىن لاپ ئۇرىدىغان مۇنداق سۆزنى ھېچكىم سۆزلەپ باقمىغان، بۇنداق سۆزنى گۆدەك بالىلارمۇ، گول ـ گومۇشلارمۇ، ساراڭ ـ مەجنۇنلارمۇ قىلمايدۇ. پاھىشە ئاياللارمۇ خىلمۇخىل ۋە رەڭگارەڭ كىيىملەرنى كىيىدۇ. ئەمما ھۆسن، زىبۇزىننەت توغرىسىدا پو ئېتىشنى ئۇلارمۇ ئار ـ نومۇس دەپ بىلىدۇ. بۇ خىل سۆزلەرنى قىلغۇچىلار ئەڭ ياخشىسى ئۇ پادىشاھنىڭ يولىغا قەدەم قويمىغىنى تۈزۈك. سەن خوتۇن كىشىلەردەك ئۆزۈڭنى كۆرسىتىشكە ئامراق ئىكەنسەن، دېمەك، ۋۇجۇدۇڭدا ئەركەكلىك نىشانىسى يوق ئىكەن. چۈنكى، بۇنداق دەۋالارنى قىلغانلارنى ئەركەكلەر قاتارىغا قوشقىلى بولمايدۇ. ئەركەكلەر ئۆزىنىڭ غەيرىتى ۋە ھىممىتى بىلەن ئەرەنلەر قاتارىدا تۇرالايدۇ، زىبۇزىننىتى بىلەن پەخىرلەنگەنلەر ئەر ئەمەس. بۇ ھەقتە ئۇلۇغلار> :زىبۇزىننەت ۋە كىيىم بىلەن ماختىنىش ئاياللارنىڭ ئادىتى <دېگەن. ئەر كىشىنىڭ گۈزەللىكى ۋە زىننىتى ياخشى ئەخلاق ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن ھاسىل بولىدۇ.«

ئەرلەر قەدىمدىن تارتىپ جەمئىيەتنىڭ ۋە ئائىلىنىڭ ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ئەرلەرگە خاس جاسارەت، ئەرلەرگە خاس باتۇرلۇق، ئەرلەرگە خاس ۋىجدان ۋە غۇرۇر بىلەن ياشاپ، بۇ زېمىنغا جان ۋە روھ بېغىشلاشتى. ئۇلار مىللەتنىڭ ئار ـ نومۇسىنى ئاقلاش، مىللەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، مەۋجۇدلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئاز بولمىغان قانلارنى تۆكۈپ، ئەرلىك خاراكتېرىنى ۋە ئەرلىك جاسارىتىنى ھەرقاچان نامايان قىلىپ كېلىشتى. قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز دۈشمەن ئالدىدا تىز پۈكۈشنى، دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىشنى ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ھېسابلايتتى. تارىخىمىزدىكى خاسىيەتلىك ئىزلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مىللىتىمىزدىن يېتىشىپ چىققان باھادىر ئوغلانلارنىڭ بۇ زېمىندا بۈيۈك ئەرلىك خىسلەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۈيۈك مۆجىزىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرىمىز. قەدىمكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدا خاتىرىلەنگەن ئوغۇزخان، باتۇر تەڭرىقۇت، ئالىپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياب) قاتارلىق باھادىر ئوغلانلار ئەلنىڭ تەقدىرى ۋە گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن مۆجىزىلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ، سەلتەنەت تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەرلىك خاراكتېرىنى تولۇق نامايان قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدىمۇ مىڭلىغان قاپ يۈرەك نوچىلىرىمىز بارلىققا كەلگەن. ئۇلار ھايات ـ ماماتلىق سىناقلارغا دۇچ كەلگەندە گىگانت ئادەم سۈپىتىدە قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئۆلۈمنى مەنسىتمىگەن. شۇڭىمۇ ئۇلار ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاش شەرىپىگە ئېرىشكەن .

ئۇيغۇرلاردا ئەڭ ھار ئېلىنغان ۋە خار كۆرۈنىدىغان ئىش نامراتلىقمۇ ئەمەس، كۆرۈمسىزلىكمۇ ئەمەس، بەلكى خۇمسىلىق، يەنى ئەرلىك تەبىئىتىگە داغ تەگكۈزۈش، ئەركەكلىك ئوبرازىنى نامەردلىك بىلەن بۇلغاش ئىدى. ھەتتا ئۇيغۇرلاردا بىلىمسىزلىك، نادانلىق، بىكار تەلەپلىك، ھورۇنلۇق شۇنچىلىك پەس كۆرۈلسىمۇ، لېكىن خۇمسى، نامەرد ئەرلەرنى ھەرگىز ئەرلەر قاتارىدا سانىمايدۇ. ئوغرىلىق، قاراقچىلىق، زىناخورلۇق، ھاراقكەشلىك قاتارلىق ئىشلارنى شۇنچىلىك يامان ئالسىمۇ، لېكىن ئۇلار تۆۋە قىلسىلا كەچۈرۈشكە ئېرىشكەن، لېكىن ئەرلىك خاراكتېرىنى خۇنۈكلەشتۈرىدىغان خۇمسىلىق، نامەردلىك ۋە ساتقىنلىققا ئوخشاش رەزىل قىلمىشلار ھەرگىزمۇ كەچۈرۈمگە ئېرىشمىگەن .

ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي ئەرلىك ئۆلچىمى ۋە ئەرلىك گىر تېپىشنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىلارغا سۈرۈپ باھالايدىغانلىقىنى كۆرىمىز :

## مەردلىك ئەرلىكنىڭ مۇھىم شەرتى

ئەسلي تەبىئىتىدىن قارىغاندا ئۇيغۇرلارنى مەرد خەلق دەپ قارىساق بولىدۇ. چۈنكى، قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلاردا مەردلىك قەدىرلىنىپ، ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن قەتئىي شوئارى بولۇپ كەلدى. شۇڭا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ ھەممىسىدە پەرزەنتلەردىن مەردلىك خىسلەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئورۇن بېرىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مەكتىپىنىڭ مۇھىم بىر دەرسخانىسى بولغان مەشرەپ دەل ئەركەكلەرنى، مەردلەرنى ئايرىپ چىقىدىغان، ئۇلارنى تەربىيىلەيدىغان ئەنئەنىۋى مەكتەپ بولغانىدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «بىرنى بىر، ئىككىنى ئىككى دېيىش»، «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن»، «مەرد ئەر دۈشمەنگە كەينىنى قىلماس» دېگەنگە ئوخشاش مەردلىكنى مەزمۇن قىلغان جەڭگىۋار خىتابلىرى بار ئىدى. ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ چېلىشىش پائالىيەتلىرى شۇنداق گاڭگۇڭ، مەردلەرچە چېلىشىش ئادىتى بولغانكى، چېلىشقاندا پۇت قويۇش ۋە باشقا شەكىلدىكى نامەردلىكلەرنى قىلىش نومۇسلۇق ئىش دەپ قارالغان. شۇڭا، ھەرقانداق بەسلىشىش ۋە رىقابەت لىللا، مەردلەرچە ئېلىپ بېرىلاتتى. بولۇپمۇ دۈشمەن بىلەن بولغان ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش پەيتلىرىدە قەتئىي تىز پۈكمەسلىك تەكىتلەنگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇنۇ بايانلىرى ئەرلەرگە قويۇلغان بىر سىناق تېشى ئىدى:«دۈشمەن بىلەن تۇتۇشۇش ئۈچۈن ئەردە يەنە نومۇس بولۇشى كېرەك. نومۇس كۈچى بىلەن ئەر دۈشمىنىنى يېڭىپ، ھاقارەتنى يۇماي تۇرۇپ ئارقىغا يانمايدۇ. قورقۇنچاقلارمۇ نومۇسنى ساقلاش ئۈچۈن باتۇرلۇق قىلىدۇ. ئەركەك دېگەن ماختىنىش ئۈچۈنمۇ ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئاتىدۇ. يۈرەكلىك، باتۇر ئەر دېگىنىمىز دەل نومۇسلۇق ئەردۇر. ئار ـ نومۇسلۇق ئەر ئۆلسە جەڭدە ئۇرۇشۇپ ئۆلىدۇ. نومۇسسىزلار جەڭدىن ئەڭ بۇرۇن قاچىدۇ.» يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى بايانلىرىدا ھەققىي مەردلىك بىلەن نومۇس ۋە ۋىجداننىڭ مۇناسىۋىتىنى يورۇتۇپ بەرگەن بولسا، تۆۋەندىكى بايانلىرىدا ئەرلىك خىسلەتلىرىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ:«دۈشمەن بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەندە قىلىچ ـ پالتا ئىشلەت، ھەتتا چىش بىلەن چىشلە، تىرنىقىڭ بىلەن تاتىلا، ياقىسىدىن ئېلىپ جان ـ جەھلىڭ بىلەن ئېلىشقىن. جەڭ دېگەندە يا ئېلىشىپ ياۋنى يوقاتقۇلۇق، يا جەڭدە ئۆلگۈلۈك. قاتتىق تىركەشكىنكى، ھەرگىز دۈشمەنگە ئارقا تەرىپىڭنى تۇتۇپ بەرمە. چىداملىق بول، چىداملىق ئەر دۈشمەننى يەر چىشلىتەلەيدۇ. بىلگىنكى، قىزنىڭ سۆيۈنچى تويى بولغان كۈنلىرى بولسا، باھادىر ئوغلانلارنىڭ ئېپتىخارى جەڭدە ئۆتكەن كۈنلىرىدۇر» مانا بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەزىرىدىكى مەرد ئوغلانلارنىڭ بىر خىل سىماسى .

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەن باتۇر، مەرد دەپ ئۆزىنى قارىغۇلارچە دۈشمەنگە يەم قىلىپ بېرىش ھەققىي مەردلىك ئەمەس، بەلكى پەم ـ پاراسەت، جاسارەت كۆرسىتىپ ھەتتاكى چىشلەپ، تاتىلىساڭمۇ دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىش ھەققىي مەردلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ .

تارىخىي خاتىرىلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، «ئۇيغۇر» دېگەن نامىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇرلۇقى، قەھرىمانلىقى، قورقماس جاسارىتى، ۋەتەن سۆيەرلىكى، ياۋۇزلۇققا، تاجاۋۇزلۇققا قەتئىي قارشى تۇرۇش روھى ئاساسىدا ئاتاقلىنغان شەرەپلىك ۋە شۆھرەتلىك نام ئىدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «ئۇيغۇر»غا بەرگەن تەبىرىدىن مۇنداق قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز.

»ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن.
ماڭا مۇھەممەت چاقىر تونغاخان ئوغلى نىزامىددىن ئىسرافىل توغان تېكىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەن ئىدى: زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قانىتىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە «ئىنان خۇزخۇرەن» ـ بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «خۇزخۇر» فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساش نەتىجىسىدە، «ئۇيغۇر» دېگەن نامغا ئۆزگىرىپتۇ.

دېمەك، يۇقىرىقى مەلۇماتتىن «ئۇيغۇر» نامى مەردلىك نامى، باھادىرلىق نامى، غۇرۇر، ۋىجدان نامى ئىدى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەردلىك، باتۇرلۇق، جەڭگىۋارلىقىغا بېرىلگەن نام ئىدى. ئەپسۇسكى، ھازىر جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئەر سۈرەتلىك كىشىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىك خاراكتېرىنى نامەردلىك رەزىللىكى بىلەن بۇلغاپ، «ئۇيغۇر»دىن ئىبارەت شەرەپلىك نامغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان؛ مىللەتنىڭ يارقىن ئوبرازىنى چاكىنىلىق، چۈپرەندىلىك بىلەن خۇنۈكلەشتۈرىدىغان؛ يۈرەكسىزلىك ۋە قورقۇنچاقلىق، تەمە قۇلچىلىقى ۋە نەپسى مەھكۇملۇقى بىلەن ئەرلىك تەبىئىتىنى يوقاتقان غۇرۇرسىز، ۋىجدانسىز، مەيدانسىز، نامەردلەر بارلىققا كەلدى. بىز تاشقى قىياپىتىنى پەردازلىۋېلىپ ئۆزىنى ئەركەك ھېسابلاۋاتقان، ئەمەلىيەتتە ئىچكى دۇنياسى رەزىللىك بىلەن توشقان؛ تاشقى كۆرۈنۈشتە مەردلىك دەۋاسى قىلىدىغان، ئەمەلىيەتتە نامەردلىكنى جان بېقىشنىڭ پەلسەپىسى قىلىۋالغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۈچۈن تۆۋەندىكى گىرىغا چۈشۈپ ئۆزىگە توغرىراق باھا بېرىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ھەق ـ ناھەق مەسىلىسىدە ئېنىق مەيدانى بولماسلىق، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلاردا كۆزىنى يۇمۇپلا سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىش، مەسئۇلىيەت ئېڭى تۆۋەن بولۇش نامەردلىكنىڭ

بىرىنچى خىل ئىپادىسى .
ئىتالىيىنىڭ بۈيۈك شائىرى ئاگلىرى دانتى ئۆزىنىڭ «ئىلاھىيەت» دېگەن ئەسىرىدە تەكىتلىگەن:«دوزاخنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرى بۈيۈك مەنىۋىلىكنى سىنايدىغان مىنۇتلاردا بىتەرەپ تۇرىۋالغان ئادەملەر ئۈچۈن قالدۇرۇلغان» دېگەن مەشھۇر سۆزنى يۇقىرىقىدەك ئادەملەرگە تەدبىقلاشقا بولىدۇ. رومىن روللان:«ھەربىر باتۇر، ھەربىر ھەققانىيەتچى ئادەم ۋەتىنىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدۇ» دېگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە تەسەۋۋۇر قىلغاندا، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەقىقەت دەپسەندە قىلىنىۋاتقاندا سۈكۈتتە تۇرىدىغان ۋە ئۇنى قوللىغان، قورقۇنچاق ئادەم ۋەتىنىگە ۋە مىللىتىگە ھاقارەت كەلتۈرىدۇ. بۇنداق ئادەم ھەقىقەتنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ. ئادالەت ۋە ھەقىقەت قوغدالمايدىكەن، ھاياتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلاپ تۇرىدىغان، ئەرلىكنى نامايان قىلىدىغان ھېچ نەرسە بولمايدۇ. ھەققانىيلىك ئادەمدىكى ئەڭ ئېسىل پەزىلەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەققانىيلىك بولمىغان ئەلدىن ئەرلىكمۇ ۋە مەردلىكمۇ ئۆچكەن بولىدۇ. ئوغۇل بالا دېگەن گەرچە ئادالەت ۋە ھەققانىيلىك بىلەن ئىش قىلىش قولىدىن كەلمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا، ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرۇشى، ھەققانىيەتكە ئاسىيلىق قىلماسلىقى، ھەققانىيەتكە كۆز يۇمماسلىقى كېرەك. كىشىلىك ھايات ئۆلچىمىدە نامەردلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى مۇناپىقلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىدە ھەققانىيەتتىن يۈز ئۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق مۇناپىقلىق بولمايدۇ. تولستوي شۇنداق بىر سۆز ئېيتقانىكەن: ئادەمنىڭ قانچىلىك ھەققانىيلىكى ئەخلاقىي مۇكەممەللىكنىڭ ئۆلچىمىدۇر. چۈنكى، ھەققانىيلىك بىز تىلغا ئالىدىغان بۈيۈك پەزىلەتلەرنىڭ ئانىسى. ئادەم ھاياتتا ھەققانىيلىك تۇيغۇسى بىلەن نەزەر سالغاندىلا توغرا ۋە ھالال ياشاشنىڭ يولىنى ئاچالايدۇ .

تۇرمۇشتا بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلاردا نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئىقتىدارى يوق. ئۇلار ھەققانىيەتسىزلىكنىمۇ تەبئىي يوسۇندا ۋە رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. بىراق بەزى كىشىلەر باركى، توغرا، ھەققانىي ئىشلارنى قەستەن قارىلاشتىن نومۇس قىلمايدۇ. ھەققانىيەتسىز، ئادالەتسىز ناھەقچىلىقنى قاراپ تۇرۇپ ئاقلايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئۈچۈن شەمسۇلمەئالى قابۇس:«يالغانلىقى بۇرۇندىن مەلۇم بولۇپ كېلىۋاتقان نەرسىنى ھەقىقەت دېيىشتىنمۇ ئارتۇق ھاياسىزلىق يوق» دېگەن .

ئادەم تۇرمۇشتا ھەرقاچان چوڭ ـ چوڭ ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىگە دۇچ كېلىپ قالماي، بەلكى نۇرغۇن ئاددى، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردىمۇ بۇنداق ھەق ـ ناھەق سىنىقىغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: بىر مۇشتۇمزورنىڭ بىر ئاجىز بىچارىنى بوزەك قىلىۋاتقىنى، بىر ئۆكتەمنىڭ بىرىنىڭ مېلىنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋاتقانلىقى، بىر لۈكچەكنىڭ بىر قىزغا پوخورلۇق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىقلارغا ئۇخشاش نۇرغۇن مەسىلىلەرگە يولۇقۇپ تۇرىمىز. بەزى مەرد ئوغلانلار باركى، كۆكرەك كېرىپ چىقىپ

ھېلىقى بېسىمدار، مۇشتۇمزورلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ. بەزى زەئىپ مىجەزلىك «بايۋەچچى»لەر باركى، قاراپ تاماشا كۆرىدۇ. بۇ ناھەقچىلىق ئۇنىڭ غۇرۇرىغا ھەرگىزمۇ تەسىر قىلمايدۇ. ھەتتا بەزى لالما مىجەزلىك نامەردلەر باركى، دەرھال ناھەق بولسىمۇ كۈچلۈك، مۇشتۇمى چوڭراقى تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ، ئۇۋالچىلىققا ئۇچراتقان ئادەمنى ھاقارەتلەيدۇ، ئەيىبلەيدۇ. بۇنداق مىساللارنى ھەر كۈنى كۆپلەپ ئۇچرىتىپ تۇرىمىزغۇ .

بۇلارنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىمىزدىكى غەرەز شۇكى، كىچىك ئىشلاردا ھەققانىي بولالمىغان ئادەم چوڭ ئىشلاردا ھەرگىزمۇ ھەققانىي بولالمايدۇ. ئىرادىسىز، جۈرئەتسىز، غۇرۇرسىز ئادەمدە قانداقمۇ ھەققانىيەت تۇيغۇسى بولسۇن. ھەققانىيەت تۇيغۇسى بولمىغان ئادەمدە ئاددىيسى ئىنسانىي سۈپەتمۇ بولمايدۇ. ئادەم ھەقىقىي مەردلىك بىلەن ياشايمەن دەيدىكەن، بېشىدا ئۆلۈم پەيدا تۇرسىمۇ، ھەقىقەتكە خىيانەت قىلماسلىق كېرەك. «بىر سائەتلىك ئادالەت پۈتۈن ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئىبادىتىدىنمۇ ياخشىراقتۇر» دېگەن ئەقىدە بويىچە، ئادالەت تەرەپتە تۇرۇش كېرەك. ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ھەرقاچان خەلق تەرەپتە بولىدۇ. جاھالەت بار جايدا ئادالەت خارلىنىدۇ، بىراق ھەققانىيەت قوغدالمىسا، ئاخىر ھەققانىيەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ .

ئەلنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ئۆزىنى ئەلنىڭ پەرزەنتى دەپ بىلىش ـ مەردلىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىك ـ نامەردلىكتۇر .

ھەرقانداق بىر ئادەم بۇ دۇنيادا ئەل بىلەن بىرگە ياشايدۇ، ئەل بىلەن بىرگە تۇغۇلىدۇ، ئەل بىلەن بىرگە ئۆلىدۇ؛ ئەل بىلەن بىرگە يىغلايدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ تەقدىرى ئەلنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. بىر پۈتۈن خەلق بىلەن شەخسنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇيغۇرلار «ئايرىلغاننى بۆرە يەر» دەپ سۈپەتلىگەن ئىدى. ئادەم بۇ تۇپراققا تۆرىلىشى بىلەنلا، تەييار نېمەت ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. مۇشۇ زېمىننىڭ مەئىشتى ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. ئەل ئۇنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرىدۇ. بەلكىم بۇنداق دېسە بەزىلەر «مېنى ئاتا ـ ئانام بېقىپ چوڭ قىلغان» دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈشى مۇمكىن. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئاتا ـ ئانىمۇ مانا مۇشۇ ئەلنىڭ بىر ئەزاسىغۇ. ھەقىقىي ئىنساپ ۋە ۋىجدان بىلەن ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، ھەربىر ئادەمنىڭ بۇ تۇپراقتا بىر ئۆمۈر ئەمەس، ھەتتا بىرقانچە ئۆمرى بولسىمۇ ئادا قىلىپ بولالمىغۇدەك قەرزى بولىدۇ. ۋەتەننىڭ تۇپرىقى، سۈيى، ھاۋاسى بولمىسا، بىر ئادەمنىڭ ھاياتلىق كەچۈرەلىشى مۇمكىنمۇ؟ شۇ ئەلنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ بېيىپ كېلىۋاتقان تەييار تۇرمۇش ئەندىزىسى، نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ھاسىل قىلغان تۇرمۇش ۋە ياشاش تەجرىبىسى، شۇنداقلا تەييار ھايات ئېتىكى بولمىغاندا، قانداق ئىجتىمائىي ئاساسقا تايىنىپ ئادىمىيلىك ئالاھىدىلىكىنى يېتىلدۈرۈش مۇمكىن؟ ئەگەر ئانا تىل بايلىقى بولمىغاندا، قانداق ئالاقە ۋاستىلىرىغا تايىنىپ ۋە كىم بىلەن ئالاقە قىلىپ ياشاش مۇمكىن؛

ئەگەر مائارپتن ئىبارەت بۈيۈك ئىجتىمائىي تەلىم ـ تەربىيە سىستېمىسى ھازىرلانمىغان بولسا، ئىنسان ئۆزىدە قانداقمۇ ئادىمىلىك ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلىغان بولاتتى؟ ئاددىيسى بىز سۆيگەن قىزنى، بىز سۆيگەن يىگىتنى مانا شۇ ئەل تۇغۇپ تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەنغۇ. بىز يەۋاتقان ۋە بىز كىيىۋاتقان كىيىم ـ كېچەكلەرنى مانا شۇ خەلق ھازىرلاپ بەرگەن ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئەلدىن ئىبارەت ئومۇمىي كوللېكتىپنىڭ بىر پۈتۈن قانۇنىيەتلىك باغلىنىشى بولمىغاندا، بىر قازان ئاش ئېتىپ يەپ ھايات كەچۈرۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ئىنسانلار ئىچىدىكى بۇنداق قانۇنىيەتلىك باغلىنىشنى ۋە ئۆزئارا ھاجەتمەنلىكنى قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئاجايىپ ئوبرازلىق ۋە قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىپادىلەپ بەرگەن .

ـ دۇنيادىن ۋە ئادەملەردىن قېچىش ياخشى ئادەت ئەمەس ـ دەپ بايان قىلىدۇ «كەلىلە ۋە دىمنە» دېگەن كىتابتا ـ سۆھبەتنىڭ پايدىسى خىلۋەتنىڭ مەنپەئىتىدىن كۆپرەك. ئاللاتائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە موھتاج ۋە بىر ـ بىرىگە لازىم قىلىپ ياراتقان تۇرسا، كىشىلەرگە خىلۋەت قانداقمۇ راۋا بولسۇن؟ ئادىمزاتنىڭ تەبىئىتى تەبىئەت مەدەنلىرىدىن بەرپا بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر ـ بىرىگە قوشۇلماققا مايىل كېلىدۇ ۋە بىر ـ بىرىدىن ياردەم تىلەشكە ئېھتىياجى چۈشىدۇ. مەسلەن، ئەگەر بىر كىشى تائام پىشۇرماقچى بولسا ياكى بىرەر كىيىم كىيمەكچى بولسا، ئاۋۋال قازان ياساش ۋە كەتمەن سوقۇشى كېرەك بولىدۇ. شۇڭا لاي ئېتىپ بىر قاچا ياساپ، ئۇنىڭدا سۇ ئېلىپ كەكە سوقۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوتۇن كېسىپ، ھەر ئىشنى ئۆز تەرتىپى بىلەن قىلىش لازىم بولىدۇ. قازان ۋە كەكە سوقۇشقا بولقا، سەندەل، كۆرەك ۋە كۆمۈر كېتىدۇ. ئاددىيسى كۆرەك ياساش ئۈچۈنمۇ تېرە ئەيلەش كېرەك. تاغقا بېرىپ كۆمۈر كۆيدۈرۈپ ئەپكېلىشكە تاغار توقۇش ئۈچۈن يۇڭ بولۇشى لازىم بولىدۇ. يۇڭنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قوي، تۆگە بېقىش كېرەك. قىسقىسى، ئەنە شۇنداق نۇرغۇن ئاۋارە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئاشۇنداق بولسا، ھەرقانداق ئادەم بىر كىمنىڭ ياردىمىسىز پۈتۈن ئۆمرى ئىچىدە بىرەر قېتىم ئاش پىشۇرۇپ يا يېيەلەيدۇ يا يېيەلمەيدۇ. ھەتتا يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالمايدۇ. شۇڭا زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بىرى قازان ياسايدۇ، بىرى كەكە سوقىدۇ، بىرى كۆمۈر كۆيدۈرىدۇ، ئالاھەزەل قىياس، ھەر كىم بىر ئىشقا مەشغۇل بولۇپ، ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇقنى باشقىلارغا بېرىپ، بۇ ئىقلىمنىڭ ئادەملىرى بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ ھايات كەچۈرگەچكە، ھەرقانداق ئىش ئاسانلىق بىلەن ھەل بولىدۇ، ئادەملەر بىر ـ بىرىگە زۆرۈر. يالغۇزلۇق بىلەن ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. مانا بۇلار ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئېھتىياجى چۈشىدىغانلىقى، بىرلەشمىسە ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ «

مانا بۇ ئوبيېكتىپ ھەقىقەت. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ خىل قانۇنىيەتلىك باغلىنىشنى خۇلاسىلەپ، ئەل ـ ۋەتەننىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ ۋە ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ياشا، ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىل، چۈنكى سېنىڭ جانجان مەنپەئىتىڭ ئەلنىڭ

مەنپەئەتى ئىچىدە بولىدۇ، دەپ تەۋسىيە قىلغان. ئۇ يەنە «مال ـ دۇنيا تارقاتماق سېخىيلىق ئەمەس، ھەقىقىي سېخىي شۇكى، ئەل ئۈچۈن جانىۇ تېنىنى تەسەددۇق قىلىپ پۇشايمان قىلماس» دېگەن. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەت بىلەن ئەلنىڭ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى مەردلىك بىلەن نامەردلىكنى سىنايدىغان گىر تېشى. شۇڭا ئۇلار ئەل ئۈچۈن تۇغۇلۇپ، ئەل ئۈچۈن ئۆلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەل قەلبى ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك جەننىتى بولۇپ قالدى. مانا بۇ ھەقىقىي قەدىر ـ قىممەت، مانا بۇ مەڭگۈلۈك دېئالېكتىكا. ئەل بىلەن بولغان مۇنداق باغلىنىشنى ئېتىراپ قىلماسلىق، ئەلنىڭ مەۋجۇدىيىتى شەخسنىڭ مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئاساسى، ئەلنىڭ تەقدىرى شەخسنىڭ تەقدىرىنىڭ كاپالەتلەندۈرگۈچىسى ئىكەنلىكىگە كۆز يۇمۇش نامەردلىك ۋە ۋىجدانسىزلىق بولىدۇ. ئۆزىنىڭ كىچىككىنە كېكىرتىكى ئۈچۈن، ئۆتكۈنچى، ئازغىنا، كۆپۈكتەك مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەلگە ئاسىيلىق قىلىش، خەلقنى زىيانغا ئۇچرىتىش، خەلقنى ھۆرمەت قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان پىدا قىلماسلىق، ئەلنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك ۋاپاسىزلىق ۋە كەچۈرگۈسىز نامەردلىك ھېسابلىنىدۇ .

ۋاپا ۋە ساداقەت مەردلىكنىڭ يارقىن سىماسى، ۋاپاسىزلىق ۋە ساداقەتسىزلىك نامەردلىكنىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىسى

ۋاپادارلىقنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ. ئۇيغۇرلاردا «ئاتاڭنىڭ ئوغلى بولغۇچە، ئەلنىڭ ئوغلى بول»، «ئەل رازى خۇدا رازى» دېگەنگە ئوخشاش ۋاپادارلىققا دائىر ماقال ـ تەمسىللەر ناھايىتى كۆپ. بۇ تەشەببۇسلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئۇدۇم. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا بارلىققا كەلگەن نۇرغۇن داستانلار ۋە خەلق چۆچەكلىرىدە ۋاپادارلىق مەسىلىسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئەلگە ۋاپادار بولۇش، ۋاپادارلىق تەلپىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى خەلق بىلەن شەخس ئۇتقۇمنى دېڭىز بىلەن سۇنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەققاسلاپ چۈشەندۈرىدۇ. بىر تامچە سۇ يەككە ـ يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بىر تامچە سۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت خەلقتىن ئىبارەت دېڭىز مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. ھېكايە قىلىنىشىچە :

بىر كۈنى بىر كىچىك كۆلچەك بىلەن دەريا مۇنازىرىلىشىپ قاپتۇ .

ـ ھەي دەريا، سەن نېمە دېگەن ئەخمەق،ـ دەپتۇ كۆلچەك دەرياغا مەسخىرىلىك قاراپ،ـ قارىسام ئۈچىيۈز ئاتمىش كۈن توختىماي ئاقىسەن، بىرئازمۇ ئارام ئالغىنىڭنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بەزىدە قارىسام ھەر ـ ھەر ئېغىر كېمىلەرنى ئۈستۈڭگە ئېلىپ يۈرۈيدىكەنسەن، ھەتتا بەزىدە كۆيۈپ پىشىدىكەنسەن. ئۆزۈڭگە ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ؟! سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولىدىغان بولسام، قۇرۇپ كېتىشكە رازى بولاتتىم .

ـ سېنىڭ نېمە راھىتىڭ بار،ـ دەپ سوراپتۇ دەريا كۆلچەكتىن .

-مېنىڭ ھېچقانداق غېمىم يوق. ھەپتىدە، ئايدا بىر قېتىم كۆزۈمگە سۇ توشقۇزىۋالسام بەخىرامان ياتىمەن. دۇنيانىڭ قانداق بولۇپ كېتىشى بىلەن چاتىقىم نېمە،-دەپتۇ كۆلچەك .

-ھەي بىغەم ئەقىلسىز، مەن ئېقىپ تۇرمىسام، سەن قانداقمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايسەن. مېنىڭ تىنماي ئېقىپ تۇرۇشۇم ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشۇمنىڭ ئاساسى، ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭمۇ كاپالىتى .

كۆلچەك دەريانىڭ سۆزىگە قايىل بولماي ئۆزىچە تېخىمۇ يوغان گەپ قىلىپ تۇرغان ئىكەن، دەريا ئۆزىنىڭ ئېقىش يولىنى باشقا ياققا يۆتكەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆلچەك بارا - بارا قۇرۇغىلى تۇرۇپتۇ. ئاۋۋال ئۇستىنى لەش بېسىپتۇ، ئاندىن قۇمۇشلار ئۈنۈپتۇ، ئاخىرى مەنبەدىن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن قۇرۇپ قاپتۇ. دەريا بولسا توختىماي ئېقىپ باغلارنى ياشارتىپتۇ .

ئەلىشىر نەۋائى بۇ ھېكايەتتە ئەل بىلەن شەخسنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە شەخسى تەقدىرىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا خۇلاسىلەپ بەرگەن. دۇنيادا بۇ مەڭگۈلۈك قانۇنىيەتنى ئېتىراپ قىلماسلىقنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ بىغەرەزلىك بولىدۇ. ھېس قىلىپ تۇرۇپمۇ بۇ رېئاللىقتىن ئۆزىنى تارتىش نامەردلىك دېگەن شۇ .

شۇڭا ۋەتىنى ئۈچۈن ۋاپادار بولمىغان، ۋەتىنى ئۈچۈن باش قاتۇرمىغان، ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىنى ئويلىمىغان ئادەم ئۆزىگىمۇ مەنسۇپ ئەمەس. ئۇنداق ئادەمنى بېجىرىم ئادەم دېگىلى بولمايدۇ .

ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتسىزلىك تەلىپى ئەجداتلارغا ۋاپادار بولۇش، ئاتا - ئانىسىغا ۋاپادار بولۇش، ئائىلىسىگە ساداقەتمەن بولۇش، دوستلارغا ۋاپادار بولۇش قاتارلىق يەنە نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ھازىر جەمئىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر ۋاپا، ساداقەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكى، ۋاپاسىزلىق، ساداقەتسىزلىك ئەدەپ كەتكەنلىكىدىن ئاغرىنماقتا .

توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھەربىر ئادەم ھەربىر قەدەمدە ۋاپاسىزلىق ۋە ساداقەتسىزلىكنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى تارتىۋاتقانلىقىنى، ھەربىر سورۇندا ۋاپاسىزلىق توغرىسىدىكى ۋايساشلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرىمىز. بۇ خۇسۇستا بىز ئالدى بىلەن دەۋرىمىزدىن مىڭ يىل بۇرۇنقى ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش ۋە ۋاپاسىزلىقنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەلىمى بىلەن سىزىپ بېرىلگەن كارتىنىسىنى كۆرۈپ باقايلى :

»زامانىڭغا ئوبدان نەزەر سال، ھەممە ئىش - ھالەتلەر تامامەن باشقىچە بولۇپ كەتتى. بىلىملىكلەر خارلاندى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى ئايايدىغان بولۇپ قالدى. ئەقىللىقلار كېكەچ

بولۇپ ئېغىز ئاچالماس بولدى. ئەل ئىچىدە يارىماس پەس كىشىلەر كۆپىيىپ كەتتى. ياۋاشلار دەپسەندە بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرەلمەس بولدى، مەي بىلەن يۈزىنى يۇغان بىنامازلار مەرد، باتۇر ئاتىلىپ، ئەلگە كۈچ كۆرسىتىۋاتىدۇ. پىتنە ـ پاساتچىلار ئەر ئاتىلىپ، مەي ئىچمەيدىغان پاك كىشىلەر خەسىس دەپ تونۇلىۋاتىدۇ. ھەي ئەل ھۆكۈمدارى! ناماز، روزا بىلەن يۈرگۈچى كىشىلەر مۇناپىق ئاتالدى، شۇنداقلا ھارام ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، ھالال يوقالدى. ھارام يېگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىنى قارا بېسىپ كەتتى. ھالالنى قەيەردىن ئىزدەپ تاپقۇلۇق؟ ھالالنىڭ نامىلا قالدى، لېكىن ئۇنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ھارام بولسا تالاشتا قالدى. ئۇنىڭغا ھېچكىم تويمىدى. ھارامنى ھارام دېگۈچى، ھارامنى تاشلاپ ھالال يېگۈچى قېنى؟ قىيامەت كۈنىنى بىلىدىغان ھەقىقىي تولغرا، تەقۋادار كىشىلەردىن كىم قالدى؟ قارا! دۇنيانىڭ قىلىقلىرى تامامەن ئۆزگىرىپ كەتتى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى تىلىدىن باشقىچە بولۇپ كەتتى. خەلقتىن ۋاپا كۆتۈرۈلۈپ، جاپا غالىب كەلدى. ئىشەنچلىك بىرەر ئادەمنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. قېرىنداشلار يېقىنلىقنى تاشلاشتى، دوستلار ساداقەتنى تەرك ئەتتى. كىچىكتە ئەدەپ قالمىدى، چوڭدا بىلىم كەلمىدى. قوپال، نادانلار كۆپىيىپ پەزىلەت ئىگىلىرى ئازايدى. ھەممە يېقىنلىق پۇل، يارماق ئۈچۈنلا بولدى. ھەممە ئادەم پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ قالدى. كىمدە كۈمۈش كۆپ بولسا شۇنىڭغا بويۇن ئەگدى. ھەقىقەت ئۈچۈن دۇرۇس ئىش قىلىدىغانلار قېنى؟ ئامانەتنىڭ ئورنىنى خىيانەت ئىگىلىدى، «نەسىھەت» دېگەن سۆزلا قالدى. ئۇنى ئادا قىلغۇچى قېنى، قېنى يامانلىقتىن توسقۇچى، قېنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى ...

نەزەر سال! ئوغۇل ئاتىسىغا ئاتىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئوغۇل بەگ بولۇپ، ئاتا بولغۇچى قۇل بولۇۋاتىدۇ. ئوغۇل ـ قىزلار ئاتا ھۆرمىتىنى تاشلىدى> .قېرى <دېگەن ھۆرمەتلىك نام ئەمدى ھاقارەت بولۇپ قالدى. تۇرمۇش ئېغىرلىشىپ، تەشۋىش ئەدەپ كەتتى. ئاچ كۆزلۈك ئەدەپ، خۇشاللىق سۇسلاشتى. پېقىر، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارغا شەپقەتچى يوق، جاھان ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. بۇنىڭغا ئەجەپلەنگۈچى قېنى؟ «

مانا بۇ ۋاپاسىزلىق ۋە ساداقەتسىزلىكنىڭ ئەلنى قانچىلىك خاراب ئەھۋالغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنىڭ يارقىن سىماسى. ئۇنىڭدىن ئەلگە بولغان ۋاپاسىزلىقنىڭ نىشانلىرىنىمۇ، ئەجداتلارغا قىلغان ۋاپاسىزلىقنىڭ ئىزنالىرىنىمۇ، ئاتا ـ ئانا ۋە ئەقىدە ـ ئېتىقادقا قىلىنغان ساداقەتسىزلىكنىڭ ئىپادىسىنىمۇ، قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇققا قىلىنغان ئاسىيلىقنىڭ كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنىمۇ ھېس قىلالايمىز. يۇقىرىقى كونكرېت مىساللارنى ھازىرقى جەمئىيىتىمىزگە تەدبىقلىغاندىمۇ نۇرغۇن تەرەپلەردە ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئوچۇق بايقايمىز.

دېمەك، ھەرقانداق بىر ئەلدە ۋاپا ۋە ساداقەت كۆتۈرۈلسە، ئۇ ئەلدىن ئامەت ۋە نۇسرەت كۆتۈرۈلۈپ

كېتىدۇ، بەخت ـ سائادەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ھەتتا بىر ئائىلىدە ساداقەتسىزلىك، ۋاپاسىزلىق باش كۆتۈرسە، شۇ ئائىلىمۇ تېز ئارىدىلا سورۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆپ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. شۇنىڭغا ئوخشاشلا كىشىلەردىكى چوڭقۇر ۋاپا ساداقەتنىڭ خاسىيىتى ئەلگە ئامەت ئېلىپ كەلسە، ساداقەتسىزلىك ۋە ۋاپاسىزلىق ئەلگە كاساپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ھېكايەت قىلىنىشچە: تۆت ئۇلۇش خانى ـ قۇدرەتلىك شاھ ئەمىر تېمۇر كۆرەگان ئەتراپتىكى جايلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، ھىندى دىيارىدا قاتتىق جەڭ بولۇپتۇ. دەۋران غەلىبە نۇسرىتىنى ئۇنىڭغا يار قىلىپ، دۈشمەنلىرىنىڭ باغرىنى تىلىپتۇ. ھەر كىشى ئۆز ئالدىغا قىرغىنغا ئاتلىنىپ، كېسىلگەن باشلار سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپتۇ. پۈتكۈل دەشتنى جەسەت قاپلاپ، قانلار دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ. ھەممە تەرەپتە ئۆتكۈر قىلىچلار يالتىراپ گويا قىيامەت قايىم بوپتۇ .

قىرغىن بولۇۋاتقان ئاشۇ مەھەلدە ئىككى بىچارە دوست قىرغىنغا دۇچ كەپتۇ. بىر نۆۋكەر ئۇلارنىڭ بىرىنى چاپماق ئۈچۈن قىلىچنى قېنىدىن سۇغۇرۇپتۇ، دوستىنى قىلىچ ئاستىدا كۆرگەن ئۇنىڭ دوستى ئۆز بېشىنى قىلىچ ئاستىغا سۇنۇپ :

ـ ئەگەر ساڭا باش كېرەك بولسا، ئۇنى چاپما، مانا بۇ مېنىڭ بېشىم ئۇنىڭغا ئەرزىيدۇ،ـ دەپ نۆۋكەرگە ئىلتىماس قىپتۇ. نۆۋكەر ئۇنى چاپماق بولۇپ يۈزلەنگەندە، ئۇنىڭ دوستىمۇ يەنىلا شۇ سۆزنى تەكرارلاپتۇ. قايسىنى چاپاي دېسە، ئۇلارنىڭ يەنە بىرى تاقەتسىزلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ :

ـ ئاۋۋال مېنى چاپ، مەن كۆزۈمنى يۇمغۇچە ئۇ تىرىك تۇرسۇن!ـ شۇ يوسۇندا ئۇلار ئۆز دوستىنىڭ بىردەملىك ھاياتى ئۈچۈن بېشىدىن كېچىپ، ئۆز بوينىغا چۈشىدىغان قىلىچنى تالىشىپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ئارىدا خېلى تالاش ـ تارتىش بوپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەنلەر ئارىسىدا غوۋغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئىككى دوستنىڭ بىر ـ بىرى ئۈچۈن ئۆز جېنىدىن كەچكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان شاھ تەسىرلىنىپ، ئەلنىڭ قېنىدىن كېچىپ، قەتلىئام قىلىشنى توختىتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتمەنلىكنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۆزلىرىمۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇ، خەلقمۇ قىرغىندىن خالاس بوپتۇ .

**

چىڭغىز ئايتماتوف نەسلىگە ۋاپاسىزلىقنىڭ كەلتۈرىدىغان ئاپىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىكەن: بىر مىللەت ئۆزىنىڭ تارىخنى يوقاتسا، مەدەنىيەت تارىخنى يوقاتسا، ئىلغار ئەنئەنىسنى ئۇنۇتسا، ئەتائەتمەن قۇلغا، ئەتائەتمەن ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تارىخ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىغانكى، ھەرقانداق بىر مىللەت ياخشى ئەنئەنىسىدىن ۋاز كەچسە، ئىلغار ئەنئەنىسگە ۋاپاسىزلىق قىلسا، يامان تەقدىرنىڭ قولىغا تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئەنئەنە.

ھازىر بىر قىسىم ياشلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىدىن بىرى بولغان ھايا ۋە

نومۇسنى تەكچىۋاشقا ئېلىپ قويدى. شۇنچىلىك قەبىھ ۋە يىرگىنىشلىك ئىشلارنى قىلىپمۇ ئازراقمۇ يۈزى قىزارمايدىغان، ھەتتا شۇنداق رەزىللىكى ئۈچۈن پەخىرلىنىدىغان نامەردلەر مەيدانغا كەلدى. كوچا - كويلاردا ھاياسىزلارچە قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ يۈرگەن ياشلىرىمىز ئۆزىنى نېمە چاغلايدىغاندۇ؟ ئۇلار باشقا ئادەمدە مۇھەببەت ھېسسىياتى، سۆيگۈ تەقەززاسى ۋە سۆيگۈنى يوق دەپ ئويلاپ، بىرەر قىزنى كەلتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ شۇنداق تۇيغۇدا شۇ چاكىنا ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن شۇ ياش نېمىدېگەن بىچارە - ھە؟! ئۇلارغا تېخى توغرا نەسىھەت قىلىپ قويغاي دېسە، قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ. تېخى بىزنى مەدەنىيەتسىزلىك، قالاقلىقتا، مۇتەئەسسىپلىكتە ئەيىبلىشىدۇ. بىر كۈنى مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالدىدىن بىرىنچى يول ئاپتوبۇسىغا چىقتىم. مەن بىلەن يەنە بىر جۈپ قىز - يىگىتمۇ چىقتى. مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇردۇم. ئازراق مېڭىپلا ئۇ يىگىت قىزغا ئەدەپسىزلەرچە مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى، بىردەمدىن كېيىنلا قىزنىڭ بېشىنى قايرىپ تېخىمۇ ئەدەپسىزلىك، ھاياسىزلىق بىلەن قىلىقسىز ئىشلارنى قىلغىلى تۇردى. ئۇلار بۇ چاغدا ئۆزلىرىنىڭ نەدە ئولتۇرغانلىقىنىمۇ، ئەتراپىدا كىملەرنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنۇتقان، ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. مەن بىر تۇرۇپ ئۆزۈمنى بېسىۋالاي، دەپ ئۆزۈمنى ئاران - ئاران تۇتۇپ ئولتۇرغان بولساممۇ، بىراق مەندىكى مەسئۇلىيەت ۋە ھايا ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىغا تاقەت قىلىشقا يول قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يىگىتنىڭ مۈرىسىگە ئاستا نوقۇدۇم. بۇ چاغدا ھېلىقى يىگىت دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ ماڭا شۇنداق بىر قاتتىق ھومايدىكى، ئەلپازى ئىنتايىن يامان ئىدى:«ھە، نېمە بولدى؟» دېدى ئۇ مېنى چاينىۋەتكۈدەك ئەلپازدا. «يىگىت، ماۋۇ ئاممىۋى سورۇن، دۈرۈسراق ئولتۇرۇپ ماڭساڭلار ياخشى بولامدىكىن؟» دېدىم مەن. ئۇ دەرھاللا «سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئولتۇرۇشىڭىزنى ئولتۇرىۋېرىڭە، كۆپ ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان ئادەم ئىكەنسىز، ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋالسا ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ» دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە تەھدىت ئارىلاشقانىدى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭمۇ ئاچچىقىم بىرئاز تۇتتى - دە، مۇنداق دېدىم :

-توغرا گەپ قىلسا ھۆكرەپلا قوپسا بولمايدۇ. مەن سىزگە دەپ قوياي، سىزدەك چۈپرەندە ئادەمنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ، نەسىھەت قىلىدىغانغا ئەخمەق بولۇپ قالمىدىم. لېكىن، ھازىر قىلىۋاتقان ئىش ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى ئەمەس، ئولتۇرغان يېرىڭىز دادىڭىزنىڭ ئايۋان سارىيى ئەمەس، ئاممىۋى سورۇن، چەت ئەل ئەمەس، بەلكى شىنجاڭ. سىزنىڭ ھازىرقى ھاياسىزلىقىڭىز مىللىتىمىزنىڭ ئىلغار ئەخلاقىي ئەنئەنىسىگە ھاقارەت كەلتۈرگەنلىك. يەنە بىر تەرەپتىن بىر قىزنىمۇ ھاقارەتلەۋاتىسىز، ئۆزىڭىزنىمۇ ھاقارەت قىلىۋاتىسىز. ئۈچىنچى تەرەپتىن، مۇشۇ ئاپتوبۇستىكىلەرنى كۆزگە ئىلماي، ئەخلاقسىزلىق قىلدىڭىز، ھەرقانداق ئىشنىڭ جايى ۋە يولى بولىدۇ .

-سىز خۇددى ماڭا دادامدەك تەربىيە قىلىپ كەتتىڭىزغۇ؟ داداممۇ ماڭا بۇنداق گەپ قىلىپ باقمىغان،-دېدى يەنىلا گەپتىن قالماي .

-توغرا، ئەگەر دادىڭىز تەربىيە قىلغان بولسا، بۇنداق ئىشلارمۇ بولمايتتى،-دېدىم مەن .

ـ بىزنى سەھرالىق چاغلاپ قالماڭ جۇمۇ، بىزمۇ ئوقۇغان، ـ دېدى ئۇ .

ـ گەپنى ئاز قىل ئۇكام، راست ئوقۇپتىكەنسەن. مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي، سەن قىلىۋاتقان مۇشۇ قىلىقنى سەن ھاقارەتلەۋاتقان ھەرقانداق بىر سەھرالىق قىلىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ھېچ نەرسىسى بولمىسىمۇ، سەندە يوق بىر ئۇلۇغ بايلىق بار. ئۇ بولسىمۇ، ئۇلاردا گۈزەل ئەخلاق پەزىلەت بار، شەرم ـ ھايا بار، ـ دېدىم. شۇ ئارىدا ماشىنا مەن چۈشىدىغان بېكەتكە يېتىپ كەلدى .

بۇنداق ياتلىشىش، ئەنئەنىگە ۋاپاسىزلىق قىلىشنىڭ ئىپادىلىرىنى ناھايىتى كۆپ تەرەپتىن مىساللار ئېلىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قائىدىسى ۋە قانۇنىيىتى بار. ھايۋانلار دۇنياسى بىلەن كىشىلىك جەمئىيەتنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ روشەن، نازۇك بەلگە بار. شۇڭا، ھەربىر ئادەم ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەخلاقىي پرىنسىپلىرىغا، قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئەمەل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش، ناھايىتى مۇھىم تەلەپ ھېسابلىنىدۇ .

ھەربىرىمىز مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنمىز، جەمئىيەتتە ھەر جەھەتتە ئۆزىمىزنىڭ رولىنى، مەسئۇلىيىتىمىزنى جارى قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار. چېخوپ:«بىپەرۋالىق قەلبنىڭ پالەچلىكى، شۇنداقلا ئۇ ۋاقىتسىز ئۆلۈمدۇر» دېگەن. مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئىنسان خاراكتېرىنى نۇرلاندۇرىدىغان چىراغ دېسەك، بىپەرۋالىق ئىنسان خاراكتېرىنى كۆمىدىغان گۆركار. ھەرقانداق قورقۇنچلۇق ھالەتمۇ بىپەرۋالىقتەك ئېغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. چۈنكى، بىپەرۋا ئادەم خۇددى ئۇخلاپ ماڭغان يولۇچىغا ئوخشاش ئۇنىڭ نە مەقسىتى، نە نىشانى بولسۇن. ئۇنداق تۇيغۇ تەرەققىي قىلىۋەرسە ياخشى بولامدۇ، يامان بولامدۇ ھەممىگە بىپەرۋا قارايدۇ. مانا بۇ ئەڭ قورقۇنچلۇقى، شۇڭا بىپەرۋا ئادەمنى ئۆز كونتروللۇقنى يوقاتقان پالەچ ئادەمگىمۇ ئوخشىتىش مۇمكىن. ھەربىرىمىزنىڭ جەمئىيەتكە، ئەنئەنىگە مەسئۇل بولۇش مەسئۇلىيىتىمىز بار. ئەڭ مۇھىمى مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش مەسئۇلىيىتىمىز بار. «جاھاننى سەل باسسا تەرەپ ـ تەرەپتە، ئېشەكنىڭ غېمى بولارمىش ھەلەپتە» دېگەندەك، «كارىم نېمە؟» دېگەن پوزىتسىيىنى تۇتساق، بۇنى ھەرگىزمۇ ئەركەكلىك ۋە مەردلىك دېمەيمىز .

يەنە بىر نۇقتىدىن كۆزەتكەندە، قىممەت قارىشىمىزدىمۇ خېلىلا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقنى ھېس قىلىپ تۇرۇپتىمىز. يەنە بىر جەھەتتىن ئەخلاق جەھەتتىكى ئىجتىمائىي كونتروللۇقنىڭ تىزگىنىدىن بوشىنىشقا ئۇرۇنۇپ تىپىرلاۋاتقانلىق نەزىرىمىزدىن نېرى ئەمەس. كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئۆزئارا قوللاش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئاجىز ـ كەمبەغەللەرگە يار ـ يۆلەك بولۇشتەك ئىلغار ئەنئەنىلىرىمىز ئورنىغىمۇ شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، پۇلغا ھەددىدىن ئارتۇق چوقۇنۇش، پۈچەك ـ يارماق ئۆچۈن ۋىجدانىنى، ئىمانىنى بۇلغاش قاتارلىق ئىللەتلەرگە يول بەردۇق. چوڭلارنى

ھۆرمەتلەيدىغان، ئاممىۋى سورۇنلاردا شەرم ـ ھايانى ساقلايدىغان، قىز ـ ئوغۇللار ئارىسىدىكى ئىلمىي مۇئامىلە مۇناسىۋەتلەر ۋە ياخشى ئەنئەنىنىڭ ئورنىنى قوپاللىق، ھۆرمەتسىزلىك، ھاياسىزلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەر ئىگىلەپ كەتتى. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، بۇ خىل ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ پەرۋا قىلمايۋاتىمىز. گەرچە قىسمەن قارشىلىق، نارازىلىق ئىپادىلىرىنى ئۇچراتساقمۇ، ئۇ بىر ئومۇمىيلىققا ئايلانمىغانلىقى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىمىغانلىقى ئۈچۈن ئاساسەن رولى بولمايۋاتىدۇ. بەزى ياشلار ئۆزىنىڭ ياتلىشىش، ئايىنىشلىرىغا زامان ئۆزگەردى، دەۋر ئۆزگەردى، ھازىرقى زامان سىلەرنىڭ دەۋرىڭلارغا ئوخشىمايدۇ، دەپ ئىنكاس قايتۇرۇۋاتىدۇ .

ئۇنداقتا زامان، دەۋر ئۆزگەرسە، مىللەتنىڭ ئىلغار، قىممەتلىك ئەنئەنىسىدىن، ئەجدادلىرىدىن ئايىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلامدۇ؟ دەۋرنىڭ تەرەققىياتى مىللەتنىڭ ئۆزىدىن ياتلىششىغا سەۋەب بولامدۇ؟ پەقەت روھىي جەھەتتىن زەئىپلەشكەن كىشلەرلا ئاشۇنداق ئايىنىش، ئۆزىنى ئۇنتۇش، قارىغۇلارچە باشقىلارغا چوقۇنۇش خاھىشىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ، مىللىتىگە بولغان يۈكسەك ھۆرمەت، ئۆزىگە بولغان مۇھەببەت پارلىغان جۇشقۇن، روھلۇق ياشلار روھىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى ئىزدەش، ئۆزىنى قايتىدىن قۇرۇش، ئەنئەنىنى زامانغا لايىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇكى، ھەرگىزمۇ مىللىتىگە، مىللەتنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسىگە ۋە نەسلىگە ئاسىيلىق قىلمايدۇ. چۈشكۈن، زەئىپ، ئىرادىسىز كىشلەرلا ئايىنىشنى ئەنئەنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەنىۋى جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈك ۋە زەئىپلىكنى ئەركىنلىشىش دەپ چۈشىنىدۇ .

**

ۋاپادارلىق ۋە ساداقەت تەلىپىنىڭ يەنە بىر نۇقتىسى ئاتا ـ ئانىلارغا بولغان ھۆرمەت، ۋاپا ۋە ساداقەت جەھەتتە سىنىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ئىلغار ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى ئاتا ـ ئانىنى مۇقەددەس بىلىدۇ، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشنى گۇناھ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتقانلار جەمئىيەتنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە قالىدۇ. چۈنكى، ئاتا ـ ئانا دېگەن ھەربىر كىشى ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك ۋە ئەڭ ھۆرمەتكە لايىق كىشلەر. ئۇلار بىزنىڭ ھاياتلىق دۇنياسىغا كېلىشىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىچىسى. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ يارىلىشىغا سەۋەب بولغۇچىنى ئۇنتۇغان بولىدۇ. بۇ ئېنىق ھايۋانىي سۈپەتنىڭ ئىپادىسى، چۈنكى ھايۋانلارلا چوڭ بولۇۋېلىپ ئاتا ـ ئانىسىنى تونۇمايدۇ .

دىنىي ئەقىدىلەردىمۇ ئاتا ـ ئانىلارغا ۋاپادار بولۇش، ئۇلارغا كۆز ئالايتماسلىق، ئۇلار بىلەن قارشىلىشىپ دىلىنى ئاغرىتماسلىق، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك دەۋەتلەر بار، قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن :

»بىز ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە،

مسكنلەرگە، يېقىن قوشنا، يىراق قوشنا، ياندىكى ھەمراھقا (سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا) مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل - چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«ئاللانى خۇش قىلىشتا ئانىنى رازى قىلىشتىن ياخشىراق ھېچبىر ئامالنىڭ بارلىقىنى مەن بىلمەيمەن. ئەگەر ئاتا - ئاناڭ ساڭا زۇلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى ھەرگىز رەنجىتمىگىن .«

قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ ئاتا - ئانىلارنى ھۆرمەتلەش ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ۋىجدانى ۋە ئىنسانىي بۇرۇچ دەپ تەكىتلىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق تەۋسىيەلەرنى قىلغان :

ئاتا پەندىنى سەن قاتتىق تۇت قاتتىق،
كۆنۈلۈڭ قۇتلۇق بولۇر كۆنسايىن تاتىق .
خىزمەتلە خۇش قىلساڭ ئاتا - ئاناڭنى،
تاپارسەن تۈمەن مىڭ كۆپ پايدا - ئاسىغ .

ئەلىشىر نەۋائى مۇنداق دېگەن :

بېشىڭنى پىدا ئەيلە ئاتا قاشىغا،
جىسمىڭنى قىل پىدا ئانا باشىغا .

دېمەك، ئاتا - ئانىلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا ۋاپادار بولۇش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك ئەنئەنىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا - ئانىسىغا ۋاپا قىلمىغان نامەرد ئادەمگە «نامەرد، ۋاپاسىز» دېگەن تامغا بېسىلىدۇ. ئاتا - ئانىسىغا ۋاپا قىلمىغان ئادەمدىن ھەرگىزمۇ ئەلگە ۋە باشقىلارغا ۋاپا كەلمەيدۇ. شۇڭا، بىر ئادەمنىڭ ۋاپادارلىقىنى ئاۋۋال ئاتا - ئانىسىغا بولغان ۋاپادارلىقتىن ئىزدەش كېرەك. ۋاپاسىز ئادەمدىن ھەرقاچان ئۆزىنى تارتقۇلۇق، ئۇنداق ئادەم بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈشنىڭ ئۆزىمۇ مەردلىك جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. ۋاپاسىز ئوغۇللار چايان مەسەللىككى، چايانىنىڭ تۇغۇلۇشى باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش مۇئەييەن ئادەت بويىچە بولمايدىكەن. يەنى ئۇ ئانىسىنىڭ ئىچ قارنىنى يەپ، قورسىقىنى يىرتىپ چىقىدىكەن - دە، چۆل - باياۋانلارغا كېتىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇۋۇسىدا كىشىلەر كۆرىدىغان چايان پوستى شۇنىڭ بەلگىسى ئىكەن. بىر ھۆكۈما بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەپتۇركى، بۇ سۆزنىڭ راستلىقىغا كۆڭلۈم گۇۋاھلىق بېرىدۇ، باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار كىچىكلىكىدە ئاتا - ئانىسىغا ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلغاچ، ئەلۋەتتە چوڭ بولغاندا شۇنداق سۆيۈملۈك ۋە ھۆرمەتلىك (كىنايە قىلىپ ئېيتىلغان سۆز) بولىدۇ - دە .

كىشىلەر چاياندىن سوراپتۇ :

- نېمشقا قىشتا تاشقىرى چىقمايسەن؟

چايان دەپتۇ :

- يازدا تۆزۆك هۆرمتم بولمسا، قىشتا چقىپ نىمە قلاي .

هازىرقى جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ ئەرلىك خسلتىنى جارى قلدۇرۇپ، ھەرقانچە نامرات بولۇپ كەتسمۇ، قانچلىك قىينچلققا يولۇققان بولسمۇ، يەنىلا ساداقەت ۋە ۋاپادارلىقنى ئۇنۇتماي ۋاپادارلىقتا بايراقدار بولۇۋاتقان ئەزىمەتلەر خېلى بار. لېكىن، ئاتا - ئانىسىنىڭ قېنىنى شوراپ، ئىچ - باغرىنى يەپ، يىلكىنى قۇرۇتۇپ، ئاتا - ئانىسىنى مەڭگۈلۈك داغدا، ھەسرەت - نادامەتتە قويۇۋاتقان چايان تەبىئەتلىك نامەرد مەلئۇنلارمۇ ئاز ئەمەس. بەزىلەرنىڭ تەبىئتى ئۇلارنى ئاتا - ئانىسىدىن ھەر خىل باھانە سەۋەب تېپىپ يۈز ئۆرۈشكە ئىشتىراك قىلغان، بەزىلەر خوتۇنىنىڭ كەينىگە كىرىپ، خوتۇنىنىڭ يالغان - ياۋىداق گەپلىرىگە ئىشنىپ ئاتا - ئانىسىدىن يۈز ئۆرىگەن. بەزىلەر ئۆزىنىڭ زەئىپلىكى، ئىقتىدارسىزلىقى، نابابلىقى تۈپەيلى، بىر ئۆمۈر ئاتا - ئانىسىغا يۆلىنىۋالىدىغان تەمەخورلۇققا ئادەتلەنگەن. ئاتا - ئانىسىنىغۇ باقمىسۇن، ئۆزىنىمۇ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنىمۇ بېقىش ئىقتىدارى بولمىغان ئادەمنى قانداقمۇ ئەر قاتارىغا قوشقىلى بولسۇن؟

بىز شۇنى ياخشى بىلىمىزكى، ئاتا - ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلغان ئادەمنىڭ بېشىدا ھەرقاچان خارلىق، زەبۇنلۇق ۋە بالا - قازا ئەگىپ يۈرىدۇ. ئاتا - ئانىسىنى رازى قىلمىغان ۋاپاسىزلار قاچان روناق تاپقان؟

**

بىز ئەمدى ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتنىڭ تېشىنى دوستلۇق تەرەپكە سۈرىمىز. بۇ چاغدا نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ يەڭگىل كېلىپ قالىدىغانلىقىمىزنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولىمىز .

هازىرقى رېئال مۇناسىۋەتلەر تۈرىدىن شۇنىسى ناھايىتى روشەنكى، خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك، ھەقىقىي ئىنسانىي دوستلۇقنىڭ ئورنىنى پۇل، مەنپەئەت تەمەسىدىن ئىبارەت ساختا دوستلۇق قەسمى ئىگىلىدى. «يېغا (ياغى) ياندىن قوپۇر، بالا كەلسە قېرىنداشتىن» دېگەندەك، نۇرغۇن ياخشى خۇيلۇق، دۇرۇس، ئوڭلۇق، مەرد، مەردانە يىگىتلەر نامەرد دوستىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى. يەنى نۇرغۇن نامەردلەر دوستىنىڭ پوستىغا ئۈردى. يەنى نۇرغۇن گاڭگۇڭ يىگىتلەر ساتقۇنلىقنىڭ تورىدا ھالاك بولدى. بەزى خۇمسلار دوستلۇق بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ دوستىنىڭ خوتۇنىغا بەدنىيەتلىك قىلدى. بەزىلەر دوستىنى ئالداپ سېتىپ خانىۋەيران قىلىۋەتتى. يەنە بەزى نامەردلەر «پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق» دېگەندەك، ئازراق پۇل تېپىپ ياكى تىرناقتەك ئەمەلنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇۋېلىپلا بۇرۇنقى نامرات چاغلىرىدىكى، بالا ۋاقتلىرىدىكى ئۆزىگە يار - يۆلەك بولغان، نۇرغۇن ئىشلاردا قولداش، يولداش بولغان دوستىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇلارنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاندەك تونۇماس بولىۋالدى. ھېكايەتتە كەلتۈرۈلۈپتۇركى، بىر

كىشىنىڭ دوستى چوڭ مەنسەپكە ئولتۇرغانىكەن، ئۇنىڭ يېقىن بىر دوستى ئۇنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن يوقلاپ بېرىپتۇ .

-سەن كىم بولىسەن،-دەپتۇ ئەمەلى ئۆسكەن كىشى دوستىنى قەستەن تونۇماسلىققا سېلىپ. يوقلاپ كەلگۈچى كىشى ئۇنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ئوسال ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ ۋە :

- مېنى تونۇمامسەن؟ مەن سېنىڭ كونا دوستۇڭ بولىمەن، سېنى كور بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ كەلگەنىدىم،-دەپتۇ .

شۇڭا، ئادامىس «ئەمەلدار بولغان دوست يوقالغان دوست» دېگەن. ھەقىقىي دوستلۇق ئوتتۇرىسىدا ئورۇن، مەرتىۋە، بايلىق، كەمبەغەللىك پەرقى بولمايدۇ. تەمەگە، مال - دۇنياغا، ئەمەل - مەنسەپكە باغلانغان دوستلۇق دوستلۇق ئەمەس، بەلكى قۇللۇقچىلىقتۇر. دوست دېگەن قان دوستكى، ھەرگىز نان دوست ئەمەس. كىمكى يەنە بىرىگە تەمە بىلەن دوست بولماقچى بولسا، ئۇ خۇددى قۇشلارنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز پايدىسى ئۈچۈن دان چاچقان ئوۋچىغا ئوخشايدۇ. غەرەز ئارىلاشقان دوستلۇق دوستلۇق ئەمەس نامەردلىكتۇر. بىر بۇزرۇكتىن كىشىلەر «نەچچە دوستۇڭ بار؟» دەپ سورىغانىكەن، ئۇ كىشى:«بىلمەيمەن، ھازىر دۆلىتىم پاراۋان، نېمىتىم كەڭرىچىلىك، شۇڭا ماڭا ھەممە كىشى دوستلۇق ئىزھار قىلىشىدۇ، مەن بىلەن قەلبى بىر ئىكەنلىكى توغرىسىدا لاپ ئۇرىشىدۇ. خۇدا ساقلىسۇن، ئەگەر ئىززەتىمنىڭ كۆزىنى مېھنەت قارىغۇ قىلسا، ئۇ چاغدا ئاندىن كىمنىڭ دوست، كىمنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. دېمەك، ئەل خارەزمى دېگەندەك «ئۇرۇش باتۇرنى، جاھىل دانانى، يوقسۇزلۇق دوستنى سىنايدۇ.» بۇزرۇكلار شۇڭا:«تۆت گۆرۈھنى مۇنداق تۆت ۋاقىتتا سىناش كېرەك، يەنى باھادىرلارنىڭ شجائىتىنى جەڭدە، خىيانەتسىز، ئىنسابلىق كىشىلەرنىڭ دىيانىتىنى ئېلىم - بېرىمدە، خوتۇن - پەرزەنتلەرنىڭ ۋاپاسىنى نامراتلاشقان چاغدا، ھەقىقىي دوستلارنى بالا - قازا كەلگەن ۋاقىتتا سىناش كېرەك» دېگەن .

دوستلىرىڭ دوست بولغىنىدۇر ئېشىڭغا،
يەتسە مېھنەت بىرى كەلمەس قېشىڭغا .
بولسا كىم مېھنەتتە دوست، ئۇ جانغا دوست،
دوست ئەمەس دۆلەتتە دوست، ئۇ نانغا دوست .

بۇ شېئىر ھېكمەت كىتابلىرىدا يېزىلغان مۇنۇ ھېكمەتنى ئېسىمىزگە سالىدۇ: پادىشاھلارنىڭ بىرى بىر پازىل كىشىدىن:«خالايىقلارنىڭ مالدار كىشىلەرنى دوست تۇتۇشىدا نېمە ھېكمەت بار؟» دەپ سورىغانىكەن. ئۇ پازىل كىشى:«مال ئۇلارنىڭ مەشۇقىدۇر، مەشۇق قەيەرگە بارسا، ئاشىق شۇ يەرگە كېلىدۇ، مەشۇق كەتسە ئاشىقمۇ كېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن

مەنىۋى دۇنياسى پۇچەك، ياشاش ئىقتىدارى تۆۋەن ئادەملەر نامەرت كېلىدۇ .

رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتى تولۇق ئىسپاتلىغانكى، مەرد ئادەمنىڭ قارىنى - كۆكسى كەڭ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى يۇقىرى، تەبىئىتىدە نومۇس ۋە ۋىجدان بار، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، ئۆز نەپسى ئۈچۈن باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىشنى نومۇس بىلىدىغان، تەمەخورلۇق، قۇلچىلىق بىلەن جان بېقىشنى ئۆلۈم دەپ بىلىدىغان ئالىيجاناب خاراكتېر بولىدۇ. نامەردلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم كەمتۈكلۈكى، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن زەئىپ بولىدۇ، ئۇلاردا نومۇس، ۋىجدان بولمايدۇ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ھالاللىق بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ كۆزى كىچىك، دىلى شۇنداق زەھەركى، ئۇلار ئۆزىدىن ئالدىغا كەتكەن ھەرقانداق ئىنسان ئۈچۈن ھەسەت، كۆرەلمەسلىك ئوتىدا پۇچۇلىنىدۇ. كۆڭلىدە ئۇلارغا ئاداۋەت ساقلايدۇ، تۆھمەت قىلىپ، ياخشىلارنى يىقىتىپ ئۆزىنىڭ مەجرۇھ گەۋدىسى بىلەن ئالدىغا چىقىشنى ئويلايدۇ. مانا مۇشۇنداق چۈپۈرەندىلەر قانچىلىك كۆپەيسە مىللەتكە كېلىدىغان ئاپەت شۇنچىلىك كۆپىيىدۇ، تارتىدىغان دەرد - ئەلەم شۇنچىلىك ئاشىدۇ. شۇڭا جەمئىيەت ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي قورغانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتنىڭ بەخت - سائادەت مەنزىلىدىكى پۈتلىكاشاڭ قوتۇرلارنى ئوبدان بايقاش، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ھەرگىز يول قويماسلىقى كېرەك. چۈنكى چاكىنا، چۈپۈرەندە، مەرەز ئادەملەر ھەرگىزمۇ ئۆزىگە ئوخشاش يارىماسلار بىلەن ئېتىشمايدۇ، بەلكى ياخشىلارغا ئورا كولاش ئۇلارنىڭ ئادىتى ۋە خۇمارى، ئۆزىدىن ھالقىپ كەتكەنلەرگە پۇت قويۇش ئۇلارنىڭ ياشاش مەنتىقىسى .

كەڭ قورساقلىق، ياخشىلارنى قوللاش، ئاجىزلارغا يار - يۆلەك بولۇش مەردلىكنىڭ مۇھىم نىشانىسى؛ ھەسەتخورلۇق، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش، ياخشىلارغا ئورا كولاش يارىماس نامەردلەرنىڭ ئادىتىدۇر .

»ئادەم ياخشىلىقنىڭ بەندىسىدۇر«. ياخشىلىق قىلىش قارىنى - كۆكسى كەڭ، سېخىي، مەرد ئادەملەرنىڭ ھاياتلىق مىزانى، ئۇ ئاجايىپ ئۇلۇغ پەزىلەتلەرنىڭ كانى، ئىنسان قەدىر - قىممىتىنىڭ رەھنىماسى. ياخشىلىقنىڭ چەك - چېگرىسى يوق، ياخشىلىقتا چوڭ - كىچىك دەپ باھا بېرىشنىڭمۇ ئورنى يوق؛ ياخشىلىقتا باي، كەمبەغەللىك ئۆلچىمىمۇ يوق. بىر ئادەمنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش يولدا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قۇربان قىلىشمۇ بىر ياخشىلىق، يولدا ئۇچرىغان بىر زىيانلىق تىكەننى باشقىلارنىڭ پۇتىغا سانچىلمىسۇن، دەپ سىرتقا ئېلىپ تاشلىۋېتىشمۇ ياخشىلىق؛ مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ پۇل چىقىرىپ نامرات بىچارىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشمۇ ياخشىلىق؛ بىرەر كېسەلمەن بوۋاي ياكى موماينىڭ سۇيىنى ئەكىرىپ بېرىش، ئوتىنىنى يېرىپ بېرىشمۇ ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىمكانىيىتى ۋە شارائىتىغا قاراپ ياخشىلىق قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىم مەسىلە نىيەتتە. نىيەت دۇرۇس، ياخشى بولسا گەرچە ياخشىلىق قىلىش قولىدىن كەلمىسىمۇ ئۇنى ياخشى ئادەم دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا: سەن ياخشىلىق قىلالمىساڭمۇ يامانلىق قىلما، يامانلىق قىلمىغانلىقىڭ

ياخشلىق قىلغانلىقىڭ ھېسابلىنىدۇ. (ئەلىشىر نەۋائى) دېگەن تەۋسىيەلەر بار. بۇ مۇقەددەس كىتابلاردىكى «باشقىلارغا يامانلىق قىلماسلىقمۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ» دېگەن ئەقىدە بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە .

كىشىلىك تۇرمۇشتا ياخشىلىقمۇ كۆپ، بىراق خاراكتېرى ئوخشاش بولمايدۇ .

بىرىنچى، ياخشىلىق قىلىش - مەردلىك ۋە سېخىيلىق. بىراق ئۇنى مىننەت قىلىش، ياكى ئۇنىڭدىن بەدەل تەلەپ قىلىش نامەردلىك ۋە خەسىسلىك ھېسابلىنىدۇ. ياخشىلىق قىلىپ ئارقىدىن بەدەل تەلەپ قىلىشنى ئۇلۇغلار: چوشقىنىڭ يۇيۇنۇپ بولۇپ، يەنە چىلىسىگە مىلەنگىنىدەك ئىش، دەپ تەرىپلىگەن. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە سېخىيلىقى بىلەن ئەل ئارىسىدا قەدىر - قىممەت تاپقان ئوغلانلىرىمىز خېلى بار. ئۇلار مىڭ بالادا تاپقان ئىقتىسادىنى نامراتلارنى يۆلەشكە، يېتىم - يېسىرلارنى ئوقۇتۇشقا، ئىقتىسادىي ئامىل سەۋەبلىك ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغان مۇنەۋۋەر، ئۈمىدلىك ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇشقا، مەكتەپ سېلىشقا سەرپ قىلىپ، پۇلنىڭ ھەقىقىي قىممىتى، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي ئوبرازىنى نامايان قىلدى. بۇ مەرد ئوغلانلار بىلەن خەلققە ياخشىلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە خەلقنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش، خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىش ئارقىلىق جان بېقىۋاتقان نامەردلەر ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك زور پەرق بار - ھە!؟ شۇ مەرد ئوغلانلارنى كۆرگەن، ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئاڭلىغان بەزى كىشلەرنىڭ ئېغىزىدىن ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇش، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ كۆنسېرى روناق تېپىشىغا دۇئا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى:«ئېسست! شۇ پۇل مەندە بولۇپ قالسىچۇ؟ ئەخمەق ئادەملەر جىق جۇمۇ، بۇ جاھاندا» دېگەن پوچۇلىنىشلارنى ئاڭلاپ، «يا ھەزرەت ما ئادەملەرنىڭ كۆڭلى نېمىدېگەن قارا» دەپ قالىدۇ كىشى. بەزىلەر بىر مو پۇلنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدۇ، ھەتتا بىز جەمئىيەتتە ئون كوي، يۈز كوي چاغلىق پۇل ئۈچۈن بىر - بىرسىگە پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان نامەردلەرنى خېلى كۆپ ئۇچراتتۇق. پۇل تاپقان ئاشۇ مەرد ئوغلانلار ئۈچۈنمۇ پۇل شۇنداق تاتلىق، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ - تېشىپ كەتكىنى يوق. بىراق كۆز ئالدىدىكى خەلقى ئاچ - يالىڭاچلىقتا ئىڭراۋاتسا ئۇلارنىڭ گېلىدىن غىزا ئۆتمىگەن، ئۇلارنىڭ يېگەن ئېشى زەھەر، كىيگەن تونى كېپەن بولغان. ئۇلار تەڭ يېگەن تەنگە سىڭار دېگەن ئەقىدىنى بىلىدىكەن. يۇرتداشلىرى، خەلقى ئېغىر تۇرمۇش شارائىتىدا تۇرسا تاپقان پۇلنى كۆز - كۆز قىلىپ، ئۇلارغا بوييۇنتاۋلۇق قىلىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل دەپ قارايدىكەن .

ھەي خەسىس بىچارە! ئۆزۈڭنىڭغۇ قولىدىن زىيانىدىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ، ئۇلارغا ئىچىڭ تارلىق قىلىدىغان، ئۇنى كۆرەلمەيدىغان سەندىكى قانداق بىر قەلبتۇ؟ ...

ساخاۋەت ھەققىدە توختالغاندا، يەنە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، مەجبۇرىي، زورلۇق

بلەن قىلنىغان ياخشىلىقنىڭ ھەم قىممىتى بولمايدۇ. تولستوينىڭ بىر سۆزى بار:«ساختا ساخاۋەت ھەممىدىن يامان، ئاشكارا يامانلىققا قارىغاندا ئادەم ساختا ساخاۋەتتىن كۆپرەك نەپرەتلىنىدۇ». بەزىدە غەرەز ئارىلاشقان ياخشىلىق، يوشۇرۇن دۈشمەنلىككە ئوخشايدۇ. بەزىلەر باركى گېزىتكە يېزىلىپ ماختىنىش ئۈچۈن، تېلېۋىزوردا تونۇلۇشتۇرۇلۇپ، ئۆزىنىڭ باي ئىكەنلىكىنى خەلققە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن «ساخاۋەتلىك» بولۇۋالىدۇ. ھەي بۇرادەر، بىزنىڭ ئەقىدىمىزدە ئوڭ قولۇڭ بەرگەن سەدىقىنى سول قولۇڭغا بىلدۈرمە دېگەن ئەنئەنە بار. قىلغان ياخشى ئىشلارنى يامان تەمە بىلەن بىكار قىلغۇلۇق ئەمەس .

جەمئىيىتىمىزدە نۇرغۇن يېتىم - يېسىر باللار بۇ ھايات داستىخىنىدىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھېچقانداق مەئىشەتتىن، مېھرىبانلىقتىن بەھرىمەن بولالمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاتا - ئانىلىرى شۇم ئەجەلنىڭ سەۋەبىدىن بۇ دۇنيادىن كېتىشكەن. بەزىلەرنىڭ ئاتىسى ھالال، پاك ياشاپ بۇ دۇنيادىن كەتكەن، ئۇلار خەلق ئۈچۈن ياشاپ، خەلق ئۈچۈن ئۆلگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ باللىرىغا ھېچقانداق مىراسى قالمىغان. ئۇلار ئۆز بالا - چاقىلىرىنى ساخاۋەتلىك خەلقىمىزگە قالدۇرۇپ كېتىشكەن. ئەجەبا ئۇلارنىڭ شۇنچە ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئاشۇ يېتىم باللارنىڭ بېشىنى سىلاپ قويىغۇدەكمۇ مېھىر - شەپقەت بولمىسا، ئاشۇ پىداكارلارنىڭ كۆزى قانداقمۇ يۇمۇلىدۇ. بىزنىڭ ئارىمىزدا مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان خەلقپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر كىشىلىرىمىز بار، بىراق ئۇلارمۇ ئادەم. ئۇلار قاباھەت دېڭىزىغا سەكرەپ، ھالاكەت گىردابىدا ئىگراۋاتقان بىر مەسۇمنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئۆزىنىڭ جېنىنى پىدا قىلغان بولسا، ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشتا يوق، ئەكسىچە، ئۇنى ئەخمەقلىقتا ئەيىبلىسە، ئۇنىڭ باللىرى يېتىملىك دەردىدە زارلانسا، كىشىلەرگە قانداق تەسىر قىلىدۇ؟ ئۇلار «بولدىلا، بۇ خەلققە بۇنچىلىك قۇربان بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ» دەپ پىداكار قەلبىگە ئىلاجسىز پەردە تارتىشقا مەجبۇر بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ كىلۆپېتىس:«جاسارەت بەك قەدىرلىنىدىغان، قورقۇنچاقلىق قاتتىق ئەيىبلىنىدىغان دۆلەت ئەڭ قەدىرلىكتۇر» دېگەن ئىكەن. چۈنكى «جاسارەتلىك يۈرەك ھەرقانداق مۇسىبەتلەرنىمۇ بىتچىت قىلالايدۇ» (سىرۋانتىس). بىراق ئاشۇنداق جاسارەتلىك سېخىي ئوغلانلىرىمىزنى قوللايدىغان، ئۇنىڭغا ياندىشىدىغان، ئۇنىڭ ئىزىنى باسالايدىغان ئادەم بولۇشى كېرەكتە .

سەن يېتىملارنىڭ قانچىلىك بىچارە، قانچىلىك ئاجىزلىقىنى بىلەمسەن؟ يىلتىزسىز دەرەخنىڭ كۆكلەپ مېۋە بەرگىنىنى كۆرگەنمۇ سەن؟ يېتىم يىغلىسا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان ئادەم بولمىسا بولامدۇ؟ يېتىمنىڭ يىغا - زارى ئەرشى ئەلانى تىترىتىدۇ، دېگەن گەپ بار. شۇڭا يېتىملەرگە رەھىم قىلىپ ھېچ بولمىسا كۆز يېشىنى بولسىمۇ ئېرتىپ قوي، يۈز - كۆزىدىكى چاڭ - توزانلارنى سۈرتۈپ قوي، شۇنداق قىلساڭ سېنىڭ باللىرىڭ يېتىم بولۇپ قالغان چاغدا ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلايدىغانلار چىقىدۇ.

بۇنىڭدىن شۈبھىلەنمە. «بىر يېتىمنىڭ بوينى قىسىق، كۆڭلى سۇنۇق كۆرگىنىڭدە، - دەيدۇ شەيخ سەئدى - ئۆز بالاڭنى ئەركىلىتىپ سۆيمە. ئاجىزلارنىڭ قولىدىن تۇتقاننىڭ قولىنى ئەتە ئۆزى ئاجىزلاشقاندا تۇتىدىغانلار چىقىدۇ. كۆچلۈك قولۇڭ بىلەن ئاجىزلارنىڭ بېشىغا ئۇرما، بىر كۈنلىرى چۈمۈلىگە ئوخشاش ئۇنىڭ ئايىغىغا چۈشۈپ قالىسەن.»

بىزنىڭ خەلقىمىزدە ياخشى، ئەل سۆيەر، ئىنسانپەرۋەر كىشىلەرنىڭ تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللىرىغىلا خەير - ساخاۋەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بولۇشى ئۈچۈن ھامى بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ قالماي، بەلكى يامان دەپ قارالغان ئادەملەرنىڭ بالا - چاقىلىرىغىمۇ خەيرخاھلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ياردەم قىلىشنى مۇھىم دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئاتىسى گۇناھكار بولغان بولسا، خوتۇن - بالىلىرىنىمۇ شۇ گۇناھقا شېرىك قىلىش ئىنسانلىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، توغرا يولغا باشلاش، خەلقنىڭ ئارىسىغا باشلاپ كىرىش كېرەك.

ئادەم ياخشىلىق قىلغان ئىكەن ئاداققىچە قىلىشى كېرەك. مانا بۇ ھەقىقىي مەردلىك بولىدۇ. بەزىلەر باركى بىر دوستى ئەمەلدار، پۇلدار بولسا، ئۇ ھايات چېغىدا ئاجايىپ يېقىن بولۇۋالىدۇ، ھەتتا ئۇ ئۆزىنى پۈتۈن بارلىقىنى دوستى ئۈچۈن تەسەددۇق قىلىدىغاندەك كۆرسىتىدۇ. بىراق دوستى ئالەمدىن ئۆتسە، ئەمەلدىن چۈشسە ياكى نامراتلىشىپ قالسا، دەرھال يۈزىنى ئۆرۈيدۇ. ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىغا بىرەر ئاياغ ئېلىپ بېرىشكە يارىمايدۇ. مانا بۇ ئۇچىغا چىققان نامەردلىك ۋە شەرمەندىلىك ئەمەسمۇ؟

ئىككىنچى، ياخشىلىقنى ياخشىلىق قىلىش لازىم بولغان ئادەمگە ۋە ئورۇنغا قىلىش كېرەك. زۆرۈرىيەتسىز جايغا قىلىنغان ياخشىلىق ۋە يامانلارغا قىلىنغان ياخشىلىق يامانلىق قىلغانلىق بىلەن باراۋەر. يامانلارغا قىلىنغان ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى نېمە؟ ئەلۋەتتە يامانلىق ۋە يۈز ھەسسە يامانلىق. بۇ ھەقتە تارىختا نۇرغۇن ئىبرەتلىك ھېكايىلەر بولغان سەئدىنىڭ ھېكايەت قىلىشىچە: بىر توپ ئەرەب قاراقچىلىرى تاغ بېشىدا ماكان تۇتۇپ كارۋانلارنىڭ يولىنى توسايتتى. ئەتراپتىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن، سۇلتان لەشكەرلىرىمۇ يېڭىلىپ قالغانىدى. چۈنكى قاراقچىلار تاغ چوققىسىدا قىيىن يوللارنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۇ يەرلەرنى ئۆزلىرىگە پاناھ جاي قىلىۋالغانىدى. شۇڭا مەسلىھەت بويىچە بىر ئادەمنى چارلاشقا ئەۋەتىپ ئەپلىك پۇرسەت كۈتمەك بولۇشتى.
بىر كۈنى قاراقچىلار خەلقنى بۇلاشقا كېتىپ ئۇۋىسى خالىي قالغان چاغدا، بىرقانچە ئىش كۆرگەن جەڭ تەجرىبىسىگە ئىگە يىگىتلەر ئەۋەتىلدى. ئۇلار تاغنىڭ بىر ئۆڭكۈرىگە مۆكۈپ تۇرۇشتى. قاراقچىلار كەچتە ئولجىلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار قورال - ياراغلىرىنى يېشىپ تاشلاپ، ئولجىلىرىنى

ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغان دەسلەپكى دۈشمەن ئۈيقۇ بولدى. بىرىنچى جىسەك ۋاقتى ئۆتكەندە باتۇر يىگىتلەر پىستىرمىدىن چاچراپ چىقىشتى ـ دە، قاراقچىلارنىڭ قولىنى بىر ـ بىرلەپ ئارقىسىغا باغلاپ، بامدات ۋاقتىدا پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىشتى، پادىشاھ بۇ قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلدى. شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ياش بالا كۆزگە چېلىقىپ قالدى. ئۇنىڭ ياشلىقىنىڭ كۆچىتىنىڭ مېۋىسى ئەمدىلەتىن يېتىلگەن، جامال گۈلىستانىنىڭ مايسىلىرى يېڭىلا كۆكلىرۈشكە باشلىغانىدى. ۋەزىرلەردىن بىرى شاھ تەختىنىڭ بوسۇغىسىنى ئۆپۈپ، شاپائەت يۈزىنى يەرگە قويدى ـ دە: بۇ بالا تېخى ھايات بېغىدىن بىرەر تال مېۋىنى تېتىپ كۆرمىگەن ۋە ياشلىق باھارىدىن بەھرىمەن بولمىغان. شۇڭا پادىشاھىمىزنىڭ سېخىيلىق ۋە ئالىيجانابلىقىدىن ئۈمىدىم شۇكى، ئۇنىڭ خۇنىدىن ئۆتۈپ مەن بەندىگە بېرىۋەتسە ئىكەن .

پادىشاھ بۇ سۆزدىن بويىنىنى تولغىدى، بۇ پىكىر ئۇنىڭ يۈكسەك رەيىگە مۇۋاپىق كەلمىگەچ مۇنداق دېدى :

ياخشىلارنىڭ نۇرى يۇقماس زاتى پەسكە ھېچقاچان،
تەربىيە نائەھلىگە گۈمبەزدىكى ياڭاقسىمان .

ئۇلارنىڭ ناپاك نەسلىنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇرۇق ئەۋلادىنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇۋېتىش ياخشىراق. چۈنكى ئوتنى ئۆچۈرۈپ چوغىنى قالدۇرۇپ قويۇش، يىلاننى ئۆلتۈرۈپ تۇخۇمنى ساقلاپ قېلىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس .

ئابىھايات تۆكسىمۇ ئاسماندىن بۇلۇت،
تال سۆگەتتىن مېۋە يېيەلمەيسەن .
پەسكەشكە ۋاقتىڭنى زايا قىلمىغىن،
بورا قومۇشىدىن شېكەر ئالالمايسەن .

ۋەزىر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خالار، خالىماس ماقۇل كۆرگەن بولدى ۋە شاھنىڭ گۈزەل پىكرىگە ئاپىرىن ئوقۇپ يەنە مۇنداق دېدى: شاھنىڭ ئىلتىپات قىلىپ ئېيتقىنى چىن ھەقىقەت. ئەگەر بۇ بالا ئاشۇ يامان ئادەملەرنىڭ ئۈلپەتچىلىكىدە ئۆسكەن بولسا، ئۇلارنىڭ خۇيىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان بولاتتى. ئەمما مەن قۇلىڭىز ئۈمىدۋارمەنكى، ئۇ ياخشىلارنىڭ ئارىسىدا تەربىيە كۆرسە، ئاقىللارنىڭ خۇلقىنى ئۆزلەشتۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ تېخى كىچىك بالا، بۇ گۇرۇھنىڭ بولاڭچىلىق، توپىلاڭچىلىق ئادەتلىرى ئۇنىڭغا ئانچە سىڭگىنى يوق. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:«ھەربىر بوۋاق تۇغۇلغاندا ئىسلام بىلەن

تۇغۇلدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدى قىلىپ چىقىدۇ، يا خرىستىيان قىلىپ چىقىدۇ، يا مەجۇسى قىلىپ چىقىدۇ .

يامانغا يار بولغاچ لۇتنىڭ جورىسى،
بولدى پەيغەمبەرلىك خانىدان ۋەيران .
ئەسهاب كەھفنىڭ ئىتى نەچچە كۈن،
ياخشىلارغا ئەگەشكەچ بولغانتى ئىنسان «.

ۋەزىر پەيغەمبەر سۆزىنى شېپى كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن پادىشاھ ئۇ كىچىك قاراقچىنىڭ خۇندىن ئۆتتى ـ دە:«بولۇپتۇ، گەرچە بۇ ئىشنى مەسلىھەت كۆرمىسەممۇ كەچۈرۈم قىلدىم!» دېدى .
شۇنداق قىلىپ، ۋەزىر بالىنى ئېلىپ قېلىپ، ئۇنى تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەتلەرگە كۆمۈۋەتتى. ئۇنىڭ تەربىيىسگە ئۇستاز، ئەدىبلەرنى تەيىنلەپ، سۆزلەش ۋە گەپ قايتۇرۇش سەنئىتىنى ۋە شاھقا خىزمەت قىلىش قائىدىلىرىنى ئۆگەتتى. ئەمەلدارلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىش ناھايىتى ماقۇل كۆرۈندى. دېمەكلىكچە، ئۇ خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغانىدى. بىر قېتىم ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۇ بالىنىڭ سۈپەتلىرى توغرۇلۇق سۆز ئېچىپ، ئاقىللارنىڭ تەربىيىسى ئۇنىڭغا تەسىر قىلغانلىقىنى، بۇرۇنقى نادانلىقى ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. پادىشاھ كۈلۈپ قويىدى ـ دە، دېدى :

ئاقىۋەت بۆرە كۈچۈكى بۆرە بولۇر،
گەرچە ئۇ ئادەم ئىچرە ئۆرە بولۇر .

ئارىدىن بىر ـ ئىككى يىل ئۆتكەندە ئاشۇ مەھەللىنىڭ بىر توپ ئوغۇللىرى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلپەتچىلىك ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن پۇرسەت تېپىپ ۋەزىرنى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ كەتتى ۋە قاراقچىلارنىڭ غارى ئىچىدە ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇردى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ھەيرەت بارمىقىنى چىشلەپ دېدىكى :

ئەسكى تۆمۈردىن ياسالمايدۇ كىشى ئۆتكۈر قىلىچ،
رەزىل ئادەم تەربىيەدە، ئەي ھەكىم بولماس ئىنسان .
گەرچە يامغۇر ياخشىلىقتا ھەممىگە ئوخشاش بىراق،
باغدا لالە ئۆسىدۇ، شورلۇقتا يانتاق ھەرقاچان .

شورلۇقتا ھېچقاچان سۇنبۇل ئۆسمەيدۇ،
ئۇرۇقنى، ئەمگەكنى قىلمىغىن زايا .
يامان ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىش،
ياخشىغا يامانلىق قىلغانلىق گويا .

بۇ ئەقىدە شەرقنىڭ مۇھىم تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىدىن بىرى. ئۇزۇن ئەسىرلىك تەجرىبە ساۋاقنىڭ يەكۈنى. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ياخشى ئۇرۇقتىن چاتاق چىقمايدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىدىنمۇ، بۇ ھەقىقەتنىڭ سىماسى چاقنايدۇ. چۈنكى ياخشى ئۇرۇقتىن چاتاق چىقمىغانىكەن، يامان ئۇرۇقتىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ئاق كۆڭۈللۈكنىڭمۇ، مېھرىبانلىقنىڭمۇ چېكى بار. تارىخىمىزدا نۇرغۇن پاجىئەلەر قارىغۇلارچە يۇمشاق كۆڭۈللۈك بىلەن رېئاللىققا مۇئامىلە قىلغانلىقتىن كېلىپ چىقتى. يەنە نۇرغۇن پاجىئەلەر بىزنىڭ ياخشى، يارامىلىق ئادەملىرىمىزنى قوغداپ قالالمىغانلىقىمىزدىن يۈز بەردى. (بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي پىكرىمىزنى كېيىنكى مەخسۇس تېمىدا ئوتتۇرىغا قويىمىز .(
بەزىلەرنىڭ كۆزقارىشى ۋە كلاسسىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدا يامانلارغىمۇ ياخشىلىق قىلىش ھەققىدىكى تەشەببۇسلار بار. بىراق بۇ ئىشقا مۇئامىلە قىلىشتا شۇ ئادەمنىڭ ياخشى يامانلىقىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك. بىر قىسىم ئادەملەر نادانلىقى، نامراتلىقى سەۋەبلىك يامان يولغا مېڭىپ قالغان بولسا، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ يامان يولدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالساق، بۇ ياخشىلىق بولىدۇ. بىراق كىشىلەرگە قەستەن زىيانكەشلىك قىلىدىغان، خەلققە دۈشمەنلىك ئورۇندا تۇرۇپ ئېغىر زىيانلارنى سالغان، خاراكتېرى يامان، قەبىھ، رەزىل، زەھەرخەندە، رەھىمسىز، تەبىئەتسىز مەخلۇقلارنى ھەرگىزمۇ كەچۈرۈشكە بولمايدۇ. ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش مەردلىك ھېسابلانمايدۇلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا يانتاياق بولغانلىق، ئۇلارنى قوللىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ رەزىللىكىنى بىر كۈن چەكلىمىسە خەلققە كەلتۈرىدىغان زىيىنى شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ. ئۇنداقلارغا رەھىمدىللىق قىلىش ئەل ۋەتەنگە زىيانكەشلىك قىلىش بولۇپ، بىزدىن ئىنتايىن زور بەدەل بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا بەزىدە كەچۈرۈشنى بىلىش مەردلىك ھېسابلانسا، بەزىدە قەتئىي كەچۈرمەسلىكمۇ مەردلىك ھېسابلىنىدۇ.

تارىختىكى ئاچچىق تەجرىبە ـ ساۋاقلاردىن چوڭقۇر ئىبرەت ئېلىش كېرەككىۇ؟ بىز يېقىنقى تارىخىمىزدا، مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى مۇھىم ئىشتا ئەڭ ئېغىر گۇناھ سادىر قىلدۇق. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىم ئەسىرگىچە بولغان بىر ئەسىر جەريانىدا خەلقىمىز ئىچىدىن نەچچە يۈز مىڭ سەرخىل ئوغلانلىرىمىز ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە

ئۇچراپتۇ. ئۇلار ئەسلىدە شۇ دەۋر ئېتىبارىدىن قارىغاندا مىللەتنىڭ غۇرۇرى، مىللەتنىڭ ۋىجدانى، مىللەتنىڭ ۋەكىلى، مىللەتنىڭ سەركەردىسى، ئاقىلى، ئالىمى، سىياسىيئونى ۋە باشلامچىلىرى ئىدى. ھەرگىزمۇ چاكىنا ـ چۈكىنا، كېرەكسىز ئادەملەر ئەمەستى. بىراق ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنچە دەھشەتلىك باستۇرۇلدى. ئۇلار ئەلنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلغانلىقى ئۈچۈن. بىز ئۇلارنى قوغداپ قالالمىدۇق، ئۇنداق ئەزىمەتلىرىمىزنى ئاسرىيالمىدۇق. نەتىجىدە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت خەلقنى ئەقىلدار، يىراقنى كۆرەر باشلاردىن ئايرىۋەتكەندىن كېيىن، نادان خەلقنى خالىغانچە ئۆزىنىڭ ساماسىغا ئۇسسۇل ئوينىتتى. خەلق سەركىسىدىن ئايرىلغان قوي پادىسىغا ئوخشاپ قالدى. بىر مىللەتتىن بۈيۈك ئەقىلدار باشلامچىلاردىن قانچىلىك چىقىشى مۇمكىن. دۇنيا تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئىنسانىيەتنىڭ سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىغا بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئادەملەر بارماق بىلەن سانىغىدەكقۇ؟ دۇنيادا قانچە ماندىلا بار، جۇڭگودا ۋە دۇنيادا قانچە ماۋزېدۇڭ ۋە قانچە دېڭشياۋپىڭ بار؛ لىنكولىندىن قانچىسى، مۇستاپا كامالدىن نەچچىسى بار. ئارىستوتىلدىن قانچىسى بار، كۇڭزىدىنچۇ، ئوغۇزخاندىن قانچىسى بار. يۈسۈپ خاس ھاجىپتىنچۇ؟ دېمەك، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ـ بەزىدە بىر ئەسىردە، بەزىدە 10 ئەسىردە، ھەتتا بەزىدە 20ـ30 ئەسىردە بىردىن بۈيۈك شەخسلەر بارلىققا كېلىپ، دۇنيانىڭ سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئەگەر ماۋزېدۇڭ بىلەن دېڭشياۋپىڭ چىقمىغان بولسا، جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى كىم تەسەۋۋۇر قىلالايتتى. شۇڭا جۇڭگو خەلقى بۇ ئۇلۇق داھىيلىرىدىن قانچىلىك پەخىرلەنسە ئەرزىيدۇ.

ئەپسۇسكى بىز ئۆز دەۋرىدە نۇرغۇن ئادەملىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئابدۇقادىر داموللامنى ئۆز قولىمىز بىلەن قەتلى قىلدۇق. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى، ل.مۇتەللىپنى ۋە باشقا نۇرغۇن ئوغلانلارنى ئۆز قولىمىز بىلەن تۇتتۇپ بەردۇق. ساناپ كەلسەك بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. بىر مىللەتكە نىسبەتەن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مەجرۇھلۇق بولامدۇ؟ ئەسلىدە شۇنداق ئۇلۇق ئادەملىرىمىزنى قوغداش ئۈچۈن قانچىلىك قۇربانلارنى بەرسەك ئەرزىيتتى. بىراق بىز ئۇنداق قىلالمىدۇق.

ئىككىنچى تەرەپتىن، بىز خەلقنىڭ دۈشمەنلىرىگە يول بەردۇق ۋە كەڭ بازار ئېچىپ بەردۇق. مىللەتنىڭ ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم زىياندىش مەخلۇقلارغا ئۈنۈملۈك قارشى تۇرمىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئۇلار ياخشى، يارامىلىق ئادەملىرىمىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ، بىزگە ئېغىر مۇسىبەتلەر يۈكىنى ئارتتى. بىراق ئۇلار ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ قول چوماقچىلىرى بولۇپ، خەلقنىڭ بېشىدا داۋاملىق قامچا ئوينايتتى. ئۇنىڭ بىلەن ساتقىن، ئاسىيلار بارغانسېرى كۆپىيىۋەردى.

بۇنداق ئېغىر زىيانكەشلىكنىڭ تېگىنى ۋە ماھىيىتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئىنتايىن ئاددى مەنپەئەت تەمەسى ياكى كىچىككىنە شەخسىي ئاداۋەت سەۋەبلىك شۇنچە چوڭ پاجىئەلەرنى تۇغدۇرغان. بەزىلەر

ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىكتىن ئۆز بۇرادىرىنى ساتقان ۋە ياكى ئۇنىڭغا بىۋاستە قول سالغان. مەسىلەن: ئابدۇقادىر داموللام مانا شۇنداق ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىكنىڭ قۇربانى بولغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ساتقىنلىقنىڭ قۇربانى بولغان... بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. كۆپلىگەن قۇربانلار چوڭ سىياسىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش داۋامىدا قۇربان بولمىغان، بۇ ئەلۋەتتە ئۆكۈنۈشكە تېگىشلىك تارىخىي ساۋاق .

دېمەك، خەلقىمىز ئىچىدە مەۋجۇت بولغان مەردلەر بىلەن نامەردلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە ئاساسلىق رول ئوينىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى كەڭ قورساقلىق، ياخشىلىق ۋە مەردلىك بىلەن، ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك ۋە زىيانكەشلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەسەتخورلۇق ۋە پىتنە پاسات ھەققىدىمۇ ئازراق توختىلىپ ئۆتىمىز .

ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، پىتنە - پاسات مەنىۋىيىتى ئىنتايىن زەئىپ يارىماس ئادەملەردە بولىدىغان يامان سۈپەتلىك كېسەل بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ تەڭ كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىشقا يارايدۇ. ئىنسانغا ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېيىش جايىز ئەمەس. لېكىن ھەسەت، شۇ ھەسەتكە مۇپتىلا بولغان ئادەمگە ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزىگە يىگۈزىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى خاراب قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزگىلەرنىمۇ خاراب قىلمىغۇچە توختىمايدۇ. شۇڭا ھەسەتنى «ھەممە سۈپەتلەرنىڭ ناچارراقى، بارچە خىسلەتلەرنىڭ خارراقىدۇر» دەيدۇ. ھەسەت ھىممەتنىڭ سۇسلۇقىدىن، خاراكتېرىنىڭ ناچارلىقىدىن بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ شەرمەندە نومۇسسىزلىقنىڭ نەتىجىسى. بىلمەك كېرەككى ھەسەتخور باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ھەسەت ئوتىدا كۆيىدۇ، ھەر سائەتتە مىڭ غەم - غۇسسىنىڭ زەھەرلىك شەربىتىنى ئىچىدۇ. باشقىلار ئىشرەت داستىخىنىنى يەرگە يايسا، ھەسەتخور كىشى ھەسەت قولىنى بېشىغا ئۇرىدۇ. ھەسەت توغرىسىدا دانالىرىمىز ئاجايىپ قىممەتلىك، ئىبرەتلىك مەلۇماتلارنى قالدۇرغاندى .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەسەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ :

ھەسەت بىر كېسەلدۇر، داۋاسى ئۇزاق،
ئۆزىنى ئۆزى يەپ، سېزەر ئۇ ئاداق .

تۈپۈك - يىلتىزىڭنى پاساتلىق قىرار،
بۇ ياخشى ئىزىڭنى پاساتلىق بۇزار .

ئەلىشىر نەۋائى مۇنداق دەيدۇ :

»بېخىلنىڭ مېلىنى ئاسراشتىن مېھنىتى قاتتىق، ھەسەتخورنىڭ خۇي - پەيلىدىن تۇرمۇشى ئاچچىق.

دېمەككى، بىرىنچىسى ئۆز بايلىقىدىن خار، ئىككىنچىسى ئۆز قىلىقىدىن مۇسىبەتدار «

مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى مۇنداق دەيدۇ :

پىتنىخورلۇق قىلىش ناھەق قان تۆكۈشتىنمۇ يامان .

بىلمىسىز كىشى ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى پىتنە ـ پاسات تېرىشتىنلا ئىبارەت .

ئالەم پىتنە ـ پاساتتىن خاراب بولىدۇ .

مانا بۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ھاياتتىن چىقارغان خۇلاسىسى. دېمەككى، قايسى ئەلدە ھەسەت، پىتنە ـ پاسات كۆپ بولىدىكەن، ئۇ ئەلدە بەخت ـ سائادەت، خاتىرجەملىك ئاز بولىدۇ. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ:«پىتنە ـ پاسات قەيەردە باش كۆتۈرسە، شۇ يەردە خارلىق بولىدۇ» دېگەن. بۇ خۇسۇستا تارىختىكى مۇنداق بىر مەشھۇر ھېكايىنى مىسال ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر :

ئىسكەندەر زامانىسىدا بىر جانىۋار پەيدا بولىدى. ئۇنىڭ كۆزى چۈشكەن ھەرقانداق نەرسە ھالاك بولاتتى. ئىسكەندەر بۇ ئىشقا تەئەججۈپلىنىپ ھەيران بولىدى. ھېچبىر تەدبىر بىلەن ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلالمىدى. ئاخىر ئەرستۇ ئۇنىڭغا چارە تەدبىر قىلدى .

ئۇ بۇيرۇتۇپ چوڭ بىر ئەينەك ياساتتى. ئارقىسىغا بىر كىشىنى مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەينەكنى ھارۋىغا سالدى. ئەينەكنىڭ ئارقىسىدا بىر كىشى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، ئۇ جانىۋار تۇرغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ جانىۋار ئادەمنىڭ ھىدىنى ئېلىپ، ئەينەككە قاراپ ماڭغانىدى، ئەينەكتىكى ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ يىقىلدى. جان تەسلىم قىلىپ شۇ زامان ئۆلدى .

ئىسكەندەر بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ ئەرستودىن سورىغاندا، ئەرستو: بۇ جانىۋار نەچچە يىل يەر ئاستىدا ياتقان ئوخشايدۇ. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇ بەدبۇي نىجاسەتتىن تۆرەلگەندۇر. ھالا يەر يۈزىگە چىققاندا، ئۇنىڭ كۆزىدە ھەسەت زەھىرى بار ئىكەن. مانا بۇ ئۇنىڭ كۆزى چۈشكەن ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۆلۈشىدىكى سەۋەبتۇر. ئۇنىڭ ئالدىغا ئەينەكنى توغرىلىغاندا ئۇنىڭ كۆزى ئۆز ئەكسىگە چۈشتى ـ دە، شۇ ۋاستە بىلەن (كۆزىدىكى ھەسەت زەھىرى ئۆزىگە تەسىر قىلىپ) ھالاك بولدى، دەپ جاۋاب بەردى .

مىللەتنىڭ ھۆجەيرىسىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ۋە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇۋاتقان ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىك ـ مىللەتنى خاراب قىلىۋاتقان، خەلقنىڭ ئىچىگە نىزا ـ ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، دۈشمەنلىك ۋە ئىتتىپاقسىزلىققا سەۋەب بولۇپ روناق تاپتۇرمايۋاتقان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئەمەسمۇ؟

چېقىمچى، ھەسەتخور، پىتنە ـ پاساتچى نامەردلەرگە سورۇن ھازىرلاپ بېرىش، ئۇلارنىڭ ھايات ۋە مەئىشەت داستىخىنىنى بۇلغاشقا يول قويۇش جەمئىيەتنىڭ بىر ئىللىتى بولماقتا. ئۇلار بۇنداق يوچۇقتىن ئۈنۈملۈك ۋە ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، خەلققە كەلتۈرىدىغان زىيانكەشلىكلىرىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈۋاتىدۇ. جەمئىيىتىمىزدە يەنىلا ئەرلىك خاراكتېر ئۈستۈنلۈكنى ئالغان، ئاجايىپ ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق، مەرد ئەزىمەتلەر ناھايىتى كۆپ. بىراق يامانلارغا بولغان قارشىلىق

روھى ئومۇمىيلىققا ئايلانمىغان. شۇڭا بۇ خىل ئىجتىمائىي يوچۇق يامانلار ئۈچۈن شوتا بولۇپ بەرگەن .

ھېكايە قىلىنىشچە: بىر پادىشاھ بىر ئەسىرنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان. بىچارە ئۈمىدسىز ھالەتتە پادىشاھنى يامان تىل بىلەن تىللاشقا باشلىغان. چۈنكى كىشىلەر ئېيتقاندەك، كىمكى جېنىدىن ئۈمىد ئۈزسە كۆڭلىدىكى ھەممە گېپىنى ئېيتىۋالىدۇ .

پادىشاھ سوراپتۇ:«نېمە دەيدۇ ئۇ؟». ئالىيجاناب ۋەزىرلەردىن بىرى جاۋاب بېرىپ:«ئەي پادىشاھىم، ئۇ ئېيتىدۇكى، جەننەت غەزىپىنى يۇتكۇچىلەر ۋە خەلقنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرگۈچىلەر ئۈچۈن تەييارلانغاندۇر» ① قۇرئان كەرىم، 3 ـ سۈرە، 134 ـ ئايەت .

دەيدۇ .

پادىشاھنىڭ ئۇ ئەسىرگە رەھمى كېلىپ خۇنىدىن ئۆتتى. بۇ ۋاقىتتا بايىقى ئالىيجاناب ۋەزىرگە زىت بولغان ۋە ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدىغان يەنە بىر ۋەزىر:«بىزنىڭ خىلىمىزدىكى كىشىلەرگە پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا راست سۆزدىن باشقىنى دېيىش لايىق ئەمەس. بۇ ئەسىر پادىشاھقا دەشنام بېرىپ، نالايىق سۆزلەرنى قىلدى» دېدى. پادىشاھ بۇ سۆزدىن بوينىنى تولغىدى ـ دە، دېدى:«ماڭا سېنىڭ راست سۆزۈڭدىن كۆرە، ئۇنىڭ يالغان سۆزى ماقۇل كەلگەندى، چۈنكى ئۇنىڭ يالغان سۆزى ياخشىلىق يۈزىسىدىن ئېيتىلغانىدى، سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ يامانلىق قىلىشقا قارىتىلغان. ھالبۇكى، ئاقىللار: پىتنە تۇغدۇرىدىغان راست سۆزدىن ياخشىلىق يەتكۈزىدىغان يالغان سۆز ئەۋزەل دېگەن «.

دېمەك، دۇنيادىكى يامانلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى يول قويۇشتىن تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان. ئەگەر يول بېرىلمىسە، ئۇلار ئۈچۈن سورۇن بولمىسا، بۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش مۇمكىن .

ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، ئالدىدا بىر خىل، ئارقىدا يەنە بىر خىل بولۇش، تىلى باشقا، دىلى باشقا بولۇش نامەرد ساتقىنلىقنىڭ يەنە بىر ئالامىتى .

بۇ خۇسۇسىيەتتىكى ئادەملەرمۇ ئەرلىك سۈپەتكە مۇناسىپ كەلمەيدۇ ئەمەس، ئەقەللىسى ئادەم بولۇش سالاھىيىتىمۇ ھازىرلىمىغان بولىدۇ. ھەقىقىي ئەركەك دېگەن، لىللا، گاڭگۇڭ، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك، ئىشەنچكە يارىغۇدەك بولىدۇ. ئامانەتكە ھەرگىزمۇ خىيانەت قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە قەدىمكى ھېكايەتلەردە كىشىلەرگە ئۈلگە بولغۇدەك مۇنداق بايانلار خاتىرىلەنگەن :

بەھرام ئىلگىرى نۇئمان ئىبنى مەنزەرگە خىزمەتكار ئىدى. ئۇ بىر كۈنى شىكارغا چىقىپ، بىر كىيىكنى ئۇچراتتى. ئۇنى جەھد بىلەن قوغلىدى. كۈن چۈش بولدى. ھاۋا ئىسسىق ئىدى .

قەبزى ئاتلىق بىر ئەرەبى بار ئىدى، كىيىك ئاخىرى قېچىپ، بىتاقەت بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. قەبزى ئۇنى تۇتۇپ باغلاپ قويدى. شۇ ھالدا بەھرام يېتىپ كەلدى. تىركەشتىن ئوق چىقىرىپ قەبزىگە ھەملە قىلدى :

- ئەي ئەرەبى، مېنىڭ ئولجامنى چىقىرىپ بەرگىن !

قەبزى بەھرامغا مۇنداق دېدى :

- ئەي ئاتلىق، بۇ خۇدانىڭ مەخلۇقىدۇر، مېنىڭ قېشىمغا پاناھلىق ئىزدەپ كەپتۇ. مېنى ئۆلتۈرسەڭمۇ، ئۇنى ساڭا تۇتۇپ بەرمەيمەن. چۈنكى ئۇ مەردلىك ئەمەس، - دېدى. بەھرام بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قوپاللىق ئىزھار قىلدى. قەبزى :

- ئەي يىگىت، بىھۇدە سۆزلەرنى ئېيتمىغىن. ئوق قولۇڭدا، تا مېنى ئۆلتۈرمەي، ئول جانىۋارنى ئالالمايسەن. ئەگەر مېنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلتۈرسەڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىم، قەبىلەم خەلقى سېنى ھەم تىرىك قويمايدۇ. ئۆزۈڭنىڭ جېنىڭغا كۆيگىن. ئەگەر خالىساڭ بىر دۇلدۇل، چاپقۇر ئېتىم بار. ساڭا بېرەي، كەلگەن يولۇڭغا يانغىن، - دېدى. بەھرامغا قەبزىنىڭ مەردلىكى ۋە ھىممىتى خۇش كەلدى. قەبزىنىڭ مەردلىكىگە ھەيران قېلىپ ئارقىسىغا ياندى .

مانا بۇ شجائەت، مانا بۇ مەردلىك. ئۇ بىر ھايۋان ئۈچۈن شۇنچىلىك مەردلىك ۋە ھىممەت كۆرسىتىۋاتقان يەردە ئادەم ئۈچۈن قانچىلىك مەردلىك كۆرسىتىشى مۇمكىن؟ ئارىمىزدا شۇنچىلىك نامەردلەر باركى، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىرەر ئادەم پاناھلىق تىلەپ كەلسە، ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بىرەر ئېغىز سۆزنىمۇ ئامانەت قويغىلى بولمايدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېرىدە ئوچۇق - ئاشكارا بولۇشنى، گەپ بولسا يۈز تۇرانە دېيىشنى، ياخشى كۆرىدۇ. ئالدىدا ساختىلارچە «ھە، ھە» قىلىپ ھجىيىپ، ئارقىدىن غاجايدىغان، تىلى شېكەر، ئىچى زەھەر ئادەملەرنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ. ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ:«ھەقىقىي مەرد ئەركەك ئەل ئارىسىدا يۈرىكنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ئۇياتماي يۈرەلەيدۇ» دېگەنىدى. ئەسلىدىن ئالغاندا مانا بۇ بىزنىڭ ئەسلى مىللىي خاراكتېرىمىز. چۈنكى قورسىقىدا كىر يوق ئادەم، ئۆزىگە ئىشەنچىسى بار ئادەم، غۇرۇر ۋە ۋىجدانلىق ئادەم ئاشۇنداق ئوچۇق ئاشكارا، ئۇياتماي ياشىيالايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قۇرسىقىدا غۇم يوق. ھازىرقى جەمئىيەتتە نۇرغۇن ئەرلەر سىرلىق بىر پەردە ئىچىگە ئۆزىنى يوشۇرىۋالدى. گەپ - سۆزلىرىگە قارىسا ئاجايىپ مەردانىلارچە سۆزلەيدۇ، گەپ بىلەن شەھەر ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئىنتايىن قورقۇنچاق ۋە رەزىل؛ بىرەر مۇھىم ئىشنى بېجىرىۋالغۇچە ۋاي تاغام، دادام، چوڭ دادام دەۋالغان، ئىشى پۈتكەندىن كېيىن ئەزەلدىن كۆرمىگەن كىشىدەك تۇزكورلۇق قىلىدىغان؛ سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قۇيىدىغان، ئارقىدىن پىچاق ئۇرىدىغان نامەردلەر كۆپىيىپ كەتتى. شۇڭا ئۆتكەندە بىر مۆتىۋەر: ھازىرقى ئادەملەر ئالدىڭدا مەن دېگەن ئۇنداق ياخشى ئادەم، ئۇنداق ئاق كۆڭۈل، مۇنداق قورسۇقۇم كەڭ، مەن دېگەن ئوغرى قاچانىڭ تېگىنى ئۆرۈپ بېرەلەيمەن، ماڭا قاتتىق ئىشىنىڭ، دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىسە، كۆڭلۈمدە «يالغان، يالغان، ئىشەنمەيمەن، ئىشەنمەيمەن» دەپ ئۆزۈمگە ئاگاھ بولىدىغان بولۇپ قالدىم، دەيدۇ. دېمەك، ئەرلىك سۇسلاشسا ئىشەنچمۇ سۇسلىشىدىغان ئىش ئىكەن. ئۆزئارا ئىشەنچ بولمىسا بىرلىك، ھەمدەملىك، بىر نىيەتلىك، بىر مەقسەتلىك بولمايدۇ، ئۇنداقتا ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ .

تەمەخورلۇق ۋە قۇلچىلىق بىلەن جان بېقىش - يارىماسلىق ۋە ئەرلىك غۇرۇرنى دەپسەندە قىلىشنىڭ

يەنە بىر قورالى .

بىزدە بىر مۇقەددەس ئەقىدە بار، يەنى «تەمە هارام» دەيدىغان. يەنە بىرى ئادەمنىڭ ئادەمگە قۇلچىلىق قىلىشى گۇناھ دەپ قارىلىدۇ. ئادەمنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەبىرلەرنىڭ بىرىدە ئادەم ئىككى پۇتلۇق، ئۆرە ماڭالايدىغان مەخلۇق، دەپ تەبىر بېرىلگەن. بىراق هازىر جەمئىيىتىمىزدە باشقىلارغا يادەك ئېگىلىپ، هايۋاندەك تۆت پۇتلۇق بولۇپ ياشايدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئازراق مەنپەئەت ئۈچۈن باشقىلارنىڭ تاپىنىدا ئەرلىك سۈپىتى، هەتتا ئادەملىك غۇرۇرىنى ئۇنتۇپ كۈچۈكتەك ئۆمىلەپ يۈرگەن مەخلۇقلارنى تولا ئۇچرىتىدىغان بولۇپ كەتتۇق. هەتتا بەزىلەر پەسلىشىپ شۇنچىلىك هالەتكە يەتكەنكى، ئۇ تەكەببۇر مەنمەنچىلەرنىڭ ماختاپ قويۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ قالىدىغان بولسا، بۇ دۇنيادا هېچ كىمنى مەنستىمەسلىك تەرەپكە ئۆتىدۇ. هەتتا ئۇلار ئۇ خوجىلىرىدىن بىرەر تەستەك يەپ قالسا، ياكى بىرەر قېتىم تىللاپ قويغان بولسا شۇنىڭدىن كېرىلىپ ماختىنىپ كېتىدىكەن. بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولمىش بىر تونۇشۇم بار ئىدى، هەر قېتىم ئۇچراشسام، پوكونى باينىڭ ئۇنداق ئىشنى قىلىپ بەردىم، پالانى باينىڭ مۇنداق ئىشنى قىلىپ بەردىم، دەپ ماختىناتتى. بىر كۈنى يەنە بىر ئۇچراشقىنىمىزدا ئالدىمنى توسۇپ، يەنە ماختىنىپ گەپ باشلىدى. «كۆرمەمسەن، كېچىچە پۇل ساناپ تۈزۈكمۇ ئۇخلىيالماپتىمەن» دەيدۇ. مەن:«بىر يەردىن بىر خەزىنىگە ئۇچراپ قالغان ئوخشىمامسەن» دېسەم، «ياق پوكونى باينىڭ مانچە مىليون پۇلىنى سانىشىپ بەردىم» دېمەسمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن نومۇس قىلىپ كەتتىم. هەي بۇرادەر، سەن دېگەن بىر ئوقۇتقۇچى ئادەم، نېمىدىن پەخىرلىنىشنى، نېمىدىن نومۇس قىلىشنى بىلىپ سۆزلىگىن. باشقىلارنىڭ پۇلىنى سانىشىپ بەردىم، دەپمۇ پەخىرلىنىدىغان ئىشمۇ. سەن بولسا، مۇنداق ماقالە يازدىم، مۇنداق كىتاب چىقاردىم، مۇنداق دەرس ئۆتتۈم دەپ ماختانساڭ بولىدۇ، دېدىم .

لۇشۈننىڭ مۇنداق بىر مەشهۇر خىتابى بار «كالا بولۇپ باش ئېگمەن سەبىي باللارغا، غەزەپ بىلەن هومىيمەن قەبىھ زالىملارغا» مانا بۇ مەردلىك بولىدۇ. بىراق تەمەگەرلەرنىڭ يەنە بىر ئىللىتى شۇكى، ئۆزىنىڭ تەمە ئوبيېكتىلىرىغا شۇنداق قۇلچىلىق بىلەن خۇشامەت قىلغان بىلەن، ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە بولسا شۇنچىلىك تەكەببۇرانە مۇئامىلە قىلىدۇكى، باشقىلار ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەرزىمىگەن خەس - خەشەك بىلەن ئوخشاش. ئۇلارنى ئۆزىگە ئاشۇنداق خۇشامەت قىلىسكەن، دېگەننى تەمە قىلىدۇ .

تەمەخورلارنىڭ پەس تەبىئىتىنى ئۇلۇق شائىر ئەلىشىر نەۋائى بىر هېكايەتتە ناهايىتى تىپىك هالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئىدى .

»خەلق ئارىسىدا بىر غەيرەتسىز كىشى بار ئىدى، - دەيدۇ ئەلىشىر نەۋائى، - خالايىق ئۇنىڭ ئۆلۈمتۈك ۋە غەيرەتسىزلىكىنى كۆرۈپ، هەربىرى بىردىن مۇشت ياكى جاپا تەستەكلىرىنى ئۇراتتى. شۇ ئارقىلىق ئۇ كىشىلەردىن بىر لوقمىدىن نان ئېلىپ يەيتتى. كىشىلەر قوغلىسىمۇ كەتمەيتتى. بەلكى ئۇ باغرى تاش زالىملارنىڭ ئۆيىدىن چىقمايتتى. كىشىلەر ئۇنى بۇ جاپالارغا ئۆگىنىۋالغاندى. ئۇنى خارلىغان بىر كىشى كېلىپ تەپسە بىر چۆرگىلەپ توختايتتى، ئۇ غەيرەتسىز پەس كىشى بۇنىڭ

بەدىلگە تەپكۈچى كىشىدىن بىر نەرسە ئالاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ نەرخى شۇنىڭغا توختىغانىدى. ھەر كىشى ئۇنىڭغا بىر پارچە نان بەرسە، نەپسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئۇنى ئېلىپ ئاغزىغا سالاتتى. نان بەرگۈچى شۇ ھامان بىر مۇشت سالاتتى ـ دە، ئۇ كىشى يەرگە يىقىلاتتى. گەرچە ناننى يەپ قورسىقى تويسىمۇ، لېكىن مۇشتنى يەپ ھېچ نەرسە يېمىگەندەك يۈرىۋېرەتتى «...

جەمئىيەتتە مانا مۇشۇنداق ھاقارەت تەستەكلىرىنى، خورلۇق تېپىكلىرىنى يەپ تۈرۈپمۇ كىچىككىنە ئاشقان ـ تاشقان لوقمىنىڭ تەگكىنىگە مەمنۇن بولۇپ، موللا مۇشۇكتەك ياشاۋاتقان ئادەملەر ئازمۇ. قېنى ئۇلاردىكى ئەرلىك تەبىئەت، قېنى ئۇلاردىكى ئىنسانىي خىسلەت. ئەسلى، بۇ دۇنيادا ئادەم بىلەن ئادەم باپباراۋەر. ھېچكىمنى ھېچكىم بېقىپ قويمايدۇ. باشقىلارنىڭ پېشىدە ناماز ئوقۇپ، باشقىلارنىڭ مىننەتلىك بىر لوقما گۆشىنى يېگەندىن، ئۆزىنىڭ ھالال ئەجرىگە تايىنىپ ئېرىشكەن بىر بۇردا نان نېمىدېگەن قىممەتلىك ھە !

ئادەم تەمەگە قانچىلىك بېرىلگەنسېرى قەدىر ـ قىممىتىنى شۇنچىلىك يەرگە ئۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلۇغلىرىمىز «تەمەخور ھەرقانچە بەگ بولسىمۇ، ئۇ قۇلدۇر، تەمەخور كىشىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدۇر» (يۈسۈپ خاس ھاجىپ) دېگەن. «ئادەم تەمەخور بولسا، نەپسىگە قۇل بولىدۇ» (يۈسۈپ خاس ھاجىپ). «كىمنى تەمەخورلۇق قۇل قىلىۋالغان بولسا، بۇ قۇللۇقتىن ئۆلۈپ قۇتۇلمىغىچە قۇتۇلمايدۇ» (يۈسۈپ خاس ھاجىپ). «كىمكى بىر تاۋاق ئاش ئۈچۈن قۇل بولىدىكەن، ئۇنىڭ يۈزىگە قازاننىڭ قارىسىنى سۈرۈش كېرەك» (ئەلىشىر نەۋائى). «ئەگەر سەن تەمەدىن خالى بولالىساڭ شۇنداق ئۇلۇغ ئىش بولىدۇكى، پۈتۈن ئالەمدىكى كىشىلەر بىر تەرەپ بولسىمۇ، يالغۇز ئۆزۈڭ ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيسەن» (ئەلىشىر نەۋائى). يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەمەخورلارنىڭ پەس تەبىئىتىنى يەنە مۇنداق نۇقتىدىن كۆرسىتىپ بېرىدۇ:«ئەگەر تەمەخور تەمە قىلغىنىغا ئېرىشسە، ئۇ سېنى ئاكام ياكى ئۇكام دەپ ئاتايدۇ، ئەگەر ئېرىشەلمىسە يۈزىنى ئۆرۈيدۇ، ھەتتا تۇغۇلۇپ سېنى زادى كۆرۈپ باقمىغاندەك ئۆزىنى يىراقلاشتۇرىدۇ «.

شەيخ سەئدىنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرى تەمەخور قۇللارغا ئۇرۇلغان ئەڭ جايىدىكى تەستەكتۇر بەلكىم :

»بىر كىشى بىر تەلەپ بىلەن ئەتىگەندە خارەزىمشاھنىڭ ئوردىسىغا باردى. ئۇ شاھ ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلىنغاندا، ھۆرمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاۋۋال روكۇغا بارغاندەك ئېگىلدى، ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ، سەجدە قىلغاندەك دۈم بولۇپ يۈزىنى يەرگە سۈردى .

يېنىدىكى ئوغلى بۇ ھالنى كۆرۈپ ئاتىسىدىن سورىدى :

- ئاتا، بىر سوئالىم بار جاۋاب بېرەمسىز؟

ئاتىسى سورا، دېگەندە، ئوغلى :

- سىز ھەر دائىم قىبلە ھىجاز تەرەپتە دېمىگەنمىدىڭىز؟ ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بۈگۈن نامازنى پادىشاھقا قاراپ ئوقۇدىڭىز. ـ دېدى .

شۆھرەتپەرەس نەپسىڭىزنىڭ كەينىگە كىرمە، ئۇنىڭ ھەر سائەتتە باشقا قىبلىسى بار. ئاچ كۆزلۈك، تەمە سېنىڭ ئېتىبارىڭنى چۈشۈرىدۇ. بىر تال ئارپا ئۈچۈن بىر ئىتەك ئۈنچە تۆكىسەن. تەمە قىلىشتەك يامان خۇي سېنى ھەممە سورۇندىن چىقىرىۋېتىدۇ. بۇ خۇينى تاشلىغىنىكى، سېنى ھېچكىم قوغلىۋەتمىسۇن. ئەي نەپس! ئۆزۈڭدە بارىغا قانائەت قىل، شۇنداق قىلساڭ، شاھ بىلەن گادايىنى ئوخشاش كۆرىسەن. نېمە دەپ ھۆكۈمدارلارنىڭ ئالدىغا بىر نەرسە تىلەپ بارىسەن؟ تەمەنى تاشلاپ ئۆزۈڭ سۇلتان بول. ئەگەر نەپسىڭىزنىڭ كەينىگە كىرسەڭ قارنىڭنى تاۋاق قىلىپ، ئۇنىڭ بۇنىڭ ئۆيىنى ئۆزۈڭگە قىبلە قىلىسەن. ئەگەر ھەر نەپەستە نەپسىڭ ساڭا بەر - بەر دەپ ھۆكۈم قىلسا، سېنى خورلاش ۋە ھاقارەتلەش بىلەن يېزىمۇ يېزا سازايى قىلىدۇ. ئەي ئەقىللىق ئىنسان! قانائەت ئىنسانىنىڭ بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، تەمەخور ئادەمنىڭ بېشى بولسا مۇرىسىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيدۇ. بىر كىشى تەمە دەپتىرىنى پۈكلەپ تاشلىۋەتسە، ھېچكىمگە >قۇلىڭىز<، >چاكىرىڭىز <دەپ مەكتۇب يازمايدۇ « يۇقىرىقى بايانلاردىن قارىغاندا قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز تەمەگەرلىكنى ئىنتايىن يامان كۆرگەن. ئۇلار تەمەگەرلىكنىڭ تۈپ سەۋەبىنى ئىككى نۇقتىدىن ئىزدىگەن. بىرى، يارىماسلىق، مۇستەقىل ياشاش روھى بولماسلىق؛ يەنە بىرى، نەپسى يامان بولۇش، نەپسى ئۈچۈن ھەرقانداق خورلۇق تارتىسمۇ ھەرگىز ھار ئالماسلىق .

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ناھايىتى نۇرغۇن رەزىل قىلمىشلار ۋە ۋىجدان، غۇرۇرنى سېتىشلارنىڭ تۈپ نېگىزىنى تەكشۈرگەندە تار شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە تەمەگەرلىكتىن كېلىپ چىققانلىقى ناھايىتى ئېنىق. تەمەگەرلىك ۋە تار مەنپەئەتپەرەسلىك نامەرد ئادەملەرنى، زەئىپ خاراكتېرلىك مەخلۇقلارنى مەنبە قىلىدۇ. ھەقىقي ئەركەك بىر نان يېيىش ئۈچۈن تويىدىغان شۇ قورسىقى ئۈچۈن ھەرگىز باشقىلارنىڭ ئايىغىدا تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئۆمىلىمەيدۇ .

سەئدىنىڭ ھېكايە قىلىشىچە: بىر مەرد كىشىگە خوتەن ئەمىرى بىر يىپەك تون كىيگۈزدى. ئۇ كىشى بۇ ئىلتىپاتقا نائىل بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق خۇرسەن بولغان ۋە خانغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دېگەن :

- خوتەن ئەمىرىنىڭ بۇ تونى نېمىدېگەن ئېسىل، لېكىن ئىنسانىنىڭ ئۆزىنىڭ تونى تېخىمۇ ئېسىلدۇر .

دېمەك بۇ يەردە گەپ ناھايىتى چوڭقۇر مەنادا يۇرگۈزۈلگەن. چۈنكى مىننەتلىك ئاش قورساقنى ئاغرىتىدۇ. شۇڭا سەئدى بۇ ھېكايىسىنى خۇلاسىلاپ مۇنداق ھېكمەتلىك تەۋسىيەنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:«ئەگەر ھېچكىمنىڭ مىننىتى ئاستىدا ياشاشنى خالىمساڭ داق يەردە يات، بىر پارچە پالاس ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئالدىدا يەرنى سۆيمە.» ئەقىللىق مەرد كىشى چىرايىغا كىبىر سىركىسى سۈرىۋالغان ئادەمنىڭ ھەسىلىنى يېمەيدۇ .

بەزىلەر كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىدىكى بۇنداق بۇزۇلۇشنى زامانىنىڭ تارلىقى، تىرىكچىلىك بېسىمى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەپ چۈشەندۈرىدىكەن. بۇ نېمىدېگەن ئازغۇن ۋە زەئىپ پىكىر - ھە.

ئۇيغۇرلاردا «ئۆتمە نامەرد كۆۋرۈكدىن سەل سىنى ئاقتۇرسمۇ، يېمە نامەرد ئىشنى ئاچلىق سىنى ئۆلتۈرسمۇ» دېگەن مەردلىك ختابى بار. نامەردلىك ھەرگىزمۇ تۇرمۇشنىڭ قىستىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىش ئەمەس. قاراپ باقساق، تۇرمۇشتا نى - نى كەمبەغەل، نامرات ئادەملەر بار. بىراق ئۇلار ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشقا قانائەت قىلىپ كىچىككىنە نەپسى ئۈچۈن ئۆزىنى خار قىلىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن. چوڭقۇرراق كۈزەتسەك تەمەخورلۇق ۋە نامەردلىكنىڭ كۆپىنچىسى يوغان قورساق، پۇلدار مەخلۇقلاردىن كۆپ كۆرۈلىۋاتىدۇ. بەزىلەر بىر بالداق يۇقىرى چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەمنىڭ جەستىگە دەسسەپ كۆتۈرۈلىۋاتىدۇ. ھەتتا بەزىلەر خوتۇن - قىزلىرىنى دەسمايە سىلىش ھېسابىغا رەزىل مەقسىتىگە يېتىشتىن باش تارتمايىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا ئۇلار ئاچ قالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغانمۇ؟ ياق! بۇ ئۇلارنىڭ قېنىدىكى ئىپلاسلىقنىڭ نەتىجىسى .

جەمئىيىتىمىزدىكى نامەردلىكلەرنىڭ ئىپادىلىرىنى بىرمۇبىر كۆزىتىدىغان بولساق، بارلىق قاتلاملاردىن ئۇخشىمىغان دەرىجىدىكى ئىپادىلەرنى تاپالايمىز. بەزىلەر ئازراق پۇل تاپقاندىن كېيىن ئىلگىرىكى نامرات چاغلىرىدا ھەمدەم بولغان، جاپا - مۇشەققەتنى تەڭ تارتقان، ئېغىرىنى كۆتۈرگەن قەدىناس خوتۇنىدىن چېنىپ، «مەدەنىي» قىزلاردىن بىرنى تېپىۋېلىپ باللىرىنى يېتىم قىلغان. بەزىلەر تەييارتاپلىق، ھۇرۇنلۇق ۋە يارىماسلىقى تۈپەيلىدىن بىر ئۆمۈر ئاتا - ئانىسىنىڭ شىللىسىگە مىنىۋېلىپ ئۇلارنى دوك قىلىۋېتىكەن. بەزىلەر ئۆكتەملىك، زومىگەرلىك، كۆكەملىك قىلىپ باشقىلارنى بوزەك قىلىش ھېسابىغا جان بېقىشقا ئادەتلەنگەن. بەزىلەر باشقىلارنىڭ رىزقىغا توپا چېچىش، توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش ۋاستىسى بىلەن ئۆزىنى سەمرىتكەن؛ يەنە بەزىلەر نومۇس قىلماي تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭ رىزقىغا چاڭ سالغان. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ .

ئەي نامەرد! نامەردلىك بىلەن ئېرىشكەن قىلدەك ئامىتىڭگە مەغرۇرلىنىپ ئۇنچە كۆرەڭلەپ كەتمە، ئەلگە ئۇنچە غادايما! گۆرەن تومۇرۇڭنى نېمانچە كۆپتۈرسەن، تۈتۈننىڭ دەردىنى مورا بىلىدۇ،دەپ سەن شۇ ئىمتىيازغا ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقىي ئىقتىدارى، بىلىم قابىلىيىتىڭ ۋە ئەلگە قوشقان تۆھپەڭ بىلەن ئەمەس، بەلكى قۇۋلۇق، شۇملۇقلىرىڭ بىلەن، ئەرلىك ۋە مەردلىكىڭنى، ۋىجدانىڭنى گۆرۈگە قويۇش، ئىنسانىي قەدىر - قىممەتكە ھاقارەت كەلتۈرۈش ئادىمىيلىك ئوبرازىغا داغ تەگكۈزۈش ھېسابىغا ئېرىشتىڭ .

ئەگەر بۇلارنى ئىنكار قىلىدىغان بولساڭ قېنى ئىقتىدارىڭنىڭ مېۋىسىدىن ئەلنى بەھرىمەن قىلىپ باقمامسەن. قېنى بولمىسا مانا مەن ھاياتىمدا ئەل ئۈچۈن مۇنداق ئىش قىلىپ بەردىم، دەپباقمامسەن؟ !

بەزىلەر ھازىرقى مىللىي ساپايىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى، مەدەنىيەت جەھەتتە كەينىدە قالغانلىقىمىز، نىزا - ئاداۋەت، تەپرىقىچىلىك، يۇرتۋازلىق، ھەسەت ۋە چېقىمچىلىق ۋە باشقا بەختسىزلىكلەرنى تۆۋەن تەبىقە خەلقىمىزنىڭ ئۈستىگە يۈكلەۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئۇچىغا چىققان نامەردلىك. «بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي» دېگەندەك ئىش. خەلقىمىزدە گۇناھ يوق، ئۇلاردا

گۇناھ بار دېيىلسە، ئۇلار تەربىيلىنىش پۇرستىدىن مەھرۇم بولغان، كۆپىنچىسى ساۋاتسىز، ئۇلار قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ، نېمە يەپ، نېمە ئىچىۋاتىدۇ، نېمە كىيىۋاتىدۇ، قانداق ئۆيدە ئولتۇرىۋاتىدۇ، نېمە قالاۋاتىدۇ، بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىلەر؟ پرولېتارىياتنىڭ داھىيسى ئېنگلىس مۇنداق دېگەن:«دارۋىن ئورگانىك دۇنيانىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى بايقىغانغا ئوخشاش، ماركس ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ قانۇنىيىتىنى بايقىدى. يەنى ئۇ، كىشىلەر سىياسەت، دىن ۋاھاكازالار بىلەن مەشغۇل بولۇشتا قادىر بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن يېمەك - ئىچمەك ۋە تۇرالغۇ جايغا ئىگە بولۇشلىرى ھەمدە كىيىنىشلىرى كېرەك. دېمەك، تىرىكچىلىك ئۈچۈن توغرىدىن توغرا زۆرۈر بولغان ماددىي ۋاستىلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە دەۋرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ھەربىر مەلۇم باسقۇچى شۇنداق بىر نېگىز بولۇپ تۇرىدۇ. دۆلەت مۇئەسسەسەلىرى، ھوقۇق قاراشلىرى، سەنئىتى ۋە ھەتتا كىشىلەرنىڭ دىنىي تەسەۋۋۇرلىرىمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئەنە شۇ نېگىزگە ئاساسلىنىپ چۈشەندۈرۈش كېرەك، دېگەن ۋە ئاخىرقى ۋاقىتلارغىچە كەينى - كەينىدىن ئېدىئولوگىيىلىك پەردىلەر ئاستىدا بېسىلىپ ياتقان ئاددىي پاكىتنى كەشپ قىلدى». ① ف.ئېنگلس:«ماركس قەبرىستانلىقىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» 2 - توم 254 - بەت .

ئەگەر بىز بۇ قانۇنىيەتنى ھېس قىلغان بولساق خەلقىمىزگە ئۇنچە كۆپ لىڭگىرچاقلارنى ئارتماس ئىدۇق. بىراق خەلقىمىز يەنىلا قەھرىمان خەلق. ئۇلار ناھايىتى زور تىرىشچانلىق قىلىپ دۆلەت بەلگىلەپ بەرگەن ئەمىر - پەرمانلارنى ئورۇنلاۋاتىدۇ. ھېچبولمىغاندا ئۇلاردا يۇقىرى تەبىقىلەردىكىدەك ياتلىشىش يوق، بىزنىڭ ساپ مەدەنىيىتىمىز، ساپ تىلىمىز، مىللەتنىڭ كەڭ قورساقلىق، سېخىيلىق ۋە ھەمكارلىقتىن ئىبارەت مىللىي خاراكتېرىنى مانا شۇ ئاددىي خەلقلەرنىڭ ئارىسىدىن تاپقىلى بولىدۇ. بىراق ئۇلار شەھەرلىكلەر ۋە يۇقىرى تەبىقىلەر بەھرىمەن بولغان نۇرغۇن ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. شۇ خەلققە ئەيىب قويۇۋاتقانلار ئېيىغا ئەر - ئايال نەچچە مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ ياشايدۇ، دېھقانلىرىمىز شۇنداق نەچچە مىڭ كوينى بىر يىل خەجلەيدۇ .

ئەسلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ ئارىسىدىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى، زىيالىيلار ئەلۋەتتە ھەر جەھەتتىن خەلققە ئىجابىي يېتەكچى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، بىز ئەيىبلەۋاتقان، بىز تەنقىدلەۋاتقان ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى يەنىلا ئۆزىمىزدە ئىكەن. مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان «مەدەنىي» قاتلامنىڭ بۇنچە ياتلىششى خەلقنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە زور زىيانلارنى سېلىۋاتقان ئاساسىي ئامىل دەپ قاراشقا بولىدۇ .

بىز بۇ خۇسۇستا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم ۋە بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تۆۋەندىكى ئىبرەتلىك تەۋسىيەلىرىنى ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشىڭلارغا ھاۋالە قىلىمىز .

# ئۆزئارا دۈشمەنلىشىشنىڭ ئاپىتى، ساداقەتنىڭ خاسىيتى
# دۈشمەنلىشىشنىڭ يامانلىقى

ئەي دوست، هوشيار بولغىنكى،دۈشمەنلىشىش ئىنتايىن يامان ئادەتتۇر. بۇ ئادەت ھەسەتخورلۇق بىلەن ئۈلپەتتۇر، ئۇنىڭ ئۆزى غەم - ئەندىشە ھەم بالايىئاپەتتۇر. ئەمما، ئۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇلسا، سەممىي سادىقلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، دۈشمەنلىشىشنى تاشلاش كىشىنى بەخت - سائادەت كوچىسىغا يەتكۈزىدۇ. دۈشمەنلىشىش ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا كۆرۈلسە، ئۇلارنىڭ ئەسل - ۋەسلىنى قۇرۇتۇپ، خانۇ مانىنى خاراب قىلىدۇ. ئەگەر پادىشاھلار ئارىسىدا يۈز بەرسە، پۈتكۈل جاھاننى خاراب قىلىدۇ .

جاھان ئەھلىدىن ۋاپا كەلمەيدۇ. ئۇلاردىن دوستانىلىك ناھايىتى يىراق. ئەگەر ياخشى ئويلايدىغان بولساڭ، جاھان ئەھلى ئارىسىدا تۈگىمەيدىغان بىر ھۈنەر بار. ئۇ بولسىمۇ ئۆچلىشىش، ئاداۋەت بىلەن ئۆزىنى زايا قىلىشتىن ئىبارەت. بىرنەچچە خىل ئادەملەر باركى، ئۇلار ھەمىشە ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار بىلەن بىرى قاچانكى ھەمكارلاشسا، ئۇنىڭغا شۇ ھامان ئازار بەرمەي قالمايدۇ. كىمكى بىرەر ھۈنەرنى ئىگىلىسە، ئۇنىڭغا دەل ھۈنەردىشى دۈشمەن بولىدۇ. بىرى بىرەر ئىشتا ماھارەت كۆرسەتسىلا، يەنە بىرىمۇ شۇ ئىشقا چاڭ سالىدۇ - دە، ھەر تەرەپتىن لاپ ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن زىتلىشىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە قارشى ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاداۋىتى كېچە - كۈندۈز كەم بولمايدۇ. ئەمما، ئۇنداق ئىشلار كۆپىنچە ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، پادىشاھلار يۈزمىڭلىغان چېرىكلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزئارا شاھلىقنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىشىپ، بىر - بىرىگە قارشى ئىشلارنى قىلىشىدۇ. ھاكىملار بولسا، ئۆزلىرىنى پادىشاھنىڭ ئورۇنباسارى دەپ بىلىشىپ، ھاكىمىيىتىنى تالىشىپ ئۆزئارا زىددىيەتلىشىدۇ. لەشكەر بېشى قوماندان، چېرىك بەگلىرى لەشكىرىي ئىشلاردىكى ھوقۇق - ئىمتىيازنى تالىشىپ، بىر - بىرىگە ئورا كولايدۇ. ئۇلار پادىشاھقا قانچە يېقىنلاشقانسېرى، مەنسىپى قانچە ئۆسكەنسېرى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دۈشمەنلىشىش شۇنچە كۈچىيىدۇ. بىلىشى ئازراق بولغان ئاددىي خەلقنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىشىش، ئۆچلىشىش ئوردىدىكىگە ۋە دىۋان - مەھكىمە ئەمەلدارلىرى ئارىسىدىكىگە قارىغاندا ئاز كۆرۈلىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ ۋەيرانچىلىق ۋە سورۇقچۇلۇقى يەنىلا دۈشمەنلىشىش - ئۆچلىشىشتىن كېلىپ چىققان. ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۆچلىشىشى بىرنەچچە ئائىلىنى ۋەيران قىلىش بىلەن بىللە شۇ قاتاردا ئۆزىنىمۇ خاراب قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما دۈشمەنلىشىشنى پادىشاھلار ئۆزىگە ئادەت قىلسا، ئۆز مەرتىۋىسىنى باشقا پادىشاھلاردىن ئۈستۈن بىلىپ، ئۇلارنى ئۆز پەرمانىغا

كىرگۈزۈشنى قەستلىسە، بۇنداق خىيال پۈتكۈل ئالەم خەلقىنى خانىۋەيران قىلىدۇ. بۇ گويىاكى بىر توپان بالاسى، بۇ بەئەينى دەرىيالارنىڭ تاشقىنى، دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ شىددەتلىك چايقىلىشىدۇر. بۇنداق مەملىكەتتە ئامانلىق ۋە ئاۋاتلىقتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. بۇنداق بالا - قازا تاشقىنىدىن ھېچكىم ئامان قالمايدۇ. پۈتكۈل خەلق جەبىر - زۇلۇمغا دۇچار بولىدۇ. ئەگەر ئىككى پادىشاھ دۈشمەنلىشىشكە بەل باغلىسا، جاھان ئەھلى ئۇ ئىككىسىگە لەشكەر بولۇپ، ھەممىسى بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار ھېچنېمىگە قارىماستىن قىلىچ يالىڭاچلاپ، بىر - بىرىگە ھالاكەت تىغلىرىنى تەڭلەيدۇ. ئاتا بىر پادىشاھقا، ئوغۇل يەنە بىر پادىشاھقا لەشكەر بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ بىر - بىرىگە يول قويمايدۇ. ئاداۋەت ۋە قەھرى - غەزەپ شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، ئوغلىنى ئۆلتۈرۈشكە ئاتىسى ئالدىرايدۇ. ئوغۇلمۇ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدۇ. قېرىنداش قېرىنداشنىڭ بېشىنى كېسىشتىن تەپ تارتمايدۇ. دوستلار دۈشمەنگە ئايلىنىدۇ. بىر ئۆيدىكى كىشىلەرمۇ بىر - بىرىدىن كېچىشىدۇ. ئۇرۇق تۇغقانلار شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئەھۋالدا يات كىشىلەر قانداق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇنداق شىددەتلىك قارا بوران جاھاننى قاپلايدىدىغان بولسا، پىتنە - پاساتنىڭ چاڭ - توزانلىرى خالايىقنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز خۇدىنى بىلمەيدىغان، ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەيدىغان، ھەق - ناھەقنى ئايرىمايدىغان بولىدۇ. جاھان ئەھلى بىر - بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان، بۇلاپ - تالايدىغان ۋە بىر - بىرىنى ۋەتەنلىرىدىن قوغلاندى قىلىدىغان ھادىسىلەر ئومۇملىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالەم بىر ۋەيرانە خارابىلىككە ئايلىنىدۇ. گەرچە جەڭ ئىككى پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئاداۋەتمۇ پەقەت ئىككى پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ زىيان - زەخمەتلىرى، بالايىئاپەتلىرى پۈتكۈل خەلقنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. ئاشۇ ئىككى شاھنىڭ دۈشمەنلىكى سەۋەبىدىن سان - ساناقسىز ئاجىز بىچارىلەر ئاياغ ئاستىدا پايخان بولۇپ يانجىلىدۇ، ھالاك بولىدۇ. ئىككى پادىشاھ بىچارە پۇقرالارنىڭ جېنىغا رەھىم قىلماستىن جەڭ مەيدانلىرىنى تۈزۈشۈپ، ئۆزئارا كۈچ سىنىشىدۇ. نەتىجىدە غەلىبە قىلغان بولىدۇ. بىراق شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇنداق كۈن ھەر ئىككى تەرەپ پۇقرالىرى ئۈچۈن ئاپەت كۈنى، ياق بەلكى قىيامەت كۈنىدۇر. بۇنداق پادىشاھلاردىن كۆرە، بىر - بىرىگە مۇھەببەتلىك بولغان ئىككى نامرات بىچارىنىڭ ھال - كۈنى ياخشىراقتۇر. چۈنكى ئۇلار بىر - بىرىگە يول قويۇپ، بىر - بىرىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، بىرى قوللىغاننى يەنە بىرىمۇ قوللاپ، بىرى قارشى تۇرغانغا يەنە بىرىمۇ قارشى چىقىپ، دوستانە ئۆتىدۇ. شۇڭا، بىر - بىرىگە مۇخالىپ ئىككى پادىشاھتىن بىر - بىرىگە مۇۋاپىق ئىككى قەلەندەر ياخشىراق .

ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىن بەھرىمەن بولۇشىغا ئىرادە قىلىنغان بۇ چەكسىز ئالەمنىڭ مەئىشىتىنى ھارام دەپ قاراشقا ئېلىپ بارغان چېكىدىن ئاشقان ئازغۇن ئىدىئولوگىيە خەلقىمىزنى قانچىلىك زور مەھرۇملۇقلارغا دۇچار قىلمىغان – ھە! بۇ خىل خاتا ئىدىئولوگىيىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان روھ تا

هازىرغىچە تېخى ئۇنىڭ زەھىرىدىن قۇتۇلالىغىنى يوق .

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئىنتىلىشچان، ئىجادچان، تىرىشچان، كۈرەشچان روھ ئۆلگەن. ئۇلار خوجا – ئىشانلارنىڭ پېشىگە يۈزىنى بىر سۈرتۈۋېلىشنى چەكسىز بەخت – سائادەت ھېسابلاشقان. ئۇلار بەختىنىڭ، ھاياتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن. بارا – بارا ئۇيغۇرلارنىڭ مەغرۇر خاراكتېرىنىڭ ئورنىنى قۇلچىلىق ئىگىلەپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلار بۇرۇنقى «ئات ئۈستىدە جەڭگىۋارلىق كۆرسىتىپ، تىكلىگەن نامىنى ئۇنتۇتقان. بۇنىڭدىن ئىككىمىڭ يىللار بۇرۇنلا كىيىملىرىگە دەزمال سېلىپ كىيىدىغان، ئاياغلىرىغا پېتەك سېلىپ كىيىش مەدەنىيىتىگە كىرگەن، قوللىرىدا پەلەي، ئۈچلىرىدا ساۋۇت – دوبۇلغا، ئاياغلىرىدا خۇرۇم ئۆتۈك، ئېسىل تونلارنىڭ ئۈستىدە يەنە كېپىنەك تون كىيىپ يۈرگەن ئەركەكلىرىمىزنىڭ ئەپتىنى ۋەيرانىلىق باسقان. باشلىرىدا مەزھەپلىرىنى ئۇقتۇرىدىغان ئاق ۋە قارا تەقيي دوپپا ۋە ياكى كۆلا – جەندە، ئۈچىسىدا كېپەنلىك تون، پۇتلىرى يېرىلىپ تىلىم – تىلىم بولۇپ كەتكەن، يالاڭ ئاياغ، رەڭگىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ قالغان. ئاياللىرىمىز تېخمۇ خورلۇق ئۈستىگە خورلۇق تارتقان، ئۇلارنى ھە دېگەندە ئۆزلىرىنى گۇناھكار ھېسابلاشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنى جارى قىلىش ئىمكانىيىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلغان. كىروران ئانا ياشىغان بۇنىڭدىن تۆتمىڭ يىل بۇرۇن پۇتلىرىغا گۈللۈك ئۆتۈك كىيگەن، ئۈچىسىغا قاتلاق گارمۇن ئىشتان كىيىپ يۈرىيدىغان، يۈزلىرىگە ئەڭلىك سۈرتۈپ پەدازنى تاشلىمايدىغان ئانىلار، قاراخانىيلار دەۋرىدە باغرىداق مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، دۇنيا ئاياللىرىغا باغرىداق مەدەنىيىتىنى ئۆگەتكەن ئۇيغۇر ئاياللىرى بۇ دەۋرگە كەلگەندە قارا چۈمپەردىنىڭ ئىچىدە خورلىنىشقا، ئىنسانىي ئەركىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇشقا باشلىغان. خان – پادىشاھلارنىمۇ پەسەنت قىلماي، تېپىپ يېقىتىۋېتىپ، «قىز بىلەن چېلىشما، تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما»① مۇشۇ ماقالىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق ھېكايەت قىلغان: خاقانىيە قىزلىرىدىن بىرى نىكاھ كېچىسى سۇلتان مەسئۇدنى تېپىپ يىقىتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن خاقانىيلىكلەر ئارىسىدا سۇلتان مەسئۇد توغرىلىق بىر ماقال چىقىرىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 – توم، 619 – بەت «.

دېگەندەك تەمسىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان ئۇيغۇر خوتۇن – قىزلىرى خوجا – ئىشانلارغا نەزىر قىلىپ بېرىدىغان بويۇمغا ئايلىنىپ قالغان .

ئومۇمەن، يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىجتىمائىي – تارىخىي ۋە ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى ئېزىقىشلار، ئۇزۇنغا سوزۇلغان خورلۇق ۋە ئازاب – ئوقۇبەتلەر، تەلىم – تەربىيىدىن مەھرۇم بولۇپ نادان قېلىشلار، دۇنيادىن بىخەۋەر بېكىنمىچىلىككە ئۆزىنى بەنت قىلىشلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئىلغار مىللىي خاسلىقىنى دەپنە قىلىشقا يۈزلەندۈرگەن .

ئۇيغۇر خەلقى ئاشۇنداق ھالسىزلانغان، تېڭىرقىغان، ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويغان ھالىتىدە 20 – ئەسىر بوسۇغىسىدىن ئاران – ئاران كىرگەن. بىراق، بۇ دەۋردە بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ كۆزى ئېچىلغان، دۇنيا بىلەن ئۇچراشقان، شۇڭا ئۇلار يېڭى بىر كۆز، يېڭى بىر ئىدىئولوگىيە بىلەن ئۆزلىرىگە دىئاگنوز قويۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە روھنىڭ روھ ئۈستىدىكى ئىسيانى ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئىزدەش، زەئىپلىك دەستىدىن ئېڭىراۋاتقان مەجرۇھ روھنى قۇتۇلدۇرۇش دولقۇنىنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى .چۈنكى، خۇراپاتلىق تۇزىقىغا بەنت بولغان، قۇللۇق زەنجىرىدىن قۇتۇلۇشقا ئىمكان تاپالمىغان خەلق نىدا قىلماقتا ئىدى. ئەگەر بۇنداق نادانلىق ۋە ئازغۇنلۇق داۋاملىشىۋەرسە، خەلق ھەرگىزمۇ چىقىش يولىنى ۋە ئىستىقبالىنى تاپالمىغان بولاتتى. بۇ خىل ئېغىر تەقدىرنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرگەن، روھى بالدۇرراق ئويغانغان ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلارنىڭ يۈرىكى ئەلەم زەرداپلىرى بىلەن ئۆرتەندى. ئۇلار ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان، مەنىۋى ئىللەتلەر تورىغا بەنت بولۇپ ئېڭىراۋاتقان، جان تالىشىپ تىپىرلاۋاتقان روھنى كېسەلدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاتاشتى. شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك ئاقارتىش ھەرىكىتى باشلاندى. خەلققە ھەق – ناھەقنى تونۇتۇش، ۋۇجۇدىدىكى يامان، مەرەز كېسەلنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىشتى. بىز بۇ خۇسۇستا پەقەت ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ 20 – ئەسىرنىڭ 21 – يىللىرى يازغان «ئـۇيغۇرۇم» دېگەن دىئاگنوز خاراكتېرلىك شېئىرىدىن ئازغىنە مىسال ئېلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز :

جاھالەت سەمەرىسىدىن بىزگە بىر كۈن كۆپ خاتا باردۇر،
ئېيتىڭىزچۇ، بۇگۈنكى ھالىمىزنىڭ قايسى بىرسىدە ساپا باردۇر؟

...................

خاتائەن دوستىمىزدا بىر ئەيىب زاھىر بولۇپ قالسا،
يوشۇرماي بىرگە ئونىنى قوشۇپ چاققانىمىز باردۇر .

خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۇستىسى ھەم كامدۇر،
قوۋلۇق – شۇملۇق بىلەن رەڭمۇرەڭ يالغانىمىز باردۇر .

ئىلىم – پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۈچار كۆكتە، ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر .

بوۋىلار شۆھرىتىنى، غەيرىتىنى ھېچ سېغىنماسمىز،
قېلىپ غەپلەت – جاھالەتتە يۇمۇپ كۆز، پو ئاتقانىمىز باردۇر.

ھۈنەر بىلەن سانائەتتە يېتىشتۇق، بولدى ئىش پۈتتى،
ئۇماچ ئىچمەككە خۇمداندا ھېجىر قۇيغانىمىز باردۇر.

.................

قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۈرلۈك تۈمەن بۆھتانىمىز باردۇر.

ئەل يۇرتىنىڭ دەردىگە قىلچە دەرمان بولمىدۇق بىزلەر،
كېلۇر بىر كۈن، ئاشۇ چاغدا ئورنىغا كەلمەس پۇشايمانىمىز باردۇر.

ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى، ئۆز پاجىئەسىگە سايە بولۇۋاتقان ئىللەتلەر بۈنىڭدىنمۇ ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلمەس. بۇ تىرىشچانلىقلار يوقۇلۇشقا يۈز تۇتقان مىللىي خاسلىقنى ئويغىتىش، ئۆزلىرىنى قايتا تونۇتۇش ئۈچۈن قىلىنغان ئۇرۇنۇشلارنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.

# 7ـ ئىنسانلىقتا ئىجازەت

## ئابدۇۋەلى ئايۇپ

ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ماڭا ئەڭ ئېچىنىشلىق، ئەڭ غەلىتە، ئەڭ ھەجۋىي تۇيۇلغىنى كىشىنىڭ بىر شەخس سۈپىتىدە مۇستەقىل ياشاش پۈرسىتى، ھوقۇقى ۋە ئەركىنىك ئېتىبارسىزلىقى، ئىجازەتسىزلىكى ۋە دائىم تارتىۋېلىنىشى بولدى. ئىنسان بۇ يەردە پەقەت بىر شەخس سۈپىتىدە ياشيالمايدىكەن. شەخسنىڭ ئۆزىگىلا ۋەكىل بولالماسلىقىغا زامان ۋە كىشىلەر تەڭلا سەۋەبچى بولىدىكەن. خەلقنىڭ بىر كىشىنىڭ مۇستەقىل قارارىغا ئارىلىشىۋېلىشىدىكى سەۋەب شۈكەنكى، بۇ يەردە بىر قانچە كىشى ياكى بىر گورۇپپا كىشىنىڭ قىلمىشى دائىم شۇ كىشى بىلەن كەسىپداش، يۇرتداش ياكى مىللەتداش بىر توپ كىشىنىڭ يۈرت بويىچە، مىللەت سۈپىتىدە قارىلىنىشىغا، تەقىپ قىلىنىشىغا، تەكشۈرۈلىشىگە ۋە ئاۋارىچىلىقتا قېلىشىغا سەۋەپ بولىدىكەن. بۇ يەردە بىر كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى، خاتالىقى ۋە ھەتتا جىنايىتى ئۆزىگىلا تەۋە ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ ئائىلىسى، تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرى ھەتتا يۇرتى تەڭلا مالاللىققا ئۇچرايدىكەن. شۇڭا سۆز ۋە ھەرىكەتتە سىنى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلاردىن بۇرۇن ئەتراپىڭدىكىلەر پايلايدىكەن، ئاگاھلاندۇرىدىكەن، ھەتتا جازالايدىكەن. بۇ جايدا ئىنساننىڭ ئاددىي قىلىقى ۋە گەپ سۆزلىرى مىللەتلەشتۈرىلىدىكەن، سىياسىيلاشتۇرۇلىدىكەن، ئىدىئولوگىيەلەشتۈرىلىدىكەن ۋە ياكى سۈيىئىستىمال قىلىنىدىكەن. بۇ يەردە بىر كىشىنىڭ ئۆزى قىلغان سۆز ۋە ھەرىكەتنى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقى شەخسنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىنغان بولغاچقا قايسى گورۇھ ۋە ئورگان قانداق چۈشىنىشنى خالىسا ھەمدە قانداق چۈشەندۈرسە شارائىتقا، مەقسەدكە ۋە مەنپەئەتكە ئۇيغۇن بولسا شۇ پېتى چۈشەندۈرۈلۈپ كېتىپ قالىدىكەن. شۇ سەۋەپتىن سەن تەرەپدارلىقتىن خالى، ئىلمىي، ئەمەلىي بىر پىكىرنى ئەسلى پېتى يەتكۈزەلمەيدىكەنسەن. ھېچ قانداق مەنپەئەت ۋە مۇددىئادىن مۇستەسنا خالىس بىر پائالىيەتنى زىممەڭگە ئالالمايدىكەنسەن ۋە مۇستەقىل نەتىجە چىقىرالمايدىكەنسەن. بۇ يەردە ئىنسان ھەمىشە بىرەر سىياسىي گورۇھقا، سىياسىي مەقسەدكە، مىللىي تۇيغۇ ۋە بىر مەنپەئەت چەمبىرىكىگە مەنسۇپ قىلىنىپ تەسۋۋۇر قىلىنىدىكەن، مۇئامىلە قىلىنىدىكەن ياكى باھا بېرىلىدىكەن. ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە كىشىلەر دائىم ئۆزىنى باشقىلارنىڭ نازارىتىدە تۇرۇۋاتقاندەك، دائىم بىر خەۋپ بېشىدا ئەگىپ يۈرگەندەك، گۇناھكاردەك، سوراق قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان تۇتقۇندەك ھىس

قىلدىكەن ياكى بىلىپ بىلمەي قېرىنداشلىرىغا نازارەت قىلدىكەن، تەھدىت سالىدىكەن، دائىم ئەتراپىدىكىلەردىن شۈبھىلىنىپ ئۇلارنى بىھۇدە بارلىق پىشكەللىكلەرگە سەۋەبكار قىلىپ قويىدىكەن.

ئىنسانلىق ھوقۇقىمىز ۋە شەخس سۈپىتىدىكى مۇستەقىللىقىمىز، خاسلىقىمىزغا كاپالەت بېرىلگەن بولسا ئېدى بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن باشقا بىر ئىنسانىنى يۆلەش، خەتەردىن قۇتقۇزىۋېلىش، قېيىنچىلىقتىن خالاس قىلىش، مۇشكۇلاتتىن يىراق قىلىش قاتارلىقلار سىياسىيلاشتۇرۇلماي بىر شەخسكىلا مەنسۇپ، نورمال ئىنسانى پەزىلەت سانالغان بولاتتى. كىمنىڭ كىم بىلەن دۈشمەنلىشىپ، دوست بولۇپ يەنە كىملەرنىڭ كىملەر بىلەن تويلىششى، كىمنىڭ قايسى گورۇھتىن چىقىپ يەنە بىر گورۇھقا كىرىشى، قايسى مىللەت كىشىنىڭ كىمنى ئاسرىۋېلىشى قاتارلىقلارمۇ تولىمۇ ئەقەللىي بىر تۇرمۇش كۆرۈنىشى ھسابلىنىشى كېرەك. ھالبۇكى، ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ تەشۋىقاتى، ھاكىمىيەتسىزلەرنىڭ ئەكس تەشۋىقاتى ۋە كىشلەرنىڭ تارىخى ۋە رىيال تەجرىبىلىرى ، قىسمەتلىرى بىرىكىپ بىر ئىنساننىڭ ئىزگۇ نىيىتى ۋە خالىس ھەركىتى تەرغىبات ۋاستىسگە، ئۆلگىگە، دۈشمەنلىككە، سۈيقەستكە، قىلتاققا...ئايلىنىپ قالىدۇ. نەتىجىدە بىر ئىنسانغا خاس ئاددى ھايات سياسىي مۇساپىگە، ئىدولوگىيە كۆرەشلىرىگە ۋە مەنپەئەت داستىخىنىدىكى گېزەككە ئايلىنىپ ئۆزنى ۋە ئۆزگىنى بۇرۇختۇم قىلىدۇ. بۇنداق موھىتتا كىشى ئۆزى ۋە ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن ئالقىشلىق ئىش قىلىشتىمۇ، ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئالقىشسىز ئىش قىلىشتىمۇ ئەتراپىدىكىلەردىن سورالمىغان ئىجازەتكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بىر ئۆز مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم قالىدۇ-دە جاھاندا ئاقىنى، جاھانسازغا ياقىنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بىر شەخسنىڭ ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان پۇرسەت، ھوقۇق ۋە ھۆرلۈكتىن مەھرۇم قېلىشى ئۇنىڭ سياسەت، مىللەت ۋە ئىدولوگىيەدىن مۇستەسنا خۇسۇسىي ئۆزلۈكىگە ۋەكىل بولالمىغانلىقىدا ۋە مەجبۇرەن كىملەر ۋە نېمىلەرگىدۇر ۋەكىل قىلىپ قويۇلغانلىقىدا. كۆزىتىشىمچە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىنسان ۋەكىللىك قىلىش ۋە ۋەكىللىك قىلىنىشىنىڭ ئاسارىتىدە ياشايدۇ. كىشىلەر ھەم ئۆزگىلەرنى ۋەكىللىكسىز چۈشىنەلمەيدۇ ھەمدە ئۆزىمۇ ئۆزىگە ۋەكىل بولالمايدۇ. ئارىدىن بىرەر ۋەكىلنىڭ چىقىپ مەسىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشلىرىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھەقىقانىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىگە ۋاكالەتەن ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشىنى تاما قىلىدۇ. دائىم بىرەر گورۇھقا ۋەكىل بولىغۇچىلارنىڭ تەقىپلىشىگە ئۇچرايدۇ، ياكى بىرەر گورۇھقا ۋەكىل قىلىنىپ ئازارلىنىدۇ. ئىنساننىڭ مۇستەقىل، باراۋەر، ئاددى ھاياتى دائىم ۋەكىللىك قىلغۇچى ۋە ۋەكىللىككە زورلىغۇچىلارنىڭ تەكلىپسىز ياردىمىگە، مەجبۇرى غەمخورلۇقىغا، ئىلتىجاسىز يېتەكچىلىكىگە مەھكۇم بولۇپ قالىدۇ.

ئۆز غايىسى ئۈچۈن ياشاۋاتقان بىر كىشىنى بىر ئىجتىمائىي غايىگە ۋەكىل قىلىشۋېلىش ياكى ئۇنىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۇيغۇر ياشاۋاتقان رىياللىقتا كىشىنى كۆتۈلمىگەن شەرەپ ۋە شۇنىڭغا سوغداشقان پىشكەللىكلەرگە مۇپتىلا قىلىدۇ. جەمئىيەتتە كىشىلەر دائىم ۋەكىل بولۇۋالغۇچىلارنىڭ ۋە ۋەكىل قىلىپ قويغۇچىلارنىڭ مۇداخىلىسىگە، تاجاۋۇزىغا ۋە زۇلۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ يازمىدا جەمئىيەتنىڭ مەن كۆرەلىگەن ئەينىكىدىكى ۋەكىللىك قىلىش ۋە قىلىنىش ھادىسىسى ھەققىدە توختىلىمەن.

## 1. ھاكىمىيەتكە ۋەكىللىك

1998-يىلى قەشقەر شەھرىگە يېقىن بىر كەنتتە تىلماچ ۋە كاتىپ بولۇپ ئىشلەۋاتقان كۈنلىرىمدە تېيەن پامىللىك بىرىگە تەرجىمانلىق قىلىشقا توغرا كەلدى. يىغىندا ئۇنىڭ قوللىرىنى ئاتىسى ۋە ئانىسى دېمەتلىك كادىرلارغا جونۇپ سۆزلەشلىرىنى پەقەتلا ياقتۇرمۇدۇم. كۆڭلۈمگە ئۇنىڭ نېمىشقا بۇ قەدەر تەھدىتلىك تەلەپپۇزدا سۆزلەيدىغانلىقىغا ھەيرانلىقتىن باشقا خىيال كەچمىدى. يىغىن مەيدانىدا ئۇنى غەزەپلەندۈرىدىغان ھېچ ئىش يوق ئىدى.كۆز ئالدىمىزدا ئولتۇرغان كىشىلەر قوزىدەك يۇۋاش، توشقاندەك ئۈركەك ئىدى. ھەر قانچە ئويلىساممۇ ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىدىكى ھەيۋە، سۈر ۋە قورقاق سېلىشلارنى ئۇيغۇرچىغا سىلىقراق تەلەپپۇزدا ئۆرىيەلمەي ئاۋارە ئىدىم. ئاخىرى ئۇنىڭ بۇيرۇق تۈسىدىكى گەپلىرىنى تەكلىپ ۋە تەۋسىيە شەكلىدە ئۆرۈپ يىغىن ئەھلىگە يەتكۈزدۈم. يىغىن تۈگەپ كىشىلەر مېنىڭ تەرجىمەمدىن يوچۇنلۇق ھىس قىلدى بولغاي ئەراپىمغا ئولاشتى. ئۇلارچە باشلىق كۆپۈپ سۆزلىگەن گەپلەرنى ئۇنداق مۇلايىم تەرجىمە قىلىشقا بولمايمىش. مەنمۇ باشلىقتەك بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا قوپال تەرجىمە قىلىشىم كېرەكمىش. مەن بۇ گەپلەرگە ئىرەن قىلىپ كەتمىدىم، ئەمما شۇنچە قورقۇتۇلغان بۇ كىشىلەرنىڭ نېمىشقا خورلۇق ھېس قىلمىغىنىغا، غەزەپلەنمىگەنلىكىگە تاڭ قالدىم. ھەتتا بۇ زالىم باشقا بىر يىغىندا ئانىسى دېمەتلىك بىر ئايالغا قەلىمنى ئېتىپ قاپىقىنى زەخمىلەندۈرسىمۇ ھېچ كىم ئۇنىڭغا چىش يىرىپ بىر نېمە دېيەلمەپتۇ. مەنچە يىغىندا دېيىلىدىغان مەزمۇن ھۆكۈمەتنىڭ، ئەمما بۇ مەزمۇننى يەتكۈزۈش ئۈچۈن شىلتالغان قوللار، ئالايغان كۆزلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەس. بۇ باشلىق بولۇۋالغان شەخسنىڭ مىجەزىدىكى مەسىلە بولۇپ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت مەزمۇننى ئۇنداق تەلۋىلەرچە قوپاللىق ۋە قاباھەتلىك شەكىل بىلەن يەتكۈزۈش بىھاجەت ئىدى. ئەينى چاغدا مەن بىلەن خىزمەتداش يىغىن قاتناشچىلىرىغا مۇشۇنداقراق چۈشەندۈرگەن بولۇشۇم مۇمكىن.

تيەن باشلىقا تەرجىمانلىق قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ ئۆزىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ۋەكىل دەپ قارايدىغانلىقىنى، ئۆزىگە قارشى چىققانلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە قارشى چىققانلاردىن سانايدىغانلىقىنى ھىس قىلدىم. ئارىدا بىر پۇرسەتنى تېپىپ ئۇنىڭدىن ھەيۋىلىك سۆزلىشىنىڭ ۋە قوپال مۇئامىلىسىنىڭ سەۋەبىنى سورىدۇم. ئۇنىڭچە بۇ كىشىلەرگە ھۆكۈمەتنىڭ سىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەكمىش، يەرلىك كىشىلەر قالاق بولغاچقا قائىدە سۆزلىسە چۈشەنمەيمىش، قەشقەر ئالاھىدە رايونمىش، مۇشۇنداق تەھدىتلىك ئۇسۇلدا باشقۇرۇلمىسا مۇقىملىقنى كاپالەتلىك قىلغىلى بولماسمىش. ئېنىقكى ئۇ ئۆزىنى ھاكىمىيەتكە ۋەكىل قىلىۋالاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ھاكىمىيەت دەھشەتلىك، رەھىمسىز، يولسىز گۇندىپاي، يەرلىك ئۇيغۇرلار بولسا ئاڭقاۋ، قالاق، ھورۇن مەھبۇسلار ئىدى.

قەشقەردە كىشىلەرنىڭ 'ھۆكۈمەت بىلىپ قالسا، كۆرۈپ قالسا، ئاڭلاپ قالسا...جازالايدۇ، بوش قويمايدۇ، ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىدۇ' دەپ قورقۇمسىراپ يۈرگەنلىرىگە قاراپ ئويلاپ قالىمەن. كىشىلەر نېمىشقا مەۋھۇم ھۆكۈمەتنى كۆزى، كۆڭلى، ئەقلى بار تەسەۋۋۇر قىلىدىغاندۇ؟ قانداقسىگە مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ھەممىنى بىلىپ، كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللاھ بار دەپ ئىمان ئېيتىپ كېلىۋاتقان بۇ مىللەت ئەمدى ھەممىگە قادىر ھۆكۈمەت بار دەيدىغان بولۇپ قالدى. خەلقىمىز قاچاندىن بېرى ياخشى يامان ئەمەللىرىمىزنى ئاللاھ كۆرۈپ، پەرىشتىلەر يېزىپ تۇرىدۇ دەپ قورقۇشنىڭ ئورنىغا ھەممە ئەمەللىرىمىزنى ھۆكۈمەت بىلىپ، جازالاپ تۇرىدۇ، تامىنىمۇ قۇلىقى بار دەپ خەۋپسىرەيدىغان بولۇپ قالدى؟ تەكشۈرىشىمچە ھاكىمىيەتنى ئادەملەشتۈرۈش، ھاكىمىيەتكە ۋەكىل بولىۋالغۇچىنى ھاكىمىيەتنىڭ ئۆزى دەپ چۈشىنىش قەشقەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردا مەۋجۇد ھادىسىكەن. قەشقەردىكى خەنسۇلاردا باشلىق، سىياسەت ۋە رىياللىق ھەققىدىكى پىكىر ئۇيغۇرلاردىكىدەك ئەندىشىلىك سۆز-جۈملىلەر بىلەن بايان قىلىنمايدىكەن. خەلقىمىزدىكى چوڭلارنى تۆرگە ئېلىش ئادىتىنىڭ ئورنىغا باشلىقنى تۆرگە ئېلىشنىڭ ئالمىشىشى، سورۇنلاردا چوڭلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئورنىغا باشلىقنىڭ سۆزىگە دوست تارتىشنىڭ دەسسىشى، ئىلىم ۋە ئالىمغا ئۇيۇشۇشنىڭ ئورنىنى ھوقۇق ۋە ھوقۇقدارغا يېپىشىشنىڭ ئېلىشى قاتارلىق ھادىسىلەر ھاكىمىيەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنىڭ رولىنىڭ ئۇيغۇر ھاياتىدا قانچىلىك موھىم ئورۇنغا ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھاكىمىيەت خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا قانچە ئارىلاشقانچە شۇنچە ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. ھاكىمىيەتتىن نەپلىنىۋاتقانلار ۋە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار قانچە كۆپەيگەنچە ھۆكۈمەت كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە تۇيغۇسىغا شۇنچە سىڭىپ كېتىدۇ. مەن ئامېرىكىدا ئىككى يىلدىن ئارتۇق ياشىغان مەزگىلدە مەكتىپىم جايلاشقان شەھەرنىڭ شەھەر باشلىقىنى بىلمەيتىم، بىرەر يەردە ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدىم. قەشقەردە ياشىغىلى ئىككى يىل بولمىدى ئەمما شەھەر باشلىقىنى ئەمەس مۇئاۋىن

شەھەر باشلىقلىرىدىنمۇ ئىككى ئۈچىنىڭ ئىسمىنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇتقانلىرىنى بىلىپ بولۇپتىمەن. چۈنكى ھەممە يەردە شۇ ھوقۇق ۋە ھوقۇقدارنىڭ گېپى. ھۆكۈمەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىغدىلىپ بولغاچقا مەندەك كىتاب ئوقۇشتىن باشقىغا زوقى يوق بىر ئادەم ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى بىلمەي دېسەممۇ مۇمكىن بولمىدى.

## 2. خۇداغا ۋەكىللىك

بىر كۈنى بىر باققالدىن بىر كىلو ئارمۇت ئالدىم. باققال يوغانراق ئىككى ئارمۇتنى سېلىپلا تارازىنىڭ ئىكرانىغىمۇ قارىماي 'مانا بىر كىلو' دەيدۇ. 'ئەجەپ ئۇستىكەنلا، نەچچە ئارمۇتنىڭ بىر كىلو كېلىدىغىنىنى قارىمايلا بىلىدىغان' دېسەم، تازا كۆزۈمگە قارىۋېتىپ 'خۇدايىم ئۇستا' دەپ قويدى. بۇ گەپنى خېلى ئويلاندىم. بۇ كىشى زادى نېمە دېمەكچى بولغىيدى؟ ئارمۇتنى ياراتقان ئاللاھ نەچچە ئارمۇتنىڭ قانچە كېلۇ كېلىدىغانلىقىنى مۇشۇ ئادەمگە ئايرىم دەپ بەرمىگەن بولغىيدى؟ تارازىغا قاراپ بىلىدىغانغا كۆز ۋە ئەقىلنى قوشۇپ ياراتقان خۇداغا نەچچە ئارمۇتنىڭ نەچچە كىلو كېلىدىغىنىنىمۇ يۈكلەپ قويساق توغرا بولۇمۇ؟ نۆزەمبىللا، بۇ كىشى خۇدايىمنىڭ نېمە بىلىپ نېمە بىلمەيدىغانلىقىنىمۇ ئۆتۈپ قالغانمىدۇ؟ پەرىزىمچە بۇ ئادەم ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپلا مېنىڭ ئاغزىمنى يۇمدۇرماقچى، خۇداغا ۋاكالىتەن جاۋاپ بېرىپ مەندەك بىر ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدىكى دىنىنىڭ نوپۇزىنى سۇيىئىستىمال قىلماقچى ئىدى.

ئىككى مىڭىنچى يىللارنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك ئوپالدا مۇچ كاساتچىلىقى بولدى. سەۋەبى مەزكۇر يېزىنىڭ مەسئۇللىرى دېھقانلارنى مەجبۇرى مۇچ تېرىتقانلىقى ئىكەن. خەقلەر مۇچلىرىنى ساتالماي مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەرز قىلغاندا ناھىيىنىڭ بىر مۇئاۋىن پارتكوم سېكرېتارى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ قازايى قەدەرنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپتۇ. بۇ گەپ ھازىرغىچە ئېسىمدە. يېقىندا ئاڭلىسام قەشقەر شەھىرىدىكى بىر ئاپتوبۇس شىركىتىنىڭ خەنسۇ مۇدىرى خىزمەتچىلىرىنى موللا چاقىرىپ قۇرئان ئوقۇتۇپ ئىدارە نامىدىن نەزىر قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. سەۋەبى ئىدارىدا ئۆلۈم يېتىم ۋە ھادىسىلەرنىڭ كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئىكەن. ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدا ئاڭلىغان ئەڭ قىزىقارلىق ئىش. بۇلتۇر رامازاندا قەشقەردە ئىككى باي بىر ئورۇننىڭ پايدىلىنىش ھوقۇقى كېلىشەلمەي قەشقەرنىڭ بىر مۇئاۋىن سېكرېتار ئالدىغا كىرگەنىكەن. سېكرېتار بۇلارنى كېلىشتۇرۇش ئۈچۈن قۇرئان تۇتقۇزۇپتۇ. ئۇلار خۇداغا ئىشىنەمدۇ؟ كىشىلەرنىڭ خۇداغا ئىشىنىشىگە يول قويۇۋاتامدۇ؟ ياق. ئەمما لازىم بولغاندا ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدىكى خۇدانىڭ نوپۇزىغا

ۋەكىللىك قىلىشنى ئۈنۈتمايۋاتىدۇ. دېمەك، بۇ مەسىلىلەردە ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ خۇدانىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ مەقسەدكە يېتىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا خۇدانىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىۋاتقانلار، خۇداغا ۋاكالىتەن ھۆكۈم چىقىرىۋاتقانلار ئۇيغۇرلارلا بولۇشى ناتايىن. ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىش پۇرسىتى، ئەركى ۋە ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان مەنپەئەت گورۇھلىرى قايسى مىللەتكە تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ۋاقتى كەلسە خۇداغا ۋەكىللىك قىلىپ تۇرۇپ ئۇيغۇرلارنى ئىنىدەككە كەلتۈرىۋېرىدۇ.

ئاۋام ئۇيغۇرلار پىكىر ۋە ئۇچۇرلارنى ئىككى مەنبەدىن ئالىدۇ. بىرى خۇداغا ۋاكالىتەن سۆزلەيدىغان ۋە سۆزلىتىلىدىغان جامەلەردىن، يەنە بىرى ھاكىمىيەتكە ۋاكالىتەن سۆزلىنىدىغان ئاخباراتلاردىن. جامەلەر ۋە ھاكىمىيەتنىڭ تەشۋىقاتىدا مۇنداق بىر ئورتاق نوقتا بار. ئۇ بولسىمۇ ھاكىمىيەت ۋە جامەلەر ھازىرقى تۇرمۇشنىڭ كۈندىن كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىۋاقلىقىنى، تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغانلىقىنى، قەدىرگە يېتىشنى، بۈگۈنكى ئاسايىش زاماندىن تىنچ مەنپەتلىنىشنى تەرغىپ قىلىشىدۇ. مەكتەپلەردە ئۆتۈلىدىغان تارىخ، ئەخلاق ۋە سىياسي دەرسلەرنىڭ مەقسىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بېرى غەرپ تاجاۋۇزچىلىرى، بۆلۈنمىچىلىك ۋە پېئۇدال دىنىي كۈچلەر تەرىپىدىن ئېزىلىپ، خارلىنىپ، نامراتلاشقانلىقى، پەقەت كومپارتىيە ئازات قىلغاندىن كېيىنلا ئاسايىشلىق كۈنلەرگە ئۇلاشقانلىغىنى سىڭدۈرۈشتۇر. بۇنداق تەشۋىقاتتا يەنە ھالقىلىق بىر پەرق بار. ئۇ بولسىمۇ جامەدىكى خاتىپلار بۇ 'ئاسايىشلىق، بەختىيار، پاراۋان' زاماننى بەرگەن ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىشنى، ناشۈكۈرلۈك قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدىغان تەبلىقلەرنى قىلىدۇ. ھاكىمىيەت تەشۋىقاتىدا بۈگۈنكى مۇقۇم، ئىناق، زامانىۋىي، خاتىرجەم كۈنلەرنى بەرپا قىلغان جوڭگو كومپارتىيەسى ۋە ھۆكۈمەتكە رەھمەت ئېيتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۈگۈنكى 'بەختىيار كۈنلەر' نى خۇدا بەردىمۇ كومپارتىيەمۇ مانا بۇ تەشۋىقاتلاردىكى زىتلىق. ھالبۇكى، ئاۋام ئۇيغۇر ئىنسانىنىڭ بەخت ئۇچۇن سەۋەب قىلىدىغىنىغا، ئاللاھنىڭ بەختنى نىمەت قىلىدغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇ ئىككى تەشۋىقات ئوتتۇرىسىدىكىلا زىددىيەت ئەمەس، ھاكىمىيەتنىڭ سىڭدۈرمەكچى بولغان ئىدولوگىيە بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. ئۇيغۇر ئۆلىمالارغا ھەرقانچە مۇئاش بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ھەرقانچە نەپسىگە ۋە كومپارتىيەگە ۋەكىللىك قىلغان ھالەتتىمۇ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ كومپارتىيە تەرىپىدىن بولغانلىغىنى تەبلىق قىلالمايدۇ. ئۇيغۇر خۇداغا ۋاكالىتەن ئېيتىلىدىغان ئۇنداق سۆزلەرنى يىغىن مەيدانىدا ئاڭلىغان بىلەن جامەدە ئاڭلاپ سەبىر قىلالمايدۇ.

## 3-ئاتا-ئانىغا ۋەكىللىك

ھەممىشە رادىيو-تېلېۋىزورلاردىن خۇددى بىر سېخى كۆچ ئۇيغۇرلارغا ئاتا-ئانىلىق شەپقىتىنى يەتكۈزۈۋاتقاندەك مەزمۇن ۋە پوزىتسىيەدىكى تەشۋىقاتلارنى ئاڭلايمەن. دېيىلىشىچە ھەر مىللەت خەلقى بىر ئائىلە كىشىلىرىكەن، پارتىيە خەمخورلۇق قىلغۇچى، مېھرىبانلىق يەتكۈزگۈچى، ئىللىقلىق ئاتا قىلغۇچى...ئىكەن. مەنچە مېھرىبانلىق، ئىللىقلىق، غەمخورلۇق دېگەنلەرنى ھەر قانداق بىر ئىنسان ئالدى بىلەن ئاتا ئانىسىدىن، ئائىلىدىن ھىس قىلىدىغان تۇيغۇلار. ئەمدى مۇشۇ تۇيغۇلارنىمۇ سىياسىيغا دەسمايە قىلىپ نېمە كەپتۇ. ھوقۇقلىرىمىز، پۇرسىتىمىز، ئەركىمىزنىڭ ۋەكىللىك ۋەكىللەرگە يەم بولغىنى ئاز دەپ پەقەت ئائىلىدىن ھىس قىلىشقا بولىدىغان ھىس ھاياجانلىرىمىزمۇ بىر تەشۋىقات ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالسا قانداق بولغىنى. مەكتەپلەردە پارتىيەنىڭ ياخشى ئىز باسارلىرىدىن بولۇش تەكىتلىنىدۇ. پەرزەنت بولغۇچى نېمە دەپ ئۆزىنى باققان ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىزىنى ئەمەس پارتىيەنىڭ ئىزىنى باسقىدەك. بۇنداق كىشىلەرنى خۇددى ھاكىمىيەت بىلەن ئۇرۇق تۇغقاندەك، ئاتا بالا، ئانا پەرزەنتتەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈشنى مەقسەد قىلغان تەشۋىقاتتىن ئەخمىقانىلىق، ئالدامچىلىق، زورلۇق چىقىپ تۇرىدۇ. بىر دۆلەت خەلقى پەرقلىق خۇي، ئوي ۋە قابىلىيەتتىكى كىشىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. مەزكۇر ئەلدىكى كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى باراۋەر پۇقرالار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت. بۇنداق ناتونۇش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر بىرىگە دەخلى قىلماسلىق، ئورتاق مەنپەئەتلىنىش، ئورتاق مۇداپىيەلىنىش ئاساسىغا قۇرۇلسا بولىدى. ناتونۇش كىشىلەردىن قۇرۇلغان جەمئىيەتنى بىر ئائىلىدەك ھالغا كەلتۈرىمەن دېگەنلىك مەن ئاتا بولىمەن، ساڭا ئاكا ئۇكىلارنى بەلگىلەپ بېرىمەن دېگەندىن باشقا گەپ ئەمەس. ئۇيغۇرلاردىكى خەنسۇلارنى ئاكا مىللەت دېيىش، ھۆكۈمەتنى ھۆكۈمەتكام دەپ ئاتاش مەنچە ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ ئۆز ئارزۇسىدىكى ئائىلە مۇناسىۋىتىنى جەمئىيەتكە ۋەكىل قىلىدىغان تەشۋىقاتنىڭ نەتىجىسى. خۇددى پۇقرا بىلەن پۇقرانىڭ مۇناسىۋىتى باراۋەر شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولغاندەك پۇقرا بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ باراۋەر كېلىشىم مۇناسىۋىتىدۇر. كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىدا پۇقرا ھاكىمىيەتكە باج تاپشۇرىدۇ، ھاكىمىيەت پۇقرانىڭ ئائىلىسى، ھاياتى، مۈلكى، غورۇرى، ئەركى قاتارلىق ھەق ھوقۇقلىرىنى قوغدايدۇ. كېلىشىم بولغانىكەن كېلىشىمنىڭ ۋاقتى، خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئىختىلاپلارنىڭ ھەل قىلىنىش چارىسى قاتارلىقلار بېكىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ مۇناسىۋەت ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇلسا ھاكىمىيەت ئاتا-ئانىغا ئايلىنىۋېلىپ پۇقرانى مەڭگۈ باشقۇرغىنى باشقۇرغان. بۇ ھالدا باشقۇرۇشنىڭ چېكى بولمايدۇ، باشقۇرالمىسا ئالماشتۇرغىلى، ياكى قوغلىۋەتكىلى بولمايدۇ.

ئۇررۇمچىدە بىر خانىمنىڭ مەن تۇرۇۋاتقان ئىدارىگە ئائىلە مەسلىسى ئۈچۈن دات ئېيتىپ كەلگىنىگە ھەيران قالغانىدىم. كېيىن سۈرۈشتۈرسەم مۇنداق ئىشلار خېلى باركەن. يەنى سىز ئىشلەۋاتقان ئىدارە سىزنىڭ كىيىنىشىڭىز، ساقال بۇرتىڭىز...ھەتتا ئائىلە مۇناسىۋىتىڭىزگە قەدەر ئارىلىشىدىكەن. بەلكىم بۇمۇ ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ جەمئىيەتنى ئائىللەشتۈرۈش تەشۋىقاتىنىڭ مەھسۇلى بولسا كېرەك. ئۇندىن باشقا ھازىرقى ياغلىق، ساقال، دوپپا قاتارلىقلارنى چەكلەپ بۇنى زامانىۋىي مەدەنىيەتكە يېتەكلىگەنلىك دەپ چۈشەندۈرۈشمۇ ئاتا-ئانىغا ۋەكىل بولۇۋېلىشنىڭ ئاقىۋېتى. خەق زامانىۋىي ياشامدۇ، ياشمامدۇ، دوپپا كىيەمدۇ، ياغلىق ئارتامدۇ سېنىڭ نېمە ئىشىڭ. سەن مېنى يېتىلەپ يېتەكلەيدىغان ئاتام ئانامىدىڭ دەپ سورىغىسى كېلىدۇ كىشىنىڭ. بىر كۈنى يەنە شۇ ياغلىقنىڭ گېپى بولۇپ بىر باشلىق كىشى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ قارىشىچە ھازىرقى ياغلىق ئارتىش شەكلى ئۇيغۇرلارغا خاس ئەمەسمىش، ئەرەبلەرنىڭ ئىشىمىش. 'خەق ئۇ ياغلىقنى ئۇيغۇرغا ۋەكىل بولاي دەپ ئارتمايدۇ. ھېچ كىمنىڭ ئۇيغۇرغا ۋەكىل بولۇش مەجبۇرىيىتى يوق. كىشى دېگەن ياراشقاننى، كۆڭلى خالىغاننى، ئەقىدىسىگە ئۇيغۇننى كىيدۇ. بۇ قەشقەردىكى ئۇيغۇرنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ئەرەب دېگەننى كۆرۈپمۇ باقمىسا قانداقسىگە ئەرەبنى دورىغان بولىدۇ؟ دورىسا نېمە بوپتۇ. جوڭگۇنىڭ قايسى قانۇنىدا ئۇيغۇرلار ئۇنى كېيىپ بۇنى كەيمىسۇن، باشقا مىللەتلەرنى دورىمىسۇن دېگەن گەپ بار. كىم تارىختا ئۇيغۇرنىڭ ئوخشاش كىيىنىپ يۈرگىنىنى دەلىللىيەلەيدۇ؟ تارىختىغۇ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن، شۇنداق بولغاندىمۇ بىر ئىنسان ئۇيغۇر بولغان گۇناھى ئۈچۈن تارىخ ئۈچۈن ياشامدۇ، تارىختا ياشامدۇ؟ كىمنىڭ ھەممە ئۇيغۇرلار كەيگەننى كېيىپ كەيمگەننى كيمەسلىك مەجبۇرىيىتى باركەن؟ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كىشىلەر ئوخشاش كىيىنىپتىكەن. ئۇيغۇر خەنسۇ، ئەر ئايال دەپ ئايرىماي ماشرەڭ ئەسكەرچە كىيىمنى. ھازىر مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرى بولمىسا' مۇشۇلارنى دېيىشىپ بولۇپ ئويلۇنۇپ قالدىم، ئەمدى ئۇيغۇرلۇقنىڭ ۋەكىللىك خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ خەق بېكىتىلىدىكەنىدە!. بىز كىمنىڭ نەزىرىدىكى، قانداق ئۇيغۇر بولساق بولار؟ ئالىم كاۋاپچىنى ئۇيغۇرغا ۋەكىل قىلىپ تىكلەشتى. خوش، ئالىمجان قويغان ساقالنى كىم بەدەلسىز، پىشكەللىكسىز، تەقىپسىز قويالىدى؟ دېمەك ۋەكىل مەسلىنى ھەل قىلالمايدۇ.

ئۇيغۇرغا ۋەكىل تىكلەش، ۋەكىللىككە سۆرەش ۋە بۇ ئارقىلىق بىر مىللەتكە ۋە ئادالەت ئالىمگە تەسەللى بەرمەكچى بولۇش نادانلىقتۇر. ئۇيغۇرنىڭ ئىنسانىي ئېھتىياجى ۋە ھەقلىرىدىن مۇستەسنا ھەرقانداق ۋەكىللىك مەسلىنى ھەل قىلالمايدۇ. ئۇيغۇردىن چىققان بىر كومپيۇتېرچىنى ھەر قانچە ماختىغان بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھاكىمىيەتتىكى ئورنى ئەسلىگە كەلمەي تۇرۇپ ھەرقانچە داڭلىق

بولغان بىلەن ئۇيغۇرچە يېزىق ماتېرىياللىرىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش ساھەسىدە ئەلگە نەپ بەرگىدەك بىر نەتىجە يارىتالمايدۇ. ئىچكىرىدە ساخاۋەتچىلىك قىلغان بىر ئۇيغۇر كاۋاپچىنى ۋەكىل قىلىپ مەدھىيەلىگەن بىلەنلا خەنسۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان تونۇشىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. بېيىغان بىر ئۇيغۇرنى ۋەكىل قىلىپ پۈۋلەپ كۆككە ئۇچۇرغان بىلەن ئىشسىزلىق ۋە نامراتلىق پاتقىقىغا پېتىۋاتقان تۈمەنلىگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى دەسمايىگە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ.

بەزىدە كىشلەرنىڭ ھەق ناھەت مەسىلىلىرىدە زۇۋان سۈرمەسلىگىنى ۋەكىل ئارقىلىق پىكىر بايان قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەنلىكتىنمىكىن دەيمەن. ئەگەر مۇشۇ پەرەز راست بولسا، ھېچ كىمنىڭ ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشقۇسى كەلمەيدىغان بۇ زاماندا ئۇنداق ۋەكىلنىڭ چىقمىقى تەرس، چىققان تەقدىردىمۇ شارائىتلار سەۋەبلىك لاياقەتلىك ۋەكىل بولالىشىمۇ ئىمكانسىز. گاھىدا كىشلەرنىڭ شۇنچە پايدىلىق تەكلىپلەرنى سۇنۇپ، ئىنكاسلارنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپمۇ قورۇنغانىدەك ’بۇ مېنىڭ شەخسى پىكرىم، شۇنداقتىمۇ دەپ باقاي‘ دېيىشلىرىدىن تاڭ قالىمەن. بۇ خۇددى ماڭا شەخسكە ۋەككىلىك قىلىپ جامائەتكە ۋەكىللىك قىلمايدىغان گەپ دېيىلمەسلىكى كېرەكتەك، شەخسكە ۋەكىللىك قىلىپ سۆزلەش گۇناھتەك تۇيغۇ بېرىدۇ. مەنچە ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك. ئۇيغۇرغا خەق بېكىتكەن ۋەكىلنىڭ كېرىكى يوق. ئۇيغۇرغا خەقلەرنىڭ تۇتۇق ئاتا ۋە تۇتۇق ئانا بولۇۋېلىشى بىھاجەت. ھەر بىر ئۇيغۇر ھازىر ھۆكۈمەتكە ۋەكىل بولۇۋالغان پارىخوردىن، خۇداغا ۋەكىل بولۇۋالغان ئايلىقچىدىن جاق تويدى. 60 يىللىق ۋەكىللىك قىلىش، ۋەكىللىك قىلدۇرۇش ئۇيغۇرنى ۋەكىلگە تايانماي ئۆزىگە ۋەكىل بولۇپ سۆزلىيەلمەس، ھەرىكەتلىنەلمەس قىلىپ قويدى. بىر ئىنسانلىق سۈپىتى بىلەن ھازىر ھەر بىر ئۇيغۇر ھېچ بىر ۋەكىللىكسىز ھاياتى، ئائىلىسى، مۈلكى ۋە نومۇسىنى قوغۇدىشى كېرەك. ۋەكىلنى تاللاش ھوقۇقى بولمىغان مىللەتنىڭ ۋەكىللەردىن ئۈمىد كۈتىشى بىمەنىلىكتۇر. مەنەپەئەتكە، ۋىجدانىغا، ئىستىقبالىغا ئۆزى ئىگە بولمىغان كىشلەرنىڭ ۋەكىلى مەنپەئەتپەرەس، ۋىجدانسىز، ئىستىقبالسىزلاردۇر. ئاللاھنىڭ بىزنى زېمىنىمىزغا ۋەكىل قىلىپ ياراتقانلىقىغا ئىشەنسەك خەقتىن ۋەكىللىك تەلەپ قىلىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى بىزگە سىر ئەمەس.

ئۇيغۇرنىڭ تۇرمۇشىغا، خىزمىتىگە، غايىسىگە ۋە كەلگۈسىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغىنى ھاكىمىيەت، دىن ۋە ئائىلە-جەمەتتۇر. بۇ ئۈچ نوقتىدا بىر ئۇيغۇرنىڭ كىم بولۇشى كېرەكلىكىنى ۋە كىم بولالايدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان زامان، ماكان ۋە مەدەنىيەت ئامىلى ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان ھەر بىر كىشىنىڭ مىجەز خۇلقىدا كومپارتىيە بەرپا قىلغان زامان

سەۋەبلىك شەكىللەنگەن، پارتىيەنىڭ ئالاھىدە ماكانىدىكى ئالاھىدە سىياسىي شەكىللەندۈرگەن ۋە ئۇيغۇرنىڭ قائىدە يوسۇنلىرى پەيدا قىلغان ئامىللار بولىدۇ. ۋاھالەنكى ئوخشاش موھىتتا ياشىغان كىشىلەرنىڭ مىجەزى يەنە پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئىنسانىنىڭ پىسخىكىسى موھىت ئامىلىدىن باشقا شۇ كىشىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قۇرۇپ چىقىشىغىمۇ باغلىق بولىدۇ. بىر ئۇيغۇرنىڭ پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئۈچ ئامىلنىڭ ۋەكىللىكتىن خالىي بولماسلىقى مىجەزىمىزنىڭ شەكىللىنىشۋاتقانلىقى ئەمەس شەكىللەندۈرىلىشۋاتقانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىشىلەرنىڭ بىر جامائەتكە ياكى بىر سىياسىي كۈچكە ۋەكىللىك قىلمايدىغان قارارى، ئارزۇسى ۋە پىكىرلىرىنى ئىپادە قىلىشتىن ئۆزلىگىدىن ۋاز كېچىشى ئىنسانلىقنىڭ ئىجازىتىنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغانلىقىدۇر. كىشىلىرىمىزنىڭ ھەر بىر ئوي پىكىر ۋە ئىش پائالىيەتلىرىدە يۇقارقى ئۈچ ئامىلنىڭ سايىسىدىن، كونتروللىقىدىن قۇتۇلالماسلىقى، شەخس سۈپىتىدە بەختلىك ياشاشتىن توپ سۈپىتىدە تىنچ ياشاشنى تاللىشۋالغانلىقىدۇر. شەخسنىڭ قارارىغا، غايىسىگە ۋە پىداكارلىقىغا ئىجازەت بەرمىگەن جەمئىيەت شەخسنى ئىجاتچانلىق، ئۈمىدۋارلىق ۋە بەختتىن مەھرۇم قىلغان جەمئىيەتتۇر.

# 8- «كاتتاپلاق» نامىنىڭ تىل يىلتىزى ھەققىدە

مۇھەممەد قادىر

يۇرت نامى شۇ يۇرتقا تەۋە خەلقنىڭ ئىپتىخار نامى، ئۇ، قەلبلەردە مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان، ئۇزاق تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىدىغان ۋە مەڭگۈ شۇنداق داۋاملىشىپ بارىدىغان، ئەجداتلاردىن ئەۋلاتلارغا قالىدىغان تىلتۇمار ئابىدە. بىراۋ: «سەن قايسى يۇرتتىن ؟»دەپ سوراپ قالسا، جاۋاپ بەرگۈچى پۈشتى-زاتى نامىدىن غۇرۇر ئىلكىدە قەددىنى رۇسلاپ، مەيدىسىنى كېرىپ، مەغرۇر ھالدا: «مەن x يۇرتتىن...»دەپ جاراڭلىق جاۋاپ بېرىدۇ... شۇ ۋەجىدىنمىكىن مەھمۇد كاشغەرى بوۋىمىز «تۈركى تىللار دىۋانى»دا: «كىن يىپار- كەندىك ئىپار». «كەن- كۆن چىقىش تەرەپتىكى ھەربىر شەھەر نامىغا ‹كىن، كەن› سۆزى قوشۇلىدۇ. بۇ سۆز ‹كەند› سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلىدۇر» («دىۋان»، 1-قىسىم، 442-بەت) دېيىش بىلەن، جانلىقلار ۋە ئىنسانلار بەدىنىنىڭ دەل مەركىزى بولغان «كىندىك»نى «كىن» سۆزى بىلەن ئىپادىلەپ، تۈركىي مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ، ئۆسكەن يۇرتنى يەرشارىنىڭ مەركىزى دەرىجىسىدە سىمۋوللاشتۇرۇلغانلىقىنى ئەسكە سالىدۇ. دەرھەقىقەت! فىزئولوگىيىلىك قانۇنىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھاياتلىق ئاپىرىدىگاھىنىڭ تۇنجى ئۆچىكى- بالاياتقۇدا پەيدا بولۇۋاتقان ھامىلە پەقەت كىندىك نەيچىسى ئارقىلىقلا ئەجدادىنىڭ ئۇدۇم ۋە ئىرسىيەت ئۇچۇرىنى شۈمۈرىدۇ. «كىندىك»تىكى «كىن»نىڭ «كەند»كە تەققاسلىنىشى، ئۆز يۇرتىغا تەلپۈنگۈچى، ئۆز دىيارىنىڭ بىر چىمدىم تۇپرىقىنىمۇ تۇتىيا بىلىپ ئەزىزلىگۈچى ھەرقانداق كىشىگە ئالەمچە زوق بېغىشلايدۇ.

ئانا ماكانى «كاتتاپلاق»تىن جاھان كەزدى بولۇپ چىقىپ كەتكەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى، بولۇپمۇ شىمالى شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىمىز: «تاشمۇ چۈشكەن جايىدا ئەزىز ئىكەن... كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇتىيا زېمىننى كىممۇ ئۇنتۇپ قالالىسۇن ؟...» دېيىشىپ، ئۆتكەن ئەجداتلىرىنى ئىسسىق كۆز ياشلىرى بىلەن ئەسلىشىپ، بۇ قەدىمىي ماكانغا يۈزلىنىپ ئاياللار بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، ئەرلەر ئۆلۈم-يىتىم باناسى بىلەن، ياكى ھېچكىم كۆرمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان پىنھان جايىنى تېپىپ يۇرت سېغىنچىسىدا ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ بۇقۇلداپ يىغلىۋالىدۇ... ئىشەنمىسىڭىز ئۇلارنىڭ «كاتتاپلاق»قا بولغان تەلپۈنۈش ۋە ئوتلۇق مۇھەببىتىنىڭ يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالىدىغان مۇڭلۇق مىلودىيىسىگە قۇلاق سېلىپ بېقىڭ:

كاتتايلاق ئىسىل يايلاق،
ئەجەپمۇ يايلىيالمادىم.
يايلىسامىمۇ يايلادىم،
دەرتكە پايلىيالمادىم.

ئاتۇش تارىختىن بۇيان شاھلار ماكانى دەپ تەرىپلەنگىنىگە ئوخشاش، ئاتۇش قويىندىكى «كاتتايلاق»مۇ تارىختا «بارخان»، «富贵» (فۇگۇي)، «ھاسائاتام»، «ئاياقئاش» (گەزتۇمشۇق)، «خان سۇپا» (خان يايلىقى)، «كەدىيايلاغ» (گەزىيايلاق) قاتارلىق ناملار بىلەن شۆھرەتلەنگەن. بۇ تۇتيا زېمىندا تۇغۇلۇپ، ئۆسكەن قىز-ئوغلانلار ھىلى ھەم تولىمۇ سۆيۈنگەن ھالدا مەزكۇر يۇرتنىڭ مۇبارەك نامىنى «كاتتايلاق»دەپ تەكرار تىلغا ئېلىپ، چەكسىز ئىپتىخارغا چۆمىلىدۇ.

«كاتتايلاق» نامىنىڭ تىل يىلتىزىنى قېزىپ چىقىش، تىلشۇناسلىق مەسىلىسى بولۇش بىلەن بىرگە، ئالدى بىلەن ئۇ، مىللەت مەدەنىيىتى ئىچىدىكى تىل مەدەنىيىتىگە تەۋە بولۇپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ تىل جەھەتتە قايسى مىللەت تىلىغا تەۋە بولىشى، شۇ خىل ئاتالغۇ ئاستىدىكى زېمىن پاسىلىنىڭ ھەقدالىق ھوقۇقى مەسىلىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

«"كاتتايلاق" نىڭ ئەسلى ئىسمى "كاتتا يايلاق" بولۇپ ئۇيغۇر تىلىدا «كەڭرى يايلاق' دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇرۇن بۇ جاي يۇلغۇنلۇق بولۇپ ئوت-چۆپكە باياشات بولغاچقا مۇشۇ ئىسىم قويۇلغان بولسىمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن "كاتتايلاق"قا ئۆزگۈرۈپ كەتكەن.» («ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى 1985-يىلى نەشرى، 99-بەت). «"كاتتايلاق" ئەسلى "كاتتايايلاق" بولۇپ، چوڭ يايلاق دىگەن مەنىدە.» (نىياز كېرىمنىڭ «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە» 340-بەت). ئىككى مەنبەدىكى «كاتتايلاق» نامىغا بولغان ئىزاھاتنىڭ بۇنداق ئۆخشاشلىقى سەۋەپسىز ئەمەس. «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە» دىگەن كىتاپ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە ۋە شەھەرلەرنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئىككى كىتاپنىڭ نەشر قىلىنىش ۋاقتىدىن بۇنى ئىلغا قىلىش ئانچە تەس ئەمەس. بۇ ئىككى كىتاپتىكى «كاتتايلاق» نامى ھەققىدىكى ئىزاھات، شۇ يۇرتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا داۋاملاشتۇرۇپ ۋە ساقلاپ كېلىۋاتقان يۇرت نامى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ئەينەن خاتىرىگە ئېلىش بولۇپ، ئۇنىڭ تىل يىلتىزى قېزىلمىغانلىقىنى ئۇستىگە، بۇ يۇرتتىكى تارىخى ئىزنالار ئارقىلىق مەزكۇر يەر-جاي نامىنىڭ تارىخى سالاھىتى روشەنلەشتۈرۈلمىگەن. نەتىجىدە، ئوقۇرمەنلەردە؛ «ئاتالمىش "كاتتايلاق"، "ئىسىل يايلاق"، "كەڭرى يايلاق" دېگەن ئوخشاش مەنىلەردىكى سۆز نېمە ئۈچۈن بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە "كاتتايلاق"نىڭ ئەكسىچە شورلۇق زېمىن ۋە ئۇنۇمسىز يەرگە ئايلىنىپ قالدۇ؟ "كاتتايلاق"نىڭ يىراق ئۆتمىشى بىلەن بۇگۈنكى رېئاللىقتىكى

زور پەرقىنىڭ پەيدا بولۇشىغا نېمە سەۋەپ بولغان ؟» دېگەن جاۋاپ بېرىش قىيىن بولغان ئۆتكۈر سوئالىغا دۇچ كېلىمىز.

تۈ*ركى تىلىنىڭ مىڭ يىل بۇرۇنقى قامۇسى «تۈ*ركى تىللار دىۋانى»غا ئاساسلىنىپ «كاتتايلاق» نامىنىڭ تىل يىلتىزىنى قازغىنىمىزدا، ئۇ بىر پۈتۈن ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى، ئىككى تۈپ سۆز شەكلىدە ئىككى ئورۇندا ئۇچرايدۇ. تۈپ سۆز ۋە تۈپ سۆزلەرنىڭ ياسالما ئىسىم پەيدا قىلىشى ھەققىدە مەھمۇد كاشغەرى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ۋە كىتاپنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن... ھەربىر قەبىلىنىڭ تىلىدىن سۆز ياساشقا ئاساس بولىدىغان تۈپ سۆزلەرنىلا ئالدىم. چۈنكى سۆزنىڭ قىسقىسى ياخشى... "قىلىچ"، "ئوق" دېگەنگە ئوخشاشلار تۈپ ئىسىم بولۇپ، بۇ خىل ئىسىملار باشقا سۆزلەردىن ياسالغان ئەمەس. ياسالما ئىسىملار باشقا سۆزلەردىن ياسىلىدۇ. مۇنداق ئىسىملارنىڭ بەزىلىرى جانلىق تىلدا ئىشلىتىلىدۇ؛ بەزىلىرى تىل قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولسىمۇ ئىشلىتىلمەيدۇ. مەن مۇشۇ ئىسىملارنىڭ ئىشلىتىدىغانلىرىنى يازدىم، ئىشلىتىلمەيدىغانلىرىنى تاشلىدىم. لېكىن مەن شۇنداق بىر يول تۇتتۇمكى، قائىدە بويىچە، قىياس قىلغىلى بولىدىغان ۋە مەن تاشلىۋەتكەن سۆزلەرنىمۇ مۇشۇ يول بىلەن تېپىۋالغىلى بولىدۇ...» («تۈ*ركى تىللار دىۋانى» 1- قىسىم، 7- 12-13-بەتلەر).

«تۈ*ركى تىللار دىۋانى»دىكى يۇقارقى قائىدىگە ئاساسلانغاندا، «كاتتايلاق»نى «كاتتا» ۋە «يايلاق»تىن ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆزدىن تۈزۈلگەن ياسالما ئىسىم (يەر- جاي نامى) دېيىشكە بولىدۇ. بىز تىل يىلتىزىنى ئىزدىمەكچى بولغان «كاتتايلاق»قا ئىككى تۈپ سۆزنىڭ بىرىكىش شەكلى نەزىرى بىلەن «تۈ*ركى تىللار دىۋانى»غا قارايدىغان بولساق «كەد» ۋە «يايلاغ»دىن ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆز ئۇچرايدۇ؛ «كەد- بۇ سۆز "د" بىلەنمۇ، "ز" بىلەنمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىرەر نەرسىنى تەكىتلەش ۋە ئاشۇرۇپ كۆرسىتىش ئۈچۈن "قالتىس" مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. كەد (كەز) ئات – قالتىس ئات. كەد (كەز) نەڭ – قالتىس نەرسە.» («تۈ*ركى تىللاردىۋانى»، 1-قىسىم، 422-بەت). «يايلاغ- يايلاق» («تۈ*ركي تىللار دىۋانى»، 3-قىسىم، 63-بەت). «كاتتايلاق»تىكى «يايلاق» بىلەن «تۈ*ركي تىللار دىۋانى»دىكى «يايلاغ» تامامەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ يەردىكى پەرق «يايلاق»تىكى «ق» تاۋۇشى بىلەن «يايلاغ»دىكى «غ» تاۋۇشىنىڭ ئوخشىماسلىقى. ئۇيغۇر تىل تاۋۇشلىرىدىكى «ق»، «غ»، «خ»، «گ» ۋە «ك»لار نىڭ بىر-بىرىگە ئالمىشىشچانلىقى دائىملىق ئەھۋال بولۇپ، «غ» تاۋۇش بىلەن «ق» تاۋۇشىنىڭ ئۆز- ئارا ئالمىششى تېخىمۇ ئەركىن ۋە تېخىمۇ تېز بولىدۇ. «تۈ*ركى تىللار دىۋانى»دا ئوغۇزلار بىلەن قەدىمكى «ئارغۇ شەھەرلىرى»دىكى ئارغۇلىقلارنىڭ «ق» تاۋۇشىنى «غ» تاۋۇشىغا ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىش مىساللىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

تىلشۇناسلىرىمىز تا ھازىرغىچە سۆپەت خاراكتېرىدىكى «كاتتا» سۆزلەمنى بىردەك ھالدا ئەرەپ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان دىگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرۈپ كەلدى. بۇ «تۈ*ركى تىللار دىۋانى» ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىزنىڭ چۇڭقۇرلاشمىغانلىقى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە تۈرۈۋاتقانلىقىنى؛ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇ، سۆزلەملەرنى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ۋە قەدىمكى تۈ*ركى تىلى ئاساسىدا قېزىپ چىقىشىمىزنىڭ پىتەرسىزلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماي، ئاتالمىش پارس تىلى ۋە ئەرەپ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان دىگەن سۆزنىڭ كۆپ تەكرارلىنىشى، بەزى ئاتالغۇلارنىڭ تىل تەۋەلىك مەسىلىسىدە ساختا ھەقىقەت مەنزىرىسى كۆرۈلدى. بىزدىكى قانائەتسىزلىك، دەل «كاتتايلاق»تىكى «كاتتا» سۆزلەمنى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى كۆپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەم دەپ قارىغانلىقىمىزدىن، ھەمدە «تۈ*ركى تىللار دىۋانى» ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇش قىزغىنلىقىمىزنىڭ زىيادە كۈچلۈكلىكىدىن پەيدا بولدى. «تۈ*ركى تىللار دىۋانى»دىكى «كەد(كەز)» بىلەن بىزنىڭ دائىملىق تىل ئىستىمالىمىزدىكى «كاتتا» پۈتۈنلەي ماس ۋە ئوخشاش ئۇقۇم بولۇپ؛ «كەد(كەز)ـ قالتىس»، «كاتتاـچوڭ، ئىسىل، قالتىس» قاتارلىق سۆپەت مەنالىرىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا يەنە، ھوقۇقدار، پۇلدار كىشىلەرگە سۆپەت ئاتالغۇسى بولۇپ كېلىدۇ.

كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، «كاتتا»نىڭ تىل يىلتىزى «كەد(كەز)» بولۇپ، ھازىرقى سۆپەت ئاتالغۇسى «كاتتا» قەدىمدە «كەد(كەز)»، «كەدە (كەزە)» ۋە «كەددە (كەززە» تەلەپپۇزىدا ئىپادىلەنگەنلىكى ئېنىق.

«كاتتايلاق» نامىنىڭ تىل يىلتىزى بولغان، «تۈ*ركى تىللار دىۋانى»دىكى «كەد(كەز)» بىلەن «يايلاغ»دىن ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆزدىن بىر ئاتالغۇ (يەرـجاي نامى) ياسىغىنىمىزدا، «كەديايلاغ (كەزيايلاغ~ گەزيايلاغ)»، «كەدەيايلاغ (كەزەيايلاغ~ گەزەيايلاغ)» ۋە «كەددە يايلاغ (كەززەيايلاغ~ گەززەيايلاغ)» قاتارلىق قىسمەن پەرىققە ئىگە ئوخشاش ئاتالغۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ ئوخشاش ئاتالغۇلار ئىچىدىكى «كەد يايلاغ» نامىنى تەشكىل قىلغان ئۈچ بوغۇم («كەد»، «ياي»، «لاغ»)نىڭ ھەربىر ھەرپ تاۋۇشلىرى تىل ئىستىمالىمىزغا تولىمۇ ماسلاشقان بولۇپ، «كەد يايلاغ»نىڭ ئوخشاش مەنىدىكى «كەز يايلاغ(گەزيايلاغ)» يانداش ئىپادىلىرى تارىخى تەرەققىياتنىڭ مۇئەييەن قىسقا باسقۇچلىرىدا دەمكۆتە قوللىنىپ ۋە تاشلىنىپ، ئاخىرىدا بۈگۈنكى «كاتتايلاق»نىڭ تىل يىلتىزى «كەديايلاغ» نامىنى تارىخى ئاتالغۇ دەرىجىسىگە كۆتۈردى.

گەرچە، تارىخى ئاتالغۇ «كەديايلاغ»نىڭ ياندىش ئىپادىسى بولغان «كەزيايلاغ (گەزيايلاغ»نىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدە ھېچقانداق تارىخى ئۇچۇرغا ئىگە بولمىساقمۇ، ئەمما، تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى قىسمەن بايانلىرى، شۇنداقلا، «كاتتايلاق» خەلقىنىڭ ئەۋلاتتىنـ

ئەۋلاتقا داۋاملاشتۇرۇپ كېلۋاتقان ۋە ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن «گەز تۇمشۇق رىۋايىتى» بەزى ئېنىقلىملارغا ئىرىشىشىمىزگە ئالاھىدە ياردىمى بولىشى مۇمكىن.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «بالاساغۇنىنىڭ ئورنى مەسلىسى ھەققىدە» ناملىق تەتقىقاتىدا: «"خان سۇيا"، "كاتتايلاق"، "ھاسائاتام" ۋە "باش قاش" بويىدىكى خارابىلىقلار بالاساغۇنغا ئالقىدار سىرتقى ئارخېئولوگىيىلىك يەنە بىر چەمبەر ھىسابلىنىدۇ. بىر قاراشتا ئۇزۇن سوزۇلغان سېپىل خارابىسىدەك، ھەتتا ئارىلاپ-ئارىلاپ كېسەك تاملار كۆرۈنۈپ تۇرغان "باش قاش"، "ئوتتۇرا قاش"، "ئاياغ قاش" بىناكارلىقى ئەسلىدە ئۇستۇن ئاتۇشتىن كەلگەن چاقماق دەريا ئېقىنىنى كاتتايلاق تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان كۆتۈرمە قانال-ئۆستەڭ ئورنى بولغان. "ئوتتۇرا قاش"تا كۆپلىگەن ئاھالە ياشىغان توچكىلار ئۇچرايدۇ. » («يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، 213-بەت) دىگەن ئىلمى ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، "قۇمسېغىر" كەنتىدىن تاكى «كاتتايلاق»قىچە سوزۇلغان يىگىرمە نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا قەدىمقى ئۆستەڭ (قاش)نىڭ مەۋجۇتلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بەزى جايلىرى يەر تەكشىلىكىدىن بىر مېتىر، بەزى جايلىرى ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇ يىلاندەك سوزۇلغان ئۆستەڭ(قاش) خارابىلىكىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قارايدىغان بولساق ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرىلا سۇ ئاققان غۇۋا ئىزنالارنى كۆرۈش ئانچە تەس ئەمەس. مەن (ئاپتۇر) ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن ئاشۇ سۇ ئاققان غۇۋا ئىزنالاردىن بىرنەچچە نوقتىنى قېزىپ، سۇ ئاققاندىكى قالدۇرغان قۇملارنىڭ قالدۇقى ۋە قۇملار ئىچىدىكى ساپال پارچىلىرىنى كۆرۈپ، بۇ كۆتۈرمە «ئۆستەڭ» ("قاش") نىڭ قەدىمدە خېلىلا چوڭ غول ئۆستەڭ ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشەندىم. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «... چاقماق دەريا ئېقىنىنى «كاتتايلاق» تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان كۆتۈرمە قانال-ئۆستەڭ ئورنى بولغان.» دىگەن بايانىدا، تارىخى رىيالىققا ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان، ھەتتا ھازىرمۇ روشەن ئىزنالىرى ساقلىنىپ قالغان پاكىتنى كۆرستىش ئارقىلىق، "قاش" ئۇقۇمىنى دەلىللىگەن. ئۇنىڭ "قاش" ھەققىدىكى ئۇقۇمىنىڭ بارلىققا كېلىشى "ئاققاش" توپونومىيىسىنى ۋە بىر قىسىم تارىخى ئۇچۇرلارنى ئاساس قىلغان بولىشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا "قاش" ئۇقۇمى نوقۇل "قۇمسېغىر"دىن "كاتتايلاق"قىچە سوزۇلغان بىرلا قاشنى كۆرستىپلا قالماي، ئۇ يەنە بەشكىرەم يېزىسىنىڭ شەر*قىدىن باشلىنىپ تاكى "ئاققاش"نىڭ شىمالى ئېتىكىنى بويلاپ "كاتتايلاق" يېزىسىغا قاراشلىق "كۆيەك" كەنتىنىڭ "كۆتەمە" مەھەللىسىگىچە سوزۇلغان يەنە بىر "قاش"نىمۇ كۆرستىدۇ. قەدىمقى ئەجداتلىرىمىز بۇ ئىككى "قاش"نىڭ ئۇستىنى ئۆستەڭ ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئۇزۇن لېنىيىلىك سۇغۇرۇش سېستىمىسىنى بەرپا قىلغان. غەرپتىن شەر*ققە قاراپ پاراللىل ھالەتتە ئاققان بۇ قەدىمقى ئىككى ئۆستەڭنىڭ "باش قاش" تىكى ئارلىقى 4000 مېتىر ئەتراپىدا، "ئوتتۇرا قاش" ئارىلىقى 500 مېتىر ئەتراپىدا، "ئاياغ قاش" ئارلىقى نامەلۇم. ئىككى ئۆستەڭ ("قاش") ئارلىقىنىڭ بۇنچىلىك كەڭ ئورۇنلاشتۇرىلىشى ئۇستۇن ئاتۇش چاقماق دەرياسىنىڭ ئاندا- ساندا ئېلىپ كەلگەن زور

كەلكۈنلىرىنى قۇمالتاغنىڭ جەنۇبى ۋە بەشكىرەم يېزىسىنىڭ شىمالى ئېتىكى ئارقىلىق ئىككى "قاش" ئارىلىقىدىكى مەزكۇر "قانال"غا سېلىپ راۋان ئاققۇزۇش بولسا كېرەك.

تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، بۇ ئىككى «ئۆستەڭ»، بىر «قانال»نىڭ غەربى دېڭىز يۈزىدىن 1246 مېتىر ئېگىز، شەر*قى دېڭىز يۈزىدىن 1212 مېتىر ئېگىز بولۇپ، ئېگىز تەرەپتىن تۆۋەن تەرەپكە يەنى شەر*ققە يۆزلەنگىنىمىزدە بەشكىرەم ۋە ئاققاشنىڭ شىمالىنى يۆنىلىشنى بويلاپ ئاققان ئۆستەڭ، ئوڭ تەرەپتە بولغاچقا «ئاققاش» (ئاققاش ئۆستەڭ)؛ «قۇمسېغىر»، «قەدىمقى سۇلى دۆلتى خارابىسى» ۋە «خان سۇپا»نىڭ جەنۇبى يۆنىلىشنى بويلاپ ئاققان ئۆستەڭ سول تەرەپتە بولغاچقا «سولى(سولمۇر)» (قارا قاش ئۆستەڭ) دەپ ئاتالغان. تۈ*ركىي مىللەتلىرىنىڭ ئەجداتلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى مەلۇم ئىككى ئورۇن ۋە مەلۇم ئىككى يۇرتنىڭ قانچىلىك يېقىن جايلىششىدىن قەتئى نەزەر، شىمال، جەنۇپ تۈز سىزىق لېنىيىسىدىكى ۋە غەرپ، شەر*ق تۈز سىزىق لېنىيىسىدىكى ئورۇن مۇناسىۋىتى بويىچە كۆپىنچى ۋاقىتلاردا شىمال ۋە غەرپتىكىسىنى «قارا»، شەر*ق ۋە جەنۇپتىكىسىنى «ئاق» نامى بىلەن پەرقلەندۈرۈپ ئاتايدۇ. مەسىلەن، قاراقورۇم تاغلىرىنىڭ شەر*قى ئېتىگىدىكى قەشقەر بىلەن غەربى ئېتىگىدىكى كەشمىر تەرەپ مۇناسىۋىتىدىكى يۇقارقى ئورتاق قائىدىمىز بويىچە ئاق-قارا مەناسىنى؛ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى تاغلارنى قاراقۇرۇم تاغلىرى دەپ، شەر*قىدىكى تاغلارنى ئالتۇن تاغ دەپ، كۈنچىقىش تەرەپنى "ئالتۇن" (قىزىل رەڭ) بىلەن، كۈن پېتىش تەرەپنى "قارا" رەڭ بىلەن ئىپادە قىلىنغانلىقى ئېنىق. بۇنداق مىساللار شىنجاڭنىڭ يەر-جاي ناملىرىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، چاقماق دەرياسىنىڭ غول كەلكۈن سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بۇ چوڭ قانالنىڭ ئىككى يېقىدىكى ئىككى ئۆستەڭنى شىمال ۋە جۇنۇپ (ئوڭ، سول) تەرەپ مۇناسىۋىتى بويىچە ئېيتقاندا "ئاققاش" ۋە "قاراقاش"("سولمۇر~ سۇلى") پەرقىدە ئاتالغان بولىشى مۇمكىن. ئىككى ئۆستەڭنىڭ سۈيى ۋە ئىككى ئۆستەڭ ئارىلىقىدىكى كەلكۈن ئوخشاشلا غەرپتىن شەر*ق تەرەپكە قاراپ ئاققاچقا، تارىختا ئۇلارنىڭ ئورتاق نامىمۇ بولغان بولىشى مۇمكىن. ئۇ بولسىمۇ «كاتتـايلاق»نىڭ تىل يىلتىزىدىكى "كەد"نىڭ يانداش ئىپادىسى بولغان "كەز"نىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن "گەز" بىلەن قوشۇلغان "گەزقاش" نامىدۇر. ئابدۇشۈكۈرمۇھەممەتئىمىننىڭ «باش قاش»، «ئوتتۇرا قاش» ۋە «ئاياققاش» ئۇقۇمى مۇئەييەن چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ پەقەت «قاش»نىڭ ئىككى چەت ۋە بىر ئوتتۇرا نوقتىسىنى نەزەرگە ئېلىپ، «قاش» ئۇقۇمنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىلا خالاس. «قاش. قىرغاق. ھەرقانداق نەرسىنىڭ قېشى، قىرغىقى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.» («تۈ*ركى تىللار دىۋانى»، 3-قىسىم، 208-بەت)؛ «قاش» يەر تەكشىلىكىدىن قىر ۋە دامبا شەكىللىك قىسمەن كۆتۈرۈلگەن، بىر نوقتىدىن يەنە بىر نوقتىغىچە داۋاملاشقان ئېگىزلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى ۋە ئىككى يان تەرىپىمۇ ئوخشاشلا "قاش" دەپ ئېيتىلىدۇ. «تۈ*ركى تىللار دىۋانى»دىكى بۇ تەبىر ۋە بىزنىڭ بەرگەن ئىزاھاتىمىزغا ئاساسلانغاندا

“قاش” ئۇقۇمى ھەممە جايدا مەۋجۇت ئابستراكتنى ۋە تۈر ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنىڭغا ئارقا ۋە ئالدى قوشۇلغۇچى قوشۇلغاندا ياكى يەنە بىر تۈپ سۆز قوشۇلغاندا ئاندىن خاس ئاتالغۇغا ئايلىنالايدۇ. “گەزقاش” بۇ شەرتكە تامامەن ئۇيغۇن خاس ئاتالغۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «گەز(كەز)» تۆت خىل مەنا ئىپادىلىشى مۇمكىن؛ بىرىنچى، ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىغىنى ئۆلچەيدىغان نەرسىنى “گەز” دەپ ئاتاش؛ ئىككىنچى، ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا سۇۋاق تەكشىلىكىدىن ئېگىزرەك چىقىرىلىدىغان تۈز سىزىق شەكلىدىكى قاپارتمىنى «گەز تارتىش» دييىش؛ ئۈچىنچى، «كەزلەدى- گەزلەدى، گەز چىقاردى، كىرتىك چىقاردى؛ بەتلىدى. ئول ئوقىن كەزلەدى- ئۇ ئوقىغا گەز چىقاردى، گېزىنى تۈزەتتى...» («تۈ*ركى تىللار دىۋانى»، 3-قىسىم، 410-بەت)؛ تۆتىنچى، ‹‹كەد- بۇ سۆز “د” بىلەنمۇ، “ز” بىلەنمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىرەر نەرسىنى تەكتىلەش ۋە ئاشۇرۇپ كۆرسىتىش ئۈچۈن “قالتىس” مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. كەد (كەز) ئات ــ قالتىس ئات. كەد (كەز) نەڭ ــ قالتىس نەرسە.›› («تۈ*ركى تىللاردىۋانى»، 1-قىسىم، 422-بەت)تىكى «كەد»نىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى ۋە ياندىش ئىپادىسى بولغان «كەز»(گەز) قاتارلىقلار.

بەشكىرەم ۋە قۇمسېغىردىن تارتىپ تاكى «كاتتــايلاق» يېزىسى “كۆيەك” كەنتىنىڭ “كۆتەمە” (كۆتۈرمە) مەھەللىسىگىچە سوزۇلغان ئىككى قاشنىڭ تارىختا “گەزقاش”دەپ ئاتىلىشىدا ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بەش ئاساسى دەلىلنى كۆرستىشكە بولىدۇ: بىرىنچى دەلىل، «ئوتتۇراقاش»تىكى “سۇلى دۆلتى خارابىسى”نىڭ توققۇز كىلومېتىر شەر*قى شىمالىدىكى «ھاسائاتام خارابىسى». ئىككىنچى دەلىل، كاتتــايلاق خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «تۇرخېنىم» رىۋايىتى. ئۈچىنچى دەلىل، «گەز تۇمشۇق» رىۋايىتى. تۆتىنچى دەلىل، ئەجداتلىرىمىزنىڭ كەلكۈن سۈيىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ياسىغان بىر قانال ھەم بۇ قانالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىز قاشنى ئىككى تەرەپتىكى زىمىننى سۇغۇرۇش مەخسىدىدە ئىككى ئۆستەڭ قىلىپ لاھىيەلەشتە، ئۇزۇن- قىسقىلىقنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچىگۈچ “گەز”نى ئىشلەتكەنلىكى. بەشىنچى دەلىل، «كەد»نىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشىدىكى ياندىش ئىپادە بولغان “گەز”نىڭ ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىش ئېھتىمالىقى.

يۇقۇرقى بەش دەلىل ئىچىدە «ھاسائاتام خارابىسى» بىلەن «تۇرخېنىم» رىۋايىتىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە “ھاسا” تىلغا ئېلىنغان. “ھاسا” ئاتالغۇسىنىڭ بىر تارىخى خارابىلىقتا ۋە بىر رىۋايەتتە ئۇچرىشى، شۇنداقلا بۇ ئىككى ئورۇن ئارىلىقىنىڭ تەخمىنەن ئون ئىككى كىلومېتىر ئارىلىقدا تۇرىشى، يەنە كېلىپ شىمالى «قاش»نىڭ لىۋىدە بولىشى ھەرگىزمۇ تاسادىبىلىق ئەمەس. ئۇ شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئاشكارىلايدۇكى، «تۇرخېنىم» بىلەن «ھاسا ئاتام» تارىخى رىياللىقتىكى بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدىكى «ھاسا» ماھىيەتتە ئۇزۇن-قىسقىلىقنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچىگۈچ “گەز” دۇر. ئەجدات سۈپىتىدىكى بۇ «ھاسا ئاتام» قولىدىكى تاياقنى گاھىدا «قاش»نى لاھىيەلەشتە «گەز» (ئۆلچىگۈچ) ئورنىدا ئىشلەتكەن بولسا، گاھىدا تايىنىدىغان ھاسا ئورنىدا ئىشلەتكەن. «گەز»نىڭ

ئۆلچىگۈچ ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكى «تۇرخېنىم» رىۋايىتىدە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: « خان غوجام دىگەن بىر كىشى ئۆز ھاسىسى بىلەن ئېرىق چېپىپتىكەنمىش. يۇرت ئاخىرىدا "تۇر! " دەپ ھاسىسىنى يەرگە سانجىپ قويغان. جىجىپ (سىزىپ) كەلگەن يېرىدىن سۇ كەلگەن. بىر كىشىدىن " قانچىلىك سۇ كېلىۋاتىدۇ؟" دېسە "3-4 تاشلىق سۇ كېلىۋاتىدۇ" دىگەن. ئەگەر ئاشۇ ئادەم "جىقراق كېلىۋاتىدۇ" دىگەن بولسا جىق كېلەركەنمىش. تاياقنى "تۇر!" دەپ سانجىغان يېرىدە تاياق كۆكلەپ كەتكەن ئىكەن...». دىمەك «خان خوجام» قولىدىكى ھاسا بىلەن «ھاسائاتام» قولىدىكى ھاسا ئارقىلىق ئۆستەڭ چېپىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ پەقەت ئاشۇ «قاش» ۋە ئاشۇ ئۆستەڭنى لاھىيەلەش ئۈچۈن ئۆلچەپ- سىزىشتا ئىشلىتىلگەن «گەز»دىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يۇقۇردىكى ئىككى «ھاسا»نىڭ «گەز» دەپ ئاتىلىشىنى تۆۋەندىكى «گەز تۇمشۇق» رىۋايىتى تېخىمۇ تولۇقلاش كۈچىگە ئىگە. «بۇرۇنقى زاماندا كاتـايلاق بۈككىدە ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان، سۈيى مول مۇنبەت تۇپراق ئىكەن... بۇ يۇرتتا ئادەملەر كۆپىيىپ ئاۋاتلاشقان بىر پەيتتە، كىشلەرنىڭ ھاياتىغا قەست قىلىدىغان بىر ئاپەت پەيدا بولۇپتۇ... ئۇ "گەز تۇمشۇق" ئىسىملىك يالماۋۇز ئىكەن... ئۇنىڭ پەيدا بولىشى بىلەن نۇرغۇن ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلىپ... خوتۇن، باللار يۈرەكلىك ھالدا تالاغا چىقالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ... كاتـايلاقتىكى كىشلەر يۇرتنىڭ ئۈستىگە كەلگەن بۇ ئاپەتنى قانداق قىلىپ يوقۇتۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ ئىش كۆرگەن بولسىمۇ، يەنىلا گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنى يوقىتالماپتۇ... گەز تۇمشۇق يالماۋۇز ناھايىتى كۈچلۈك بىر مەخلۇق ئىكەن. ئۇ كىشلەرنىڭ قېنىنى شورىماقچى بولسا، ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالىدىكەن-دە ئۇزۇن تۇمشىقىنى يېڭىنىڭ ئىچىگە سېلىۋېلىپ ئۆيلەرگە كىرىدىكەن. ئادەملەرنى بىر-بىرلەپ ئېزىقتۇرۇپ ياكى تۇتۇپ قېنىنى شوراپ، ئاخىرى گۆشىنى يەيدىكەن... ئەنە شۇ چاغلاردا كاتايلاقتا قىرانبەگ ئىسىملىك باتۇر بىر يىگىت بار ئىكەن. ئۇ شۇنداق ئەقىللىق، ماھارەتلىك، كۈچلۈك، باتۇر بولۇپلا قالماي، بىلىم-پاراسەتتە كامىل ئىكەن. ئۇنىڭ بىر دانىشمەن ئۇستازى بولۇپ، بۇ ئۇستاز ئۇنىڭغا، بىر نەچچە خىل سېھرىي ھېكمەتنى ئۆگىتىپ، سېھرىي-جادۇنىڭ سىرىنى بىلىۋالالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلغانىكەن. قىرانبەگ ئوقيا ئېتىش، قىلىچ ئويىنىتىش، چەۋەندازلىق، چېلىش قاتارلىق ھۈنەر-ھېكمەتتە زامانىسىدا تەڭداشسىز ئىكەن... ئۇ گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنىڭ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنى ئۇنىڭ زۇلمىدىن، ئەندىشىسىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپتۇ... گەز تۇمشۇق: ئەي نادان ئىنسان، ئۆزەڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەي ئالدىمدىن يوقال! -دەپ ۋارقىراپتۇ. -ئۆلۈمڭنى تۇيۇۋاتامسەن ؟ - دەپتۇ قىرانبەگ باتۇر... ئۇلار نەچچە كېچە- كۈندۈز ئېلىشىپ... ئاخىرى قىرانبەگ باتۇر يالماۋۇزنىڭ بېشىنى قىلىچ بىلەن ئۈزۈپ تاشلاپتۇ... ئاندىن گەز تۇمشۇقنىڭ بىر گەز قان شورۇغۇچ تۇمشۇقنى قىلىچ بىلەن ئوتتۇن كەسكەندەك كەسلەپ تاشلاپتۇ... گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنىڭ ئۆلگەنلىكنى ئاڭلىغان يۇرتتىكى خەلق

ناغرا- دۇمباق، سۇنايلىرنى چېلىشىپ كوچىغا چىقىپ ئۇسۇل ئوينىاپ، قىرانبەگ باتۇرنى تەبرىكلىشىپتۇ...» («ئاتۇش ھەققىدە رىۋايەت ۋە چۆچەكلەر»، 58-68 بەتلەر. بۇ رىۋايەتنى ئېيتىپ بەرگۈچى كاتــايلاقتىن قۇربان ئاخۇن. رىۋايەت قىسقارتىپ ئېلىندى).

گەرچە بۇ رىۋايەت روشەن توقۇلما خاراكتېرىنى ئېلىپ، "گەز تۇمشۇق" رىيال تۇرمۇشتا كۆرۈلۈشى مۇمكىن بولمايدىغان تەرىزدە تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى تارىختىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يۇقۇرى باج-سېلىق سىياستى ئارقىلىق خەلقنىڭ قان-تەرىنى شورايدىغان يالماۋۇزغا تەققەسلىشىمىز تەبىئى. "گەز تۇمشۇق" يالماۋۇز مەخلۇق سىياقىدا تەسۋىرلەنگىنى بىلەن ئۇ بەرىبىر ئادەم. ئۇنىڭ گەز تۇمشۇقى ئىنسانغا خاس ئالاھىدىلىك بولماستىن بەكلى، مەلۇم جاي نامىنىڭ ئەزگۈچى سىنىپ ئىچىدىكى مەلۇم مۇشتۇمزورنىڭ نامى بىلەن بىرلەشتۈرىلىشى خالاس. "گەز تۇمشۇق"تىن ئىبارەت بۇ مەۋھۇم جاي نامى ھېلىھەم «كاتــايلاق» توپونومىيسىدە «خان سۇپا» ۋە «تىم قورغان» نامىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنداق دىيىشىمىزنىڭ ئىلمى ئاساسى شۇكى، قۇمىسبىغىردىن «كاتايلاق»قىچە سوزۇلغان شىمالى "قاش" قەدىمقى «سۇلى دۆلتى خارابىسى»(«ئوتتۇرا قاش»)قا بارغاندىن كېيىن بىراقلا شەر*قى شىمالغا بۇرۇلۇپ تەخمىنەن 14 كىلومېتىر داۋاملاشقاندىن كېيىن «خان سۇپا» ۋە «تىم قورغان» دوقى (جەينەك)نى ھاسىل قىلىپ، شەر*قى جەنۇپقا بۇرۇلۇپ تاكى باچاڭ ئېغىزى كەلكۈنى بىلەن چاقماق دەريا كەلكۈنى ئۇچراشقان جايغىچە داۋاملىشىدۇ. «گەز تۇمشۇق»تىكى "تۇمشۇق"- كۆپۈنچە ھاللاردا يەر تەكشىلىكىدىن ئېگىزرەك بولغان تاغ، ئۆستەڭ، قاش ۋە قىر قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم جايدا ئۇزۇلگەن قىسمى ياكى بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ بۇرالغان قىياپىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەنەشۇ دوق (جەينەك)نىڭ «خان سۇپا» ۋە «تىم قورغان» دەپ ئاتىلىشتىن ئىلگىرى "گەز تۇمشۇق" دەپ ئاتالغانلىقى شۇ جايدىكى مەزكۇر "قاش"نىڭ شەر*قى شىمالدىن شەر*قى جەنۇپقا بۇرۇلۇپ تەخمىنەن 180 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىش ئالاھىدىلىكىگە تامامەن ئۇيغۇن.

يۇقۇرقى بەش دەلىلنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغىنىمىزدا، بەشكىرەمدىن «كاتــايلاق»نىڭ "كۆتۈرمە" مەھەللىسىگە سوزۇلغان، قۇمىسبىغىردىن «كاتــايلاق» "چۇشۇر"گە كەنتى "بەش تام" مەھەللىسىنىڭ شەر*قى جەنۇبىگىچە سوزۇلغان ئىككى "قاش"نىڭ تارىختىكى ئورتاق نامىنىڭ «گەزقاش» ئىكەنلىكىنى يۇقۇردىكى "ئىككى ھاسا" ("گەز")، «گەز تۇمشۇق» رىۋايىتى، "گەز"نىڭ ھازىرقى تىل ئىستىمالىمىزدىكى ئىككى خىل مەنىسى ۋە «تۆ*ركى تىللار دىۋانى»دىكى "گەز" ھەققىدىكى ئىزاھات تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ...

تارىختىكى بۇ ئىككى چوڭ "قاش" ئەتراپىدىكى تارىخى توپونومىيلىك ناملار ۋە ئىزنالارنى ئاساس قىلغان ھالدىكى ئابدۇشۈكۈرمۇھەممەتئىمىننىڭ «باش قاش»، «ئوتتۇرا قاش» ۋە «ئاياق

قاش» ئابستراكتنى ئۇقۇمنى ئەمدىلىكتە «گەز قاش» كونكرېت ئۇقۇمغا تۇگەللەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەرپتىن شەر*ققە سوزۇلغان بۇ ئىككى "قاش"نىڭ تارىختىكى ئورتاق نامىنىڭ «گەزقاش» ئىكەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن يۇقۇرى ئاۋازدا جاكالايمىز. دېمەك، ئىككى "قاش" تارىختا ھەم خاس نامغا ھەم ئورتاق نامغا ئىگە بولۇپ؛ جەنۇبى "قاش" «ئاققاش» نامى بىلەن، شىمالى "قاش" «سۇلى» (سول تەرەپ "قاش") ۋە "سولمۇر" (سول تەرەپ قارا"قاش") نامى بىلەن، ئورتاق نامى «گەزقاش» بىلەن ئاتالغانلىقنى تولىمۇ كىچىكىپ بولسىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇق.

ئىككى "قاش"نىڭ ئورتاق نامى تارىختا «گەزقاش» دەپ ئاتالغانكەن، «گەزقاش»نىڭ قايسى قىرغىقدا يايلاق بولسۇن، بۇ يايلاقنىڭ "گەزيايلاق" دەپ ئاتالمىقى بەرھەق. «كاتتـايلاق»تىكى «كاتتا» نامىنىڭ «تۆ*ركى تىللار دىۋانى»دىكى تىل يىلتىزىنى بىز يۇقۇردا «كەد» ۋە ئۇنىڭ يانداش ئىپادىسى بولغان "كەز~ گەز" ئارقىلىق موقۇملاشتۇرغان ئىدۇق. يانداش ئىپادە "كەز~ گەز"نىڭ ئاساسى «كەد» بولغان ئىكەن، «تۆ*ركى تىللار دىۋانى» بويىچە "گەزيايلاغ"نىڭ «كەدىيايلاغ»قا ئۆزگىرىشى تىل تاۋۇشلىرى ئۆزگىرىشىنىڭ ۋە تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن. بولۇپمۇ "ك" بىلەن "گ"نىڭ، "د" بىلەن "ز"نىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشى تېخىمۇ شۇنداق.

ئومۇمەن، «كاتتايلاق» نامىنىڭ تىل يىلتىزى "كەدىيايلاغ" ("كەزيايلاغ~ گەزيايلاغ") بولۇپ، ئۇ ئىككى خىل مەنانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، "كەدىيايلاغ" بولۇش سۈپىتى بىلەن- ئېسىل يايلاق، قالتىس يايلاق، گۈزەل يايلاق، كاتتا يايلاق دېگەنلىك؛ يەنە بىرى، "كەدىيايلاغ"نىڭ يانداش ئىپادىسى ("كەزيايلاغ~ گەزيايلاغ") بولۇش سۈپىتى بىلەن – ئەجداتلىرىمىز ئۆزۈن-قىسقىلىقنى ئۆلچەيدىغان نەرسە ("گەز") ئارقىلىق ئۆلچەپ، لاھىيەلىگەن گۈزەل يايلاق دېگەنلىك.

«كاتتايلاق»نىڭ مۇبارەك نامىنى ئەڭ دەسلەپ «سۇلى خارابىسى» بىلەن «خان سۇيا» خارابىسى ئارلىقىدىكى «ھاسا ئاتام» خارابىسى توپونومىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى «ھاسا ئاتام» قويغان بولىشى مۇمكىن. چۈنكى، «ھاسا ئاتام» بىلەن «تۇر خېنىم» (خان خوجام) بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ ئۆز قولىدىكى "ھاسا" (گەز) ئارقىلىق "گەزقاش"نى لاھىيەلىگەن بىردىن-بىر كىشى. ئۇنىڭ «ھاسا ئاتام» دەپ شۇنچە ھۆرمەت نام بىلەن ئاتىلىشى "گەزقاش"نى لاھىيەلەپ، «كاتتـايلاق» نامىنى قويغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئېسىل، گۈزەل ۋە قالتىس نامى بىلەن ئاتالغان «كاتتـايلاق»، تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ ئۈچ قېتىملىق بالايى-ئاپەتلىك، قورقۇنۇچلۇق ئېغىر تىرادېگىيسىنى كۆتۈۋالدى؛ بىرى، تارىخشۇناس، ئىكولوگىيە ۋە ئارخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرىشى ئاستىدىكى، تارىم

ئويمانلىقىنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇن تۆت ـ بەش مىڭ يىللار ئىلگىرىكى قۇملىشىش ئاپىتىنىڭ تەھدىدى؛ بۇ ھەقتە ئەلفارابى سۇرىيەنىڭ دەمەشق شەھرىدىن قاراخانىلار خانلىقىنىڭ پايتەختى بالاساغۇنغا كېلىپ قانلىق كۆز ياشلىرى بىلەن مۇنداق ئاھ ئۇرۇدۇ:

يۇرتلىرى چۆللۈككە غەرق بولغان قەدىم ئەللەر ئارا،
مىۋە تەرگەندەك قەدەم قويدۇم جاۋاھىر كانىغا.

يەنە بىرى، مەرھۇم ئابدۇرەھىم مەھشەدى ئەپەندىنىڭ «ئاتۇش» ناملىق كىتاۋىدا تەسۋىرلەنگەن، مىلادى 1271 ـ يىلدىكى ئاتۇشتا 35 كۈن ئەتراپىدا ئاققان ئېغىر كەلكۈن ئاپىتى؛ شۇ قېتىمقى ئېغىر كەلكۈن ئاپىتى «كاتتايلاق» زېمىنىغا بىر يېرىم مېتىر لاي ـ لاتقا تاشلىغان بولۇپ، ھازىرقى «خان سۇپا» يېنىدىكى «تىم قورغان» ئىچىنىڭ يۈزى كەلكۈن كىرەلمىگەنلىكتىن ئەتراپىتىكى يەر تەكشىلىكىدىن تەخمىنەن ئىككى مېتىر تۆۋەنلەپ كەتكەن. مۇشۇ ۋاقىتتا «كاتتــايلاق» زېمىدىكى ئەجداتلىرىمىز، بۇ تۇتىيا زېمىنى ۋە روزىغارىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغانچە، سەرسان بولۇپ ياقا يۇرتلارغا چىكىتىپ، 50 ـ 60 يىل ئۆتكەندە يەنە يۇرتىغا قايتىپ كېلىشكە باشلىغان؛ ئۈچىنچىسى، 1944 ـ يىلى 29 سائەت ئاققان كەلكۈن ئاپىتى «كاتتــايلاق»قا يەنە يېرىم مېتىر لاي ـ لاتقا سوۋغا قىلىشقا ئۈلگۈردى...

ئاھ! «ھاسا ئاتام»... ئاھ! جاپاكەش ئەجدادىم...ئاھ! ياقا يۇرتتىكى سەرسان قېرىنداشلىرىم... بۇ غەزەلنى سىلەر ئۈچۈن بولسىمۇ بىر قېتىم ئوقۇشۇمغا ئىجازەت بەرگەيسىلەر:

يايلىقىم كاتتا ئەجەپكىم بەك ئۇزۇن چاغلار ـ زامان،
شۇ زامان چاغلار يەنەكىم ئادىلى شاھى ـ جاھان.
ئۆمرىمىز ئۆتكەن پاراۋان ئول سەۋەپ؛ ئالىپ ئەرى،
تۇرخوجام ـ ھاسائاتامدۇر، روھلىرى تۇزگەي قىيان.
تۇتقىنى «گەز»كى ـ «ھاسا»يۇ، ئۆلچىگەي «گەزقاشى»نى،
«ئوڭ تەرەپ ئاققاش ئىرۇركىم، سول تەرەپ سۇلمى تامان».
كاتتا يايلاق ئەرلىرىنى قىلدى پالۋان سەن كەبى،
شائىرى مەشرەپ ھاياجان؛ قەلىمى سۇرگەي زۇۋان.

# 9- ئۇيغۇر نامىنىڭ ماددى ئىسپاتى «قور» ھەيكىلى تېپىلدى

ئاپتورى : مۇھەممەد قادىر

«پاراللېل ئىككى فىگورىنىڭ بىللە تۇرىشى ھەقىقەتنى بىلىپ يېتىش جەريانىغا پايدىلىق بولۇپ، بۇ ھەقىقەت ئىككى دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە.»

-ئابدۇشۇكۇر مەھەممەتئىمىن

ئۇيغۇر نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدىكى تارىخى ھەقىقەتنى تېپىشقا قىزىققۇچىلارنىڭ تەتقىقات-تەھلىلى، مۇھاكىمە ۋە مۇلاھىزىسى ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخى مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئەسىر ئىستىرىلىكىسى مىلادىيە 21- ئەسىرنى كۆرستىپ، يىلان مۆچىلىنىڭ ئىككىنچى تەكرارىدا، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان، بولۇپمۇ ئۆزىنى مۇبارەك ئۇيغۇر نامى بىلەن ئاتاپ كېلىۋاتقان ئىنسان توپىغا چەكسىز ھاياجانلىق ئىلھامى بېغىشلايدىغان، ئارخولوگىيىلىك ئابىدە-«قور» ھەيكىلى تېپىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى ماھىيەتلىك خۇلاسە پىشمى بىلەن، مەزكۇر ھەيكەل ئۆز-ئۆزىنى ئىزاھلاشقا قادىر بولالىدى.

«مىڭ ئاڭلىغاندىن، بىر كۆرگەن ئەلا»، 1-رەسىم، 2-رەسىم، 3-رەسىم ۋە 4-رەسىملەرگە قاراڭ:

1-رەسىم، «قور» ھەيكىلىنىڭ ئومۇمى كۆرۈنۈشى قىسمى




2-رەسىم، «قور» ھەيكىلىنىڭ قىيپاش ھالىتى




3-رەسىم، «قور» ھەيكىلىنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى «قور» كۆرۈنۈشى


Misranim.com

**4-رەسم، «قور» هەيكىلىنىڭ ئاستى قىسمى**


Misranim.com

«قور» ھەيكىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتو نايىسىگە قاراشلىق كوسراپ يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى جىلغا ئىچىنىڭ جىلغا يۈزىدىن تەخمىنەن 20 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قاپتالدىن تېپىلغان.

«قور» ھەيكىلىدە ئۈچ خىل ئالاھىدىلىك روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ:

بىرىنچى ئالاھىدىلىك، ساپالدىن ياسالغان بۇ «قور» ھەيكىلىنىڭ ئېگىزلىگى 25 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلىغى 20 سانتىمېتىر، قېلىنلىغى(توغرىسى) 9 سانتىمېتىر بولۇپ، كالا قىياپىتىدە، تېخىمۇ ئېنىقراقى ئىنتايىن چىرايلىق موزاي قىياپىتىدە لاھىيەلەنگەن. ئۇنىڭ باش قىسمى مۈڭگۈزلۈك «بۇقا» ھەيۋىتىدە، مۈرە قىسمى ئالاھىدە كۆپتۈرۈلۈپ ئېگىز ئورۇنلاشتۇرۇلغان. پۇت قىسمى ئىنتايىن توم، قۇيرۇق قىسمى كالا ياكى موزاي قۇيرىقى شەكلىدە بېرىلمەي، بۆغا بالىسىنىڭ قۇيرىقى شەكلىدە بېرىلىپ، پەقەت مۈڭگۈز قىسمى بىلەن پەرق ئەتكىلى بولىدىغان موزاينىڭ ئوماق ۋە سېمىز بودرۇق ھالىتى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە بەدىئىلەشتۈرۈلگەن. بەلكىم، مەزكۇر ھەيكەلنى لاھىيەلىگۈچى، ئەركەك موزاينىڭ نەسىل ئەلالىغىدا بەقۇۋۋەت يېتىلىۋاتقانلىغىنى نامايىش قىلماقچى بولسا كېرەك. «قور» ھەيكىلىنىڭ ئومۇمى گەۋدە قىسمىغا ياكى تاشقى قىياپىتىگە قارىغاندا، ئۇ «ئوغۇزنامە»دىكى: «ئاشۇنداق بولسۇن دېيىشتى. ئۇنىڭ تۇرقى مانا مۇنداق: (بۇقىنىڭ رەسىمى سىزىلغان)». («ئوغۇزنامە»، 25-بەت). «ئوغۇزنامە» (5- رەسىم)دىكى بۇ تەسۋىر بىلەن «قور» ھەيكىلى ئاساسەن ئوخشاش.

5-رەسىم «ئوغۇزنامە»دىكى بۇقا رەسىمى



ئىككىنچى ئالاھىدىلىك، «قور» ھەيكىلىنىڭ باش ئۈستى يەنى ئىككى مۈڭگۈز ئوتتۇرىسىغا گەج(ھاك) قاچىلانغان قاچا(ساپال تاۋاق) مەشئەل شەكلىدە ئەڭ ئېگىز ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ «ئوغۇزنامە»دىكى بۇقىنىڭ ئەينەن قىياپىتىدىن ھالقىغان ھالدىكى مەلۇم ماھىيەتلىك ئۇقۇمنى ئالغا سۈرۈشنى مەخسەت قىلغان بەدىئىي ئىپادە بولىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى ئالاھىدىلىك، «قور» ھەيكىلىنىڭ مۈرە قىسمى ئالاھىدە كۆپتۈرۈلۈپ ئېگىز ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئورۇنغا ئوغۇزلارنىڭ 22 ئۇرۇقى ئىچىدىكى 17- ئۇرۇقى «ئۈلايۇندلۇغ»لارنىڭ بەلگىسى قاپارتما شەكىل ئارقىلىق بېرىلگەن.

«قور» ھەيكەلىنىڭ ياسالغان يىل دەۋرى، ئېلىمىزنىڭ شەنشى ئۆلكىسىدىن تېپىلغان جەنگو (يېغىلىق) دەۋرى (مىلادىيدىن بۇرۇنقى 475-221 يىللار)دىكى «ئالتۇن بۇغا» ھەيكىلىنىڭ يىل دەۋرى بىلەن ئاساسەن بىردەك بولۇپ، ھەتتا، شىنجاڭ دائىرىسىدە بايقالغان ئانا ئۇرۇقى جامائەسى دەۋرىدىكى قويۇق ئاتەش پەرەسلىك مەزمۇن قىلىنغان قىياتاش سىزمىلىرى بىلەن شەكىل جەھەتتە بىردەكلىك ۋە ئىزچىللىققا ئىگە. «قور» ھەيكىلى بىلەن «ئالتۇن بۇغا» ھەيكىلىنىڭ ئارقا پۇت يوتا قىسمى ۋە ئالدى پۇت يۇقۇرى قىسمىغا ئوڭ يۆنىلىش بويىچە ئايلانغان چەمبەرسىمان (قۇلۇلەسىمان) سىزىقچىنىڭ بارغانسىرى كېڭىيىۋاتقان قاپارتما شەكلى بېرىلگەن. «ئالتۇن بۇغا»نىڭ مۈڭگۈزى ئەينەن ھالدىكى ئاچىماق شاخچىلار ئارقىلىق لاھىيەلەنمىگەنلىكى بىزنى خېلىلا تەئەججۈپلەندۈرىدۇ، ئاما بىز ئۇنىڭ مۈڭگۈز قىسمى، بەدەن قىسمى ۋە قۇيرۇقتىن ئىبارەت ئۈچ قىسمنى بىرگەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ قارىغىنىمىزدا يەنىلا چەمبەرسىمان (قۇلۇلەسىمان) شەكىل نامايەن بولىدۇ. «قور» ھەيكەلىنىڭ باش ئۈستىگە مەشئەل شەكلىنى چىقىرىپ، ئەڭ ئۈستىگە ئانتا بۇددا ۋە ئاۋالكىسۇۋارا بۇددا ئىتىكابىنىڭ نىلۇپەر شەكلىدىكى سۇپا (ساپال تاۋاق) ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ چەمبەرسىمان (قۇلۇلەسىمان) ھالىتى يەنىلا قوياش سىمۋولىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ جەھەتتە «ئالتۇن بۇغا»نىڭ مۈڭگۈز قىسمىنىڭ بەدىئىلەشتۇرۇلگەنلىكى قوياش سىمۋولى زۆرۈرىيىتىدىن ئىكەنلىگى ئېنىق. تېخمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، «قور» ھەيكىلى بىلەن 7ـ رەسىمدىكى «تامبالتاش» قىياسىغا چېكىلگەن قۇياش ئىلاھى شەكىل جەھەتتە پۈتۈنلەي ئوخشاش. «تامبالتاش» قىياسىغا چېكىلگەن كالا (قوتاز) بىلەن ئادەم بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان بولۇپ، كالا (قوتاز) ئۈستىدىكى ئادەم بېشى قوياشقا ئوخشۇتۇلغاندىن سىرت، قوياشنىڭ نۇر چېچىۋاتقان ئاپتاپپەرەستەك شەكلى «قور» ھەيكىلدە تېخمۇ ۋايىغا يېتىپ نىلۇپەر گۈلى كامالىتىنى تاپقان. ئانالىق ئۇرۇق جامائەسى دەۋرى بىلەن ئاتەشپەرەسلىك دەۋرىنىڭ ئۇلۇنۇش ۋە ئۆتۈشۈشچانلىقى تارىخى مەنتىقىگە زىت بولمىسىمۇ ئەمما، ئانىلىق ئۇرۇق جامائەسى دەۋرى بىلەن بۇددىزىم دەۋرىنىڭ زامان جەھەتتىكى نەچچە ئىرا پەرقى،

ماكان جەھەتتىكى تەرەققىيات ھالىتى ۋە ئېتىقات پەرقى بىلەن ئۆلارد ىكى قىسمەن ئورتاقلىقنى ئوتتۇرغا قويۇش تولىمۇ ئەپسانىدەك بىلىنىدۇ. لېكىن بىز، چىرا ناھىيىسىد ىكى قەدىمقى بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىدىن تېپىلغان مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە تەئەللۇق «شەرق مەلىكىسىنىڭ يىپەكچىلىك تېخنىكىسىنى تارقىتىشى» دېگەن 8 ـ رەسىمد ىكى تۆت ئادەم باش سۆرىتىنىڭ ئارقىسىغا قوياش سىزىلغانلىقنى كۆرىمىز. ھەتتا، بۇددىزىم ئەقدىسىد ىكى مېھرىبانلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ئاگنى بەلگىسىنىڭمۇ قياتاش سىزملىرىدا مەۋجۇتلىقنى بايقايمىز. 9 ـ رەسىمد ىكى قۇتۇبى ناھيىسى قىزىلتاش قىيا سىزملىرىغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالىدىغان بولساق، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك: «جىنسىي تېۋىنىشتىن مەخسەت ئەۋلات تەلەپ قىلىش ۋە ئەۋلات قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان... ھاياتى زۆرۈرىيەت ۋە دىنىي پائالىيەتتىن تاشقىرى بۇ قىياتاش سىزملىرى ئەڭ روشەن ئۇسۇللۇق كۆرۈنۈش... » («غەربى يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، 27 ـ، 28 ـ بەت) بولۇپلا قالماي، پائالىيەتتىكى ئەرلەر نوقۇل جىنسى ئەزا كۆرىنىشى بىلەنلا ئىپادە قىلىنىپ، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاياللارنىڭ بېشىغا كالا مۈڭگۈزى ۋە كۆپ شاخچىلانغان بۇغا مۈڭگۈزى سىزىلىپ، بىز سېلىشتۇرما قىلىۋاتقان «قور» ھەيكىلىد ىكى كالا بىلەن «ئالتۇن بۇغا ھەيكىلى»نىڭ ئوبرازىنى كۆرستىپ، ئاياللارنى دەسلەپكى توتېم ئېتىقادى بىلەن ئوبرازلاشتۇرغانلىقىدەك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقى جامائەسىنى ئەسلىتىدۇ.

6 ـ رەسىم «ئالتۇن بۇغا» ھەيكىلى



7-رەسم «تامبالتاش» قياسغا چېكلگەن قۇياش ئلاھى سمۋولى




8-رەسم «شەرق مەلكسنىڭ يپەكچلك تېخنكسنى تارقتشى».

!错误




9-رەسم قۇتۇبى نايسى قزلتاش قيا سزملرى




ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئاتەشپەرەسلىك دەۋرىدىكى قوياشقا سىمۋوللانغان چەمبەرسىمان (قۇلۇلەسىمان) بۇ خىل قاپارتما سىزىقچە شەكىللەرنى «قور» ھەيكىلى ۋە «ئالتۇن بۇغا»دىن ئىبارەت ھايۋانلارغا بېرىشتىكى مەقسىدى، قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ توتېم ئېتىقادى بولۇش ئېھتىمالى بولغان بۇ خىل ھايۋانلارنى ئۆز قەۋمىگە تەققاسلاپ، ئۇلارنىڭ ساغلام ۋە بەقۇۋۋەت يېتىلىشۋاتقانلىقىنى ئۆزگىچە ھەيكەلتاراشلىق ئۇسلۇبى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئۆز قەۋمىنىڭ بىخەتەر ۋە باياشاتلىق دەرىجىسىنى ۋاستىلىق ھالدا ئۇچۇرلاندۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ھەر ئىككى ھەيكەلنى ئەجداتلىرىمىزغا باغلاپ، سېلىشتۇرما قىلىشىمىزنىڭ تارىخى ئاساسى شۇكى، «تارىخى خاتىرىلەر» (24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر تارىخى ماتېرىياللار توپلىمى)دا: «مۇۋاڭ... قوشۇن تارتىپ چۆەنرۇڭلار ئۇستىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا تۆت ئاق بۆرى، تۆت ئاق بۇغا غەنىمەت ئېلىپ قايتىپ كەلدى.» (44-بەت). «...غەرپ نەزىرگاھلىقىدا تەڭرى يولىدا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئۈچ تورۇق ئات، ئۈچ سېرىق كالا، ئۈچ قوچقار بېرىلدى.» (68-بەت). «مىلادىدىن بۇرۇن، 756- يىلى (ۋېنگۇڭنىڭ ئونىنچى يىلى) فۇ نەزىرگاھلىقىنى ياساشقا باشلىدى. ئات، كالا، قوي سويۇپ نەزىر قىلدى.» (68-بەت). «مىلادىدىن بۇرۇن. 739- يىلى (ۋېنگۇڭنىڭ 27- يىلى) ۋېنگۇڭ ئادەم ئەۋەتىپ، نەنشەن تېغىدىن چوكا دەرىخى كەستۈردى. دەرەخلىقتىن چوڭ بىر كۆك كالا چىقىپ، فىڭشۇي دەرياسىغا چۆشۈپ، غايىپ بولدى. كۆپچىلىك: ‹بۇ چوكا دەرىخى ئىلاھىسى› دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ۋېنگۇڭ ئۇنىڭغا ئاتاپ ‹نۇتې› (努特) ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرۇپ، نەزىر قىلدى.» (69- بەت) دېگەن تارىخى بايانلاردا غەرپتىكى ئەللەرنىڭ بولۇپمۇ قەدىمقى ئوغۇزلار، ئۇيسۇنلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ توتېمىغا مۇناسىۋەتلىك كالا، بۇغا ۋە بۆرە ئالاھىدە سىرلىق ئىلاھى ھايۋان تەسۋىرىدە ئۇچرىغاندىن

سىرت، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تېپىلىۋاتقان مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىگە تەئەللۇق مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە كالانىڭ سۈت بېرىش ئەزاسى (ئەمچەك خالتىسى) شەكلىنى ئىپادىلەيدىغان تارىخى تېپىندىلار (10- رەسىم، داڭقان ۋە ساپال بويۇملار) خېلى كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدۇ.

10- رەسىم، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تېپىلغان داڭقان ۋە ساپال بويۇملار
















ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار ئەجدادىنىڭ كالىنى توتېم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخى ماتىرىياللار ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپتەك قىلىدۇ، يۇقۇردىكى «چوكا دەرىخى ئىلاھى» پەقەت كالىنىڭ چوكا ياسىلىدىغان ئورمان ئىچىدىن چىققانلىقى، ھەمدە كالىنىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئىككى تال چوكىغا ئوخشىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. «غەرپكە ساياھەت»تە، شۈەنجۇاڭ قاتارلىق تۆت راھىبنىڭ (مىلادى 629- 649- يىللار) غەرپتىن بۇددا نومنى ئەكىلىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان جىن-شاياتۇنلارنىڭ توسالغۇلىرى ئىچىدە، كۆچتۆڭگۈر كالا جىنىنىڭ ئازدۇرىشى ۋە توسالغۇسى ئويلىمان مۇشەققەتلىك سەرگۈزەشتىلەرگە سەۋەپ بولىدۇ. بۇ يەردىكى كالا جىن غەرپتىكى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادى ئوغۇزلارغا ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن. «ئوغۇزنامە»نىڭ بىرىنچى قۇرىدىلا «ھە شۇنداق بولسۇن دىيىشتى ئۇلار» دېگەن جۈملىنىڭ ئاستىغىلا بىر كالا سۈرىتىنىڭ بېرىلگەنلىكى ھەرگىزمۇ ئاددى بايان بولماستىن، ئۇ ئوغۇز قەۋمىنىڭ ئانىلىق ئۇرۇق مەزگىلىدىلا كالىنى توتېم قىلغانلىقىنىڭ جانلىق تەسۋىرى. ئوبۇل قاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى (2- بەت)دە:

ئەھرىمەن دىلىدا پايانسىز ھەسەت،
يامانلىققا ئاستا كۆترەتتى قەد.
بۆرە بالىسىدەك ئوغلى بار ئىدى،
ۋەھشىيلىك يىرتقۇچلۇق ئاڭا يار ئىدى.

قاتارلىق تۆت مىسرادىكى ئەھرىمەن دېۋىنىڭ بۆرىگە ئوخشايدىغان بالىسى بىلەن، «تارىخى خاتىرىلەر»دىكى ئولجا ئېلىنغان «تۆت ئاق بۆرى»نىڭ تارىختىكى قايسى ئىنسان توپىنى نەزەردە تۇتقانلىقى، «ئوغۇزنامە»نىڭ بىرىنچى قۇرىدىكى كالا تەسۋىرىدىن كېيىنلا ئوغۇزخاننىڭ يۇرۇشلىرىگە

باشلامچىلىق قىلغان بۆرە ھەققىدىكى بايان، كالا بىلەن بۆرە توتېمىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك مۇناسىۋىتىنى تەھقىقلەپ، تۈركىي مىللەتلىرى ئەجدادىنىڭ كالا توتېمىدىن كېيىنلا بۆرە توتېمىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى مۇمكىنلەيدۇ.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر بىلەن غەربىي رايوندىكى خەلقلەرنىڭ قان-قېرىنداشلىق تارىخى مۇناسىۋىتى نوقۇل بوي سۇنۇش ۋە بوي سۇندۇرۇشتەك سىياسىي مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى ئۇ تىنىچلىقنى ئاساسىي لېنىيە قىلغان نەچچە مىڭ يىللىق سودا ئالاقىسى، مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋە ھەرقايسى مىللەت ئەجداتلىرىنىڭ ئۆز-ئارا بىر-بىرىگە ئىختىيارى سىڭىشىش تارىخى مۇناسىۋىتى بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ موھىمى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەجداتلىرىغا تەۋە مەدەنىي يادىكارلىق بويۇملىرىنىڭ ماكان خاسلىقىنى تاللىماي، ئەكسىچە خەنزۇ خەلقىنىڭ ساپالچىلىق تېخنىكىسىنىڭ جەۋھىرى بولغان چاقچا-چۆقچۇلارنىڭ غەربىي رايوندىن كۆپلەپ تېپىلىشى، غەربىي رايوندىكى خەلقلەرنىڭ «قانقا» ھارۋىلىرى ۋە «ئوغۇزنامە»گە مۇناسىۋەتلىك بولغان كالىنىڭ سۈت بىرىش ئەزاسى (ئەمچەك خالتىسى)غا ئوخشايدىغان يۇقارقى تېپىندىلارنىڭ ئۆتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن كۆپلەپ تېپىلىشى، ماھىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئۆز-ئارا بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىش ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلاشتەك قېرىنداشلارچە تارىخى تەرەققىيات مۇناسىۋىتىدۇر. شۇڭا، غەربىي خەن سولالىسىدىن بېرىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەرنىڭ سانىسىزلىغان تارىخى بويىمىنىڭ غەربىي رايوندىن تېپىلغانلىقىغا ھەيران قالمىغىنىمىزدەك، غەربىي رايوندىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى بويۇمىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تېپىلىشىغا ئەجەپلەنمىگۈلۈك.

ھەيكەل ھەققىدىكى ياقارقى سېلىشتۇرمىلار ۋە ھەيكەلنىڭ ئۈچ ئالاھىدىلىگىگە ئاساسەن، بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان ھەيكەلگە «قور» ھەيكىلى، «ئوغۇز» ھەيكىلى ۋە «ئۇيسۇن» ھەيكىلى دەپ، ئۈچ خىل سالاھىيەتلىك پەخرى نامنى بېرىشكە بولىدۇ. مەزكۇر ھەيكەل تېپىلغان 1994- يىلدىن تا ھازىرغىچىلىك 18 يىل ئىچىدە، مېنى ئىزچىل ئويلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان مەسىلە، يۇقارقى ئۈچ پەخرى نامنىڭ قايسىسىنى ئاساس قىلىش مەسىلىسى بولدى. ھەيكەلنىڭ ئومۇمى كۆرىنىشىدىن قارىغاندا، ئۇ «ئۇغۇزنامە»نىڭ بىرىنچى قۇرى ئاستىغا سىزىلغان كالىغا ئوخشىغاچقا «ئوغۇز» ھەيكىلى دېيسەكمۇ، مۇرە قىسمىدىكى ئوغۇزلارنىڭ 17- قەبىلىسى «ئۇلايۇندلۇغ»لارغا ۋەكىللىك قىلغۇچى ئۇيسۇن نامىدا «ئۇيسۇن» ھەيكىلى دېيسەكمۇ بولىۋېرىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، ھەيكەلنىڭ كالا سۈرەتلىك ۋە «ئۇلايۇندلۇغ» بەلگىسىدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىدىكى مەشئەلسىمان نېلۇپەر گۈلى قاچىسىنى ئەڭ ئېگىز ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە گەج (ھاك) تولدۇرۇپ قاتۇرۇلغانلىقى، ئەڭ دىققەت قىلىدىغان نوقتىمىزغا ئايلىنىپ، بىزنى تاقەتسىز ھالدا ئىزدىنىشكە ئۈندەيدۇ. ھەيكەلگە يۈكسەك بەدىئىي كامالەت بېغىشلىغۇچى ھەيكەلتاراچىنىڭ ھەيكەلنىڭ ئەڭ يۇقۇرى قىسمىدىكى نىلۇپەر قاچىغا گەج (ھاك) قويۇشتىكى مەقسىدى زادى نېمە ؟

گەج (هاك) قانداق نەرسىنى ئىپادىلەيدۇ ؟ گەج (هاك)قا ماشلاشقان تارىخى ئاتالغۇنى تارىخى مەنبەلەردىن ئۇچرىتىش مۇمكىنمۇ ؟

مەن تۇنجى بۇسۇش ئىچىرىنى، نىلۇپەر قاچا ئۇستىدىكى گەج (هاك)نىڭ تاشنى خۇمداندا پىشۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن تەييار قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاق رەڭدە بولىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە، ھەتتا «گەج»(هاك)نىڭ سىمۋوللۇق ئالاھىدىلىگىنى ئوغۇز، ئۇيسۇن ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق تارىخى ئاتالغۇلار بىلەن ماس كېلىش ۋە قىسمەن ماس كېلىش ئېھتىماللىقىنى ئاساسى لىنىيە قىلىپ تۇرۇپ ئىزدەندىم... ھېچقانداق نەتىجە كۆرۈلمىدى. ئاخىرقى ئۈمىدۈم، مەھمۇد كاشغەرى بوۋىمىزنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى: «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ۋە كىتاپنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن... ھەربىر قەبىلىنىڭ تىلىدىن سۆز ياساشتا ئاساس بولىدىغان تۈپ سۆزلەرنىلا ئالدىم. چۈنكى سۆزنىڭ قىسقىسى ياخشى... "ئوق" دىگەنگە ئوخشاشلار تۈپ ئىسىم بولۇپ، بۇ خىل ئىسىملار باشقا سۆزلەردىن ياسالغان ئەمەس. ياسالما ئىسىملار باشقا سۆزلەردىن ياسىلىدۇ. مۇنداق ئىسىملارنىڭ بەزىلىرى جانلىق تىلدا ئىشلىتىلىدۇ؛ بەزىلىرى تىل قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولسىمۇ ئىشلىتىلمەيدۇ. مەن مۇشۇ ئىسىملارنىڭ ئىشلىتىدىغانلىرىنى يازدىم، ئىشلىتىلمەيدىغانلىرىنى تاشلىدىم. لېكىن مەن شۇنداق بىر يول تۇتتۇمكى، قائىدە بويىچە، قىياس قىلغىلى بولىدىغان ۋە مەن تاشلىۋەتكەن سۆزلەرنىمۇ مۇشۇ يول بىلەن تېپىۋالغىلى بولىدۇ...» («تۈركى تىللار دىۋانى» 1- قىسىم، 7- 12-13-بەتلەر) دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، ئوغۇز، ئۇيسۇن ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق تارىخى ئاتالغۇلارنى بوغۇم پەرقى بويىچە، «ئوغۇز»نى «ئو» بىلەن «غۇز»غا، «ئۇيسۇن»نى «ئۇي» بىلەن «سۇن»غا، «ئۇيغۇر»نى «ئۇي» بىلەن «غۇر»غا، ھەتتا، ئۇيغۇر نامىنىڭ تىل يىلتىزى دەپ قارىلىۋاتقان «خۇزخور»نى «خۇز» بىلەن «خور»غا بۆلۈپ، ھەرقايسى بۆلۈنمە بوغۇملارنى تۈپ سۆز بولۇش ئېھتىماللىقى بىلەن تىلشۇناسلىقتا ئائىت تارىخى كىتاپلارغا ۋە تارىخى مەنبەلەرگە ھاۋالە قىلدىم. بىزنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجە شۇ بولدىكى، «ئۇيغۇر» ۋە «خۇزخور»دىكى «غۇر» بىلەن «خور»نىڭ يىلتىزداشلىقى بويىچە «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى تۈپ سۆز «قور»غا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇيغۇر تىل تاۋۇشلىرىدىكى «غ»، «خ»، «ق»، «ك» ۋە «گ»لارنىڭ ئۆز-ئارا ئۆتۈشۈشچانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا «غۇر» بىلەن «خور»نىڭ «قور» دەپ ئوقۇلىشى تەبئى ئەھۋال.

«قور- كۆنەلگە. بۇ قاچىنىڭ تېگىدە قالدۇرۇلغان ئازراق قېتىق ياكى قىمىز كۆنەلگىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈستىگە سۈت قۇيۇپ قېتىق ئۇيۇتىلىدۇ ياكى قىمىز ئىچىتىلىدۇ.»(«تۈركى تىللار دىۋانى»، 3-قىسىم، 168-بەت).

«قور- كۆنەلگە» مەناسىنى بەرگەن ئىكەن، «كۆنەلگە»نىڭ ئاق رەڭدە بولىشى ھەممىگە ئايان. «قور» ھەيكىلىنى لاھىيەلىگۈچى ھەيكەلتاراچ، ھەيكەلگە «قور»دىن ئىبارەت ماھىيەتلىك مەزمۇننى بېغىشلاپ، ھەيكەلگە ئەڭ ئېگىز ئورۇننالاشتۇرۇلغان نىلۇپەر قاچا ئىچىگە ھەقىقى «كۆنەلگە» قويۇپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا «كۆنەلگە»دىن مەڭگۈلۈك بىشارەت بەرمەكچى بولسا، ھەقىقى «كۆنەلگە»نى ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقى «كۆنەلگە»نىڭ ئاساسى تەركىۋىدە ئاقسىل ۋە سۇ بولغاچقا ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىشى ئىنتايىن تىز. كېيىنكى كىشىلەر ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۇنى «كۆنەلگە» دەپ بىلىشىمۇ ناتايىن. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھەيكەلتاراچ ئۆزگىچە بىر يولىنى تاللىۋالغان. ئۇ بولسىمۇ، «گەج» (ھاك) بىلەن «كۆنەلگە»نىڭ ئوخشاشلا ئاق رەڭدە بولىدىغانلىقىغا ئاساسەن، «گەج» (ھاك)نى «كۆنەلگە»گە سىمۋوللىغان بولىشى مۇمكىن. تەسەۋۋۇرىمىزچە، بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان ھەيكەل «ئوغۇزنامە»گە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى، ھەم ھەيكەلنىڭ مۇرە قىسمىغا قاپارتما شەكىل بىلەن چىقىرىلغان ئوغۇزلارنىڭ 17-قەبىلىسى «ئۇلايۇندلۇغ» بەلگىسىنىڭ «ئوغۇزنامە»دىكى «ئالتۇن خاقان» («ئۇيسۇن»)لارغا مۇناسىۋەتلىكلىگى، ئوغۇزخاننىڭ: «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن» دېگەن سۆزى بىلەن ئوغۇزخان يۇرۇشلىرىدىن كېيىنكى «چوڭ قۇرۇلتاي»دا ۋاستىلىق «ئۇيسۇن» نامىنى تىلغا ئالغانلىقى، شۇنداقلا «ئۇيغۇر» نامى بىلەن «ئۇيسۇن»دىن ئىبارەت ھەر ئىككى ئاتالغۇنىڭ باش بوغۇمى «ئۇي» بىلەن باشلانغانلىقى، «گەج» (ھاك)نى «قور- كۆنەلگە»گە سىمۋوللاشنىڭ ئىلمى ئاساسى بولسا كېرەك.

يۇقارقى تەسەۋۋۇرىمىز، ھەيكەلگە ئەڭ ئېگىز ئورۇننالاشتۇرۇلغان نىلۇپەر قاچا ئۈستىدىكى «گەج» (ھاك)نىڭ ھېچقانداق ئىلمى قىممىتى يوق. ئەگەر بىز، نىلۇپەر قاچا ئۈستىگە قويۇلغان «گەج» (ھاك)نى ئەجداتلىرىمىزنىڭ «گەج» (ھاك)نى ئىشترا قىلىشىدىن بىشارەت دەپ چۈشەنسەك، ئۇنى «ئوغۇزنامە»گە مۇناسىۋەتلىك ھەيكەلنىڭ ئەڭ ئۈستىگە ئورۇننالاشتۇرۇشنىڭ قىلچىمۇ زۆرۈرىيىتى يوقلىقىنى ھىس قىلىمىز. ھەيكەلنى شۇنچىلا بەدىئىي كامالەت ماقامىغا يەتكۈزگەن ھەيكەلتاراچنىڭ بۇنداق مەنتىقسىزلىققا يول قويۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. شەكسىزكى، نىلۇپەر قاچا ئۈستىدىكى «گەج» (ھاك)نى «قور- كۆنەلگە» ئۇقۇمىغا ئايلاندۇرۇش، ھەيكەلتاراچنىڭ مول تارىخى بىلىمىنى ۋە ئۇنىڭ تالانتلىق سىمۋول ئۇستىسى ئىكەنلىگىنى نامايەن قىلغان. دېمەك، ھەيكەلتاراچنىڭ ھەيكەلنى ياساشتىكى ئەڭ ئاخىرقى مەخسىدى ۋە ئەڭ ئاساسى مۇددىئاسىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، بىز بايقىغان مەزكۇر ھەيكەلگە «قور» ھەيكىلى- دەپ نام بېرىش، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ بولمىسا كېرەك.

بىز مەزكۇر تارىخى تېپىندىغا، ھەيكەلتاراچنىڭ ئارزۇسى بويىچە، «قور» ھەيكىلى دەپ نام بېرىپ، «قور» نامى بىلەن ئاتالغان تارىخى ئاتالغۇلارغا قارايدىغان بولساق: «قور-

كۆنەلگە.»(«تۈركى تىللار دىۋانى»، 3-قىسىم، 168-بەت)؛ «قورلۇق- تۈرسۇق. قىمىز قاچىلىنىدىغان كىچىك تۇلۇم.» «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1-قىسىم، 618-بەت)؛ مىلادىدىن بۇرۇن 329- يىللىرى شەرق ئىستىلاسىغا ئاتلانغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن سۆزىدىن نەقىل ئېلىنىپ، «مۇھەممەد چاقىر تونقاخان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرى» بويىچە مەھمۇد كاشغەرى بوۋىمىز ئەنگە ئالغان «ئىنان خۇزخۇرەند ~ inan xuzxur and»؛ «بىلگە خاقان ئابىدىسى»نىڭ شەرقى يۈزى 37- قۇر « Uygur ~ ئۇيغۇر»؛ «كۆل تېگىن ئابىدىسى» شەرق يۈزى تۆتىنچى قۇر ۋە «بىلگە خاقان ئابىدىسى» شەرق يۈزى بەشىنچى قۇردىكى « 三 ~ uch quriqan 骨利斡» (ئۈچ قورىقان)؛ «كۆل تېگىن ئابىدىسى» شەرق يۈزى 14-قۇر ۋە «بىلگە خاقان ئابىدىسى» شەرق يۈزى 12- قۇردىكى « 骨利斡 ~ quriqan» (قورىقان)؛ «كۆل تېگىن ئابىدىسى» جەنۇپ يۈزى ئىككىنچى قۇر، جەنۇپ يۈزى ئۈچىنچى قۇر، شەرقى يۈزى سەككىزىنچى قۇر، شەرقى يۈزى 12- قۇر، شەرق يۈزى 17- قۇر، شەرق يۈزى 21-قۇر، شەرق يۈزى 24- قۇر، «بىلگە خاقان ئابىدىسى» شىمال يۈزى ئىككىنچى قۇر، شىمال يۈزى ئۈچىنچى قۇر، شەرق يۈزى سەككىزىنچى قۇر، شەرق يۈزى 11- قۇر، شەرق يۈزى 15- قۇر ۋە شەرق يۈزى 17- قۇردىكى « qurigaru » (قۇرىگارۇ- كۈن پېتىش تەرەپ)؛ «كۆل تېگىن ئابىدىسى» شىمال يۈزى سەككىزىنچى قۇر ۋە «بىلگە خاقان ئابىدىسى» شەرق يۈزى 32- قۇردىكى « qorgan » (قورگان- قورغان)؛ «كۆل تېگىن ئابىدىسى» شىمال يۈزى 12- قۇر ۋە «تونيۇقۇق ئابىدىسى» جەنۇپ يۈزى يەتتىنچى قۇردىكى « qurya » (قۇريا- غەرب تەرەپ)؛ «كۆل تېگىن ئابىدىسى» غەرپ يۈزىدىكى « qurdin » (قۇردىن- غەربتىن)؛ «بىلگە خاقان ئابىدىسى» شەرق يۈزى 40- قۇردىكى « qorg » (قورگ- قەلئە)؛ «بىلگە خاقان ئابىدىسى» شەرق يۈزى 41- قۇردىكى « qorigu » (قورىگۇ- قەلئە قاراۋۇلى)؛ هونلار پادىشاسى بارتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كىچىك ئىنىسى ئاغىسى «shiyuqian(系雩浅) ~ شىخورچان» («تارىخى خاتىرىلەر، 110- جىلد، هونلار تەزكىرىسى»، 407- بەت)؛ «ئۇگۇرجىق» (ugurjiq) («شەجەرەئى تەراكىمە»، «بۇلاق»، 1999- يىللىق 3-سان، 115-بەت)؛ «قاراقۇرۇم» (qaraqurum) (تاغ نامى)؛ «قورغاس» (qorghas) دەرياسى (قورغاس ناھىيىسىدە)؛ «ئورۇڭگۇر دەرياسى» (orunggur) («قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» 14- بەت)؛ «قۇربان توڭغۇت چۆلى» (qurbantongghut) («قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» 13- بەت)؛ «كونگۇر چوقىسى» (kongur) («قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» 11- بەت)؛ «كوگورچىن تېغى» (kogorchin)، «خورا تېغى» (xora)، «قور ساي» (qor) («دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەرناملىرى ھەققىدە»، 109-، 113- بەتلەر)؛ كۇچا دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان «خورانگىن» (xorangin) دەرياسى («ھۇدۇدۇلئالەم»، «13-باپ. ياغمىلار دۆلىتى ۋە ئۇلارنىڭ بازارلىرى توغرىسىدا»، 119-بەت )؛ گرېك ئالىمى پتولمى «جۇغراپىيە» كىتاۋىنىڭ «سېرىس» دېگەن قىسمىدا «oecxordas» (ئويخورداس) دەرياسىنى ۋە بۇ دەريا بويىدىكى خەلقلەر نامىنى «oikxardai» () دەپ تىلغا ئالغان («تۈرپانشۇناسلىق

تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر نامىنى قوللىنىشنىڭ باش ئاخىرى»، 98- بەت)؛ ۋىزانتىيە تارىخچىسى نىكتا، گېئورگىلار تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، رىم ئىمپېرىيىسىگە بېسىپ كىرگەن چەۋەنداز خەلقلەردىن «ogor» (ئوگور)، «uighur» (ئۇيغۇر)، «ounigour» (ئۇنىگور)، «koutigur» (قۇتىگۇر)، «sarogour» (سارىگۇر) «قەدىمكى مەرگىزىي ئاسىيا» 104- بەت) قاتارلىق «قور»غا مۇناسىۋەتلىك 30 ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ. تەپسلى ئېنىقلىغاندا بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولىشى مۇمكىن. گەرچە، ئىككى ۋە ئىككىدىن ئارتۇق بوغۇملارنىڭ بېرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بۇ ئاتالغۇلاردىكى «قور» نامى ئۆزىنىڭ تىل يىلتىزىنى ۋە تارىخى ئەينەنلىكىنى يوقۇتۇپ «قۇر» (qur)، «غۇر» (ghur)، «خۇر» (xur)، «خور» (xor)، «خار» (xar)، «گور» (gor)، «گۇر» (gur) ۋە «گوئۇر» (gour)

قاتارلىق ئۆزگىرىشلەردە كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئۆزگۈرۈشلەر «قور» بوغۇمىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى «ق» تاۋۇشىغا ۋە سول تەرەپتىكى «ر» تاۋۇشىغا ئۇلانغان ئوڭ، سول بوغۇم تاۋۇشلىرىنىڭ سانىسىزلىغان تارىخى تەكرارىدىن شەكىللەگەن ھادىسە ئىكەنلىگى تەبئى.

ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتۈش، دىئالېكتىكا ماتىريالىزىمغا ئوخشاشلا، تارىخى ماتىريالىزىمدىكى ماركىزىملىق تارىخى قاراشنىڭ ئىلمي مېتودولوگىيىسى. بۇ ئىلمي مېتودولوگىيىنىڭ قوللىنىلىشى، ئۇيغۇر نامىنىڭ تارىخى ھەقىقىتىنى تېپىشنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەلۋەتتە. يۇقۇردىكى 30 ئاتالغۇنىڭ ھەممىسى، ئۇيغۇر نامىنىڭ «ئۇي» ۋە «غۇر» ئىككى بوغۇم مۇئەمماسىدىكى «غۇر» (ghur)نىڭ «ئۇي» (uy)غا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغانلىقى بولۇپ، ئۇيغۇر (uyghur) نامىدىكى «غۇر» (ghur)نىڭ ھەرگىز ئارقا قوشۇلغۇچى ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇنداقتا، مەھمۇد كاشغەرى بوۋىمىز «غۇر»غا نېمە ئۈچۈن ئارقا قوشۇلغۇچى مۇئامىلىسىدە بولىدۇ ؟ جاۋاپ ناھايىتى ئاددى، ئۇ بولسىمۇ: بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇيغۇر نامى «خۇزخۇر» (xuzxur) شەكلىدە بولۇپ، ئەسلى تىل يىلتىزى «قور» (qor)دىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئۇيغۇر نامى ھەققىدىكى ئىزاھاتى، ئۇيغۇر نامى تەتقىقاتىدىكى تۇنجى ئەمگەك ئىدى. ئۈچىنچىدىن، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈرك تىلى دەپ ئاتىلىۋاتقان «خاقانىيە» («ئوردا كەنت») تىلىدا ئارقا قوشۇلغۇچى «غۇر» مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزاھاتىنى خاتا دېگىلى بولمايتتى. تۆتىنچىدىن، ئۇ، «ئۇي» بىلەن «غۇر»نىڭ ھەر ئىككىلىسىگە تۈپ سۆز مۇئامىلىسىدە بولمىغان. بەشىنچىدىن، ئۇ، نوقۇل ھالدا، زۇلقەرنەيىننىڭ: << ئىنان خۇزخۇرەند – بۇلار باشقىلارغا مۇختاج بولماي، ئۆز ئوزۇغىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يىيەلەيدۇ>> دېگەن، ھەربى ئالىم ۋە سىياسىيونغا خاس چۈشەنچىسىنى ئاساس قىلىۋالغان. بىز بۇنىڭلىق بىلەن، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دا ئۇيغۇر نامىنىڭ تىل يىلتىزى «خۇرخۇر» (xuzxur) ئارقىلىق «قور»نى

ساقلاپ قالغانلىقىدەك تارىخى تۆھپىسىنى نەزەرگە ئالماسلىقتا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق. بىز ئۇنىڭ «دىۋان»دىن ئىبارەت تۈركى مىللەتلىرىنىڭ بىباھا تىل ئامبىرى ئىچىدىن «قور- كۆنەلگە» دېگەن ئالتۇن ئاچقۇچنى تاپالىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا، «قور» ھەققىدىكى ئىزاھات بىلەن راشىدىن فەزلۇللا ئەل خامادانىي ۋە ئوبۇل غازى باھادىرخان قاتارلىقلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزاھاتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇر نامىنىڭ تارىخى ھەقىقتى «قور» ۋە «قور» ھەيكىلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش ھارپىسىدا تۇرۇۋاتىمىز.

«تۈركى تىللار دىۋانى»دا ئۇچرايدىغان «قور»نىڭ «كۆنەلگە» مەناسىنى بېرىشىدىن قارىغاندا، «قور»نىڭ بۈگۈنكى تىل ئىستىمالىمىزدا پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان ئاتالغۇ بولۇپ، «كۆنەلگە» ھېلى- ھەم ئۇيغۇر تىلىدا ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىلماقتا. كالا سۈتىنى قېتىق قىلىپ ئۇيۇتتۇرغۇچى بىردىن- بىر نەرسە «كۆنەلگە» بولۇپ، قېتىقنى ئىستىمال قىلىش، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى بارلىق مىللەتلەردىكى، بولۇپمۇ، تۈركىي مىللەتلىرىدىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردىكى ئومۇمى يۈزلۈك بولغان ئوزۇقلىنىش ئادىتى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. كالا سۈتىنى قېتىق قىلىپ ئۇيۇتۇشنىڭ كۆنكرت ئۇسۇلى مۇنداق: كالا سېغىلغاندىن كېيىنكى سۈتىنى بىر قانچە قاچىغا قۇيۇپ، سۈت قۇيۇلغان قاچىلارنى ھاۋاسى سەل سالقىن بولغان، يەر يۈزىدىن بىر يېرىم مېتىر، ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى «چاخېك»تە بىر كۈن ئەتراپىدا توختۇتۇپ سۈتنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت ئۇيۇغان قايماق ئېلىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئەتىسى تاۋاقلاردىكى سۈتنى قازانغا قۇيۇپ قاينىتىپ پىشۇرىمىز. پىشقان سۈتنى قاپاققا، سوغىغا ياكى چاۋۇرغا قۇيۇپ قىززىقلىقى يانغۇچە ئاغزىنى ئوچۇق قويۇمىز. سوۋۇغان سۈتنىڭ تىمپۇراتۇرىسى تەخمىنەن 20 سېلسىيە گىرادۇسقا كەلگەندە «قور- كۆنەلگە»نى سۈتكە قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، قېلىنراق نەرسە بىلەن ئوراپ قويىمىز. تەخمىنەن ئالتە سائەتتىن كېيىن سۈت قېتىق ھالىتگە كېلىدۇ. سۈتنىڭ قېتىققا ئايلىنىشى ئۈچۈن كۆنەلگە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. كۆنەلگە ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، ئوغۇز كۆنەلگىسى. يەنە بىرى ئادەتتىكى كۆنەلگە. كالىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوغۇز سۈتىنى يۇقارقى ئۇسۇل بويىچە قېتىق قىلىپ ئۇيۇتۇلغاندىن كېيىن، ساقلاپ قويۇلىدىغان قالدۇق قېتىق ئوغۇز كۆنەلگىسى قىلىنىدۇ. ئادەتتىكى سۈتنى قېتىق قىلىپ ئۇيۇتۇلغاندىن كېيىن، ساقلاپ قويۇلىدىغان قالدۇق قېتىق ئادەتتىكى كۆنەلگە قىلىنىدۇ. ئوغۇز كۆنەلگىسى بىلەن ئادەتتىكى كۆنەلگىنىڭ پەرقى شۇكى، ئوغۇز كۆنەلگىسىدىن ياسىلىدىغان قېتىق ناھايىتى قويۇق ۋە تېتىملىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ئوڭلۇقلىرى ئوغۇز كۆنەلگىسىنى يىل بويى ئىشلىتىشكە شۇنچە ھېرىس.

سۈتنى قېتىق قىلىپ ئۇيۇتتۇرغۇچى «قور-كۆنەلگە»نى ئۇيغۇردىكى «غۇر~ ghur»(قور~ qor) نامىغا تەققاسلىغۇچى ئەبۇل غازى باھادىرخان: « ئۇيغۇر سۆزىنىڭ ‹ياپىشقۇر› (يېپىشماق) دېگەن مەنىسى بار؛ ‹سۈت ئۇيىدى› دېيىلىدۇ. سۈت يېڭى ھالەتتە تۇرغاندا ئۇنىڭ تەركىپلىرى چېچىلىپ (سويۇق ھالەتتە) تۇرىدۇ. ئۇيۇغاندىن كېيىن بولسا چېچىلماستىن بېرىكىپ (يېپىشىپ) تۇرىدۇ. ئۇلار

يەنە ‹ئىمامغا ئۇيۇدۇم› دەيدۇ، يەنى ئىمام ئولتۇرغاندا ئولتۇردۇ، تۇغاندا تۇردۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىمامغا يېپىشقىنى» دەيدۇ («ئۇيغۇر نامى ھەققىدە» ‹ج. كلاۋسون›، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2006- يىللىق 1-سان، 89-بەت)؛ مۇھەممەد مەھدى خان: «... بىر قىسىم قەبىلىداشلىرى ئوغۇز تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇلارنى مەن بىلەن بىرلەشتى دېگەن مەنىدە ‹ئۇيغۇر› دەپ ئاتاپتۇ» دەيدۇ («ئۇيغۇر نامى ھەققىدە» ‹ج. كلاۋسون›، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2006- يىللىق 1-سان، 89-بەت)؛ راشىدىن فەزلۇللا ئەل خامادانى: «بۇ دۆلەتتە ئالىي ھوقۇق ئوغۇزخاننىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن... ئۆزىگە بوي سۇنغان مويسىپىتلار ۋە قوللىغۇچىلارنى ‹ئۇيغۇر› دەپ ئاتاپتۇ.» دەيدۇ («ئۇيغۇر نامى ھەققىدە» ‹ج. كلاۋسون›، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2006- يىللىق 1-سان، 89-بەت). بۇ ئۈچ شەخسنىڭ سۆزى «ئوغۇزنامە»دىكى ئوغۇزخاننىڭ تۆۋەندىكى بايانىنى ئاساس قىلغانلىقى شەكسىز. چۈنكى «ئوغۇزنامە» پۈتكۈل تۈركى مىللەتلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدىن بۇيان ئېغىزدىن- ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان مەشھۇر داستانى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەزكۇر داستاندىن خەۋەرسىز قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئوغۇزخان ئەتراپتىكى قېرىنداش قەۋملەرگە يوللىغان مەكتۇبىدا: « مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن، مەن پۈتۈن جاھاننىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك. مەن سىلەرنىڭ ماڭا بوي سۇنۇشۇڭلارنى سورايمەن. كىمكى مېنىڭ ئاغزىمغا باقسا، مەن ئۇنىڭغا تارتۇق تارتىپ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىمەن. كىمكى ئاغزىمغا باقمىسا، غەزەپ بىلەن لەشكەر تارتىپ، ئۇنى ئۆزۈمگە دۈشمەن تۇتىمەن. لەشكەرلىرىم ھەممىلا يەردە سىلەرنى يوقىتىدۇ» دەپ جاكارلايدۇ («ئوغۇزنامە» 46-، 47- بەتلەر). ئوغۇزخاننىڭ بۇ يەردە « مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن» دېگەنلىكى، «ئۇيغۇر» نامىنىڭ ھەرگىزمۇ ئوغۇزخان دەۋرىدىن بۇرۇن مەۋجۇتلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. «ئۇيغۇر» نامى ئوغۇزخاننىڭ پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنى بىرلەشتۈرۈشتىكى سىياسى شۇئارى ۋە سىياسى مۇدائاسىدىكى ئۆزى قويغان يېڭىچە ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى «ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن» (ئۇيغۇرخان) دېيىش ئارقىلىق، تۇنجى قېتىملىق تۈركى قەۋملىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرغۇچى، بىرلىكسەپ قۇرغۇچى، ئويۇشتۇرغۇچى، خۇددى «قور-كۆنەلگە»گە ئوخشاش سۆتنى ئۇيۇتتۇرغۇچى «قور پادىشاھ 胡 王~» (http://baike.baidu.com/view/500205.htm) سالاھىيىتىنى نامايەن قىلغان. قەتئى ئۆزۈپ ئېيتىش كېرەككى، بۇ يەردىكى «قور- كۆنەلگە» ئوغۇزخان پادىشاھقا، ئۇ ئۇيۇتتۇرماقچى بولغان سۆت پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرى (ئوغۇز قەۋملىرى)گە سىمۋوللانغان. «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخان «ساقلاپ»، «قانقا»، «تۆمۈر دۇقاغۇل»، «قاغارلىغ»، «قىپچاق» قاتارلىق ناملارنى ھەربىر تارىخى ۋەقەلىككە باغلاپ قويغانلىقىنى، ئەمما، ئۇيغۇر نامىنى ھېچقانداق ۋەقەلىككە باغلىمايلا تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ ئەپسۇسلانغان ئىدۇق. بىزدىكى ئەپسۇسلۇق، تارىخى تەپەككۇرىمىزنىڭ

ئاجىزلىقى تۈپەيلى ئوغۇزخاننىڭ سىياسى مۇدداﺋاسىنى نەزەرگە ئالماسلىقتىن كېلىپ چىققان. ئەمەلىيەتتە، «ئوغۇزنامە»نىڭ ئىنتايىن ھالقىلىق يېرىدە ئۇيغۇر نامىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى، ئوغۇزخاننىڭ خۇددى «قور» (كۆنەلگە)گە ئوخشاش سۈتنى قېتىقتەك ئويۇتتۇرغىنىدەك، پۈتكۈل ئوقياچى خەلقلەرنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئويۇشتۇرۇشنى ئەڭ ئالى غايە قىلغانلىقىدۇر. مانا بۇ، پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنىڭ ھەممەپەسلىكىنى ئۇيغۇر (قور) نامىغا تەڭداش قىلغان زور تارىخى بۇرۇلۇش پەيتىدىكى مۆجىزىلىك ئاتالغۇ.

ئۆزگىلەر مەجبۇرى سوۋغا قىلمىغان بولمىسلا، بىر مىللەتنىڭ مۇبارەك نامىنى مەزكۇر مىللەتنىڭ ئەڭ جەڭگىۋار پەيتلىرىدە شۇ مىللەت ئەزالىرى ياكى شۇ مىللەتنىڭ ئەژدات- ئاتىللىرى قويغان بولىدۇ. تۈركى مىللەتلىرىنىڭ قەدىمقى زامان تارىخىدا ئۈچ قېتىم ئاجايىپ ئېپتىخارلىق ئەڭ جەڭگىۋار چاغلىرى بولغان. بىرى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3400- يىللاردا (ئەبۇل غازى باھادىرخاننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا. بۇ مەسىلىنى تۆۋەندە ئايرىم تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز) ئوغۇزخاننىڭ پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنىڭ بۈيۈك بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىدەك جەڭگىۋار پەيتى. ئىككىنچى قېتىملىقى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 500 يىللارغا توغرا كېلىدىغان ئالىپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ) دەۋرى. ئۈچىنچى قېتىملىقى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 195- يىللار ئەتراپىدا ھون خانى باتۇرخاننىڭ: «بارچە ئوقيا تۇتقان خەلق بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى» («تارىخى خاتىرىلەر 110- جىلد، ھونلار تەزكىرىسى»، 407- بەت) دېگىنىدەك- جەڭگىۋار پەيتى. ئۇيغۇر نامىنىڭ ئوغۇزخان دەۋرى، ئالىپ ئەرتۇڭاخان دەۋرى ياكى باتۇرخان دەۋرىنىڭ قايسىسىدا قويۇلغانلىقى مەسىلىسىگە كەلسەك، باتۇرخان دەۋرىدە قويۇلغانلىقىنى بىرلا ئېغىز سۆز بىلەن ئىنكار قىلىشقا بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، «دىۋان»دا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ تىلى ئارقىلىق بېرىلگەن ئۇيغۇر نامىنىڭ تىل يىلتىزى ھەققىدىكى «خۇزخۇر» (xuzxur) نامىنىڭ تىلغا ئېلىنغان ۋاختى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 329- يىللارغا توغرا كېلىدۇ دېيىلسە، باتۇرخان «خۇزخۇر» نامىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندىن 134 يىل كېيىن ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر، ئۇيغۇر نامىنى ئالىپ ئەرتۇڭا دەۋرىدە قويۇلغان دەپ قارىساق، بۇ خىل قاراشمۇ تارىخى مەنتىقىگە زىتلىقى بىلەن پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئالىپ ئەرتۇڭا ئىران بىلەن تۇرانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان مارافونچە ئۇرۇشتىكى تۇرانلارنىڭ ئىرانغا قارشى تارىخى قەھرىمانى بولۇپ، تارىخى باياتلاردا «قاراخان» نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىپ، نوقۇل «تۆۋەن چىن» (ماچىن)نىڭ پادىشاسى ئىكەنلىگى كۆرستىلگەن. ئۇنىڭ ئىران بىلەن بولغان تۈگمەس جەڭگە- جېدەللىرىدىن «ئوغۇزنامە»دىكى ئوغۇزخاننىڭ توسالغۇسىز ئالغا ئىلگىرلىشىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ سەۋەپلىك ئۇ، «ئوغۇزنامە»دىكى «ئوڭ تەرەپتىكى ئالتۇن خاقان» بىلەن «سول تەرەپتىكى ئۇرۇم خاقان»نى بىرلەشتۈرگىدەك تارىخى سالاھىيەتنى ھازىرلىمىغان. ئەگەر بىز، ئوغۇزخان بىلەن ئالىپ ئەرتۇڭانى بىر تارىخى شەخسنى كۆرستىدۇ دەپ قارىساق، ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ پەرزەنتلىرى ئوغلى

«بارمان» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3- قىسىم، 503- بەت)، قىزى «قاز» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3- قىسىم، 204- بەت) بىلەن ئوغۇزخاننىڭ ئالتە ئوغلى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن روشەن پەرقكە ئىگە.

ئۇنداقتا، «خۇزخۇر» (xuzxur) نامىنى ماكادونىيىلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەين قويغانمۇ ؟ ئىسكەندەرنىڭ شەرق ئىستىلاسى قەدىمنىڭ تۇران ئېلىگە يېتىشى، تۈركى قەۋملىرىنىڭ ئەڭ جەڭگىۋار پەيتلىرىمىدى ؟ ئىسكەندەر بارلىق ئوغۇز قەۋملىرىنىڭ ئەجدات سالاھىتىگە ئىگىمۇ ؟

«تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى: «ئوغۇز تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى... ئۇلار يىگىرمە ئىككى ئۇرۇق بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر- بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىلارغا قاراپ تونۇيدۇ... بىرىنچىسى: قىنىق. ئىككىنچىسى: قايىغ. ئۈچىنچىسى: بايۇندۇر... بۇ ئېيتىلغان ئۇرۇقلارنىڭ نامىلىرى ئۇلارنى قۇرغان ئەڭ قەدىمقى بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرىدۇر... ئۇلارمۇ ئۆز نامىلىرىنى قەدىمقى ئاتا- بوۋىلىرىغا قاراپ شۇنداق يۈرگۈزىدۇ.» (1- قىسىم، 77-، 78-، 80- بەتلەر) دېگەن بايانغا قارىغاندا، ئىسكەندەرنى تۈركى قەۋمىلىرىنىڭ ئەجدادى دېيىشكە بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، «ئىناند خۇزخۇراند» (xuzxurand inan) نامىنى ئۇنىڭ ئۆزى بىۋاستە قويغانلىقى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. «ئىناند خۇزخۇراند» (inan xuzxurand) گەرچە ئاتالغۇمۇ ئەمەس، ھەم پارسچە ئاتالغۇمۇ ئەمەس. ئۇ، ساپ تۈرك تىلى ئاتالغۇسى بولۇپ، ئۇنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دا سۆزمۇ- سۆز مەناسى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن؛ «ئىناندىم،ئىشەندىم. مەن ئاڭار ئىناندىم- مەن ئاڭا ئىشەندىم...» (1-قىسىم، 276-بەت). «ئىنانچ- ئىشەنچ، ئىشەنچلىك.» (1-قىسىم،180-بەت). «ئىنانچ- ئىشەنچ، ئىشەنچلىك، ئىنانچ بەگ- ئىشەنچلىك بەگ»(3-قىسىم،609-بەت). بۇنىڭغا قارىغاندا «ئىنان» (inan)- ئىشەنچ، ئىشەنچلىك دېگەن مەنىدە. ئەنئەنىۋى چۈشەنچىمىز بويىچە «خۇزخۇر» (xuzxur)- ئىتتىپاقلاشماق، ئويۇشماق دېگەن مەنىدە. «ئاند- قەسەم...» (1-قىسىم،60-بەت). «ئاندغاردىم- قەسەم ئىچكۈزدۈم...» (1-قىسىم،410- بەت). «ئاندغاردى- ئاند ئىچكۈزدى، قەسەم قىلدۇردى» (3-قىسىم575-بەت). بۇنىڭدىن مەلۇمكى «ئاند» (and)- قەسەم مەنىسىدە كەلگەن. ئۈچ سۆزلەمنى بىرلەشتۈرگەندە «ئىناند خۇزخۇراند» (inan xuzxurand)- ئۇيۇشۇش (بىرلىكسەپ تۈزۈش ~ ئىتتىپاقلىشىش ~ بىر ياقىدىن باش چىقىرىش) ئۈچۈن قەسەم قىلغان ئىشەنچلىكلەر دېگەن مەنانى ئاشكارىلايدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى»دا ئوتتۇرغا قويۇلغان تۆۋەندىكى تەپسىلاتنى ئىنچىكىلىك تەھلىل قىلغىنىمىزدا مەسىلىنىڭ ماھايىتى تېخىمۇ ئېنىق ئاشكارىلىنىدۇ:

«ماڭا مۇھەممەد چاقىر تونقاخان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەن ئىدى: ‹زۇلقەرنەين ئۇيغۇرغا يېقىنلاشقاندا، تۈرك

خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹ئىنان خۇزخۇرەند – بۇلار باشقىلارغا مۇختاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ› دەپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل ‹خۇزخۇر› دەپ ئاتىلىپتۇ.» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1-قىسىم، 151-بەت). بۇ ئۈچۈردىن قارىغاندا، تۈرك خاقانى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئىنتايىن چەبدەس، ئۆز ئانا ۋەتىنى ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىنمۇ قورقمايدىغان، ياش ۋە قورقۇمسىز تۆت مىڭ ئەسكەر ئەۋەتكەنلىكى ئېنىق. ئەمما، ئۇلار زور قوشۇن ئالدىدا ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىپ ھەممىسى قۇربان بولغان. پەقەت بىرنەچچىسى يارىدار ھالەتتە ئىلاجىسىز ئەسىرگە چۈشۈپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا قەددىنى تىك تۇتقان ھالدا، غەزەپ قەھرى بىلەن: «ئىناند خۇزخۇراند !!!» (xuzxurand inan !!!) – بىز ئىتتىپاقلىشىش ئۈچۈن قەسەم قىلغان ئىشەنچلىك قېرىنداشلارمىز !!! دېگەن شۇئارنى قاتتىق توۋلاپ، ئۆلۈمنى پىسەنتىگىمۇ ئالمىغان. بۇ ئېھتىماللىقنى تۆۋەندىكى يەنە بىر ئۇچۇر تېخىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ:

«ئۆگە – تەجرىبىلىك، ئەقىللىق، گاداڭ. ئاددى خەلق ئىچىدىن چىققان قېرى- سال كىشىلەرگە بېرىلگەن، تېگىندىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئاتاق. بۇ سۆز مۇنداق كېلىپ چىققان: زۇلقەرنەيىن چىنىغا قاراپ ئىلگىرىلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تۈرك خاقانى ياشلاردىن تەركىپ تاپقان بىر بۆلۈك ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ. خاقاننىڭ ۋەزىرى: ‹سىز زۇلقەرنەيىنگە ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك، ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى› دېگەندە، خاقان ياشانغان ۋە تەجرىبىلىك مەنىسىدىكى ‹ئۆگە› سۆزىنى قوللۇنۇپ، ‹ئۆگەنمۇ ؟› دېگەن. ۋەزىر ‹ھەئە› دەپ جاۋاپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خاقان ياشانغان، سىنالغان بىر ئادەمنى ئەۋەتكەن. ئۇلار بۇ كېچىسى زۇلقەرنەيىننىڭ ئالدىنقى ئەسكەرلىرىگە ھوجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يەڭگەن. بىر تۈرك ئەسكىرى زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى بىر قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلىۋەتكەن. ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سېلىنغان ھەميانىنى بېلىگە ئېسىۋالغان ئىكەن، ئۇمۇ كېسىلىپ، تىللالار قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلگەن. ئەتىسى ئەتىگەن تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا مىلەنگەن تىللالارنى كۆرۈپ، بىر- بىرىدىن: ‹بۇ نېمە ؟› دەپ سوراشقاندا، ئۇلار: ‹ئالتۇن قان› دېيىشكەن. شۇڭا شۇ جايدىكى چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى. زۇلقەرنەيىن شۇ كېچىلىك ھوجۇمدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۇلھ تۈزگەن.» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- قىسىم، 122-، 123- بەت). بۇ بايانىدىن شۇنداق بىر ئېنىق ئۇرۇش تاكتىكىسى ۋە شۇنداق بىر ھېكمەت ئايانكى، تۈرك ئەسكەرلىرى ئىچىدە قېرى ۋە قىرانلار سەۋرجانلىق بىلەن ئەپلىك پۇرسەت ئىزلەپ، تەجرىبىلىك ھالدا ئۇرۇش قىلىپ ھامان غەلىبە

قىلىشنىلا ئويلايدۇ. ئەگەر، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىسا، چېكىنىشنىمۇ بىردىن -بىر ئاقىلانە چارە دەپ قارايدۇ. تۈرك خاقانى بۇ خىل ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پەقەت ۋە پەقەت ياشلارنىلا ئاتلاندۇرۇپ، بۇ ئۇرۇشتا ئۇزۇل- كېسىل قۇربان بېرىش روھى بىلەنلا ئىسكەندەرنى هاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ، سۈلھىگە مەجبۇرلاشنى ئاخىرقى مەخسەت قىلغان. ئەينى ۋاقىتتىكى جىددى پەيتتە بۇ ھېكمەتتىن ۋەزىرنى ۋاقىپلاندۇرۇش تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. ۋاقىپلاندۇرۇلغان تەقدىردە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولسىمۇ، 4000 ياش ئەسكەرنىڭ 8000 ئاتا-ئانىسىنىڭ قان- ياشلىق كۆزلىرى بىلەن قاراشلىرىغا پادىشاھ بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا پادىشاھ يۈزە كۆرۈنۈشتە ۋەزىرنىڭ مەسلەھەتىنى ئاڭلىغاندەك قىلىپ، يەنىلا تەكرار قاتتىق سىناقتىن ئۆتكەن بىرلا ياشانغان كىشىنى ئەۋەتكەن. ئېھتىمال بۇ ياشانغان كىشى پادىشاھنىڭ ئايرىم قوبۇل قىلىشى ۋە قۇلاق تۇۋىگە پىچىرلاشلىرى ئارقىلىق، پادىشاھ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ۋىدالىشىش خاراكتېرلىك خەيرلەشكەن بولىشى مۇمكىن. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋەھىملىك ھالدا شۇنداق ئويلىدىكى: «بىرنەچچە مىڭ تۈرك ئەسكىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى بۇ دەرىجىدە بولسا، نەچچە ئون مىڭ تۈرك ئەسكىرىنىڭ ھەيۋىتىگە كىم بەرداشلىق بېرەر؟... ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغان بىر- ئىككى ئەسىرنىڭ ‹ئىنانىد خۇزخۇراند !!!› (inan xuzxurand!!!) دەپ تۇۋلىشى ئەسكەرلىرىمنىڭ يۈرىكىگە قانچىلىق قورقۇنۇچ سالغاندۇ ؟...»؛ ئىسكەندەر، «ئىنانىد خۇزخۇراند» (inan xuzxurand)نىڭ ئاددى يەشمىسى بولغان- «ئۇيۇشۇش (بىرلىكسەپ تۈزۈش ~ ئىتتىپاقلىشىش ~ بىر ياقىدىن باش چىقىرىش) ئۈچۈن قەسەم قىلغان ئىشەنچىلىك قېرىنداشلارمىز» دېگەن خاتابى شۇئارنى ھەربى ئالىم ۋە سىياسىيونغا خاس سەزگۈرلىكى بىلەن: «بۇلار باشقىلارغا مۇختاج بولماي، ئۆز ئوزۇغىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يىيەلەيدۇ» دېگەن ئالاھىدە بولغان باشقىچە تەبىرنى بەردى. ئۇنىڭ بۇ تەبىرى، تۈركى قەۋملىرىنىڭ قېرىنداشلارچە بىرلىكسىپى، خۇددى، كوللىكتىپ ھالدا ئوۋ ئوۋلىغان بۆرىلەرنىڭ نەتىجىسىز قالمىغىنىغا ئوخشىتىلغان ئىدى. تۈرك پادىشاسىنىڭ كۈتكىنىدەك «سىرلىق تاكتىكا»نىڭ مۆجىزىلىك نەتىجىسى كۆرۈلدى؛ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ تۈركلەر بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ كېلىشۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى... «زۇلقەرنەيىن شۇ كېچىلىك ھوجۇمدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۈلھ تۈزگەن.»

يۇقارقىلاردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن «ئىنانىد خۇزخۇراند» دېگەن ئاتالغۇنى ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرغا قويمىغان بولۇپ، ئۇ، تۈرك پادىشاسىنىڭ «سىرلىق تاكتىكا»سىنىڭ تەسىرىدە، «خۇزخۇر»غا خۇددى ئۇيغۇر نامىنى تەتقىق قىلغۇچىلارغا ئوخشاش تىل شۇناسلىق نوقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ھەربى ۋە سىياسى نوقتىدىن تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى- خالاس.

ئىسكەندەرنىڭ شەرق ئىستىلاسىغا ئائىتلىنىپ تۈرك زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشى، بىز يۇقۇردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «خۇزخۇر» نامىنىڭ قويۇلىشىغا سەۋەپ بولىدىغان تۈركى قەۋملىرىنىڭ جەڭگىۋار پەيتى ئەمەس. بەكلى ئۇلارنىڭ ھەربى مۇداپىئە ھالىتىدە، ھەتتا چېكىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى ئىككى تەپسلاتتىن ئېنىق كۆرەلەيمىز:

«...زۇلقەرنەين سەمەرقەنتتىن ئۆتۈپ، تۈرك شەھەرلىرىگە يول ئالغان چاغلاردا، تۈركلەرنىڭ ‹شۇ› ئىسىملىك بىر ياش خاقانى بار ئىدى. ئۇ چوڭ قوشۇن ئىگىسى ئىدى. بالاساغۇن يېنىدىكى ‹شۇ› قەلئەسىنى ‹شۇ› ئۆزى ئالغان ۋە بىنا قىلدۇرغان. بۇ قەلئە ئالدىدا ھەر كۈنى بەگلەر شەرپىگە ئۈچ يۈز ئاتمىش قېتىم دۇمباق چېلىناتتى. ئادەملىرى ئۇنىڭغا: ‹زۇلقەرنەين يېقىن كېلىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ ؟ نىمە بۇيرۇقلىرى باركىن ؟ › دەيدۇ. ئەسلىدە خاقان ‹شۇ› خۇجەند دەرياسى بويىغا قاراۋۇل قويۇش ۋە زۇلقەرنەيننىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، دەريا قىرغىقىغا تارخانلاردىن تەركىپ تاپقان قىرىق كىشىلىك چارلىغۇچى ئەۋەتكەن ئىكەن. چارلىغۇچىلار مەخپى ھالدا كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ كەتكەنلىكىنى خان ئەسكەرلىرىدىن ھېچكىممۇ بىلمەيدىكەن. خاقاننىڭ كۆڭلى بۇنىڭدىن خاتىرجەم ئىكەن. خاقاننىڭ كۆمۈشتىن ياسالغان بىر كۆلچىگى بولۇپ، سەپەرگە چىققاندا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن، ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇلغاندىن كېيىن، غاز، ئۆدەكلەر چۈشۈپ شۇڭغۇپ ئوينايدىكەن. خاقان زۇلقەرنەين بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ دېگەنلەرگە ئۆزىنىڭ موشۇ كۆمۈش كۆلچىكىنى كۆرسىتىپ: ‹غاز، ئۆدەكلەرگە قاراڭلار، ئۇلار سۇغا قانداق شۇڭغۇيدىكەن ؟ ›دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ، خاقاننىڭ بەرگەن جاۋابى ئادەملىرىنى ئويغا سېلىپ قويۇپتۇ، ئۇلاردا ‹خاقان زۇلقەرنەين بىلەن ئۇرۇشماقچىمۇ ئەمەس، چېكىنمەكچىمۇ ئەمەس› دېگەن گۇمان پەيدا بولۇپتۇ. زۇلقەرنەين دەريادىن ئۆتۈپتۇ. چارلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئۆتكەنلىكىنى خاقانغا كېچىسى كېلىپ مەلۇم قىپتۇ. خاقان شۇ كېچىسىلا دۇمباق چالدۇرۇپ، شەرققە قاراپ يول ئاپتۇ. خاقاننىڭ تەييارلىقسىزلا يولغا چىققانلىقىدىن، خەلق ئارىسىدا ئەنسىزلىك، تەشۋىش پەيدا بوپتۇ. ئۇلاق تاپالىغانلار ئالدىراش- تېنەش ئۇدۇل كەلگەن ئۇلاقلارغا مىنىشىپ خاقاننىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ، ئالدىراشچىلىقتا ئۇ بۇنىڭ، بۇ ئۇنىڭ ئۇلىغىنى ئېلىۋاپتۇ، تاڭ ئاتقاندا قارارگاھ تۈپ-تۈز بىر سايغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ چاغلاردا تىراز، ئىسپىجاپ، بالاساغۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەھەرلەر بىنا قىلىنمىغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن بىنا قىلىنغان. ئۇ يەرلەردە چېدىرلاردا ياشايدىغان كۆچمەنلەر ھايات كۆچۈرەتتى. خاقان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى كېچىلەپ كېتىپ قالغاندا، يىگىرمە ئىككى كىشى ئۇلار بىلەن بىللە كېتىشكە ئۇلاق تاپالمىغانلىقتىن، بالا –چاقىللىرى بىلەن شۇ يەردە قېلىپ قاپتۇ، مەن ئۇلارنىڭ ناملىرىنى كىتاپنىڭ بېشىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدىم، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىللىرىنىمۇ شۇ يەردە بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. بۇ يىگىرمە ئىككى ئائىلە ئۇلارنىڭ كەينىدىن پىيادە بېرىش ياكى مۇشۇ يەردە تۇرىۋېرىش ھەققىدە مەسلەھەتلىشىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىككى كىشى كەپتۇ

ئۇلارنىڭ بالا-چاقىللىرىمۇ بىللە ئىكەن. ئۇلار يۇك-تاقلىرىنى دۇمبىللىرىگە ئارتىپ، قوشۇننىڭ كەينىدىن كېتىۋېتىپ، ھېرىپ-ئاچقان، ئېغىر يۈكنىڭ دەستىدىن تەرگە چۆمگەن ئىكەن. بۇ ئىككى ئائىلە قېلىپ قالغان ھېلىقى يىگىرمە ئىككى ئائىلىگە يولۇقۇپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپتۇ، يىگىرمە ئىككى ئائىلە ئۇلارغا: «ئەي ئادەملەر، زۇلقەرنەيىن بىر يولۇچى، ئۇ بىر يەردە تۇرمايدۇ، بىزنىڭ يەرلەردە قېپقالمايدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىز بەرىبىر ئۆز يېرىمىزدە ئۆزىمىز قالىمىز» دەپتۇ. ئۇلار ئىككى ئائىلىگە تۈركچە: «قالاچ-مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭلار» دەپتۇ. كېيىن ئۇلار «قالاچ » دەپ ئاتىلىپ قالغان. خالاچلارنىڭ ئەسلى شۇ. ئۇلار ئىككى قەبىلىدۇر. زۇلقەرنەيىن كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ چاچلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركلەرگە خاس بەلگىللىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن گەپ سورىمايلا بۇلار «تۈرك مانەند-تۈرككە ئوخشايدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ئۇلارغا بۈگۈنكە قەدەر نام بولۇپ قالغان. تۈرۈكمەنلەر ئەسلىدە يىگىرمە تۆت قەبىلىدۇر. لېكىن ئىككى قەبىلىدىن ئىبارەت بولغان خالاچلار بەزى جەھەتتە ئۇلاردىن ئايرىم تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئوغۇزلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى شۇدۇر. خاقان «شۇ» چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ. ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەينگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ، زۇلقەرنەينمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەيىن ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ توقۇنۇش «ئالتۇنقان- ئالتۇن خان» دېگەن يەردە بولغان ئىكەن. بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە «ئالتۇنخان» دەپ ئاتىلىدۇ، زۇلقەرنەيىن ئەنە شۇ يەردە خاقان بىلەن سۈلھ تۈزىدۇ. ئاندىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى بىنا قىلىدۇ ۋە بىر مەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. زۇلقەرنەيىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، خاقان «شۇ» قايتىپ كېلىدۇ. ۋە بالاساغۇنغا قەدەر ئىلگىرلەيدۇ، ئاندىن ئۆزنامى بىلەن ئاتالغان «شۇ» شەھەرنى سالدۇرۇپ، ئۇ يەرگە بىر تىلسىم قۇردۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە لەيلەكلەر ئۇ تىلسىملىق شەھەرنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توختاپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ. تىلسىم بۈگۈنگە قەدەر بۇزۇلماي كېلىۋاتىدۇ» (3-قىسىم، 564-بەت).

« سۇ كەلدى يەر ياپا

قارار قار (كۆكنى با)سا

قاچتى ئاڭار ئالب ئايا

ئۇفۇت بولۇپ ئول ياشار»

(«يەر يۈزىنى قاپلاپ ئەسكەر كەلدى، ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان چاڭ- توزان ئۇپۇقنى ۋە قارلىق تاغلارنى قاپلىدى، شۇڭا ئالپ ئايا دېگەن كىشى قاچتى، ئۇ يېڭىلگەچكە ئۇيۇلۇپ ياشىدى.») («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3-قىسىم، 288- بەت). شېردىكى دەسلەپكى ئىككى مىسرا، ئىسكەندەر قوشۇننىڭ پامىر-قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىغاندىكى دەھشەتلىك كۆرىنىش تەسۋىرى. كېينكى

ئىككى مىسرادىكى تەسۋىرلەنگەن شەخس «تۈۋەن چىن»نىڭ پادىشاسى «ئالپ ئايا» بولۇپ، ئۇ بەلكىم ئالپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ)تىن 171 يىل كېيىن ياشىغان، مىلادىدىن بۇرۇنقى 329-يىللاردىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ تۈنجى قېتىم زەربىسىگە ئۇچرىغان، ئالپ ئەرتۇڭانىڭ 4-، 5-ئەۋلادى بولىشى مۇمكىن. «ئالپ ئايا» چوقۇمكى «ئالىپ ئەرتۇڭا»دىكى «ئالپ»نى تەخەللۇس قىلغان.

يۇقارقى تارىخى باياناردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، ئۇيغۇرلارغا بەش شەھەر سېلىپ بىرىشلا ئەمەس، بەلكى ئەجدادىمىزنىڭ يۇرتىغا قانلىق داغ سالغۇچى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندىن ئىبارەت بۇ مەشھۇر تاجاۋۇزچى، بىزگە ئۇنتۇلماس بىر تارىخى ئاتالغۇ سوۋغا قىلدى دىيىلگەن تەقدىردە، بۇ ئاتالغۇ ھەرگىز «خۇزخۇر» ئەمەس. بەلكى ئۇ ئاتالغۇ پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنى ئېغىر مەسخىرە ئاستىغا ئالغان «باكترىيە» ئاتالغۇسىدۇر. «باكترىيە»نىڭ ئەسلى ئاساسى ‹پۈكتۈرىيە› بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقى مەنىسى ‹تىز پۈككەن تۈرانلار› دىگەن ھاقارەتلىك نام ئىدى.

ئۇيغۇر نامىنى قويغۇچى ئەڭ ئاخىرقى ئېھتىماللىق يەنىلا ئوغۇزخان. تۈركى مىللەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش ئاساسى يايلاق قەۋملىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپتە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئېنىق. ئىپتىدائىي جەمئىيەت، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرى، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا ئانا ئۇرۇقى جامائەسى دەۋرىدە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يايلاق قەۋملىرىگە ھەدىيە قىلغان نېسىۋىسى گۆش، تېرە، ژۇڭ ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى ئىدى. سۈتنى پىششىقلاپ ئىشلەپ قىمىز، قۇرۇت ۋە قېتىق ياساشتا كۆنەلگەننىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايتتى. بولۇپمۇ كۆنەلگە ئارقىلىق سۈتنى قېتىق قىلىپ ئۇيۇتۇشنىڭ ئىقتىرا قىلىنىشى، سۈتنىڭ قېتىق ھالەتتە ساقلىنىش ۋاختىنى ئۇزارتىپلا قالماي، ھەتتا قېتىقتىن يىللاپ ساقلىغىلى بولىدىغان قۇرۇت ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. «قور- كۆنەلگە»نىڭ بۇنداق خاسىيتى ھازىرقى ۋاقىتتا تولىمۇ ئاددى ۋە كۆلكىلىك تۇيۇلغىنى بىلەن، ئەمما ئەينى دەۋر جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ زور ئۇتۇقلىرىدىن بىرى ئىدى. ھەرقانداق بىر قەۋم ۋە ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تىل بايلىقى ۋە تىل ئالاقىسى شۇ دەۋر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە مەھسۇلات ناملىرىنى ئاساسى مەنبە قىلغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى قەۋملەرنىڭ ئۇچار قۇش، ھايۋانلارنى تۇتۇم قىلغانلىقى، بۆرىنىڭ كۆللىكتىپ ئوۋ ئوۋلاشتىكى قۇدرىتىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۆزىگە بۆرىنى پەخرى نام قىلىپ قوللانغانلىقى، كالا كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقۇرى مول سۈتىگە قاراپ «ئۇد» (كالا) تۇتۇم قىلىنغانلىقى، تۈنجى قېتىم ئات مىگەن كىشىگە «يۇن» (سۇمرۇغدەك پەرۋاز قىلغۇچى)، تۈنجى قېتىم ئات كۆندۈرگۈچى قەۋمگە «قاغۇز»، تۈنجى قېتىم هارۋا ياسىغان قەۋمگە «قانقا»، تۈنجى قېتىم تۆمۈردىن قۇرال ياسىغان كىشىگە «تۆمۈردۇقاغۇل» قاتارلىق ناملارنىڭ بېرىلىشى، بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

ناھايىتى روشەنكى، «قور-كۆنەلگە» ئىپتىدائىي ئاتالغۇ بولۇش سۈپۈتى بىلەن، ئۇنىڭ سۈتنى ئۇيۇتتۇرۇشتەك خاسىيىتىنى يايلاق قەۋملىرىنىڭ بىر نەچچىسى ئۆزىگە سىمۋوللۇق پەخرى نام قىلغانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «قور-كۆنەلگە»دىن ئىبارەت بۇ پەخرى نام پادىشا ۋە شاھ قەبىلىسىگىلا ئۇيغۇن كېلىدۇ. سەۋەبى، «قور- كۆنەلگە»- ئۇيۇتتۇرغۇچى، سۈت- ئۇيۇغۇچى. شاھلار «قور» (كۆنەلگىدەك)- ئاۋامنى ئىتتىپاقلاشتۇرغۇچى (ئۇيۇتتۇرغۇچى)، ئاۋام (سۈتتەك) ئۇيۇغۇچى. دېمەككى، پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش (ئۇيۇتتۇرۇش) ئۇلۇغ يۈرىشىگە ئاتلانغان ئوغۇزخاننىڭ ئۆزىنى ئۇيغۇر (uyghur)دېكى «قور»غا ئوخشىتىشى بەرھەق.

بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار مۇقەددەم، پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنىڭ ئۈچ ئاساسى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئۆزىنى «قور» (qor) نامى بىلەن ئاتىغان. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، كىرورەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى- «ئۇيغۇر» (uyghur)؛ ئىككىنچىسى، ئوغۇز قەبىلىلەر ئىتتىپاقى- «خۇزخۇر» (xuzxur)؛ ئۈچىنچىسى، ئالتۇن خانلىق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى- «ئۇيسۇن» (uysun)دىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ نام بىرلىشىپ، تارىختىكى زور ئاتالغۇ «ئۈچ قورىقان»نى ھاسىل قىلغان. «ئۇرخۇن ئابىدىلىرى»دە «ئۈچ قورىقان» بىلەن « quriqan » (قورىقان)نىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىككى قېتىمدىن تەكرارلانغان بولۇپ، ئۇلارغا «ئېتنىك نام» دەپ ئىزاھات بېرىلىپ باراۋەر مۇئامىلە قىلىنغان. بۇ ئېتنىك نام «تارىخى خاتىرىلەر»دە: «روران» ( 楼兰 - غەربى ئەل ‹قورىغار›نىڭ قەدىمكى خانلىقلىرىدىن بىرى.)؛ «ئۇيسۇن» (乌孙- قەدىمكى قەۋم. دەسلەپ چىلیەن تېغى بىلەن دۇڭخۇاڭ ئارىلىقىدا ماكانلاشقان. مىلادىيدىن بۇرۇن 161- يىل ئەتراپىدا ئىلى دەرياسى، تېكەس دەرياسى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىغا كۆچكەن. شىمالى، جەنۇبى سۇلالە ‹مىلادى 420-، 851- يىللار› دەۋرىدە پامىرنىڭ شىمالىغا كۆچكەن. قازاقلار ئىچىدە ھېلىمۇ ئۇيسۇن قەبىلىلىرى بار. مىلادىيدىن بۇرۇن 938- يىللاردا ئۇيسۇنلار لياۋ خانىدانلىقىغا باج- خىراج تۆلەيتتى)؛ «ئوغۇز» (呼揭- بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۇەن ۋىلايىتىنىڭ غەربىگە جايلاشقان.) («110-جىلد، ھونلار تەزكىرىسى»، 407-بەت، 443- بەت) دەپ ئىزاھلانغان.

شۇ نەرسە ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەركى، «ئۇيغۇر» بىلەن «ئۇيسۇن»دىن ئىبارەت ھەرئىككى ئاتالغۇنىڭ باش بوغۇمى «ئۇي» (uy) بولۇپ، «تۈركى تىللار دىۋانى»دا «ئۇي» مۇستەقىل ھالدا كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن «ئۇي»غا مۇناسىۋەتلىك: «ئۇيدى (uydi)- باستى، چىڭدىدى. ئول ئۇنۇغ ئۇيدى- ئۇ ئۇننى باستى. باشقا نەرسىلەرنى چىڭداشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (ئۇيار ‹uyar›- ئۇيماق ‹uymaq›).» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- قىسىم، 235- بەت)؛ «ئۇيۇلدى (uyuldi)- چىڭدالدى، بېسىلدى. ئۇيۇلدى نەڭ- ‹ئۇن تاغارغا چىڭداپ بېسىلغاندەك› بېسىلغان نەرسە (ئۇيۇلۇر ‹uyulur›- ئۇيۇلماق ‹uyulmaq›).» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- قىسىم، 355- بەت)؛ «ئۇيتۇردى (uyturdi)- باستۇردى، چىڭداتتى. ئول ئۇن ئۇيتۇردى- ئۇ ئۇن چىڭداتتى.

باشقلاردىمۇ شۇنداق (ئۇيتۇرۇر ‹uyturur›- ئۇيتۇرماق ‹uyturmaq›).» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- قىسىم، 356- بەت)؛ «ئۇيۇشدى (uyushdi): ئول ئاڭار قاپقا ئۇن ئۇيۇشدى- ئۇ ئۇنىڭغا قاپقا ئۇن بېسىشىپ بەردى. باشقلاردىمۇ شۇنداق (ئۇيۇشۇر ‹uyushur›- ئۇيۇشماق ‹uyushmaq›).» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- قىسىم، 354- بەت) قاتارلىقلاردا، «ئۇي» ۋە «ئۇيۇ» سۆز تومۇرى ئارقىلىق تۈرلەنگەن پېئىل خاراكتېرلىك سۆزلەملەر ئۇچراپ، «چىڭداش، چىڭدىماق» مەنىسىدە كەلگەن. «چىڭداش، چىڭدىماق»نى قاچىلىماق، ئۇيۇتتۇرماق، يىغماق دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇننى تاغارغا قاچىلىغاندا چىڭدىلىدۇ (ئۇيۇيدۇ)؛ چېچىلغان بۇغداينى تاغارغا قاچىلىغاندا، بۇغداي تاغارغا توپلىنىدۇ (ئۇيۇشدۇ). «تۈركى تىللار دىۋانى»دىن مەلۇمكى، «ئۇي»دىن «ئۇيماق» (يىغىلماق، بىرلەشمەك)نى تۈرلەشكە، «ئۇيۇ»دىن «ئۇيۇشماق»نى تۈرلەشكە، ھەم ئۇنىڭدىن ۋاستىلىق ھالدا ‹ئىتتىپاقلاشماق، بىرلىكسەپ تۈزمەك› دىگەن سىياسى ئاتالغۇنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە ئالاھىدە ئېتىۋارغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «ئۇي» بىلەن «قور»نىڭ مۇناسىۋىتىدە، «ئۇي» تۈردەش ئۇقۇم، «قور» خاس ئۇقۇم.شۇڭا بەزى ۋاقىتلاردا «ئۇي»نى «قور» دەپ چۈشۈنىشكىمۇ، «قور»نى «ئۇي» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

يۇقارقى ئابزاستىكى چۈشەنچىلەرگە ئاساسەن، «ئۈچ قورىقان»نىڭ بىرى بولغان «ئۇيسۇن» (uysun) نامىغا چۈشەنچە بېرىپ باقايلى: «تۈركى تىللار دىۋانى»غا ئاساسلانغاندا، «ئۇيسۇن» (uysun)نى «ئۇي» (uy) ۋە «سۇن» (sun)دىن ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆزگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ يەردىكى «ئۇي»- ئۇيۇتقۇچى، ئۇيۇتما (چىڭدالغان) ۋە ئۇيماق مەنىسىدە كەلگەن. «سۇن- نوچا ئالتۇن» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3- قىسىم، 189- بەت). «ئۇي» بىلەن «سۇن»نى بىرلەشتۈرگەندە، «ئۇيسۇن» (uysun)- ئالتۇن ئويۇتمىسى دېگەنلىك. دىمىسىمۇ، ئالتۇننى يىققاندا، توپلىغاندا ۋە «چىڭدىغان»دا پارچە-پارچە ئالتۇندىن نوكچا ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئۇقۇمغا ئاساسەن «ئۇيسۇن»نىڭ ئالتۇن ئويۇتمىسى دىگەن بىۋاستە ئاددى يەشمىسىنى، خۇددى «ئوغۇزنامە»دىكى ئوغۇزخاندەك سىياسى ئۇقۇمغا ئېگە قىلىدىغان بولساق: «ئۇيسۇن»- ئالتۇن قەۋملىرى ئىتتىپاقى، ئالتۇن قەۋملىرى بىرلىكسېپى دىگەن ئېپتىخارلىق نامنى ئاشكارىلايدۇ. بۇ مەنزىل uysun(团结, 联 = uy+sun» دىكى(http://baike.baidu.com/view/1060025.htm) 合)» دېگەن ھۆكۈم، قاراشلىرىمىزغا قىسمەن بولسىمۇ دەلىل بېغىشلايدۇ. بىز بۇ پۇرسەتتە «ئوغۇزنامە»دىكى «... ئوڭ تەرەپتە ئالتۇن خاقان دىگەن بىر خاقان بار ئىدى.» دىگەن بايانىدىن «ئۇيسۇن»لارنىڭ قەدىمدە «ئالتۇنلار» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، «ئۇيسۇن»لارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدات ئاتىسىنىڭ «ئالتۇن خاقان» ئىكەنلىگىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

بىز، «ئۇيسۇن» ئاتالغۇسىنى ھەل قىلىشتىكى يۇقۇرقى ئۇسۇل بويىچە، «ئۇيغۇر» (uyghur) نامىنى يېشىشكە تەرەددۇتلانساق: «ئۇيغۇر» (uyghur)- «ئۇي» (uy) ۋە «غۇر» (ghur)دىن

ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆزگە بۆلۈنىدۇ. بىز «ئۇيغۇر نامىنىڭ ماددى ئىسپاتى ‹قور› ھەيكىلى تېپىلدى» دىگەن باش تېمىدىكى يادرولۇق ئۇقۇم «قۇر»نى «ئۇيغۇر»دىكى «غۇر»نىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان بولساق، ئۇيغۇر نامىنىڭ ئەسلى تىل يىلتىزى «ئۇيقور» (uyqor)غا ئېرىشىمىز. «تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ «قور- كۆنەلگە» ئۇچۇرىغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇر نامىنىڭ ئېپتىدائىي تىل يەشمىسىگە قارايدىغان بولساق: «ئۇيقور(uyqor)- كۆنەلگە ئۇيۇتقىسى» مەناسىنى بېرىدۇ. ئەمدىلىكتە، «ئۇي» بىلەن «قۇر» بىرلەشكەندە، «ئۇي»- ئۇيۇغۇچى تەزىردە كەلمەي، ئۇيۇتقۇچى مەنىسىدە كېلىدۇ. سەۋەبى، «قۇر- كۆنەلگە» سۈتنى قېتىققا ئايلاندۇرغۇچى ئۇيۇتقا (ئويۇتقۇچى) بولۇپ، ھەرگىز ئۇيۇغۇچى ئەمەس. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخاننىڭ پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنى بىرلەشتۇرۇش، ھەمنەپەس قىلىش مەقسىدىدە: «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن» دىگەن خىتابى قانداقتۇ، ئىتتىپاقلاشقۇچى، ئۇيۇشقۇچى تەرىزدە كەلمەي، ئەكسىچە ئىتتىپاقلاشتۇرغۇچى، ئۇيۇشتۇرغۇچى- «قور- كۆنەلگە» ماھايىتىدە كەلگەنلىكى مۇقەرەر.

ئۇنداقتا، يۇقۇرقى چۈشەنچىمىز بويىچە، تارىخى ئاتالغۇ- «ئۈچ قورىقان»دىكى «ئوغۇزلار ئىتتىپاقى»نىڭ تىل يىلتىز قانداق ئىپادىلەنگەن ؟ مەھمۇد كاشغەرى بوۋىمىزنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى بىزگە يەتكۈزگەن «خۇزخۇر» (xuzxur) ئاتالغۇسى دەل ئوغۇزلار ئىتتىپاقىنى كۆرستىدۇ. تارىخى مەنبەلەردە «ئوغۇز» (oguz ~oghuz) ئاتالغۇسىنىڭ قىسقارتىلىپ «خۇز~ غۇز» (xuz~ ghuz) دەپ ئاتالغانلىقى ھەممىمىزگە بەش قولدەك ئايان. دىمەك، «خۇز» (xuz) بىلەن «قۇر»(qor)نىڭ بىرلىششى «خۇزخۇر» (xuzxur)نى ھاسىل قىلىپ، «خۇزخۇر»- ئوغۇز كۆنەلگىسى، ئوغۇزلار ئىتتىپاقى، ئوغۇزلار بىرلىكسىپى دېگەن مەنالارنى بېرىدۇ. بۇ جەھەتتە، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى بوۋىمىزنىڭ «خۇز»نىڭ «ئۇي»غا ئۆزگىرىش جەريانى ھەققىدە توختىلىشى، ئۇنىڭ زايا كەتكەن ئەمگىگى بولسا كېرەك. ئەمما، ئۇنىڭ «خۇزخۇر» نامىنى ساقلاپ قالغانلىقى يەنىلا بىباھا قىممەتكە ئىگە.

«ئۇيغۇر» نامىنىڭ «ئۇيۇتقۇچى، ئۇيۇشتۇرغۇچى، ئىتتاقلاشتۇرغۇچى، بىرلىكسەپ تۈزگۈچى» مەنا بېرىدىغانلىقىنى، ئوغۇزخاننىڭ پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يۈرىشىگە ئاتلىنىشتىن ئاۋال ئەتراپتىكى خوشنا قېرىنداش قەۋملەرگە يوللىغان مەكتۇبىدىكى «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى بولىمەن» دىگەن سۆزنىڭ سياسى مۇددائاسى ئارقىلىق كەلتۈرۈپ چىقاردۇق. بۇ يەكۈنىمىز، ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ: «ئۇيغۇر سۆزىنىڭ ‹يېپىشقۇر› (يېپىشماق) دېگەن مەنىسى بار؛ ‹سۈت ئۇيدى› دىيىلىدۇ. سۈت يېڭى ھالەتتە تۇرغاندا ئۇنىڭ تەركىپلىرى چېچىلىپ تۇرىدۇ. ئۇيۇغاندىن كېيىن بولسا چېچىلماستىن بېرىكىپ تۇرىدۇ (قېتىق ھالەتكە كېلىپ، يېپىشىدۇ). ئۇلار يەنە ‹ئىمامغا ئۇيدۇم› دەيدۇ، يەنى ئىمام ئولتۇرغاندا ئولتۇرىدۇ، تۇرغاندا تۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىمامغا

يىپپىشقىنى» دېگەن سۆزى بىلەن پۈتۈنلەي زىيچىلاشقان. ئەمدى، «ئۇيسۇن» نامى بىلەن «خۇزخۇر» نامىنىڭ قانداق قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى:

«بۇ دۆلەتتە ئالى ھوقۇق ئوغۇزخاننىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئالتۇندىن بىر چېدىر تىكىپتۇ ۋە ھەشەمەتلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. زىياپەتكە پۈتۈن ئۇرۇق- تۇققان، قان- قېرىنداش ۋە سانغۇنلىرىنى چاقىرىپ، نەۋكەرلىرىنى تارتۇقلاپتۇ. ئۆزىگە بويسۇنغان مويسىپىتلار ۋە قولىغۇچىلارنى «ئۇيغۇر دەپ ئاتاپتۇ» («جامىئۇل تەۋارىخ»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 89- بەت). راشىدىن پەزلۇللا ئەلخامادانىينىڭ بۇ بايانى، ئەمەلىيەتتە «ئۇيسۇن» نامىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئائىت ماتىريال بولۇپ، ئۇ ھەرگىز ئۇيغۇر نامىنىڭ قويۇلىشىغا ئائىت ماتىيال ئەمەس. ئۇيغۇر نامى ئوغۇزخاننىڭ «مەكتۇبى»دا ئالابۇرۇن قويۇلۇپ بولغان. راشىدىن پەزلۇللا ئەلخامادانىينىڭ «ئالى ھوقۇق ئوغۇزخاننىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئالتۇندىن بىر چېدىر تىكىپتۇ» دېگەن سۆز بىلەن «ئوغۇزنامە»دىكى «ئوغۇزخان چوڭ چېدىردا...» دېگەن بايانغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالىدىغان بولساق، «ئۇيسۇن- ئالتۇن ئۇيۇتمىسى، ئالتۇن قەۋملىرى بىرلىكسىپى» دېگەن ئىزاھاتىمىزدىكى «ئالتۇن» ئۇقۇمى، «دىۋان»دىكى «سۇن- نوكچا ئالتۇن»، «ئالتۇن چېدىر» ۋە قىرىق غۇلاچ خادا ئۇستىدىكى «ئالتۇن توخا» قاتارلىقلار بىر- بىرىنى ئۆز-ئارا تولۇقلاش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، بۇ «ئۇيسۇن»لارنىڭ ئوغۇزخان ئاچقان ئەڭ ئاخىرقى قۇرۇلتايدا ئۇنىڭ چوڭ چېدىرى ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ «ئۇيسۇن» نامىغا مۇيەسسەر بولغانلىقىنى بىشارەتلەيدۇ.

«خۇزخۇر» نامى ئوغۇزلارغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئۇقۇم بىر تەرەپتىن، ئوغۇز قەۋملىرى ئىتتىپاقىنى كۆرسەتسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئوغۇزخاننىڭ ئالتە پەرزەنتىنىڭ ئۆز-ئارا ئىتتىپاقلىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. «ئوغۇزنامە»دىكى «... كۈن، ئاي، يۇلتۇز نۇرغۇن ھايۋان، قۇشلارنى ئوۋلىدى، ھەمدە يولدىن بىر ئالتۇن يانى تېپىۋالدى، شۇنداقلا ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئوغۇز خاقان شادلاندى ھەمدە ئالتۇن يانى ئۈچ بۆلەككە بۆلدى ۋە ئېيتتىكى: ‹ھەي ئاكىلار، بۇ يا سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن، سىلەر ياغا ئوخشاش ئوقنى كۆككە ئېتىڭلار›. يەنە شۇندىن كېيىن ، ئاسمان، تاغ، دېڭىز نۇرغۇن ھايۋان ۋە قۇشلارنى ئوۋلىدى، يولدىن ئۈچ كۈمۈش ئوق تېپىۋالدى ھەمدە ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئوغۇز خاقان شادلاندى ھەمدە ئوقلارنى ئۈچىگە بۆلۈپ بەردى، ئېيتتىكى: ‹ھەي ئىنىلەر، بۇ ئوق سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن، يا ئوقنى توغرىلايدۇ، سىلەر ئوققا ئوخشاش ياغا بويى سۇنۇڭلار›...» («ئوغۇزنامە»، 59-، 60- بەت) دېگەن بۇ باياندىكى، ئوغۇزخان شاھزادىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ سەلتەنەت سۈرۈشىگە ماسلاشقان «خۇزخۇر»؛ «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى يەنە شۇ ئوقياغا مۇناسىۋەتلىك «تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلار... ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹ئىنان خۇزخۇرەند›... دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل

‹خۇزخۇر› دەپ ئاتىلىپتۇ.» دىگەن بو بايانىدا، ئوغۇز قەۋملىرىنىڭ جەڭگىۋار ئىتتىپاقى ۋە ئويۇشۇشچانلىقىغا تەگداش ئۇقۇم «خۇزخۇر» گەۋدىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى «خۇزخۇر» تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنىش بولماستىن، بەلكى ئوغۇزخاننىڭ بارلىق ئوغۇز قەۋملىرى ئىتتىپاقى ۋە ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ئاتىغان «خۇزخۇر»نىڭ ئىسكەندەرنىڭ قايىلچۇنلىقىنى قوزغاپ، ئىككىنچى قېتىم تىلغا ئېلىنىشى خالاس.

بىز ئۇيغۇر نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ئۈستىدە ئىزدەنگىنىمىزدە، تارىختىكى «ئۈچ قورىقان»- روران (ئۇيغۇر)، ئوغۇز (خۇزخور) ۋە ئۇيسۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك تارىخى ماتىياللارنى ئەستايىدىل گۆزۈتۈپ، مىللىيەت قىزغىنلىقىدا ئەمەس بەلكى، تارىخى قان- قېرىنداشلىقنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا، ئوغۇز ۋە ئۇيسۇنلارغا خاس ئۇچۇرلارنى پەرىق ئېتىشكىمۇ ئالاھىدە ئىتىۋار بىلەن قارىشىمىز كېرەك.

ئەنۋەر بايتۇر «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» دىگەن كىتاۋىدا «قورىقان» ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە تارىخى ھۆججەتلىرىدە، خۇاشيا قەبىلىلىرى ياشايدىغان ئوتتۇرا جۇڭگو رايوننىڭ غەربى ۋە غەربى شىمالى قىسمى، بولۇپمۇ ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىدىكى يۈيمىنگۈەن (قاشتاش قوۋۇقى)نىڭ غەربىدىكى رايۇنلار، ئومۇمەن «西城» (غەربى يۇرت) دەپ ئاتالغان. تۈركىي تىلدا يېزىلغان قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردا بولسا، بۇ رايۇن «قورىغار» (غەرپ تەرەپ) دەپ ئاتالغان. «قورىغار» دىگەن سۆز جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ تار ۋە كەڭ ئىككى خىل مىنىگە ئىگە. تار مەنىدىن ئېيتقاندا «قورىغار» رايونى پەقەت تەڭرى تاغ، كوئىنلۇن ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئارىلىقى يەنى ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ جۇڭگونىڭ ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردىكى جۇغراپىيىلىك چۈشەنچىگە، سىياسى، ھەربى تەسىر دائىرسىنىڭ كېڭىيىش ئەھۋالىغا ۋە سودا ئالاقىلىرىگە ئاساسەن ھازىرقى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى (جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپى)؛ تەڭرىتاغ ۋە ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى)؛ پامىر، كوئىنلۇن تاغلىرىنىڭ سىرتىدىكى ئىران، يېقىن شەرق (ئەرەپ دۆلەتلىرى)؛ غەربىي ئاسىيادىكى كاپكاز تاغلىرى، كاسپىي دېڭىزى ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى رايونلار؛ جەنۇبىدا بولسا ھازىرقى پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق جايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك قازما ماتىريياللار ۋە يازما تارىخى ماتىريياللارغا ئاساسلانغاندا، «قورىغار» رايونى دۆلىتىمىزدا ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن ياشىغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخى قەدىمكى كونا تاش قۇرال دەۋرىدىن باشلىنىدۇ. يۇقۇردا بايان قىلىنغان ئاتۇش ئادىمى بولسا، ئەنە شۇ «قورىغار» تاش قۇرال دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشىغان ئادەملەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. جۇڭگونىڭ قەدىمكى خەنزۇچە تارىخى ماتىرياللىرىدا بايان قىلىغان رىۋايەتلەردە، «قورىغار» رايونىدىكى ئەڭ قەدىمكى قەبىلىلەر خۇاشيا قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى دەپ ھېساپلانغان خۇاڭدى ۋە كېيىنكى شىيا، شاڭ، جۇۋ

سۇلالىلىرى بىلەن خېلى قويۇق مۇناسىۋەتلەردە بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ...» (169-، 170-بەتلەر). بۇ ماتېرىيالدىكى «قورىغار» (قورىقان)نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كەڭ دائىرىلىك ئۇقۇمى- ئوغۇز، روران (ئۇيغۇر) ۋە ئۇيسۇنلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدىكى بارلىق زېمىن- تېررىتورىيىسىنى كۆرسەتسە؛ «ئۈچ قورىقان» دەل ئەشۇ زېمىننىڭ خوجىدارلىرى ئوغۇز (خۇزخور)، ئۇيغۇر ۋە ئۇيسۇنلارنى كۆرسەتتى. «قورىغار» ۋە «ئۈچ قورىقان»دىن ئىبارەت ئىككى ئاتالغۇ ئىچىدىكى ئاچقۇچلۇق بوغۇم «قور» بولۇپ، ھەتتا ئوغۇز (خۇزخور)، ئۇيغۇر ۋە ئۇيسۇندىن ئىبارەت ئۈچ ئاتالغۇنىڭ ھەربىرىدىمۇ «قور» (xor) بوغۇمى مەۋجۇت. گەرچە ئۇيسۇندا «قور» بوغۇمى بولمىسىمۇ، بىز يۇقۇردا ئوتتۇرغا قويغان («ئۈي» بىلەن «قور»نىڭ مۇناسىۋىتىدە، «ئۈي» تۈردەش ئۇقۇم، «قور» خاس ئۇقۇم.شۇڭا بەزى ۋاقىتلاردا «ئۈي»نى «قور» دەپ چۈشۈنىشكىمۇ، «قور»نى «ئۈي» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ) چۈشەنچىگە ئاساسەن، «قور» ۋاستىلىق ھالدا «ئۇيسۇن»دىكى «ئۈي»دا ئىپادىلەنگەن.

ئەنۋەر بايتۇرنىڭ: «تارىم ئويمانلىقىدا «قورىغار» (ئۈچ قورىقان) رايونى پەقەت تەڭرى تاغ، كوئېنلۇن ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئارىلىقى يەنى ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» دېگەن سۆزىگە ئاساسلانغاندا، تارىم ئويمانلىقىدىكى «قورىغار» (ئۈچ قورىقان) «تارىخى خاتىرىلەر» (407- بەت)دىكى «روران»نى ۋە «روران»دىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. تارىم ئويمانلىقىدا «قور» (xor) نامىدا ئۈچ توپپونومىيىلىك زور ئاتالغۇ تا ھازىرغىچە ساقلانغان. بۇ ئۈچ ئاتالغۇنىڭ بىرىنى غالىپ بارات ئەرك: « مىرەن كونا شەھىرى خارابىسىدىن تېپىلغان تۈبۈت يېزىقىدىكى يازمىلاردا بۇ جايدا يەرلىك ئاھالە (خور (xorلارنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن . ئالىملار تۈبۈتچە يازمىلادىكى (خور (xor لارنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان . يازما پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا كىروران ۋە كورلىنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى غۇر ~ خور(胡)لاردۇر. ئومۇمەن ئالغاندا ‹كورلا› 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمي شەھەردۇر. ئۇنىڭ نامى 2000 يىلدىن بۇيان تۈرلۈك فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىپ ‹كورلا› دېگەن تەلەپپۇز ساقلىنىپ قالغان.» دېگەن خۇشخەۋەر بىلەن كورلا نامىنىڭ تىل يىلتىزى بولغان «قور» ئاساسىنى تېپىپ چىقتى. گەرچە، قەشقەر تارىختا ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئاتالغۇ پامىر تاغلىرىنىڭ شەرقى ۋە غەربى مۇناسىۋىتىدە، ئۇيغۇر نامىدىكى «قور»غا تەققاسلاپ قويۇلغان ئىپتىخارلىق نام. پامىر تاغلىرىنىڭ غەربىگە «كەشمىر» شەرقىگە «قەشقەر» جايلاشقان بولۇپ، بىرى بۇ تاغنىڭ غەربى قېشى (يانباغرى)غا، يەنە بىرى شەرقى قېشى (يانباغرى)غا جايلاشقان بولغاچقا، بىرى «كەشمىر» (كاشمۇر)، يەنە بىرى «قەشقەر» (كاشقور) دەپ ئاتالغان. «قاش- قىرغاق. ھەرقانداق نەرسىنىڭ قېشى، قىرغىقى. يار قاشى- يار قېشى، يارنىڭ قىرغىقى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3- قىسىم، 208- بەت). ئۇيغۇر تىل تاۋۇشلىرىدىكى «ق» بىلەن «ك»نىڭ

ئالمىشىشچانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. «مۇرچ-قارامۇچ (مۇر- قارا)» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- قىسىم، 447- بەت). ئەجداتلىرىمىزنىڭ يەر- جاي نامىنى قويۇش ئەنئەنىسىدە ئىككى ئورۇننىڭ كۆن چىقىش ۋە كۆن پېتىش تەرەپكە جايلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ؛ كۆن چىقىش تەرەپتىكىنى «ئاق»، كۆن پېتىش تەرەتىكىنى «قارا» نام بىلەن قوشۇپ ئاتاش ئادىتى بار. مەسىلەن، يۇرۇڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسى. مانا بۇ ئەنئەنىۋى ئادەت، «قەشقەر» بىلەن «كەشمىر»نىڭ جايلىشىش تەرەپ مۇناسىۋىتىدە ئەكس ئېتىپ، تارىختا بىرى «كاشمۇر»، يەنە بىرى «كاشقور» دەپ ئاتالغان. قەشقەر (كاشقور)دىكى «قور» بىز ئالغا سۈرىۋاتقان ئۇيغۇر نامىدىكى «قور» بولۇپ، «قور- كۆنەلگە» ھەم ئۇيۇتقۇچى ھەم ئاق رەڭدە بولغاچقا، «قور» (ئاق) بىلەن «مۇر» (قارا) سېلىشتۇرمىسى بىلەن مەزكۇر ئىككى يۇرتقا نام بېرىلگەن. ھازىرمۇ قەشقەرنىڭ 30 كىلومېتىر شەرقىدە «ئاققاش» دىگەن بىر يۇرت نامى بار. بۇ يۇرت قەدىمكى «سۇلى» شەھرىنىڭ ئورنىغا جايلاشقان. تارىمنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان خوتەن نامىنىڭ تىل يىلتىزىمۇ «قورتەن» بولۇش ئېھتىمالىغا ئىنتايىن يېقىن. بۇ مۇمكىنلىك بىلەن قارىغاندا «قورتەن- ئۇيغۇر نەسلى» دېگەن مەنانى ئاشكارىلايدۇ. بىز يۇقۇردا «قور» نامىغا يېقىن كېلىدىغان 30 ئاتالغۇنى ئوتتۇرغا قويغان ئىدۇق. ئەمدىلىكتە، كورلا، قەشقەر ۋە خوتەن بىلەن قوشۇلۇپ بۇ ئاتالغۇ 33 كە يەتتى...

«ئۇرخۇن ئابىدىلىرى»دە «ئىلگېرۇ (ilgeru)- شەرق»، «بىرگېرۇ (birgeru)- جەنۇپ»، «يىرگارۇ (yirgaru)- شىمال» دىگەن سۆزلەمدىن باشقا، «قۇرىگارۇ (qurigaru)- غەرپ»، «قۇريا (qurya)» (غەرپ تەرەپ)، «قۇردىن (qurdin)» (غەرپتىن) دېگەن سۆزلەملەر يەنىلا ئۇيغۇر ۋە ئوغۇزلارنىڭ تىل يىلتىزى «خۇزخۇر»دىكى «قور»نى ئاساسى مەنبە قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلار ۋە ئوغۇزلار جايلاشقان تەرەپ دىگەن مەنالارنى كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، «qorgan (قورغان)»، « qorg(قەلئە)» ۋە « qorigu (قەلئە قاراۋۇلى)» دېگەن ئاتالغۇلارمۇ ئائىلىلەرنى بىرلىك قىلغان ھالدىكى دەسلەپكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ «قور- كۆنەلگە»دەك ئويۇشۇشچانلىقىدەك، قەۋم ۋە مىللەت بىرلىكىنىڭ ئاساسى- ئائىلە بىرلىگى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. ھەتتا، بىز بۈگۈنكى كۈندىمۇ كوللىپتىپ ئۇسۇل ۋە كوللىكتىپ ناخشا ئېيتىشنى «خور» (قور) ئورۇنلاش دەپ ئېيتىمىز. بۇ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر توپىنىڭ ئويۇشۇپ، بىرلىشىپ سۆز ۋە ھەركەت بىرلىكىنى پەيدا قىلىشتىكى «خور» بولسا كېرەك. بىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىنى شۇكى، 11-رەسىمدىكى قىيا سىزمىلىرىدىكى «خور» (قور) ئورۇنلاش پائالىيىتىدۇر.

11-رەسىم قۇتۇبى ناھىيىسى قىزىلتاش قىيا سىزمىلىرىدىكى خور ئورۇنلاش پائالىيىتى




تاڭ دەۋرى شائىرلىرىنىڭ «قور» نامى ئەكس ئەتكەن شېئىرلىرىغا قاراپ باقايلى:

چىگرا ناخشىسى (ۋاڭ چاڭلىڭ)

(تاكى خەن، چىن دەۋرىدىن قورۇلغا نۇر سەپتى قەمەر،) «秦时明月汉时关，»

(يانمىدى چىگرا تامان كەتكەنلىمۇ بىرىپ خەۋەر.) «万里长征人未还。»

(ھەددى يوق خور ئېتىنىڭ ئۆتمەككە يىنشەندىن قەدەم،) «但使龙城飞将在，»

(بولسىلا لى گۇاڭ كەبى سەركەردىمىز بىزدە ئەگەر.) «不教胡马度阴山。»

چېگراغا ھال سوراپ بارغاندا (ۋاڭ ۋېي)

(ھارۋىدا جۈيىيەننى يول ئۆتەڭ قىلىپ،) «单车欲问边，»

(ئەلچى بوپ چېگراغا ماڭدىم ھال سوراپ.) «属国过居延。»

(بارىمەن تۇرنا، بېسىلغاقتەك ئۇچۇپ،) «征蓬出汉塞，»

(خەن يېرىدىن خور دىيارىغا ئۇزاپ.) «归雁入胡天。»

يېقىنقى زامان جۇڭگو، چەتئەل تارىخچىللىرى ۋە تىلشۇناسلارنىڭ ئۇيغۇر نامىنىڭ جۇڭگو تارىخى مەنبەلىرىدە خاتىرىلىنىشىنى مۇنداق تۈگەللىدى: «يۈەنخې (袁纥)»، «ۋېيخې (韦纥)»، «خۇيخې

(回纥)»، «خۇيخۇ (回鹘)»، «خۇگۇ (护骨)»، «ۋۇگۇ (乌护)» ۋە «ۋۇخې (乌纥)» قاتارلىقلار. بىز يۇقارقى قارىشىمىز بويىچە «خۇخۇر» ئوغۇزلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىغىنىمىزدا، ئىككى ئاتالغۇ (回纥، 回鹘) «خۇزخۇر» نامىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى تىرانسىپكسىيىسى بولۇشى مۇمكىن. ھەرھالدا يەتتە ئاتالغۇنىڭ ئىچىدىكى بەش ئاتالغۇنىڭ «قور» نامىنى كۆرسىتىشچانلىقى يۇقۇرى. لېكىن، ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر نامىنى كۆرسىتىدىغان، «گۇيگۇ (瑰古)»، «ۋۇگې (乌鸽)»، «خۇي خېئېر (辉和尔)»، «خۇيخې (辉和)» ، «ۋېيۋۇ (畏吾)»، «ۋېيۋۇ (伟兀)» «ۋېي ۋۇئې ر(畏吾而)» «خۇي جياڭ (回疆)» «خۇي بۇ (回部)»، «چەنخۇي (缠回)» «خۇيخۇي (回回)» قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ يىراق تارىختىكى «قور» نامىنى ئەكس ئەتتۈرىشى بارغانسىرى غۇۋالاشتى. ئەگەر بىز، ئىلگىركىدەك ئوغۇز، ئۇيغۇر ۋە ئۇيسۇن نامىنىڭ تولۇق ئاتىلىشىنى خەنزۇچە تارىخى مەنبەلەردىن ئىزدەيدىغان بولساق، بۇ، مەسىلە ناھايىتى ئاددى قارىغانلىق بولۇپ قالىدۇ.

خەنزۇچە تارىخى مەنبەلەردە، ئۇيغۇردىكى «قور» بىلەن ئوغۇزدىكى «غۇز»، ئۇيغۇردىكى «ئۇي» بىلەن ئۇيسۇندىكى «ئۇي»نىڭ خەنزۇ تىلى تىرانسىپكسىيىسىدىكى ئوخشاشلىق، بۇ ئۈچ ئاتالغۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخى دەۋرلەردە ھەرخىل تەرىزدە ئاتىلىشىنى ئايرىۋاشلاشتا، بىزگە يېتەرلىك قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ. لېكىن، ئوغۇز، ئۇيغۇر ۋە ئۇيسۇنلارنىڭ تارىخى يىلتىزداشلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ ھېچقانچە گەۋدىلىك مەسىلە ئەمەس. ئەجداتلىرىمىز بۇ ئۈچ چوڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى «ئۈچ قورىقان- قور نامىلىق ئۈچ قېرىنداش» دەپ ئاتىغان ئىكەن، بىزمۇ بۇ ئەنئەنىۋى ئاتاشنىڭ تارىخى ھوزۇرى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىشىمىز ئەجدات روھىغا مۇخالىپ بولمىسا كېرەك. «تارىخي خاتىرىلەر»دىكى يەر-جاي نامى ۋە تارىخى شەخسلەر ئىسىملىرىنىڭ ئىچىدىكى «قور»نىڭ تىرانسىپكسىيىسى بويىچە ئېلىنغان خەنزۇچە خەتلەر: «كۇي (愧)»، «كۇ (喾)»، «گۇي (鬼)»، «خۇ (胡)»، «خۇۋ (后)»، «گاۋ (高)»، «خۇن (浑)»، «گۇڭ (共)»، «گۇڭ (工)»، «گۇن (鲧)»، «خۇي (会)»، «خۇ (壶)»، «گوۋ (钩)»، «خۇ (户)»، «گۇ (觚)»، «كۇن (昆)»، «خې (赫)»،«خوۋ (侯)»، «گۇڭ (公)»، «گاۋ (镐)»، «خې (河)»، «خۇ (湖)»، «كوڭ (孔)»، «گې (葛)»، «گۇي (邽)»، «گۇي (归)»، «خۇي (回)»، «گۇي (桂)»، «كۇەي (哙)»، «گۇەن (灌)»، «گوۋ (勾)»، «خۇ (狐)»، «خۇي (惠)»، «گۇ (谷)»، «گۇ (孤)»، «خې (貉)»، «خې (纥)»،«گۇ (骨)» ۋە «گۇ (鹘)» قاتارلىقلار بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق يېشىچە قاراشنى ئوتتۇرغا قويۇشىمىزنىڭ ئاساسى سەۋەبى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ ئەمەلدارلىرى ئىچىدە باشقا مىللەت كىشىلىرى بولغان بولسا، ئۇلارغا يېڭى ئىسىم ھەدىيە قىلىنىپ، ھەدىيە قىلىنغان ئىسىمدا ئەمەل نامى ۋە مىللەت ئايرىمىسى قىسقارتىلما ئىسىم قىلىناتتى. دىمەك، «قور» نامىنى ئىپادىلەش مۇمكىنچىلىكى بولغان خەنزۇچە تاق سۆزلەرنىڭ كىشى ئىسىملىرى، يەر- جاي نامى ۋە ھەرخىل ھۈنەر- سەنئەت ئاتالغۇلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغانلىرىنى قېزىپ چىقىش ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر نامىنى ئوغۇزخان قويغانكەن، ئوغۇزخاننى مۇئەييەن زامان ھالقىسىغا ئېگە قىلىش، ئۇيغۇر نامىنىڭ قويۇلغان ۋاقتىنى تەخمىنلەشتىكى بىردىن-بىر توغرا ئۇسۇل بولۇشى مۇمكىن. شۇ ۋەجىدىن ئەبۇل غازى باھادىرخان بىلەن مۆجىزى ئوغۇزخاننىڭ ياشىغان دەۋرى ھەققىدە توختۇلۇپ، بىرى: «ئەجداتلىرىمىز بۇ زېمىندا ياشاۋاتقىنىغا ئالتە مىڭ يىلدىن ئاشتى» («تەۋارىخى مۇسقىييۇن»، 51-بەت) دېسە؛ يەنە بىرى: «ئوغۇزخان بەيغەمبىرىمىزدىن تۆت مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن.» دېگەن قاراشنى ئالغا سۈردى. بىرى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدنىڭ ياشىغان دەۋرى مىلادى 7- ئەسىرنى بەلدەم قىلغان بولسا، يەنە بىرى، مىلادى 16- ئەسىرنى بەلدەم قىلغان. ئەگەر بىز 7- ئەسىردىن ئىلگىرىكى ۋاقىتنى تۆت مىڭ يىل دەپ قارىساق، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3400 يىل بىلەن مىلادىدىن كېيىنكى 2012 نى قوشساق 5412 يىل بولىدۇ؛ 16-ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئالتە مىڭ يىل بىلەن 16- ئەسىردىن كېيىنكى 500 يىلنى قوشساق 6500 بولۇپ قالىدۇ-دە ئىككىسىنىڭ قارىشىدا 1100 يىل پەرق شەكىللىنىپ قالىدۇ. بۇ ئىككى خىل قاراش ئىچىدە، ئەبۇل غازى باھادىرخاننىڭ ئوغۇزخاننى 5412 يىل مۇقەددەم قىلىپ تەخمىنلىشى، تۈركى مىللەتلىرى تارىخىدىكى شاھلار نەسەبنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆزنىڭ قارىشىنى تۆۋەندىكىدەك دەلىل كۆچىگە ئېگە قىلغان:

«شاھ مەلىكىنىڭ... باشچىلىقىدا ئىراققا كەتكەن سالۇر خەلقى كۆپ يىللار ئۇ يەردە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇگۇرجىق ئاتلىق بىر ئېسىل يىگىت پەيدا بولدى. تۈركمەنلەرنىڭ تارىخ بىلىدىغان كىشىلىرى ئۇگۇرجىق ئالىپنى ئون ئالتە ئەۋلاد ئاۋۋالقى ئوغۇزخانغا ئۇلاشتۇرۇپ شۇنداق سانايدۇكى: ئۇگۇرجىق ئالىپ، ... قازان ئالىپ... تاغ خان، ئۇنىڭ ئاتىسى ئوغۇزخان. بۇ سۆز تامامەن يالغاندۇر. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئوغۇز زامانىدىن تا بۇ ۋاقىتقا قەدەر بەش مىڭ يىل ئۆتتى. ئۇگۇرجىق زامانىدىن تا بۇ ۋاقىتقىچە بەش يۈز يىل، ئالتە يۈز يىل ئۆتتى. ئوغۇز بىلەن ئۇگۇرجىقنىڭ ئارىسى تۆتمىڭ تۆت يۈز يىل. ئون ئالتە ئەۋلاد تۆت يۈز يىلدا، ھەرقانچە بولسىمۇ تۆت يۈز ئەللىك يىلدا ئۆتۈپ بولىدۇ. خوش، ئۇگۇرجىقنىڭ قالغان تۆت مىڭ يىلدا ئۆتكەن ئاتىلىرىنىڭ ئېتى قېنى؟ بۇ يېزىلغان ئون ئالتە كىشىنىڭ ئوغۇز ئوغۇللىرى بولغىنى توغرا ۋە ئۇگۇرجىقنىڭ ئاتىلىرى بولغىنىمۇ توغرا. ئەمما قايسى كىشى قوۋم ئىچىدە مەشھۇر بولسا شۇ كىشىنى يازغاندۇر. ئاللاھ بىلىدۇكى، بۇ يېزىلغان كىشىلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئارىسىدا ئون بەش ۋەيا يىگىرمە كىشىنىڭ ئېتى يېزىلماي قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى، ئوغۇز بىلەن ئۇگۇرجىقنىڭ ئارىسىدا تۆت مىڭ تۆت يۈز يىل ئۆتكەن. ھەرمىڭ يىلدا قىرىق ئەۋلاد ياشاپ ئۆتسە، ئىككى يۈز ئەۋلات ئۆتكەن بولىدۇ. بەس، بۇمۇ يالغانچىلىق بولارمۇ؟ ... ئوغۇزخان بەيغەمبىرىمىزدىن تۆت مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن. قازان ئالىپ پەيغەمبىرىمىزدىن ئۈچ يۈز يىل كېيىن ئۆتكەندى. ياشانغان چېغىدا مەككىگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلدى. ئۇ ھالدا سالۇر قازان ئالتە ئەۋلادتا ئوغۇزخانغا قانداق ئۇلىشار ؟ يەنە سالۇر قازان

قايى قورقۇت ئاتا بىلەن بىر زاماندا ئىدى...» («شەجەرەئى تەراكىمە»، «بۇلاق»، 1999- يىللىق 3-سان، 115-116-بەت).

ئەبۇل غازى باھادىرخان ئوغۇزخاننىڭ دەۋران سۈرگەن پەيتىنى ئۆزى ياشىغان دەۋر (مىلادى 17-ئەسىر)دىن بەش مىڭ يىل ئىلگىرى قىلىپ كۆرسىتىشتە نېمىنى ئاساس قىلغانلىقىنى پەرىق قىلالمىغان تەتقىقاتچىلار، بۇ خىل ھۆكۈمنى ئاساسسىز، دەلىلى قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس-دەپ گۇمانلاندى. نامازنى تەرك قىلمايدىغان، تەرەت ئېلىپ پاكلانغاندىن كېيىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، يېزىقچىلىققا تۇتىنىدىغان ئەبۇل غازى باھادىرخاندەك مۆتىۋەر دۆلەت ئەربابىنىڭ «ئاللاھ بىلىدۇكى» دېگەن سۆزنىڭ قانداق قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققىدىغانلىقىنى ھەرقانداق كىشى پەرەز قىلالايدۇ- ئەلۋەتتە. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىنىڭ ئاساسى ھۆلى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن كەلگەنلىكى ئېھتىمال:

بىرىنچى، ئەبۇل غازى باھادىرخان شاھ ئەۋلادى بولغاچقا، تۈركى مىللەتلىرى تارىخىدا ئۆتكەن شاھلار تارىخى، نەسەپ خاتىرىسى تەرىزدە ساقلىنىپ قالغان بولسا، ئەشۇ ماتېرىيالنى مەنبە قىلغان بولىشى مۇمكىن. ئىككىنچى، ئەبۇل غازى باھادىرخان، ئوبول قاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدىكى ئىران پادىشاھلىرىنىڭ سەلتەنەت سۈرگەن يىللار ھىساۋىنى ئاساس قىلغان بولىشىمۇ مۇمكىن. «شاھنامە»نىڭ مۇقەددىمە ئىلاۋىسى ئۈچۈن يېزىلغان («شاھنامە»نىڭ تېماتىكىسى ۋە تۈزۈلىشى)دە، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ: « ‹شاھنامە› چوڭ ھەجىملىك داستانلار تۈركۈمى بولۇپ... مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3223- يىلدىن مىلادىنىڭ 651-يىلىغىچە... بولغان 3874 يىللىق رىۋايەت ۋە ھېكايەت سۆزلەنگەن.» («شاھنامە»، 3- بەت) دېگەن سۆزىدىكى، «مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3223 يىل» بىلەن ئەبۇل غازى باھادىرخاننىڭ ۋاستىلىق ھالدا، ئوغۇزخان مىلادىدىن 3400 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن دېگەن سانلىق مەلۇمات 177 يىل پەرىق بىلەن، ئىككىلا شەخسنىڭ يىل ھىساۋى ئاساسەن بىردەك. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخان پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يات قەۋم ۋە يات ئەلدىن «سىندۇ»، «تاڭغۇت» ۋە «شاغام» تەرەپلەرگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. بۇ يەردىكى «شاغام» غەرپ تەرەپتىكى ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان ئامۇ دەرياسىنى، ياكى ئامۇ دەرياسىغا 500 كىلومېتىر كەلمەيدىغان ئىراننىڭ شەرقى چېگراسىغا تۇتاش «ئاشغابات»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن. دېمەك، ئوغۇزخان ئىران زېمىنىغا بېسىپ كىرگەن ۋاقىت، ئىراننىڭ تۇنجى پادىشاسى «كەيۇمەرس» سەلتەنەتى بولۇپ، ئۇرۇشتا «كەيۇمەرس»نىڭ شاھزادىسى سىيامەك ھالاك بولغان. بۇ ۋاقىتتا ئىرانلىقلارنىڭ ئوغۇزلارغا قويغان ھاقارەتلىك نامى «ئەھرىمەن دىۋە» بولۇپ، «شاھنامە»دىكى تۆۋەندىكى بايانلار بۇ قارىشىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ:

قاتا- قاتار يىللار ئۆتەر باشلىدى،
شەھريار دۆلتى گۈللەپ ياشنىدى.
دۇنيادا يوق ئىدى ئاڭا بىر دۇشمەن،
ئامما پىنھان ئىدى دىۋە ئەھرىمەن.
ئەھرىمەن دىلىدا پايانسىز ھەسەت،
يامانلىققا ئاستا كۆتىرەتتى قەد.
بۆرە بالىسىدەك ئوغلى بار ئىدى،
ۋەھشىيلىك يىرتقۇچلۇق ئاڭا يار ئىدى.
شاھزادىگە چاڭگال سالدى ئەھرەمەن،
مىجىلدى، ئېزىلدى كۈلدەك بۇ بەدەن.
(«شاھنامە»، 2-، 3- بەتلەر)
يامانلىققا ماڭدى پەرزەنتى ئۇنىڭ،
نۇمۇسنى ئۇنتىدى ۋارىسى ئۇنىڭ.
ئاتىسى قېنىغا بۇلغاندى يۈزى،
ئەسكە چۈشتى دانا قېرىنىڭ سۆزى:
«پەرزەنت بولسا ھەكمى شىر كەبى گۈشنا،
ئاتىسى قېنىغا بولمىغاي تەشنا.
ئەگەر باشقىچىرەك بولۇپ چىقسا ئىش،
سىرىنى ئانىسىدىن كېرەكتۇر بىلىش.»

(«شاھنامە»، 12- بەت)

پەرزەنتسىزلىكتىن كۆپ ئازاپ چېكىپ سام،
دەرت چېكىپ، دىلىغا ئىزدەيتتى ئارام.
بىر بوۋاق تۇغۇلدى ئاخىر ئانىدىن،
قوياشتەك نۇر چاچار ياتقان جايىدىن.
ھۆسنىدە، چىرايىدا ئالەمدە بىر تاق،
ئەمما ئەيىبى بار، چاچلىرى ئاپپاق.
«جۈپتى ھالالىڭدىن تۇغۇلدى» دەپ چال،
سامغا ئېيتىشقا يوق ھېچكىمدە ماجال.
غۇلچىنى ئاسمانغا يېيىپ سام پېقىر،

ياراتقانغا ندا ئەيلەپ قىلدى پىكىر:
«ئەگەر قىلغان بولسام مەن ئېغىر گۇناھ،
دىۋىلەرگە ئەگەشكەن بولسام گەر، گۇناھ.
بۇ شەرمەندىلىكتىن سىقىلدى جېنىم،
نۇمۇستىن تومۇردا قاينايدۇ قېنىم.
بۇ بالا مىسالى كىچىك ئەھرىمەن،
كۆزلىرى قارايۇ چېچى ياسمەن...»
ياتار پالۋان زاتى، بىگۇناھ گۆدەك،
ئاچا ئاقمۇ بىردەك، قارىمۇ بىردەك.
مېھرسىز ئاتىسى تاشلاپ قىلدى خار،
ئەمما ئەزىزلىدى پاك پەرۋەردىگار.
(«شاھنامە»، 32-، 33- بەتلەر)

«شاھنامە» داستانىدىكى بۇ پارچىلار ئوغۇزلارنىڭ مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 3223- يىللاردا ئىرانلارغا تۇنجى قېتىم تەسىر كۆرسىتىش جەريانى بولىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچىدىن، ئەبۇل غازى باھادىرخان «ئوغۇزنامە»دىكى ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى، بولۇپمۇ ئۆرۈش قۇراللىرى ھەققىدىكى تەسۋىر ئارقىلىق، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ، ئۆزىدىن ياشغان دەۋردىن 4900 يىل ئىلگىرىكى باسقۇچىنى كۆرۈپ يېتەلىگەنلىكىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش كېرەك.

تۆركى خەلقلىرىنىڭ بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن تارىخنامىللىرى بىلەن مىلادىيدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن شەكىللىنىشكە باشلىغان تارىخى داستانلاردا ئىككى خىل ئالاھىدىلىك ئەكس ئەتكەن؛ تارىخنامىلەرنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئىنسانىنىڭ يارىلىشىغا ئائىت تەپسىلاتلار بېرىلگەندىن سىرت، ئىنسان ئېپتىداسىدىكى مۇئەييەن قەبىلە ۋە مىللەت يىلتىزىنى، ياراتقۇچىنىڭ ئەلچىلىرى (پەيغەمبەرلىرى)گە باغلىغان بولسا؛ تارىخى داستانلاردا ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن ھالقىسى يورۇتۇلغان. تارىخى داستانلاردىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك، ئۇنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىدە ئىنسانىنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاستىسى تىل شەكىللەنگەندىن كېيىنلا باشلانغانلىقىنى، شۇنداقلا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرىنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تارىخنامىلەردىن تولىمۇ مۇقەددەملىكى ۋە چىنلىقىنى ئىپادا قىلىدۇ.

«ئوغۇزنامە»نىڭ ئومۇمى مەزمۇنىدا ئوغۇزخاننىڭ ئاتىسى قىلچە تىلغا ئېلىنماي، ئەكسىچە، ئوغۇزخاننىڭ ئانىسى بولغان «ئايخان» دېگەن ئىسمغا «ئاي» بىلەن «خان» (پادىشاھ) نامى قوشۇلۇپ، ئايال زاتىنىڭ پادىشا بولغانلىقىدەك، ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئانا ئۇرۇقى جامائەسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. «... بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورۇدى، ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى... بۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئوغۇزىنى بىر قېتىم ئېمىپلا، ئىككىنچىلەپ ئەممىدى.» دېگەن بايان ئارقىلىق «ئوغۇزخان» ئانا ئۇرۇقى جامائەسىگە ئىسيانكارلىق يولىنى تۇتقان. تارىختىن رىياللىققىچە، جانلىقلار دۇنياسىدىن ئاڭلىق ئىنسانلارغىچە، ئانىنىڭ ئىللىق باغرىدىن ئۆزىنى تارتىپ، بىر قېتىم ئېمىپلا قايتا ئېمىشنى رەت قىلىپ، ئانىغا ۋاپاسىزلىق ۋە تۇزكورلۇق قىلغان ئوغۇلنى پەقەت ۋەپەقەت «ئوغۇزنامە»دىلا ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئۇ، رىيال تۇرمۇشتا كۆرۈلىشى مۇتلەق مومكىن بولمايدىغان، بولۇپمۇ، ئەمدىلا تۇغۇلغان ئاڭسىز بوۋاقلاردا تېخىمۇ كۆرۈلمەيدىغان ھادىسە. بۇ بايان، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئانا ئۇرۇقى جامائە ھۆكۈمرانلىقىدىن ئاتا ئۇرۇقى جامائە ھوكۇمرانلىقىغا ئۆتىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن باشقا ھېچقانداق ئەملى قىممىتى يوق. بۇ مۇناسىۋەتتە، ئەجداتلىرىمىزنى «ئوغۇزنامە»داستانىدا، بەدىئي ئېپادىلەش جەھەتتە يۈسەك پەللە ياراتقان تىل ئۇستىللىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، ئانىنىڭ ئوغۇز سۈتىنى بىرلا قېتىم ئېمىپ، قايتا ئېمىشنى رەت قىلغان ئوغۇلغا «ئوغۇز» دەپ ئىسىم قويۇش بولسا كېرەك. بۇ، ئوغۇل ئانا ئۇرۇقى جامائە تۈزۈمىنى كەسكىن رەت قىلىسمۇ، ماھىيەتتە، گىن، ئىرسىيەت ۋە ئۇدۇم ئۇلاش قىممىتىدە، ئەجداتلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتا، «ئوغۇز» تېخىمۇ ئۇلۇغلانغان ھالدا، «ئوغۇزخان»دەپ ئاتالغان بولىشى مۇمكىن. تېخىمۇ ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى: «... كۆك بۆرى بولسۇن ھەم ئۇران... ئۇ يورۇق ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرى چىقتى... ئوغۇز خاقان ئەركەك بۆرىنىڭ لەشكەرلىرى ئالدىدا يول باشلاپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ شاتلاندى...» قاتارلىق بايانلاردىكى بۆرە تۇتىمى ئارقىلىق «ئوغۇزخان»، ئانا ئۇرۇقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى «... ئاشۇنداق بولسۇن دېيىشتى؛ ئۇنىڭ تۇرقى مانا مۇنداق<بۇ قۇرنىڭ ئاستىغا بىر كالىنىڭ رەسمى سىزىلغان> شۇندىن كېيىن شاتلىققا مۇيەسسەر بولدى...» دېگەن- رايىش، يۇۋاش ئوتخور ھايۋان كالىنىڭ سىياقىدىن ھالقىپ، گۆشخور، يىرتقۇچ بۆرە سىياقىغا كىرگەنلىكىدە. دېمىسىمۇ، ئانا ئۇرۇقى جامائەسى ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىنى ئىنسانلار جەمئىتىنىڭ تىنچلىق مەزگىلى؛ خۇددى كالىنىڭ سۈت بەرگىنىگە ئوخشاش ئىنسانىنى ئاپىرىدە قىلىش ۋە ئۇنىڭ تولۇق يېتىلىشى ئۈچۈن ئوزۇقلۇق يەتكۈزگۈچى پەرىشتە سۈپەتلىكى؛ ئاتا ئۇرۇقى جامائەسى ھۆكۈمرانلىقى دېيىلگەندە- ئەرلەر ۋە ئاتىلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى، غەيۇر ۋە كۈچتۈڭگۈرلىكى، خۇددى بۆرىگە ئوخشاش يىرتقۇچ، ئوۋلىغۇچى ۋە بويسۇندۇرغۇچى رەۋىشتە بولىشى تەبىئى. ئۇنداق بولمىغاندا، «ئوغۇزخان» قەھرلىك ئەر (كۆك بۆرە) سۈپەت، دەبدەبىلىك تۇنجى يۈرىشنى باشلىماس ئىدى. بۇ جەھەتتە، «ئوغۇزنامە»نى نوقۇل رىۋايەت ۋە ئېپوس پۈچەكلىكىدىن، تۈركى قەۋملىرىنىڭ

ئانا ئۇرۇقى جامائە تۈزۈمدىن ئاتا ئۇرۇقى جامائە تۈزۈمگە ئۆتۈپ، مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەجدات سالاھتى ھازىرلانغان، ئەڭ قەدىمى ئېتنىك قامۇس يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى ئوبىكتىپ تارىخى ھەقىقەت. كونا تاش قۇرال دەۋرى ئىپتىدائى ئىنسانلارنىڭ پادىلىق ئىجتىمائى تۈزۈمنى ئەكس ئەتتۈرسە، يېڭى تاش قۇرال دەۋرى ۋە قىسمەن سانجىغۇچى قۇراللار ("جىدا" -تاش، سۆڭەك ۋە ياغاچتىن ياسالغان قىسقا قوزۇقسىمان نەيزە)نىڭ ياسىلىشى، ئوقيا، بال-بال قورچاقلار، ھەم قىسمەن يۇۋاش، رايىش (قوي،كالا پادىلىرى) ھايۋانلارنىڭ تۈنجى قەدەمدە كۆندۈرىلىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئانا ئۇرۇق جامائەسى ئىجتىمائى تۈزۈمنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سىپتا تاش قۇراللار بىلەن تۇچ قۇراللار (ئېنېلوئىت)، ئالتۇن بويۇملار بىلەن مىس ۋە تۇچ قۇراللار (بىرونزا) ۋە ئاندا- ساندا تۆمۈر قۇراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى، جۈملىدىن چارۋىچىلىق كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ياۋىلىغى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان ئاتنىڭ كۆندۈرۈلىشى قەدىمقى مەركىزى ئاسىيا تۈركى مىللەتلىرى ئاتا ئۇرۇقى جامائەسى ئىجتمائى تۈزۈمىنىڭ دەسلەپكى روشەن بەلگىلىرىدىن ئىدى.

«ئوغۇزنامە»دىكى: «...ئوغۇز خاقان...قىئاتنى ئوۋلىماقچى بولدى... نەيزە، ئوق، يا، قىلىچ، قالقان ئېلىپ ئاتلاندى...قىئات...گەرچە تۆمۈردەك قاتتىق بولسىمۇ نەيزەم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى...» دېگەن قۇرال- ياراق تەپسىلاتىدىن، ئوغۇزلارنىڭ ئەجدادىدىن تارتىپ نەيزە، ئوق، يا، قىلىچ ۋە قالقانلارنى ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەنلىكىنى، پەقەتلا تاياق ئۇچىغا بېكىتىلگەن تاش، سۆڭەك، تۇچ ۋە مىستىن سىلىقلاپ (سۈركەپ) ئۇچلانغان نەيزىنى ئىشلىتىشلا ئەمەس، بەلكى، ئەڭ ئۆتكۈر تۆمۈر نەيزىنىڭ تۈنجى ئىختىرا قىلىنىشى بىلەن ئوغۇزخان ئۇنى بەدىنى تۆمۈردەك قاتتىق چوڭ ھايۋان قىئاتقا ئىشلىتىش سىنىقى ئېلىپ بارغان. ئۇنداق بولمىغاندا، ئوغۇزخان «... تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان...»دىگەن شۇئارنى توۋلىمىغان بولاتتى. قىممەت نوقتىسىدىن ئېيتقاندا ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئالتۇن بىرىنچى ئورۇندا، كۆمۈش ۋە مىس ئىككىنچى، ئۈچۈنچى ئورۇندا. ئەمما، «ئوغۇزنامە»دىكى «... بۇ ئۆينىڭ تېمى ئالتۇندىن، تۈڭلۈكى كۈمۈشتىن، ئىشىكى تۆمۈردىن ياسالغان ئىدى...» تەسۋىرىدىن: ئالتۇن، كۆمۈشنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىگى، ئالتۇن، كۆمۈشتىن تۆمۈرنىڭ تېخىمۇ ئەتىۋارلىغىدەك تۆمۈر قەھەتچىلىكى ئەكس ئەتكەن. شۇڭا، «ئوغۇزنامە»دە ئالتۇن-زەرگەر ئۇستىسى تىلغا ئېلىنماي، «...تۆمۈر دوقاغۇل...»نى تۆمۈرچى تەرىزدە ئالاھىدا تىلغا ئالغان. «ئوغۇزنامە»دىكى «...ئوغۇزخان بىر چىپار ئايغىر ئاتقا مىنەتتى. ئۇ بۇ ئايغىرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. يولدا بۇ ئايغىر كۆزدىن يۇتتى... مۇز تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇزخان ئۇزۇنغىچە ئازاپ چەكتى.» دىگەن بۇ بايانىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى: "پادىشا مىنگەن ئاتنىڭ قېچىپ كېتىشى ھېچ ئەقىلغا سىغمايدىغان ھادىسە" دىيىشى تۇرغانلا گەپ.

دىمىسمۇ، نەچچە ئون مىڭ ئارغىماقلار ئىچىدىن تاللىنىپ قانچىلىغان سىناقلاردىن ئۆتۈپ، «شاھ تۇلپىرى» سالاھىتىگە ئېرىشكەن ئات، ئالدىدا تۇرغان مول يەم-خەشەككىمۇ پەرۋا قىلماي، «مۇزتاغ ئىچىگە» قېچىپ كىرىپ كېتىشى كىشىنى تەئەججۈپلەندۈرمەي قالمايدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ ئات ئەمدىلا كۆندۈرۈلگەن، بىپايان يايلاقنى كۆرگەندە تۇۋۇتى قىزىپ، كىشنەپ ۋە چاپچىپ، يېشىل يايلاقلاردا يايلىغانلىرىنى ئۇنتىيالمىغان ياۋا ئاتتۇر.

تارىخشۇناسلارنىڭ: «ئاتا ئۇرۇقى جامائە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئانا ئۇرۇقى جامائە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىغا دەسسىشى بۇنىڭدىن تۆت-بەش مىڭ يىللار ئىلگىرى يۈز بەرگەن» دەپ تەخمىنلىشى، «ئوغۇزنامە»نىڭ يۇقارقى ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى تەسۋىرى بىلەن تامامەن بىردەك. ئەمدىلىكتە، ئەبۇل غازى باھادىرخاننىڭ «ئوغۇزخان پەيغەمبىرىمىزدىن تۆت مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن» دىگەن ھۆكمىنىڭ ھەقىقى ۋەزىنىنى تولىمۇ كېچىكىپ چۈشەنگەندەك قىلىمىز.

ئۇيغۇر نامىنى ئوغۇزخان شەخسەن ئۆزى قويغان تۇرۇقلۇق، بۇ مۇبارەك نام نىمە ئۈچۈن ئوغۇزلارنىڭ 22 قەبىلىسى، ياكى توققۇز ئوغۇزلارغا تەئەللۇق بولماي، «تارىخى خاتىرىلەر»دىكى «روران»غا ۋەكىللىك قىلغۇچى ئۇيغۇرلارغا تەئەللۇق بولۇپ قالىدۇ ؟ بۇ سوئالغا ئىككى خىل چۈشەنچە بىلەن قانائەتلىنەرلىك جاۋاپقا ئېرىشىشىمىز مۇمكىن. بىرى، ئوغۇز خاقان تۆت تەرەپكە «مەكتۇپ» ئەۋەتكەندە، ئوڭ تەرەپتىكى «ئالتۇن خاقان» قارشىلىقسىزلا دوسلۇقنى ئىپادىلىدى. ئەمما، سول تەرەپتىكى ئۇرۇم خاقان قارشىلىق بىلدۇردى. ئوغۇز خاقان دەل ئەشۇ «ئۇرۇم خاقان» ۋە «ئۇرۇم» خەلقىنى خۇددى «قور-كۆنەلگە»دەك ئويۇتتۇرۇش مەخسىدىدە ئۇلۇغ يۈرۈشكە ئاتلانغان. مۇشۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇر نامى «ئۇرۇم»لارغا تەئەللۇق بولۇپ قالغان بولىشى مۇمكىن. يەنە بىرى، بىز «ئوغۇزنامە»دىكى مۇنۇ بايانغا قارىساق مەسىلە ناھايىتى ئېنىق چۈشۈنىشلىك بولۇپ قالىدۇ: «... ئوغۇز خاقاننىڭ يېنىدا ئاق ساقاللىق، مۇز چاچلىق، قابىلىيەتلىك بىر قېرى كىشى بار ئىدى. ئۇ بىلەرمەن ۋە لىللا ۋەزىر ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۈرك ئىدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۈمۈش ئوق كۆردى. بۇ ئالتۇن يا كۈن چىقىشتىن تا كۈن پېتىشقىچە سوزۇلغان ئىدى. ئۈچ كۈمۈش ئوقنىڭ ئۈچى شىمالنى كۆزلەپ تۇراتتى... ئوغۇز خاقان... ئالتۇن يانى ئۈچ بۆلەككە بۆلدى ۋە ئېيتتىكى: ‹ھەي ئاكىلار (كۈن، ئاي، يۇلتۇز)، بۇ يا سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن›... ئوغۇز خاقان... ئوقلارنى ئۈچكە بۆلۈپ بەردى، ئېيتتىكى: ‹ھەي ئىنىلەر (ئاسمان، تاغ، دېڭىز)، بۇ ئوق سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن، يا ئوقنى توغرىلايدۇ. سىلەر ئوققا ئوخشاش (ياغا بويسۇنۇڭلار)›... ئوغۇز خاقان ئوغۇللىرىغا يۇرتنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى». ئوغۇز خاقاننىڭ «يا ئوقنى توغرىلايدۇ. سىلەر ئوققا ئوخشاش ياغا بويسۇنۇڭلار» دىگەن بۇ سۆزىدىن، بارلىق زىمىننى ئۈچ قىسمغا بۆلۈپ («يۇقۇرى چىن، ئوتتۇرا چىن ‹ئارچىن›، تۆۋەن چىن ‹ماچىن›)نى («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1-قىسىم، 592-بەت) ئۈچ ئوغلى (كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇز)غا بەرگەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ «ئۈچ

چىن»نىڭ ئىككىسى («تۆۋەن چىن» بىلەن «ئارچىن») «سول تەرەپتىكى ئۇرۇم» تەۋەلىكىدە بولۇپ، ئوغۇز خاقاننىڭ ئىككى ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىلگەچكە، قالغان بىر ئوغلىغا سىلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر نامى ئىككى ئوغلىغا (كۆپ سانلىققا) تېخىمۇ ئۇيغۇن كەلگەن بولىشى مۇمكىن.

بىز «ئوغۇزنامە»دىكى «ئۇرۇم»نىڭ ھازىرقى تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى كۆرستىدىغانلىقىنى دەلىللمەي تۇرۇپ، ئۇيغۇر نامىنى «تارىخى خاتىرىلەر»دىكى «روران»غا تەئەللۇق قىلىپ قويىشىمىز ئاساسسىز بولۇپ قالىدۇ.

«ئوغۇزنامە»نى نەشرگە تەييارلىغۇچى گېڭ شىمىن بىلەن تۇرسۇن ئايۇپ، «ئۇرۇم» ئاتالغۇسىغا سەۋەپسىزلا «شەرقى رىم»نى كۆرستىدۇ-دەپ، ئاددى ھالدىلا ئىزاھات بېرىپ قويغان. ئەمەلىيەتتە «ئۇرۇم» ئاتالغۇسى «ئوغۇزنامە»دىكى «ئالتۇن خاقان» (ئۇيسۇن) نامى بىلەن ياندىش ۋە ئايرىلماس قوش گېزەك، ۋەزنى ئەڭ ئېغىر، زور تارىخى ئاتالغۇ. «ئوغۇزنامە»دىكى ئوغۇز خاقان ئۇلۇق يۈرىشىنىڭ بىردىن- بىر مەقسىدى، ئوغۇزلار بىلەن ئالتۇن خاقان (ئۇيسۇن) ۋە «ئۇرۇم»نىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشىدىكى يىلتىز بىردەكلىگى ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ تارىخى ھەمدەملىكىنى قولغا كەلتۈرۈش. ئوغۇز (تۈركى) قەۋىملىرىنىڭ قەدىمكى شەرقى رىمدىكى ئىتالىيانلار بىلەن قىلچىمۇ تۇققاندارچىلىق مۇناسىۋىتى يوق تۇرۇقلۇق، ئۇلارنى ئوغۇز قەۋملىرى ئىتتىپاقىغا «ئۈچ قورىقان» (ئۈچ قېرىنداش~ 三骨利斡) ۋە «قورىقان» (骨利斡) شەكلىدە كىرگۈزۈش تولىمۇ گۆدەكلىك. ئوغۇز خاقان يۈرۈش لېنيەسىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرپىدە «ئالتۇن خاقان» ۋە «ئۇرۇم خاقان» بولۇپ، «ئۇرۇم»نىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى سول تەرەپكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا «ئوغۇزنامە»دە «سول تەرەپتە ئۇرۇم دېگەن بىر خاقان بار ئىدى» دېيىلگەن. شەرقى رىم ئوغۇزخان يۈرۈش لېنيەسىنىڭ سول تەرپىگە توغرا كېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئوغۇزنامە»دە پۈتكۈل ئوغۇز (تۈركى) قەۋملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يۈرۈشلىرى تەپسىلى سۆزلەنگەن بولۇپ، تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان ئۇرۇش تەپسىلى بېرىلمەي، پەقەت «سىندۇ، تاڭغۇر، شاغام تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ باردى.» دېگەن ئازغىنە قىستۇرما بايان كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا «ئۇرۇم» ھەرگىزمۇ «شەرقى رىم»نى كۆرسەتمەستىن، بەلكى شەكسىز ھالدا ھازىرقى تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىنى كۆرستىدۇ. بۇ ئىككى ئويمانلىق بۇنىڭدىن تۆت- بەش مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا «ئۇرۇم» دۆلىتى (يىپەك دۆلىتى) دەپ ئاتالغان بولۇپ، تارىم ئويمانلىقى «كىن ئۇرۇم»- مەرگىزى يىپەك دۆلىتى («كىروران خانلىقى ~ 楼兰国») («خەنزۇچە- ئۇيغۇرچە تارىخى ئاتالغۇلار لوغىتى»، 199- بەت)، جۇڭغار ئويمانلىقى «ئۇرۇمتاي»- كىچىك يىپەك دۆلىتى («ئۇرۇمتاي خانلىقى~ 轮台国») («خەنزۇچە- ئۇيغۇرچە تارىخى ئاتالغۇلار لوغىتى»، 202- بەت) قاتارلىق كونكرىت ناملار بىلەن مەشھۇر. ئۇرۇمچى نامى ھەققىدىكى ماتىرىياللاردا، «ئۇرۇمتاي» ۋە ئۇنىڭ قىسقارتىلما شەكلى «رۇمتاي»نى ئۇچرىتىمىز. «تاڭنامە»دە ئۇرۇمچىنىڭ ئەشۇ قىسقارتىلما

نامى «رۇمتاي»نىڭ ئەينەن ھالدىكى خەنزۇچە ترانسپكسىيەسى «لۇنتەي» (轮台) نامى تىلغا ئېلىنغان. «تارىخى خاتىرىلەر»دىكى «روران» («楼兰»)، «كۇئىنلۇن~ 昆仑» ۋە ھازىرقى كۇئىنلۇن تاغلىرى (昆仑山) تارىم ئويمانلىقىنى نەزەردە تۇتقان بولۇپ، بۇ ئۈچ ئاتالغۇ «كىن ئۇرۇم»نىڭ خەنزۇچە ترانسپكسىيە قىلىنىشى ئىدى. «كىن ئۇرۇم»دىكى «كىن» ئاتالغۇسى «تارىخى خاتىرىلەر»دە «كۇي~ 隗» بىلەن ئىپادە قىلىنغان. ئەبۇل قاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىدە «كىن ئۇرۇم»دىكى «كىن» ئەينەن ھالدا ئېلىنغان بولۇپ:

تۇتۇپ ھەر تەرەپنى قارا دېۋە- جىن،

تۆگەپ ياخشى ئادەت، ئېلىپ ئەۋج كىن.

(«شاھنامە»، 15- بەت)

«شاھنامە»دىكى «ئەۋج ئېلىپ كىن» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقى مەنىسى تۇرانىنىڭ ئىرانغا تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدۇر. «تۈركى تىللار دىۋانى»دا: «كىن يىپار- كىندىك ئېپار» (1-قىسىم، 442-بەت)دىكى «كىن»نىڭ بەدەنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىندىككە ۋەكىللىك قىلىپ "مەركەز" ۋە "ئوتتۇرا" ئۇقۇمىنى بېرىدۇ. شۇڭا،«تۈركى تىللار دىۋانى»دا «...كۆن چىقىش تەرەپتىكى ھەربىر شەھەر نامىغا "كىن- كەن" سۆزى قوشۇلىدۇ...» (1-قىسىم، 442-بەت)، «ئۇرۇم زۇن- بوياق (يىپەك بويىقى)» (1- قىسىم، 186- بەت) ئىزاھاتلىرى ئارقىلىق بىزگە، «كىن» ۋە «ئۇرۇم» توغرىسىدا تارىخى خاراكتېرلىك خۇشخەۋەر ئاتا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا «كىن»- مەركەز، ئوتتۇرا؛ «ئۇرۇم»- يىپەك دېگەن مۇئەييەن يەشمىلەرگە ئېگە. ھازىرقى ۋاقىتتىكى تىل ئىستىمالىمىزدا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆرۈلگەن ئۇزۇن چېچىنى «ئۆرۈم چاچ» دەيمىز. «ئوغۇزنامە»دىكى «ئۇرۇم» يىپەكنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاددى ۋە قوپال توقۇلىشىغا قاراپ «ئۆرۈم چاچ»تىكى «ئۆرۈم»گە تەققاسلانغان بولىشى مۇمكىن.

شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز كېرەككى، «ئوغۇزنامە»دىكى «ئۇرۇم» نامى «تارىخى خاتىرىلەر»دىكى «روران»غا زىيچىلاشقان ئىكەن. ئوغۇز ئاتىمىز قويغان مۇبارەك ئۇيغۇرنامى «روران» (ئۇرۇم)لىقلار ئېيتىخارىغا تەۋە.

«ئۇيغۇر»دىكى «قور» نامىنى ئوغۇز خاقان قويغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇلۇغ نامىنى پەقەت «ئوغۇزنامە»دىلا ئۇچرىتىپ، باشقا تارىخى مەنبەلەردىن ئۇچرىتىش نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىيىن بولىدۇ ؟ ئوغۇزخاننىڭ تارىختا باشقىچە نامىمۇ بولغانمۇ ؟ بىز تۆۋەندىكى تارىخى ئۇچۇرلارغا قاراپ بۇ مەسىلىگىمۇ جاۋاپ تاپالايمىز:

«تۈركى تىللار دىۋانى»: «ئوغۇز، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى. ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر. ئۇلار يىگىرمە ئىككى ئۇرۇق بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىغا قاراپ تونۇيدۇ...بۇ تامغىلار ئۇلارنىڭ ئات-ئۇلاق ۋە ماللىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئايرىلىشىپ كەتسە، شۇ بەلگىلەرگە قاراپ تونۇۋالىدۇ...بۇ ئېيتىلغان ئۇرۇقلارنىڭ ناملىرى ئۇلارنى قۇرغان ئەڭ قەدىمقى بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرىدۇر... ئۇلار ئۆز ناملىرىنى قەدىمقى ئاتا-بوۋىلىرىغا قاراپ شۇنداق يۇرگىزىدۇ.»(1-قىسىم، 77-80-بەتلەر).

«تۈركى تىللار دىۋانى»: «ئاتاساغۇن- تېۋىپ.» (1- قىسىم، 117- بەت).

«...ئوغۇزلار ناھايىتى ھاكاۋۇر، ئۇرۇشقاق ۋە قارانىيەت. قىش-ياز ئوت، سۇ قوغلىشىپ يايلاقلاردا كۆچۈپ ياشايدۇ. يايلاقلىرى ئات، كالا، قوي، قۇرال-ياراغ ۋە ناھايىتى ئاز ساندىكى ئوۋ ئولجىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلاردا سۆدىگەرلەر كۆپ، ئوغۇزلارنىڭ ياكى سودىگەرلەرنىڭ بارلىق ياخشى نەرسىلىرى، مەيلى نېمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئىتتقات قىلىش ئوبيېكتى ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار تېۋىپلارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ، مەيلى قەيەردە ئۇچرىشىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپ ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. بۇ تېۋىپلارمۇ ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە مۈلكىنى كونتۇرۇل قىلىپ تۇرىدۇ. ئوغۇزلارنىڭ بازىرى يوق، لېكىن ئۇلاردىن چېدىرلاردا ئولتۇرىدىغانلار كۆپ. ئۇلارنىڭ قۇرال-ياراغ ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى بولۇپ، جەڭلەردە ناھايىتى باتۇر. قەھرىمان كېلىدۇ. ئۇلار ئىسلام ئەللىرىگە ئۆزلۈكسىز ھوجۇم قىلىدۇ. ئۇلار ئۇرۇش يولىدا قانداق نەرسە ياكى ئادەم بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ ماڭىدۇ. ئاندىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن چېكىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىر قەبىلىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا قەبىلە سەردارى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جېدەل- ماجرالارنى ھەل قىلىدۇ.» («ھۇدۇدۇلئالەم»، «19-باپ. ئوغۇز دۆلىتى توغرىسىدا»، 130-بەت).

«بۇ يەرنىڭ شەرقىدە جۇڭگو، جەنۇبىدا تىبەتنىڭ بىر قىسىم جايلىرى ۋە قارلۇق زېمىنى، غەربىدە قىرغىزلار بولۇپ، ئۇلار توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پۈتكۈل زېمىنىغا جايلاشقان. تۈركلەرنىڭ نۇرغۇن دۆلەتلىرى ئىچىدە بۇ دۆلەت ئەڭ چوڭ، توققۇز ئوغۇزلار بۇرۇندىنلا ئادەم سانى ئەڭ كۆپ خەلق ئىدى. قەدىمكى زاماندا پۈتكۈل تۈركىستاننىڭ خانلىرى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن چىقاتتى. ئۇلار ئۇرۇشقا ماھىر مىللەت، ناھايىتى كۆپ قۇراللىرى بار.» («ھۇدۇدۇلئالەم»، «12-باپ. توققۇز ئوغۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ بازارلىرى توغرىسىدا»، 116-بەت).

«ياغمىلار دۆلىتىنىڭ شەرقىدە توققۇز ئوغۇز دۆلىتى، جەنۇبىدا (؟) خورانگىن دەرياسى بار. بۇ دەريا كۇچا دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. غەربىدە قارلۇق دۆلىتىنىڭ چېگرا رايونلىرى بار. بۇ دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىقى

تازا روناق تاپمغان، براق يۈك- تېره كۆپ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئوۋ ئولجىسى كۆپ. ئۈلارنىڭ بايلىقى ئات ۋە قوي، ئادەملىرى قەيسەر، كۈچلۈك، ئۇرۇشخۇمار؛ قۇراللىرى ناھايىتى كۆپ، ئۈلارنىڭ پادىشاھى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى بىر قوۋمدىن. ياغملارنىڭ نۇرغۇن قەبىلىسى بار، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۈلاردىن نامدار 1700 قەبىلە بار ئىكەن. ئۈلار مەيلى تۆۋەن تەبىقىدىكەر بولسۇن ياكى ئاقسۆڭەكلەر بولسۇن پادىشاھىنى ھۆرمەت قىلىدۇ...» («ھۇدۇدۇلئالەم»، «13-باپ. ياغملار دۆلتى ۋە ئۈلارنىڭ بازارلىرى توغرىسىدا»، 119-بەت ).

«تۈركى تىللار دىۋانى» ۋە «ھودۇدۇلئالەم»دىكى ئۇچۇرلاردىن مەلۇمكى، قەدىمكى جەمئىيەتتە كىشلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى كونتۇرول قىلغۇچىلار دىندارلار بىلەن پادىشاھلاردۇر. «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى «ئاتاساغۇن- تىۋىپ» بىرلا شەخس بولغان ئىكەن، ئۇ چوقۇم ھەم دىندار ھەم پادىشاھ سالاھىيتىدىكى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ شاھ ئاتىسىدۇر. «دىۋان»دىكى «خان- تۈركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ پادىشاھى. ئەفراسياپنىڭ ئوغۇللىرىمۇ" خان " دىيىلىدۇ. ئەفراسياپنىڭ ئۆزى " خاقان " دىيىلىدۇ.» دېگەن سۆزدىن مەلۇمكى، تۈركىي مىللەتلىرىدىن بىرىنچى بولۇپ «خان» سالاھىيتىنى ھازىرلىغان كىشى «ئوغۇزنامە»دىكى «ئوغۇرخان»دۇر. «ئوغۇزنامە»دە تەسۋىرلەنگەن «ئوڭ تەرەپتىكى ئالتۇن خاقان» بىلەن «سول تەرەپتىكى ئۇرۇم خاقان»نى تۇنجى قېتىم بىرلەشتۈرگۈچى دەل «ئوغۇزخان». «ئوغۇزخان» تۈركلەر تارىخىدا «ئاتاساغۇن»دىن ئىبارەت بۇ تارىخي شەخسكە ئەڭ مۇۋاپىق نامزات بولالىشىدا ئىختىلاپ بولمىسا كېرەك. «ئاتاساغۇن»دىكى «ساغۇن» ساكلار بىلەن ھونلار نامىنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، «ئاتاساغۇن»- ساكلار بىلەن ھونلارنىڭ ئاتىسى دېگەنلىك. ئوقۇرمەنلەر بۇ ئاددىي يەشمىگە قاراپ: «"ئاتاساغۇن "ساكلار بىلەن ھونلارنىڭ ئاتىسى ئىكەن. ئۇنداقتا، "بالاساغۇن "-ساكلار بىلەن ھونلارنىڭ پەرزەنتى دېگەنلىكقۇ ؟»دەپ سورىشى تەبىئىي. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! «ئاتاساغۇن» بىلەن «بالاساغۇن»دىن ئىبارەت ھەر ئىككى ئاتالغۇدىكى «ساغۇن» يەنىلا ساكلار بىلەن ھونلارنى كۆرستىدۇ. ئەمما «بالاساغۇن»دىكى «بالا»نى مەھمۇد كاشغەرى بوۋىمىز مۇنداق ئىزاھلىغان: «بىرلە- بىللە، بىلەن... بەزىدە سۆزنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن " ر" ھەرپى تاشلىنىپ، "بىلا، بىلە" دېيىلىدۇ» («تۈركىي تىللاردىۋانى»، 1-قىسم، 561-بەت). بۇنىڭدىن قارىغاندا، «بالا»نىڭ ئەسلىي مەنىسى بىللە تۇرغۇچى دېگەن مەناغا ئېگە. شۇنداق بولغاندا، «بالاساغۇن»- ساك بىلەن ھون بىللە، ساك بىلەن ھونلارنىڭ بۈيۈك بىرلىكسىپى دېگەنلىك. تارىختا ھونلار بىلەن ساكلارنى بىرلەشتۈرگىچى «ئاتاساغۇن» نامى پەقەت بىرلا تارىخي شەخس («ئوغۇزخان»)نى كۆرسەتسە، «ساغۇن» ھونلار بىلەن ساكلارنىڭ بىرلىكسەپ تۈزگەن جاي نامىنى كۆرستىدۇ. گەرچە «بالاساغۇن» شەھرى ئىسكەندەر ئىستىلاسىدىن كېيىن بەرپا قىلىنغان شەھەر بولسىمۇ، ئەمما «ساغۇن» ۋە «ئاتاساغۇن» ئاتالغۇسى «بالاساغۇن» ئاتالغۇسىدىن تولىمۇ قەدىم ئاتالغۇ. ھونلار بىلەن ساكلارنى تۇنجى قېتىم قېرىنداشلارچە قۇچاقلاشتۇرۇپ، ئوغۇز قەۋملىرىنى

بىرلەشتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغان «ئاتاساغۇن» («ئوغۇزخان») چەكسىز ئېپتىخارلىق ئىلھاملىرىدا «ساغۇن» ئاتالغۇسىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان بولۇشى مۇمكىن. «ھودۇدۇلئالەم»دىكى چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، «ئاتاساغۇن» ساكلار بىلەن ھونلارنىڭ ھاياتى ۋە مال- مۈلكىنى كونتۇرول قىلغۇچى بىردىنبىر شاھەنشاھتۇر.

تارىخ قىسمەت لەۋھەسىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئوتلۇق قەلەملىرى ئارقىلىق تۇرانلارنىڭ يىپەك يولىدىكى ھەر بىر ئۆتەڭلىرىگە ئۆڭمەس رەڭلىرى بىلەن ئىز سالغاندا، ئوغۇزخان، ئەڭ ئاخىرىدىكى كاتتا يىغىلىشتا، قىرىق غۇلاچ خادا ئۈستىدىكى «ئالتۇن خوراز» ۋە «كۆمۈش خوراز» ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بالدۇر ئويغۇنىشىنى تىلەپ، ئۇچكە بۆلۈنگەن « ئالتۇن يا» بىلەن «كۆمۈش ئوق»، «قور» بىلەن «ئۈچ قورىقان» ھېكمىتىدە، ئۇلارغا قېرىنداشلىق رىشتىسى ئۇلىغان ئىدى... بۇ، دەل بۈگۈنكى جۇڭخۇا مىللەتلىرى بۈيۈك بىرلىكىنىڭ تارىخى ئاساسى بولسا كېرەك...

«قور» نامىلىق ھەيكەل ھازىرنىڭ ئاپتۇرنىڭ قولىدا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ خېمىيىلىك ئانالىزى ئارقىلىق، مۇئەييەن دەۋرگە تەئەللۇق بولۇشى كۆتۈلۈپ تۇرماقتا.

2012- يىلى 3- ئاينىڭ 3- كۈنى

# 10ـ سوۋېت مەزگىلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى تىل مەسىلىسى

دىك خاۋ

تىل ـ مىللەتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، تىل مەسىلىسى ـ مىللىي مەسىلىلەرنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، يەنە كېلىپ ئىنتايىن نازۇك مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. مىللەتلەرنىڭ تىلىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ـ مىللىي مەسىلىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىش ياكى قىلالماسلىقتا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر تىل مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا بەلگىلىك تەجرىبىلەر توپلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خېلى كۆپ سەۋەنلىكلەرمۇ سادىر بولغان ئىدى. مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل خۇلاسە چىقىرىش ـ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللىي مەسىلىلەرنى چۈشىنىشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەر تىل خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رايونلار رۇسىيىنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ بويىچە ئەڭ قالاق چېگرا رايونى ھېسابلىناتتى. چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 1897 ـ يىلىدىكى پۈتۈن رۇسىيە نوپۇسىغا دائىر ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا رۇسىيە ئاھالىسىنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى 20%، تۈركىستاندا 5.3%، شۇ يەرلىك مىللەت ئىچىدە ئاران 2.3% بولغان. ئوتتۇرا ئاسىياغا تەۋە سەمەرقەنت، فەرغانە قاتارلىق ئوبلاستلارنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئۇ يەردىكى ئاساسلىق بەش مىللەتنىڭ تىلىنى ئانا تىل قىلغان ساۋاتلىقلارنىڭ نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مۇنداق بولغان: ئۆزبېكلەرنىڭ 1.6%، قازاقلارنىڭ 1.0%، قىرغىزلارنىڭ 0.6%، تۈركمەنلەرنىڭ 0.7%، تاجىكلارنىڭ 3.9% ①. 1906 ـ يىلى رۇسىيىدە چىقىرىلىدىغان «مائارىپ گېزىتى» دە تۈركىستان رايونىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن 4600 يىل ۋاقىت كېتىدۇ، دېگەن غەلىتە پەرەز ئوتتۇرىغا قويۇلغان.② ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى

تەشكىل قىلىشى بۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىق تەرەققىياتىغا زور توسقۇنلۇق ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا يېزىقى بولسىمۇ، ئەمما ساۋاتسىزلىق خاھىشى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغاچقا، ئىشلىتىش، ئالاقىلىشىش رولى ئىنتايىن زور چەكلىمىگە ئۇچرىغان.

چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مىللىي تىل-يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىشىنى جىنىنىڭ بېرىچە توسۇپ كەلدى. چاررۇسىيە مەزگىلىدە بىر ئەقىل كۆرسەتكۈچى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز تىلى بىلەن دەرس ئۆتسە چار پادىشاھلىق تۈزۈمگە تەھدىت يېتىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىر خىل تىلنىڭ يېزىقىنى تەستىقلاپ، ئۇنى مەكتەپ مائارىپىدا ئىشلەتسەك، بىر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولىمىز ھەم ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ قويىمىز.»③ شۇنىڭ بىلەن، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى تىل ئاسسىمىلياتسىيە تۈزۈمىنى ھەدەپ يۈرگۈزۈپ، رۇس تىلىنى «مەجبۇرىي ئۆگىنىدىغان دۆلەت تىلى» قىلىپ بېكىتتى. بۇنىڭدىكى مەقسەت ھەر مىللەت ئاھالىلىرىنى رۇسلارنىڭ تىلىنى ئىشلىتىشكە، ھەر قايسى مەكتەپلەردە رۇس تىلىدا دەرس ئۆتۈشكە مەجبۇرلاش ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، بارلىق ھۆججەتلەر رۇس تىلىدا چىقىرىلاتتى. يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىلىنى قوللىنىشقا بولمايتتى. ④

لېنىن چاررۇسىينىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىگە قەتئىي قارشى تۇرغان. ئۇ 1914-يىلى يازغان «مەجبۇرىي ئۆگىنىدىغان دۆلەت تىلىنى يولغا قويۇش زۆرۈرمۇ؟» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «ئۆز تۇرمۇشى ۋە خىزمىتى ئېھتىياجىدىن رۇس تىلىنى بىلمەكچى بولغان كىشىلەرگە كالتەك تەڭلەپ قىستىمساڭمۇ ئۆگىنىۋالىدۇ. كالتەك تەڭلەپ مەجبۇرلىساڭ شۇنداق بىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇكى، ئۇلۇغ ھەم پاساھەتلىك رۇس تىلىنىڭ باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىشى قىيىنغا چۈشىدۇ، تېخىمۇ يامان يېرى دۈشمەنلىشىش كەيپىياتىنى كۈچەيتىپ، سانسىزلىغا يېڭى سۈركىلىشلەرنى پەيدا قىلىپ، ئىناقسىزلىق ۋە ئايرىمىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.»⑤ شۇڭا لېنىن ۋە بولشېۋىكلار پارتىيىسى تىل باراۋەرلىكىنى قەتئىي تەشەببۇس قىلدى ھەمدە 1895-يىلى لېنىن «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ پروگرامما لايىھىسى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىزاھات»دېگەن ماقالىسىدە «ھەممە مىللەت باراۋەر» دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1903-يىلى رۇسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ تۇنجى پروگراممىسىدا: ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئوقۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىنىشى لازىم، دەپ تەكىتلەنگەن ئىدى. شۇندىن كېيىن لېنىن يەنە « ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىلى باراۋەر» دېگەن تەشەببۇسنىمۇ كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. 1913-يىلى لېنىن بىۋاستە يېزىپ چىققان رۇسىيە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يازلىق يىغىنىدىكى قارارىدا مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن ئىدى: «ئۆزۈل-كېسىل دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئاساسىدىكى دۆلەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ تامامەن باراۋەر بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، مەجبۇرىي ئۆگىنىدىغان دۆلەت

تىلى دېگەننى بىكار قىلىش، شۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىلى بىلەن دەرس ئۆتىدىغان مەكتەپ ئېچىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە ئاساسى قانۇنغا مۇشۇ ئەقەللىي قانۇن-مىزاننى كىرگۈزۈش، ھەر قانداق دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈش بىكار قىلىنىدۇ، دەپ جاكارلاش كېرەك.»[6] «كىمكى مىللىي باراۋەرلىك ۋە تىل باراۋەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمىسا ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرمىسا، ئۇ ماركسىزمچى ھېسابلانمايدۇ،»[7] « ھەرقانداق بىر مىللەت، ھەر قانداق بىر تىلنىڭ ھەر قانداق ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمان بولۇشىغا بولمايدۇ.[8] لېنىننىڭ ئادەمنى روھلاندۇرىدىغان بۇ ھېكمەتلىك سۆزلىرى ئۇنىڭ مەيدانىنى ئىنچام ھالدا ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

دەرۋەقە، لېنىننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى رۇس تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاشقا قارشى تۇرۇشى، رۇس تىلىغا قارشى تۇرغانلىق ھېسابلانمايدۇ. ئۇ: « ئىقتىسادىي ئوبوروت ئېھتىياجىدىن بىر دۆلەتتە ئورتاق ياشاۋاتقان مىللەتلەر (بىرگە ياشاشنى خالايدىغان مىللەتلەر) كۆپ سانلىق مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ.[9] «ئىقتىسادىي ئوبوروتنىڭ ئېھتىياجى بىر دۆلەتتە قايسى خىل تىلنىڭ كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ سودا-ئالاقىسىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تەبئىي يوسۇندا بەلگىلەيدۇ» دەپ قارايدۇ.[10] بۇ، ئىتقسادىي ئوبوروتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى مىللەتنى ئۆز ئارا ئالاقىلىشىشتا مەلۇم بىر خىل تىلنى تاللاشقا مەجبۇر قىلىدۇ، دېگەنلىك، روشەنكى، چاررۇسىيەدە بۇ خىل تاللاش ئوبيېكتى رۇس تىلى بولغان.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلبە قىلغاندىن كېيىن، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن سوۋېت ھاكىمىيىتى رۇس تىلىغا خاس بارلىق ئالاھىدە ئىمتىيازلارنى بىكار قىلىشنى، ھەر قايسى مىللەتلەر تىلى باراۋەر ئىكەنلىكىنى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆز تىلىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. 1917-يىلى 11-ئاينىڭ 5-كۈنى ماقۇللانغان «رۇسىيەدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدىكى خىتابنامە» دە ھەر قانداق مىللەتنىڭ بارلىق ئالاھىدە ئىمتىياز بىكار قىلىنىشى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىشى تەكىتلەندى.[11] رۇسىيە كومپارتىيىسىنىڭ 1921-يىلى 3-ئايدىكى 10-قۇرۇلتىيى ۋە 1923-يىلى 6-ئايدىكى 12-قۇرۇلتىيدا ماقۇللانغان مىللىي مەسىلىگە دائىر قارارىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىلىنى ئىشلىتىدىغان مەمۇرىي مەدەنىيەت ئورگانلىرىنى ھەمدە مائارىپ نۇقتىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1922-يىلى 12-ئاينىڭ 31-كۈنى لېنىن «مىللەت ۋە <ئاپتونوميلەشتۈرۈش>مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە: «بىزنىڭ ئىتتىپاقلىمىزغا كىرگەن ھەر قايسى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەردە مىللىي تىل قوللىنىلىدۇ، دەپ قاتتىق بەلگىلىمە چىقىرىش ھەمدە ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.[12] «ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىلى باراۋەر» دېگەن سۆز قانۇنىي ماددا

سۇپىتىدە ئىتتىپاق شەرتنامىسىگە ۋە ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلگەن ئىدى. 1922-يىلى ماقۇللانغان «سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى قۇرۇش شەرتنامىسى» دەپ، ئىتتىپاقنىڭ قانۇن، پەرمان ۋە قارارلىرى ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردە ئورتاق قوللىنىلىدىغان يېزىق بىلەن ئېلان قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1936-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاساسىي قانۇنىدا، ھەر قايسى جايلاردىكى مەكتەپلەردە ئانا تىل بىلەن دەرس ئۆتۈلىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بولشېۋىكلار رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت دۆلىتى مىللىي باراۋەرلىك، تىل باراۋەرلىكى سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلغان. بۇ، چارروسىيىنىڭ مىللىي زۇلۇم ۋە مەجبۇرىي تىل ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولالايدۇ. دېمەك، سوۋېت دۆلىتىدە ھەر قايسى مىللەت تىلىنىڭ ئەركىن، باراۋەر تەرەققىي قىلىشى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىلگەن.

ئانا تىلىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر تىل-يېزىق تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇش ھالىتىنى تېزدىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، لېنىن باشچىلىقىدىكى بولشېۋىكلار پارتىيىسى ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مىللىي رايونلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. لېنىن مىللىي رايونلار «دېموكراتىك ئاساستا دىنسىزلاشتۇرۇلغان مائارىپ»نى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە «ئۆز مىللەت تىلىنى ئىشلىتىش ئەركىنلىكى»نى تەكىتلىگەن.

1918-يىلى 10-ئايدا روسىيە فېدراتسىيىسى خەلق مائارىپ كومىتېتىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەر مەكتەپلىرى توغرىسىدا» دېگەن قارارىدا ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىدە ئۆز مىللەت تىلى بىلەن دەرس ئۆتۈش تەلەپ قىلىنغان. 1920-يىلى ماقۇللانغان «ھەرقايسى جايلاردىكى غەيرى رۇس تىلىدىكى مىللىي مائارىپنى تەشكىللەش توغرىسىدىكى مىزان»دا، روسىيە فېدراتسىيە جۇمھۇرىيىتىدە ئولتۇراقلاشقان بارلىق مىللەتلەر ئۆز مىللەت تىلى ئارقىلىق ئوقۇتۇشقا تەشكىللەش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى سوۋېت ھاكىمىيەتلىرى لېنىن ۋە مەركىزىي سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇق ۋە پەرمانىغا ئاساسەن ئالدى بىلەن كەڭ پۇقرالار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان ئىدى. 1920-يىلى 9-ئاينىڭ 7-كۈنى تۈ*ركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى خەلق كومىتېتى «تۈ*ركىستان ئاھالىلىرى ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش توغرىسىدا» قانۇن ئېلان قىلدى. 1920-يىلى 10-ئايدا قازاقىستان 1-نۆۋەتلىك سوۋېت ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ مائارىپ مەسىلىسىگە دائىر قارارىدا ئومۇمىي خەلق ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە چاقىرىلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن قازاقىستاندا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بويىچە مەخسۇس غەيرى دائىمىي كومىتېت قۇرۇلدى؛⑬ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش جەمئىيەتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلدى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەكتەپلىرى، نۇقتىلىرى، ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرى ئېچىلىپ، ساۋاتلىقلار ساۋاتسىزلارغا ئۆگىتىش تەشەببۇس قىلىنىدى ھەمدە ئاممىۋى خاراكتېردىكى مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1924-يىلى تۈ*ركىستاندا

ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەكتىپىدىن 1000 دىن ئارتۇقى قۇرۇلۇپ، كۇرسانتلار 200 مىڭدىن ئاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈلدى. 1925-يىلى بىلەن 1922-يىلىنى سېلىشتۇرغاندا، ساۋات چىقىرىش تەربىيىسى ئالغان كىشىلەر قازاقىستاندا تۆت ھەسسە كۆپەيگەن، قىرغىزستاندا ئىككى ھەسسىگە يېقىن كۆپەيگەن، ئۆزبېكىستاندا ئىككى ھەسسە كۆپەيگەن. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ۋە ئاھالىلەرنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى زور دەرىجىدە قۇتۇلۇشى نەتىجىسىدە، مىللىي تىل-يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ۋە ئالاقىلىشىش رولى مۇناسىپ ھالدا كېڭەيتىلىپ، مىللىي تىلنى ئالاھىدىلىك قىلغان مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوۋېت مىللىي مائارىپ ئىشلىرى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. قىسقىغىنە بىر قانچە يىل ۋاقىت ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا سوۋېت ھاكىمىيىتى يېڭىچە مەكتەپلەرنى بەرپا قىلىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەكتەپ قۇرۇش خىزمىتى ئەينى ۋاقىتتا شۇ يەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە شارائىتىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. شەھەر ۋە شەھەر رايونلىرىدا ئۆز تىلى بىلەن ئوقۇيدىغان مىللىي مەكتەپلەر ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلدى، كۆچمەن ۋە يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «كوممۇنا مەكتىپى»، «ياتاقلىق مەكتەپ»، «كۆچمە مەكتەپلەر» قۇرۇلغان ئىدى. 1920-يىلى 10-ئايدا قازاقىستاندىلا بۇنداق مەكتەپتىن 2410ى بار ئىدى. سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە مىللىي ئوقۇتقۇچىلار ئىنتايىن كەمچىل بولۇشتەك ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 1918-، 1919-يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇنجى تۆ*ركۆمدە ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ۋە ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئېچىلدى. 1920-يىلى قازاقىستاندا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت، سەمەرقەنتتە قۇرۇلغان كوممۇنىزم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارماق مەكتەپلىرىمۇ يەرلىك ئۈچۈن بىر تۆ*ركۆم مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ بەردى. سوۋېت مىللىي مەكتەپلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى شۇنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، بولشېۋىكلارنىڭ مىللىي باراۋەرلىك، تىل باراۋەرلىكى سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك مىللەتلەر ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقى ئارقىلىق تەلىم-تەربىيە ئېلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا باشلىغان.

تىل باراۋەرلىكى سىياسىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، لېنىن باشچىلىقىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيە مىللىي رايوندىكى ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىلىنى چوقۇم ئۆگىنىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. 1923-يىلى 6-ئاينىڭ 4-كۈنى رۇسىيە كومپارتىيىسى مەركىزىي

كومتېت سياسي بيورۇسىنىڭ «پارتىيە 10-قۇرۇلتىيىنىڭ مىللىي مەسىلىگە دائىر قارارىدىكى تەدبىرلەرنى ئىزچىللاشتۇرايلى» دېگەن ھۆججىتىدە: « ھەر قايسى جۇمھۇرىيەت ۋە رايونلاردىكى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ئۆزلۈكسىز ھالدا قەتئىي تەۋرەنمەي مىللىيلاشتۇرۇش، يەنى خەت-چەك، ھۆججەت خىزمىتى جەھەتتە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىلىنى بارا-بارا قوللىنىش، مەسئۇل خىزمەتچى خادىملار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىلىنى مەجبۇرىيەت ئاساسىدا ئۆگىنىش» تەلەپ قىلىنغان ئىدى.⑭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، «ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى ئىشلىتىدىغان مەكتەپ، سوت مەھكىمىسى، مەمۇرىي ئورگان ۋە ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى قۇرۇش ئارقىلىق سوۋېت ئاپتونومىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇش» ئىدى.⑮

مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 1918-يىلىنىڭ دەسلىپىدە رۇسىيە فىدراتسىيە ئىشلىرى خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆز مىللەت تىلىدا كىتاب ۋە گېزىت-ژۇرنال نەشر قىلىشقا ئىجازەت بېرىلىدۇ، دەپ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، مۇشۇ يوليورۇققا بىنائەن ئوتتۇرا ئاسىيادا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىدا گېزىت-ژۇرناللار ئارقا-ئارقىدىن چىقىشقا باشلىدى. مەسىلەن، قازاقىستاندا «بىرلىك گېزىتى»، «چۇقان گېزىتى» قاتارلىقلار قازاق تىلىدا چىقىرىلدى.⑯ 1920-يىلى 9-ئاينىڭ 10-كۈنى رۇسىيە كومپارتىيىسى قازاق شۆبىسى سىياسىي بيوروسى قازاقىستان سوۋېت 1-قۇرۇلتىيى ئېچىلىش پەيتىدە «ئۇچقۇن گېزىتى»نى قازاق تىلىدا نەشر قىلىشنى قارار قىلدى.⑰ 1924-يىلى قىرغىزىستاندا «ئەركىن تاغ» ناملىق سوۋېت گېزىتى قىرغىز تىلىدا تۇنجى قېتىم نەشر قىلىندى.⑱ شۈبھىسىزكى، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تىل-يېزىقىدا نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن پائال تۈردە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.
كۆپ مىللەتلىك بىر دۆلەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز تىلىدىن باشقا يەنە، ئىشلىتىلىش چاستۇتىسى يۇقىرى بولغان باشقا بىر خىل تىلنى ئۆگىنىشتە ئۆز ئىختىيارلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن. ئۇ، 1919-يىلى 12-ئاينىڭ 16-كۈنى «رۇسىيە فىدراتسىيىسى ئاھالىلىرى ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش توغرىسىدا» پەرمانغا ئىمزا قويدى. پەرماندا «جۇمھۇرىيەتتىكى بارلىق ئاھالىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا ئاڭلىق قاتنىشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن، خەلق ۋەكىللىرى 8-50 ياشقىچە بولغان بارلىق ساۋاتسىزلار چوقۇم ساۋادىنى چىقىرىش كېرەك (ئۆز تىل- يېزىقىنى ياكى رۇس يېزىقىنى ئۆگىنىش ئۆز ئىختىيارى بويىچە بولىدۇ) دەپ قارار قىلدى» دېيىلگەن. بۇ شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، لېنىن باشچىلىقىدىكى بولشېۋىكلار تىلنى تاللاش مەسىلىسىدە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئارزۇسىغا تولۇق ھۆرمەت قىلغان. مانا بۇ چاررۇسىيىنىڭ «مەجبۇرىي ئۆگىنىدىغان دۆلەت تىلى» دىن ئىبارەت مۇستەملىكە سىياسىتىنى يۇرگۈزۈشى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما.

لىنىن ۋاپا بولغاندىن كېيىن ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللەتلەرنىڭ تىل مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. 1925-يىلى 5-ئاينىڭ 18-كۈنى ستالىن «شەر*ق مىللەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي ۋەزىپىسى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدە: سوۋېت شەر*قىدىكى ئاكتىپ خىزمەتچىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى «مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆز تىلىنى ئىشلىتىدىغان ئادەتتىكى مائارىپ ۋە كەسپىي تېخنىكا خاراكتېرىنى ئالغان كۇرس ھەم مەكتەپ تۈرلىرىنى كەڭ تۈردە قۇرۇشتىن ئىبارەت» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن ئىدى.[19] ئۇ يەنە، «مىللىي مەسىلە ۋە لېنىنىزم» دېگەن ماقالىسىدە: «پارتىيە شۇنداق دەپ قارايدۇكى، ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى گۈللەنگەن مىللەتلەرنىڭ تولۇق قەد كۆتۈرۈشىگە، ئۆز مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشىگە ۋە راۋاجلاندۇرۇشىغا، ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنىڭ ئىشلىتىدىغان مەكتەپ، تىياتىرخانا ۋە باشقا مەدەنىيەت ئورگانلىرىنى قۇرۇشقا ياردەم بېرىش زۆرۈر.»[20] ستالىن يەنە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۇقۇمىنى چۈشەندۈرۈپ: «بۇ، سوتسىيالىستىك مەزمۇن ۋە مىللىي شەكىلدىكى بىر خىل مەدەنىيەت» دەپ كۆرسىتىدۇ.21○ شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردىكى «مىللىي شەكىل» ئاساسەن مىللىي تىل-يېزىقنى كۆرسىتىدۇ.

ستالىن باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە يېتەكلىشىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا مىللىي مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مەقسەت قىلىنغان ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋەزىپىسى 30-يىللارنىڭ ئاخىرى، 40-يىللارنىڭ باشلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلانغان ئىدى. 1939-يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى %77.7-%83.8 گە(پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %87.4 گە) يەتكەن ئىدى. ساۋاتسىزلىقنىڭ زور دەرىجىدە تۈگىتىلىشى بىلەن مىللىي مائارىپنىڭ يولغا قويۇلىشىغا شەرت ھازىرلاندى. ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى بىلەن باشلانغۇچ مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى 30-يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا قانات يېيىشقا باشلىدى. ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى شەھەردىن-يېزىغا، ئاندىن چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قاراپ كېڭەيدى. ئۇرۇشتىن بۇرۇن باشلانغۇچ مائارىپ، ھەتتا بەزى شەھەر-بازارلاردا تولۇقسىز ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدە 2346 ھەر خىل مەكتەپ، 91 ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 137 مىڭ 400 ئىدى. 1940-1941ئوقۇش يىلىغا كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئادەتتىكى مەكتەپلەر سەككىز ھەسسىگە يېقىن كۆپىيىپ، 18 مىڭ 192 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ 79 ھەسسە كۆپىيىپ، 7163 گە، ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانى 23 ھەسسە كۆپىيىپ، 3 مىليون 282 مىڭغا يەتتى. ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلار

سانى روشەن دەرىجىدە كېمىيىپ كېتىپ، يەتتە يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇنلىنىشى كېچىكىپ كەتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى جىددىي ئېلىپ بېرىلىپ، 4-بەش يىللىق پىلاننىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە كەلگەندە مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى سەۋىيىدىن ئاشتى، مەسىلەن، ئۆزبېكىستاندا 1940-1941ئوقۇش يىلى 4838 ئادەتتىكى مەكتەپ بارلىققا كېلىپ، ئوقۇغۇچىلار سانى 1 مىليون 260 مىڭغا يەتتى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى 1950-1951 ئوقۇش يىلىغا كەلگەندە ھۆكۈمەت مائارىپ ئىشلىرىغا زۆرۈر بولغان راسخوتنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ، مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكەچكە شۇ ۋاقىتتىلا 5000 ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ بارلىققا كېلىپ، ئوقۇغۇچىلار سانى 1 مىليون 300 مىڭغا يەتكەن. دېمەك، ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى سەۋىيىدىن خېلى ئېشىپ كەتكەن.○22

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىش بىلەن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-يېزىقى ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. شۈبھىسىزكى، يەرلىك مىللەتلەر تىل-يېزىقىنىڭ ئوقۇتۇشتا كەڭ قوللىنىلىشى بىلەن مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ستالىن دەۋرىدە ئۇلارنىڭ يېزىقى ئىسلاھ قىلىندى. ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە ئەرەب ئېلىپبە شەكلىنى ئۆز يېزىقى قىلغان بولۇپ، بۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى مەھسۇلى ئىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى لېنىن دەۋرىدىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر يەنىلا ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنى ئىشلىتىپ كەلگەن. ئەمما، لېنىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يېزىشقا، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، سوۋېت ھۆكۈمىتى 1926-يىلى 3-ئايدا ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنى بىكار قىلىشنى قارار قىلدى. 1926-يىلى 3-ئايدا باكۇدا ئۆتكۈزۈلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە 1-قېتىملىق تۈ*ركشۇناسلىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ئەرەب ئېلىپبە يېزىقى ئورنىغا لاتىن ھەرپىنى قوللىنىش قارار قىلىندى.○23 شۇنىڭدىن ئېتىبارەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللىي يېزىقنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى باشلىنىپ كەتتى. 1928-يىلى تۈ*ركمەن ۋە قىرغىز ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلدا لاتىنچىلاشتۇرۇلغان يېزىق قوللىنىلدى. 1929-يىلى قازاق ۋە ئۆزبېك تىلىدىمۇ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنىڭ ئورنىنى لاتىن يېزىقى ئىگىلىدى. 30-يىللارنىڭ ئاخىرى، 40-يىللارنىڭ باشلىرى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت بىر گەۋدە بولۇش يۈزلىنىشى ئۆزلۈكسىز ھالدا كۈچىيىۋاتقان ئەھۋالدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ يېزىقى يەنە بىر قېتىملىق ئىسلاھاتنى باشتىن كەچۈردى، يەنى ئىسلاۋيان يېزىقى لاتىن يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. 1938-يىلى قازاق يېزىقى ئالدى بىلەن ئىسلاۋيان يېزىقىغا ئۆزگەرتىلدى، ئارقىدىن 1940-يىلى ئۆزبېك، قىرغىز، تۈ*ركمەن يېزىقىدىمۇ لاتىن

ھەرپتن ئسلاۋىيان ھەرپگە ئۆتۈش جەريانى تاماملاندى.

يېزىق ئسلاھاتىغا ئەگشپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تىلىنى تەتقق قىلىش خىزمتىمۇ كەڭ قانات يېيىشقا باشلىدى. بىرىنچىدىن، يېزىق ئسلاھاتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تىلىدىكى فونېتكا ۋە دىئالېكتلارنى تەتقق قىلغان بىر تۈ*ركۈم ئەسەرلەر ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، «ئۆزبېك دېئالېكت ئىلمى ۋە ئۆزبېك ئۆلچەملىك تىلى» (پالۋانوف يازغان، تاشكەنت 1933-يىلى)، «ئۆزبېك يەرلىك شۋىسىنى ئايرىش مەسىلىسى»(باتۇرمانوف تاشكەنت، فرونزا، 1934-يىلى)، «قىرغىز تىلىنىڭ فونېتكا سىستېمىسى»(باتۇرمانوف يازغان، فرونزا، 1946-يىلى)، «قىرغىز تىلىنىڭ شىمالىي دىئالېكتى»(باتۇرمانوف يازغان، فرونزا، 1938-يىلى)، «تۈ*ركمەن تىلىنىڭ فونېتكىسى» (پوتسپلۇيېۋسكى يازغان، ئاشخابات، 1936-يىلى)، «تۈ*ركمەن تىلى دىئالېكتى» (پوتسپلۇيېۋسكى يازغان، ئاشخابات، 1936-يىلى) قاتارلىقلار. ئىككىنچىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى، شۇنىڭدەك قوش تىل ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى تىلى ۋە رۇس تىلىغا دائىر بىر قاتار سېلىشتۇرما لۇغەتلەر بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، «قىرغىزچە-رۇسچە لۇغەت»(يۇداسىن تۈزگەن، موسكۋا، 1940-يىلى)، «ئۇيغۇرچە-رۇسچە لۇغەت»(باسكاكوف، ناسىروف تۈزگەن، موسكۋا، 1939-يىلى)، «رۇسچە-قاراقالپاقچە لۇغەت»(باسكاكوف تۈزگەن، موسكۋا،1947-يىلى) قاتارلىقلار.

ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى تىلىنىڭ گىراماتىكىسى ۋە قەدىمىي كىتابلىرى تەتقىقاتىدا ستالىن دەۋرىدىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى ھەمدە ھازىرقى زامان يېڭى ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلىنىڭ گىراماتىكىسىغا دائىر بىر تۈ*ركۈم ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، «ئۆزبېك تىلى گىراماتىكىسى»(كانىنوف يازغان، تاشكەنت، 1948-يىلى)، «ئۆزبېك تىلى گىراماتىكىسى»(بالابىكوف قاتارلىقلار يازغان، ئىككى قىسىم، تاشكەنت، 1944-يىلى)، «قازاق تىلى گىراماتىكىسى»(ئىسھاقوف، ئاخۇنوف يازغان، ئالمۇتا، 1952-يىلى)، «قىرغىز تىلى گىراماتىكىسى»(باتۇرمانوف يازغان ئۈچ توم، قازان، 1939-1940-يىلى) قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، 1929-يىلى ئاكادېمىك رادلوف يېزىشقا باشلىغان، پروفېسور مالوف تاماملىغان «قەدىمكى تۈ*ركىي ئەسەرلەر» 1952-يىلى موسكۋادا نەشر قىلىندى.○24

شۇنى كۆرىستىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى تىلىدا 30-يىللارنىڭ ئاخىرى ئسلاۋىيان رۇس ئېلىپبە يېزىقىنىڭ ئاساسىي يېزىق قىلىپ ئۆزگەرتىلىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب رۇس يېزىقى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش، شۇنداقلا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ رۇس تىلى ئۆگىنىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئىدى. 30-يىللارنىڭ ئاخىرى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى رۇس تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش

توغرىسىدا بۇيرۇق خاراكتېرلىك قارار چىقىرىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى بارلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ۋاقىتتا رۇس تىلىدا ئوقۇيالايدىغان ۋە يازالايدىغان بولۇش تەلەپ قىلىندى. 1938-يىلى 3-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق كومىتېتى ۋە ئىتتىپاق كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىكتە چىقارغان «مىللىي جۇمھۇرىيەت، مىللىي ئوبلاستلاردا رۇس تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا» دېگەن قاراردا: «مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپلەشتۈرۈلمىگەن (يەتتە يىللىق) مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار مەيلى ئېغىز تىلى ياكى يېزىق تىلى جەھەتتىن بولسۇن ئۆز ئىدىيىسىنى رۇس تىلى بىلەن توغرا ۋە ئەركىن ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولۇش ھەمدە رۇس تىلى گىراماتىكىسىنى ئىگىلەپ، رۇس تىلىدىكى ئەسەرلەر ئارقىلىق، رۇس ئەدەبىياتىنى پىششىق بىلىدىغان بولۇشى لازىم»○25 دەپ كۆرسىتىلگەن. 1938-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەكسىل ئىنقىلابچىلارنى تازىلاش شامىلى ئەۋج ئېلىپ، نۇرغۇن مىللىي كادىرلار«مىللەتچى» دېگەن بەدنام بىلەن تازىلاندى. ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەردە (جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا) بۇ ئىشقا نىسبەتەن باشقىچە تونۇشتا بولۇشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەر يۇقىرىقى قارارنى ئالقىشلايدىغانلىقى توغرىسىدا ئارقا- ئارقىدىن ئىپادە بىلدۈرۈشتى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردە رۇس تىلى ئۆگىنىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. «رۇس تىلى بىر خىل ئالاھىدە دەرس بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىدا مۇقىم ئورۇن ئىگىلىدى.»○26 ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ يېزىقىنى ئىسلاۋىيان رۇس يېزىقىغا ئۆزگەرتىش دەل مۇشۇ ئۆزگىرىش تەلپىگە ئۇيغۇنلىشىشنىڭ مەھسۇلى ئىدى. نەتىجىدە ئاز سانلىق مىللەت تىلىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە تەرەققىياتى سۇنئىي ھالدا چەكلىمىگە ئۇچرىدى. يېزىقنىڭ كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلىشى (ئەرەب يېزىقىدىن لاتىن يېزىقىغا، لاتىن يېزىقىدىن ئىسلاۋىيان يېزىقىغا ئۆتۈش 10 يىل ئىچىدىلا بولدى) كىشىلەرگە مىللىي يېزىقنى ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىق كەلتۈردى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىنىشىغىمۇ قولايسىزلىق كەلتۈرۈپ بەردى، تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى، رۇس تىلىنىڭ مەجبۇرىي ھالدا بۇيرۇق خاراكتېرىدە كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، چوڭ رۇسچىلىق خاھىشى ئۇلغىيىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر بېسىم ھېس قىلىپ، مىللىي مۇناسىۋەتتە بىر خىل توسالغۇ پەيدا بولدى. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب، 30-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە مەركەز يۇقىرىدىن دەرىجىدە مەركەزلەشكەن تۈزۈلمە تۇرغۇزۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ماھىيەتتە يەككە تۈزۈم كۈچەيتىلگەن دۆلەت بولۇپ قالدى. سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە دۆلەت بارا-بارا بىرلىككە قاراپ يۈزلەنگەنچىكە، كادىرلارنىڭ يۆتكىلىشى كۆپ بولۇپ كەتتى، ھۆكۈمەت ئەينى چاغدا مۇھىم نۇقتىنى چوڭ رۇسچىلىققا ھەم چوڭ رۇسچىلىق ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قاراتقان ئىدى، كېيىن مۇھىم نۇقتا يەرلىك مىللەتچىلىككىلا قارىشى تۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى. ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىدا تىلنى پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈرۈش خاھىشى پەيدا

بولۇشقا باشلىدى. رۇس تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇپ كېڭەيتىشكە دائىر بۇيرۇق خاراكتېرلىك قارار مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە چىقىرىلغان ئىدى.

## 3

خېرۇشۇۋ ھاكىمىيەت تۇتقاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن «ھەر قايسى مىللەتلەر تىلى باراۋەر» دېسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەدەپ رۇس تىلىنى كېڭەيتىشنى تەرغىپ قىلدى؛ بىر تەرەپتىن «قوش تىل تۈزۈم»نى يولغا قويۇش كېرەك دېسە، ئەمەلىيەتتە يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي تىلنى چەتكە قاقتى. قانۇن تۈرغۇزۇشتا تىلنى كەمسىتىشكە دائىر ماددىنى تاپقىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە مىللىي تىلغا سەل قارايدىغان ھادىسىلەر ھەممە يەردە كۆزگە چېلىقاتتى.

1958-يىلى 11-ئايدا سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە سوۋېت مىنىستىرلار مەجلىسى بىرلىكتە «مەكتەپ بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ۋە دۆلەت مائارىپ تۈزۈمىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى پروگرامما»نى ماقۇللىدى. مەزكۇر ھۆججەتنىڭ 19-ماددىسىدا ھەر قايسى مىللىي مەكتەپلەر ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى ئارقىلىق دەرس ئۆتۈشكە بولىدۇ، دەپ بەلگىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا «ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ۋە ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەردىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوقۇغۇچىلىرى چوقۇم رۇس تىلى ئۆگىنىشى كېرەك» دەپ ئالاھىدە تەكىتلەندى. ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەردە «ئۆز تىلى، رۇس تىلى، چەتئەل تىلى» بىلەن ئوقۇتۇش ئەھۋالى تەڭ مەۋجۇت ئىدى. پروگراممىدا: ئاتا-ئانىلار باللار ئۈچۈن زۆرۈر تىلنى تاللاپ بەرسە بولىدۇ، مەكتەپلەردە شەرت ھازىرلانمىغان ئەھۋالدا چەت ئەل تىلىنى ئۆگەنمىسىمۇ بولىدۇ، دېيىلگەن.○27 ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئالىي مەكتەپلەردە دەرس مىللىي تىلدا ئۆتۈلمىگەچكە، ئاتا-ئانىلار باللىرىغا مۇقەررەر ھالدا رۇس تىلىنى تاللاپ بەرمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

1961-يىلى سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 22-قۇرۇلتىيى قارارىدا رۇس تىلى ئۆگىنىش توغرىسىدا مەخسۇس توختىلىنىپ: رۇس تىلى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ «2-ئانا تىلى» دېيىلدى. يەنە كېلىپ پارتىيىنىڭ پروگراممىسىدا: «يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆز تىلىدىن باشقا رۇس تىلىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆگىنىش جەريانى ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە دۇنيا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا پايدىلىق بولىدۇ» دەپ شەرھلەنگەن ئىدى.○28

خېرېشوفنىڭ رۇس تىلىنى شۇ دەرىجىدە ھە دەپ كۆپكۆيتىشى ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىغا بولغان تونۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. خېرېشوفنىڭ كوممۇنىزمغا بولغان چاكىنا چۈشەنچىسى ۋە تېز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىدىيىسى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. ئۇنىڭ «20 يىلدا سوتسىيالىزم قۇرۇپ بولۇش» دېگىنى تارىختىكى كۈلكىلىك گەپكە ئايلىنىپ قالدى. بۇ ئىدىيە مىللىي مەسىلىدە ئەكس ئەتكەندە مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن «يېقىنلىشىش» ۋە «قوشۇلۇپ كېتىش» فاكتېپنىنى بەلگىلەش ۋە «يېڭى تارىخىي ئورتاق گەۋدە» نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئىپادىلەندى. ئەمەلىيەتتە ئۇ، رۇس تىلىنى «سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى»دىن ئىبارەت بۇ «يېڭى تارىخىي ئورتاق گەۋدىنىڭ ئورتاق تىلى» دەپ قارىغاچقا، ئۇنى جېنىنىڭ بېرىچە كۆپكۆيتتى. خېرېشوف بېلورۇسىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر قېتىملىق نۇتۇقىدا:«بىز رۇس تىلىنى قانچە تېز ئۆگەنسەك، كوممۇنىزمنى شۇنچە تېز قۇرىمىز»دېگەن.[29] دەل مۇشۇ تونۇشنىڭ يېتەكچىلىكىدە خېرېشوف مەزگىلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا رۇس تىلىنى ئۆگىنىش ھەدەپ تەشەببۇس قىلىندى. مىللىي تىلنى ئىشلىتىلىشى ۋە تەرەققىياتىغا نىسبەتەن كۆڭۈل بۆلۈش يېتەرلىك بولمىدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كۈندىن-كۈنگە تارىيىپ كەتتى. ئەسلىدە مىللىي تىل بىلەن دەرس ئۆتۈلىدىغان مەكتەپلەردە رۇس تىلىدا دەرس ئۆتۈلدى. نەزەربايوف مۇشۇ تارىخنى ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ: «قاقاس چۆللۈكلەردە داغا-دۇغا بىلەن بىنام ئاچقاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا قىسمىدىن 2 مىليون 500 مىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى چىققان ئىدى. ھەر قايسى جايلاردا كەڭ كۆلەملىك يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قازاق تىلى بىلەن دەرس ئۆتۈلىدىغان يەرلىك مەكتەپلەر بىكار قىلىندى. كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا بالىلارغا ئانا تىلىنى ئۆگىتىشنىڭ پايدىسى يوق ئىكەن دەيدىغان بىر خىل كىكىز قاراش بارا-بارا شەكىللەندى. چۈنكى ھەممە ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدا دەرس بىردەك رۇس تىلىدا ئۆتۈلەتتى. ئاتا-ئانىلار بىز بۇ ئەۋلادلارغا: قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بولماقچى بولساڭلار چوقۇم رۇس تىلى ئۆگىنىڭلار، دەپ تەۋسىيە قىلاتتى. ھەتتا يەرلىك نوپۇس 90% دىن 95% گىچە بولغان رايونلاردىمۇ رۇس تىلىدا سۆزلەش بەلگىلەنگەن ئىدى.

يەرلىك زىيالىلار بولۇپمۇ يازغۇچى، شائىر ۋە سىنارىستلار ئانا تىل ئاساسنى يوقۇتۇپ قويىدى، چۈنكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئانا تىل بىلەن يېزىش ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقان ئىدى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سانىمۇ ئازىيىپ كەتتى، ئۆز مىللىتى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداش دېگەندەك ھەر قانداق گەپ مىللەتچىلىك مەۋقەسى دەپ قارالدى.»[30] رۇس تىلى مەجبۇرىي كۆپكۆيتىلگەچكە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك مىللەتلەردە قارشىلىشىش ۋە زىتلىشىش پەيدا بولدى. مەسىلەن، 1965-يىلى

ئۆزبېكىستاندىكى ھەر قايسى ئالىي ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار 1956-يىلى ۋە 1962-يىلىدىكى رۇس تىلى ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى تەكلىپنى «ئىجرا قىلمايمىز»، ئوقۇغۇچىلارغا رۇسچە سۆزلەش ۋە يېزىش ئىقتىدارىنى ئىگىلەتمەيمىز، دېدى.[31]

## 4

بېرژېنوف دەۋرىدە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يېقىنلىشىشى ۋە قوشۇلۇپ كېتىشىنى تېزراق ئەمەلگە ئاشۇرۇش، «يېڭى تارىخىي خاراكتېرلىك كىشىلەر ئورتاق گەۋدىسى»نىڭ مۇستەھكەملىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، تىل مەسىلىسىدە رۇس تىلى «مىللەتلەر ئارا ئالاقىلىشىش تىلى» دەپ قارىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا مەجبۇرىي كېڭەيتىلىپ ئومۇملاشتۇرۇلدى. مىللىي تىلنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە تەرەققىياتىغا نىسبەتەن كۆڭۈل بۆلۈش يېتەرلىك بولمىدى، مىللىي تىلنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كۈندىن-كۈنگە تارىيىپ كەتتى.

بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەل رەھبەرلىرى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى قوزغىغان رۇس تىلىنى كېڭەيتىش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئاكتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئۆگىنىشنى يۇكسەك دەرىجىگە كۆتۈردى. 1981-يىلى ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1-سېكرېتارى راشىدوف ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسىنىڭ 20-قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «رۇس تىلى-سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدا ئالاقىلىشىدىغان تىل، ئىنتېرناتسىئونال تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان قورال، چوڭ-كىچىك مىللەتلەرنى ئۆز ئارا يېقىنلاشتۇرىدىغان مۇھىم ئامىل. رۇس تىلى ئۆگىنىش يالغۇز ئىلىم-پەن، تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەنئەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىپ بارىدىغان يول بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تۇرمۇشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ئىنتايىن مۇھىم ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ۋەزىپە، پۈتكۈل ئىدىيىۋى خىزمەتتە يەنىمۇ ئىلگىرلەپ نەتىجە قازىنىشنىڭ كاپالىتى.»[32] قىرغىزىستان كومپارتىيىسى مەكرىزى كومىتېتىنىڭ 1- سېكرېتارى ئۇسسۇلبايوف قىرغىزىستان كومپارتىيىسىنىڭ 17-قۇرۇلتىيىدىكى (1981-يىل) دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «رۇس تىلى-ئېلىمىز ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدە ئېتىراپ قىلىنغان تىل بولۇپ قالدى. سوۋېت قىرغىزىستان ئەمگەكچى خەلقى بۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ. رۇس تىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى چوڭ-كىچىك مىللەتلەرنىڭ ئىنتېرناتسىئونالىزملىق ئىتتىپاقلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ناھايىتى ئوبدان خىزمەت قىلىدۇ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، مىللىي مەدەنىيەتنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن مول خىزمەت قىلىدۇ، كوممۇنىزم قۇرۇش مەسىلىسىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. رۇس تىلى-قىرغىز تىل-يېزىقىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، سۆزلۈك ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى بېيىتىش، قىرغىز تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينايدۇ،

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئارىسىدا رۇس تىلىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ○33رۇس تىلىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەل رەھبەرلىك ئورگانلىرى ھەر خىل قاتتىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، رۇس تىلى ئۆگىنىشنى مۇنتىزىملاشتۇرغان ھەم تۈزۈملەشتۈرگەن ئىدى. 1979-يىل 5-ئاينىڭ 22-كۈنى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مائارىپ مىنىستىرى شىر مۇھەممىدوۋ «سوۋېت ئۆزبېكىستان گېزىتى»دە ماقالە ئېلان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئۆزبېكىستانىنىڭ بارلىق مىللىي يەسلىلىرىدە رۇس تىلى ئۆگىنىدىغان يۇقىرى سىنىپ ۋە تۆۋەن سىنىپ تەسىس قىلىندى. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە رۇس تىلى ئوقۇتۇشىغا ئىنتايىن ئېتىبار بېرىلدى. ھازىر 1-يىللىقتىن 3-يىللىققىچە بولغان %87 ئوقۇغۇچىغا ئالىي مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئوقۇتقۇچىلار رۇس تىلى دەرسى ئۆتمەكتە.»، «رۇس تىلىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ئۈچۈن جۇمھۇرىيەتتە يەنە جۇمھۇرىيەتلىك ۋە ئوبلاستلىق ياتاقلىق مەكتەپلەر قۇرۇلدى... جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدىكى 496 ئادەتتىكى مەكتەپتە كەسپىي سىنىپلار تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 20 مىڭ 500 ئوقۇغۇچى رۇس تىلى ۋە رۇس ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىۋاتىدۇ.» «جۇمھۇرىيەتتىكى 6850 ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە سەككىز يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپلەردە رۇس تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئوقۇتۇش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى.» ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسىنىڭ 1-سېكرتارى راشدوف 1979-يىلى 5-ئاينىڭ 23-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى رۇس تىلى ئىلمىي-نەزەرىيە يىغىنىدا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزبېكىستاندىكى بارلىق يەسلى، ئادەتتىكى مەكتەپ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ، تېخنىكا مەكتىپى ۋە ئالىي مەكتەپلەردە... رۇس تىلى ئاساسلىق دەرسلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ... رادىئو، تېلېۋىزور ۋە نەشرىياتتىن ئىبارەت بۇ ئاممۋى خاراكتېرلىك تەشۋىقات ۋاستىلىرى، ياشلار ۋە چوڭلارنىڭ كۇرس ۋە گورۇپپىلىرى ھەر خىل تەشكىللىك ئوقۇتۇش شەكىللىرىگە ئوخشاشلا رۇس تىلى ئوقۇتۇشىدا غايەت زور رول ئوينىماقتا.»

ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ رۇس تىلىنى كېڭەيتىشكە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە تەدبىرلىرى قەتئىي بولغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ رۇس تىلى سەۋىيىسى ناھايىتى تېز ئۆسكەن. 1970-يىلدىن 1979-يىلغىچە بولغان قىسقىغىنا توققۇز يىل ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك مىللەتلەر ئىچىدە رۇس تىلىنى ئىگىلىگەن كىشىلەرنىڭ سانى روشەن دەرىجىدە كۆپەيگەن. تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ:

1970-1979-يىلى ئارىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا تەۋە بەش دۆلەتتىكى ئاساسلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى رۇس تىلى سەۋىيىسى يۇقىرى ھەمدە قوش تىللىق كىشىلەرنىڭ سانى جەدۋىلى○34

ئادەم سانى (مىڭ) ئومۇمىي ئادەم سانى ئىچىدە ئىگىلىگەن پىرسەنتى % تۈر

مىللەت

1970 1979 1970 1979

14.5 49.3 1331 6141 ئۆزبېك

3429 2216 52.3 41.8 قازاق

560 277 29.4 19.1 قىرغىز

515 235 25.4 15.4 تۈ*ركمەن

858 329 29.6 15.4 تاجىك

رۇس تىلىنى 2-تىل قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ 1970-1979-يىلى ئارىلىقىدىكى كۆپىيىش نىسبىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان. تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ:

1970-1979-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر قايسى ئاساسلىق مىللەتلەردە رۇس تىلىنى 2-تىل قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆپىيىش جەدۋىلى○35

كۆپىيىش نىسبىتى مىللىتى كۆپىيىش پىرسەنتى مىللىتى

49.4 ئەرمەن 361.4 ئۆزبېك

44.3 مولداۋى 160.8 تاجىك

42.6 ئوكرائىن 122.9 ئەزەربەيجان

37.9 گىرۇزىن 119.1 تۈ*ركمەن

26.3 لاتىش 102.2 قىرغىز

21.7 بېلورۇس 55.3 لىتۋان

15.4- ئېستونى 55.7 قازاق

رۇس تىلى سەۋىيىسىنىڭ روشەن ئۆسۈش، رۇس تىلىنى ئىگىلىگەن كىشىلەرنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىش ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىلىنى ئىشلىتىشكە ئېتىبار بېرىلمىگەن. 1991-يىلى قازاقىستاننىڭ ھازىرقى پىرېزىدېنتى نەزەربايېوف قازاقىستاندا قازاق تىلىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغاندا ئەندىشە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«ئاساسلىق مىللەت تىلى دۆلەت ئورگانلىرىدا ئىشلىتىلمەي، بىر خىل تۇرمۇش تىلى، ئاشخانا تىلى بولۇپ قالدى. 33% قازاق زادى قازاقچە سۆزلىيەلمەيدۇ ياكى بۇزۇپ سۆزلەيدۇ. بۇ، ياش ئەۋلادلارنىڭ ئۆز يىلتىزىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى، مەنىۋى جەھەتتىكى ئەنئەنىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى، خەلقنىڭ جۇشقۇن مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسىنىڭ تۈگەشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.» ○36«سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەتشۇناسلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 1991-يىل 1-سانىدىكى بىر پارچە ماقالىدە، ئۆزبېكستاندىكى ئاساسىي مىللەت بولمىغان تاجىكلارنىڭ تىلىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئۈستىدە توختىلىپ، تاجىك تىلىنىڭ ئۆزبېكستاندا تازا ئاقمايدىغانلىقى ئاشكارىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: «تاجىك تىلى بارا-بارا سەمەرقەنت ۋە بۇخارا تاجىكلىرى ۋە تاجىك تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەرنىڭ (ئىرانلىقلار، ئوتتۇرا ئاسىيا يەھۇدىلىرى ۋە سىگانلارنىڭ) ئۆي ئىچى تىلى ياكى كۈندىلىك ئالاقە تىلى بولۇپ قالدى. ئۇ، مائارىپ، سىياسەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى ئۆزبېك تىلىغا ئۆتكۈزۈپ

بىرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدى... ئۇرۇشتىن بۇرۇن(سەمەرقەنت) شەھرىدە ئۆزبېك تىلدىكى مەكتەپتىن ئاران ئىككىسى بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ئاساسلىقى ئىران بالىلىرى ئىدى، قالغانلىرى ئاساسەن تاجىك تىلدىكى مەكتەپلەر ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە رۇس تىلدىكى مەكتەپتىن بىر قانچىسى، ئەرمەن تىلدىكى مەكتەپتىن ئىككىسى بار ئىدى. ھازىر شەھەرلەردە تاجىك تىلدىكى مەكتەپتىن بىرسىمۇ قالمىدى.»رۇس تىلى كېڭەيتىلگەنلىكى، مائارىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتلەردە ئەۋزەل ئورۇن تۇتقانلىقى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك ئاھالىلەر پەرزەنتلىرىنى ئانا تىلدىن ۋاز كەچتۇرۇپ، رۇس تىلىغا بېرىشكە مەجبۇر بولغان. «بارلىق ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە دەرس رۇس تىلدا ئۆتۈلگەچكە»، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدا رۇس تىلى ئارقىلىق ئاسسىملىياتسىيە بولۇپ كەتكەن كىشىلەر سانى 1959-1979-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بارا-بارا كۆپەيگەن. تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ:

1959-1979-يىلى ئارىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ رۇس تىلى ئارقىلىق ئاسىملىياتسىيە بولۇش ئەھۋالى:

مىللەتنىڭ ئومۇمي نوپۇسىدا ئىگىلەيدىغان نىسبىتى% تىل ئارقىلىق ئاسىملىياتسىيە بولغان ئادەم سانى تۆر

مىللەت

1959 1970 1979 1959 1970 1979

105 1.4 1.6 187000 124000 94000 ئۆزبېك

2.2 1.5 1.9 64000 32000 26000 تاجىك

2.5 2.0 1.6 164000 104000 59000 قازاق

1.3 1.1 1.1 26000 17000 11000 تۆ*ركمەن

2.1 1.2 1.3 40000 18000 13000 قىرغىز

يەرلىك مىللەتلەر تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېتىبارسىز قارىلىشى، ئوتتۇرا ئاسىياغا تەۋە ھەر قايسى ئەللەردىكى رۇس قاتارلىق ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ ئاساسلىق مىللەت تىلىنى ئىگىلەش نىسبىتىنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، قازاقىستاندا 1970-يىلى پەقەت %1 لا رۇس (55118 ئادەم) قازاق تىلىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىگىلىگەن ئىدى. 1979-يىلىغا كەلگەندە قازاق تىلىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىگىلىگەن رۇس %0.3 (15281 ئادەم)گە چۈشۈپ قالدى. رۇسلار ئىچىدە باشقا ئاز سانلىق مىللەت تىلىنى ئىگىلىگەنلەر تېخىمۇ ئاز ئىدى. ○37

رۇس تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش زىيادە تەكىتلەنگەنلىكى، ئاز سانلىق مىللەت تىلىنى ئىشلىتىشكە ئېتىبارسىز قارالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك مىللەت ئاممىسىنىڭ قەلبى ئېغىر دەرىجىدە جاراھەتلەندى، نەتىجىدە رۇس تىلىنى كېڭەيتىشكە نىسبەتەن ئۇلاردا بىر خىل چەتكە قېقىش ياكى توسقۇنلۇق كەيپىياتى شەكىللەندى 1972-يىلى 6-ئاينىڭ 15-كۈنى «سوۋېت

قىرغىزستان گېزىتى»نىڭ ئاشكارىلىشىچە، قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى يۇداسىن پەنلەر ئاكادېمىسىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا ئوچۇق-ئاشكارە ھالدا:«رۇس تىلىنى قىرغىزلارنىڭ 2-تىلى قىلىش كۆز قارىشى توغرىمۇ-قانداق؟ بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا ئەرزىيدۇ» دېگەن. 1973-يىلى 1-ئاينىڭ 28-كۈنى «سوۋېت قىرغىزىستان گېزىتى»دە قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، يازغۇچى سەئىدبىكوف بىلەن ئەدىب سادىقوف تەنقىد قىلىنغان ئىدى. ماقالىدە ئاشكارىلىنىشىچە، سەئىدبىكوف قىرغىز تىلىنى «چەتتىن كىرگەن سۆزلەر»، يەنى رۇس تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ قاپلاپ كەتكەنلىكىدىن نارازى بولۇپ، «مىللىي تىلنى تۈپتىن ياخشىلاش» ھەمدە «ئۇنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. يۇقىرىقى ماقالىدە ئۇ يەنە «ئۆز تىلى بىلەن ئۇلۇغ رۇس تىلىنى قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ»دەپ ئەيىبلەنگەن. بۇ ئەھۋاللار ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك مىللەتنىڭ رۇس تىلىنى كېڭەيتىشنى تەكىتلەشكە نىسبەتەن ئىپادىلىگەن ئاساسي كەيپىياتى ھېسابلىنىدۇ.
شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش كېرەككى، بېرژېنىف دەۋرىدە رۇس تىلىنى كېڭەيتىشتىكى ئالدىراڭغۇلۇق ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تىل تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەسىر تېخى «كىرزىس» ھالىتىگە بېرىپ يەتمىگەن ئىدى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بېرژېنىف دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى تىلىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىدا ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى ھالەت ساقلىنىپ كەلگەن ئىدى. 1959-1979-يىلى ئارىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسلىق مىللەتلەر ئانا تىلىنىڭ ساقلىنىپ قېلىش نىسبىتىدە زور ئۆزگىرىش بولمىغان، ئىشلىتىلىش ئۈنۈمدارلىقى يەنىلا ناھايىتى يۇقىرى بولغان. تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ: ○38

ئۆز ئانا تىلىنى ئانا تىل قىلىش نىسبىتى% تۈر
مىللەت

1959 1970 1979
ئۆزبېك 98.4 98.6 98.5
قازاق 98.4 98.0 97.5
تاجىك 98.1 98.5 97.8
تۈ*ركمەن 98.9 98.9 98.7
قىرغىز 98.7 98.8 97.9

## 5

گورباچېۋ ھاكىمىيەت تۇتقاندىن كېيىن،«دېموكراتىيىلىشىش» ۋە «ئوچۇق-ئاشكارە بولۇش»نى تەشەببۇس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى مەسىلىسىگە ئېتىبار بېرىشكە باشلىدى. 1988-يىلى سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 19-قۇرۇلتىيى قارارىدا: «بارلىق پۇقرالار ئۆز مىللەت تىلىنى ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرسا ۋە ئۇنى باراۋەر ئىشلەتسە بولىدۇ» دەپ تەكىتلەندى. گورباچېف مىللىي مەسىلە ئۈستىدە توختالغاندا ھەر مىللەت تىلىنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىملىقىنى، مىللىي تىلنى يوقۇتۇۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: 6000 نوپۇسقا ئىگە بىر مىللەتنىڭ تىلىنى، تارىخىنى، ئەنئەنىسىنى يوقۇتۇۋەتسە چوڭ گۇناھ، ھەتتا جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. 1989-يىلى 9-ئايدا سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ماقۇللىغان «نۆۋەتتىكى شارائىتتا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستى» دېگەن پروگراممىدا، «دۆلەت تىلى» مەسىلىسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ۋە ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە كىرىدۇ، رۇس تىلىنى«مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش قوللىنىلىدىغان ھەمدە ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ تىلى بىلەن باراۋەر ئاساستا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان مەملىكەت خاراكتېرلىك تىل قىلىپ بېكىتىش كېرە» دەپ قارالدى.[40] گورباچېفنىڭ يېڭى تىل سىياستىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن 1989-يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قازاقىستان مەكتەپلىرىدە قازاق تىلى، رۇس تىلى، ئۇيغۇر تىلى، ئۆزبېك تىلى ۋە تاجىك تىللىرىدا دەرس ئۆتۈلدى. بەزى جايلاردا نېمىس تىلى، كورىيە تىلى، تۇڭگان تىلىنى ئۆگىنىش باشلاندى. جۇمھۇرىيەتتە ئالتە مىللەت تىلىدا كىتاب، ژۇرنال، گېزىت نەشرى قىلىندى. بەش خىل تىلدا رادىئو ئاڭلىتىشى يولغا قويۇلدى. قازاقىستان يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يەرلىك مىللەتتىن بولمىغان پۇقرالاردىن يەرلىك مىللەت تىلىنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە «بۇ، مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتكە خاس مەدەنىيەت يېتىلدۇرۇش ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلايدۇ، بۇنداق قىلىش ناھايىتى مۇھىم» دەپ قارالدى.[41] 1989-يىلى قازاقىستاندا تىل قانۇنى ئېلان قىلىنىپ، قازاق تىلى قازاقىستاننىڭ دۆلەت تىلى، رۇس تىلى مىللەتلەر ئارا ئالاقە قىلىدىغان تىل، دەپ بەلگىلەندى. تىل قانۇنىدا: قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى ۋە باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى يىغىن چاقىرغاندا قازاق تىلى ئىشلىتىلىدۇ. قازاق تىلىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرگە رۇسچە ياكى باشقا مىللەت تىلىدا تەرجىمە قىلىپ بېرىلىدۇ. جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ۋە باشقۇرۇش ئورگانلىرى قانۇن، پەرمان ئېلان قىلغاندا قازاق تىلى ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىدۇ. قازاق تىلى ئىشلىتىلمەيدىغان ئادەتتىكى مەكتەپ، كەسپىي تېخنىكا مەكتەپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەردە قازاق تىلى دۆلەت تىلى سۈپىتىدە ئوقۇغۇچىلارغا زورۇر دەرس قىلىنىدۇ.

جۇمھۇرىيەتتە رادىئو، تېلېۋىزيە پروگراممىلىرى ئاساسەن قازاق تىلدا تارقىتىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.
قازاقىستاندا تىل قانۇنىنىڭ چىقىرىلىشى بىلەن ئاساسىي مىللەت تىلى بولغان قازاق تىلىنىڭ ئورنى زور دەرىجىدە ئۆستى. بۇ، قازاقلاردىن ئىبارەت ئاساسىي مىللەت ئىگى كۆچەيگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ، رۇس تىلىنى كېڭەيتىش ۋە ئىشلىتىشكىلا ئېتىبار بېرىپ، ئاساسىي مىللەت تىلىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ۋە تەرەققىياتىغا سەل قاراش خاھىشىنى تۈزۈتۈشكە پايدىلىق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۆت دۆلەتمۇ تىل قانۇنىنى ئوخشاش مەزمۇندا ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلدى. شۈبھىسىزكى، بۇ ھەر قايسى ئاساسىي مىللەت تىللىرىنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈشتە، ئىشلىتىش ئۇنۇمى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىدى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ تىل قانۇنى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورنى ئاجىزلاشقان، ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق ئىگى كۆچىيىۋاتقان شارائىتتا چىقىرىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى سىياسىي مەقسەت ناھايىتى ئېنىق ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، تىل قانۇنى ئاساسىي مىللەت تىلىنىڭ ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇقەررەر ھالدا بەزى پاسسىپ ئاقىۋەتلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىرىنچىدىن، ئاساسىي مىللەت تىلى دۆلەت تىلى قىلىپ بېكىتىلگەندە ئەمەلىيەتتە ئاساسىي مىللەت تىلى ئالاھىدە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنە كېلىپ تىل قانۇنىدا ئۇنىڭ ئالاھىدە رولى ۋە ئىقتىدار بەلگىلەنگەچكە، باشقا تىللار بىلەن روشەن پەرقلىق بولۇپ قالىدۇ-دە، نەتىجىدە ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئاساسلىق بولمىغان مىللەتلەر تىلىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ بىلەن تىلدا باراۋەرسىزلىك ھادىسىلىرى كېلىپ چىقىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇرۇن رۇس تىلىنى كېڭەيتىشتە يۈرگۈزۈلگەن مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى ھەر قايسى ئاساسلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. يېڭى تىل قانۇنىدا ئاساسلىق مىللەتلەر تىلى قاتتىق بەلگىلىمە ئارقىلىق مەجبۇرىي يولغا قويۇلسا، ئاساسلىق بولمىغان مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ رۇسلاردىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ئۆگىنىشتىكى يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىدۇ، ئەڭ ئېغىرى شۇكى بىر خىل قوساق كۆپۈش ۋە نارازى بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، تىل قانۇنىدا ئاساسلىق مىللەت تىلىغا دۆلەت تىلىنىڭ ئورنى ئاتا قىلىنغان، ئەمما، ئالاقىلىشش رولى ئاساسلىق مىللەت تىلىدىن زور دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرىدىغان رۇس تىلىغا مۇناسىپ ھالدا ئورۇن بېرىلمىگەن. بۇنداق بولغاندا، ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ قوش تىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ھەمدە بۇ ئارقىلىق سىرتقا قارىتا ئالماشتۇرۇشقا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، رۇس تىلى دۇنيادىكى ئەڭ يېڭى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تېز ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان تىللارنىڭ بىرى، شۇنداقلا بىرلەشكەن دۆلەت تەشكىلاتى خىزمەت تىللىرىنىڭ بىرى.
قىسقىسى، سوۋېت مەزگىلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تىلىنى تارىخىي نۇقتىدىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆپ مىللەتلىك، كۆپ تىللىق سوتسىيالىستىك دۆلەتتە

مىللەتلەر تىلى مەسىلىسى مىللىي مەسىلىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىش-قىلالماسلىقىقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. سوتسىيالىستىك دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان كوممۇنىستىك پارتىيە مىللەتلەر تىلى مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقىغا، مۇرەككەپلىكىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، ئەمەلىيەتكە، ئىلىم-پەنگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تىل سىياستىنى بەلگىلەپ چىقىشى، چوڭ مىللەت تىلىنىڭ رولىغا سەل قارايدىغان ياكى ئۇنى زىيادە مۇبالىغە قىلىۋېتىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك.

ئىزاھات:

① ۋەلىيوف: «ئوتتۇرا ئاسىيا سوۋېت مىللىي زىيالىيلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى»، تاشكەنت، 1966-يىلى، 67-بەت.

② «سوۋېت كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت ئىنقىلابى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1978-يىلى 207-،208-بەتلەر.

③ مەسئۇل مۇھەررىر بروملېي:«سوۋېت ئىتتىپاقى ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى»، ئىلىم-پەن نەشرىياتى. 1977-يىلى، مۇسكۋا، 261-بەت.

⑨⑦⑤④ «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، خەلق نەشرىياتى، 1985-يىلى 20-توم، 57-، 59-، 11-،2-بەتلەر.

⑱⑥ «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، خەلق نەشرىياتى، 1985-يىلى، 19-توم، 426-، 74-، 354-بەتلەر.

⑪ «سوۋېت ئىتتىپاقى ئاساسىي قانۇن تارىخى» (1917- 1936-يىللىرى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ قارار، قانۇنلىرى)، موسكۋا 31-،32-بەتلەر.

⑫ «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، خەلق نەشرىياتى، 1985-يىلى، 36-توم، 633-بەت.

⑰⑬ «قازاقىستان سوۋېت ئاپتونومىيە رېسپوبلىكىسىنىڭ قۇرۇلىشى(ھۆججەت ماتېرىياللار توپلىمى)، ئالمائاتا، 1957-يىلى، 296-،257-بەتلەر.

⑭ «سوۋېت ئىتتىپاقى مىللىي مەسىلىلەرگە دائىر ھۆججەتلەر توپلىمى»، كىتابلار مۇندەرىجىسى ھۆججەت ماتېرىياللار نەشرىياتى 1987-يىلى، 94-بەت.

21○⑳⑲⑮ «ستالىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، خەلق نەشرىياتى، 1950-يىلى 4-توم 318-بەت، 7-توم 115-بەت، 11-توم 303-بەت، 12-توم 319-بەت.

⑯ «قازاقىستان جۇمھۇرىيەت تارىخى» 2-توم، ئالمائاتا، 1959-يىلى، 62-بەت.

⑱ «قىرغىزىستان تارىخى»2-توم، فرونزا، 1963-يىلى، 297-بەت.

22○ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت دۆلەتنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىلى 25-بەت.

23○ «يېڭى تۈ*ركىي ئېلىپبە ئۈچۈن جەڭ قىلايلى» توپلىمىغا قارالسۇن، موسكۋا، 1926-يىلى.

○24 تېنىشىڧ:«تۆ*ركىي تىللار تەتقىقاتىغا كىرىش سۆز»، لى زېڭشىياڭنىڭ «تۆ*ركىي تىللار ھەققىدە بايان»ىغا قارالسۇن. مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى نەشرىياتى، 1992-يىلى 304-بەت.

○25○26 مەسئۇل مۇھەررىر بىروملېي:«سوۋېت ئىتتىپاقى ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى 267-بەت.

○27 مۇجۇرىنىنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى شەر*قىي ياۋروپا مەسىلىلىرى»گە بېسىلغان «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي كىرزىسنىڭ مەنبىئى ئۇستىدە ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن، 1991-يىلى 6-سان.

○40○39○28«ھەققەت گېزىتى» 1961-يىلى 11-ئاينىڭ 2-كۈنى، 1988-يىل 11-ئاينىڭ 27-كۈنى، 1989-يىل 9-ئاينىڭ 24-كۈنى.

○29 (سوۋېت ئىتتىپاقى)«تارىخىي مەسىلىلەر» 1990-يىل 3-سان.

○30 نەزەربايوف:«ئىزدىنىش يولى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىلى 29-بەت.

○32○31 ئۆزبېكىستان «شەر*ق ھەقىقتى گېزىتى» 1965-يىل 5-ئاينىڭ 18-كۈنى، 1981-يىل 2-ئاينىڭ 4-كۈنى.

○33 «سوۋېت قىرغىزىستانى گېزىتى» 1981-يىلى 1-ئاينىڭ 21-كۈنى.

○38○35○34 دۇەن شىخۇ تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەر نوپۇسى مەسىلىسى»، بېيجىڭ، 1981-يىلى، 488-، 49-، 43-بەت.

○36 شېن بىڭنىيەنىنىڭ«ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان «نەزەربايوفنىڭ ئىتتىپاقنى ئىسلاھ قىلىش ۋە يېڭىلاش ھەققىدىكى بايانلىرى»غا قارالسۇن، 1991-يىلى 4-سان.

○37 ھەسەنوف: «ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى، قوش تىل ۋە كۆپ تىل؛ ئىزدىنىش ۋە ئىستىقبال»، ئالمائاتا، 1989-يىلى.

○41 كاملجانوف:«سوۋېت كومپارتىيىسى مىللىي سىياسىتىنىڭ لېنىنىزمچە پرىنسىپى ۋە مىللەتلەر ئارا تەربىيىدىكى جىددىي مەسىلە»، شۇ نامدىكى ماقالىلار توپلىما قارالسۇن، ئالمائاتا، 1987-يىلى، خەنزۇچە قىسقارتىلما تەرجىمىسى «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى»نىڭ 1988-يىلى 1-،2-سانىغا بېسىلغان.

(«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»(خەنزۇچە 1998-يىلى 2-ساندىن غەيۇر ئابدۇقادىر تەرجىمىسى).

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1998-يىل 4-ساندىن ئېلىندى.

# 11- ئۇرخۇن ئابىدىلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى دۇنيا قاراش توغرىسىدا

ئابدۇمىجىت مۇھەممەد

ئاساسى مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدە ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ئەسەر، تەرجىمە ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇرخۇن ئابىدىلىرى، ئۇرخۇن ئابىدىلىرىنىڭ تىلى، تۈرلىرى ۋە بىر قىسىم مەڭگۈ تاشلارنىڭ تېپىلىشى، ۋە مەزمۇنىنى تەتقىق قىلىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇرخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى دۇنيا قاراشلارنى ئاساسەن تەبىئەت قارشى، ئىلاھىيەت قارشى، ئىنسان قارشى، ھوقۇق قارشى، كىشىلىك مۇناسىۋەت قارشى، مىللەت قارشى، تۆھپە قارشى، ۋەتەن، ماكان قارشى دىن ئىبارەت 8 نوقتا مەسىلىلەر بىلەن تەھلىل قىلىندۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:

ئۇرخۇن، مەڭگۇ تاش، دۇنيا قاراش، پەلسەپە

## ئۇرخۇن ئابىدىلىرى ھەققىدە ئومومى چۈشەنچە

«ئۇرخۇن» دېگەن بۇ نام كېلىپ چىقىش نوقتىسىدىن ھازىرقى موڭغۇلىيەنىڭ مەركىزى، ئۇلانباتۇر شەھرىنىڭ غەربىگە 360 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر دەريانىڭ نامى بولۇپ، كەڭ كەتكەن دەريا ساھىلى ئۇرخۇن دەريا ۋادىسى دەپ ئاتىلىدۇ. قارىماققا بۇ نام موڭغۇللار بىلەن زىچ باغلىنىشتەك قىلسىمۇ، نورغۇنلىغان تارىخى كىتابلىرى بۇ جاينى 13-ئەسىردىكى چىڭگىزخان بىلەن تونۇلغان موڭغۇل

قەۋملىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرسمۇ تارىختا سەل ئىلگىرلەپ نەزەر سالغاندا موڭغۇللاردىن بۇرۇن بۇ جاينى ئۇيغۇر ئىمپىرىيەسى (ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى)نىڭ ئانا ماكان قىلغانلىقى، ئۆتۈكەن تېغى ۋە ئۇرخۇن يېنسەي ۋادىلىرىدا تىركىچىلىك قىلىپ ئات بىلەن ئىتنى كۆندۈرۈشتىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت يارىتىپ، ئىنسانىيەت تارىخىغا بىر تۈركۈم يېڭى تىرمىنلارنى ئېلىپ كىرگەنلىكىنى بايقاش تەس ئەمەس.بولۇپمۇ 8-ئەسىردىكى بۇ ۋادىغا جايلاشقان ئۇيغۇر ئىمپىراتۇرىسىنىڭ پايتەختى ئوردۇ بالىق (قارا بالغاسۇن) قېزىلمىلىرىدىن بۆيەردىكى موڭغۇل مەدەنىيتىدىنمۇ ھالقىغان بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىزنالىرى بايقىلىدۇ. بۆيەردىكى 50 كۇۋادىرات كىلومىتىر ئارلىقتا جايلاشقان ئارخىلوگىيەلىك قېزىلما ئورۇنلىرى، بۇتخانا، قەدىمى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايۇنلىرى ۋە خىلمۇخىل مەدەنىيەت ئىزنالىرىدىن ئۇرخۇن نامىنىڭ يالغۇز موڭغۇللارغىلا ئەمەس بەلكى ئۇيغۇرلارغا، تېخمۇ كونكىرىت قىلىپ ئېيتقاندا مەركىزى ئاسىيا تۈرك - موڭغۇل ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ، ھون، ئارىيانلارنىڭ بۆيەرنىڭ ئەسلى نامىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

ئۇرخۇن ئابىدىلىرىگە كەلسەك، موڭغۇلىيەدىكى ئۇرخۇن دەرياسى ۋادىسى بىلەن سىبىرىيەدىكى يەنسەي دەرياسى ۋادىسىغا تىكلەنگەن ئابىدىلەرنى كۆرستىدىغان بولۇپ ئاساسەن قەبرە تاشلىرى، قەبرىلەر ۋە خاتىرە تاشلىرىغا پۈتۈلگەن يازمىلارنى كۆرستىدىغان بولۇپ، بۇ ئابىدىلەرنىڭ تارىخنى 13-ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتكەن موڭغۇل تارىخى ۋە يېزىقلىرىغا باغلاپ قويۇش كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان قاراشتۇر. ئەملىيەتتە بۇ ئابىدىلەردىكى يېزىق قەدىمقى تۈرك يېزىقىنىڭ گىرمانلارنىڭ رۇنىك يېزىقىغا شەكىلداش يازمىلىرى بولغىنى ئۈچۈن بەزىلەر بۇ ئابىدىلەرنى قەدىمقى تۈرك -رۇنىك يېزىغىدىكى ئابىدىلەر دەپمۇ ئاتايدۇ. ھازىر ئۇرخۇن ئابىدىلىرى دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە كەڭ ۋە تار مەنىدە ئىستىمال قىلىنىدىغان بولۇپ كەڭ مەنىدىكى ئۇرخۇن ئابىدىلىرى ئۇرخۇن ۋادىسىغا تىكلەنگەن تۈرك، ئۇيغۇر، قىرغىز مەڭگۇ تاشلىرىدىن يەتتەسۇ ۋە تارىم جۇڭغار ئويمانلىقىغىچە، ئامۇ سىر دەريا ۋادىلىرىدىن ئۇرخۇن سىلىنگان دەريا ۋادىلىرىغىچە تارقالغان نەچچە ئون خىل يېزىق ۋە تىللاردا پۈتۈلگەن مەركىزى ئاسىيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسنى كۆرسەتسە، تار مەنىدىكى ئۇرخۇن ئابىدىلىرى ئۇيغۇرلارنى يادرۇ قىلغان بارلىق تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئۇرخۇن دەرياسى بويىدا قالدۇرغان يازما ئابىدىلىرىنى كۆرستىدۇ. ئاساسلىقى تۈرك ئۇرخۇن يازما يادىكارلىقلىرى ۋە ئۇيغۇر ئۇرخۇن يازما يادىكارلىقلىرىنى كۆرستىدۇ.[①]ئۇرخۇن يازما يادىكارلىقلىرى ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى ئەڭ موھىم نامايەندە بولۇپ، ئاساسلىق ئۇيغۇر تۈرىكلىرىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيە، ئىتنىك ئالاھىدىلىگى، مىللى تەركىبى ۋە خاراكتىر خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدىكى ئەڭ موھىم بىرىنچى قول ماتىرىياللار بولۇپ، بۇلار خىلمۇخىل نوقتىلاردىن چىقىش قىلىپ تەتقىق قىلىش ئىنتايىن موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىكى دۇنيا قاراش مەسىلىسى ئۇرخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىۋاستە ئەۋلاتلىرى بولغان

ئۇيغۇر لارنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت بولۇپمۇ ئۇيغۇر پەلسەسىنىڭ ئاساسى بولغان دۇنيا قاراش مەسىلىرىنى تەتقىق قىشتا، بۈگۈننى چۈشىنىشى ئارقىلىق كەلگۈسى دۇنياقاراش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا ئىنتايىن موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يەردىكى دۇنيا قاراش كەڭ مەنىدىكى كىشىلەرنى دۇنيانى بىلىش، ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى كۆز قاراشلىرىنى كۆرسەتمەستىن تىخىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا ئۇرخۇن دەريا ۋادىسىدىكى تۈرك ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئانا ماكانلىرىدىكى قەدىمقى دەريا ئۇرخۇن-سىلىنگان، ئامۇ سىر، تارىم ئېرتىش دەريالىرى ۋە بۇ يەردىكى ئوزۇن ۋە ماكان مەنبەسى بولمىش ئۆتۈكەن ، ئالتۇن، تەڭرى، قاراقۇرۇم، ئالتاي تاغلىرىنى بىلىش، ئۆزگەرتىش ۋە چۈشىنىش جەريانلىرىدىكى خىلمۇخىل ئەقلى پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، دىنشۇناسلىق، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيەگىچە تۇتىشىدىغان ئىنتايىن كەڭ مەنىدىكى بىر ئۇقۇمدۇر.

بىز تەھلىل قىلىدىغان ئۇرخۇن ئابىدىلىرى موڭغۇل ياياۋقلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان تۈرك خانلىغى (مىلادى552-744) ۋە ئۇيغۇر(مىلادى 744-840) خانلىغى ئىشلەتكەن يېزىقتا خاتىرلەنگەن مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بەزىلەر بۇ يېزىقنىڭ گىرمانلارنىڭ رۇنك يېزىقىغا ئوخشايدىغانلىقىغا قاراپ تۇرۇپ ئۇنى تۈرك-رۇنىك يېزىقى دەپمۇ ئاتايدۇ.[②] يەنە بەزىلەر بۇ يېزىقنىڭ تېپىلغان ئورنىغا قاراپ ئۇرخۇن يىنسەي يېزىقى يازما يادىكارلىقلىرى دەپمۇ ئاتايدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن بۇ يېزىقنى يالغۇز تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئىشلىتىپلا قالماستىن يىنسەي دەرياسى ۋادىسىدا ياشايدىغان قىرغىزلارمۇ ئىشلەتكەنلىگى ئۈچۈن بۇ يېزىقتا قىرغىزچە نۇرغۇن ئابىدىلەرمۇ ساقلانغان.

## ئۇرخۇن ئابىدىلىرىنىڭ تېپىلىشى

«مەڭگۈتاشلار» ۋە «ئۇرخۇن يازما يادىكارلىقلىرى» دېگەن ئاتالغۇ 1962-يىلى گوللاندىيەلىك ن. ۋىدزېن (N.Windzn ) ئۆزىنىڭ «شىمالى ۋە شەرقى تاتارىيە» دېگەن ئەسرىدە بىرىنچى بولۇپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، سىبىرىيە رايۇنىدىكى تاشلارنى مىسالغا ئېلىشىدىن باشلاپ ئىلىم ساھاسىدە قوللىنىلىشقا باشلىغان بولۇپ، 1696-1697-يىللىرى رۇسيەلىك سېمېن رېمېزوۋ (Remezov Semen ) ئۆزىنىڭ «سىبىرىيە خەرىتىسى» دېگەن ئەسىرىدىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ يېزىق ھەققىدە توختالدى. ئەمما رەسمى ئىلمىي خەۋەرلەر 18-ئەسرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا تەۋە بولۇپ، 1730-يىلى شۋېتسىيىلىك سترالېنبېرگ (F.J.Stralenberg ) ستوكھولمدا «ياۋروپا ۋە ئاسىيانىڭ شىمالى قىسمى ۋە شەرقى قىسمى» دېگەن كىتابدا ئۇرخۇن يادىكارلىقلىرىدىن ئەينى

دۋردە تېپىلغانلىرىنىڭ رەسمى ئىلاۋە قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ 1793-يىلى پاللاس( P.S. pallas)،1818-يىلى سپاسكىي( G. Spaskiy) ئۆز ئەسەرلىرىدىكى مەلۇم ماقالىلەردە قەدىمقى يادىكارلىقلار ھەققىدە ماقالە، ئىزاھات ۋە دەسلەپكى تەرجىملىرىنى ئىلان قىلدى. 1822-يىلى فىرانسىيەنىڭ مەشھۇر شەرقشۇناسى، ئالىم رېمۇسات (( A.Remusat، 1884-يىلى فىنلاندىيەلىك ئاسپىلىن ((J.R. ASplin،1889-يىلى رۇسىيە ئارخىلوگىيە جەمئىيىتىنىڭ شەرقى سىبىرىيە شۆبىسى يادرىنتسېپ (N.M.Yadrintsev ) باشچىلىقىدىكى گۇرۇپپا بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ مىللى تەۋەلىگى، ھەرىپ سانى، جايلاشقان ئورۇن ۋە خارابىلەر، ھەققىدە نورغۇنلىغان پەرزە ۋە ئاساسلارنى ئوتتۇرغا قويدى. شۇنداق قىلىپ 1890-يىلى فىنلاندىيەلىك ھېيكېل (( H.Heikel،1891-يىلى رۇسىيە پەنلەر ئاكاددىمىيسىنىڭ ئالىمى رادلۇۋ ( W.W.Radloff)، يەنە شۇ يىلى فىنلاندىيەلىك ئاسپىلېنلار موڭغۇلىيەدە ئارخىلوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بىرىپ ئونگىن دەرياسى بويىدىن ئاسپىلېن تۇنجى بولۇپ «ئونگىن مەڭگۇ تېشى» نى تاپتى ۋە رۇسىيە، فىنلاندىيە ئارقا ئارقىدىن مەڭگۇ تاش يېزىقلىرىنىڭ رەسمىنى نەشر قىلدى. ھەم بۇلارنى «ئۇرخۇن مەڭگۇ تاش يېزىقى» دەپ ئاتىدى. شۇنداق قىلىپ تىلشۇناسلىق ۋە ئارخىلوگىيە ۋە تارىخى ساھاسىدە ئۇرخۇن يېزىقى دېگەن بىر ئاتالغۇ قىتىلدى. ھەم 1893-يىلى 12-ئاينىڭ 15-كۈنى تومسېن ( V.Thomsen) دانىيە پادىشاھلىق ئاكادېمىيسىنىڭ مەجلىسىدە ئۆزىنىڭ قەدىمقى تۈرك رۇنىك يېزىقىنى غەلىبىلىك يېشىپ ئوقۇغانلىقىنى «ئۇرخۇن ۋە يەنسەي مەڭگۈتاش يېزىقىنىڭ ئوقۇلىشى- دەسلەپكى نەتىجە» ناملىق دوكىلاتىدا ئوتتۇرغا قويدى. ھەم 1894-يىلى كوپىنھاگىندا نەشرقىلدى. تومسېن بۇ يېزىقتىكى ئالامەتلەرنىڭ 38گە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى، تاۋۇش ئېلمىنتلارغا ئاساسلانغان ھەرىپلىك يېزىق بولماستىن، بوغۇملۇق يېزىق ئىكەنلىگى، بىر تاۋۇش ئۈچۈن ئوخشمىغان بەلگىلەرنىڭ قوللىنىلىدىغانلىقى ۋە 8 سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان 4 سوزۇق تاۋۇش بەلگىسنى ئېنىقلىدى . 8 جۈپ ئۈزۈك تاۋۇش بەلگىسىنمۇ يەشتى. شۇنداقلا موشۇ ئاساستا «تەڭرى، كۆلتىكىن، ۋە تۈرك» دېگەن سۆزلەرنى تۇنجى بولۇپ ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرخۇن ئابىدىلىرىنىڭ تىلى، كىملىگى ۋە تارىخى دەۋرى ئاشكارە بولدى. شۇندىن كيىن ئارقا ئارقىدىن «كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى»،«بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»، «تالاس مەڭگۇ تېشى»، «چورېن مەڭگۇ تېشى»، «قۇتلۇق قاغان( مويۇنچۇر) مەڭگۇ تېشى»، «توققۇز ئۇيغۇر ئايتەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغاننىڭ ھەربىي سىياسى پائالىيەتلىرى مەڭگۇ تېشى»، «سۇجى مەڭگۇ تېشى» قاتارلىق مەڭگۇ تاش ئابىدىلىرى ئارقا ئارقىدىن تېپىلدى، تەتقىق قىلىندى ۋە يېشىپ ئوقۇلدى.

## ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدە ئىشلىتىلگەن تىل

تومسېن بۇ 38 ھەرپتىن 23نىڭ ئارامى يېزىقى ( سام يېزىقى) دىن كەلگەن ئوتتۇرا ئاسيادىكى ئىران مىللەتلىرى ئارقىلىق تۈركلەرگە كىرگەنلىكىنى بايقىدى. تۈركلەرنىڭ سوغدىلار ئارقىلىق ئارامى يېزىقىنى ئۆگەنگەن ۋە تۈرك تىلىغا ماسلاشتۇرۇلغان جاي قۇچۇ ۋە شىنجاڭ مىلادى 439-يىللارغا توغرا كېلەتتى. ياپونىيەلىك شەنتىيەن «بەلكى 6-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مۇقان قاغان ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندا ، موشۇ يېزىقنى قوللانغان ۋە ھۆكۈمەت تىلى قىلغان» دەپ قارىدى. شۇندىن كېيىن رادلوۋ تومسېننىڭ تاشلارنى يېشىپ ئوقۇغانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى بىلەن كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشىنى پۈتۈنلەي تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ، 1894-يىلى لاتىنچە ۋە سلاۋيانچە ئۆرۈپ يېزىلىشى ۋە نېمىسچە تەرجىمىسىنى «موڭغۇلىيەدىكى قەدىمقى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلدى. شۇندىن باشلاپ « ئونگىن مەڭگۈ تېشى»، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «تالاس مەڭگۈ تېشى»، «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «چورېن مەڭگۈ تېشى»، «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»، «تەڭرىدە بولمىش ئەل ئېتمىش بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «سۇجى مەڭگۈ تېشى»، «ئۇيغۇر مويۇ قاغان مەڭگۈ تېشى» ۋە يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى قىرغىزلارغا تەۋە بولغان يەتمىشتىن ئارتۇق قەبرە خاتىرە تاشلىرى تېپىلدى.ئوتتۇرا ئاسىيا يەتتە سۇ ۋادىسىدىن تېپىلغان تاشلارمۇ 10نەچچىگە يېتەتتى. بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ كۆپ قىسمى 9-10- ئەسىرلەرگە تەۋە ئىدى.

## مەڭگۈ تاشلارنىڭ تۈرلىرى

ئۇرخۇن ئابىدىلىرى تەلەپلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن بىرقانچە تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، رايونغا قاراپ تۆۋەندىكىچە 7 تۈرگە بۆلىنىدۇ:

(1) شىمالى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىن چىققانلىرى. (2) يەنسەي دەرياسى ۋادىسىدىن چىققانلىرى. (3) لېنا دەرياسى بىلەن بايقال كۆلى ئەتراپىدىن چىققانلىرى. (4) ئالتاي رايونىدىن چىققانلىرى. (5) شىنجاڭ (تۇرپان بىلەن مىرەن) ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دونخۇاڭ رايونىدىن چىققانلىرى. (6) ئوتتۇرا ئاسىيا (يەتتە سۇ، پەرغانە رايونلىرى) دىن چىققانلىرى. (7) شەرقى ياۋروپا (دونتېس ۋە دوناي دەريا ۋادىسى) دىن چىققانلىرى

سىياسى جەھەتتىن ۋە قەبىلىلەرگە تەئەللۇقلۇقى جەھەتتىن تۆۋەندىكى 7 تۈرگە بۆلىنىدۇ:

(1) شەرقى تۈرك خانلىقىغا تەئەللۇقلىرى. (2) قەدىمى قىرغىزلارغا تەئەللۇقلىرى. (3) قورقانلارغا تەئەللۇقلىرى. (4) غەربىي تۈرك خانلىقىغا تەئەللۇقلىرى. (5) گوبى چۆللىنىڭ شىمالىدا خانلىق قۇرغان ئۇيغۇرلارغا تەئەللۇقلىرى. (6) قۇچۇ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا تەئەللۇقلىرى. (7) پەچەنەكلەرگە تەئەللۇقلىرى.

مەزمۇن جەھەتتىن يەنە تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ:

(1)تارىخ، تەرجىمىھال خاراكتىردىكىلىرى. (2) قەۋرىلەرگە قويۇلغان خاتىرە تاشلار. (3) قىياتاشلارغا ئويۇلغان خاتىرىلەر. (4) دىنىي مەزمۇندىكىلىرى. (5) ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ خاتىرلىرى. (6) كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا پۈتۈلگەن پۈتۈكلەر قاتارلىقلار دىن ئىبارەت بولۇپ[③] بۇ تۈرلەردىن مەلۇمكى مەڭگۈ تاشلار يالغۇز تاش ئابىدىلەرنىلا كۆرسىتىپ قالماستىن قىياتاش، ئۆككۈرۈۋە تارشا، قەغەز پۈتۈكلىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. پەقەت موشۇ دائىرلەردىن تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىلا يايلاق-بوستان، چۆل-شەھەر مەدەنىيىتىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقى دۇنيا قاراشلىرىنى توغرا شەرھلەرپ بەرگىلى بولىدۇ. بۇ تەتقىقاتتا ئەلۋەتتە سىلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى بىلەن تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلىنى بىر گەۋدەقىلىش ئىنتايىن موھىم.

## ئۇرخۇن ئابىدىلىرىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى

ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدە مەلۇم بىر شەخسنىڭ مەلۇم بىر قاغانغا ھەمكارلىشىپ دۆلەت قۇرۇشقا ياردەم قىلغانلىقى، تونيۇقۇقنىڭ ئۆز ھاكىمىيتىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش تارىخى شۇنداقلا قازانغان ھەربىي مۇۋاپىقىيەتلىرى، خانلىق قۇرغۇچىلارنىڭ ھاياتى ۋە ھەربىي مۇۋاپىقىيەتلىرى، خوتۇن بالا، ئاتا ئانىلىرىغا بولغان مەرسىيە –خاتىرلەشلىرى، ھەربىي خىزمەتلەر ھايات ئىزنالىرى، مانى دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىش جەريانلىرى، ئۆز نەسلىدە مال چارۋىلارنىڭ ئەھۋالى قاتارلىق مەزمۇنلار جانلىق تىل بىلەن سۈرەتلەپ بىرلگەن بولۇپ، بۇ ئابىدىلەر 1893-يىلى يېشىپ ئوقۇلغاندىن تا بۈگۈنگىچە بولغان 118يىل جەريانىدا تارىخشۇناسلار، تىلشۇناسلار، ۋە مەدەنىيەتشۇناسلار تەتقىق قىلىپ ئىنگلىز، نىمىس، خەنزۇ، رۇس، ياپۇن، ۋە تۈركىي تىللارغا تەرجىمە قىلدى.

# ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىكى دۇنيا قاراش ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى

ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدە قوللىنىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 1893-يىلى يېشىپ ئوقۇلغىنىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان 118يىلدىن تۈركى خەلقلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئورنىتىلغان ئەڭ ئىشەنچلىك يازما مەنبە بولۇش سۈپىتىدە تارىخشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن تەتقىق قىلىنىپ كەلدى. ئەمما ئۇيغۇرلار تارىخى بىرقەدەر ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ، قوللانغان يېزىق ۋە ئۇچىراشقان مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ خىلمۇخىللىقى سەۋەبىدىن ئۆز روھىيىتىگە نىسبى تۇراقلىق، نىسبى ئۆزگىرىشچان خاراكتېرلىرىنى سىڭدۈرگەن بولۇپ يايلاق، بوستان، چۆل جۇغراپىيەسىنىڭ تەسىرىدە شۇنداقلا ئۇلار ئېتىقاد قىلغان تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىكى، شامان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى قىسمەن دائىردىكى خرىستىيان دىنى ۋە 11-ئەسىردىن كېيىن كەڭ كۆلەملىك قوبۇل قىلىنغان ئىسلام دىنىنى ئېتىقادلىرى ئۇلارنىڭ روھىيەت ۋە دۇنياقارىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ، مەڭگۈ تاشلاردا ئىپادىلەنگەن دۇنيا قاراشلار ئاساسەن تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، شامان ۋە كېيىنكى مانى دىنلىرىنىڭ تەسىرىنى ئۆزىگە بەلگە قىلغان. ھەممىگە مەلۇمكى ئۇرخۇن تۈرك خانلىقىنىڭ يىمىرلىشى ئۇيغۇر قەبىلىرىلەر ئىتتىپاقىنىڭ كۈچەيگەنلىگىدىن بولغان بولسا ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىغىنىڭ يىمىرلىپ ئۈچ يول بويىچە چوڭ كۆچۈش ئېلىپ بېرىشى ئاساسلىغى سىرتقى دۈشمەن قىرغىزلارنىڭ ھوجۇمىدىن سىرت بۇيەردە تارقالغان ۋابا ۋە مانى دىنى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىددىيە بۆلۈنمىچىلىكى ۋە دۇنيا قاراشنىڭ پەرقلىشىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ، بىر قەۋمنىڭ جۈملىدىن بىر مىللى توپنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان دۇنيا قاراشنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىيال ھىسابلىنىدىغان بۇ ئۇرخۇن ئابىدىلىرىنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ . ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدە ئاساسەن سوغدى يېزىقى بىلەن تۈركىي تىلنى ئىپادىلەش ئاساس قىلىنغان بولۇپ ، ئاساسەن ئەينى دەۋىر ئۇرخۇن يېنىسەي ۋادىلىرى، ئالتاي، تەڭرى تاغلىرى ئەتراپىدىكى قەدىمقى تۈرك ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ تۈرلۈك دىنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخي، ھاياتى كەچمىشلىرى ۋە قىممەتلىك دۇنيا قاراشلىرى سىڭگەن بولۇپ، ئاساسەن تەبىئەت ئېتىقاتچىلىغى، مىللى تۇتۇم ۋە تەڭرى شۇنداقلا تەڭرىنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ۋەكىلى بولغان شاھلار ھەققىدىكى قاراشلىرى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئەشۇ شاھلارنىڭ يېنىدىكى دانىشمەن ۋەزىرلار، ئۇيۇشقاق مىللەت ئەزالىرى، پەن مەدەنىيەت، قانۇن ئىنتىزام، دىنىي ئەھكاملىرى ئاساسى تېما قىلىنغان. بۇ قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلار بىزگە قەدىمقى ئۇيغۇر تىل يېزىقىنىڭ ئۆز زامانىسىدا ھىنگا تاغلىرىدىن تارتىپ كاسپى دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ رايۇنلاردا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقەرنىڭ سىياسى ھاياتىدا موھىم رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بىرىدۇ. شۇڭا ئۇرخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا بولۇپمۇ «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»،

«تۆنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» ۋە «مۇيۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك تاشلارنىڭ بىزگە قولايلىق بولغان تەرجىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا مەڭگۈ تاشلاردىكى دۇنيا قاراشلارنى ئاساسەن تەبىئەت قارىشى، ئىلاھىيەت قارىشى، ئىنسان قارىشى، ھوقۇق قارىشى، كىشىلىك مۇناسىۋەت قارىشى، مىللەت قارىشى، تۆھپە قارىشى، ۋەتەن، ماكان قارىشى دىن ئىبارەت 8 نوقتىدىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن.

## 1. ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىكى تەبىئەت قارىشى

تەبىئەت قارىشى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى بىلگىنىدىن باشلاپ ئىنسانى تەرەققىياتنىڭ يۇقىرى باسقۇچلىرىغا يەتكۈچى بولغان ئارلىقتا ئۆزى ياشاۋاتقان موھىتنى چۈشىنىشى، ھۆرمەتلەر ۋە ياكى شۇ تەبئى موھىتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئىلاھى قۇدرەت بىلەن باغلاپ ئېتىقات قىلىش ھادىسىسىنى كۆرستىدىغان بولۇپ، كەڭرى ياىلاقتا ئاپرىدە بولۇپ، تۇنجى قېتىم ئاتنى ۋە ئتنى قولغا كەلتۈرۈپ ئارىيان، ساك، سوغدى، تۈرك ئۇيغۇر نەسىللىرىدە ۋە ناملىرىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئەجداتلىرىمىز ئۇرخۇن يازما مەنبەلىرىدە باشتىن ئاخىرى تەبىئەت مەۋجۇتلۇقىنى ئاساس سۈپىتدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ تەڭرى ئۇماي ۋە يەر سۇب ئىلاھلىرىنى ئۆزلىرىگە مەدەت بەرگۈچى دەپ قارىسا، يەنە بىر نوقتىدىن ئۆتۈكەن تىغىنىڭ ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ كۈچ مەنبەسى ۋە مەۋجۇتلۇق ئاساسى دەپ قارىغان. كەڭرى ياىلاقتا كۆررۈنگەن قوياش، ئاي، يۇلتۇزلارنى ئىلاھى كۈچ دەپ تونۇپ ئۆز خاقانلىرىنى ئىلاھنىڭ يەريۈزىدىكى ۋارىسى نامدا ئاي تەڭرى، كۆك تەڭرى، ئاي بىلگە دىگەندەك مۇقەددەس ناملاردا ئاتىغان.

شۇنداقلا بىرقانچە مەڭگۈ تاشلاردا قايتا قايتا تۈرك بەگلىرىنىڭ مۇقەددەس ياىلاقتىن ئايرىلمىسا، كۆپ تەڭرى ۋە يەر، سۇ ئىلاھلىرى قوللاپ بەرسە ئەل ئىل بولىدىغانلىقى، مەڭگۈ خانىۋەيران بولمايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنسا، يەنە بەزى ئابىدىلەردە كېيىنكىلەرنىڭ بۇرۇنقىلارنى ئۇنتۇپ، يەر ۋە كۆككنى ئۇلۇغلاشنى تەرك ئېتىپ سىپىللاردىن ھالقىپ غەيرى ئېتىقاتلارنى باشلاپ كەلگەنلىكى شۇ سەۋەبتىن ۋاپا ۋە بۆلۈنمىچىلىك يۈزبېرىپ ئەل خاراپ بولغانلىقىنى نەسىھەت خاراكتېردە تاشلارغا نەچچە خىل يېزىقتا يېزىپ قالدۇردۇ. مەسلەن:«كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرق تەرىپى بىرىنچى قۇرىغا: ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپتۇ. ئىنسان بالىسى ئۈستىدە ئاتام بوۋام بۇمىن خاقان، ئىستەمى خاقان ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار تەختتە ئولتۇرۇپ تۈرك خەلقىنى ئېلىنى قۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇن تۈزۈمىنى تۈزۈپتۇ[④] دەپ يازغان بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى توغرىسىدا ئالائىددىن ئەتامەلىك بىنى باھائىددىن مۇھەممەد جۇۋەينى تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخي جاھانكۇشاي» (جاھاننى

ئىستلا قىلغۇچىلار تارىخى) نامىلىق ئەسەردە مۇنداق رىۋايەتلەر يېزىلغان: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇرخۇن دەريا ۋادىلىرىدا ياشاپ كەلگەن بولۇپ، بۇ دەريا قارا قۇرۇم دەپ ئاتىلىدىغان تاغدىن باشلىنىدۇ. قاغان بىنا قىلغان شەھەر مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ دەريا نۇرغۇن ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان بولۇپ ھەر بىر ئېقىننىڭ بويىدا بىردىن ئۇرۇق ئولتۇراقلاشقان. ئۇرخۇن دەريا ۋادىسىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئىككى قەبىلىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، قەبىلىلەر ئىچىدىن بىرنى باشلىق قىلىپ سايلايتتى. ئۇلار 500 يىلنى شۇ تەرقىدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بۆكۈخان دېگەن بۇ باشلىق ئوتتۇرىغا چىققان.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇ قاغان ئاپراسياپ ئىكەن. قارا قۇرۇم تاغنىڭ ئىچىدە بىر كونا خەندەك بار ئىكەن. ئەينى زاماندا قارا قۇرۇمدا ئىككى دەريا بار ئىكەن. بۇ دەريالارنىڭ بىر تۈغلار دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن. يەنە بىرى سېكىنگا دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىكەن. ئىككى دەريا بۇ جايدىكى دەريالارنىڭ ئارىلىقىدا بىر-بىرىگە قوشۇلىدىكەن. بۇ جايدىكى دەريالارنىڭ ئارلىقىدا بىر-بىرىگە ياندىشىپ ئۆسكەن ئىككى تۈپ دەرەخ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنى «ستوك» دەيدىكەن. ياز كۈنلىرى كۆكىرىپ يېشىل تۈرىدىكەن. ئۇرۇقىنىڭ رەڭگىمۇ خۇددى قارىغاي ئۇرۇقىنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىكەن. يەنە بىرىنى «توز» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ ئىككى دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك دۆڭ بولۇپ بۇ دۆڭگە قۇياش نۇرى چۈشكەنسېرى بارغانسېرى ئېگىزلەپ تۇرىدىكەن. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ دەرھال بۇ جاينى خاسىيەتلىك دەپ تاۋاپ قىلغاندا بۇ جايدىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇنداق مۆجىزىلىك ئەھۋالدا ھەر كۈنى كەچتە بىر پارچە نۇر شۇ دۆڭنىڭ ئوتتۇز قەدەم چۆرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىكەن. دۆڭ ھەر كۈنى دېگۈندەك ئېگىزلەپ تۇرىدىكەن. ھەر كۈنى ئېگىزلەۋېرىپ ئۇنىڭدىن ئۈستۈمتۈت بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئىشكىنىڭ ئىچىدە چېدىرغا ئوخشايدىغان بەش ئېغىزلىق ئۆي تۇرۇپتۇ. ھەر بىر ئۆيدە بىردىن ئوغۇل بالا ئولتۇرغۇدەك. بۇ بالىلارنىڭ ئېغىزىغا بىردىن ئېمىزگە سېلىنغانىكەن. ھەر بىر ئۆينىڭ ئۈستىگە ئۆيگە بېسىلغان كۈمۈش تور بار ئىكەن. قەبىلە باشلىقلىرى بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ، بۇ بىر ئىلاھ دەپ نۇر چىققان ئۆيگە تەزىم قىلىپ چوقۇنۇپتۇ. بىردىنلا غۇر-غۇر شامال چىققاندەك بولۇپتۇ-دە، بالىلار ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئۇيغۇرلار بۇ بالىلارنى خوتۇنلىرىغا ئەمدۇرۇپ چوڭ قىلىپتۇ. بۇلار گەپ قىلىشقا باشلاپ ئاتا-ئانىلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۇلاردىن سوراپتۇ. ئۇلار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، كىشلەرنى ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىپتۇ. ئۇلار كىشلەرنى تاۋاپ قىلدۇرۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى تۈپ دەرەختىن زۇۋان چىقىپ، ئەي بالىلار سىلەر بۇ يەرگە كېلىپ، بىزنى يوقلاپ تۇرۇڭلار. بىز سىلەرگە ئۇزۇن ئۆمۈر، مەڭگۈ شان-شەرەپ تىلەيمىز، دېگەن سادا كېلىپتۇ. شۇ رايوندا ياشاۋاتقان قەبىلە باشلىقلىرى بۇ بەش بالىنى خۇددى شاھزادىلەردەك كۆرۈپ، ھۆرمەت، ئىززەتلەپتۇ. ئۇلار قايتىش

ۋاقىتدا بۇ بەش بالىنىڭ ئىچىدىن ئەڭ چوڭىغا شۇڭقار تېكىن، ئىككىنچىسىگە قۇت تېكىن، ئۈچىنچىسىگە توقلا تېكىن، تۆتىنچىسىگە ئورتېكىن، بەشىنچىسىگە بۇقار تېكىن دېپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئۇيغۇرلار بۇ تېكىنلەرنى تەڭرى ئاتا قىلغان تېكىنلەر دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى سايلىماقچى بولۇپتۇ. بۇقا تېكىننىڭ ئەقىل-پاراسەتلىك، تەمكىن، باشقا بالىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەممە ئەلنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇنى ئۇيغۇرلارغا قاغان قىلىپ سايلاپتۇ. كۆپچىلىك تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۇنى تەختكە چىقىرىپتۇ». «بۇقا تېكىن قاغان بولغاندىن كېيىن ئەل ياخشىلىنىپ خەلق خاتىرجەملىكتە ياشاپ نۇپۇسمۇ كۆپىيىپتۇ. بۇقا تېكىن ئاق تاغ دەپ ئاتىلىدىغان بۇ يەردە بىر پەرىزات بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ يەتتە يىل ئالتە ئاي 20 كۈن بىللە بوپتۇ. ئاخىرقى قېتىمدا پەرىزات بۇقا تېكىن بىلەن خوشلىشىپ ئۇنىڭغا كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى سىزگە قارايدۇ. سىز بۇ جايلارنى ئىدارە قىلىپ خەلقنى ياخشى باشقۇرۇڭ. دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇقا تېكىن قېرىنداشلىرىنى باشقا ئەللەرنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار يىراق ئەللەرنى ئىگەللەپ، ئۇلقا ئېلىپ ئۆرقۇن دەرياسىنىڭ بويىدا ۋە تۈركىستاندا بىر شەھەر بىنا قىلىپتۇ. شەھەرگە ئوردا بالىق (ئوردا شەھەر) دەپ نام قويۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا كۈنچىقىش تەرەپتىكى جايلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەل بولۇپتۇ.

بۇقا تېكىن بىر كۈنى چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ كۆرگەن چۈشىدە قولىغا ھاسا تۇتقان ۋە ئاق چاپان كىيگەن بىر بوۋاي كېلىپ بىر پارچە مەرمەر تاشنى ئۇنىڭغا بېرىپ، سەن بۇ تاشنى ئۆزۈڭدىن مەڭگۈ ئاجراتماي، ئوبدان ساقلا دەپتۇ. بۇقا تېكىن بۇ كۆرگەن چۈشنى ۋەزىرلىرىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەتىسى بۇقا قاغان زور قوشۇن تەشكىللەپ كۈنپېتىش تەرەپكە يۈرۈش قىلىپتۇ. ئۇنىڭ زور قوشۇنى تۈركلەرنىڭ ماكانىغا كەپتۇ. بۇ جاي بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان خۇش پۇراق، ھاۋالىق جاي ئىكەن. بۇقا قاغان بۇ ھاۋاسى ياخشى جايدا تۇرۇشنى قارار قىلىپتۇ. بۇ جايدا «بالا ساغۇن» دېگەن بىر شەھەرنى بىنا قىلىپتۇ. ئاندىن قوشۇنلارنى ئەتراپلارغا ئەۋەتىپ ئەللەرنى ئىدارە قىلىپتۇ».

«بۇقا قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىرى تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ تەختكە چىقىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا شۇ جايدىكى جىمى قۇشلار، ياۋايى ھايۋانلار ھەتتاكى بوۋاق بالىلاردىن چوڭلارغىچە ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا كۆچ-كۆچ دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ. بۇ ئاۋاز بىلەن ئۇيغۇرلار كۆچۈشكە باشلاپتۇ. كۆچۈش جەريانىدا ھېلقى كۆچ دېگەن ئاۋاز توختىماپتۇ. ئۇلار تىنچىپ بۇ جايدا توختاپتۇ. بۇ جايدا بەش شەھەر بىنا قىلىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ نامىنى «بەشبالىق» دەپ ئاتاپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ بۇقا قاغان ئەۋلادى ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ. بۇ جايدىكى خەلقلەرنىڭ باشلىقى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتىلىدىكەن. [⑤] ، بىراق قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ تۈرك يېقىدىكى «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا سېلىنگا، ئورخۇن، تۇغلا دەرياسى قاتارلىق سەككىز دەريا ۋادىسى ئارىلىقلىرىدا تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ بارلىقى ئېيتىلغان. ئۇيغۇرلار ئەسلىدە چېدىرلارنى ئۆي قىلىپ، سۇ

ۋە ئوت-چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى. قاغانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن بولسا، ئاھالىلەر مۇقىم ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەرمۇ بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىدا بايبالىق (ئۇيغۇرلار پايتەختى)، بۈگۈنكى ئېرغۇنا دەرياسى بويىدا خاتۇنبالىق شەھىرى بەرپا قىلىندى. شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن قاغان ئوردىسى ھەشەمەتلىشىپ، قەسىر-سارايلار سېلىندى. ئوردىنىڭ ئەتراپىغا سېپىل سوقۇلدى. قاتناش قورالىدىن ئات، ئېگىز چاقلىق ھارۋا، چېدىر ھارۋىلار بار ئىدى.

جۈملىدىن ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدە تەبىئەت بىر خىل دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلىنىپ ئۇنى ئاسراش، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىش تەكىتلىنىدۇ.

## 2. ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىكى ئىلاھىيەت قارىشى

يۇقارقى مەزمۇنلاردا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇرخۇن ئابىدىلىرى ئاساسلىغى ئۇرخۇن ۋادىلىرىدىكى مىلادى 5-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە بولغان موڭغۇل يايلاقلىرىدىكى تۈرك، ئۇيغۇر قىرغىز خەلقىنىڭ قالدۇرغان ئابىدىلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ بۇ دەۋرىدە ئۇلار ئاساسەن تەبىئەت ئېتىقادچىلىغى، شامان دىنى ۋە مانى دىنىنى ئاساسلىق دىن سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ بۇ دىن ئۇستازلىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز دۇنيا قاراشلىرىنى بېيىتقان بولسا قىسمەت دائىرىدە نىستۇرىيان ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ياكى بۇ دىن بىلەن ئۇچرىشىپ ياكى توقونۇشۇپ، شۇ جەريانىدا تەبئى يۈسۈندا تەسىر كۆرسىتىش ۋە تەشرىگە ئۇچراش مۇناسىۋىتىدە بولغان. بولۇپمۇ ساكالارنى مەركەز قىلغان مانى دىنى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان مانى تەرىقەتچىلىرىنىڭ ئىلاھىيەت قاراشلىرىنى ئۆز دۇنيا قاراشلىرىغا مۇجەسسەملىگەن.

مەسىلەن:«كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» شىمال تەرىپى 10 قۇردا: ئىنسان بالىسى ئۆلۈش ئۈچۈن تۆرەلگەن، تەڭرى ياشايدۇ. دەپ يازسا،شەرق تەرىپى 10-،11- قۇردا: ئۈستىمىزدىكى تۈرك تەڭرىسى، تۆۋەندىكى تۈرك مۇقەددەس يەر سۈيى مۇنداق دەپتۇ: «تۈرك خەلقى يوقالمىسۇن! ئۇلار خەلق بولسۇن!»، يەنە 15 قۇردا: تەڭرى مەدەت بەرگىنى ئۈچۈن دۆلتى بارلارنى دۆلىتىدىن مەھرۇم قىپتۇ،خاقانى بارلارنى خاقانىدىن ئايرىپتۇ...23-قۇردا مۇقەددەس ئۆتۈكەتەن تىنغىدىكى خەلقلەر كەتتىڭلار...،29-قۇردا تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن دىگەن ئىبارىلەر ئارقىلىق باشتىن ئاخىرى تەڭرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ئۆز دۇنيا قاراشلىرىنى مەنگە ۋە مۇكەممەللىككە ئىرىشتۈرگەن.

بۇلاردىن باشقا كۆپ قىسىم مەڭگۈ تاشلاردا «ئۇيغۇرلار بىز دەسلەپتە ئورخۇن دەرياسى بويىدا ئاۋۇغان دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ دەريانىڭ مەنبەسى ئۇلار قارا قۇرۇم دەپ ئاتايدىغان تاغ (يەنى ئۆتۈكەن تېغى) دىن باشلىنىدۇ.» بۇ ھەقتە يەنە مەڭگۈ تاشلاردىن باشقا 14-ئەسىردىكى ئىلخانىيلار خانلىقىنىڭ تارىخشۇناسى راشىددىن يازغان «جامىئۇل تەۋارىخ» («تارىخلار جەمئىيسى» ) دىمۇ مۇنداق دەپ خاتىرىلىگەن: «بۇ رايونلارنىڭ بىر يېرىدە ئون دەريا، يەنە بىر يېرىدە توققۇز دەريا بار ئىكەن. قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر قوۋملىرى ئاشۇ دەريالارنىڭ بويلىرىدا، ئاشۇ تاغلاردا ۋە تۈزلەڭلىكلەردە ياشىغانىكەن. ئون دەريا بويلىرىدا ياشىغانلىرى توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىپتۇ. ھېلىقى ئون دەريا ئون ئارغۇن دەپ ئاتىلىدىكەن.» مۇڭغۇل خانلىقلىرى دەۋرىدە شەرققە كەلگەن غەرب مىسسيۇنېرى روبلۇكنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرى ئاساسدا ئېيتىشچە، شۇ چاغدىكى قىپچاق قەبىلىلىرىدىمۇ بىر تېرە قاپچۇققا كىگىزدىن ياسالغان ئايالچە قونچاقنى سېلىپ ساقلاش، قونچاق قۇلىقىغا ئۆلگۈچىنىڭ چېچىدىن سېلىپ قويۇش، تاماق ۋاقتىدا قونچاقنىڭ ئاغزىغا گۆش سۈركەپ قويۇش ئادىتى بولغان.[⑥] مەيلى ئورخۇن ئابىدىلىرىدە بولسۇن ياكى باشقا يازما خاتىرىلەردە بولسۇن خاتىرلەنگەن بۇ مەلۇماتلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلاھىيەت قارىشى ھامان ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىيتى ۋە ئىلاھىيتىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ھېچقاچان ئېتىقادسىز ياشىغان ئەمەس . ئەكسىچە ئۆز ئېتىقادىنى مەڭگۈ تاشلارغا ناھايتى ئىنىق قىلىپ خاتىرلەش ئارقىلىق ئۆز ئىلاھىيەت قارىشىنى ئەمىلىي پاكىتلارغا ئىگە قىلغان.

## 3. ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى ئىنسان قارىشى

ئىنسان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئاساسى، ئىنسان بارلىق ئىجتىمائى پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزى. ئورخۇن دەرياسى بويىدە ياشاپ، ئۆز ئابىدىلىرىنى قالدۇرغان ئەشۇ ئۇلۇغ ئەجداتلىرىمىزنىمۇ ئۇلۇغ ئىنسان ئىقىنىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ سۈپىتىدە ئۆز ئابىدىلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ ئىنسان ھەققىدە قاراشلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن بولۇپ، كۆك، يەر، سۇ نى مەدىھىلەش بىلەن بىرلىكە ئەشۇ مۇقەددەس تۇپىراقتا ئۆسۈپ يېتىلگەن مىللى گەدىنىڭ شەكىللىنىشى، گۈللىنىشى ۋە خارابىلىشىشى تەرەققىياتىنى تەرتىپ بويىچە بايان قىلىپ خەلقنى ئىنسانى مەۋجۇتلۇقى ۋە ھوقۇقىنى ساقلاپ ئادەمدەك ياشاشقا دەۋەت قىلغان. مەسلەن:«كۆلتىكىن مەڭگۈ تېشى» شەرق تەرەپ بىرىنچى قۇردا: ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپىراق يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپتۇ. دەپ سۆزنى باشلىسا، جەنۇب تەرەپ 8-قۇردا: تۈرك خەلقى، سىلەر قانائەتچانسىلەر، ئاچ توق قالدىغىنىڭلارنى ئويلىمايسىلەر، تويغان ۋاقتىڭلاردا ئاچ قالدىغانلىقىڭلارنى ئويلىمايسىلەر، شۇنداق قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى بىقىۋاتقان خاقانىڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، ھەرتەرەپكە پىتراپ كەتتىڭلار، ئۇيەرلەردە ھالسىزلاندىڭلار، جىنىڭلاردىن ئايرىلدىڭلار...دىيىش ئارقىلىق تىخىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا ئورخۇن ۋادىلىرىدىكى تۈرك خەلقىنىڭ

ئىنسانى ئاجىزلىقلىرىنى ئوتترغا قويسان. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نىڭ 61-قۇرىدا: ئىلتەرىش خاقان ۋە مەن بىلگە تونيۇقۇق تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، قاپاغان خاقان ۋە تۈرك سىر خەلقى موشۇنداق ياشاپ قالدى. 29-قۇرىدا: قوشۇن تارتىپ ئۇلارغا يۈرۈش قىلمىساق، ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرىدۇ دەپ يازغان بولۇپ مەڭگۈ تاشلاردىكى بۇخىل ئىنساننى ئۇلۇغلاش، ئۆز قەۋمىنى سۆيۈش مەنىسىدىكى بايانلاردىن ئەينى دەۋىر كىشلىك قاراشلاردى ئىنسان ئۇلۇغلۇق قارىشنى چۈشنىپ يېتەلەيمىز.

دىمەك ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىكى ئىنسان قارىشى ئەملىيەتتە مەڭگۈ تاشلارنى قالدۇرۇشتىكى ئاساسى مەقسەتلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ئىنساننى ئۇلۇغلاشنى،ئاسراشنى ۋە سۆيۈشنى ئاساس قىلغان.

## 4. ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىكى ھوقۇق قارىشى

ئىنسانلار ھامان ئىجتىمائىيلىق ئارىسىدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى داۋام قىلىدۇ. ئىجتىمائىلىق ھامان مەلۇم بىرخىل ئىجتىمائى تۈزۈلمىسنى ۋە ھوقۇق سىستىمىسنى ئاساس قىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائى دەۋىرلىرىگە تەۋە ۋارۋارلىق دەۋرىدە ئىنسانلار جىسمانى قۇدىرەتنى ھوقۇقنىڭ ئاساسى ۋە تەبئەت ئىبستىدىن غەلبە قىلشنىڭ زۆرۈر شەرتى دەپ قارىغان بولسا، مىلادى 5-ئەسىرلەردىن كىين مىسلىسىز ئات مەدىنىيتى يارىتىپ ياۋرۇپانى ئاسىياغا تۇتاشتۇرۇپ مىڭلىغان مەدەنىيەت ئالمىششلىرىغا سەۋەب بولغان ئاتا بوۋىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدە ھوقۇقنى يەنىلا يۇقىرى ئورۇنغا قويغان. ئەمما كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يېرى شۇكى بۇ يەردىكى ھوقۇم كۆپ قىسىم مەڭگۈ تاشلاردا ناھايىتى ئادىل سايلام ياكى قۇرۇلتاي ئاساسىدا مەيدانغا كىلىدىغانلىغى، گەرچە بۇيەردە قاغان چىقىدىغان ئۇرۇق مەۋجۇت بولسىمۇ ھاكىميەتنىڭ ھەرقايىسى ئۇرۇق ۋە قەۋملەر ئارىسىدا ئالمىشىپ تۇرىدىغانلىقى تەكرار ۋە تەكرار قەيىت قىلغان. بۇخىل ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئۇسۇللى، ساقلاش ئۇسۇللىرى ۋە توغرا ھاكىميەت يۈرگۈزۈش پىرىنسىپلىرى مەڭگۈ ئەستە تۇرسۇن دەپ تاشلارغا پۈتۈپ ساقلانغان. بۇ ئابىدىلەردە يەنە باشتىن ئاخىر جىسمانى كۈچ-قۇدىرەت بىلەن ئەقىل پاراسەتنى ھوقۇقنىڭ يادرۇسى سۈپتىدە ئوتترغا قويغان. بۇ خىل ھوقۇق قارىشنىڭ ئەڭ يارقىن ئۆلگىسى دەل «كۆلتىكىن مەڭگۈ تېشى» ۋە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» بولۇپ بۇ تاشلاردىك تۆۋەندىكى مىسرالار بۇ تەھلىللىرىمىز نىڭ كۈچلۈك ئىسپاتى بولالايدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىدا شۇنداق مەزمۇنلار خىلى بار:

بىر يىل ئىچىدە تۆت قېتىم ئۇرۇشتۇم. دەسلەپكى ئۇرۇش توغلا (toghu )شەھرىدە بولدى. مېنىڭ قوشۇنۇم توغلا ( toghla ) دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ قوشۇننى يوقاتتى. ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش antarghu دا بولدى. مەن ئۇلار ئۈستىدىن غەلبە قىلدىم. دەپ يېزىپ ھەربى

يۈرۈشلەردىكى ھوقۇق يەنى بويسۇندۇرۇش بويسۇنۇش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلە قىلسا «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تىشى» نىڭ 31-قۇرىدا: ئىنەل خاقان بىلەن تاردۇش شاد لەشكەر بېشى بولۇپ ئىلگىرلىسۇن، دېدى. ئۇ مەنىكى تۇنيۇقۇققا مۇندا دېدى: «دەن بۇ قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىل، قىين ئىشلاردا ئۆز كۆڭلۈڭچە قارار چىقىرىۋەرگىن...»، «كۆلتىكىن مەڭگۈ تېشى» شەرق تەرەپ 9-قۇردا: بارلىق رۇرك پۇقرالىرى «ئىلى بار خەلىق ئىدۇق. ئەمدى ئىلىمىز قىنى؟ كىمگە ئەل قۇرغۇزىمىز؟ خاقانلىق خەلىق ئىدۇق، خاقانىمىز قىنى؟ قايسى خاقانغا خىزمەت قىلىز» دەپ يېزىپ ئۇرخۇن ۋادىلىرىدىكى ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەزەلدىن كۈچلۈك ھوقۇق قارىشىغا ئىگە خەلىق ئىكەنلىگىنى كۆرستىپ بەرگەن.دېمەك ھوقۇق قارىشى ئەينى دەۋىر دۇنيا قاراشلىرىنىڭ موھىم تەركىبى قىسىملىرىنىڭ بىرى بولغان.

## 5. ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت قارىشى

كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مىللەتلەر ئارىسىدىكى ۋە مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باراۋەرلىك ۋە يۇقىرى تۆۋەنلىك ھامان كىشىلىك مۇناسىۋەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ياكى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆرستىدۇ. ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدە كىشىلىك مۇناسىۋەت قاراشلىرى كۆپراق خاقان بىلەن ۋەزىر، ئەلەمدار بىلەن قەلەمدار ۋە ھۆكىمران بىلەن پۇخرا ئارىسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت قاراشلىرىدىن باشقا يات مىللەت ۋە ئەللەر ئارىسىدىكى قانداق مۇناسىۋەت قىلىش يوللىرى ئىنتايىن پاكىتلىق ۋۋە جانلىق مىسالالار بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. ھەر بىر مىللەتنىڭ خاسلىغى، خاراكتىرە ۋە ئاجىزلىرقلىرى قايتا قايتا سۆزلەنگەن. مەسلەن: مەركىزىي ئاسىيادا بىرىنچى قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى- چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن ئايرىمچە خاس ئىگىلىك شەكلى سۈپىتىدە دېھقانچىلىقنىڭ ئايرىلىپ چىقىشى ساكلارنىڭ كۆچمەنچى خاراكتېرىدىكى قەبىللەر ئىتتىپاقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە ئاخىرلىشىش دەۋرىدە يۈز بەردى. ئەڭ دەسلەپكى ئولتۇراقلاشقان بوستان مەملىكەتلىرى كۆپمەنچى بەدەۋى قەبىللەر ئىتتىپاقى دەۋرىنىڭ خاتىمىسىنى گەۋدىلەندۈردى. ئارقىدىنلا ئىككىنچى قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى – چارۋىچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىكىدىن قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ ئايرىلىپ چىقىشى بولۇپ ئۆتتى. قول ھۈنىرى تەقەززا قىلغان ئولتۇراقلىشىش، شەھەر ھاياتى ۋە سودا مۇئامىلىسى ئوخشاشلا قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى تەقەززا قىلاتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ۋە ئۇنى تەمىنلەپ تۇرغان يېزا ئىگىلىكى بىلەن چارۋىچىلىق مەركىزىي ئاسىيا ئىپتىدائىي شەھەر مەملىكەتلىرى (قەلئەلىرى) نىڭ مۇستەھكەم ھايات گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان مەزمۇت ئۈچ پۇتلۇق تىرەك بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، ئەمدى مۇنداق ئولتۇراقلىشىشنى رەڭلىك ساپال ياكى ئىپتىدائىي جامائە دەۋرىدىكى ئاھالە مەركەزلىرى بىلەن بىردەك تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكى سودا مۇئامىلىسى شەھەر-قەلئەلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئىقتىسادى مەركەزلىرىنىڭ مەيدانغا

كېلىشكە ئەگىشىپ، ئىلگىرىكى ‹‹چارۋا يوللىرى›› ئورنىنى يېڭى ‹‹كارۋان يوللىرى›› ئىگىلىدى. سۈنئىي سۇغىرىش خىزمىتىدىن باشقا كارۋان يوللىرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى تەمىن ئېتىش هاكىمىيەتچىلىكنىڭ كۈندىلىك خىزمىتى قاتارىغا قوشۇلدى. بۇ ئىپتىدائىي تاۋار، قىممەت ۋە ئۆلچەم كاتېگورىيىلىرىنى مەيدانغا چىقاردى. بۇ هال بەدەۋىلىك دەۋرىنىڭ يالدامىسى بولغان قىلىچ ۋە نەيزە بىلەن بولىدىغان تاشقى مۇناسىۋەت ئورنىغا ئۇنى قىسمەن ساقلاپ قالغان هالدا، مال ئالماشتۇرۇش بىلەن بولىدىغان تاشقى مۇناسىۋەتنى دەسسەتتى. بۇ بەدەۋىلىكتىن مەدەنىيەتكە قاراپ چامدالغان زور بىر قەدەم بولدى.

كىشىلىك مۇناسىۋەت قارىشى هەققىدە مەڭگۈ تاشلار ناهايىتى ئىنىق پوزىتسىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بىز پەقەت «تۇنيۇقۇق مەڭگۈتېشى» بىلەن كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دىن مىساللارنى ئېلىش ئارقىلىق بۇ كۆز قاراشلىرىمىزنى يەكۈنلەيمىز. مەسىلەن «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نىڭ 30-قۇرىدا: خاقانىم مەن ئۆيگە بىرىپ كىلەي دېدى. «خوتۇنۇم ئالەمدىن ئۆلۈپ كىتىپتۇ. ئۆلۈم رەسمىيەتلىرىنى قىلىۋېتەي،دېگەن قۇرلاردا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەر ئاياللىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادە قىلسا، 49-،50-،51-قۇرلاردىكى«... شۇ چاغدىمۇ مەسلىھەتچىسىمەن ئىدىم. تەشكىللىگۈچىسى مەن ئىدىم. ... ياش ۋاقتىدا مەن قاپاغان خاقانغا ياردەملىشىپ، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم» دېگەن قورلاردا ھەمكارلىق، ياردەملىشىش مۇناسىۋەتلىرى ئىپادىلەنگەن.60-قۇردا بولسا تىخىمۇ كۈچلۈك قىلىپ : «مەن بولمىغان بولسام قاپاغان خاقان ۋە تۈرك سىر خەلقى تۇپرىقىدا دۆلەت ۋە ئادەمزات بولمىغان بولاتتى.» دېيىش ئارقىلىق ئىنسالار ئارىسىدىكى ھايات ماماتلىق باشلىنىشنى مىسال قىلغان. بۇنداق مىساللار بۇ مەڭگۈ تاشتا ئىنتايىن كۆپ ، يەنە بىر ئابىدە بولغان «كۆلتېكىن مەڭگۈ تشى»دىمۇ بار. دىمەك كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە قانداق مۇناسىۋەت قىلىش مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىكلىنىشىدىكى يەنە بىر بىۋاستە سەۋەپتۇر.

## 6. ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىكى مىللەت قارىشى

قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ئۇيغۇر مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى توغرىسىدىكى هەقىقىي خاتىرىسى بولۇپ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول، تارىخىي قىممىتى ناهايىتى يۇقىرى. ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىكى دۇنيا قاراشلىرى ئىچىدە يەنە نىسبەتەن موهىم ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان قاراشلارنىڭ بىرسى دەل مىللەت قارىشى بولۇپ، بۇ شۇنداقلا مەڭگۈ تاشلارنى تىكلەشنىڭ ئاساسى بولغان هەربىر مەڭگۈ تاشنىڭ بىشىدىكى مەڭگۈ تاش تىكلەش سەۋەبلىرىدە مەلۇم بىر كىشىنىڭ مەلۇم بىر قەۋمنى قانداق قىلىپ ئاجىزلىقتىن كۈچلۈككۈككە، ئاز دىن كۆپكە، خارابلىقتىن تەرەققىياتقا ئىرىشتۈرگەنلىكىنى بايان قىلىش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئۇرۇق، توپ، قەبىلە ۋە مىللەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسلىق شەكلى جەھەتتە تەكىتلىگەن. مەسىلەن: «كۆل تىگىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ

شەرق تەرىپى 9-قۇردا: بارلىق تۈرك پۇخرالىرى، ئېلى بار خەلق ئىدۇق، ئەمدى ئېلىمىز قېنى؟ كىمگە ئەل قۇرغۇزىمىز؟ خاقانلىق خەلق ئىدۇق، خاقانىمىز قېنى؟ قايسى خاقانغا خىزمەت قىلىمىز؟ دەپ يېزىلغان بولسا، 14-قۇردا: ئوڭ تەرەپ (جەنۇب) تە تابغاچلار دۈشمىنىمىز ئىكەن. سول تەرەپ (شىمالدا)تە باز خاقان ۋە توققۇز ئوغۇزلار دۈشمىنى ئىكەن. قىرغىزلار، قۇرىقانلار، ئوتتۇز تاتارلار، قىتانلار، تاتابىيلارنىڭ ھەممىسى دۈشمىنى ئىكەن.... ئاتام خاقان تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپ، بېشى بارلارنى باش ئۇردۇرۇپتۇ... دەپ يېزىلغان بولسا، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» غەرب تەرىپى 2-،3-قۇرلارغا: خانىڭلارنى تاشلاپ، تابغاچقا يەنە تەۋە بولغىنىڭلار ئۈچۈن تەڭرى سىلەرگە ئۆلۈم بەردى. شۇڭا تۈرك خەلقى ئۆلدى.ھالاك بولدى، يوقالدى. تۈرك سىر خەلقى يېرىدە بوي ئادەم قالمىدى، ئورمانلىق ۋە تاغ دالالاردا قالغانلىرى يىغىلىپ يەتتە يۈز بولدى، 14-قۇردا: شەرقتە قىتانلاردىن، جەنۇبتا تابغاچلاردىن، غەربتە قۇرداندىن، شىمالدا ئوغۇزلاردىن بولۇپ ئىككى ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن كېلىشى مۇمكىن.[⑦]دەپ يېزىلغان. بۇ لار بۇ قارىشىمىزنىڭ جانلىق پاكىتىدۇر ئەلۋەتتە.

## 7. ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىكى تۆھپە قارشى

بۇ تۈركىي قەۋىملىرىگە ئورتاق بولغان خاسلىقلاردىن بىرسى بولۇپ ھاياتنى ھامان شەخسنىڭ جەمئىيەت، جۈملىدىن ئۆ تويىغا قاتقان تۆھپىلىرى بىلەن ئەسلەش ياكى تىلغا ئېلىشنى ئاساسى دۇنيا قاراش قىلغان. شۇ بىر قىسىم مەڭگۈ تاشلاردەل موشۇ سۆز بىلەن تېما قىلىنغان. مەسىلەن «توققۇز ئۇيغۇر ئايتەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ ئالىپ بىلگە قاغاننىڭ ھەربىي سىياسى پائالىيەتلىرى مەڭگۈ تېشى» دەل موشۇ تۆھپە سۆزىنىڭ ئورنىغا ھەربى سىياسى پائالىيەت دىگەن سۆزنى بىزەك قىلغان بولسا «مويۇنچۇر مەڭگۈتېشى» دا باشتىن ئاخىر مويۇنچۇر خاننىڭ ئۇيغۇر تۈرىكلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەھەتتىكى تۆھپىلىرى بىرمۇ بىر ئەسلەپ ئۆتۈلگەن. تونيۇقۇق ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تىشدىمۇ خەلقنىڭ تۆھپە قارىشى تۆۋەندىكى قۇرلاردا يارقىن ئىپادىسىنى تاپقان. بۇنىڭ مىساللىرى بەك كۆپ بولۇپ مەڭگۈ تاشلارنىڭ خالىغان يېرىدىن بۇنىڭغا مىسال ئېلىش مۇمكىن. شۇڭا بىرقىسىم مەڭگۈ تاشلار «تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتالغان. مەسىلەن: «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» غەرب تەرەپ 54-قۇرىدا ناھاياتى ئىنىق قىلىپ: مەن تۈرك خەلقى زىمىندا تولۇق قوراللانغان دۆشمەنلەرنى ماڭدۇرمىدىم. بەلگىسى بار ئاتلارنىڭ ھەمملا يەردە چېپىپ يۈرىشىگە يول قويمىدىم. ئىلتەرىس خاقان تىرىشمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشمىغان بولسام، دۆلەت ۋە خەلق يوق بولغان بولاتتى. ئۇ تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشقانلىقىم ئۈچۈن دۆلەت يەنىلا دۆلەت بولدى. خەلق يەنىلا خەلق بولدى. ئۆزۈم قېرىدىم، ئۇلۇغ بولدۇم...دەپ يېزىلغان بولسا، «كۆلتىكىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرق تەرەپ 26-قۇرىدا: مەن روناق تاپقان خەلق ئۈستىدە ئولتۇرمۇدۇم.يىگىلى ئىشى يوق، كەيگىلى كيىمى يوق، يوقسۇل بىچارە خەلق ئۈستىدە ئولتۇردۇم.

ئىنىم كۆلتېكىن بىلەن سۆزلەشتۇق، ئاتام ، تاغام قولغا كەلتۈرگەن خەلقلەرنىڭ نام ئابرۇيىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ، تۈرك خەلقى ئۈچۈن ، تۈنلىرى خاتىرجەم ئۇخلىمىدىم. كۈندۈزلىرى خاتىرجەم ئولتۇرمىدىم. ئىنىم كۆلتېكىن بىلەن بىللە ، ئىككى شاد بىلەن بىللە، ئۆلە تىرىلىشىمگە قارىماي تىرىشتىم. ئەشۇنداق تىرىشىپ يۈرۈپ خەلقى ئوت سۇ قىلدىم. ئىناق قىلدىم. ... تەڭرى مەدەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەختىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان خەلققە جان كىرگۈزدۈم. يالىڭاچ خەلقنى تونلۇق، يوقسۇل خەلقنى باي قىلدىم. ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم.ئۇلارنىڭ كۈچلۈك دۆلتى بار بولدى. كۈچلۈك خاقانى بار، ياخشىراق ياشايدىغان قىلدىم[8] دەپ خاتىرلەنگەن.

دىمەك تۆھپە قارىشى ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىكى ئاساسلىق دۇنيا قاراشلارنىڭ يەنە بىرىدۇر.

## 8. ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىكى ۋەتەن ماكان قارىشى

تۈركىي خەلقلەر ئەزەلدىن ۋەتەننى ئانا، دۆلەتنى ئاتا بىلىپ كەلگەن بولۇپ، ھەر بىر كۆزقاراشلىرىدا ئىنسانلىق ئانىسىنىڭ ھامان بىر بولىدىغانلىقىنى، بۇ ئانىنىڭ گاھىدا شەرەپ گاھىدا نومۇس ئارلىقلىق ئۆز تەقدىرىگە ئىزاھ يازىدىغانلىقى ئىپادىلەپ كەلگەن بولۇپ ، ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىمۇ بۇ خىل دۇنيا قاراش ناھايتى رۇشەن ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن: «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ شەرق تەرىپى 22-قۇرىدا: بىز تىرىشىپ قۇرغان دۆلەتنىڭ، قانۇن تۈزۈمى ئەنە شۇنداق ئىدى. تۈرك ، ئوغۇز بەگلىرى، خەلقى ئىشتىڭلار! ئۈستىمىزدىكى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمىسە، ئاستىمىزدىكى يەر يېرىلىپ كەتمىسە، دۆلىتىڭلارنى ۋە قانۇنى تۈزۈمۈڭلارنى كىم بىتچىت قىلالايدۇ؟ تۈرك خەلقى سىلەر خاتالىقىڭلارغا ئۆكۈنۈڭلار! سىلەر باش باشتاقلىق قىلغىنىڭلار ئۈچۈن، ئۆزەڭلارنى بىقۋاتقان دانا خاقانىڭلار ۋە ئەركىن، ياخشى دۆلىتىڭلار ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭلار. يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردىڭلار. ئۇنداق بولمىسا قورالىقلار قاياقتىن كېلىپ سىلەرنى ھەيدىۋەتتىدۇ؟ نەيزىلىكلەر قاياقتىن كېلىپ سىلەرنى سۈرە توقاي قىلدۇ؟ مۇقەددەس ئۆتۈكەن تىغىدىكى خەلقلەر، كەتتىڭلار. شەرققە بارىدىغىنىڭلار شەرقكە كەتتىڭلار، غەربكە بارىدىغىنىڭلار غەربكە كەتتىڭلار. سىلەرنىڭ بارغان يېرىڭلاردا كۆنۈڭلار مۇنداق بولدى، قىنىڭلار سۈدەك ئاقتى، سۆڭەكڭلار تاغدەك دۆۋلەندى. بەگ بولىدىغان ئوغۇللىرىڭلار قۇل، خانىش بولىدىغان قىزلىرىڭلار دىدەك بولدى. دەپ يېزىلغان بولسا، »تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»نىڭ شىمالى يۈزى 13-،14- قۇرىدا: سىلەر بۇ خاقانىڭلاردىن، بۇ بەگلىرىڭلاردىن، بۇ يەر، سۈيۈڭلاردىن ئايرىلمىساڭلار، تۈرك خەلقى ئۆزۈڭلار ياخشىلىق كۆرەلەيسىلەر، ئۆيۈڭلەرگە كىرەلەيسىلەر، ئىگە بولالايسىلەر. قايغۇسىز

بولالىيسلەر[9]....«بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دا: تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە خاقان... تۇلىس..ئۆتۈكەن ئەتراپى ئېلى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىدىكەن. سۈيى سېلىنگان دەرياسى ئىكەن. ئۇ يەردە ئېلى ئەركىن ياشايدىكەن[10] دېگەن ئىبارىلەر بار بولۇپ، بۇ ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن، ماكان قارىشىنىڭ ئىسپاتلايدىغان پاكىتلارنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىدۇر خالاس.

دىمەك، يۇقارقى نەچچە بۆلەكلىك تەھلىللىرىمىزدىن شۇنى كۆرىۋالالايمىزكى ئۇرخۇن ئابىدىلىرى، ۋە تۈرك رۇنىك يېزىغى گەرچە ئاتالغۇ جەھەتتىن بىرقىسىم خاتا كۆزقاراشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ قويغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئەسلىدىنلا ئۇيغۇر تۈركلىرىگە تەۋە يازمىلار بولۇپ، بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ قەدىمى، ئەڭ ئىشەنچلىك، ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا بوۋىلىرىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان، بۈگۈنگىچە ساقلانغان پاكىتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى دۇنيا قاراش ۋە پەلسەپىلەر دەل ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ دۇنياقاراش ۋە پەلسەپىدۇر. ئۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن تىل ساپ ئۇيغۇر تىلىدۇر. ئەڭ موھىمى ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدە ئەكس ئەتكەن تەبىئەت، ئىلاھىيەت، ئىنسان، ھوقۇق، كىشىلىك مۇناسىۋەت، مىللەت ، تۆھپە ۋە ۋەتەن، ماكان قاراشلىرى دەل بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات پەلسەپىسىنىڭ ئۇل تېشىدۇر. شۇنداقلا كەلگۈسىدە ئۆز لايىقىدا قەدىرلىنىدىغان ئەڭگۈشتەردۇ.

### پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۇسۇپ تۈزگەن «قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىللىق 9-ئاي 1-نەشرى

2. س.گ.كىلياشتورنىي (ئابدۇبەسىر شۈكۈرى تەرجىمىسى): «قەدىمكى تۈرك-رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل 6-ئاي نەشرى.

3. لىيۇ شىگەن (ئەخمەتجان مۇمىن تەرجىمىسى): «تۈرك قاغانلىقى تارىخى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002-يىل 1-ئاي نەشرى.

4. لىن گەن (يۇنۇسجان ئېلى تەرجىمىسى): «تۈرك تارىخى» ،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002-يىل 1-ئاي نەشرى.

5. ئابلەت نۇردۇن، «غەربىي يۇرت تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001-يىل 6-ئاي 1-بېسىلىشى

6. ئابدۇقېييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 4-ئاي نەشرى.

7. ياڭ شېڭمىن (ئىمىن ئەخمىدى تەرجىمىسى) : «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998-يىل 8-ئاي نەشرى.

8. ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999-يىل نەشرى.

9. ۋاڭ جىلەي (ئابلەت نۇردۇن،جۇمەخۇن،غەيرەت ئابدۇراخمان،ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت تەرجىمىسى): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى (2)»،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990-يىل 1-ئاي نەشرى.

10. ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى: «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل 3-ئاي نەشرى.

11. ياڭ شېڭمىن (ئىمىن ئەخمىدى تەرجىمىسى) : «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998-يىل 8-ئاي نەشرى.

12. خۇاتاۋ (ئابلەت نۇردۇن ، قۇربان تۇران ،ئەخمەت زىيا ،تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى) ؛«غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002-يىل 12-ئاي نەشرى.

13. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا» («تۇران تارىخى»)،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002-يىل نەشرى.

14. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مىللەتلەر تىل يېزىق كومىتېتى بىلەن ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «تۈركىي تىللار تىللار تەتقىقاتى» (1-، 2- كىتابلار)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982-يىلى 8-ئاي 1-نەشرى

پايدىلانغان ماقالىلەر:

1. گىڭ شىمىن (ئەنسەردىن مۇسا تەرجىمىسى)، «شىنجاڭدىكى قەدىمى تىل يېزىقلارنىڭ بىلىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982-يىللىق 2-سانى

2. گىك شىمىن، «قەدىمقى تۈرك يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن مۇھىم مەڭگۈ تاشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇلۇشى، تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» 1982-يىللىق 1-كىتاب

3. گىك شىمىن، «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان مۇھىم يادىكارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» 1982-يىللىق 2-كىتاب

4. لي سېن، «ئىلىمىزدىكى تۈركىي تىللار تەتقىقاتى توغرىسىدا»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» 1982-يىللىق 1-كىتاب

5. ئىبراھىم مۇتئى، «مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللار ۋە بۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەتقىقات»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» 1982-يىللىق 1-كىتاب

6. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، «قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تاكامۇللىشىش جەريانى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1981-يىللىق تۇنجى سانى

7. قاھار بارات، «ئۇرخۇن يەنسەي يېزىغىدىكى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ۋە باشقا يازما يادىكارلىقلار»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1982-يىللىق 2-سانى

8. قادىر ئەكبەر:«ئۇرخۇن—يەنسەي يېزىقلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1987-يىل 10-ئاينىڭ 22-كۈندىكى سانى.

9. ئابدۇقېييۇم خوجا: «قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن)يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»ژۇرنىلىنىڭ 1987-يىللىق 1-سانى.

10. قادىر ئەكبەر: «ئۇرخۇن-يەسەي يېزىقلىرى توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىللىق 1-سانى.

11. ئابدۇقېييۇم خوجا: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئىشلەتكەن يېزىقلىرى ۋە ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلىش، تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1992-يىللىق 2-سانى.

2010-يىلى 9-ئاينىڭ 8-كۈنى ئۈرۈمچىدە يېزىلدى.

[①] بۇ خىل تۇرگە ئايرىش ئۇسۇلى س.گ كىلياشتۇرنىي نىڭ «قەدىمكى ۋۇرك-رۇنىك يېزىقدىكى ئابىدىلەر» دېگەن كىتابىنىڭ 104-بېتىدىن ئېلىندى.

[②] گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» 1-قىسىم كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «قەدىمقى تۇرك يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن موھىم مەڭگۇ تاشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇلىشى ، تەتقىق قىلىنىشى» ناملىق ماقالىسى 169-بەتتىن ئېلىندى.

[③] گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» 1-قىسىم كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «قەدىمقى تۇرك يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن موھىم مەڭگۇ تاشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇلىشى ، تەتقىق قىلىنىشى» ناملىق ماقالىسى 189-بەتتىن ئېلىندى.

[④] «قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982-يىللىق نەشرى «كۆلتىكىن مەڭگۇ تېشى»دىن ئېلىندى.

[⑤] «قەدىمقى ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتابىنىڭ 22-26 بەتلىرىدىن ئېلىندى.

[⑥] ئابدۇشۈكۈرمۇھەممەتئىمىن «قەدىمقى مەركىزى ئاسيا» ناملىق كىتابى 47-48-بەتلەردىن ئېلىندى.

[⑦] قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادكارلىقلىرىدىن تاللانما» نىڭ 54-،55- بېتىدىن ئېلىندى.

[⑧] قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادكارلىقلىرىدىن تاللانما» نىڭ 85-،86- بېتىدىن ئېلىندى.

[⑨] قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادكارلىقلىرىدىن تاللانما» نىڭ 106- بېتىدىن ئېلىندى.

[⑩] قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادكارلىقلىرىدىن تاللانما» نىڭ 120- بېتىدىن ئېلىندى.

مەنبە: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2012-يىللىق 1-سانى

# 12- مەدەنىيەت ۋە مىللەت

### داۋۇت ئوبۇلقاسىم

**(1)**

ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى بىلىشى ئوغۇز قاغان داستانىدا قېيات بۆغا يېدى، ئېيىق يېدى، ئۇ گەرچە تۆمۈردەك قاتتىق بولسىمۇ، نەيزەم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى. شۇڭقار قېياتنى يېدى. ئۇ گەرچە شامالدەك تېز بولسىمۇ، ئوقيارىم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى، دېمەك جاھان سوراش مىنىڭ ھوقۇقىمكەن دەپ ئۆزىنى بىلگەن ئوغۇز قاغاندەك تەبىقىسىز بىر پۇتۇنلۇك ۋە بىر نوپۇزنى ئىزدەش سەزگۈسى ئاساسىدىكى بىلىش، گرېك ئەپسانىلىرىدەك تەبىئەتتىن ھالقىغان ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئىلاھلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىنى ئۆگۈنۈش ۋە ھىكايە قىلىش ئاساسىدىكى تەبىقىۋاز، پۇقراچە بىلىش دېگەندەك قويۇق مىللى خارەكتىرغا ئىگە بىلىشتىن ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەردىن كېيىن بارا بارا ھەممىلا ئىنساندا بار بولغان ئەقىل ئاساسىدىكى بىلىشكە تەرەققى قىلدى. مەيلى قانداق تەرەققى قىلىشىدىن قەتئىينەزەر مىللى خارەكتېرلىرى بۇ خىلدىكى تەرەققىياتلارغا ئۆز ئىزناسىنى قالدۇرماي قالمىدى. ئۇ چاغلاردا ياشاش يول-يوسۇنلىرى توپىنىڭ ئاچ ۋە توق قېلىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ كونكىرت نەرسە بولغاچقا ھەر بىر توپنىڭ ئەتراپىدىكى ئەڭ كىچىك ئۆزگىچىلىكمۇ ھەر بىر توپنىڭ يول يوسۇنلىرىدا ئۆز ئىزناسىنى قالدۇرالايتى. شۇڭا كيىن خەلقئارا ئالاقىلار يۈز ئاچقان مەزگىللەردە شەيئىلەر ئارىسىدىكى پەرىققە ئەڭ بەك سەزگۈر كىلىدىغان قەدىمقى زامان ئىنسانلىرى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ تەپەككۇر ۋە يول-يوسۇنلىرىدا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ خىلدىكى ئىزنالارنى ئوڭايلا ھىس قىلدى، مىللەتنى تونۇپ يەتتى ۋە تەبئىيلا «دىن» ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ بىرەر يول-يوسۇننى ئۆزىنىڭ تەبئىي قىلغان توپنى مىللەت دەپ ئاتىدى. شۇڭا ئىنسانلار جەمئىيتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى يادىكارلىقلىرىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بىز بۇ ئۇقۇمنى ئاڭلاپ كىلىۋاتىمىز.

دىمەك ئىنسانلارنىڭ مىللەتنى تونىشى ئوبىكتىدىن سىيۇنمىغان مەدەنىيەت پەرقىنى ھىس قىلىش بىلەن بولغان ئىكەن، ئەلۋەتتە بۇ توپلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بويىسۇنۇش بويىسۇندۇرۇش ھېرىسنى ئۆزىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى قىلىشتىن خالى بولالمىدى. قولىمىزدىكى تارىخى ھۆججەتلەر، ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئەينى ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغۇچى قىسسىلىرىدىن قارىغاندا، نوقۇل

مىللەت نۇقتىسىدا كۈچلۈكلەر نۇرغۇن ئاجىزلارغا ئورتاق دۈشمەن بولۇپ، دۆلەت مىللەت بولۇپ مىللەتسىمان بولۇشقا مۇھتاج بولدى ۋە تارىختا مۇشۇ تەرزدە بىرمۇنچە دۆلەتلەر ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلى بولغان سۈنئىي مىللەتلەر بەرپا بولدى. دىن نوقتىسىدا خۇددى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئوغۇزخاندا كۆرۈلگىنىدەك، ئۆزىنى ئالەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدىغان ۋە ئۇنى بىجا كەلتۈرەلەيدىغان ھىس قىلغان ئاساستىكى بىر خۇدالىق دىن بىلەن، يۇقىرىدا گىرىكلەردە كۆرۈلگىنىدەك ئۆزىنى كونكىرت بىر مۇئەككىلنىڭ ئالدىدا بۇيرۇق ۋە ھىكايە ئاڭلىغۇچى تاۋاپچى ھىساپلايدىغان كۆپ خۇدالىق دىن پەيدا بولدى.

ئەمما كۈچلۈكلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز غەلىبىسى ۋە غەلىبىدىن كېيىن ئەل قىلىنغان تۈركۈم-تۈركۈم كىشلەرنى ئۆز ئاۋۇللىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە سېلىشى ياكى مۇئەييەن ئەللەرنىڭ ئەل بويىچە سەردارلارغا سۈيۈرغال قىلىنىشى، باشقۇرۇشقا بېرىلىشى مىللى تەركىپلەرنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگۈرۈشلەرنى ياسىدى. تەبىئىكى ئۆزى خىزمىتىنى قىلغۇاتقان ئەلنىڭ تۇپراقلىرى ۋە مەدىنىيىتىدە ئەسىرلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي، سىياسىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئىزنالىرى قالدى. ئەمما قەبىلىدىكى زور كۆپچىلىك نوپۇس ۋە مەدەنىيەت ئەسىرلەرنىڭ، ھەتتا ھۆكۈمرانلارمۇ ئەسىرلەرنىڭ تىلىدا يازىدىغان، سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بۇ قەبىلە ئەسلىدىكى مىللەت نامىدا ئاتىلىپ كەلدى.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا ئەدەبىي ئويغۇنۇش ھەرىكىتىدىن كېين، قۇدرەتلىك رىم ئىمپېرىيىسى، رىم پاپالىقى تەدرىجىي يىمرىلدى. ئىلاھى غايىلەر، نوپۇزلار، تۈزۈملەشتۈرۈلگەن دوگمىلار بارابارا تۆردىن چۈشۈپ، ئورنىغا بارا-بارا ئادەملەرنىڭ ئۆزى چىقتى. ئىنسان ئەمدى ئۆزىنى قانداقتۇر تارازىغا سېلىپ ئۇنداقكەن، مۇنداقكەن دەپ ئۆلچەمدىن يىراقلىقىغا ئۆكۈنۈپ تىرىشىپ يۈرۈشتىن بارا-بارا كۆڭلى نېمىنى تارتسا شۇنى ئىجرا قىلىدىغان بىر جاسارەتنى تىكلەشكە تۇتۇندى. ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، گېرمانىيە، نورۋېگىيە دېگەندەك دۆلەتلەر رەسمىي ھالدا يات ۋە ئۆزلۈك ئېگى ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. كىشلەرنىڭ نەزىرىدە پانىي دۇنيا يەنى ماددىي مەئىشەتلەر مۇھىملىششقا باشلىدى. نجاسەتنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپمۇ كېچە-كۈندۈز تەسۋىي سېرىپ، پۈتۈن ئېسى يادى بىلەن جەننەت ئىشكىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتىدىغان ئەندىزە ئۆزگىرىپ، جەننەتنىڭ ئىشكىگە قاراپ ئولتۇرسامۇ ئولتۇرمىسامۇ ھامان ۋاقتى سائىتىدە ئېچىلىدۇ، ئاڭغىچە ئەتراپىمنى تازىلىۋېتەي، باشقا بىرى بۇ يەرگە كېلىپ قالسىمۇ بۇ ئىشىمدىن سۆيۈنۈپ قالسۇن، مېنى مۇشۇنچىلىك خەيرىلىككە مايىلراق قىلالمىغان ئېتىكاپىنىڭمۇ جەننەتنىڭ كاپالىتى بولالىشى ناتايىن، دېگەندەك ھالغا كەلدى. جاھاننىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلار كۆپەيدى. تەبىئىكى شۇنىڭ بىلەن سودا-سانائەت گۈللەندى، پۇل تېپىشقا مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىۋىي

مەسىلىلەر كىشىلەرنىڭ كالللىسىدىن ئورۇن ئالدى ۋە بۇ كەيىپ بارا-بارا پەلسەپۋىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى. ئىلاھىي كىتاب پادىشاھلىقتا ئورۇن بوشاتتى پادىشاھ باشباشتاقلىقتا ئورۇن بوشاتتى.

ئەمما كامالەت بەربىر ھەرقانداق ساغلام كۆڭۈلنىڭ مەشۇقى ئىدى. سۆيگۈ ئىشىكتىن چىقتى. ئىنسانلار ياشاۋاتقان مۇشۇ ئالەمدىكى كۆللى ئەقىل نەق مۇكەممەللىك بولۇپ جۇلالىنىشقا باشلىدى. ئۇلار ئۇنى يالغۇز تەبىئەتتىنلا ئەمەس جەمئىيەتتىنمۇ ئىزدىدى. تەبىئەت، ئىلاھ، ناتۇرالىزم، ئەقەللى ھوقۇق دېگەندەك ئاتالغۇلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەقلىلىك ئاساسدىكى يېڭى ئۇقۇملار سىستېمىسىنى تىكلەپ، يېڭى قىممەت ئۆلچەملىرىنى ئۆرە قىلدى. كىشىلەر نەزىرىدىكى كۆللى ئەقىل ئوتتۇرا ئەسىردىن داۋاملىشىۋاتقان ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ تولۇق نەتىجىلىرى سۈپىتىدە 15-ئەسىردىن بۇيان ياۋروپالىقلارنى ھاياجانلاندۇرۇپ كەلگەن دېڭىزنىڭ ئورنىغا، ھاياتنىڭ مەركىزىگە جايلىششقا باشلىدى. ئىنساندىكى مۇكەممەللىكنىڭ ئاتالمىش كۆللى ئەقىلدىكى ئىپادىسى بۈيۈك ئەدەپ ھېيۇگۇ تەسۋىرلىگەن پاجىئەلىك دۇنيانىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

ئەمما بۇ پاجىئەلەردە ئەقىلنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تولىمۇ بەك قىرلىق قىلىۋېتىشى بىلەن بولۇۋاتقان ئىنسانى خورلۇقنى يوق دېگىلى بولمايتى. بۇ ياۋروپالىقلارغا ئىنسانپەرلىككە يۈرۈش قىلىش ئىشىنىڭ تېخى ئەمدىلا باشلانغانلىقىنى، قىلىدىغان ئىشنىڭ يەنە نۇرغۇنلىغىنى تونۇتتى. ھەرھالدا ھازىرغىچە بولغان ئۇتتۇقلار، كۆللى ئەقىلنى قۇتۇپ قىلغان تۇرمۇشنىڭ خاسىيتى ۋە ئۇنۇمدارلىقى ياۋروپالىقلارغا بۇ پاجىئەلەرنىڭ بۇغدايىنىڭ باھانىسىدە سۇ ئىچكەن قارمۇق(ئالىجوقىلىق) تىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇلار ئىشتىن بۇرۇن بىرەر ھۆكۈمران ياكى تۈزۈلمە غۇلىسىلا جەننەتنىڭ ئىشكى ئېچىلىدۇ دەپ مەيدىسىگە مۇشتىلىغان ئەقىلگە بەك ئىشەنگەن ئىدى. ھۆكۈمرانمۇ، تۈزۈلمىمۇ غۇلىدى. لېكىن «جەننەت»نىڭ ئىشىگى ئېچىلمىدى. بۇ كىشىلەرنى قاتتىق ئويغا سالدى. ھۆرلۈك، تەڭلىك، كۆيۈم دەپ تۇرغان بايراقنىڭ ئېگىز لەپىلدەپ تۇرۇشى كۆپايە قىلمىدى. يۇقىرى پالاتا، تۆۋەن پالاتا قۇرۇلۇپمۇ، دۆلەت دېموكراتىك دۆلەت دەپ ئاتىلىپمۇ ئىشلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقانلىقىغا ھەممە ئادەم ھاڭ-تاڭ قالدى.

بىر قىسىملار خۇددى فرىرىخ گېگىل: «ھەر بىر ئاقكۆڭۈل ئادەم چەكلىمىسىز ھالدا بارغانسېرى ئاللاغا ئايلاندى. ئاللاغا ئايلىنىش، خۇداغا ئايلىنىش، ئادەم بولۇش، تەربىيلىنىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر گەپ ئىدى.» دەپ ئېيتقاندەك يولغا ماڭدى. تەخمىنەن بىر ئوقۇغۇچىلار داھىيسىنىڭ «ھەققانىيەتچى سىرتقى قائىدە-تۈزۈمنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، بىرەر يولنى ئۆزى توغرا دەپ ھېسابلىغان ھامان ئۇ شەرتسىز ۋە مۇرەسسەسىز ھالدا ھېچبىر ئىككىلەنمەستىنلا ئۆزىگە ئىلھام بولغان بۇ ئەقلى بۇرۇچنى ئادا قىلىدۇ» دېگىنىدەك ئەقىدىنى قولىغا ئالدى. ئىنساننى قۇتۇپ قىلىپ ھەممىنى قايتىدىن

سەرەمجانلاشتۇردى. بۇ ئۇلۇغ بىر ئىنقىلابتىن دېرەك بېرەتتى. قىسمەت ئۇنى فرانسىيەدە رەسمىي ئوتتۇرىغا چىقاردى.

دۆلەتكە بولغان سادىقلىق ۋە ئۇنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ئۇنىڭ شەخس بەختىنى قانچىلىك كاپالەتلەندۈرۈشى بىلەن بەلگىلىنىدۇ... ناۋادا بىر دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى ئۆز جەمئىيىتىدىكى سىياسىي ئەسلىھەلىرىدىن رازى بولالمىسا ئۇلارنىڭ ئۆزى رازى بولىدىغان سىياسىي ئورۇنلاشتۇرۇش، ئەسلىھەلەرنى تەسىس قىلىش ھوقۇقى بار... ئىگىلىك ھوقۇقى، دۆلەت تېررىتورىيىسى پۇقرانى ئەمەس پۇقرا ئىگىلىك ھوقۇق ۋە تېررىتورىيىنى بەلگىلەيدۇ... مانا بۇ مۇشۇ ئىنقىلابتىن جۇلالىنىۋاتقان خۇش ناۋا ئىدى. دۇرۇست، ئۇلار ئىقتىسادىي باراۋەرلىك ئۈچۈن مال باھا چېكى، بايلاردىن باج ئېلىش، مەجبۇرلاشنى، كەمبەغەللەرنى دۆلەت يۆلەش، ھەقسىز مائارىپنى يولغا قويۇش، قېچىپ كەتكەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، سېتىش دېگەندەك ئالاھىدە تەدبىرلەر بىلەن كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچراپ تېررورلۇق ھاكىمىيىتى يولغا قويۇلۇپ كەم دېگەندە 300 مىڭ ئادەمنى تۈرمىگە سولىدى، 71مىڭ ئادەمنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ يەنىلا بۇ ئىنقىلابنىڭ ياڭراق ساداسى پۈتۈن ياۋروپانى زىلزىلىگە سالدى.

كونا تەرتىپنىڭ ۋەكىللىرى بولغان ئەينى دەۋر ھۆكۈمرانلىرى دەسلەپ فرانسىيە ئىنقىلابىغا سەل قارىدى. لېكىن ئىنسانىنى قۇتۇپ قىلىشنىڭ سىياسىيدا رەسمىي ھالدا تۈزۈملىشىشى بولۇپمۇ ھەممىلا مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بولىدۇ دەپ ئېلان قىلىنىشى ئۇلارنى ساراسىمىگە سالدى. چۈنكى، بۇنداق بىر تارازا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى پالانى يىلى مۇنداق قان كېچىپ كۆرەش قىلىپ بويسۇندۇرغان... 3000،2000يىل ئىلگىرى بىز بۇ يەردە بار ئىدۇق... بۇ يەر بىزگە تەۋە بولغىلى مانچىلىك يىل بولدى... بۇ يەر ئەسلىي مۇنداقكەندۇق، بىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ مۇنداق قىلدۇق... ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئورتاق ئارزۇسى... خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان دېگەندەك چۈشەندۈرۈشلىرىنى بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان قىلىۋېتەكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ فرانسىيە ياۋروپانىڭ ئاپەتگاھى بولۇپ قالدى ۋە 1792-يىلى ئاۋىستىرىيە بىلەن فرانسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. كونا تەرتىپ بىلەن يېڭى تەرتىپنىڭ خەلقئارالىق جېڭى شۇنىڭ بىلەن باشلاندى

بەلكىم ناپالىئون ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا ئىنقىلابنى قانداق قوغداپ قېلىشنى بىلىدىغان كىشى بولۇشى چوقۇم. ئۇ فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشكە ھەقىقەتەنمۇ ئۈچمەس تۆھپە قوشتى. بىراق، 1800-يىلدىن باشلاپ بۇ تالانتلىق ھەربىي ئىنسانپەرۋەرلىك ئېقىنىدىن قىرغاققا چىقىۋالدى. ياۋروپانى فرانسىيىگە ئالاھىدە ئىمتىياز بەرگەن فېدىراتسىيە تۈزۈمىدىكى بىر مىللەتلىك

زېمىن قىلىش كويىغا چۈمدى. 1804-يىلى ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلدى ۋە 1814-يىلى ئەسلىدىكى پادىشاھ لوئى گە ئورۇن بوشاتتى. كونا تەرتىپ غەلىبە قىلدى. بىراق، ياۋروپانىڭ سىياسىي خەرىتىسى ۋە سىياسىي ئالاھىدىلىكىدە ئالقاچان ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. شۇڭا بۇ چوڭ ئىش قىلىدىغاندەك ئېلىپ ئاخىر بىچارىلەرچە ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان مەغلۇبىيەت پەقەت ناپالېئوننىڭلا تراگېدىيىسى ئىدى. نى-نى قەھرىمانلار ئىزچىل قەھرىمان بولۇپ بولالمىدى. چېركاۋ، مۇزىكا، رومانتىكا ئىنسانپەرۋەرلىككە بىر تەسەللىي تەدبىرى بولۇپ باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بىر قىسىملار داۋاملىق كۆللى ئەقىل يولىدا ماڭدى. پەقەت ئۇلار قەلبىنىڭ ھەقىقەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە بەكرەك ئەھمىيەت بەردى. تەبىئىيكى شەخس خاراكتېرىنىڭ تەسىرىدىن خالى چىن ھەقىقەت ئىزدەيدىغان خاھىش بىلەن كۆكىرىپلا ھەقىقەت دېگەن مۇشۇ دەپ تۇرۇۋالىدىغان خاھىش تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى ۋە كېيىنكىسى ھەقىقەتكە ئىنتىزار كۆپچىلىك ئۈچۈن ئومۇمىي كەيپىيات بولۇپ قالدى. شۇندىمۇ باخ بىلەن ئېينىشتېين فىزىكا ھەقىقىتىدىن، رېيىن گېئومېترىيە ھەقىقىتىدىن قەلبنىڭ تەسىرىنى تازىلىماق بولدى. گېگېل ئىنسانىيەت تارىخىدىن كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ سىرتىدىكى ھەقىقىي ئىجتىمائىي قانۇنىيەتنى تېپىپ چىقىشنى ئويلىدى. فېرباخ ئىنسان تەسىرىدىن مۇستەسنا بىر مېتودنى تېپىشقا تۇتۇندى. نۇرغۇنلىرى ئۆزلىرىچە قەتئىيلىك بىلەن تېخىمۇ گۈزەل بىر نېمە ياراتماقچى بولدى. ماركس ھەقىقىي دېموكراتىيە بولۇش ئۈچۈن ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، كۆيۈم دېگەن بايراقنى ھۆكۈمەت بىناسىغا چىن مەنىدە تاقاش ئۈچۈن ھەربىر شەخسنىڭ نەپسى خاتىرجەملىككە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىكەن دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى بىرلىشىڭلار! دېگەن چاقىرىقى پرولېتارىيات دېگەن ئاتالغۇسى بىلەن قوشۇلۇپ مىلادىيە بىرىنچى ئەسىردىكى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مورتى پائۇلنىڭ خۇدا يەھۇدىيلارنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى دەپ ئېيتقان سۆزىنىڭ مەنىسىدە پۈتۈن دۇنياغا تەسىر كۆرسەتتى.

«ۋىجدانىم بىلەن دېسەم مەندە يامان نىيەت يوق، مەن ئۆزۈمنى دۆلەتكە بەردىم، ھەرۋاقىت ئۇنى ئېسىمدىن چىقارمىدىم... مېنىڭ ئۇرۇش قوزغىشىم تىنچلىق ئۈچۈن، بىر يىل، ئىككى يىللىق تىنچلىق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئۈچۈن ئىدى.» ناپالېئون ئۆزىنى ئاخىردا مانا مۇشۇنداق چۈشەندۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئادەملەرنى قانداقتۇر بىر غايىدىكىدەك پەرۋىش قىلىپ چىقىش مەڭگۈلۈك تىنچلىقنىڭ يولى دەپ بىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتى ئەنە شۇ پەرۋىشكە زورۇققىنى ئۈچۈن تراگېدىيىلىك ئاخىرلاشتى. بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ بۇ قەھرىمانى ئاخىر ئىنقىلابىنىڭ ئاسىيسى سانىلىپ نەزەردىن چۈشتى. گەرچە 1815-يىلى كونا تەرتىپ ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھامىيلىقىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۈيۈك ئىنقىلاب دەۋرىدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مالىمان تىنجىمىدى. توسۇغىلى بولمايدىغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپلا كەلدى.

ياۋروپا يېلنجاپ كۆيۈشكە باشلىدى. سىياسىدا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىمتىيازى بارغانسېرى كىچىكلىدى، پۇقرالارنىڭ رولى بارغانسېرى كۈچەيدى، دۆلەت پائالىيىتى ساقچى ۋە تۆرمىلەرنى ئارقا تېرەك قىلىشتىن، كېڭەشنى ئارقا تېرەك قىلىشقا يۈزلەندى. دۆلەت چېگرىسى ھەربىي كۈچ تەرەپىدىن قايىسدۇر بىر يىللاردىكى شەرەپلىك ئۇرۇش تەرەپىدىن ئەمەس، بەلكى پۇقرالارنىڭ خاھىشلىرى تەرەپىدىن بەلگىلىنىپ، چېگرالارنىڭ قايتىدىن سىزىلىشى يوللۇق بولۇپ قالدى. كونىلىق، يېڭىلىق، ھەققانىيلىق، ساختىلىق، ئاسىيلىق، چۆپرەندىلىك يۇغۇرۇلۇپ كەتتى.

بۇنىڭ نەتىجىسى ئەلۋەتتە قانلىق ئۇرۇش بولماي قالمايتتى. بەكرەك تەدبىرچىلەر چوقۇم مەلۇم بىر ساغلام مىللىي شەخسىيەتچىلىكنى ئويغۇتۇش زۆرۈر، مۇنداق مىللىي شەخسىيەتچىلىك بولمىغىنىدا ئادەملەر ھەرگىز بىر مىللەت بولۇپ يېتىشەلمەيدۇ دەپ ئىشنى ناپالىئونچە يىغىشتۇرماقچى بولدى ھەم بىر قىسىم جايدىكى مىللىي ئاڭنىڭ سۇسلىقى بۇ ئىدىيىگە ۋاقىتلىق تەستىق ئۇرغىنى بىلەن ئۆچرىشىشلاردا ئۆزلىرىدىكى پەرقنى روشەن ھېس قىلغانسېرى يېپىقلىق قازاننىڭ تۈۋاقلىرى ئىلگىرى-كېيىن ئېچىلىۋەردى. دۆلەت ئىچىدە نۇرغۇن دۆلەتلەر خەلقنى قانداقتۇر بىر پۇقرا قىلىپ تەربىيىلەشكە كۈچەپ كەلگەن بولسىمۇ، دۆلەت يەنە پۇقرالارنىڭ دۆلىتى بولۇپ توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇردى. مىللەت (Nation) دۆلەتنى يوللۇق قىلغۇچى تۈپ كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇلالاندى. مىللىي تېرىتورىيىنىڭ مىللىي تىل تېرىتورىيىسى تەرەپىدىن بەلگىلىنىشى مىللەتكە قارىتا يېتەرلىك ئېتىبارنى ئېلىپ كەلدى. ئاتالارنىڭ دەھشەتلىك كىشىنەشلىرى، ئەسكەرلەرنىڭ ياۋۇزلارچە قان كېچىشلىرى ھۆكۈمرانلارنىڭ نوچى بولساڭ كەل، بولمىسا ئۇيقۇڭنى ئۇخلا دەپ ھۆركۈرەشلىرى بىلەن ئىسسىق قانلاردا سىزىلىدىغان چېگرا مەدەنىي ئىنسانلارنىڭ قولىدا مىللەتنى پرىنسىپ قىلىش بىلەن تەڭلا مىللەت دېگەن نېمە؟ دېگەن بۇ سوئالغا قەدىمقى جەمئىيەتكە قىرلىنىپ تۇرغان بۇ زىيالىيلارنىڭ مۇپەسسەل جاۋاب بېرىپ كېتەلىشى ناتايىن ئىدى.

ئېنگىلىزچىدىكى مىللەت (Nation) دېگەن بۇ ئىسىم ئەسلى رومان تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، بىر يەردە تۇغۇلغان بىر ئائىلىلىكتىن يۇقىرى بىر مىللەت ياكى ئەلدىن ئاز بولغان گۇرۇھنى كۆرسەتتى. شۇڭا كىشىلەر رومان مىللىتى (Nation) ئەمەس، بەلكى رومان خەلقى (Populns Romanus) دەيتتى. بۇ سۆزلۈك كۆپرەك يات ئەللىكلەرنى ئاتاشقا مۇناسىپ ئىدى. ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك ئوتتۇرا ئەسىر ئۇنىۋېرسىتېتلىرىNationغا بۆلۈنەتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇرتلىرىغا ئىما ئىدى. ئۆزلۈكسىز مەنە كېڭەيتىش بىلەن بۇ سۆز تۆردەش ئىسىم بولۇپ ھەم يەنە كۈچمە مەنىلەردىمۇ كەلدى. شۇڭا مونتىسكيۇ مۇناخلارنى ساداقەت مىللىتى (Nation) دېدى. يۇم ئۆزىنىڭ مىللىي خاراكتېر دېگەن ئەسىرىدە Nation پەقەت شەخسلەر توپلىمى بولۇپ، تىنىمسىز ئۇچرىشىش بىلەن ئۇلاردا بەلگىلىك ئورتاقلىق پەيدا بولغان دەپ كۆرسەتتى. the Dictionary eb Royal

Spanish Academنىڭ دەلىللىشچە  دۆلەت، مىللەت ۋە تىل قاتارلىق سۆزلۈكلەرنىڭ زامانىۋىي مەنىسى 1884-يىلىغا كەلگەندە ئاندىن لۇغەتكە كىرگۈزۈلدى. دېمەك، مىللەت ئېنىقلىمىسىدىكى بۇنداق مۇجمەللىك ۋە چېچىلاڭغۇلۇق، ئىلمىي نۇقتىدا چوقۇم ساغلام بىر مىللىي شەخسىيەتچىلىكنى ئويغىتىش زۆرۈر دەپ قىلىدىغان ئاشۇ ناپالئونچە بيۇروكراتلىق ئۆزىنى ماغدۇرلۇق سېزىدىغان كۈچلۈك دۆلەتلەر ھاكىمىيەتلىرىدە ئۈستۈنلۈكتە بولدى. بۇ يولدىكىلەر مىللىي ھەقلىرىنىلا ئەمەس، باشقا مەنپەئەتلىرىنىمۇ بىلىپ-بىلمەي مىللىي ھوقۇقىغا باغلاپ تۇرۇۋالدى. ھەتتا مىللەت ئېنىقلىمىسىدىكى مۇجمەلسىزلىك، چېچىلاڭغۇلۇقنى سىياسىي قارا نىيەتلەرنى شۇڭغۇتۇشتىن ئايانمىدى. نىزالاردىن نېرى بولالمىدى. مىللەتنى چۆرىدىگەن ھەقىقانىيەت، ساختىلىق، كۆپتۈرمە، مۇستەبىتلىك ۋە رومانتىكا ئىلگىرى-كېيىن ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىدى. دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپا مىللەتچىلىكى ھەقىقانىي غەلىبىگە ئېرىشىپ، خابسبۇرگ (بۇركۇت قەلئەسى) خاندانلىقى ۋە رومانوۋ سۇلالىسى خارابىسىدە ئاۋىستىرىيە، ۋېنگىرىيە، چېخسلاۋاكىيە، پولشا، يۇگۇسلاۋىيە ۋە رومىنىيە قاتارلىق يېڭى مىللىي دۆلەتلەر قۇرۇلدى. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا گېتلېرنىڭ مىللىي رومانتىكىسى ياۋروپالىقلارغا مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ نېمىلىكىنى غىل-پال تېتىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. بىر مىللەتنىڭ بولغانلىقى بىلەنلا ئۇنىڭغا سىياسىي مۇستەقىللىقنى تۇتقۇزۇپ قويغىلى بولمايدۇ، پەقەت ئەمەلىي كۈچلا باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرالىغۇدەك دۆلەتكە قۇربەتلىك بولىدۇ، ئەمەلىي كۈچ ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، نوچى بولساڭ مۇستەقىللىقىڭنى ئال دەيدىغان دەۋرلىرىنىڭ قاباھىتىنى ھېس قىلدى. ئارقا-ئارقىدىن مۇستەملىكىلىرىدىن ۋاز كەچتى. مىللەتچىلىك ئاسىيا ۋە ئافرىقىغا كۆچتى. مىللەتنى بېكىتىش، چېگرىلارنى قايتا سىزىش، ئىگىلىك ھوقۇقى دائىرىسىنى بەلگىلەش جەھەتلەردە  ياۋروپالىقلار 200 يىلغا يېقىن تارتقان خاپىلىق ئەمدى ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشتى.

نەچچە مىليون ئادەم تىتما-تىتما بولغان  ھالدا سايلاردا قالدى. ئاجايىپ گۈزەل تىلەكلەرنى ئۆل قىلغان ھەتتا ماركس دەپ رەسمىنى سەھنىلەرگە ئېسىۋالغانلارمۇ ھەتتەملىك تۈپەيلى ئۇنى يۇكسەك دېموكراتىيىگە يېتىشنىڭ پەيلاسوپى قىلماي، ئىنسانلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ باشلامچىسى قىلىۋالدى. ئىنسانلار نەچچە  يۈز يىل كۈرەش قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقارغان دېموكراتىيە پرىنسىپلىرىنى نادانلارچە مەسخىرە قىلىشنىڭ، دەپسەندە قىلىشنىڭ پېشىۋاسى  قىلىۋالدى.

مۇشۇ زامانلاردا ئەجەپلىنىشكە تېگىشلىك يەر شۇ ئىدىكى، كۆپىنچە ئادەم ئۆز ئەمەلىيىتىدەك ئىش قىلىشنى نەزەرىيە جەھەتتىن ياقتۇرمايتتى. ئىدىيىسى دېموكراتىيىگە مايىل بولسىمۇ، ئەمەلىيىتى بيۇروكرات بولۇپ قالاتتى  مەسىلەن دەيلى، ستالىندەك مۇتەپەككۇرنى كىممۇ ۋاستە تاللىمايدىغان قارانىيەت دەپ ئويلايدۇ؟ بۇنداق كاللا بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ زىددىيىتى دەۋرنىڭ ئازابى ئىدى.

ئۇنداقتا ئادەم دېگەن زادى قانداق نەرسە؟ 20-ئەسىرنىڭ يۈزى ئېچىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي شۋېتسارىيىلىك دوختۇر فروئىد مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىدىن تارتىپ فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن ئالىملاردەك ئىنسان تەپەككۇرىنى ئەمەس كېيىنكى ئالىملاردەك ئىنسان، ئۇقۇم، ماددا ۋە ھەقىقەت ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرنى ئەمەس، دەل ئىنسانىڭ روھىنى تۈپتىن قىلىپ ئىش باشلىدى. خۇددى فروئىد ئۆزىنىڭ روھ ئانالىزىغا كىرىش ناملىق كىتابىدا روھ ئانالىزىنىڭ ئىككى دەستىكى بولۇپ، پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ چىشىغا تېگىدۇ، ئۇ تەپەككۇر ئادىتىگىلار ۋە سىلەرنى قوينىغا ئالغان تەلىم- تەربىيە. تەلىم-تەربىيە سىلەرنى روھ ئانالىزلىرىنى ئۆگىنىلەشكە مەۋقەلەيدۇ، سىلەر ئۇنىڭدىن ناھايىتى زور ئىچكى تىرىشچانلىقلاردىن كېيىن قول ئۈزەلەيسىلەر دەپ كۆرسەتكىنىدەك يېڭىچە بىر متودولوگىيە پەيدا بولدى. ئىنسانلار دېكارت، سپىنوزا، لوك قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىنسان ھەققىدە سۆزلەپ كېتىپ بېرىپ ماددىي قانۇنىيەتلەرگە ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى، ماركس، باخ قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئىنسان ۋە ئۇقۇم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سۆزلەپ كېتىپ بېرىپ ھەقىقەتكە، سىياسىي كۆرەشكە ۋە تۈزۈمگە ئاتلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەمدى چۈشەندى. فروئىدتىن ئىلگىرىكى بىلىشلەرنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى، ئوتلۇق قايىناملارنى پەيدا قىلالىغانلىقى بىلەن تەبئىيلىك ۋە راستچىللىقنى پەيدا قىلالمىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندى. ئۇلارنىڭ دەۋرىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشتە مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىقتەك تۇرغان بىلەن، ئىنساندىن ئىبارەت مۇشۇ مەۋجۇتلۇققا نىسبەتەن يەنىلا تاغدىن-باغدىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇلار مۇنداق زور ئىجتىھات ۋە نەتىجىلەر ئالدىدا تەمكىن بولۇپ، ئىلمى چەككىلەپ، ھەممىنىڭ توغرا يېرىنى ئىلىك ئېلىپ ئاخىر تۆپ ئۆز، چاما ئۆز، جۇغ ئۆز ۋە ئاۋام جان ھوشى دېگەندەك ئاتالغۇلارغا، يىغىنچاق ئېيتقاندا يەككە تەن كەچۈرمىشى ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇسىغا مۇراجەت قىلىشقا باشلىدى.

(2)

ئۇزۇن ۋە كۆلپەتلىك كەچۈرمىشلەر ئاخىر ئىشلارنىڭ ئەمەس، ئادەملەرنىڭ مۇرەككەپلىكىگە دىققىتىنى توپلىدى. ئۇنى ئىلمىي شەرھلەشنىڭ، بۇ ھەقتە مۇكەممەل بىر بىلىمگە ئىگە بولۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى چۇڭقۇر ھېس قىلدى. تەخمىنەن يېقىنقى 200 يىل مابەينىدە ئىنسانشۇناسلىق ئايرىم بىر ئىلىم سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىپ كەلدى. ئىنسانلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا ئۇلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىشقا ئورۇندى ھەم ئىنسانلارنىڭ پەرقلىقلىقى، مىللەت ۋە مەدەنىيەت ئۇقۇملىرىنى تەكىتلىدى. كېيىنچە يېتىپرەك ئىنسانلار پائالىيەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلەر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزى تەۋە بولغان قىممەت سىستېمىسى بىلەنلا باھالىنىدىغانلىقى، بارلىق

جەمئىيەتلەرگە توغرا كېلىۋېرىدىغان مۇتلەق قىممەت ئۆلچىمىنىڭ يوقلۇقى، ھەربىر مەدەنىيەتنىڭ چوقۇم ئۆز قىممەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆز قىممەت سىستېمىسىدا تۇرۇپ باشقا سىستېمىدىكى جەمىيەتكە باھا بېرىش، ھۆكۈم قىلىشنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىق بولىدىغانلىقى، بارلىق بىلىش جەريانلىرىدا جۇشنىڭ كۆتۈرۈلۈش دەملىرىدە ۋە ئۆگىنىش مۇساپىلىرىدە مەدەنىيەت تامغىسىدىن نېرى بولغىلى بولمايدىغانلىقى، تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ تەپەككۇر شەكىللىرى ۋە ئەقىل يۈگۈرۈشلىرىنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. خۇددي 61-ئەسىردىكى پەن تەرەققىياتى ئىلاھىيەت ئۇقۇملىرىغا تەھلىكە بولىدىغانلىقى تۈپەيلى ئىجتىمائىي بېسىمغا يولۇققىنىغا ئوخشاش ئىنسانشۇناسلىق تۇتقان تېمىلار ئەينى دەۋر ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قانۇنلۇقلىقى، كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەنپەئىتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا بېرىپ تاقىشىدىغان بولغاچقا ئۇمۇ ئۇنداق، مۇنداق توسالغۇلاردىن نېرى بولالمىدى. بىر بولسا ھاكىمىيەتلەر گۇماشتا ياللاپ ئۆزىنىڭ سەپسەتىسىنى بازارغا سالدى ياكى تەدبىرچىلەرنىڭ باھانىلىرىنى ئىنسانشۇناسلىق دەرىجىسگە كۆتۈردى ۋە ياكى ئالىملار ئۆز خىزمەتلىرىدە ۋەتەنپەرلىك ھېسسىياتلىرىدىن نېرى بولالمىدى ۋەھاكازا ...

شۇنداق قىلىپ بۇ پەن تا بۈگۈنگىچە پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلگەن نەزىرىيە سىستېمىنى قۇرۇپ بولالمىدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىنى ئۆزئارا چۈشىنىش، مىللەتنى سىياسي بىرلىك ھېسابلىغان 200 يىللىق تارىختىكى ھەقىقەتنى، باشقا چۈشەندۈرۈشلەرگە ئىلتىجا قىلمىغان ھالدا مۇستەقىل، ئېنىق ھېس قىلدۇرغۇدەك بولۇپ قالدى. ئىنسانلار دۇنياسنى چۈشىنىشكە ئىلمي پوزىتسىيە تۇتقۇزالىغۇدەك بولۇپ قالدى. مىللەتچىلىك ئۇنىڭ تەتبىقلىنىشى سانىلىپ تېخىمۇ بالاغەتتە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئىنسانلار تەرەقىياتنىڭ باسقۇچ ۋە جەريانلىرى يورۇتۇلدى.

شۇنداق قىلىپ مەدەنىيەت ئۇقۇمى شىددەتلىك ھالدا مەنا كېڭەيتتى. بىر كۈنكى مەنا يەنە بىر كۈندىكىگە ئوخشماي قالدى. يەنە كېلىپ مۇشۇ ئەسىردە يېزىلغان نۇرغۇن ئەسەرلەر يەنىلا كونىراپ كەتكەن ئاڭدىن تەل-تۆكۈس سۇغۇرۇلۇپ كېتەلمىدى. نۇرغۇنلىغان خاتا خاھىشلار سەھنىدىن چۈشمىدى. مەدەنىيەت تارىخلىرى ئەمەلىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت تارىخى، مىراسنىڭ ئاز-كۆپلۈك تارىخى، سىياسي مۇددىئانىڭ دېدىگى بولۇپ كەلدى. مەدەنىيتى يۇقىرى، مەدەنىيتى تۆۋەن ئاتالغۇلار داۋاملىشىپ كىشىلەر كېيىنكى ئەۋلادلارغا قانچىلىك مۇلۇك قالدۇرغانلىقى، ئۇنىڭ قانچىلىك ھەشەمەتلىكلىكى، ھازىرغا قانچىلىك ماس كېلىدىغانلىقى بىلەن ئۆتمۈشكە باھا بېرىدىغان، دەۋر ۋە مىللەت شەخسىيەتچىلىكىدىن خالىي بولالمىدى. ساقىسزلىقنىڭ شاھدى بولغان مايا ئېھراملىرى، سەددىچىن سېپىلى مايا ۋە جۇڭگو مەدەنىيەتلىرىنىڭ پەخرى بولۇپ كەلدى.

بەلكىم خۇدالىق دەۋاسىدا بولغان مىسىر فىرئەۋنىلىرىنىڭ ئاتقان ئوقى ئاخىر نىتزىشپىنىڭ كۆزىدە «خۇدا» غا تەگدى بولغاي شۇڭا ئۇ ھەممە نېمىنى خۇدا ئۆلدى دېگەن مۇشۇ جاكاسى بىلەنلا يوق قىلىپ يالغۇز ئادەمنىلا ئېلىپ قالدى. خۇدانى مەنبە ۋە پەرۋىشچى قىلغان دىن، مىللەت تەبىئىيلا تەھلىكىدە قالدى. ئەمما مىزانسىز ياشىغىلى بولامدۇ؟ بۇ تەھلىكىدە قالغان نەرسىلەرگە پەرۋىشكار بولۇش ئۈچۈن ئەمدى ئادەملەرنىڭ ئۆزى كۆكرەك كېرىپ چىقتى. ھوقۇق ئىرادىسىنىڭ ھەيۋەتلىك ساراي، ساگراملىرى بىنا قىلىنىشقا باشلىدى. لېكىن جاھان بۇ قېتىم گىتلېردەك دەۋر ئەركەكلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئىنسانلارغا ئاجايىپ پاجىئەلەرنى توغرىلاپ بەردى. سارتېر ھەممىدىن مۇھىمى مەۋجۇداتلىق دەپ مەۋجۇتلۇقىزىمغا ئىزچىل دۇردانىلەرنى تىزغان بولسىمۇ، بۇ نەزەرىيە يەنىلا ئىنىستىپتوتلاردىن چىقالمىدى.

دۇرۇست، ماركسىزم ئىجتىمائىي ئاڭ ئىشلەپچىقىرىش سىياسىي قانۇن پىسخىكىسى بولغان ئاڭ ئۈستقۇرۇلمىسىنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەندى. بۇ ئىنسانىنىڭ بەختلىك بولۇشى مۇددىئايىغىنى ئۆز تىلىگىدا توسالغۇسىز ئىپادىلەش، ئۆز ۋۇجۇدۇگىدىكى قىممەت ئۆلچەملىرى نوپۇزلۇق بولغان مۇھىتتا ياشاش ئەمەس، بەلكى مۈلۈككە بولغان خوجىدارلىقىدا، ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئۈلۈشىدە، دەپ چۈشەندۈرگەن يەنە بىر بۆلەك كىشىلەرنىڭ يەنىمۇ باشقىچىرەك يول تېپىشىغا يول ئاچاتتى بۇ يول ھەقىقەتەنمۇ قان تېمىپ تۇرغان قىلىچ بىلەن چېگرالارنى سىزىپ، ئۇنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى ئۆزىنىڭ ئەسكىرى غالىپلىقى بىلەن جاكارلاپ ئەمدىلا توختىغان روسىيىدە ئېچىلدى. گەرچە بۇ يەردە لېنىن مىسالىدا تېخىمۇ ئىنسانپەرۋەر زاتلار چىققان بولسىمۇ، لېكىن نوپۇزنىڭ مۇشتۇمدىن ۋىجدانىغا ئۆتۈشى يەنىلا روس مەدەنىيىتىگە ياتراق ئىدى. ئۇلار نەزەرىيە جەھەتتىن ئادەملەرنى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىقىغا ئاساسەن سىنىپلارغا ئايرىپ، ئۆزكۈرەشلىرىنى خۇددىي مىللىي رومانتىزمچىلار كەبى سىنىپىي رومانتىزم ئۈستىگە قۇردى. ماھىيەت جەھەتتىن كونا تەرتىپنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى گۇرۇھ ئالمىشىپ، ئاقسۆڭەكلەر، پومېشچىكلار دىكتاتۇرىغا ئېلىندى. يوقسۇللار ھوقۇقنى تۇتتى. كونا تەرتىپتىكى زۇلۇم، بيۇروكراتلىق، ئادالەتسىزلىك بۇرۇن ئازنىڭ كۆپكە قىلغىنى بولغان بولسا ئەمدى كۆپنىڭ ئازغا قىلغىنى بولۇپ كېلىۋەردى. قانداشلىق بويىچە ھاكىمىيەت تۇتۇش ئىدىيە بويىچە ھاكىمىيەت تۇتۇشقا ئايلاندى. ئىدىيە جۇشدىكى تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئادەم گال نۇقتىسىدىن پەرقسىز بولغاچقا ھەم ھەممىسى شۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغاچقا ئۇ پەرۋىش قىلسىلا، ئۆزگەرتسىلا بولىدىغان نەرسە بولۇپ قالدى. بېرىپ بېرىپ بۇ ھاكىمىيەتنىڭ مەقسىدىگە ئەمەس، قورالىغا ئايلاندى. ئۆزلۈكنىڭ مۇقەددەسلىكى يوقالدى. بۇلار پەقەت ئاۋامنىڭ ئادەتلىرى تۆپەيلى تۇلۇقلىنىپ تۇردى. باراۋەرلىكنى ئىنسانلاردىكى پەرقنى يوقىتىش دەپ بىلدى بولغاي، سىنىپ پەرقىنى مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلىپ تۈگەتكەندىن كېيىن خەلقنى سوۋېت مىللىتى

بولۇپ شەكىللىنىشكە چاقىردى. ئىنتېرناتسىيونالىزمنى كۆچەپ تەرغىپ قىلدى. ئادەملەر ئۆزلۈكىنىڭ چېگرىسىنىڭ زادى قايسى ئىكەنلىكىنى، ئۆز ئاچچىقىنىڭ زادى قايسى شارائىتتا ھەقلىقلىقىنى بىلەلمەس بولدى. ياۋروپا ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە ئەينى ئىنقىلابچىلارنىڭ ئەركەكلىكى بىلەن قۇرۇلغان مىللىي رېسپوبلىكىلارنىڭ ناملا قالدى. مەكتەپلەر ئۆز ئانا تىلىدا دەرس سۆزلىمەس بولدى. مۇسۇلمانلار ئارمىيەدە ئومۇمىيۈزلۈك چوشقا گۆشىگە ئۆگىتىلدى. تۈمەنلەپ-تۈمەنلەپ ماڭقۇرتلار شەكىللىنىشكە باشلىدى. بارا-بارا ئادەملەردە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ شەرەپلىكلىكى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن باشقا كىشىلىك پەزىلەت ۋە ئەخلاقنى تىرەپ تۇرغىدەك كۈچ قالمىدى. ئىقتىسادىي كىرىزىس ئەمەس، تەبىئىي ئاپەت ئەمەس، پۈتۈن تېررىتورىيەدە ئىنسان كىرىزىسى يۈز بەردى.

سەگەك كىشىلەر «ئاق پاراخوت» لار بىلەن كىشىلەرنى ئىمانغا چاقىردى. ئازابلانغان بالا «ياق، يەنىلا بېلىققا ئايلىنىپ قالغىنىم تۈزۈك. مەن ئۇ يەردىن ئۆزۈپ كېتىمەن. يەنىلا بېلىققا ئايلىنىپ قالغىنىم ياخشى! » دېدى. «ئارزۇلىنىڭ ئۆيىدە مەستلەر ئەسەبىيچە كۈلۈشمەكتە، چىرقىراشماقتا ئىدى. بۇ ۋەھشىي كۈلكە ئاۋازى بالىنىڭ بېشىنى تېخمۇ ئايلاندۇرۇپ، چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىتاتتى ۋە ئۇنى قىينايتتى. ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، بۇ ئىنسانىيەتچىلىك قېلىپىدىن مانا مۇشۇ كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن مەيۈسلەنمەكتە ئىدى. ئۇ ئازراق دېمىنى ئېلىۋېلىپ، ھويلىنى بويلاپ ماڭدى. ھويلىدا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى، ئۆچۈپ قالغان ئوتنىڭ يېنىدا، ئۇ ئۆلۈكتەك مەس بولۇپ ياتقان مۆمىن بوۋايغا پۈتلىشىپ كەتتى. بوۋاي توپىغا مىلىنىپ، مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنىڭ چېپىپ تاشلانغان مۈڭگۈزى بىلەن بىر يەردە ياتاتتى. يېنىدا بىرئىت، بۇغا بېشىنىڭ پارچىسىنى غاجىلىماقتا ئىدى. مۇشۇنىڭدىن باشقا ھويلىدا ھېچكىم يوق ئىدى.

بالا ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. دەريا بويىغا بېرىپ سۇغا قەدەم تاشلاپ كىردى. تېيىلىپ يىقىلىپ كېتىشكە قارىماي، تېيىز سايدا يۈگۈرۈپ ماڭدى، مۇزدەك سۇدا توڭلاپ تىترەپ كەتتى. سۇ چوڭقۇر، ئېتىنى ئاقىدىغان يەرگە كەلگەندە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ جىددىي ئېقىم ئىچىدە تىرمىشىپ، ئېقىپ كەتتى، ئاستا-ئاستا نەپىسى بوغۇلۇپ قېتىپ قالدى. ئۇ دەريادا ئاقاتتى، ئۇنىڭ يۈزى بىردەم يۇقىرىغا، بىردەم تۆۋەنگە بولاتتى. ئۇ بىردەم تاشلارغا تاقىشىپ تۇرۇپ قالاتتى، بىردەم جىددىي ئېقىمدا ئوقتەك ئاقاتتى. بالىنىڭ دەريادا بېلىققا ئوخشاش ئۈزۈپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ھويلىدىن مەسنىڭ ناخشا ئاۋازى كېلەتتى:

دۈم چەك دۈم چەك تاغدىن چۈشتۈم،

دۈم چەك بىر تۆگىگە مىنىپ...

ھەي، دۈم چەك سودىگەر ئىشكىنى ئاچ،

بەزمە قىلايلى ئاچچىق شاراپ ئىچىپ.

* * *

ئاپتور: سەن بۇ ناخشىنى ئاڭلىيالمايسەن. سەن ئۆزۈپ كەتتىڭ ئۇكا، سەن ئۆزۈكنىڭ چۆچكى ئىچىدە ئۈزۈپ كەتتىڭ...① دەپ گېپىنى تۈگەتتى.

راست. بالىلىق ۋىجدان تۆرەلمە. ئۇ ئىنسانىنىڭ بارلىق شاخ شۇمبۇللىرىنىڭ ئانىسى بولۇپ، بىز ھەممىمىز ئاشۇ ۋىجدانىنىڭ مەھسۇلى ئىدۇق. ئۆزلۈك دۇنيارىمىزنى ئەنە ئاشۇ سارەمجانلاشتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. ئۇ قاغدەك سايرىسمۇ ھەرگىز بۇلبۇلنى ئەكىلىپ باش قىلمايتتۇق. شۇڭا مۇڭگۈزىمىزگە تاياق تەگسە تۇۋاقلىرىمىز سىقىرماي قالماي خاتا ھۆكۈم قىلىپ، ئۇنىڭ خاتالىقنى بىلگەن تەقدىردىمۇ بەزىدى بىتىمىزنى بۇزماي خاتالىقنى ئۆتكۈزەتتۇق. ئۇ يەر بۇ يېرىمىزنى كېسىۋېتىپ ياكى ئۇ يەر بۇ يېرىمىزگە بىر نېمىلەرنى چاپلاپ بىر نەچچە كۈن ئۆگىنىش قىلدۇرسىلا بولىۋېرىدىغان مەخلۇق ئەمەس ئىدۇق. ناۋادا دۇنيا ياخشى نەرسە بولسا ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئىدى. بىزنىڭ مۇقەددەسلىكىمىزگە ھېچنەرسە توغرا كەلمەيتتى. سوتسيالىزم لاگىرى ئاخىر بۇنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. ئۆزلۈكنىڭ چېگرىسىنى ئادەت كۈچىدىن سىياسىيا قايتا ھېس قىلدۇردى. دەسلەپ ۋەتەنپەرلىك ماھىيەتتە مىللەتچىلىك بىلەن ئىنسانىي جۇشنى ئۇرغۇتۇشقا باشلىدى. ئىجتىمائىي ئاچچىق، ئىجتىمائىي ئۆزلۈكنىڭ چېگرىسىنىڭ ئىلغا قىلىنىشى بىلەن مىللەتچىلىك باش كۆتۈردى. قىسقىغىنە 4-5 يىل ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا ئۇنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىپ، بىرنەچچە مىللىي دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتتى. 19-ئەسىردىن تارتىپ ئايرىم دۆلەت بولغان 1772-يىلى ئاندىن غەربىي گېرمانىيە بىلەن پۇتۇنلەشكەن مۇشۇنداق تارىخقا ئىگە شەرقىي گىرمانىيەدە يۇقىرقىدەك ئېلىپ بېرىلغان 54 يىللىق پەرۋىش بىر يىلغا پايلىماي، ئۇ يەنە 18-ئەسىردىكى مىللەتچىلىك كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئارزۇلىرى بويىچە غەربىي گېرمانىيە بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئىنسانلارنى باشقىچە تۈركۈملەپ مېڭىشىنىڭ ئەمەلىي ساۋىقى بولۇپ، 300 يىل مابەينىدىكى ئىنسانلار كەچۈرمىشلىرى تەقەززا قىلغان مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقنى مۇپەسسەل بىر ئىلىم قىلىپ چىقىشنىڭ، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۇنى ئۆزىگە تەتبىقلىشىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغانلىقنى كۆرسەتتى.

بىر مىللەتنىڭ ئۆزىدىكى ھاياتى كۈچ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا كۆز ئالدىمدىن 1995-يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقەلىك ھەرگىز كەتمەيدۇ. ئەينى چاغدا مەن ئوپالدىن جىگدە ئېلىپ كىراغا ماشىنا ئىزلەپ قەشقەردە تۈرۈپ قالدىم. ئەمدىلا قەشقەرنىڭ بىر ماشىنىسىنى تېپىۋىدىم ئۇنى قاتناشنىڭ سولىۋالدى. ئەسلىدە قاتناشنىڭ غەربىي كېرەمباغنىڭ يېنىدىكى ئاشۇ بىر مەيداندا ماشىنا توختاتماسلىق بولسا كېرەك. ئەتىسى يەنە قەشقەرنىڭ ئىككى ماشىنىسىنى سولىۋالدى. ماشىنلار

ئىگىللىرى كىرىپ چىقىپ يۈرۈپ توپلاشقانلىرىدا ئاتۇشلۇقلارنى بىر تۇتۇۋالسىدى دەپ قويۇشاتتى. دېگەندەك ئۈچىنچى كۈنى ئاتۇشنىڭ تۆت ماشىنىسىنى تۇتۇۋالدى. ئۇلار بىلەن باھادا كېلىشىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن بىز بىر ياتاقتا شۇ كۈنى بىللە ياتتۇق. كەچتىكى سۆھبەتتە ماشىنىلارنى قانداق ئاچىقىش مۇزاكىرە قىلىندى. مەن گەپ قىستۇرۇپ قالغان ئۈچ ماشىنا ئىگىلىرىنىمۇ قوشۇۋالساڭلار كۆپىنىڭ گېپى كۆپچە بولمامدۇ؟ دېدىم. ئۇلارنىڭ بىرسى. سىلى يىراقتىن كەپلا، قەشقەرلىكنى ھەقاچان بىلمەيلا. ناۋادا ئاشۇ ئۈچىنىمۇ قوشۇۋالساق سەل چىڭىغا توختىسا ئۇلاردىن بىر ياكى ئىككىسى ئارىمىزدىكى بىتىمنى سېتىپ ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنى ئاچىقىۋېلىپ بىزنى تېخىمۇ يامان كۈنگە قويىدۇ، دېدى. شۇ چاغدا نېمە ئۈچۈن قەشقەرنىڭ ھەممىلا يەردە سېسىق نامى بارلىقىغا بولغان تەئەججۈپۈم يادىمغا يەتتى. كېيىن ئامېرىكا خەلقئارا ئېچىش ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارى لاۋرېنس ھىلسىن يازغان « قالاقلىق بىر خىل روھىي ھالەت-لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئەمەلىيىتى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ بۇ ئىشلار يادىمغا يىتىپ كۈلۈپ كەتتىم.

1997-يىلى رۇسىيىدە ئىقتىسادىي كىرزىس يۈز بەردى. بۇنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى ئىچىدە بۇ يەردىكىلەر 57 يىل بازاردا پايدىنى چەتكە قاقىدىغان تەربىيىدە بولدى، شۇڭا ئۇلار كارخانىغا ئۆكتە پوزىتسىيىدە بولدى، ھەتتا ئاشۇنداق بىر ھاكىمىيەت ئۆرۈلگەن بولسىمۇ كىشىلەر يەنىلا بازارنى ئاسايىشلىق ھېس قىلمىدى. ئىلگىرىكى دۆلەتكە ئىشلىگەن كاپالەتلىك كۈنلەرنى سېغىندى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇلار نامراتلىقتىكى باراۋەرلىكنى سېغىندى. مۇنداق روھىي ھالەت دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دېھقان مەدەنىيەتلىرىدە بار ئىدى دەيدىغان بىر مەدەنىيەت ئامىلىمۇ بار ئىدى. ئۇ خۇددىي ئوخشاش دەرسلىك، ئوخشاش مۇئەللىم، ئوخشاش مەكتەپتە ئوقۇپ تۇرلۇكچە ئادەم بولغانلارغا ئوخشاش، خۇددىي 60-يىللارنىڭ بېشىدا ئىقتىسادىي سەۋىيىسى ئاجايىپ ئوخشىشىپ كېتىدىغان گانگو بىلەن كۇرىيىنىڭ 90-يىللاردىكى ئاسمان زېمىن پەرقى بۇ ھادىسىنى چۈشىنىشتە مەدەنىيەت ئامىلىنى نەزەرگە ئالماي بولمايدىغانلىقىنى دەلىللەپ تۇرماقتا.

خوش، ئۇنداقتا مەدەنىيەت دېگەن زادى نېمە؟ سۆز مەنىسىدىن ئېيتقاندا ئۇ ئەرەپچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز. مەدەنىيەت (مەدەني +ئىيەت)، مەۋجۇت مەۋجۇدىيەت، ئەدەپ ئەدەبىيات، شەخس شەخسىيەت دېگەندەك سۆزلەر قاتارىدا تۇرلەنگەن سۆز بولۇپ، مەدەنىينىڭ كۆپلۈكلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىن كۆپلۈك سۈپىتىدە ئاتالغان ئاتالمىسىدۇر. يەنى مەدەنىينى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى ئامىللارنى، مىزانلارنى كۆزدە تۇتقاندىكى ئاتالمىسىدۇر. ئۇنىڭ ئېنگلىزچە نامى Culturae بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە 1998-يىلى نەشر قىلىنغان oxford illustrated Dictionaryگە باققاندا ئۆسۈملۈك پەرۋىشلەنمىسى، روھ پەرۋىشلەنمىسى، جىسمانىي ۋە مەنىۋى تاۋلانما دېگەندەك مەنالىرىمۇ بار. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئىنگلىزچە نام

تەخمىنەن مەلۇم بىر نەرسىنى پەرۋىش قىلغۇچى نەرسە مەنىسىدە كەلسە كېرەك. شۇنداقلا يالغۇز سۆز مەنىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەرەبچە نام مەدەنىيلىك پەلسەپىسىدىن، ئېنگلىزچە نام پەرۋىشەتتىن بېشارەت بېرىدۇ. مېنىڭچە بولغاندىمۇ بۇ ئىلىم مۇشۇنداق بولۇشى لازىم.

ئەمدى باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ئېنىقلىمىسىغا كەلسەك، ئىنسانشۇناس R بىنىندىچە مەدەنىيەت بىرلىككە كەلگەن ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى بولۇپ، ئۇ تېپىك ماددىغا ئىگە بولىدۇ. بۇ ماددا بىر جەمئىيەتنىڭ قىلىق ئەندىزىسى ۋە بارلىق تۈزۈملىرىگە سىرغىيدۇ. بېرىتانىيە ئىنسىكلوپېدىيىسى② مەدەنىيەت تارىخىغا «مەلۇم بىر جەمئىيەت ياكى ئىجتىمائىي توپنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان مىللىي تەركىبى بايانى » دەپ ئېنىقلىما بېرىدۇ. ناۋادا تارىخنى ۋاراقلايدىغان بولساق، بۇ توغرىدىكى تۈرلۈكچە ئېيتىشلار ھەقىقەتەنمۇ تولىلاپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە ئېنىقلىما بەرگەن كىشىنىڭ كەچۈرمىشىدە، بىلىم سەۋىيىسىدە، لۇغەت مەنىسىدە تۇرۇپ ئاشۇ ئېنىقلىمىغا قارىساق بۇ ئېنىقلىما ھەقىقەتەنمۇ توغرا. ئەمما بۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ توغرا بولۇشى ناتايىن. مەدەنىيەتكە ئېنىقلىما بېرىش ھەقىقەتەن تەس. شۇڭا، مەن بۇ يەردە باشقىچە بىر ئېنىقلىما بېرەي. بۇ ئېنىقلىمىنىڭ سۆزىنى ئوقۇرمەنلەر ئۆزى تېپىۋالسۇن.

بىر كۈنى ئامېرىكىلىق، ياپونلۇق، جۇڭگولۇق ئۈچەيلەن كافېخانىغا كىرىپ كافى ئىچمەكچى بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كافىغا قەنتنى ئۆزى سېلىپ دەملەيدىغان ئادىتى بار ئىكەن. بىراق، كۈتكۈچى قىز ئۇلارغا كافىغا قەنتنى ئۆزى سېلىپ تەييار قىلىپلا ئاچىقىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىلىق قىزغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ- ئورنىڭىزدا مەن بولسام، مۇنداق ئاتىكاچىلىق قىلمايتىم، دەپتۇ. ياپونلۇق كافىنى بىر ئوتلاپلا قەتئىي قىلىپ -خېنىم، باشلىقىڭىزنى چاقىرىڭ، -پىكرىم بار -دەپتۇ. جۇڭگولۇق بولسا گەپ قىلمايلا ئىچىۋېتىپتۇ.

بىز ئوخشاش بىر ئەھۋالدا بۇ ئۈچ كىشىدە نېمىشقا ئۈچ خىل ئىپادە بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلايلى. تېخىمۇ پاكىتلىق دېسەك، ئېنگلىزلار ئادرېس يازغاندا ئاۋۋال ئىسمىنى، ئاندىن تۇرۇشلۇق ئورنىنى، ئاخىردا تۇرۇشلۇق شەھەر، ئۆلكە ۋە دۆلەتنى يازىدۇ. ئەمما بۇنىڭ ئەكسىچە بىز چوڭدىن كىچىككە قاراپ ئادرېس يازىمىز. بۇنىڭدىن باشقا جۈملە تۈزۈلۈشىنى ئېلىپ ئېيتساق ئېنگلىزلار مۇھىمنى، ئۆزىگە ئەڭ چېتىشلىقنى باشتا تىلغا ئالىدۇ. مۆرىتى كەلگەندە جۈملىنىڭ بايان ئىزچىللىقىنى بۇزۇپلا ئېنىقلىما بېرىدۇ، تولۇقلايدۇ. بۇ باشتىلا مۇكەممەل بولۇشنى قېلىپ قىلىۋېلىپ سۆزلەيدىغان بىزلەردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ مەسىلەن،

[JY,1]Columbus discovered America in 1492

ئەينى تەرجىمىسى: كولومبو ئامېرىكىنى تاپتى. 1492- يىلى

بىرچە ئېيتىلمىسى: 1492- يىلى كولومبو ئامېرىكىنى تاپتى.

[]He immediately ordered an investigation

ئەينى تەرجىمىسى: ئۇ دەرھال بۇيرۇق بەردى. تەكشۈرۈشكە

بىرچە ئېيتىلمىسى: ئۇ تەكشۈرۈشكە دەرھال بۇيرۇق بەردى.

[Thes change of state is physica of change

ئەينى تەرجىمىسى: ئۆزگىرىش ھالەتتىكى فىزىكىلىق ئۆزگىتىشتۇر.

بىرچە ئېيتىلمىسى: ھالەتتىكى ئۆزگىرىش فىزىكىلىق ئۆزگىرىشتۇر.

تەبىئەتتىكى ھەربىر ئاتالمىلارنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەر ۋۇجۇدىدىكى ماس ئۇقۇملىرى ئۆزئارا ئۈستمۇ-ئۈست چۈشۈپ كېتەلمەيدۇ. مەسىلەن: ئاق خەنزۇچىدە 白 گە توغرا كېلىدۇ. لېكىن ئاقيولنى 白路 دېگىلى، ئاقكۈن(قۇتكۈن) نى 白天 دىگىلى بولمايدۇ. قارا 黑 غا توغرا كېلىدۇ، لېكىن قارا باستى دېگەننى 黑压了 دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، گەرچە ئاق بىلەن قارا تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئىككى خىل رەڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيىتىدە پەيدا قىلغان تۇيغۇسىدا زور پەرق بولىدۇ.

يەنە دېسەك، مەلۇم بىر خىل تىلنىڭ گىراماتىكىسىنى خېلىلا ئىگىلىگەن ئادەم ئاشۇ تىلدا ئاشۇ تىلنىڭ ئىگىسىدەك سۆزلىيەلمەيدۇ، گېپى ئېنگلىزچە ياكى خەنزۇچە، جۈملە قۇرۇلمىسى ئۇيغۇرچە بولۇشتىن خالىي بولالماسلىق مانا بىز كۆندە ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان ئەھۋال. مانا مۇشۇنداق ئىنسانلارنىڭ قىلىق ئەندىزىلىرى، تەپەككۇرلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ قاش-كۆزى، ئېغىز-بۇرنى، پۇت-قولى ئوخشاش ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە ئوخشمايدىغان قىلىپ جۇلالىنىپ تۇرىدىغان نەرسە مەدەنىيەتتۇر. يولداشلار بۇنى تېخىمۇ روشەن چۈشەنمەكچى بولسا ھەرقايسى مىللەتلەردىن بولغان ساراڭلارنى سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرۈپ باقسا بولىدۇ. راست، ئىنسانلار بىر-بىرىگە ئوخشمايدۇ. چۈنكى، ئۇلاردىكى ئۇقۇملارنىڭ ھېسسىي خاھىشتىكى سەرەمجانلىشىشى ئوخشمايدۇ. بىرسى بىر نەرسىنى مەلۇم ئورۇنغا جايلاشتۇرغان بولسا، يەنە بىرسى ئۇنى باشقا بىر ئورۇنغا جايلاشتۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇقۇم قانچە كۆپ بولغانسېرى روھ توپى بولغان جەمئىيەت شۇنچە مۇرەككەپلىشىدۇ، نىسبىي دېشۋارچىلىق كۆپىيىپ، مەنىۋى ئېھتىياج ئۇلغىيىدۇ. دېمەك، نېگىزىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ماھىيەتتە مىللىي مىجەز دېمەكتۇر. ئەمما، بىز كۆپ ھاللاردا بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى دېگەن ئۇنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، كىيىم-كېچەكلىرى، تىلى، ئەدەبىيات-سەنئىتى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى، قۇرۇلۇش بىناكارلىقى دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. ھەتتا كاستيۇم-بورولكا كىيىش، بىرەر تانسا، ئۇيىنى كىنولاردىكىدەك ياساش... دېگەندەك

ئۇششاق ئىشلارنىمۇ مەدەنىيەت  دېگەنلىكنى ئاڭلايمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ توغرا ئەمەس. بىز پەقەت ئۇ نەرسىلەر  ئارقىلىق مەدەنىيەتنى ئىپادە قىلماقچى بولىمىز. ئۇ خۇددى 1 + 2 + 3 = 6 دە 1، 2 ياكى 3 نىڭ ھەرگىز 6ئەمەسلىكىگە ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ، ئۆرپ-ئادەت+ كىيىم-كېچەك +ئەدەبىيات-سەنئەت + ...= مەدەنىيەت دېگەندەك بىر گەپ.

ئەپسۇس، مەدەنىيەتنى بايان قىلىش ئادىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە نازۇك مەنتىقلىق خاتالىقتا بولغان پەرۋاسىزلىق بىزنى يۇقىرىقىدەك خاتا تونۇشقا باشلاپ قويغان. بۇنىڭدىن باشقا تىلىمىزدا ئىپتىلىشۋاتقان مەدەنىيەت دېگەن بۇ سۆزنىڭ قوللىنىلىشىدىكى مەدەنىي سۆزىنىڭ تۈپى مەدىنە(شەھەر) بولغاچقا شەھىرىي، شەھەرچە دېگەن مەنالارمۇ بەلكىم يۇقىرىقىدەك نەرسىلەرنى كۆرسەتتى. شۇنداقلا بۇ خەنزۇچىدە ئۇدۇللانغان سۆزنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن تۇغۇچىدا (ئىستىداتىدا) يوق ئاتالمىلارغا باغلىنىپ تېخىمۇ قالايمىقان مەنا ئالغىلى تۇردى. مەسىلەن، مەدەنىيەت بىلىملىرى (文化知识) مانا مۇشۇنىڭ سەمەرىسى ئىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا مەدەنىيەت دېگەن بۇنام ئېنگلىزچىدىكى (Civilization )بىلەن ئۇيغۇنلۇقىدىن ئۇتقان چۈشىدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنى ماقالىمىزنى ئوقۇۋاتقىنىدا بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشى چوقۇم ئاقىلانىلىك بولىدۇ.

ناۋادا بىز ھەربىر ئادەمنىڭ ئاغزىغا ئەمەس ھەرىكىتىگە ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلىدىغان بولساق شۇنى بايقايمىزكى، ھەممە ئادەمدە ئۆزىگە تۇشلۇق ھايات مەنىسى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرقى، قىلىقلىرى، ئىپادىسى، پوزىتسىيىسى، ئادىتى، خاراكتېرى، نىيىتى،يوسۇنى دېگەندەكلەر ھەممىسى مۇشۇ ھايات مەنىسىدىن ئۇنىدۇ، ئۇنىڭدىن بىشارەت بېرىدۇ. گويا مەن دېگەن مانا مۇنداق ئادەم دەۋاتقاندەك بولىدۇ. مەدەنىيەت ئەمەس دېسىمۇ كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئەتراپىمىزدىنلا دەرھال كۆرستىپ بېرەلەيدىغان مۇشۇ باياندىكى ھايات مەنىسى نىڭ مەجازى ئۆزى. ناۋادا بىرنەچچىسىدىن سىزقانداق ئادەم، ھاياتىڭىز نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ دەپ سوراپ باقساق ئۇلاردىن ئۆزىدىكى ھەقىقي ماھىيەتنى دەپ بېرەلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز چىقىدۇ. كېيىنكىسى بىلىپ-بىلمەي ئورتاق سېزىم، ئالقىشلىق نەرسىلەر، پەزىلەت ۋەھاكازالار بىلەن گەپدانلىق قىلىدۇ. قانداق ئادەملىكى، ئەقىللىقلىقى، ناتىقلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىجتىمائىيەتتە قانداق ئادەملىكىنى بىلدۈرۈش مەلۇم بىر مەنپەئەتكە تاقىشىدىغان چاغدا كۆرۈلىدىغان تۈرلۈك-تۈرلۈك بولمىغۇرلۇقلار، رەڭۋازلىقلار، پەسكەشلىكلەرنى، قاباھەتنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ يېزىپ بولالمايمىز. ئوخشاشلا بۇلارمۇ ھەم ئەمەس دېسىمۇ مەدەنىيەتنىڭ قانداقلىقىنى بايان قىلىش، تەتقىق قىلىش ئەمەلىيەتلىرىنىڭ مەجازى ئۆزىدۇر. شۇڭا، يۇڭنىڭ ۋۇجۇت دوختۇرىنىڭ نەزىرىدە بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى ھاياتى پەقەت شەخسكە قارىغاندا سەل-پەل مۇرەككەپرەك دېيىشكە ھەم مۇشۇنىڭدىن بىشارەت بولۇشى مۇمكىن.

مەدەنىيەت تارىخى تەپسىلىي دېمگەندىمۇ سىياسىي مودا بويىچە يېزىلمايدۇ. ھازىرقى چېگرا، ھازىرقى ئايرىمچىلىق، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق بۇرۇنقى ئىنسانلارغا تېگىلمايدۇ قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق دېگەنچىلىك قىلىدىغان ئۆزىگە بىرخىل باشقىلارغا يەنە بىر خىل پوزىتسىيە قۇر-قۇرلاردىن جۇلالىنىپ تۇرمايدۇ. خۇددى 80-يىللاردا لازا يېيىش مۇسابىقىسىگە چۈشۈپ چېمپىيون بولغان ئادەم90-يىللاردا ئاشۇ مېداللىرىنى كۆرسىتىپ ئۆز ھاياتىنىڭ مەنىلىك ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇۋاتقاندەك، مەشھۇر بىر چولپان مېنىڭ يۈزۈمگە تۈكۈردى دەپ نەچچە يىل سۆزلەپ يۈرگەن ئامېرىكىلىق ساراڭدەك ئەينى دەۋر ئادەملىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئادەمدەك ياشىغانلىقلىرى بىلەن كارى يوق پالانى ھەيۋەتلىك سېپىلنى، پۈستانى تۈتامسىز كىتابنى، قايسىدۇ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقنى، زەيپانىلىقنى ئۇستىخان قىلىپ يېزىلمايدۇ. مەيلى نېمە بولسۇن سۆزلىگۈدەك، كۆرسەتكۈدەك بىر نېمىسى بولسىلا مەدەنىيەتلىك دەيدىغان نامغا ئىگە قىلىنىدىغان مەدداھلىق يوقىلىدۇ. باينىڭ گېپى ئوڭ، گادايىنىڭ گېپى توڭ دېگەندەك سۆزلەش پۇرسىتىگە ئىگىلەر، پەلەكنىڭ چاقى مۇنبەرنىڭ تۆرىنى نىسىپ قىلغانلارنىڭ خاھىشلىرى بويىچە رەسمىيلىشىدىغان چۈشەندۈرۈشلەر كۆرۈلمەيدىغان بولىدۇ.

ئىنسان ئۆچۈن ئېيتقاندا قايسىدۇر بىر مىللەت بولۇش چوڭ ئىش ئەمەس. مەدەنىيەتلىك، مەدەنىيەتسىز دەپ مېدال تاقاشمۇ تېگىدىن ئېيتقاندا مەنىسىز، ھەتتا كەسكىن ئېيتقاندا مۇنداق گەپ يوق. ئەمما، ساغلام بىر ئادەم بولۇش، ئۆنۈملۈك ھالدا كەلگۈسىگە يۈزلىنىش تاشلاپ كەتكىلى بولمايدىغان نۇقتا. مانا مۇشۇ نۇقتىدا تۇرۇپ كۆزەتكىنىمىزدە دۇنيادىكى ئەڭ قالاق يېزىق خەنزۇ يېزىقىنى ماختايدىغان، دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ ئىچىدە پەقەت بىز خەنزۇلارلا ئۆز يېزىقىمىز، ئۆز تىلىمىزنى ھازىرغىچە ساقلاپ قالالىدۇق، دەپ ماختىنىدىغانلارنىڭ ئەخمىقانە ۋە ساقسىز كەيپىدىن يۇلقۇنۇپ بايقىغىنىمىزدا ئېنىقكى، ئىنسانلار ئەسلىدىن پەرقسىز. ھەممىنىڭ كۆزى بار، قۇلىقى بار. ھەممىنىڭ پۇت-قولى بار. ھەممىسىدە ئەر-ئايال، ئاتا-بالا بار، ھەممىسىنىڭ زۇۋانى، كاللىسى بار، ئۆي-پىكىرلىرى بار ۋە شۇنداقلا ھەممىسى تارىخنىڭ مەھسۇلى. ئەمما ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇنداق ئوخشاش كۆزلەرنىڭ بىرى يېشىل رەڭنى ياخشى كۆرسە، يەنە بىرسى قىزىل رەڭنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاشۇ ئوخشاش قۇلاقنىڭ بىرى پوجاڭزىنى خالىسا، يەنە بىرى ناغرا سۇنايىنى ئىزدەيدۇ. بۇنى ئەسىرىمىزنىڭ بېشىدىلا كىتابخانلارغا ئاز-تولا ھېس قىلدۇرۇپ كەلدۇق. تەبىئىيكى بۇ خىل پەرقنىڭ تېگىدىكى ماھىيەت ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى بايان قىلىشنىڭ رايونلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. مەدەنىيەتشۇناسلىق يۇقىرىقىدەك ساقسىزلىق ئۈچۈن ئەمەس بەلكى، ھەرقايسى روھ ئېقىملىرىنىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى تونۇپ يېتىش بىلەن ئۇلارنىڭ خاھىشىدىكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپ كەلگۈسىگە تېخىمۇ ئىلمىي يۈزلىنىش ئۈچۈندۇر.

ئىزاھات:

① چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئاق پاراخوت ناملىق كىتاب 221-222- بەتلەر.

② بېرتانىيە ئىنسكلوپېدىيىسى. Concise Encyclopaedia Britannica

(3)

ئىلمدە بايانىنىڭ سىستېملىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۇتقۇنى ئالدى بىلەن ئۇقۇم جەھەتتىن تېخىمۇ ئۇششاق ئۇقۇملارغا ئاجرىتىۋالىمىز. مەسىلەن، بەدەن دېسەك، ئۇنى قول-پۇت، ئېغىز-بۇرۇن، قۇلاق، باش، گەۋدىگە ئاجرىتىۋالىمىز. ھەرگىز بىر قول، يەنە بىرقول، بىر پۇت يەنە بىر پۇت، بىر كۆز يەنە بىر كۆز دەپ ئولتۇرمايمىز. دەرەخ دېسەك، يوپۇرماق، شاخ، غول، قوۋزاق، يىلتىز دەپ ئاجرىتىمىز. ھەرگىز ئوڭ تەرەپتىكى شاخ، سول تەرەپتىكى شاخ، ئېگىزدىكى شاخ، پەستىكى شاخ دەپ ئولتۇرمايمىز. ناۋادا مۇنداق ئۇقۇم سىستېمىسى ئەپسىز بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا يەنە باشقا ئۇقۇم سىستېمىسى تاللايمىز. مەسىلەن، تېرە، مۇسكۇل، نېرىپ، يۇلۇن، تومۇر، ئۇستىخان، قان، ئاجرالما دېگەندەك. ئەمما، بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نەرسە شۇكى، ھەربىر يۈرۈش ئۇقۇم سىستېمىسىنىڭ ئۆز دەستىكى بولىدۇ. مەلۇم يۈرۈش ئۇقۇم سىستېمىسى ئىشلىتىشكە لايىق يەرلەردە شۇ ئۇقۇم سىستېمىسىدىكى ئۇقۇم كەلمەي باشقا سىستېمىدىكى ئۇقۇم كېلىپ بېكىنىۋالسا بايان مۇقامدىن چىقىدۇ. ئېغىر ياكى نازۇك لوگىكىلىق خاتالىق كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. مەسىلەن، ئادەم گۆش، ئۇستىخان، ئاجرالما، كۆز، قۇلاق ۋە 901 خىل ئېلمېنتتىن تەركىپ تاپىدۇ دېگەندەك. بىزگە مەلۇم بولىدىكى، مەدەنىيەتشۇناسلىق ئادەم تېنىدەك، دەل-دەرەخلەردەك كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان ئېنىق قۇرۇلمىغا ئىگە نەرسىنى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىنىڭ ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ ناتونۇش بولغان روھىنى تۇتقا قىلىدىغان بولغاچقا ئۇنى تېخىمۇ ئۇششاق ئۇقۇملارغا ئاجرىتىپ، ئاجراتقاندىمۇ يۈرۈش ئۇقۇملارغا ئاجرىتىپ سىستېملىق بايان قىلىش ناھايىتى تەس. يولداشلار بەلكىم ھېس قىلدى. ھەممىزگە تونۇش بولغان جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى بارا-بارا ئۆڭۈپ كېتىۋاتىدۇ. نېمىشقا؟ چۈنكى، جۇغراپىيىچىلەر بىر ئىلمىي سىستېما بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەقەللىي ئىلمى بايان قىلىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ روھقا ئوخشاش بىر قارىسا بىر گەۋدە، يەنە بىر قارىسا پارچە-پارچە تۇرغان بايان قىلىش رايونلىرىغا ۋاقىت ئۆزىرايدۇ، ئۆزۈنلۈق قىسقىرايدۇ دەپ مەيدىگە مۇشتلىغان ئېپىنىشتىيىندەك، تۆز سىزىق دېگەن چەمبەرنىڭ ئايلانمىسى شۇ دەپ تۇرۇۋالغان رىيىنغا ئوخشاش ئۆز مۇقامىدا مۇستەھكەم تۇرالىغۇدەك لوگىكا بىلەن ئايرىماي بىرىنچى يوپۇرماق مۇنداق، ئىككىنچى يوپۇرماق ئۇنداق دېگەنچىلىك قىلىپ تارىخ ياكى تەبىئىي سەۋەبلەر بۆلۈپ قويغان بۆلەكلەر بويىچە ۋالاقلاپ، قەشقەر جۇغراپىيىسى، ئاتۇش جۇغراپىيىسى... دېگەندەك ناملار بىلەن تۇتامسىز بولۇپ، ھەدەم ماڭسىمۇ قىردىن ئاشالمايدۇ ھالغا پېتىپ قالدى. سىياسىيونلارنىڭ

ئاتالمش ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ ئېھتىياجى بولمىدى دېگەندە ئاللىقاچان ئەتىۋارسىز پەنگە ئايلاندى. يەر يۈزىنى يېڭى چۈشىنىشۋاتقان يېقىنقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ تەقەززاسىنى ئۇنىۇتقاندا ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن پەن دەپ ئاتىلىپ بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ ۋاقتىنى زايە قىلىشۋاتقانلىقى چۈشىنىكسىز بىر پاجىئەگە ئۆزگەردى. جۇغراپىيە ئوقۇغانلانىڭ خەرىتە سىزالايدىغانلىقى، يەر ئۆلچىيەلەيدىغانلىقى خۇددىي ئايالالارنىڭ ئۇپا-ئەڭلىكدەك رول ئويناپ خۇددىي ئوسما كېتىپ قاش قالدۇ، سۇ كېتىپ تاش قالدۇ دېگەندەك جۇغراپىيىنىڭ يەنى ھازىرقى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئۆتىلۈۋاتقان جۇغراپىيىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە پەن بولۇش سالاھىيتىنىڭ بارلىقىنى يېپىپ بولالمىدى.

خەپشۇك، ناۋادا مەدەنىيەت ھەققىدىكى بىر ئىلىم بىسمىلاسىدىلا مەدەنىيەتنى بايان ئوبيېكتىلىرىگە ئايرىيالمىسا ئۇنداقتا كەلگۈسدە جۇغراپىيىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ئۇنىڭ بېشىغا كەلمەسمۇ؟! شۇڭا، مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا قانداق توپنى بىر گەۋدە ھېسابلاپ مەدەنىيەتنىڭ ئوبيېكتى قىلىش، قانداق قىلغاندا مەدەنىيەت مۇستەقىل مەدەنىيەت بولىدىغانلىقىنى ئېنىق قىلىۋېتىش، مەدەنىيەتنى تەرەققىيات تىزمىلىرىغا ئايرىش مۇشۇ پەننى تىكلەپ چىقىشنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ ھالقىلىق بىر مەسىلە.

مەلۇمكى، نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىغا ئاساسلانساق، ئۇ 4Kg، 10Kg، 20Kg دېگەندەك سانلار بىلەن تۈركۈملىنىپ چىقىدۇ. شەكلىگە ئاساسلانساق يۇمۇلاق، چاسا، ئۈچبۇلۇڭ، رومبا، كۋادرات ۋەھاكازا بولۇپ تىزىلىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شەيئىلەرنىڭ تۈپ مەنلىكى بولىدۇ ۋە بۇ مەنلىكتىن قايسىنى تۇتساق ئۇنىڭدىن بىر يۈرۈش تىزىلما پەيدا بولىدۇ. شۇڭا شەيئىلەرنىڭ تىزمىسىنى بېكىتكەندە ئالدى بىلەن شۇ شەيئىنىڭ تۈپ مەنلىكىنى ئىزدەيمىز. مەسىلەن، جىسىملارنى ئالساق، ئۇنىڭ تۈپ مەنلىكى ھەجمى، ئېغىرلىقى، ماسسىسى، شەكلى، رەڭگى، ھالىتى دېيىلگەن ئىدى. شۇڭا جىسىملارنى مۇشۇ بويىچە تۈرلەش ھەقلىق ئىدى. كېيىن فىزىكا تەتقىقاتى بىلەن ئېغىرلىق، ماسسا، ھەجىم يىغىنچاقلىنىپ ماسسا تۈپ مەنلىك دېيىلدى، رەڭ ماددىنىڭ ئەمەس يورۇقلۇقنىڭ تەسىرى ھېسابلىنىپ مەنلىكتىن قالدۇرۇلدى، شەكىل خىمىيىگە تاشلاپ بېرىلدى، شۇنداق قىلىپ فىزىكا جىسىملارنى ماسسىسى، ھالىتى بويىچە تۈركۈملەپ تەتقىق قىلىدىغان بولدى. مەدەنىيەت تەتقىقاتىمۇ ئەلۋەتتە پرىنسىپ جەھەتتىن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.

مەن داۋاملىق ئەدەبىيات پېشىۋالىرىنىڭ دەۋرنى يورۇتۇش مىتودىدىن تولىمۇ سۆيۈنىمەن. تا مۇشۇ كەمگىچە مەدەنىيەتنى مۇپەسسەل بايان قىلىش جەھەتتە ماقالە ژانىرىنىڭ ژانىرلىق سۈپىتى بىلەن مەدەنىيەت روھلىرىنى بىرقېتىم كامالى سەرەمجانلاشتۇرۇشقا توسالغۇ بولۇپ قالدىغاندەك بىر

خىل سېزىم كالىلامدىن كەتمەيدۇ. ئەمما، مانا مۇشۇ سەرەمجانلاشتۇرۇشنى قىلماي تۇرۇپ ھېچ ئىشنى باشلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئېكران، ئوپتىك دېسكا قوزغاتقۇچ، قاتتىق دېسكا، مەنبە، باش ئاپپارات تاختىسى، **CPU**، پىرىنتېر بولغان ئەھۋالدا ئۇلارنى جاي-جايىغا قوراشتۇرۇپ ھەرىكەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇ ئامىللاردىن قايسىسىنىڭ كومپيۇتېرنىڭ ئەۋلاد رېتىنى بىكىتىشكە سالاھىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بىر ئەۋلادنىڭ ئىچىدە كومپيۇتېرنىڭ ياخشى يامانلىق دەرىجىسىنى تۇرغۇزالايمىز. ئاندىن ئۇ كومپيۇتېر ھەققىدە بىلىم بېرەلەيدىغان ئەمەلىيەت بولالايتتى.

ئۇزۇندىن بېرى بىزگە ئاددىي ۋە روشەن مەدەنىيەت ئەندىزىسىنىڭ تىل، ئۆرپ-ئادەت، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، ئۆي جابدۇش جەھەتتە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى بىر قەدەر مۇرەككەپ مەدەنىيەت ئەندىزىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم، سىياسىي تۈزۈم ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمدە ئىپادىلىنىدىغانلىقى ۋەھاكازالار مەلۇم بولدى. لېكىن ئۇلار قۇتۇپلاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنماي ھەممىسى مەدەنىيەت ياكى نەقتەن (جەۋھەر، سوبستانسىيە) قىلىندى. ئوچۇقراق دېگەندە ئۇلار مەدەنىيەتنى زاھىر قىلغۇچى يۈكلەنمىلەر ھېسابىدا ئەمەس بەلكى مەقسەتلەر ھېسابىدا بايان قىلىندى. بۇ مەدەنىيەت ئەندىزىلىرىنى مۇپەسسەل تۇرغۇزۇپ ماتېرىيال ھازىرلاش ئىشىنى تېخىمۇ يىراق قىلىۋەتتى. مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ جاي-جايىغا سەرەمجانلاشتۇرۇلماسلىقى مىللەتنى بېكىتىشتە كۆرۈلگەندەك تىل، ئورتاق پسىخكا، ئورتاق تېررىتورىيە دېگەنلەرنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ سۆزلەشكە يوچۇق بېرىپ قويدى. بۇ نۇرغۇنلىغان قالايمىقانچىلىقنى پەيدا قىلدى. يەنە مىللەتلوگىيە ئالىمى F گىلبىنا بىلەن W سىمىت يەنىمۇ ئابستىراكتلىققا چىقىپ مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىنى نەقتەن دېدى ۋە بۇ نەقتەن ئۆز بۆشۈكىنى مەركەز قىلىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان بولىدۇ بارلىق مەدەنىيەتلەر مەيلى قەدىمىي بولسۇن ياكى يېقىنقى بولسۇن، بىردەك مەدەنىيەت دۆۋىسىنىڭ كېڭىيىشىنىڭ مەھسۇلى. مەدەنىيەت دۆۋىسى فۇنكسىيە جەھەتتىن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى دۆۋىسىدۇر دەپ قارىدى. بىر مەدەنىيەتتىكى ھەرقايسى مەدەنىيەت دۆۋىللىرىنى تەھلىل قىلىش بىلەن ھەرقانداق مەدەنىيەتنىڭ تارىخىنى قايتا نامايان قىلغىلى بولىدۇ دەپ ھېسابلىدى. بۇددا مەدەنىيىتى، ئىسلام مەدەنىيىتى، خرىستىئان مەدەنىيىتى دېگەندەك گەپلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىدېئولوگىيە بىلەن مەدەنىيەتنىڭ پەرقى قالمىغىلى تۇردى. لېكىن شۇنداقتىمۇ بۇ ناھايىتى ئۆز تۈيۈلدى.

كىشىلەر مەدەنىيەت ئەمەلىيىتىنىڭ مۇشۇندىق بۇزۇۋېتىلىشىگە قارىماي قەلبىنىڭ ئاۋازى بويىچە تىلغا يەنىلا ئالاھىدە نەزەر بىلەن قاراپ كەلدى. ئۇلۇغ تىل نەزەرىيىچىسى لىبىنىز تىكلىگەن پىرسىيەخانلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى ۋىلھېلم ۋون ھۇمبولدت ـ 1767) (18361835ـيىلى «ئىنسانلار تىلىنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى پەرق ۋە ئۇنىڭ ئىنسانلار روھىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ تىلنىڭ مىللەت

تۇرمۇشىدىكى رولىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇزاكىرە قىلدى. بىر مىللەت ياشايدىغان كېلىمات، دىن، ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم جەھەتتىن مىللەتتىن نېرى بولسا بولىدىغانلىقىنى، ئەمما، تىلنىڭ ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، تىلنىڭ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى نەپەس ئىكەنلىكىنى، مىللەت پەقەت تىل ۋاستىسىدە ئۇيۇشۇپ مىللەت بولىدىغانلىقىنى، مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ پەقەت تىل ئارقىلىقلا مۇكەممەل ئىزلىنىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىشنى ئۇنىڭ تىلىدىن باشلاش لازىملىقىنى كۆرسەتكەن. ئېنىق قىلىپ ئوخشىمىغان تىل، ئوخشىمىغان مىللەتنىڭ ھەممىسى ئىنسان روھىنىڭ تۈرلۈكچە شەكلى ئۆزلۈكنىڭ ئوخشىمىغان شەكلىدىكى نەتىجىسى. تىل ئىنسان روھىنىڭ ئىجات قىلىنىش پائالىيىتى ياكى ئىنسان روھىنىڭ ئىستىخىيىسىز تەپچىشى دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

مېنىڭچە ئامېرىكا ئۇقۇمچىلىق تىلشۇناسلىقىنىڭ ۋەكىلى ئىدۋدرد ساپىرنىڭ مىللەت، تىل، مەدەنىيەت ئۇقۇملىرى تازا ساغلام بولمىسا كېرەك. مەسىلەن، ئۇنىڭ مىللەت مۇھىم بولغان ھەم ھېسسىيات جەھەتتىن بىرلىككە كەلگەن توپلام دېگەن ئېنىقلىمىسى ئۇنىڭ تىل تەتقىقاتچىسى بولغىنىغا باققاندا قەلبىدىن چىققان ئېنىقلىما ئەمەس بولۇپ، پۈتۈنلەي ھېسسىي زورۇقۇش ئۇستىگە قۇرۇلغان يادلانمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مۇشۇنداق تەنتەكلىكىدىنمىكىن1921-يىلى يازغان ئەسىرى «تىل ھەققىدە» دە دەسلەپ تىل يۈزەكى نەرسە، پەقەت بىر قورال. تىل، مىللەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ چوقۇم ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ناتايىن، دەپ ھومبولت ئاللىقاچان تەنقىدلەپ ئۆتكەن ئىدىيىلەردە بولدى. بىراق، كېيىن ئۇ ئۆزگەردى. ئامېرىكا ئىنسانلار تىلىنىڭ تۈزۈلمە جەھەتتىن غايەت زور پەرقلىنىدىغانلىقىنى بايقىدى. ھومبولتنىڭ قاراشلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئوقۇغۇچىسى ۋولىزا پۈتۈنلەي ھومبولتنىڭ مەۋقەسىگە قايتىپ كەلدى. بۇ ئۇقۇم ئۆزىنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىياتىدا تىل مەدەنىيەتنى بەلگىلەمدۇ ياكى مەدەنىيەت تىلنى بەلگىلەمدۇ؟ تىل چۈشىنىش كۈچى(ئۆتكۈرلۈك) ۋە تەپەككۇرغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ تىل ئەندىزىسى بىلەن مەدەنىيەت ئەندىزىسى زادى قانداق مۇناسىۋەتتە؟ دەيدىغان سوئاللارغا چۆمدى.

ئادەتتە مەلۇم بىر شەيئىي چەت تىلدىن مەلۇم بولۇپ پەقەت ئانا تىلدا ئاتاش مەجبۇرىيىتى بىلەنلا ئاتىلىپ قالغاندا ئۇنىڭ ئاتىلىشى بۇ شەيئىنىڭ شۇ تىلنىڭ تۇغۇچىدىكى كوردىناتىغا ئۇدۇللاشمىغان چاغدا بۇ ھەقتىكى تەپەككۇر نۇرغۇن-نۇرغۇن بوشلۇقلار بىلەن توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. مۇشۇ نوقتىنى يوق ئەمەس دېگەندە مېنىڭچە مەدەنىيەت دېگەن بۇ نام مىللەتتىكى باشقىلارغا داملىغلى بولىدىغان نەرسىلەرنى كۆككە كۆتۈرگىلى ئەرزىگۈدەك نەرسىلەرنى كۆزدە تۇتۇپراق قويۇلغان. شۇڭا بۇ نامنىڭ تېگىدىكىسى نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ دېگەن تەپەككۇر ئەمەس، بەلكى ھېسسىيات. دېمەك، ئۇنىڭ تەپەككۇرىمىزگە ئېنىقلىق بېرىشىدىن تازا بەك ئۈمىد يوق.

شۇنداق بولغاچقا ئەڭ ئالدى بىلەن بۇ نامنىڭ ئارىسىدىكى ۋە ئازغاشتۇرۇشتىن قۇتۇلۇپ قېلىشقىمۇ بولمايدۇ.

ناۋادا بىر دېھقاندىن سەن ئۇسسۇلنى ياۋروپالىقلاردەك پۇتىڭدا ئوينىماي قول، پۇت ھەممە يېرىڭدە ئويناپدىكەنسەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دەپ سورالسا، ئۇ بىز ئادەتتە ئۇسسۇلنى مۇشۇنداق ئوينايمىز دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ گەپنىڭ تېگىدىن ياۋروپالىقلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناش ئادىتى ئاشۇنداق، بىزنىڭ مۇنداق دېگەن مەنىنى پەملىسەك ھەددىمىزدىن ئاشقانلىق بولمايدۇ. ئەسىرىمىزنىڭ بېشىدا بىشارەت قىلىنغان مەدەنىيەت ئۇقۇمىمۇ ئادەت دېگەن بۇ نامغا يېقىنلىقنى ئۆزئۆزىدىن ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. ئويلاش ئادىتى، چۈشىنىش ئادىتى، تەپەككۇر ئادىتى، كۆرۈش ئادىتى، ئاڭلاش ئادىتى، سۆزلەش ئادىتى، تۇرمۇش ئادىتى دېگەندەك ناملار بىلەن مەدەنىيەت كۆرسىتىپ تۇرغان نەرسىنى تولۇقى بىلەن ئاتاش ھېچقانداق قولايسىزلىق بەرمەيدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا يۇقىرىقى سوئاللارنى ئەمدى سورىساق بولىدۇ. تىل تىل ئادىتىنى بەلگىلەمدۇ ياكى تىل ئادىتى تىلنى بەلگىلەمدۇ؟ تىل ئەندىزىسى بىلەن ئادەت ئەندىزىسى قانداق مۇناسىۋەتتە؟

مەدەنىيەت، ئادەت دېگەن مۇشۇ ئىككى سۆزنى 30 ئادەمگە يازغۇزساق 30 خىل خەت پۈتۈلىدۇ. ھەربىر خەتتە ھەربىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى جۇلالىنىدۇ. خۇشخەت تەربىيىسى كۆرگەنلەرنىڭ مۇكەممەل خەتتىن ئىبارەت ئورتاق قۇتۇبى بولغانلىقى سەۋەبلىك يازغان خەتلىرىدە ئوخشاشلىق كۆپ بولىدۇ. مۇشۇ ئەھۋالدا خەت خاراكتېرگە تەسىر كۆرسىتەمدۇ، خاراكتېر خەتكە تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟ دېگەن سوئالغا نېمە دېيىشىمىز مۇمكىن؟ بۇنىڭغا نېمە دەيدىغانلىقىمىز ئېنىق. مەجازى جەھەتتىن ئېيتقاندا بۇ نەق يۇقىرىقى سوئالنىڭ جاۋابى. لېكىن نېمە ئۈچۈن بۇ سوئال مۇشۇنداق ئاددىي بىر تەرەپ قىلىنماي چوڭ-چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىلەرنى پەقەت سوئاللارنىلا يېزىپ قويۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ؟

خاراكتېر روھىي كۈچنىڭ كۈچلۈك ئاجىزلىقىغا باقىدۇ. بەزى ئادەملەردە خاراكتېر دەپ بىر نېمە بولمايدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىنكار قىلىنمايدۇ. ناۋادا مەدەنىيەت ياكى ئادەتكىمۇ مۇشۇنچىلىك سىزىم ئۇدۇللاشقان بولسا، بەلكىم مۇنداق بولۇپ كەتمەيتتى.

بىزگە مەلۇمكى، گېئومېترىيە بەش ئاكسىيوما ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. بىزنىڭ ئۇنى گېئومېترىيە متودىدا ئىسپاتلاشقا قۇربىمىز يەتمەيدۇ. لېكىن ئۇ ئۆز ئۆزىدىن شۇنداقلىقنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنىڭغا ئەلەكمودىللا دەيمىز. لېكىن ناۋادا بىز بۇنى بىرسى بىزگە تاڭدىمۇ ياكى ئۇنى ئۆزىمىز پەرەز قىلىشۋالدۇقمۇ؟ دەيدىغان سوئالغا تاقىشىپ تۇرۇۋالساق ئېنىقكى، بۇ جەھەتتە بىز داۋاملىق توپا سورۇپ ئولتۇرغۇنىمىز ئولتۇرغان بولار ئىدى. لېكىن قەدىمكى ئىنسانلار

ماھىيىتىدە مەنمەنچىلىك غەلىيانى بولغان بىزلەرگە ئوخشىمىغنى ئۆچۈنمىكىن گىئومېتىرىيىنى بۆگۈنكىدەك بىر ئىلىم قىلىپ قالدۇرغانىدى. شۇڭا ئالدى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى زادى ئىنسانىنىڭ نەردە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدىغان ئەقلنى ئېتىراپ قىلغاندەك قىلىشىمىز لازىم. ئۇنى باشتا ئېتىراپ قىلىپ تەپەككۇر باشلانغان ھامان ئۇنتۇپ قالماي بەلكى تەپەككۇر جەريانىدا ئىزچىل ئېتىراپ قىلىپ كېلىش كېرەك. ئەقلنىڭ مېخانىزىمىنى تاپالمىغانلىق ئەقلنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەھلىكە بولمىغاندەك يۈرەكلىك ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. ھەتتا بۇ ئىككىسى پاراللىلقتا شۇ تەرىقىدىكى، ناۋادا ئەقىل ھەرقايسى مەۋجۇت شەيئىلەر ئارىسىدىكى تەبىئىي مۇناسىۋەتنىڭ كاللىدىكى ئىنكاسى بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا مەدەنىيەت ئىنسان ئىچكى دۇنياسىدىكى بارلىق شەيئىلەر ئارىسىدىكى ئەينى ئاشۇنداق نەرسىدۇر.

كىشىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسەك بايقايمىزكى، تەسىرلەرنىڭ ئەستە تۇتۇلۇشى يەنى ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئاتالمىلىرى بىلەن دېگەندە تەسىرلەرنىڭ ئاڭ ۋە ئاڭلىقتا ئىز قالدۇرۇشى ئىچكى دۇنيا شەيئىلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. بەلكىم ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئاچلىق سېزىمى، توقلۇق سېزىمى، سۈت، ئەمچەك، يۈرەكنىڭ ئاۋازى ۋە باشقا تونۇشلۇق ئاۋازلار، ئەتلەرنىڭ ئۆزئارا تېگىشىش سېزىمى ۋەھاكازالار خاتىرىلىرى بولۇشى مۇمكىن. مانا مۇشۇ بىرنەچچە ئون شەيئىلەر ئارىسىدىن بىرنەچچە قېتىملىق تەجرىبە ئارقىلىق ئۇ ئاخىر يىغنى ئۆزىگە تىل قىلىپ تاللاپ چىقىدۇ ۋە بۇ تىلنىڭ مەنىسى بارا بارا كېڭىيىشكە باشلايدۇ. ئۆز سېزىملىرى بىلەن خاتىرىلىرىنىڭ ئۆزئارا ماسلىششىشىغا ئەگىشىپ يىغا مەنىلىرىگە بېقىپ تۈسلىنىدۇ ۋە ئۆزىگە ئەپچىل باشقا تىللىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ھازىرلىق كۆرۈلىدۇ. لېكىن مەيلى قانداقلا بىر تىل بالىدا كۆرۈلمىسۇن، ئۇ چوقۇم بالا قەلبىدە ئاللىقاچان پەيدا بولۇپ بولغان مەلۇم بىر تەسىرات (شەيئىي)نى تەخمىنسى بولۇپ، چوڭلارمۇ ئۆز ئەقىل پاراستى بىلەن ئۇلارنىڭ نىيەتلىرىنى چۈشىنىپ كۆپ ھاللاردا ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا شارائىتلىقتا تولمۇ مۇناسىپلىقنى دەلىللەيدۇ. يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن چوڭلارنىڭ بالا قەلبىدىكى ئوبرازى ئۆلغىيىپ، چوڭلارغا بولغان ئىشتىياق پەيدا بولىدۇ. چوڭلاردەك بولۇش غايىسى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى يەنە بىر مەنبە بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېسسىي تۇرمۇشى كەيپىيات، مىتود، پوزىتسىيە دېگەندەك ئەسلىي مەنىسى بويىچە تەسىرات بولۇپ شەيئىي قاتارىدا خاتىرلىنىدۇ. ئېغىزدىن چىققان تاۋۇشلار تىزمىسىنى پىنھان تەلەپپۇز قىلىدۇ. ئۆزىگە ئۇنى چىقرالايدىغاندەك بىلگەن چاغدا بالىلارنىڭ تىلى چىقىدۇ. دېمەك، بالىلار تىلى چىقىشتىن بۇرۇنلا ئۆز تىلى چىقسىلا دېيەلەيدىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنەلەيدۇ، ئاددىي جۈملە ئادەتلىرىگە كۈنۈپ بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ مۇرەككەپلىك پەرقىنى ھېس قىلىپ ھالقىلىق سۆزلەر ۋە جۈملىنىڭ مۇرەككەپلىك خۇسۇسىيىتىدىن ھېچ بولمىغاندا كەيپىياتنى توغرا قىياس قىلالايدۇ. بۇنىڭ جەريانى ئوبرازلىق تەپەككۇر ياكى پاراسەت بىلەن بولىدۇ. ئەمدى باشتا ئىسىملار بېيىشقا باشلايدۇ. ئومۇمەن بۇ خىل

بىيىش مۇھىمدىن، ئەڭ كەڭ ئۇچرايدىغاندىن باشلىنىدۇ. بۇ جەريانىدا بالا ئۆزكەچۈرمىشى ئارقىلىق نەرسىلەرنى، سىزىمنى، ئويىنى، چۈشنى، ھالەتنى، كەيپىياتنى، ھېسسىياتنى يولۇقتۇرىدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ پوزىتسىيىسى، كەيپىياتى، مىتودى بويىچە ئۇنى خاتىرلەيدۇ. چوڭلارنىڭ تاۋۇش تىزمىسنى ئۇنىڭغا ئۇدۇللايدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر، پاراسەتكە تىلنى ۋاستە قىلغان ئەقلى تەپەككۇر قوشۇلىدۇ. كېيىن ئائىلىنى مەركەز قىلىش، تەڭتۇشلىرىنى، مەھەللىنى مەركەز قىلىشقا، كېيىن مەكتەپنى مەركەز قىلىشقا، ئاندىن جەمئىيەتنى مەركەز قىلىشقا، ئاندىن كېيىن ئۆزىنى مەركەز قىلىشقا ئاخىرىدا پەلسەپىنى مەركەز قىلىشقا ئۆتىدۇ. شەخسنىڭ دۇنياسى مانا مۇشۇنداق يول بىلەن ئۈزلۈكسىز بالاغەتلىك بولىدۇ. تىلنى ۋاستە قىلغان ئەقلى تەپەككۇر سەۋەبلىك تىلنىڭ تامغىسى ئۇنىڭغا بېسىلىپلا كېتىدۇ. مەيلى قايسىلا دەۋرگە يەتمىسۇن، ئىنسانىنىڭ دۇنياسىنى ئېغىز تىلى ئەمما يېتىلگەن مىللەتلەر تىلى بىلەن تولۇق تۇتقۇزۇپ چىقىش مۇمكىن بولمايدۇ. لېكىن كۈچلۈك پەيلاسوپنىڭ دۇنيانى مۇپەسسەل سەرەمجانلاشتۇرۇشى بىلەن ئىچكى دۇنيانى تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن نەچچە مىڭ يىل كۈرەش قىلغان ئېغىز تىلى ئىچكى دۇنيانىڭ كامالىتى ئۈچۈن يىمىرىلمەس ئۇل بولالايدۇ. ياكى ئۆزىدىكى قىممەت سىستېمىسىنىڭ سىستېمىسنى يوقتىشى، ئۇقۇملىرىنىڭ ئاينىش، مەنىلىرىنىڭ چېكىنىشى بىلەن ئەمەس، بىر نېمىلەر بولۇپ قېلىشى ئارقىلىق ئىچكى دۇنيانىڭ بالاغىتىنى تېپىشىغا توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ مەلۇم بىر ئىچكى دۇنيا تۇپىنىڭ ئۆز ئىچكى دۇنياسىغا ئۇدۇللانغان ئۈزلۈكسىز بىر ئۇدۇللانما بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىچكى دۇنيانى مانا ماۋۇ دەپ بىۋاستە قولىمىزغا ئالالمايدىغان بىزلەرگە ھەقىقەتەنمۇ بىر چوڭ تەجەللىياتتۇر. ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەھۋالى زادى قانداق بولغان؟

ئەلۋەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۆتمۈشى توغرىسىدىكى بايانىغا تۇتتۇنغاندا دارۋىنچە ئويلايمۇ ياكى دىنچە ئويلايمۇ دەپ يالىت يۇلت خىيال قىلىپ بولسىمۇ ئۆتتۈش مېنىڭچە ساغلاملىق. راست، كىممۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ بەتبەشىرە مايمۇننىڭ ئەۋلادى بولۇپ قېلىشىنى خالايدۇ؟ كىممۇ مۇقەددەس كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان ئاشۇ دېڭىزدەك چوڭقۇر، ئانىنىڭ مېھرىدەك تاتلىق ۋەقەلىكلەردىن سۇغۇرۇلۇپ چىققۇسى كېلىدۇ؟! ئەمما، رېئاللىق ۋە رېئاللىققا يۈزلىنىش زۆرۈرىيىتىدىن پەيدا بولغان ئەقىل خۇددى سوغۇقتا ئىسسىق يوتقاندىن چىققۇسى كەلمەيۋاتقان ئادەمنى دەس تۇرغۇزغۇنىدەك بىزنىمۇ كەسكىن ھالدا ئەقلى ھالەتكە ئېلىپ كېلىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ھەرقانداق ھايۋاندا روھ بولىدۇ. بىز بۇ ھۆكۈمنى قولىمىزغا ئالغاندا ئىتنىڭ، قوينىڭ، ئاتنىڭ چىراي، بەدەن ئىپادىلىرىگە زەن سېلىپ باقساق بولىدۇ. تىلشۇناسلار بۇنى قىياپەت تىلى، ھەممىلا ھايۋاندا بار دەپ ئىپادە قىلىدۇ. چۈنكى، ھېسسىيات ماھىيەتتە تەندىكى فىزىكىلىق، خىمىيىلىك ئۆزگىرىشنىڭ خۇلاسە شەكلىدە ئىپادە بولۇشىدۇر. شۇڭا بۇ بىر جاننىڭ ئۆزىدىكى نەرسە يەنە كېلىپ مەزكۇر تەندە ھاسىل بولغان ماددا ئارقىلىق تەستىقلانغان نەرسە. شۇڭلاشقا جان ئېگىسىنىڭ ئەقلىدىن يىراق تۇرۇشى

چۈشىنىكسىز ئەمەس. ئۇنداقتا ئىنسان قانداق قىلىپ جانلىقلار دۇنياسىدىكى ئۆزگىچە مەخلۇق بولۇپ قالدى؟

يەر شارى ئەسلىدە ئورمانلىقى كۆپ بىر پىلانىتا ئىدى. چاقماق چېقىش، ئىسسىپ كېتىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئورمانلارغا ئوت كەتتى. بۇنىڭ بىلەن دەرەختىن-دەرەخكە قونۇپ يۈرۈيدىغان مايمۇنلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇللىرىدا ئۆزگىرىش بولدى. ئۇلار مېڭىشنى ئۆگەندى، ئالدى قولى تەرەققىي قىلدى... دېگەندەك يۇقىرىقى سوئالغا جاۋاب بېرىش ئەسلىدە بىزنىڭ ئەندىزىمىز ئىدى. بىراق، بۇنى توغرا دېگەندىمۇ تەننىڭ ھازىرقى ئادەم تېنىگە تەرەققىي قىلىپ كېلىشىنى ئادەمنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئورنىغا دەسسەتسەك مۇۋاپىق بولارمۇ؟ ئۇنداقتا ئادەمسىمان مايمۇننىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن باشقا ھايۋانلارنىڭ بېشىغا كەلمەپتىمۇ؟ ئۇ كۆرگەن كۈننى باشقا ھايۋانلار كۆرمەپتىمۇ؟ ھەممىسى ئوخشاش كۈننى كۆرگەن تۇرۇغلۇق نېمىشقا ھەممىسى ئادەم بولۇپ كەتمەي يالغۇز مايمۇنلا ئادەم بولۇپ قالىدۇ؟!

دۇرۇست، ھەممىلا ھايۋاننىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى قىلىقلىنىشى يەنى ئەسلىي ئەسلىيدىن ئۆزىدە بار نەرسىسى ئوخشاش. شۇنداق بولغاچقا بۆرە بېقىپ چوڭ قىلغان بالىنىڭ ئەقلى قۇۋۋەت جەھەتتە بۆرە بىلەن ئوخشاش بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بەلكى ئادەمنى ئەجەبلەندۈرۈۋاتقان نەرسە ئىنساننىڭ ئەقلىدىن ئىبارەت بۇ نەرسىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقىدا. ئەقىل تۇغما بولىدۇ دەيدىغان ئېتىقات خاراكتېرلىك بىلىشنىڭ بىلىپ بىلمەي رول ئويناۋاتقانلىقىدا. خوش، ئەقىل دېگەن زادى نېمە؟ ئۇ قانداق پەيدا بولىدۇ؟ بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش بىزنىڭ ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردىمى بولامدۇ قانداق. مېنىڭچە ئەقىل ئىنساننىڭ تاللىشىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، ئىنساننىڭ بارلىق ئامىللارنى نەزەرگە ئېلىپ ھۆكۈم چىقىرىش جۈشنى كۆرستىدۇ. شۇڭا مۇكەممەل ئەقىل سىستېمىلىرى بولغان فىزىكا، ماتېماتىكا دېگەندەك ئىلىملەرنىڭ فىزىكىلىق ھادىسە ۋە ماتېماتىكىلىق شەكىللەر ئۆچرىغاندا خۇددى چىرايلىق گۈلنى كۆرۈپلا سۆيۈنۈش تۇيغۇسىغا چۆمدىغاندەك كاللىدا لەپلا قىلىپ تەجەللىي بولمايدىغانلىقى چۈشىنىشلىك ئىش. ئۇنداقتا ئىنسان قانداق قىلىپ مۇشۇندا جۇشقا مۇيەسسەر بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتى؟

تۆپىدىن ئادەم ۋە ھايۋان ئۆچۈن ئېيتقاندا گال مەسلىسى ئاساسلىق مەسلە بولۇپ، ئۇ دەسلەپ زۇۋانسىز ھالدا تەبىئەت بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلىدى. بەلكىم ئۇنىڭ ئىككى پۇتلاپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغىنى ئۇنىڭغا كەڭ ئىمكانىيەت ئېلىپ كەلدى. بىرقەدەر مول تاۋۇش چىقىرىش قابىلىيىتى ۋە قولنىڭ ئىشارەتكە ئەپچىللىشىشى كېيىنكى ئىمكانىيەتلەرگە قويىننى ئاچتى. پەرقلىق

ھېسسىياتلارنىڭ پەرقلىق ئىشارەت ۋە ئاۋاز بىلەن نازۇك ماسلىششىنىڭ قىستاڭچىلىقتا يولۇقماسلىقى ئاخىرقى ھېسابتا تىلنى پەيدا قىلدى. ئەلۋەتتە مۇنداق مۇزىكىلىق ئالاھىدە دەۋرنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىنى بېسىپ كەلگەن بۇ نەتىجە چوقۇم ئىسىم ۋە ئال، قاچ، ئۇر دېگەندەك ھەرىكەتئام خاراكتېرىدىكى تۈپ پېئىلدىن باشلىناتتى.

ئالدى بىلەن تەبىئەتتىكى ئوخشاش ھادىسە ۋە شەيئىلەرنى يولۇقتۇرغاندا پەيدا بولىدىغان سېزىم ۋە ئوخشاش بولىدىغانلىق سەۋەبىدىن بۇنى قوتۇپ قىلغان ئىنسان ئاۋازمۇ تەخمىنەن ئوخشاش بولدى. بۇ تەبىئىي ھالدىلا چۈشىنىش يىپ ئۇچى بولۇپ مەيدانغا كەلدى. سەزگۈنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ئاۋاز نۇسخىسىنىڭ مول بولۇشىنى، قول ھەرىكىتىنىڭ كۆپ خىللىقى تەلەپ قىلدى. بۇ ھەممىلا ھايۋاندا بولىدىغان ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىگە ھېچبىر ھايۋان يولۇقتۇرمىغان تەلەپلەرنى قويدى. مول سېزىم مۇشۇنداق خاتىرلىنىۋەرگەندە نېمىلا دېگەن بىلەن شەيئىلەر ئۆزىنى كۆرسەتمەي قالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن شەيئىلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش پېشانىگە پۈتۈلدى. بۇ پاۋلوۋ تەجرىبىسىدىكى قوڭغىراق جىرىڭلىغاندا شۆلگىيى ئاقىدىغان ئىتتەك شەيئىي ۋە ھادىسىلەرنى فىزىكىلىق ياكى خىمىيىلىك غىدىقلاشلارغا باغلاپ ئەسلەيدىغان ھالدىن زور دەرىجىدە ھالقىغان بىر تەرەققىيات ئىدى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، شەيئىلەرنىڭ ئۆز خاسلىقىنى ئاندا-مۇندا ئىنكاس قىلغان ھالدا ئىنسان مېڭىسىدە ئەكس ئېتىپ مۇناسىپ زۇۋان بىلەن ماسلىششى ئەمەلىيەتتە كىشىلەرگە كۆزىتىش ئىمكانىيىتى بەردى ۋە بۇ ئىمكانىيەتنىڭ تاساددىپ بولسىمۇ، ئەمەلدە بولۇپ قېلىشى نەق نەپ بېرىدىغان بولغاچقا ئۇ تەبىئىيلا ئەزىزلىنىدىغان نىشانغا ئايلاندى. كونا تاش قوراللار بۇنىڭ پولاتتەك پاكىتى ئەلۋەتتە. بۇ ئەقلىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن بېسىلغان تۇنجى قەدەم ھېسابلىناتتى. شۇنداق قىلىپ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ بەلگىلىك زۇۋانغا ئۇدۇللىنىشى بىلەن ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى ئۆزگىرىۋاتقان ماگنىت مەيدانى بىلەن ئۆزگىرىۋاتقان ئېلېكتىر مەيدانىدەك مۇناسىۋەت ئورناتتى. خاتىرە ۋە ئاتاش قابىلىيىتى بىر-بىرىگە تۈرتكە بولغان ھالدا بېيىدى. بۇ خىل بېيىش دەسلەپ ماكان ۋە زامان، سەۋەب-نەتىجە، نەقتەن-خۇسۇسىيەت، ھالەت دېگەندەك چوڭقۇرلاشتى ۋە كېڭىيىپ باردى. جاھاندىكى بارلىق چۈشەنچىسى بولمىغان ھالدا بولدى. پەقەت ئانا، ئاتا، بالا مۇناسىۋىتى ئەندىزىسىلا ئۇلارغا غۇۋا ھەمراھ بولدى. يەنى ئۇلارغا غۇلجىدىكى تاش بىلەن ئەنجان، قەشقەردىكى تاش ئايرىم شەيئىي ھېسابلىناتتى. بۈلتۈرقى ئوت-چۆپ بىلەن بۇ يىلقى ئوت-چۆپمۇ ئايرىم نەرسە ئىدى. پۈتۈن تاش بىلەن پارچە تاشمۇ ئايرىم نەرسە ئىدى ۋاھاكازا. شۇڭا بۇ چاغدىكى ئادەملەر ئۈچۈن دۇنيا ھازىرقىدىنمۇ نەچچە مىڭ ھەسسە چوڭ ۋە سىرلىق تۇيۇلاتتى. ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىگە قويۇلغان تەلەپمۇ، كۆزىتىشكە تۈرتكە مەھللىقمۇ ھازىرقىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا چوقۇم جەزىم قىلىش كېرەككى، ناھايىتى قەدىمكى ئادەملەر مۇشۇنداق بىر زامانىنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىچكى دۇنيا شەيئىلىرىگە

ھەرقانداق بىر دەۋردىن باي ئىدى. ئۇلار تاۋۇش، ئىشارەت ۋە چىراي ئىپادىلىرى بىلەن ئاشۇ مىجىر-مىجىر شەيئىلەرنى توسالغۇسىز ئىپادىلەيتتى.

خاتىرە بەلگىلىك موللۇقتا ۋە جەريانغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئىنسانلار بارا-بارا سۈنئىي سوۋۇپ مۇز بولىدىغانلىقىنى، مۇزنىڭ ئېرىپ سۇ بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. يەنى شەيئىلەر ئارىسىدىكى تەسىرگە، جەريانغا ۋە شەيئىنىڭ ئوخشىمىغان ھالەتلىرىگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى. شەيئىلەرنىڭ ئادەمنىڭ بوۋاق بالا، ياش، قېرى دېگەندەك ھالەتلىرى بولغاندەك بىر قاتار ھالەتلىرى بولىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈردى. ئۆزىنى مەركەز قىلغان ھالدا يەنى ئۆزىگە ئەڭ تونۇش بولغان ساھەنىڭ ئەندىزىسى بويىچە رەسمىي ھالدا دۇنيا قاراش تىكلەشكە تۇتۇندى. شەيئىلەرنى دۇنيا قاراش ئاساسىدا جايى جايىغا تىزدى ۋە ئاشۇ كوردىناتنى كۆرسەتكۈچى نام بىلەن ئاتىدى. بۇ چاغلاردا نام بىلەن ئاتالمىنىڭ ئايرىم-ئايرىم نەرسە ئىكەنلىكىنى كاللىغا كەلتۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ تەبىئىيكى تىلنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بېيىشى ۋە رەتلىنىشىدە بىۋاستە ئىپادىلىنەتتى. تىل جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا مۇشۇ مەزگىللەردە سۆز بىرىكمىسى تەرەققىي قىلىپ تاۋۇش، ئىشارەت، دوراش، چىراي دېگەندەك ۋاستىلارنىڭ ئورتاق ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئاللىقاچان شەكىلللىنىپ بولغان ئىپتىدائىي جۈملە ئەندىزىسى خاس تاۋۇشلۇق جۈملە بولۇشقا باشلىدى ۋە دۇنيا قاراش بويىچە شەيئىلەرنىڭ خاس جۈملە تۈزۈلگۈدەك ئاتىلىپ بولۇشى ھەرقايسى ئاتالمىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت خەرىتىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە سىزىپ گەپنى ئېيتىشنىڭ مەنتىقىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى. شۇڭا تۇنجى خاس تاۋۇشلۇق جۈملىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى دۇنيا قاراشنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئىنسانلار دەرەخ كۆكلىدى، ھازىر كۆكلەۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە مېۋە بېرىدۇ دەپ ھېس قىلىشتىن بارا-بارا مۇشۇ مەزمۇننى ئېنىق دېيەلەيدىغان بولدى. يەنى مۇشۇنىڭلىق بىلەن ھاۋانىڭ قانچىلىك سوغۇقلۇقىغا قاراپ نەچچە كۈندىن كېيىن دەريا سۈيى مۇز تۇتىدۇ، تاشنى چوقۇپ، ياغاچنى يونۇپ كېرەكلىك قورال ياسىغىلى بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ بۇ ھۆكۈمنىڭ پايدىسىنى كۆرىدىغان بولدى. قاچىنى يەرگە تاشلىساڭ سۇنىدۇ دېگەن قاچىنى يەرگە تاشلاپ سۇندۇرۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر قاتار تاۋۇش ۋە ئىشارەت بىلەنلا ناھايىتى ئەپچىل ۋاقىتتىلا نەۋرىسگە دەپ قويالايدىغان بولدى. يولۋاسنىڭ ۋەھشىيلىكىنى، ئوۋ قىلىشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇللىرىنى بالىسىنى 360 كۈن سوكۇلدىتىپ ئارقىغا سېلىپ يۈرمەيلا گۈلخاننىڭ ئەتراپىدا ئوت سۇنۇۋېتىپلا دەپ بېرەلەيدىغان بولدى.

(4)

ئىپادە قىلىش قابىلىيىتى ۋە خاتىرە ھۆكۈم قىلىش ئىشەنچىنى تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئەقلگە تولۇق ئىمكانىيەت بېرىلدى. ئىپتىدائىيلىقتىكى قۇمدەك چېچىلىپ تۇرغان دۇنيا شەيئىلىرى بارا بارا مېغىز تىزىقىغا ئوخشاش بىر تىزىق، بىر تىزىق قىلىنىشقا باشلىدى. ھەيرانلىق، ئەجەپلىنىش، ۋەھىمە بىلەن تولغان كۆپتۈرۈلگەن دۇنيانىڭ يىلى ئاز-تولا چىقىپ ئىنسانلار ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە قاتتىق-قاتتىق گەپمۇ قىلالايدىغان بولدى. بىلمىنىڭ تۈزىتىش، قىياس قىلىش ۋە يەنە كۆزىتىشتىن ئىبارەت بىلىش ئەندىزىسى تەبىئىيلا ئىنسان روھىدىن ئۆزىنى نامايان قىلىشنى تەلەپ قىلغاچقا بىلىملىك بولغانلىق بىلەن ئېرىشكەن ياخشىلىق ئىنساندا بارا-بارا ئۆزىنى نامايانده قىلىش قۇۋۋىتىنى يېتىلدۈردى. بۇنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ئىنساننىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ياشىغان مۇھىتى ئۇ ئىگە بولغان بىلىمنىڭ پايدىسىنى كۆرۈشكە ماسلاشقان بولۇشى لازىم ئىدى. ئەلۋەتتە دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر جايدا بىلىمنىڭ پايدىسىنى كۆرۈشى شۇنىڭلىق بىلەن ئىزدىنىشكە بولغان تەشنالىقى پەرقلىق بولغانلىقى ئېنىق. شۇڭا جۇغراپىيىۋى شارائىت ۋە ياشاش ئۇسۇلى روھنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى. شۇندىمۇ ھەممىلا ئىپتىدائىي توپلار قانداقلا بولمىسۇن دەسلەپدە ئوخشاش ئىزدەندى. ئۆزىنى نامايان قىلىش قۇۋۋىتىگە ئىگە بولدى. تۈرلۈك تۈرلۈك چۈشەندۈرۈشتىكى دۇنيا قاراشنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئۇ چاغلاردا ئىدىيە، ھەرىكەت، چۈش، خام خىيال ۋاھاكازا دېگەنلەر پەرقسىز بولۇپ، ھەممىسى قوشۇلۇپ بىر پۈتۈنلۈك ئىدى. ئادەمنىڭ روھى قانداق بولسا بۇ دۇنيامۇ شۇنداق ئىدى. بۇ دۇنيا قانداق بولسا ئادەملەرمۇ شۇنداق ئىدى. بىر قاراشنى ئېتىراپ قىلماسلىق شۇ ئادەمنى ئېتىراپ قىلماسلىق بولاتتى. بىر قوۋمدىكى بىر ئادەمنى باشقىچە دەپ ئويلاش ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. شۇڭا بىللە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ دۇنيا قارىشى ھېچقانداق تەشۋىقاتسىز، مۇنازىرىسىز ئىنتايىن تەبىئىي ھالدىلا بىر بولۇپ قالاتتى. بىر قەۋمدىكى ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ يالغۇز ئۆزىنى بىرلىك قىلىپ ئويلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق ئۇزۇن زامانلار مابەينىدە ئۆزىنىڭ ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى ئۆزىنى نامايان قىلىش ئىرادىسى بىلەن قوۋمنى ئەڭ كىچىك بىرلىك قىلغان ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى نامايانده قىلىش ئىرادىسى بارا-بارا ئاشتى. ئىنسان روھىيىتى ئۈزلۈكسىز ھالدا تەرەققىيي قىلىپ باردى. دەرەخنىڭ باھاردا كۆكلەپ يازدا ۋايىغا يېتىدىغانلىقىغا يۈرەكلىك جەزىم قىلىشتىن بارا-بارا ئۆزى بىۋاستە كۆزۈتۈشكە، كۆرۈشكە ئىمكانىيىتى يوق ھادىسىلەر توغرىسىدا قىياس ۋە پەرەز قىلىدىغان بولدى. شەيئىلەر ئارىسىدىكى باغلىنىشنىڭ ئېنىق بولۇشى تېخى ناھايىتى يىراقتا بولغاچقا ئەلۋەتتە بۇنداق كەڭ بوشلۇق ئىلاھلىق ۋە ھېسسىيات بىلەن تولماي قالمايتتى. شۇڭا مۇشۇ دەۋرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى ئېنىقكى، ئەپسانە ۋە چۆچەك ئىدى. قەدىمكى ئەپسانىلەر ھەرگىز ھازىر بىز چۈشەنگەندەك جانلاندۇرۇش، ئوخشىتىش، مۇبالىغە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ توقۇپ چىقىرىلغان نەرسە بولماستىن بەلكى، دۇنيا قاراشنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. دىل، تىل، ئەمەل يۈكسەك دەرىجىدە ئۇستىمۇ ئۈست چۈشكەن ئاشۇ دەۋرلەردىن باشلاپ مۇستەقىل مەدەنىيەت دەپ ئاتاشقا مۇناسىپ

مەدەنىيەت كۆلەملىرى پەيدا بولدى. بەلكىم، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئوچاقلىرى جۇغراپىيىلىك چەكلىمىدە بولسا كېرەك. چۈنكى، ئىنسانلار توپى ئەزەلدىنلا بىر توپ، بىر توپ بولۇپ قورساق بېقىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى ئوخشاش ئەمما، يەم بېرىدىغان تەبىئەت بىر بولغاچقا ئۆزئارا ئۆچمەنلىكىنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھېچبولمىغاندا توپلار ئارىسىدىكى ئارىلىقنىڭ بەك يېقىن بولۇپ كېتىشىنى چەكلىمەي قالمايتتى. بەلكىم بۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇشۇنداق بولۇپ كەلدى. لېكىن تىلنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنسانلارنىڭ ياشاش سەنئىتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ نوپۇسنى ئۇلغايتتى. تەبىئىكى بۇ توپلار ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتمەي قويمايتتى. مۇشۇنداق قىلىپ دەسلەپكى توپلار مۇشۇ يوسۇندا بىرلەشتى. ئىنسانلار توپى تۇغۇش ۋە تۇغۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن بارلىققا كېلىشتىن ئەمدى ئېھتىياج ئاساسدا بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئەمدىلا ئاز-تولا روھىي تەكپۇڭلۇققا ئېرىشكەن ئىنسان روھىغا يىپ-يېڭى نەرسىلەر زەردە بىلەن ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئەقىل-پاراسەتنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ ئىنسانلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جاي تەمىنلىگەن ئاساسىي ئوزۇقلۇقنىڭ ئەھۋالىغا بېقىپ تۇرمۇش ئۇسۇلى تاللىدى. نوپۇسنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆپىيىشى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يېمەكلىك سانىنى كېمەيتتى. ئىنسانلار تەرەققىياتنىڭ تۆپكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى ھاسىل قىلاتتى. ھايۋانلىرى كۆپ جايلاردا ئوۋچىلىق بارا بارا چارۋىچىلىققا ئۆزگەردى. مېۋە ۋە دانلىق زىرائەتلىرى مول جايلاردا ئوزۇقلۇق تېرىش بارا-بارا تېرىمچىلىققا ئالماشتى. ھەر ئىككىسى قولاي جايلاردا ئارىلاش تۇرمۇش ئۇسۇلى باش كۆتۈردى. ھەر بىر قېتىملىق تېخنىكا يېڭىلاش يېڭى بىر قېتىملىق نوپۇس سىغىمچانلىقىنى ياراتتى ۋە نوپۇس مۇشۇ چەككە يېقىنلاشقانسېرى تۇرمۇش يەنە بۇرۇنقىدەكلا قىيىنلاشتى. ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ قىيىنچىلىققا سورت ياخشىلاش، تېرىش ۋە مال بېقىش ئۇسۇلىنى ئۈنۈملەشتۈرۈش، يېمەكلىكلەرنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاش دېگەندەك ئۇسۇللار بىلەن تاقابىل تۇرۇپلا قالماستىن يەنە بىر-بىرىنى قوغلاش، تاجاۋۇز قىلىش ئۇسۇلى بىلەنمۇ تاقابىل تۇرۇپ كەلدى. ھەتتا بۇ قەدىمكى ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى بولۇپ قالدى. ئۆزئارا قوغلاش، كېلىشىش، بەلگىلىك دائىرىدە باش قوشۇپ ئورتاق زەربە بېرىش دېگەندەك قاتلاڭ-قاتلاڭ كەچۈرمىشتىن كېيىن، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى رەسمىي ھالدا شەكىللەندى ۋە بەلگىلىك قۇدرەتكە ئىگە بولغانلىق بىلەن ۋاقىتلار قويىندا جەۋلان قىلىپ ئىشەنچ تۇرغۇزدى. مانا مۇشۇنداق تارىخنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن قان ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى. ئۇ ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بەلگىلەيدىغان كىملىك ئىدى.

ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كەلگەن تىل ۋە دىل يېڭى بىر كۆلەمگە ئىگە بولدى. تۇغۇش ۋە تۇغۇلۇش بىلەن يېقىنلىقى بەلگىلىنىدىغان چاغلاردا تەكپۇڭلۇققا ئىگە بولۇپ كېلىشىم بىلەن تەكپۇڭلۇقى بەلگىلىنىشتىن تەمتىرەپ قالغان روھىي دۇنيا ۋە ئۆزلىرى ھەققىدىكى تونجى مۇكەممەل پەرەزنىڭ رەسمىيلىشىشى سۈپىتىدە تۇتېمنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ ئەمىن تاپتى. ئۇلار مۇشۇنىڭلىق بىلەن

ئۆزلىرىنىڭ ئالەمدىكىلا ئەمەس، ئىنسانلار توپىدىكى ئورنىنى بىكىتتى. ئۆزلىرىنىڭ باشقا شەيئىلەردىنلا ئەمەس ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئادەملەردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى رەسمىي ھېس قىلدى ۋە بۇنىڭغا شەرھ بەردى. يەنە دۇنيا قاراشنىڭ بىر قەدەر مۇككەممەل سىستېمىسىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئۆز يوسۇن-قائىدىلىرىنى بەرپا قىلدى. تىل دۇنياۋى كۆلەمدىكى ئۆي ئاساسىدا ئۆز ئۇلىنى قويدى. شەيئىلەرنى بىر بىرىگە باغلاپ سۈيىپكتىپ دۇنيانى بىر قېتىم جايى-جايىغا سەرەمجانلاشتۇردى. يېڭى شەيئىلەر جۈملىدىن ئادەملەر جۈمللەرنى ئوخشتىشنىڭ ئەمەس، پاراسەتنىڭ ستىلاسىدىكى ناملارنى ئىسىم قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئادەت ئۆز مەنىسىدە ئاقسۆڭەكلەر ئەنئەنىسىدە ناھايىتى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. بۇ ئىنسانلارنىڭ مەرىپەت دەۋرىگە كىرگەنلىكى ئىدى.

دېمەك، تۇتىمنىڭ پەيدا بولۇشى مەدەنىيەت باشلانغانلىقىنىڭ ئىنسانلار تەستىق قىلغان بەلگىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىنسانلار بىلىپ-بىلمەي ئۇنى مەدەنىيەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دەپ رەسمىي ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تىل بىر ۋاستە شەكلىدە ئەمەس بەلكى، يۈرەك، ئۆپكە، جىگەرگە ئوخشاش بەدەن ئەزالىرىدەك ئىنسان روھىنىڭ مۇكەممەل تەجەللىيسى بولۇپ مەيدانغا كەلدى. ئۇ چاغدا تىل ئۇزۇن تارىخلار مابەينىدىكى ئەنئەنىسى بويىچە ئەينى دەۋر ۋۇجۇدى بىلەن ئۈستمۇ-ئۈست چۈشەتتى. ھازىرقىدەك بەلگە خاراكتېرىگە ئىگە مىنوس، پىلوس، رادىكال دېگەندەك پەقەت بەلگە ھېسابىدىكى سۆزلەملىرى، خەتلەر ئەمەس ئىدى. ئىلغار بولغاندىن كېيىن دەپ يېقىن يولۇتۇش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەتتا ئۆز ئارىسىغا كېلىپ قالغان يات مىللەت كىشىلىرىگىمۇ ئىسمىنى قايتا قايتا دەپ بەرگىنىگە قارىماي چوقۇم ئۆزلىرى بىر ئىسىم قويۇۋۋالاتتى. روھ تەرەققياتى بىلەن تىل تەرەققياتنى ئايرىپ بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئادەم تۇغما بار ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىگە ئەمەلىيەتتىكى بىرنەچچە ھەدىسە ۋە ئاقىۋەتلەرنى ناھايىتى تېز كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە ناھايىتى تېز ئىمكانىيەت بېرىدىغان ئىپادىلەش كۈچىنى ياندىتىپ ئۆزىنى تەستىق قىلغۇچى كۈچىنىڭ ئىلھامىدا مۇكەممەل ئادەملىك مۇقامىغا يەتتى. گەرچە دۇنيادىكى كۆپچىلىك ئادەملەر مۇشۇ مۇقامغا كېلەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن پەيدا بولغان تەرەققىيات تەشنالىقىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئۇلارنى ئوخشىمىغان تەرەققيات سەۋىيىسىدە قالدۇردى. ئەلۋەتتە تېرىمچىلىق تۇرمۇشىدىكىلەرگە قارىغاندا ئۆت سۇ قوغلىشىپ يۈرۈيدىغان چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىن تارتىپ مۇلۇكىگىچە ھەممىسى بەك ھەرىكەتچان بولغاچقا ئۇلارنىڭ بالدۇرلا يۇقىرقىدەك قازاندا قاينىمىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر بىر نوپۇسقا توغرا كېلىشكە تېگىشلىك يايلاق كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى ۋە ھايۋانلارنىڭ بولۇپمۇ ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈش بىلەن پائالىيەت دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى بۇ تۇقۇنۇشلارنى ئەۋجىگە ئېلىپ چىقىپ يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تۇنجى بۆشۈكى بولۇپ قېلىشىنى بەلگىلىدى.

تۆگە، ئات، كالا دېگەندەك ھايۋانلار كۆندۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىشىنىڭ كېڭىيىشى ۋە يايلاق تالىشىش كۈرىشىنىڭ غەلبىسى قوشۇلۇپ مال بېقىش، قىشلاق ۋە بارلىق يايلاقلار بويىچە بولۇشقا باشلىدى. تەبىئىيكى بۇ چارۋىچىلىققا كەڭ زېمىن ئېلىپ كەلدى. ئۇرۇشلاردا ئېلىنغان ئەسىرلەرنى تېرىم مەدەنىيىتىدەك توپلاپ ئەمگەككە سېلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاچقا دەسلەپكى ئىجتىمائىي بىرلىك ئاۋۇللار تەشكىللىنىشكە، تەبىقىلەر روشەنلىشىشكە باشلىدى. بۇ تۆۋەندىن يۇقىرىغا تەبىئىيكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بولۇپ ئىپادىلەنمەي قالمايتتى. دېمەك، بىر قەبىلىنىڭ ئىچىدە ئاللىقاچان تەبىئىي ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى پەيدا بولدى. شۇنداق قىلىپ قەبىلىنى بىرلىك قىلغان ئىجتىمائىي توپلاردا بايلىقنىڭ مەركەزلىشىشى كېلىپ چىقتى. جانلىقلار تۈرىنىڭ يەر يۈزىگە تارقىلىشى روشەن پەرقلىق بولغاچقا ئەلۋەتتە مەركەزلەشكەن بۇ بايلىقلارنىڭ تۈر جەھەتتىن روشەن پەرقلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇ ئالماشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىدىن دېرەك بەردى. شۇنداقلا يەنە ھەرقايسى كۆچۈش لىنىيىلىرىنىڭ كېسىشكەن يېرىگە يېقىن جايلاشقان بوستانلىقلارغا پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. نوپۇسنىڭ ئۆلغىيىشى بىلەن بارا-بارا ئالماشتۇرۇشنى بېجىرىش ئۇلارنىڭ زېممىسىگە چۈشتى. بىلىم ئاسماندىن چۈشمەيدۇ. ئۇنىڭ بېيىشى چوقۇمكى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە ئىنسانلار بىلەن ئۇچرىشىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىشىغا باغلىق بولىدۇ. لېكىن بۇ خىل تەكرارلىنىش پەرقسىز بولىۋېرىدىغانلا بولسا بۇنى ھەرگىز يۇقىرىدا ئىشلىتىلگەن ئۇچرىشىش دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەش دۇرۇست بولمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق تەكرارلىنىش ئىككىنچى قېتىم ئىنسان روھىدا ئەرزىگۈدەك نەرسە قالدۇرالمايدۇ. شۇڭا ئىنسانىيەت بىلىمى پەقەت مۇشۇنداق ئۇچرىشىش بىلەنلا بېيىۋاتقان قەدىمكى جەمئىيەتتە چارۋىچىلار كۆرگىنىنىڭ كۆپلۈكى، ئون نەچچە يىلدا بىر بولىدىغان قۇرغاقچىلىق، ئوخشاش بىر ئورۇندىكى بىر يىلنىڭ يەنە بىر يىلغا ئوخشىماسلىقى، دەريالارنىڭ قۇرۇپ كېتىشى دېگەندەك تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى سەۋەبلىك دۇنيا ھەققىدە ھەرقانداق قوۋمدىن جىق بىلىمگە ئىگە بولدى. ئۆتكۈر، ئېغىر-بېسىق، ئۆز ھېسسىياتىنى قايرىپ قويۇپ زۆرۈرلۈكنى قەتئىي بېجىرىدىغان ئەمەلىيەتچىل خاراكتېرنى يېتىلدۈردى. بۇ دەل ئىلىم روھى ئىدى. دېمەك ئەقلى قابىلىيەت يېتىلگەندىن كېيىن بۇ قابىلىيەتنىڭ ساغلام جارىي بولۇشىغا كېرەكلىك مۇھىت بولغان مىجەز دەل چارۋىچى قوۋملەردە ھازىرلاندى.

ھايۋانلار بىلەن بولىدىغان دائىملىق كۈرەش تەبىئەتنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشلىرىگە دەللىك يالۋۇرۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن پەيدا بولغان ھۇشيارلىق، ئوۋ ئوۋلاش زۆرۈرىيىتىدىكى رىقابەت چارۋىچىلارنى تاۋلاپ تەبىئىي ئوغلانلارغا ئايلاندۇردى. ئۇلار تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەڭداشسىز ھەربىي ماھارەتكە ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇلار روھىي جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە تۇرسىمۇ ئەمەلىي ئىشلاردا يەنىلا ناھايىتى ئەركىن ۋە تۈرگۈن ئىدى. ئۆزىنى ئىپادىلەش جەھەتتە ھەرگىز تەپ تارتىپ قالمايتتى. ھەرقانداق بىر شەيئىگە مۇستەقىل مەيداندا تۇرۇپ تۇغۇچلۇق

مۇئامىلە قىلالايتتى. مۇنداق خاراكتېر ئۇلارنىڭ كونكرېت ياشاش تەدبىرلىرى ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى جەھەتتە پۈت-قولى چۈشەكسىز ھالدا ئىسلاھات ۋە ئىختىرا قىلىشقا، يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىشقا ياخشى مۇھىت ئاتا قىلدى. يەنەكېلىپ بۇ ماھارەت ئۇلارنىڭ جاھاندا ناھايىتى دادىللىق بىلەن ئۆز بەختىنى ئىزلەشكە كۈچلۈك ئارقا تېرەك ئىدى. ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن ئاكتىپ پائالىيەتچانلىققا مۇيەسسەر بولدى. شۇنداق قىلىپ چارۋىچىلار ھەممىنىڭ ئالدىدا، ھەممىدىن ياخشىراق ياشىدى. ھايۋانلارنى تىزگىنلەشنىڭ بىر يۈرۈش جابدۇقلىرىنى ئىختىرا قىلدى. توقۇمۇچىلىق، كىيىم-كېچەك، ئۇرۇش قوراللىرى، قاتناش قوراللىرى جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

مال چارۋىلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان بەلگىلەر ئىپتىدائىي ھەرىپكە ئايلىنىپ يېزىقنىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۆزگىرىشچان تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ تۈرلۈك تەلەپلىرى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا مۇنبەت تۇپراق ھازىرلىدى. ئالماشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى ۋە قۇلايلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ كۆچۈش لىنيىلىرىنىڭ كېسىشكەن جايلىرى، مۇھىم ئۆتەڭلەردە ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يېقىن بوستانلىقلاردا ئالماشتۇرۇشنى يەنە بىر مەقسەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ كەنتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. چارۋىچىلار تەبىئەتنىڭ سادىق ۋە كۈچلۈك ئوقۇغۇچىلىرى بولغاچقا، ئۇلار ياراتقان بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ نەتىجىلىرى تەبىئىيلىكتىن زىنھار ئاجراپ كەتمىگەن ئىدى. بۇ مەدەنىيەت مۇشۇنىڭلىق بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە تاشلانماي قالدى.

نوپۇس ئۆزلۈكسىزكۆپىيىۋەرگەچكە قورساق مەسلىسى يەنە قىيىنلاشتى. چارۋىچىلار بۇ مەزگىلدە بۇ مەسلىنى ئۆزىنىڭ چەۋەندازلىق ئالاھىدىلىكىگە تايىنىپ قوشنا ئەللەرنى ئوۋ قىلىش يولى بىلەن ھەل قىلىشتىن ساقلىنالمىدى. بۇ دەسلەپ ئۆز ئىچىدە ئەۋج ئېلىپ بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى تۈزۈلمىگە ئېغىر زەربە بولدى. ئۆزلۈك ئېڭى ۋە رېئال مەسىلە ئۇلارغا تەڭرىقۇتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇردى. بۇنى تۆۋەندىكى ئابزاسلاردىن روشەن ھېس قىلىمىز.

ئىنسانلار ئۆز ئىرادىسى بويىچە ھۆكۈمران تىكلەشكە باشلىدى. بۇ ئۇلارنىڭ رېئاللىقنىڭ ئاۋۇللارنىڭ تۈرىنى بۇزۇشقا قىستاشقا زورلۇق كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرغىنى ئىدى. زامانمۇ شۇنداق تەرىقىدە ماڭغاندىن كېيىن قورساق مەسلىسى يەنىلا ئۆتكۈر مەسلە بولۇپ، رېئال مەۋجۇت بولىۋەرگەچكە بۇ ئىدىيە ئەمدى يات ئەللەرگە قارىتا ئىجرا بولۇشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ مۇستەھكەم مىللىي ۋە سىياسىي بىرلىكتىكى توپلار ئۆزئارا جەڭگە-جېدەلگە چۈشتى. مۇنبەت ياپلاقلارنى تالىشىش يات ئەللەرگە قەرەللىك تۆلەمگە ئۇنۇتۇش كۈرىشى باشلاندى. ئىنسانلار بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. ياپلاق مەدەنىيىتى يېتىشتۈرگەن ھۈنەرۋەنلەر بارا-بارا ئۆتەڭلەرگە، يېقىن ياپلاقلارغانىسبەتەن غەلۋىسىز ئورۇنلارغا توپلىنىشقا

باشلىدى. ئەسلىدىنلا مۇنبەت يايلاقلارنى تارتقۇزۇپ قويغان خەلقلەر مەخسۇس سۆيۈنچە يەيدىغان سۆدىگەرچىلىك يولىغا ماڭدى. شۇنداق قىلىپ مۇنبەت يايلاقلارنىڭ گىرۋىكىدىكى يازلىق ياياۋلارغا كىرىپ كېتىدىغان مۇشۇ بىر بەلۋاغقا ياياق مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى سۈزۈلۈپ چىقتى ۋە هۆكۈمەتسىزلىكنى تاشلاپ سىياسي كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇشقا باشلىدى. لېكىن تىل، دىل، قىلىق، يەنى ئىدىيە، يوسۇن قائىدە ئۇستمۇ-ئۇست چۈشىدىغان دەۋرگە دەز كەتتى. كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيا يۈز ئېچىشقا باشلىدى.

ياياقلارنىڭ گىرۋەكلىرىگە جايلاشقان يۈزلەر، قەبىلىلەر تېرىم رايونلىرىغا ئېچكىرلەپ كىرىپ مال بېقىشتىن خەقلەرنى ئۆز چەۋەندازلىقىغا تايىنىپ تۆلەم تۆلىتىشكە باشلىدى ۋە بۇ هال ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئەلۋەتتە ئۇلار چېچىلىپ تۇرغان قوۋملەرنى بەلگىلىك تەشكىل ئاستىغا ئالماي قالمايتتى. شۇنداق قىلىپ ياياق مەدەنىيىتىدە پەيدا بولغان تۈزۈلمە ۋە مەدەنىيەت بارا-بارا تېرىم رايونلىرىغا كىرىشكە باشلىدى. شۇنداقلا ئۇلاردىكى چوقۇم ئۆزىدىن باشقا قوۋملەر بىلەن توي قىلىش ئادىتى چارۋىچىلارنىڭ تېرىم خەلقلىرىگە تېزلا سىڭىپ كېتىشىگە قولاي بولدى. لېكىن تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىر زېمىننى دەسسەپ تۇرغان ئادەملەرنى سۇبيېكتىپ جەھەتتىن خۇددى هازىرقى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلاردەك قىلىپ قويغان ئىدى. مۇشۇنداق مۇهتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆز چەۋەندازلىقىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى پەيدا قىلدى. ئالدىنقىلار سىڭىپ كەتسە كەيندىكىلەر بۇ جەرياننىڭ قانچە قېتىملاپ داۋاملاشقانلىقى نامەلۇم.

ئەمما، ئۇلار مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ياياق مەدەنىيىتىنىڭ مەهسۇلى بولغاچقا بۇ يەردە يېڭى بىر كۈچ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياياق مەدەنىيىتىدىكى خاراكتېر گۆزەلىكىگە هۆكۈمران بولغانلىق بولىدىغان باياشاتلىق ۋە تېرىم مەدەنىيىتىدىكى هاياتىي كۈچكە ئىگە ئامىللار قوشۇلۇپ يېپ-يېڭى مەنزىرە پەيدا قىلدى.

ئەزەلدىن تېرىم مەدەنىيىتىدىكى خەلقلەر ئۇزۇن مۇدەتلىك بۆزەك بولۇشلاردىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ چەۋەندازلارغا تەڭ بولالمايدىغانلىقىنى، ئۇلارغا كوللېكتىپ بىرلىكتە قارشى تۇرۇش كېرەكلىكىنى هېس قىلىپ قالدى. ئەمما، تېرىم مەدەنىيىتىدىكى خەلقلەرنىڭ بېكىنمىلىكى، بىجىنبوشلۇقى تۈپەيلىدىن چېگرا رايوندىكى شالغۇت خەلقلەر بۇ زۆرۈرلۈكنى ئۇلارغا مەجبۇرىي تاڭدى. ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت سەزگۈسى يوق دېيەرلىك بولغانلىق بىلەن تېرىقتەك چېچىلىپ تۇرغان خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە بۇ ئۇيۇشتۇرۇشنى هەددىدىن زىيادە كۆلەملەشتۈرۈش ئىرادىسى بىلەن بۇ زېمىنلاردا هەقىقەت، سەپسەتە، هىيلە مىكىر، ئالدامچىلىق ئورگانىك بىرلىشىپ كەتكەن هادىسىلەر

پەيدا بولماي قالمدى. كشلك ئېغر دەرىجدە ۋەيران قلىندى. مەيلى هۆكۈمرانلار بولسۇن ياكى ئاۋام خەلقتە بولسۇن، هەممسدە تۈرلۈك ساقسزلقلار كۆرۈلدى. بولۇپمۇ يايلاق مەدەنيىتىگە خاراكتېرى بەك يىراق خەلقلەردە بۇ بەك ئېغر بولدى ۋە ناهايتى ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە داۋاملاشتى.

(5)

شۇنداق قلىپ دۇنيا مەدەنيىتىنىڭ ئىككىنچى ئىراسى مەدەنيەتنىڭ تۇتاش يايلاقلارنىڭ گىرۋەكلىرىدىن تېرىم رايونلىرىدىكى بوستانلىقلارغا سىرغىپ كېلىش بىلەن باشلانغىلى قوپتى. تېرىم رايونىدىكى چارۋىچىلار ناهايتى تېزلا يەرلىككە سىڭىپ يېڭى بىر مەدەنيەتنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندى. ئۇلار ئەمدى يۇمشاق قەدەملەر، چىرايلىق گەپلەر، نازۇك هەرىكەتلەر، قوۋۇرغىسى يوق نۇتۇقلارغا كۆنۈكۈپ، كەسكىن هۆكۈم، كۈچلۈك قەدەم، تۈز گەپ، ئېگىلمەس ئىرادە، هازىر جاۋاپ هەرىكەت ۋە تەبىئەتتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقمىغان روهيەت بىلەن ئارسلاندەك تۇرغان چارۋىچىلارنى ياۋايى دەيدىغان بولدى. بۇ هەرگىز مەدەنيەتكە قارىتىپ ئېيتىلغان گەپ ئەمەس ئىدى. شۇڭا، دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدىكى ئاتالمىش مەدەنيەت ئوچاقلىرىنىڭ هەممسى ئاساسەن ئوخشاش مەزگىللەردە دۇنياغا كېلىشى تەقدىرنىڭ بەتلىرىگە پۈتۈلدى.

يايلاقلار شۇندىن بۇيان تىنجىمدى. ئۆزىنىڭ مول قوينى بىلەن زور كۆلەملىك مىللەتلەرنى پەيدا قىلغان بۇ بۆشۈك ياشاش تېخنىكسىنىڭ چەككە يېتىشى بىلەن پەيدا بولغان ئەڭ يۇقىرى نوپۇس سىغىمچانلىقىدىن ئارتقان نوپۇسنى كۆتۈرۈپ بولالماي تىترەشكە باشلىدى. يايلاقلارنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى تېرىمچىلار ئارىسىغا سۇزۇلۇپ كەلگەن يېپ-يېڭى روه مۇشۇ رايونلاردىكى خەلقلەرگە نىسبەتەن بىر ئابستراكت مەزمۇن بولۇپ مەيدانغا چىقتى. دېمەك، چوقۇمكى بىر بۆلەك ئادەم مۇشۇ ئابستراكت مەزمۇنلارنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى باهالاش ئۈچۈن باش قاتۇرماي، مۇنازىرلەشمەي قالمدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە هايۋان كۈچىدىن پايدىلىنىش تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈمى زور دەرىجدە ئاشقاچقا، بۇنىڭغا ئىقتىسادىي شارائىتمۇ ماسلىشىپ بەردى. تەبىئىيكى بۇ دۇنيانى قەهرىمانلار دەۋرىگە ئېلىپ كىردى. ئۇلار خېلى مەزگىللەرگىچە ئۆز كۈچ قۇۋۋىتىگە تايىنىپ ئۆز چۈشەنچىسىدىكى دۇنيانى جاهانغا تاڭدى. خەلق ئاغزىدا قەهرىمانلىق داستانلىرى ئۇزۇلمەي تۇقۇلۇشقا باشلىدى. لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى تېرىمچىلار رايونلىرىدا يايلاقلاردىكىدەك تەبىئي ۋە مۇستەهكەم ئۆزلۈك ئېڭى پەيدا بولمدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا ياتلار بىلەن بىر يەردە ياشماي، ۋاقتىنچە يۈزلۈك دۇنيا قاراشقا ئەلەكمودىللا دېمەي ئامال يوق ئىدى. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەت باهالاش، مۇنازىرە، قايىل قىلىش پائالىيەتلىرىنى سەهنىگە ئېلىپ كەلدى.

ئىجتىمائىي تەپەككۇر مۇھىم ئورۇنغا ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۆزىنى نامايانده قىلىش چەۋەندازلىق بىلەنلا ئەمەس، باھالاش، مۇنازىرە، قايىل قىلىش بىلەنمۇ ئەمەلگە ئاشۇرىلىدىغان بولدى. بۇ تەبىقە جەھەتتىن بىر بۆلەك ئادەملەرنى توپلاش مۇمكىنچىلىكى يوق ئادەملەرگە پۇرسەت بېرىپ زور ھاياتى كۈچكە ئىگە بولدى. يېزىقنىڭ ئەھمىيىتى جۇلالىنىشقا باشلىدى ۋە بارا-بارا مۇھىم نەرسىگە ئايلاندى. بۇنىڭ تەرەققىياتى پۈتكۈل جەمئىيەتنى ھەممە ئادەم ئۆزكاللىسى بويىچە ئويلىيالايدىغان تەرەپكە قاراپ تارتتى. شۇڭا ھازىر دېيىلىۋاتقان ئاتالمىش مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ تەبىئەتنى ئەمەس ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئويلاش ئوبيېكتى قىلىپ ئاپىرىدە بولۇشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئادەملەر قانداقتۇر بىر قوۋمنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى شەخس سالاھىيىتىدە بىر- بىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىدى. بۇ تەبئىيكى شەخسىي تۇرمۇش ۋە كەچۈرمىش ئاساسىدىكى پىكىرلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ۋە ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ خۇلاسىلىنىشىغا مۇنبەت تۇپراق ئىدى.

يىللار بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى ئۆتتۈۋەردى. قوۋم كۆلىمىدىكى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ چەكلىمىسى بۇزۇلۇپ شەخس كۆلىمىدىكى ئۆزلۈك ئېڭىغا مۇيەسسەر بولغان رايونلاردا مۇنازىرە ۋە تەپەككۇر مۇقامىغا كىلىشكە باشلىدى. شەخس كۆلۈمىدىكى ئۆزلۈك ئېڭى ۋەزىنىنى تېپىپ يۇرۇش پىكىر ئېقىملىرى پەيدا بولدى. يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇللىرى ۋە باشقا نەرسىلەر مول ۋە يېڭى ماتېرىياللار ئاساسىدا ئەقلىنىڭ ئەگىلىكىدىن ئۆتتى ۋە بىر بۆلۈك نەرسىلەر يايلاق مەدەنىيىتىگە ئەسلىي ئىچ شىرلىقنى يوقۇتۇپ ئىچى كاۋاك نەرسىگە ئايلىنىشى بىلەن تېرىم مەدەنىيىتىدە باشقىچە بىر نېمە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى ھەم يەنە تۈپكى ھەقىقەتنى تېپىش ئىزتىراپىنىڭ ئاقىۋىتى سۈپىتىدە بىرخۇدالىق دىن ۋە پەلسەپىنىڭ تولغىقى تۇتۇشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ تېرىم مەدەنىيىتى رەسمىي ھالدا دۇنياغا كەلدى.

بۇ مەزگىللەردە تېرىم رايونلىرىنىڭ چېگرىسى بىر قىسىم يازلىق يايلاقلار (يايلاقلار)نىڭ گىرۋەكلىرىدە تىل روھنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى بىر ۋاستىگە ئايلىنىپ بولغان ئىدى. ئىنسانىي روھ تىلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىۋاستە پىكىر ۋە ئۇسۇل ئالماشتۇرۇش بىلەن بېيىيدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ رايونلاردا مىللەتلەرنىڭ زور كۆلەملىك قوشۇلۇشىغا ئىمكانىيەت ئېلىپ كەلدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ قەدىمكى پەلسەپە بىلەن ئۇستىخان چىقارغان تىل ۋە تۇرمۇش ئادىتى جەھەتتىكى پەرق بۇ خىل قوشۇلۇشقا قورغان بولماي قالمىدى ۋە بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىككىنچى ئىراسىنىڭ خاراكتېرىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى. ھەتتا قوۋم مىقياسىدىكى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ۋە يايلاق خاراكتېردىكى تۆردىن چۈشمەيدىغان قۇۋۋەت ۋە ھەربىي ماھارەت يۇقىرىقى ئوچاقلاردا پەيدا بولغان نەرسىلەرنى بولۇپمۇ سۈئەدەك تۈيۈلىدىغان نەرسىلەرنى ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە

پەقەت يېقىن يولاتمىدى. ھەتتا يېقىن يولاتمىدىلا ئەمەس، بۇ مەدەنىيەتنىڭ رەسمىي ھالدا دۇنياۋى بىر كۈچ بولۇپ ئىپادىلىنىشىنى مىلتىق، زەمبىرەك ئىجاد بولغان 17-18-ئەسىرگىچە چەكلەپ تۇردى. تا مۇشۇ مەزگىلگىچە تېرىم مەدەنىيىتى خۇددى رىئاللىقتا ئەھلىي ئىلىمزاتلار چوڭ بولسا مەسلىھەتچى بولالىغانغا ئوخشاش دۇنياغا ھۆكۈمدار سۈپىتىدە بولالمىدى. پەقەت ھۆكۈملەرنى باھالاش، بۇتناش بىلەن كۈننى كەچ قىلىپ كەلدى. لېكىن ئۇلار ئۆزلۈكسىز ھالدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىپ چۈشىنىپ كەلدى ۋە بۇ ئاخىر17-18-ئەسىردە ھەربىي كۈچ بولۇپ ئىپادىلەندى.

شۇنداقتىمۇ ئىنسانلار مەدەنىيىتى تارىخلار مابەينىدە يۇقىرىقىدەك شەخسنى مەركەز قىلغان پىكىر ۋە دىنلارنى ئوق قىلغان ئاساستا قايتىدىن تۇتۇشۇپ بىرىكىشكە باشلىدى. مەسىلەن، بۇددا دىنى ئاساسىدىكى بىرىكىش، ئىسلام دىنى ئاساسىدىكى بىرىكىش، ئىنسانپەرۋەرىزم ئاساسىدىكى بىرىكىش، پەن روھى ئاساسىدىكى بىرىكىش، كىشىلىك ھوقۇق ئاساسىدىكى بىرىكىش دېگەندەك. لېكىن بۇ خىل بىرىكىشلەرنىڭ ھەممىسى تىل ئۆتكىلى تۈپەيلى پۈتۈن بىر مىللەت مىقياسىدىكى بىرىكىش بولۇپ كەتمىكى ناھايىتى تەس بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا مۇشۇ ئوقلار بويىچە بىر رەتكە تىزىلىپ قالدى ۋە تۈرلۈك تارىخىي شارائىت ھەم كەلمىشلەر تۈپەيلىدىن ھەر قايسى تارىخىي كەسمىلەردە تۈرلۈكچە ئىپادىلەردە بولدى. ھەتتا بىر مىللەتنىڭ ئىچىدىكى ھەر قايسى بۆلەكلەردە ئوخشىمىغان ئىپادىلەر كۆرۈلدى.

خوش، بۇ ئىپادىلەر مەدەنىيەتشۇناسلىقتا قانداق ئورۇندا تۇرىدۇ؟ كىچىك بىر ئائىلىنى ئالساق، بىر ئائىلىدە بىر قازاننىڭ تامىقىنى يەپ، بىر ئاتا-ئانىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان بالىلار تۈرلۈكچە بولىدۇ. لېكىن ناۋادا بىز ئۇلاردىكى ئاشۇ تۈرلۈكچە خۇلقلارنى كۆرۈپلا خۇلاسىگە كەلسەك، ئۇ چاغدا جەزمەنكى، بىر ئۆيدە چوڭ بولغان بالىلارمۇ ئەجەپ بىر يېرىگە ئوخشىماي قالىدىكەن دېگەندەك ھەيرانلىقتا پېتىپ قالىمىز. ناۋادا مۇشۇ ھەيرانلىقىمىزنى يەنە بىر قەدەم تېخىمۇ چوڭقۇرراق كۆزىتىشكە ئالماشتۇرساق، ئۇنداقتا چوقۇمكى، بۇ بالىلاردىكى ئورتاقلىقنى، ئاشۇ ئائىلىدىكى روھىي كەيپىياتنى، ھەتتا ئائىلە بار جەمئىيەت، دەۋر ۋە مىللەتتىكى روھىي كەيپىياتلارنى ھېس قىلالايمىز. بۇ بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق. بىزگە مەلۇمكى، مەدەنىيەتشۇناسلىق ساغلامسىزلىق ئۈچۈن ئەمەس بەلكى، ئىنسانلارنىڭ روھىي ئېقىنىنى يەكدىللىق بىلەن ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا بەختىيارلىققا قاراپ ئىلگىرىلىتىشنى مەقسەت قىلغان ئىكەن، ئۇ ھەرگىز يۇقىرىقىدەك يۈزەكى ئىپادىلەرگە ئېسىلىپ تۇرىۋالسا بولمايدۇ. چۈنكى، مەدەنىيەتشۇناسلىق بىر پەن ھېسابلىنىدىكەن ئۇ مەدەنىيەت ئېقىنى ھازىردىن ئەمەس، بەلكى ئۆتمۈشتىن كۆرەلەيدۇ. روھ پەقەت ئۆتمۈشتىلا ئوبيېكتىپ نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا ئۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك يۈرەكلىك ۋە مەلۇم تارىخىي، جۇغراپىيىۋى كەسمىدىكى ئىپادىلەرنى ماھىيەت قىلىش يولىغا ماڭسا، ئۇنداقتا ئۆزىنىڭ

يولنى ئۆزى توسايدۇ-دە چۈپرەندە ئىلىم بولۇش قىسمىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇ چاغدا بۇ پەن بىر مىللەتنىڭ شەھەردىكىسى بىر نېمە دېسە قىردىكىسى بىر نېمە دەپ ئاتاشتىن، سىياسىيونلارنىڭ غالچىسى بولۇشتىن، ھېس-تۇيغۇلارنى ئىلمىيلىككە كۆتۈرۈشتىن تەپ تارتمايدۇ. ئەلۋەتتە بۇنداق ئىلمنى ئىلىم دەپ تىلغا ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ھەقىقىي ئىلىم ئۆزى ئىزدەۋاتقان ماھىيەت نەدە بولسا، مەيلى ئۇ قانداق بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر شۇ يەردىن ئۇنى ئىزدەپ تاپىدۇ.

جاھان ئۇۋاق ئۆزلۈك ئېڭىغا كىرگەندىن باشلاپ مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى كۆپىنچە يوسۇن-قائىدىلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرى بىلەن بولۇشقا باشلىدى. تىل ۋە دىلنىڭ بىرلىكى ناھايىتى مۇستەھكەم بولغاچقا ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىلگىچە مۇشۇنداق بولدى ھەتتا ئىزچىل ھالدا چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا بولغانلار يېقىنقى دەۋرگىچە سىرتقى تەسىرنى مۇشۇنداق يول بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇڭا نۇرغۇن مىللەتلەردە تىلدا زور ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ياشاش ئۇسۇلى، ئۆرپ-ئادەت، كىيىم-كېچەك جەھەتتە زور پەرقلىنىپ تۇرىدىغان توپلار شەكىللەنمەي قالمىدى. ھەتتا بەزى پەرقلەر تىلدىمۇ كۆرۈلدى.

ئەمما شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇگۈندە قانداق ئۆزگىرىش بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر تارىخ يەنە تارىخ پېتى تۇرۇۋېرىدۇ. بىر پۈتۈن توپنىڭ روھىدا دولقۇنلاپ تۇرغان مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتى بۇرۇنقىدەكلا ھەرقانداق خاھىش ۋە يېڭىلىقنى تارازىلاۋېرىدۇ. توغرا، بىر مەزگىل ھازىرنىلا كۆزدە تۇتىدىغان ئىدىيە ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە تىل، تېررىتورىيە، ئۆرپ-ئادەت، پىسخىكا دېگەندەك گەپلەر بىلەن بىر مەدەنىيەتكە ھۆكۈم قىلىپ كەلگەن ئىدۇق. بۇنىڭدا تارىخنىڭ ئۆزىگە ۋە ئىلمىي چەكلەشنىڭ ھۆكۈمگە قارىماي نەق قولغا چىقىدىغان ھاسىلاتنىلا قارىلاتتى. شۇنداق بولغاچقا مەلۇم بىر تارىخىي كەسمىدىكى نەرسىلەر مەدەنىيەت قانۇنىيىتىنىڭ تارازىسىغا چۈشمەيلا ئۇنىڭ بىر ساغلام ياكى بىنورمال دەيدىغان ھۆكۈمنى ئالمايلا شۇ پېتى سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىلاتتى، ماھىيەت قىلىناتتى. بۇ خۇددى ئەمدىلا يۇلۇۋالغان سەۋزىنى يېگىلى بولىدۇ، سەۋزە دېگەن مۇشۇ دەپلا يە قىردۇرماي، يە يۇدۇرماي يېگۈزۈۋەتكەندەكلا ئىش ئىدى.

شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن ئادەملەر تامىقىغا قوشۇپ توپا يەپ يۈردى. ھەرقانچە سەرەمجانلاشتۇرسىمۇ قولاشمايۋاتقان مەدەنىيەت تارىخدا ئەپلەپ-سەپلەپ بىر ئىشلارنى قىلىپ كەلدى، مەدەنىيەتلىكرەكى ئۆز ئەسلىنى كۆرەلمەي، مەدەنىيەتسىزرەكى ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى يەكۈنلىيەلمەي ئەسلىي يارىتىشقا تېگىشلىك تەرەققىيات تېزلىكىنى يارىتالماي قالدى. نۇرغۇن زېھىن ۋە ۋاقىت ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن سەرپ بولۇپ كەتتى. بەلكىم بۇ مەدەنىيەتشۇناسلىق ساھەسىدىكى بىر چاقچاق بولسا كېرەك.

ئومۇملاشتۇرغاندا يۇقىرىقىدەك تۇرلۇك سەۋەبلەر تۇپەيلى ئىنسانلار توپى ھەقىقەتەنمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇكى، ئۇلارنى ئوخشىمىغان بايان قىلىش ئوبيېكتىلىرىگە ئايرىپ بايان قىلىش تولىمۇ زۆرۈر. ئەمما مۇنداقلىق بىلەن ھازىرقى نامالار ئاساسىدا تارىختا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان توپ ۋە رايون پەيدا قىلىشقا بولمايدۇ. مەدەنىيەت تارىخى مەزمۇن بولۇپ ئۇ ئۇزاق زامانلارنىڭ ئوي-دۆڭلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن دەريا سۇيىگە ئوخشايدۇ. بىر مىللەتنىڭ نامى، تىل، تېررىتورىيىسىنىلا ئەمەس بەلكى ماھىيەتتە ئۇنىڭ قايسى ئېقىندا تۇرغانلىقىنى، بۇ ئېقىننىڭ قانداق ۋە قانچىلىك پوتېنسىيالدا ئىكەنلىكىنى كۆرستىش بەلگىسىدۇر. يەنى ئىنسان تارىخىۋىلىقىنىڭ قانچىلىك سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى كۆرستىدىغان دىپلومدۇر. شۇڭا ئىلى دەرياسىنىڭ غۇلجىدىن ئۆتكىنىنى بىر نېمە، ئالتايدىن ئۆتكىنىنى يەنە بىر نېمە دەپ ئاتاش قانچىلىك بىئەپ ۋە كۆزى كىچىكلىك بولىدىغان بولسا، تارىخنىڭ بەتلىرىدىن دولقۇنلاپ كېلىۋاتقان روھ دەرياسى مەدەنىيەتنى خالىغانچە ئاتاش شۇنچىلىك بىئەپ ۋە كۆزى كىچىكلىك بولىدۇ. يەنە كېلىپ تارىخنىڭ رۇخستىنى ئالماي مەخلۇقاتلارغا ئات قويۇش ئەخلاق سەزگۈسى بار ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس.

يۇقىرىقىلاردىن بىزگە مەلۇم بولىدۇكى، تىل پەيدا بولغىچىلىك بولغان بايان ئوبيېكتىلىرى يەر-جاي نامىلىرى بىلەن ئاتىلىدۇ ۋە جايىدىن چىققان بارلىق نەرسىلەر مەزكۇر مەدەنىيەتنى ھېس قىلدۇرۇشنىڭ ئىشتىراكچىلىرى بولىدۇ. بۇلار ھەرقايسى توپلارنىڭ دەسلەپكى بۇلاقلىرىدۇر. بىر تىل بىر مەدەنىيەت توپىنىڭ رەسمىي ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى. شۇڭا مەزكۇر تىلنى ئىشلەتكەن بارلىق ئادەملەر مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ سۇبيېكتىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنى ھەرقانداق باھانە بىلەن ئايرىم قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. بىر تىل يوقالسا بىر مەدەنىيەت يەنە بىر مەدەنىيەتكە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. بىر تىل پەيدا بولسا پەيدا بولغاندىن تارتىپ يېڭى بىر مەدەنىيەت شاخچىسى پەيدا بولۇۋاتقىنىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن ھەرگىز ئۇزۇن تارىخلاردىن تارتىپ ئاشۇنداق بىر مەدەنىيەتنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. ئەمما يېڭى تىل پەيدا بولغان بولمىغانلىقىنىڭ چوقۇم ئىلمىي ئۆلچىمى بولۇش لازىم. خۇددى 50- يىللىرى غۇلجىدىكى تارانچىلار بىزمۇ بىر مىللەتقۇ دەپ تۇرۇۋالغىنىدەك كۆڭلەرنىڭ بىرىدە خوتەنلىكلەر بىز ياغاچنى خارەك دەيمىز، بىكارغا دېگەننى مۇت دەيمىز، پالانى يېرىمىز قەشقەرلىكلەرگە ئوخشىمايدۇ، پۈكنى يېرىمىز ھېچ يەردە يوق دەپ بىزمۇ ئايرىم مىللەت دەپ تۇرۇۋالسا، بوپتىلا مىللەت بولسا بولمامدۇ دەپ قويۇش بىلەنلا خوتەنلەر مەدەنىيەت تارىخى ، قەشقەرلەر مەدەنىيەت تارىخى دېگەندەك ھەشەمەتلىك كىتابلارنى يازغۇدەك پەخىرلىك مەدەنىيەتلەر پەيدا بولىدىغان، ئايرىشقا ھاياجان بىلەن ئاۋاز قوشۇپ ئۇلۇغ ئالىملارغا كەلگەندە قىزىرىپ، تاتىرىپ، تۆكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ تالىشىدىغان ئىش يوق.

ئەلۋەتتە مەدەنىيەت روھ ھەققىدىكى ئىلىم بولغان ئىكەن ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالى بىرىكىش تارىخى بولىدۇ. ئەمما بۇ تۈپ ـ تۈز بولمايدۇ. بەزىدە ھەققەت ئاساسىدا بولۇشى مۇمكىن، بەزىدە زۆرۈرىيەت ئاساسىدا بولۇشى مۇمكىن. بەزىدە ئىنسانلىق ئاساسىدا بولۇشى مۇمكىن، بەزىدە ساقسىزلىق ئاساسىدا بولۇشى مۇمكىن. بۇنى بايان قىلغۇچى ئوبدان پەملەپ بايان قىلىدۇ. نېمىنى ئاساس قىلغان بولسا، شۇنى تەۋسىيە قىلغۇچى ھاكىمىيەت ۋە ئىدىئولوگىيىنىڭ ئۆزى مەزكۇر مەدەنىيەتكە تەۋە نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مەزكۇر مەدەنىيەتتىكى ئىنكاسى مۇشۇ مەدەنىيەتكە تەۋە نەرسە ھېسابلىنىدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ مەدەنىيەت تارىخى يازغىنىمىزدا قايسىدۇر ئېقىمنىڭ غولluq ئىدىيىلىرىنى ئەمەس، بەلكى مەيلى چوڭ ئالىم بولسۇن، ياكى ئانچىكى ئادەم بولسۇن شۇ مىللەتكە تەسىر كۆرسەتكەن شەخسلەر چوقۇم مۇشۇ مىللەتنىڭ ئوغلانلىرى قاتارىدا بايان قىلىنىدۇ. ئۇلار كۆپ ھاللاردا بىۋاستە ئەمەس بەلكى، شۇ مەدەنىيەتتە يېتىلگەن شەخس ۋە يارىتىلغان نەرسىلەرنىڭ ۋاستىسىدە ئىپادىلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا ھەتتا مەلۇم بىر تىلغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر شۇ مىللەت مەدەنىيىتىگە تەۋە نەرسە ھېسابلانمايدۇ. دېمەك، ئېينىشتېين يەن تارىخدا بۇيۈك بىر ئالىم سانالسىمۇ بەزى مەدەنىيەت تارىخدا ئۇ يوقنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. كوپېرنېك ناسارالار ئىدىيە تارىخدا جۇلالىنىپ تۇرسىمۇ بىزنىڭ تارىخىمىزدا ئۇنىڭ قارىسىلا كۆزگە تاشلانغۇدەك يېرى بولمايدۇ. لىنكولىن ئۇلۇغ ئىشلار بىلەن ھۆرمىتىمىزنى قوزغاپ تۇرسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىز ئۈچۈن سادىر پالۋاندەك سۆيۈملۈك بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دۇنيالىقتا پەيدا قىلغان ئۇنۇمى زور پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئىككى يۈرەكتىكى ماھىيەتلىك نەرسە ئەمەلىيەتتە پەرقسىز بولىدۇ. ناۋادا سادىر پالۋان ئامېرىكىدا بولغان بولسا لىنكولىندەك ئىش قىلغان بولاتتى. لىنكولىن غۇلجىدا ياشىغان بولسا، پەقەت سادىر پالۋانچىلىكلا ئىش قىلالايتتى دېيىشكە بولىدۇ. يەنى بۇ قارا تىل دېگەندە بۇ ئەسلىدە مۇرىسىدە 20Kg يۈكى بولۇپ ھازىر يەنە 30kg نى كۆتۈرگەن ئادەم بىلەن 50Kg لىق يۈكنى كۆتۈرگەن ئادەمنىڭ كۆتۈرگىنى ئوخشاش دېگەندەك بىر گەپ.

خۇددى فىزىكىدا ھەرىكەت ئەسلى تۈز سىزىق بويىچە بولماقچى، سىرتقى كۈچ ئۇنى ئەگرى قىلىپ قويىدۇ دەپ ھەرىكەتنىڭ ئەسلى ئوربىتىسى تۈزسىزىق دېمەكچى بولغانغا ئوخشاش روھ ئانالىزىدا ئادەم ئەسلى ئۆز مەيلىچە ئىش قىلماقچى بۇ جاھاننىڭ رايىغا توغرا كەلمىگەنلىكتىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا چېقىن پەيدا بولۇپ، قايسىدۇر ئىشنىڭ پىلتىسىدە ئوت ياقىدۇ دېمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى كۆرۈشكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. فروئىدنىڭ مەدەنىيەت قارىشىمۇ مۇشۇنداقراق مەۋقەدە. گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئوچۇق دەپ قويۇش كېرەككى، بىزنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن قارىغاندا ئادەمنىڭ ئادەم بولۇشى ئۆرۈمچىدىن خوتەنگە ماڭغان يولوچى تەبىئىي ھالدىلا توقسۇن، كورلا، بۈگۈر... دېگەندەك يەرلەردىن ئۆتىدىغانغا ئوخشاش ئېنىق ئۆتەكلىرى بار جەريان ئىدى.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، ھاكىمىيەت ئېگىى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا تۇتىم ھازىرقى دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئېگىى بىلەن ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ. ھازىر قەدىمكىگە قارىغاندا گەپنىڭ ئۇستىخنى يوق. ھازىرقى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئېگىى ھۆكۈمدارلارنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تۇتىم بولسا ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ ئىرادىسى ئەمەس بەلكى ئۇ ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئەينى ھادىسىلەرنى سەممىي ۋە تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن شەرھىيلىشى بولۇپ، ئەمەلىيلىشىشچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. مەسىلەن ئېيتايلى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىزم مىللىتى دەپ 70 يىل سۆزلەپ يۈرگەن بولسىمۇ سوتسىيالىزم مىللىتى پەيدا بولمىدى. چۈنكى، ئاشۇنداق بىر مىللەت پەيدا قىلىش كىشىلەر قەلبىدىكى تەقەززا ئەمەس بەلكى، سوۋېت ھاكىمىيتىنىڭ ئىرادىسى ئىدى. لېكىن ھەرقانداق بىر جايدا قەۋملەر بىر تۇتىم ئاستىغا توپلاندىمۇ بولدى ئۇلار ئاللىقاچان تىل بىرلىكىگە ئېرىشىپ مىللەت بولۇپ بولغان بولۇپ، تۇتىم بۇنى ئىنسانلارنىڭ رەسمىي ئېتىراپ قىلىش مەنىسىدە كەلگەن.

تۇگدى

1997- يىلى

# 13- پەرغانە ۋادىسدا يوقلىپ كەتكەن خەلق-ئۇيغۇرلار

## نەبجان تۇرسۇن ( تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

### كىرىش

بۈگۈنكى كۈنلەردە، جۇڭگو تەرىپىدىن رەسمىي ھالدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ نام بېرىلگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياشاۋاتقان مەزكۇر زېمىندىن باشقا يەنە چەتئەللەردىمۇ ئۇيغۇر دىئاسپورىسى مەۋجۇت.

چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا تەۋە قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەرگە جايلاشقان. ئۇيغۇرلار ئالدى بىلەن جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىكى قولايلىق شارائىت تۈپەيلىدىن قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىن ئىبارەت ئۈچ جۇمھۇرىيەتكە كۆپرەك تارقالغان.

ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ رەسمىي ئىستاتىستىكىلىرى بويىچە ئالغاندا، بۈگۈنكى كۈنلەردە قازاقىستان ئۇيغۇر دىئاسپورىسى ئەڭ كۆپ دۆلەتتۇر. قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ 2012- يىلدىكى ئىستاتىستىكىسى بويىچە، بۇ جۇمھۇرىيەتتىكى ئۇيغۇرلار 237,532 نەپەر بولغان (1)

ئۇنىڭدىن كېيىن قالسا، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، 2012- يىلدىكى قىرغىزىستاننىڭ دۆلەتلىك ئىستاتىستىكىسى بويىچە ئالغاندا، ئۇيغۇرلار 50 مىڭ نەپەر(2)

ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 2000-يىلدىكى سانلىق مەلۇماتتا 19,526 نەپەر دەپ ئېيتىلغان. (3)

تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئەڭ ئاز بولۇپ، بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات يوق. 1890- يىلى، 270 ئائىلە، يەنى 1307 نەپەر ئۇيغۇر يەتتەسۇدىن تۈركمەنىستاندىكى مۇرغاب دەرياسى

ۋادىسغا كۆچۈپ كېلىپ يەرلەشكەن. ئۇلارنىڭ سانى 1990- يىلى 1392 نەپەر، 2010- يىلى، 2000 نەپەر دەپ ئېلان قىلىنغان. 1928 – 1929- يىللىرى، بايرام -ئالىدا ئىككى ئۇيغۇر كولخوزى قۇرۇلغان ئىدى (4)

ئەمما، تاجىكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى نوپۇس ئەھۋالى ھەققىدە ئۇچۇر يوق. بۇ جۇمھۇرىيەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ ئاز جاي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاجىكىستاننىڭ 1926- يىلدىن تاكى 2009- يىلغىچە بولغان مىللەتلەرنىڭ نوپۇس ئىستاتىستىكىسى تەركىبىگە ئۇيغۇرلار كىرگۈزۈلمىگەن.

لېكىن، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا مەيلى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئىشەنچ قىلمايدىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆپ ئىكەنلىكى ھەققىدە قاراشلار ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى مەۋجۇت.

ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار جۇغراپىيىلىك ۋە تىل-دىئالېكت ئالاھىدىلىك بويىچە ئىككى ئاساسىي گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى پەرغانە گۇرۇپپىسى، يەنە بىرى يەتتەسۇ گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ پەرغانە گۇرۇپپىسى ئاساسلىقى ئەسلىدە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار رايونىدىن كۆچۈپ چىقىپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاننىڭ شەھەر ھەم دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئورۇنلاشقانلار بولۇپ، بۇ گۇرۇپپا تاكى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، يەرلىك ئاھالىلار تەرىپىدىن «قەشقەرلىكلەر» دەپ ئاتالغان ئىدى.

يەتتەسۇ گۇرۇپپىسى، ئاساسلىقى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان ۋە 1882-يىلى رۇسىيە بىلەن چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسى ئايرىلغاندا ئىلى تەۋەسىدىن رۇسىيە تەۋەسىگە كۆچكەن تارانچىلار، يەنى ئىلى ئۇيغۇرلىرى شۇنىڭدەك 1955-1962-يىللىرى ئارىسىدا ئىلى ۋە باشقا شىمالىي رايونلاردىن كۆچكەنلەردۇر.

بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار تىل جەھەتتىن ئالغاندا ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىئالېكتىغا مەنسۇپ بولۇپ، پەقەت ئايرىم شۋېلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە خالاس. پەرغانە ۋادىسىدىكى

ئۇيغۇر ئاھالىلىرى، يەنى بۇرۇنقى قەشقەرلىكلەر قەشقەر شۇۋىسىنى ئاساس قىلغان. يەتتە سۇ رايونىدىكىلەر بولسا ئىلى شۇۋىسىنى ئاساس قىلغان ئىدى. بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار تاكى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قەشقەرلىك ۋە تارانچى دېگەن ئىككى نام بىلەن ئاتالغان. ئەلۋەتتە، 1955-1962-يىللىرىدىكى كۆچۈش نەتىجىسىدە يەتتە سۇ گۇرۇپپىسى تەركىبىگە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەشقەر، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى، ئاتۇش ۋە باشقا جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلارمۇ قوشۇلدى. تاشكەنت ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار تەركىبىگە ئىلى تەۋەسىدىن كەلگەن تارانچى ئۇيغۇرلىرىمۇ قوشۇلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىكى بۇ ئۇيغۇرلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى»، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى «سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەندۈرۈلگەن بولسا، مۇستەقىللىقتىن كېيىن، ئورتاق سوۋېت ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان بىر گەۋدە يوقىلىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر دىئاسپورىسى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرگە پارچىلىنىپ ئايرىم تەرەققىيات يولىغا مېڭىشقا باشلىدى.

گەرچە، بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت جۇمھۇرىيەتكە تارقىلىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم دىئاسپورىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدە مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلغان پەرغانە گۇرۇپپىسى بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈنلەي دېگۈدەك يەرلىك خەلقلەرگە سىڭىپ تۈگىدى ھەمدە بۇ رايوندىكى قالدۇق ئۇيغۇر گۇرۇپپىلىرى داۋاملىق تۈردە سىڭىش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە. ئەمما، ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ پەقەت 1955-يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇر ئېلىدىن كۆچۈپ چىققان تەركىبى ۋە قازاقىستاندىن بۇ جۇمھۇرىيەتكە خىزمەت يۈزىسىدىن بېرىپ يەرلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى تاشكەنت شەھىرىنى مەركەز قىلىپ، ئۆز مىللىي كىملىكى ۋە مەدەنىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئەۋلادلارنىڭ ئالمىششى بىلەن بۇ قەدەم-قەدەم ئاجىزلاش ھەم ئۆزبېكلىشىش جەريانلىرىنى باسماقتا.

ئەمما، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتەسۇ گۇرۇپپىسى بولسا ئۆز مىللى كىملىكى، مىللىي مەدەنىي-مائارىپى، ئەدەبىيات-سەنئىتى، مۇزىكىلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئىزچىل تۈردە ياخشى ساقلاپ قالدى شۇنىڭدەك بۇلارنى مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت كىملىكىنىڭ مەركىزىي ئاسيا رايونىدىكى بىر قىسىملىق رولىنى ئوينىماقتا. بۇ گۇرۇپپىنىڭ يەرلىك قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق خەلقلەرگە سىڭىپ كېتىشى ئاساسەن دېگۈدەك كۆرۈلمىدى.

بىز بۇ ماقالىدە بۇگۈنكى مۇستەقىل ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئومۇمىي ئۇيغۇر دىئاسپورىسى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ پەقەت پەرغانە گۇرۇپپىسىنىڭ شەكىللىنىش ۋە ئاخىرىدا يەرلىك ئاھالىلارغا سىڭىپ كېتىپ، ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ ئاساسلىق يادروسى بولغانلىق رولىنى يوقىتىپ قويۇشىغا مۇناسىۋەتلىك جەريانلار ھەم سەۋەب ـ ئامىللار ھەققىدە توختىلىمىز.

پەرغانە ۋادىسىدىكى بۇ ئۇيغۇرلار ئەسلىدە نورمال تەرەققىيات بويىچە ئالغاندا، بۇگۈنكى كۈندە بىر قانچە مىليون نوپۇسلۇق خەلققە ئايلىنىش لازىم ئىدى. بىراق، ئۇلار ئۇزۇن تارىخىي جەريانلاردا قەدەممۇ-قەدەم يەرلىك ئۆزبېكلەرگە سىڭىپ، ئۆزبېكلىشىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈردى ھەم ئاقىۋەتتە پەرغانە ۋادىسىدىكى يوقاپ كەتكەن خەلققە ئايلاندى. بىراق، ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئېتنىك، تىل ۋە باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرى ئاساسىدا بۇ ھادىسىنى يوقاپ كەتكەن دېگەننىڭ ئورنىغا سىڭىپ كەتكەن دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتتىم، شۇنىڭدەك ئاسسىمىلياتسىيە ئىبارىسىنىمۇ ئىشلەتمىدىم. چۈنكى، ئىككى ئوخشاش خەلق ئىچىدە سىڭىشىش مەۋجۇت، بىراق، پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدەممۇ-قەدەم سىڭىشىش جەريانى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىشتا يەنىلا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگىدۇر. مەن بۇ ھەقتىكى ئىلمىي ماقالەمنى تۈركىيىنىڭ ئەنقەرە شەھىرىدىكى ھاجى تەپپە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇدۇم. 2012-يىلى، 23-26-ماي كۈنلىرى ئېچىلغان بۇ يىغىنغا، ئامېرىكا، رۇسىيە، تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرى، جۇڭگو، ياۋروپا ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن 90 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس قاتنىشىپ، يوقىلىش تەھلىكىسىدىكى تۈركىي تىللار، جۈملىدىن نوپۇسى ئاز بولغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرىنىڭ تەقدىرى ۋە مەۋجۇت مەسىلىرىنى مۇھاكىمە قىلغان ئىدى. مەلۇم بولدىكى، بىر قىسىم كىچىك تۈركىي تىللار ۋە تۇپلۇقلار تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قەدەممۇ-قەدەم يوقاش تەقدىرىگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، ئالىملار بىردەك ھالدا بىر قىسىم كىچىك تۈركىي تىللارنىڭ ھامان يوقىلىشى مۇمكىنلىكى، ئەمما ئۇنى ساقلاپ قېلىشنىڭ چارىلىرىنى قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مېنىڭ تېمام پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەسلىدە كۆپ سانلىق خەلق بولۇشقا تېگىشلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق بولۇپ يېقىنقى ئىككى ئەسىردە سىڭىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئانالىز قىلدىم. مەن بۇ قېتىم تېخىمۇ تەپسىلىيرەك ھالدا پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتىنى ئوقۇرمەنلىرىمگە سۇنۇش قارارىغا كەلدىم.

## 1. پەرغانە ۋادىسى بىلەن تارىم ۋادىسىنىڭ تارىخى باغلىنىشى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي، غەربىي ۋە جەنۇبىي ھەم شەرقىي قىرغاقلىرىدىكى بوستانلىق بەلۋاغ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ ماكانى. بۇ تۇپراقلاردىكى ئاھالىلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ غەربىي تەرىپى، قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن پەرغانە ۋادىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

پەرغانە ۋادىسى جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن ھازىرقى ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان ۋە قىرغىزىستاننىڭ ئارىسىغا جايلاشقان مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ مۇنبەت بوستانلىق زېمىندۇر. پەرغانىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆزبېكىستانغا تەۋە.

جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىن ئالغاندا، تارىم ۋادىسى بىلەن پەرغانە ۋادىسىنى پامىر-ئالاي تاغلىرى ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى رايون ئارىسىنى ئېگىز تاغ-داۋانلار ئايرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن مەزكۇر ئىككى رايوننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان نۇرغۇن تاغ ئۆتكەللىرى، كارۋان يوللىرى قەدىمدىن تارتىپ ئىككى رايون ئاھالىسىنى بىر-بىرى بىلەن باغلاشتا مۇھىم جۇغراپىيىلىك قولايلىق ئامىل بولغان ئىدى. قاراسۇ، ئەركەشتام، تورغات، بەدەل-ئارت ئېغىزى قاتارلىق پامىر -ئالاي تاغلىرى ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ مەزكۇر ئېغىزلىرى ئىككى رايون ئاھالىسىنىڭ بىر-بىرى تەرەپكە كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشىدىمۇ قولايلىق شارائىت ياراتقان ئىدى. بۇ ئۆتكەللەر قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئۆتۈشمىلىرى بولۇپ، ھەر قانداق سودا كارۋانلىرى ۋە كۆچۈشلەر مەزكۇر ئۆتكەللەردىن ئۆتەتتى.

تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ئاھالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قەدىمدىن تارتىپ ئولتۇراق ھاياتتا ياشىغانلىق ۋە تۈركىلىشىش، ئۇيغۇرلىشىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈشنىڭ، شىمالىي تەرەپلەردىن كەلگەن چارۋىچى -كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ قەدەممۇ-قەدەم ئولتۇراق ھاياتقا كۆچۈش جەريانلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكى مەلۇم. قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان پەرغانە ۋادىسى بىلەن تارىم ۋادىسى ھەمدە شىمالدا ئىلى ۋادىسى بىلەن قوشنا قازاقىستاننىڭ يەتتە سۇ رايونى قەدىمدىن تارتىپ قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى.

كۆكتۈركلەر دەۋرى ( 552- 704) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر دەۋرىدە ( 744-840) يەتتە سۇ،

پەرغانە ۋادىسى، تارىم-تۇرپان ۋادىلىرىدا تۈركىي-ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كەڭ يېيىلدى شۇڭلاشقا بۇ رايونلار دائىم دېگۈدەك ئورتاق سىياسىي ھاكىمىيەت ئاستىدا بولۇش دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈردى. دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بولسا، تارىم ۋادىسى بىلەن پەرغانە ۋادىسى ئوخشاشلا بىر مەھەل قاراخانىلار سۇلالىسى (840-1212) دىن ئىبارەت بىر ئومۇمىي سىياسىي گەۋدە ئىچىدە بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى قارا خىتايلار ۋە موڭغۇللار دەۋرىدىمۇ تارىم ۋادىسى بىلەن پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلار بىر سىياسىي گەۋدە ئىچىدە بولۇشتىن قالمىدى. 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن چىنگىزخان ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا بۇ رايونلار چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى كونتروللۇقىدا بولدى. بۇ جەريانلاردا ئوخشاشلا ئىككى رايون ئاھالىلىرى ئارىسىدىكى ئالاقە قويۇق بولدى. تىمۇرىلەردىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تارىم ۋادىسىنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىن ئايرىم سىياسىي گەۋدە بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنسىمۇ، بىراق 16-17-ئەسىرلەردە ياركەنتنى پايتەخت قىلغان سەئىدىيلەر خاندانلىقى (1514-1689) ئۆز تەسىر دائىرىسىنى يەتتەسۇ ۋە پەرغانە ۋادىلىرىغا كېڭەيتىشكە دائىم ھەرىكەت قىلغان ئىدى. ئەمما، 17- ۋە 18-ئەسىردە بۇ رايونلار ئالدىدا شىمالدىكى جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ، كېيىن مانجۇرلارنىڭ چىڭ خاندانلىقىنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراش ئەھۋاللىرىغا دۇچ كېلىپ، مەزكۇر رايونلارنىڭ سىياسىي ۋە ئېتنىك تەرەققىيات تارىخىدا جىددىي ئۆزگىرىش شەكىللەندى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدا ئىككى رايون ئاھالىلىرى ئارىسىدىكى ئېتنىك، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ئالاقىلىرى قويۇق بولغان بولسا، 18-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىم ۋادىسىنى ئىگىلىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەزكۇر ئىككى رايونى ئارىسىدا رەسمىي ئايرىلىش شەكىللەندى. بۇ رەسمىي تۈردە ۋە بۇ رايونلاردىكى ئاھالىلار قەدەم-قەدەم بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ ياشاش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈردى.

18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، مەركىزى ئاسىيانىڭ سىياسىي تارىخى يېڭى باسقۇچقا كىردى. غەرب تەرەپتە پۈتۈن پەرغانە ۋادىسى قوقان خانلىقى (1709-1876)، شەرق تەرەپتە تارىم ۋادىسى چىڭ سۇلالىسى (1644-1912) تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، مەزكۇر ئىككى دۆلەتنىڭ تۈركىستاننى ئايرىپ ئىدارە قىلىشى بىلەن رايوننىڭ سىياسىي، ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھاياتى بىر-بىرىدىن پەرقلىق تەرەققىيات يولىغا كىردى.

چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ پۈتۈن تارىم ۋە جۇڭغارىيە ۋادىلىرىنى بويسۇندۇرۇشى بۇ رايوندىكى يەرلىك، يەنى شەھەر ۋە دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يېتىپ كەلمىگەن پەرغانە ۋادىسىغا ئىزچىل ۋە كەڭ كۆلەمدە كۆچۈش دولقۇنلىرىنى پەيدا قىلدى. ئەلۋەتتە،

بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە كۆچۈشلەر بولغان بولسىمۇ، پەقەت ئۇ كەڭ كۆلەملىك ۋە كوللېكتىپ خاراكتېرگە بولغان ئەمەس، بەلكى قىسمەن ئاھالىلار ئارىسىدىكى باردى-كەلدى قىلىش ھەم ھەربىي يۈرۈش تۈسىنى ئالغان ئىدى.

تارىم ئويمانلىقى ئەتراپى 1759-يىلى، چىڭ ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇشى بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى ئاھالىلارنىڭ تاكى 1878-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا چىڭ ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئۈزلۈكسىز قارشىلىق كۆرستىش، ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش دەۋرىگە كىردى. ئامېرىكا ئالىمى جېيمىس مىللۋاردنىڭ قارىشىچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوندىكى سىياستى تىپىك ئىمپېرىيالىزملىق ھۆكۈمرانلىق ئىدى.(5). ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشقان باستۇرۇش، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بېسىم ھەم ئۇرۇشلار تارىم ۋادىسىدىكى ئاھالىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ پاناھلىنىش دولقۇنلىرىنىڭ قوزغىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۈنكى، ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەرلىك ئاھالىلەرنى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىپ، ئۆچ ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزى بېسىۋالغان جايلارنىڭ مۇقىملىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئىدى. بۇنداق ئۆچ ئېلىش قوزغىلاڭغا قاتناشقان ياكى قاتناشمىغان ئاھالىلارنىڭ ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن پاناھلىق ئىزدەپ پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتەسۇ رايونىغا كوللېكتىپ ھالالردا قېچىش دولقۇنلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

---

ئىزاھاتلار:

.1قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستاتىستىكا ئىدارىسى. قازاقىستاننىڭ 2012- يىلى، 1- يانۋارغىچە بولغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى (رۇسچە)

.2قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستاتىستىكا كومىتېتى قازاقىستاننىڭ 2012- يىلى، 1-يانۋارغىچە بولغان مىللەت تەركىبى (رۇسچە)

.3ئۆزبېكىستان مىللەتلەر ئاتلىسى. تاشكەنت. ئۆزبېكىستان، 2002-يىلى، 217-بەت ( رۇسچە)

.4يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركمەنىستانغا كوچۈشىنىڭ 100 يىللىقى، 1890-1990-يىللار، 1890

5. James A. Millward. Beyond The Pass. Economy, Ethnicity , and Empire in Qing Central Asia, 1759-1864. P.245-249

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈش باسقۇچلىرى

ئۇيغۇر دىيارىدىن قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈش دولقۇنلىرى ئىزچىل ۋە ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولۇپ كەلدى. بۇ خىل كەڭ كۆلەمدە ۋە ئاممىۋى يوسۇندىكى كۆچۈشلەر 18ـ ئەسىرنىڭ 50ـ يىللىرىدىن تاكى 20ـ ئەسىرنىڭ 60ـ يىللىرىغىچە ئىزچىل داۋاملاشقان بولۇپ، بىز بۇ جەرياننى ئومۇمىي جەرياننى بەش دەۋرگە ئايرىشىمىز مۇمكىن.

**بىرىنچى باسقۇچ : (1759ـ1760ـ يىللىرى)**

مەزكۇر باسقۇچ، چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ رايوندا ھۆكۈمرانلىق ئورناتقان دەسلەپكى دەۋرلىرىدە يۈزبەردى. دەسلەپتە مانجۇرىينى بازا قىلىپ قۇرۇلۇپ بارا-بارا كېڭەيگەن توڭگۇس تىللىق مانجۇلارنىڭ چىڭ ئىمپېرىيىسى 18ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر ئېلى'غا قەدەم باستى. مانجۇرلار ئالدى بىلەن جۇڭغار خاندانلىقىنى يوقىتىپ، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىنى ئىگىلەپ، بولغاندىن كېيىن، 1759ـ يىللىرىدا قەشقەرىيىنى ئىگىلەشكە ئاتلاندى. قەشقەرىيە ئاھالىسى بۇرھاندىن خوجا ۋە خان خوجا باشچىلىقىدا چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشىپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. ئەنە شۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، كۆپ ساندا ئۇيغۇر ئاھالىلىرى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، قوشنا بەدەخشان، پەرغانە ۋادىسى، يەتتەسۇ ۋە باشقا جايلارغا قېچىپ بېرىپ ماكانلاشقان ئىدى. ئەنە شۇ يىللاردىن تارتىپ، تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى شەھەر ۋە دەھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ ئاھالىلارنىڭ ـ يەنى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى ئەجدادلىرىنىڭ قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ كۆلەمدە كۆچۈپ كېتىپ ماكانلىشىپ قېلىشى باشلاندى.

بۇ يىللاردىكى كۆچۈش ئىككى خاراكتېرغا ئىگە. بىرى، چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشقان ئاھالىلارنىڭ چىڭ قوشۇنلىرى پۈتۈن قەشقەرىيىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ قېچىش. يەنە بىرى چىڭ سۇلالىسى بۇ جايلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، قەشقەرىيە ئاھالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلاردىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن بۇرھاندىن خوجا ۋە خان خوجىدىن ئىبارەت ئىككى ئاكا-ئۇكا خوجىلارنىڭ باشچىلىقىدىكى ئاق تاغلىقلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن مەزھەپ قارشىلىقىغا ئىگە قارا تاغلىقلارنى قوللىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ

خىل تاكتىكىسى ئاق تاغلىقلار مەزھىپىگە مەنسۇپ كۆپلىگەن ئاھالىلارنىڭ ئۆز خوجىلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ۋە ياكى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىۋالغان يەرلىك قارا تاغلىق بەگلەرنىڭ زۇلۇمى ھەم چىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قەدەم-قەدەم پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. چىڭ ھۆكۈمىتى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقاندىن كېيىن، بۇ جايلارنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ھاكىمبەگلىك تۈزۈمى يولغا قويۇپ، ئاساسلىقى قۇمۇل ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن ئۆزلىرىگە سادىق بەگلەرنى يۆتكەپ كېلىپ، رايوننى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا سالدى. بۇ بەگلەر ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرى ھېسابلانغان يەرلىك ئاھالىلارغا چىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا تايىنىپ، ھەددىدىن-زىيادە زۇلۇم سالدى. چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ قەشقەرىيىدە يۈرگۈزگەن بۇ خىل باشقۇرۇش تاكتىكىلىرى ۋە بېسىملىرى مانجۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشنى خالىمىغان ئاھالىلارنىڭ، بولۇپمۇ مانجۇرلارغا نىسبەتەن قارشىلىق ئىدىيىسىگە ئىگە ئاق تاغلىقلار مەزھىپىگە مەنسۇپ ئاھالىلارنىڭ توپ ۋە ئايرىم يوسۇنلاردا قوشنا پەرغانىغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۆزلىرىدىن بۇرۇن بېرىپ يەرلەشكەن قەشقەرلىكلەر بىلەن بىرلەشتى.

ئىككىنچى قېتىملىق باسقۇچ: (1816-1864-يىللىرىغىچەبولغان ئارىلىق)

19-ئەسىر ئۇيغۇر ئېلى ئۈچۈن چوڭ پېشكەللىك دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1814-يىلىدىن تارتىپ، تاكى 1878-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تارىم -تۇرپان ۋادىسى ۋە شىمالدىكى ئىلى ۋادىسىدىكى ئاھالىلار كەڭ كۆلەمدە قوزغىلىپ، مانجۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى ئورناتتى. ئىلگىرى -كېيىن كۇچارنى مەركەز قىلغان ھاكىمىيەت، خوتەننى مەركەز قىلغان ھاكىمىيەت ۋە ئىلىنى مەركەز قىلغان ھاكىمىيەتلەر بەرپا بولدى. بۇ ئارىلىقتا پەقەت قوقانلىك ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەرگە كېلىپ، كۇچار، خوتەن، ياركەنت ھۆكۈمەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى بەدۆلەت دەپ جاكارلاپ، يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ 13 يىل ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنى ھېسابلىمىغاندا، 1814-يىلىدىن 1864-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق قوزغىلاڭلار تەكرارلىق تۈسى ئالغان ئىدى. بۇ قوزغىلاڭلار غەلىبە قىلىش ۋە ئارقىدىن يەنە چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قېلىش، ئارقىدىن يەنە قوزغىلىش ۋە يەنە مەغلۇپ بولۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولدى. بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ رېت تەرىپى شۇكى، بۇلار 1816-يىلىدىكى قەشقەردىكى زىياۋىدىن قوزغىلىڭى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 1825-1828-يىللىرىدىكى جاھانگىر قوزغىلىڭى، 1830-يىلىدىكى يۈسۈپ خوجا قوزغىلىڭى، 1847-يىلىدىكى ۋەلىخان قوزغىلىڭى، 1857-1858-يىللىرىدىكى قوزغىلاڭ، 1864-يىلىدىكى، قەشقەر، كۇچار، ئاقسۇ خوتەن ۋە يەركەنت قوزھىلاڭلىرى.

مانا بۇ توختاۋسىز ئۆرۈشلار جەريانىدا قەشقەرىيىنىڭ ھەر قېتىم قايتىدىن چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ قولىغا

تەكرار چۇشۇشى ئەشەددىي ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك قىرغىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولغاچقا، بۇ يەرلىك ئاھالىلارنىڭ، يەنى قوزغىلاڭلارغا قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ توختاۋسىز تۈردە كەڭ كۆلەمدە ۋە ئايرىم شەكىللەردە ئۆزگە قوشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىياغا، بولۇپمۇ پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ پاناھلىنىش ھەمدە شۇ جايلاردا يەرلىشىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى.

3 .ئۈچىنچى قېتىملىق باسقۇچ : (1877-1882-يىللىرى ئارىسىدا)

19-ئەسىرنىڭ 70-80-يىللىرىدا مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىياسىي خەرىتىسى يېڭىدىن سىزىلىپ، ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتىدا يېڭى دەۋر باشلاندى. مەلۇمكى، 1864-1865-يىللىرىدا پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭلار پارتلاپ، ئىلگىرى-كېيىن كۆچار قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئۇلار ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. قەشقەر، خوتەن ۋە ياركەنتتىمۇ چىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ تاشلاندى. بۇ ۋاقىتتا قوقان ئوفتسېرى ياقۇپبەگ جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇكخان خوجىنى پەرغانىدىن ئېلىپ، قەشقەرگە كەلدى. ياقۇپبەگ 1865-يىلىدىن قەشقەر ھۆكۈمرانلىقىنى ئىگىلەپ، ئىلگىرى-كېيىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزدى. قەشقەرىيە ئوسمانلى ئىمپەرىيىسى، چاررۇسىيە ۋە ئۇلۇغ برىتانىيە بىلەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ئورناتقان بولۇشىغا قارىماي، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئوسمانلىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى جاكارلىشىغا قارىماي، 1877-1878-يىللىرى ئارىسىدا چىڭ سۇلالىسى زور قوشۇن ئەۋەتىپ، قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ يەنە بىر قېتىملىق كۆچۈش دولقۇنىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ قېتىمقى كۆچۈش بۇرۇنقى كۆچۈشلەردىن پەرقلىق بولۇپ، بۇ نۆۋەت مۇستەقىل قوقان خانلىقى تەۋەسىگە ئەمەس، بەلكى چاررۇسىيە ھۆكۈمرانلىقى تېررىتورىيىسىگە كۆچۈش بولۇپ ھېسابلاندى.

شىمال تەرەپتە ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر-تارانچىلارنىڭ 1865-يىلى، مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ قۇرغان ئىلى سۇلتانلىقى، 1871-يىلى چار رۇسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن، 1881-يىلى ”رۇسىيە-جۇڭگو ئىلى شەرتنامىسى“ ئىمزالىنىپ، رۇسىيە 10 يىل بېسىۋالغان ئىلىنى چىڭ سۇلالىسىغا قايتۇرۇپ بەرگەندە، ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئاز ساندىكى تۇڭگانلار چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆز ئۆي-ماكانلىرىنى تاشلاپ، كوللېكتىپ ھالدا چاررۇسىيە تەۋەسىدىكى يەتتەسۇغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشتى. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ بىر قىسمى تۈركمەنىستاننىڭ بايرام-ئالى رايونىغا كېلىپ يەرلەشتى. بۇ قېتىمقى كۆچۈش تارانچى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ”كۆچ-كۆچ“ دەپ ئاتىلىپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن قوشاقلار ۋە خەلق ناخشىلىرى پەيدا بولغان ئىدى.

19-ئەسىرنىڭ 60-70-يىللىرىدىكى مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ ۋاقىتتا تۈركىستاننىڭ غەربىي قىسمى چار رۇسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قەدەممۇ-قەدەم چۈشۈش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. تۈركىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدا بولسا بەدۆلەت رەھبەرلىكىدىكى يەتتە شەھەر دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇردى شۇنىڭدەك چار رۇسىيە يەنە ئىلىدىكى ئۇيغۇر تارانچى سۇلتانلىقىنى يوقىتىپ، ئىلى ۋادىسىنى 10 يىل ئۆز خەرىتىسىگە كىرگۈزدى. مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئېلىدا بىر مەھەل ئۇلۇغ برىتانىيە، چار رۇسىيە، ئوسمانلى ۋە چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ مەنپەئەتلىرى توقۇنۇشۇپ، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تارىخىدىكى "چوڭ ئويۇن" (گرەئات گامە) دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. ئىمپېرىيىلەر ئارىسىدىكى كۈچلۈك تەسىر دائىرىسى ۋە مەنپەئەت تالىشىش كۈرەشلىرى قەشقەرىيىنىڭ سىياسىي تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى خالاس.!

مەركىزىي ئاسىيانىڭ بۇ ئىككى پارچىسىدا تاشكەنتنى مەركەز قىلغان چار رۇسىيىنىڭ تۈركىستان ئۆلكىسى، يەنى «تۈركېستانسكاي گۇبېرنىيا» ( كېيىن تۈركەستانسكىي كراي دەپ ئاتالدى) ۋە ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلىنىپ، مەزكۇر ئىككى ئىمپېرىيە بۇ رايونلارنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆلكە سىستېمىسىدىكى ھەربىي-مەمۇرىي ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن باشقۇردى. ھەر ئىككىلا تەرەپ ھاكىمىيەتنى پۇقرا مەمۇرىيلار ئەمەس، بەلكى ھەربىي گېنېراللار باشقۇردى.

4-قېتىملىق دولقۇن: (1900-1920-يىللىرى)

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بولۇپ، بۇ چاغدىكى كۆچۈشنىڭ خاراكتېرىدا ئازراق پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ مەزگىلدە قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا ياۋروپانىڭ سانائەت ۋە مەدەنىيەت تەسىرلىرى يېتىپ كەلدى. ئۇيغۇر ئېلى بولسا چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ چەتتىكى ھەر جەھەتتىن قالاق قالدۇرۇلغان رايونىغا ئايلانغان ئىدى.

20-ئەسىرنىڭ بېشىدا بۇ ئىككى رايوننىڭ سىياسىي ھاياتىدا ئوخشاشلا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. جۇڭگودا بولسا 1911-يىلى، چىڭ ئىمپەرىيىسى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭگو جۇمھۇرىيەت دەۋرىگە كىرگەن بولسىمۇ، بىراق ھەر قايسى رايونلار ئايرىم مىلىتارىستلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان يەرلىك خاندانلىقلىرىغا ئايلاندى. شىنجاڭ ئۆلكىسىدە گېنېرال ياڭ زېڭشىن قاتارلىق جۇڭگو مىلىتارىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلدى. قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا، 1917-يىلى پادىشاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتلاردا ياڭ زېڭشىننىڭ ««نادان قالدۇرۇپ باشقۇرۇش» سىياستى

تۆپەيلىدىن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا سانائەت، مەدەنىيەت-مائارىپ، ئىقتىساد ۋە باشقا ھەر جەھەتتىن قالاق قالدۇرۇلغان ئىدى. بۇ خىل قالاق ئىقتىسادىي ھايات، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركۈملەپ، قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا، يەنى رۇسيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلارغا بېرىپ، تىرىكچىلىك قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى، بولۇپمۇ قەشقەر تەۋەسىدىن قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۈملىدىن پەرغانە ۋادىسىغا ۋە يەتتە سۇغا بېرىپ، مەدىكارچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، كاسىپلىق ۋە تىجارەت قىلىدىغانلارنىڭ ھەتتا زاۋۇت-فابرىكىلاردا ئەرزان ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە ئىشلەيدىغانلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئاشتى.

شۇ يىللاردا قەشقەر تەۋەسىدىكى ھەر بىر ئائىلىدىن كەم دېگەندەك بىرەر ئادەمنىڭ رۇسىيىگە بېرىپ ئىشلەش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن ئىدى[6]. ئۇيغۇرلار پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ جايلارنى، قىسقىسى پۈتۈن ئۆزبېكىستاننى قىسقارتىپ، « ئەنجان» دەپلا ئاتايتتى. بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدەملىرى تاشكەنتتىن تارتىپ يىراق ياۋروپا شەھەرلىرى ھەتتا موسكۋا، قازان، ئورېنبۇرگ، سانكتپېتىربۇرگقىچە يېتىپ بېرىپ، مەلۇم ساندىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى شۇ جايلاردىكى زاۋۇت، كارخانا قاتارلىق جايلاردا قارا خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

20-ئەسىرنىڭ بېشىدىن تاكى 20-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە تەخمىنەن 30 يىل داۋاملاشقان بۇ جەرياندا يەنە كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار ( قەشقەرلىكلەر) پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي تۈركىستان رايونىدا يەرلىشىپ قالدى.

بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلاردا يەرلىشىپ قېلىشى تاكى 1920-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملاشتى.

### 5-قېتىملىق كۆچۈش باسقۇچى ( 1954-1963-يىللىرى)

ئۇيغۇرلارنىڭ بەشىنچى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش دولقۇنى 20-ئەسىرنىڭ 50-60-يىللىرىدا قوزغالدى. بۇ كۆچۈشنىڭ سەۋەب ئامىللىرى يەنىلا ئالدى بىلەن سىياسىي، مىللەت ۋە ئىقتىسادىي ھەم مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ دەۋردىكى كۆچۈش ئىككى خىل تۈس ئالدى، بىرى رەسمىي سوۋېت پۇقرالىقى پاسپورتى بىلەن ئائىلىۋى ھالدا كۆچۈش، بۇ قەدەم-قەدەم ۋە ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشتى. يەنە بىرى ئاممىۋى يوسۇندا چېگرىدىن قېچىپ ئۆتۈش بولۇپ، بۇ 1962-يىلى يۈز بەردى. بۇ كۆچۈشكە 9 ناھىيىنىڭ ئادەملىرى قاتناشقان بولۇپ، جۈڭگو تەرەپ 60 مىڭ ئادەمنىڭ

سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكنى، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۇيغۇر ۋە قازاقلار ئىكەنلىكنى قەيت قىلىدۇ.
بىراق رۇس مەنبەلىرى 1962-يىلى، 66 مىڭ 500 ئادەمنىڭ قانۇنسىز ھالدا سوۋېت-جۇڭگو چېگرىسىدىن ئۆتكەنلىكنى، 1963-يىلى، ماي ئېيىدا بولسا، يەنە 46 مىڭ ئادەمنىڭ شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمىنىڭ قازاقىستانغا ئورۇنلاشقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ(6). جۇڭگو مەنبەلىرى 1954-1962-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ پاسپورت ۋە قېچىش ئۇسۇلى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكنى قەيت قىلغان بولۇپ، جۇڭگو مۇتەخەسسى لى دەنخۇينىڭ كۆرسىتىشىچە، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئېنىق سانلىق مەلۇماتىغا تايانغاندا، 1954-يىلدىن 1959-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا 86890 سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرى ۋە ئۇلارنىڭ 45983 نەپەر ئائىلە -تاۋئىئاباتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇلدى. 1960-يىلدىن 1962-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە 8559 نەپەر سوۋېت مۇھاجىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىدىن 20907 نەپەر ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇلغان بولۇپ، بۇلاردىن باشقا يەنە ھەر خىل سوۋېت ھۆججەتلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلەرمۇ بار.

.[7]يەنە باشقا جۇڭگو مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، 1954-1963-يىللىرىغىچە بولغان 9 يىل ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭدىن جەمئىي 198468 ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا رۇسلار 18.8% نى ئىگىلىگەن، يەنى 18800 ئادەم بولغان(8). قالغانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئەلۋەتتە يەنە قازاقلارمۇ مۇھىم سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ شۇنىڭدەك يەنە بۇلارنىڭ ئىچىدە تاتارلار، ئۆزبېكلەر، قىرغىزلار ۋە باشقا خەلقلەرمۇ بار.

ئەگەر مەزكۇر قانۇنلۇق قايتۇرۇلغان 198 مىڭ ئادەمگە 66 مىڭ ھۆججەتسىز ھالدا چېگرىدىن قاچقانلارنى قوشقاندا، 1954-يىلدىن 1963-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلەرنىڭ سانى 260 مىڭدىن ئارتۇق بولىدۇ. ئەمما بۇ ھەقتە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۈرلۈك ئۆچۈرلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ك ب گ سىنىڭ مەخسۇس شىنجاڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىمى، پولكوۋنىك توقان يۇسۇباقۇن يۇسۇباقۇنوفنىڭ ئۆچۈر بېرىشىچە، 1955-1963-يىللىرى ئارىسىدا شىنجاڭدىن جەمئىي بىر مىليون ئادەم ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە كوچۈپ كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار كوپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ.

## 3 .كۆچۈشلەردىكى ئاساسلىق سەۋەب-ئامىللار

1759-1760- يىللىرىدىن تارتىپ تاكى 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كۆچۈش كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەب ۋە ئامىللار ھەر خىل بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭدىكى ئاساسلىق ئامىل رايوننىڭ سىياسىي ھاياتى، يەنى يەرلىك خەلقلەرنىڭ مىللىي ۋە دىنىي ئەركىنلىك غايىسى ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆرۈنۈشلىرى بىلەن رايوننى بېسىۋالغان تاشقى كۈچلەرنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باستۇرۇشى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتىن ئىبارەت ئىدى. بەلكى، 18-ئەسىردە چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنلىرى بۇ رايونغا بېسىپ كەلمىگەن بولسا، 18-19 ئەسىردىكى بۇنداق كۆچۈشلەر بولمىغان بولار ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي كۈرەشلىرى ئۆز مەقسىتىگە يېتىپ، بۇ جايدا بىر ئايرىم ھاكىمىيەت قۇرۇلغان بولسا، بەلكى 20-ئەسىرنىڭ 50-60-يىللىرىدىكى كۆچۈشلەر بولمىغان بولار ئىدى.

18-19-ئەسىرلەردىكى كۆچۈشلەر بىلەن 20-ئەسىردىكى كۆچۈشلەردە ئورتاقلىق ھەم قىسمەن پەرقلىق ئۆزگىچىلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ، بۇنى ئىككىگە بولۇپ تەھلىل قىلىشىمىز مۇمكىن:

### 1. 18-19-ئەسىرلەردىكى كۆچۈشنىڭ خاراكتېرلىق سەۋەب-ئامىللىرى

ئومۇمەن قىلىپ، ئېيتقاندا 18-19-ئەسىردىكى كۆچۈشلەر ھەر بىر قېتىملىق چىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇبىيىتى نەتىجىسىدە چىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشى ۋە جازالىشىدىن ساقلىنىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، يەنە بىرى خوجىلارنىڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭغا قاتناشقان ھەمدە خوجىلارغا سادىق ئاھالىلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىز بۇ يەردە بۇ خىل مەسىلىلەرنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن كۆرسىتىشكە تىرىشىمىز:

مەلۇمكى، 19-ئەسىردىكى كۆچۈشلەردە مانجۇ-چىنلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىشىدىن ئەنسىرەش ئامىلىنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقى، 1881-1883-يىللىرى ئارىسىدا رۇسىيە تەۋەسىدىكى يەتتەسۇغا كۆچكەن تارانچى ئۇيغۇرلىرىدا ئېنىق بولغان. ئەنە شۇ تارانچىلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن ھەمدە ئۇلار بىلەن كۆپ سۆھبەتلەردە بولغان رۇسىيە تارىخچىسى رومىيانسېۋ تارانچىلارنىڭ چىنگە قايتۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، چىنلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقۇپ رۇسىيە تەۋەسىدىكى جايلارغا كۆچۈش يولىنى تاللىغانلىقىنى بايان قىلدۇ[8]. ئۇنىڭ يېزىشىچە، ئىلىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلىدىكى تارانچىلار ۋە باشقا خەلقلەر ئارىسىدا قورقۇنۇچ ۋە ئەندىشە ھەم پانىكلار كۆتۈرۈلگەن ھەمدە تارانچىلار يېزا-يېزا

بويىچە كۆچكەن، ئىلدىن كۆچكەن بۇ ئاھالىلارنىڭ سوتسىيال تەركىبى شەھەر ئاھالىلىرى، سودىگەرلەر، قول-ھۈنەرۋەنلەر ۋە دېھقان يېزا ئاھالىلىرى ئىدى [9].

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭ ۋە قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى قانلىق باستۇرغانلىقى، قوزغىلاڭغا قاتناشقان خەلقتىن رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىش بىلەن ئۆچ ئالغانلىقى ئاھالىلاردا ھامان قورقۇنچ پەيدا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوشنا پەرغانە ۋە باشقا جايلارغا قېچىش ۋە كېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ 1759-1765-يىللىرىدا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرى ھەمدە 1816-1878-يىلغىچە بولغان قارشىلىقلارنى باستۇرۇش جەريانلىرىدا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرى ھەققىدە ئېنىق سانلىق مەلۇمات ئىگىلەش قىيىن، ئەمما چىنلەرنىڭ قوزغىلاڭچىلارنى قىرغىن قىلغانلىقى ھەقىقەت. جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، 1765-يىلدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدا چىڭ سۇلالىسى ئەنە شۇنداق قىرغىن قىلىش سىياسىتى يۈرگۈزگەن بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار 6 ئايغىچە شەھەرنى مۇداپىئە قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. چىڭ سۇلالىسى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىلدىن بىر تۈمەن كىشىلىك قوشۇن يۆتكەپ كەلگەن ھەتتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «ئۇچتۇرپان ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرمۇ ئۇرۇقىنى قالدۇرماي، ئۇلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ يوقىتىش كېرەك» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى [10]. ئەنە شۇ بۇيرۇق بويىچە قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدىكى 2300 نەپەر ئۇيغۇر قوزغىلاڭچى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلانغان [11]. چىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن خەلق ئۈستىدىن قانلىق چوڭ قىرغىنچىلىق قىلىپ[12]، قورامىغا يەتكەن ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى قىرىپ تاشلىغان [13]، ئاجىز ياشانغانلار، ئاياللار ھەم بالىلار كوللېكتىپ ھالدا تۇتقۇن قىلىنىپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان [14]. ياش ئاياللارنىڭ بىر قىسمى مەجبۇرىي تۈردە چېرىكلەرگە خوتۇنلۇققا بېرىلگەن. نەتىجىدە 20 مىڭ نوپۇسلۇق ئۇچتۇرپان ئادەمسىز قالدۇرۇلۇپ، كېيىن ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن ۋە يەركەندىن ئىبارەت توت شەھەردىن 500 ئائىلە كۆچۈرۈپ كېلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان [15].

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدىمۇ يەنە كەڭ كۆلەملىك قىرغىن قىلغان بولۇپ، جاھانگىر خوجا 1820-يىلى، 1824-يىلى، 1826-يىلى، ئۈچ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى چىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئالدىنقى قېتىملىق ھەرىكەتلەردە غەلىبە قازىنالماي، ئۇنىڭ قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن نۇرغۇن كىشىلەر قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. ئەمما، 1826-يىلى، ئىيۇلدىكى قوزغىلاڭ غەلىبە قىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەر، يەركەنت، يېڭىسار ۋە خوتەن قاتارلىق جايلارغىچە بولغان رايونلاردىكى چىڭ قوشۇنلىرى يوقىتىلىپ، بۇ رايونلاردىكى خەلقلەر ئومۇمىي يۈزلۈك جاھانگىر خوجىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ

سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى. ئىراق، بۇ ۋاقىتتا چىڭ ھۆكۈمىتى جاھانگىر قوزغىلىڭىنى تىنجىتىش ئۈچۈن پۈتۈن ئەسكىرى كۈچىنى ئاقسۇغا توپلىغان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ 40 مىڭغا يېقىن مۇنتىزىم قوشۇنى بىلەن جاھانگىر خوجا قوزغىلاڭچىلىرى ئارىسىدا ئاقسۇ شەھىرى يېنىدىكى قۇمباش، ئۈچتۇرپان، كەلپىن قاتارلىق جايلاردا ئارقىمۇ-ئارقىدىن بىر قاتار ئۇرۇشلار بولدى. چىڭ ئىمپېرىيىسى قوزغىلاڭنى تىنجىتىش ئۈچۈن ئەڭ ۋەھشىي قىرغىنچىلىق چارىسى قوللانغان بولۇپ، جاھانگىر خوجىنى قوللىغان ۋە ياكى ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى «ئىغىرىلار» دەپ جاكارلاپ، قاتتىق قىرغىنچىلىق قىلىپ جازالاش ئارقىلىق ۋەزىيەتنى تىنجىتماقچى بولدى. چىڭ قوشۇنلىرى 1826-يىلى، 9-ئايدىن تاكى 1828-يىلىنىڭ بېشىغىچە بولغان بىر قاتار ئۇرۇشلار جەريانىدا قوزغىلاڭچىلار ئۈستىدىن بىر قاتار دەھشەتلىك ۋە كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. مەسىلەن، 1826-يىلى، 23-سېنتەبىر كۈنىدە قۇمباش ئەتراپىدىكى ئۇرۇش جەريانىدا 1000 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى ۋە پۇقرالارنى قىرىپ تاشلىدى. 11-ئايدا كەلپىن ئەتراپىغا ھۇجۇم قوزغاپ، 3000 دىن ئارتۇق ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى. چىڭ قوشۇنلىرى 1827-يىلى، 3-ئايدا قەشقەرگە ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاپ، يېڭىئېرىق، بارچۇق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا كەلگەندە يەنە 3000 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى ئاممىنى قىرىپ تاشلىدى. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ جاھانگىر غوجا قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدا قوزغىلاڭچىلارنى قىرغىن قىلىشىغا ئائىت سانلىق ئۇچۇرلارنى ۋە بەزى ئەھۋاللارنى ھازىرقى زامان تارىخىي كىتابى «شىنجاڭ قىسقىچە تارىخى» ھەمدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ رەسمىي تارىخىي ھۆججەتلىرى توپلىمى ھېسابلىنىدىغان «چىڭ شىلۇ» دىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

»شىنجاڭ قىسقىچە تارىخى» دا چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ جاھانگىر غوجىغا ئەگەشكەنلەرنى قانداق قىرغىن قىلغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇرلار كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 1827-يىلى، 20-مارت كۈنى چىڭ قوشۇنلىرى جاھانگىر خوجىنىڭ قوشۇنلىرى ئورۇنلاشقان يېزىسىغا ئۈچ يول بىلەن باستۇرۇپ كىردى ھەم ئارقىدىنلا پەيزىۋاتقا ھۇجۇم قىلىپ، پەيزىۋات تەۋەسىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى ھەمدە 2500 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتقۇن قىلدى. «چىڭ شىلۇ» دىكى ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، پەيزىۋاتتىكى يېڭىئاۋات يېزىسىغا جاھانگىر خوجىنىڭ قوزغىلاڭچىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، 100 مىڭ ئەتراپىدا ئادەم ئورۇنلاشقان بولۇپ، چىڭ قوشۇنلىرى بۇ يەرگە ھۇجۇم قوزغاپ، زەمبىرەكلەرنى ئىشقا سېلىپ، قاتتىق قارشىلىقلارنى بويسۇندۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلاردىن 40-50 مىڭ ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى(16). چىڭ قوشۇنلىرى ئارقىدىن يەنە ياندىما قاتارلىق جايلاردىمۇ قىرغىن قىلدى.

چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەر كونا شەھىرى ۋە قوزغىلاڭچىلار قولىدىكى مانجۇ شەھىرىنى ئىگىلەش ئۇرۇشى جەريانىدىمۇ ئەنە شۇنداق قىرغىنچىلىق قىلىش ئۇسۇلى قوللانغان بولۇپ، جۇڭگو مەنبەلىرى

چىك قوشۇنلىرىنىڭ 1827-يىلى، 26-27-مارت كۈنلىرى قەشقەرنى ئېلىش ئۇرۇشى جەريانىدىلا 60 مىڭ ئادەمنى قىرىپ تاشلىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. چىك قوشۇنلىرىنىڭ خوتەننى ئېلىش ئۇرۇشمۇ ئەنە شۇنداق قىرغىنچىلىق بولدى. خوتەن ئۇرۇشى جەريانىدا 2000 دىن ئارتۇق ئادەم چىك قوشۇنىنىڭ قولىدا ئۆلدى.

چىك سۇلالىسى هۆكۈمىتى قوزغىلاڭغا قاتناشقان، ياكى قوللىغان ۋە ياكى ئاق تاغلىقلار مەزهىپىگە مەنسۇپ هەم بۇ مەزهەپتىكى خوجىلارنى قوللىغانلارغا نىسبەتەن قاتتىق قول جازالاش چارىسى قوللانغان بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە قارا تاغلىقلار مەزهىپىگە مەنسۇپ كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۇلارنى قوراللاندۇرۇپ، چىك سۇلالىسىگە قارشى تۇرغۇچىلارغا قارشى قويدى. چىك سۇلالىسى ئىزچىل تۈردە ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلانغان بولۇپ، چىك هۆكۈمىتىگە قارشى مەيداندىكى ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشتا قارا تاغلىقلاردىن تۈرلۈك شەكىلدە پايدىلانغان ئىدى. قارا تاغلىقلار قوزغىلاڭغا قاتنىشىشتىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇلارنىڭ بەزى خوجىلىرى ۋە بەگلىرى ئاستىرتتىن چىك قوشۇنلىرى بىلەن هەمكارلاشتى ۋە چىك قوشۇنلىرىنى ئاق تاغلىق قوزغىلاڭچىلار هەققىدە ئۇچۇر يەتكۈزۈش، چىك قوشۇنلىرىنى ئاشلىق، يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلەش ۋە هەتتا ئۇلار تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشىش يولىنى تۇتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ قىرغىنچىلىقتىن ئامان قېلىشى تەبىئىي ئىدى.

جۇڭگو مەنبەلىرىدە كۆرستىلگەن ئەشۇ سانلىق مەلۇماتلارنى جەملىگەندە چىك قوشۇنلىرىنىڭ جاهانگىر خوجا قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدا، يەنى 1820-يىلدىن 1828-يىللىغىچە بولغان ئارىلىقتا چىك قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا ئۆلگەن ئادەمنىڭ سانى ئاز دېگەندە 110 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ چىقىدۇ. يارىدار قىلىنغان، تۈرمىلەرگە تاشلانغان ۋە كېيىن جازالانغانلارنىڭ سانى بۇ يەردە ئېنىق ئەمەس. «چىك شىلۇ» دىمۇ چىك قوشۇنلىرىنىڭ قۇمباشتىن هۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىلگىرى-كېيىن يىگىرمىئاۋات، شاپتۇل قاتارلىق جايلاردىلا 100 مىڭدىن ئارتۇق توپىلاڭچىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر قانچە مىڭنى تۇتقانلىقى هەم قارشىلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ (17.(
ئۇيغۇر مەنبەلىرىدىمۇ بەزى ئۇچۇرلار قالدۇرۇلغان بولۇپ، موللا مۇسا سايرامى مۇنداق مەلۇمات قالدۇرىدۇ:

»جاهانگىر خوجا قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، چىك چېرىكلىرى جاهانگىر خوجا دەۋرىدە قەشقەردە مەنسەپ تۇتقان ياكى خىزمەت قىلغان كىشىلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى، يەر-مۈلۈكلىرىنى ۋە چارۋا-ماللىرىنى ئولجا ئالغاندىن تاشقىرى 10 مىڭدىن ئارتۇق

ئوغۇل-قىز، كىچىك بالىلارنى ئولجا ۋە ئەسىر قىلىپ، بۇ تەرىپى ئىلى، ئۇ تەرىپى لەنجۇغىچە ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگولارنىڭ ئىشلىتىپ خىزمەتكە سېلىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى» [18]. ئۇ، يەنە بۇ ئىشتىن كېيىن قوقان خانىنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن چىڭ خانى يارلىق چۈشۈرۈپ، ئولجا ئېلىنغان بۇ بالىلار ۋە ئاياللارنى يۇرتلىرىغا قايتۇرغانلىقى، لېكىن نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ بۇ ئارىدا چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىگە خوتۇنلۇققا تۇتۇلۇپ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىك بولغانلىقى ھەم بالىلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى يازىدۇ [19].

بەلكى، مۇسا سايرامىنىڭ بۇ مەلۇماتى 1830-يىلى، قوقان خانلىقى بىلەن چىڭ ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلۈپ، قوقانلىكلەرنىڭ قەشقەردە زور سودا ۋە ئىقتىسادىي ئىمتىيازغا ئىگە بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن باغلىنىشلىق بولسا كېرەك.

مۇھەممەد ئاتىف ئۆزىنىڭ «تارىخىي كاشغەر» ناملىق كىتابىدا 1847-يىلىدىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشتا چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ۋەھشىلىكلىرىنىڭ شۇ قېتىملىق كۆچۈشكە سەۋەب بولغانلىقى ھەمدە كۆچۈشنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرغان بولۇپ، قەشقەر ئاھالىلىرىنىڭ «چىنلىقلار كېلىدىغان خەۋپ ۋە ۋەھشىيەتلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن قىشنىڭ سوغۇقلىرى ۋە يوللارنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي قوقانغە كۆچكەنلىكى» نى كۆرسىتىدۇ. [20]

چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭنى باستۇرۇش جەريانىدىكى رەھىمسىزلىكلىرى ۋە قوزغىلاڭ باستۇرۇلۇپ، تەرتىپ ئورنىتىلغاندىن كېيىن داۋاملىق تۈردە خوجىلار ھۆكۈمىتىدە خىزمەت قىلغان ۋە قوزغىلاڭغا قاتناشقان ھەم ئەگەشكەنلەرنى قاتتىق جازالاش تەدبىرلىرى قوللانغانلىقى، ۋەلىخان تۆرە قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەلىخاندىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە زۇلۇم سالغانلىقى چوقان ۋەلىخانوف تەرىپىدىنمۇ تەكىتلەنگەن. ئۇ، مۇنداق دەپ يازىدۇ:

»جۇڭگولۇقلار قەشقەرنى ئىگىلەپ، ۋەلىخاندىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە ئىش تۇتتى. بولۇپمۇ، ئاشلىق، چارۋا -مال، يەم-خەشەك ۋە باشقىلارنى يىغىپ بەرگەن ئەتراپتىكى يېزىلار جۇڭگولارنىڭ زەربىسىگە بەكرەك ئۇچرىدى. ھەتتا مەسچىتلەرنىڭ دەرىزە، ئىشىك ھەم خوجىلارنىڭ مازارلىرىنىڭ ياغاچ قىسىملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ زور دات-پەرياتلىرىغا قارىماي ئوتۇن قىلىپ ئىشلىتىلدى. قالماقلار مەسچىتلەرنىڭ ئىچىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتخانىسى قىلدى ھەمدە يەرلىك كىشىلەرنى سەۋەبسىز ئۇردى ھەمدە ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى.» [21].

ۋەلىخان قوزغىلىڭى باستۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەرگە كەلگەن چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئەينى

چاغدىكى ۋەزىيەت ھەققىدە بىۋاستە ئىشەنچلىك مەلۇمات توپلاشقا مۇۋەپپەق بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەشقەرگە يېڭىدىن ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەنگەن قۇتلۇقبەگ قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئادەملەرنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى ۋە باشقىلارغا ساۋاق بېرىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن. ۋەلىخانوفنىڭ بايان قىلىشىچە، قوزغىلاڭچىلارنى قوللىغان شەيخ ئاخۇن ئىسىملىك ئۇيغۇرنىڭ چوڭ ئوغلى قازى ئاخۇن تۈرمىگە تاشلىنىپ ئۇرۇپ قىيناشقا ئۇچرىغاندىن كېيىن كاللىسى ئېلىنغان، باشقا ئىككى ئوغلى بولسا قورقۇپ قوقانغا قېچىپ كەتكەن [22].

چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغالغان خەلقلەرگە قارىتىلغان يەنە بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىقى ۋە تالان-تاراج قىلىشى 1877-1878-يىللىرى زو زوڭتاڭ ۋە ليۇ جىنتاڭ قوماندانلىقىدىكى ھەربىي يۈرۈشى جەريانىدا يۈز بەردى. چىڭ قوشۇنلىرى داۋانچىڭدىن ئۆتۈپ، تاكى ياركەنت ۋە قەشقەرغىچە بولغان جايلارنى ئىشغال قىلىش جەريانىدا بىر قىسىم جايلاردا قاتتىق قارشىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ھەر بىر قېتىملىق قارشىلىق قاتتىق باستۇرۇلدى. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ دەھشەتلىك جازا يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ كۆپ ساندىكى ئاھالىسى چىڭ قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن رۇسىيە تەۋەسىگە قېچىپ ئۆتۈپ كەتتى. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوزغىلاڭغا قاتناشقانلار، بولۇپمۇ ياقۇپ بەگ ھۆكۈمىتىدە يۇقىرى خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى قاتتىق ۋە رەھىمسىز بولدى. ھەتتا ياركەنتتە ياقۇپ بەگنىڭ ئايالى، ئىككى كىچىك ياشتىكى ئوغلى ھەم ئۈچ نەۋرىسى ليۇ جىنتاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى [23].

جۇڭگو تارىخچىسى گو يىڭدېنىڭ يېزىشىچە، 1877-يىلى، ليۇ جىنتاڭ ياركەنت ۋە خوتەننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن 7450 ئادەمنى تۇتقۇن قىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 1166 ئادەم مانجۇرلارغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقانلار ئىدى. ليۇ جىنتاڭ بۇ ئادەملەرنى كوللېكتىپ قىرىپ تاشلىدى، قالغان چەتئەللىك سودىگەرلەر، دىنىي زاتلار ۋە باشقىلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى [24]. 1878-يىلى، تېخى قەشقەردىن كەتمەي يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ياقۇپ بەگنىڭ ئىلگىرى سانكتپېتېربۇرگ ۋە تاشكەنتكە ئەۋەتكەن ئەلچىسى موللا تۇراپ خوجا مەخپىي تۈردە تۈركىستان گۇبېرناتورىغا خەت ئەۋەتىپ، چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەردە ئېلىپ بېرىۋاتقان باستۇرۇش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلغان. ئۇ، خېتىدە قەشقەر، ياركەنت ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان 72 ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى مەلۇم قىلغان [25].

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى پۈتۈن قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى

بايلارنىڭ، قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ ئۆي-ماكانلىرىنى، مال-مۈلكى ۋە بايلىقلىرىنى مۇسادىرە قىلغان بولۇپ، زو زوڭتاڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ خاتىرە قالدۇرغان:

»ليۇ جىنتاڭ قوشۇنلىرى قەشقەرنى ئىشغال قىلىش ۋاقتىدا شەھەرنىڭ زور كۆپچىلىك ئاھالىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۆي-ماكانلىرى، بايلىقلىرى ۋە قىممەت باھالىق ئۈنچە-مارجانلىرىنى تاشلاپ چەتئەلگە، رۇسىيىگە قېچىپ كەتكەن ۋە بۇلار ليۇ جىنتاڭ تەرىپىدىن يىغىۋېلىندى. بۇلارنىڭ قىممىتى 70153 لياڭ (سەر) كۈمۈشكە باۋارەر. سابىق توپىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ بايلىقلىرىنى مۇسادىرە قىلىندى. بۇنىڭ قىممىتى 4827 سەر كۈمۈشكە تەڭ» [26].

زو زوڭتاڭ ۋە ليۇ جىنتاڭ قوماندانلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، بۇ ئۆلكىنى قايتىدىن ئىشغال قىلىش جەريانىدا تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللانغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۈنۈملۈك بىرى ياقۇپ بەگنىڭ پەرغانىلىقلارنى مۇھىم باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قويۇپ، يەرلىكلەرگە نىسبەتەن ھاكىمىيەتتىن يىراقلاشتۇرۇش سىياسىتى قوللىنىشىدىن پايدىلىنىپ، ياقۇپ بەگكە نارازىلىقى بار بىر قىسىم يەرلىك بەگلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق ياقۇپ بەگنى ئۆلتۈرۈش ھەمدە قەشقەرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش ئىختىلاپلىرى ۋە پەرغانىلىقلارنىڭ كۆپ ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ، يەرلىك بەگلەرنى چەتكە قېقىش قاتارلىق تەرەپلەر بۇ دۆلەتنىڭ يوقىلىشىدىكى ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ جازا يۈرۈشى جەريانىدا ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ھامان يىمىرىلىشىنى كۆرگەن قەشقەرىيە يەرلىك ئاھالىلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم پۇرسەتپەرەس بەگلەر، سودىگەرلەر ھەم باشقىلار ئۆز ھاياتىنى ۋە مال-مۈلكىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن چىڭ قوشۇنلىرىغا ئالدىدا بەيئەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ماسلاشتى. بىراق، بۇ ئومۇمىي يۈزلۈك ئەھۋال ئەمەس بولۇپ، يەنىلا ئومۇمىي خەلق ئۆز مۇستەقىل ھاكىمىيىتى بولغان يەتتە شەھەر دۆلىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى ۋە ياكى سۈكۈت قىلىش ئۇسۇلى قوللاندى. بەزىلىرى بولسا ۋەتىنىنى تاشلاپ كېتىش يولىنى تاللىدى، ئەمما 1878-يىلى پۈتۈن قەشقەرىيە ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، زو زوڭتاڭ ۋە لىئۇ جىنتاڭ گۇرۇھى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ئەپتى بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، بۇ رايوننى ئىشغال قىلىش جەريانىدا قوللانغان دەسلەپكى بەزىبىر يۇمشاقراق تاكتىكىلىرىنى ۋە چاقىرىلىقلىرىنى ئۆزگەرتتى. نەتىجىدە، بىر قىسىم جايلاردىكى خەلق قايتىدىن قارشىلىق كۆرسىتىش پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىغا ئۆتتى. پەرغانىغا كەتكەن ياقۇپ بەگنىڭ ئوغلى بەك قۇلىبەگ ۋە ھاكىمخان تۆرە قاتارلىقلار يەنە قوشۇن تەييارلاپ چېگرىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ھەرىكەتلەر قىلدى. 1879-يىلى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونىدىكى قوزغىلاڭ قاتتىق باستۇرۇلۇپ، 2000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. 1879-يىلى ۋە 1880-يىلى يەنە قوزغىلاڭلار يۈز بەرگەن بىرىپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا كەتتى [27]. ھەتتا ئەينى ۋاقىتتا

چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ياقۇپ بەگنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقان خوتەننىڭ ۋالىيسى نىياز بەگمۇ چىڭ ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈپ قارشىلىق كۆرسىتىش يولىنى تۇتتى. بىراق، ھازىرقى زامان جۇڭگو تارىخچىلىرى زو زوڭتاڭنىڭ مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا كۆز يۇمۇپ، ئۇنى «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغان قەھرىمان» دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭ شەنشىدىكى تۇڭگان مۇسۇلمانلىرىنى نەسلىدىن يوقىتىش تۈسى ئالغان ئېتنىك تازىلىشى ھەتتا خەنزۇلارنىڭ مانجۇلارغا قارشى مىللەتچىلىك قوزغىلىڭى-تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتىنى قانلىق باستۇرغانلىقىغا كۆز يۇمۇپ، ئۇنى ۋەتەنپەرۋەر سۈپىتىدە مەدھىيىلەيدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىنى پۈتۈنلەي ئاقلاپ، پەدەزلەپ، ئۇنى ئۇيغۇرلارنى ئازاد قىلغۇچى تەرىقىسىدە كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن، بىر قىسىم تارىخچىلار 18-19-ئەسىرلەردىكى خوجىلار باشچىلىقىدىكى بارلىق قوزغىلاڭلارنى قارىلاپ، بۇنى خوجىلارنىڭ «تاجاۋۇزچىلىقى» دەپ ئاتايدۇ ھەمدە خوجىلارنى «زوراۋان»، «بۇلاڭچى»، خەلقنى «مەجبۇرىي ئۆزىگە ئەگەشتۈرگەن» دەپ چۈشەندۈرۈش بىلەن چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەر قېتىملىق باستۇرۇش ئۇرۇشلىرى جەريانىدىكى ئۇيغۇرلارغا قىلغان قىرغىنچىلىقلىرىنى كۆرسەتمەي، ئۇنىڭدىن چەتنەپ ئۆتۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىش ھەرىكەتلىرىنى بولسا، خوجىلار تەرىپىدىن «مەجبۇرلانغان» دەپ تەرىپلەيدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى زامان جۇڭگو دۆلەت بىرلىكى ئىدېئولوگىيىسى نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىنغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، مانجۇلار قۇرغان چىڭ ئىمپېرىيىسى پۈتۈن جۇڭگونى بويسۇندۇرۇش جەريانى ۋە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدا ئۇزۇن مەزگىل خەنزۇلارنىڭ مانجۇرلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى داۋاملاشقان ئىدى. بۇ ۋەقەلەر ئادەتتە جۇڭگو تارىخىدا «فەن مەن يۈندوڭ» يەنى «مانجۇلارغا قارشى ھەرىكەت» دەپ ئاتىلىدۇ. جۇڭگو تارىخچىلىرى تەرىپىدىن خەنزۇلارنىڭ تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى ۋە باشقا مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىگە قارشى بۇ ھەرىكەتلىرى بولسا، ۋەتەنپەرۋەرلىك دەپ چۈشەندۈرىلىدۇ، بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق ۋە ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ھەرىكەتلىرى بولسا قارىلىنىدۇ. ئەمەلىي تارىخى رېئاللىقتىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار، تۇڭگانلار ۋە باشقا مىللەتلەر خۇددى خەنزۇلارغا ئوخشاشلا مەنچىڭ خاندانلىقى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغۇچىلار بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئوخشاش ئىدى. لېكىن، مانجۇلار پۈتۈن ئىمپېرىيىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن خەنزۇ يۇقىرى تەبىقە گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇلارنى دۆلەتنى ھەربىي-سىياسىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن ئىدارە قىلىشقا قاتناشتۇردى. خەنزۇلار، تۇڭگانلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىنىڭ ھەممىسىنى باستۇرۇشتا ئەشۇ گۇرۇھ ئاكتىپ رول ئوينىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، 1759-1760-يىللىرىدىن تاكى 1954-1963-يىلىغىچە بولغان ئىككى ئەسىر تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈشلىرى دائىم كەڭ كۆلەملىك تۈس ئالغان بولۇپ، ئومۇمىي نۇقتىدىن ئالغاندا، بۇ جەرياندىكى كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلەر ھەر 20-60 يىلدا بىر قېتىم يۈز بەرگەن. مەسىلەن، 1759-1760-يىللىرىدىكى كۆچۈشتىن، 60 يىللار ئۆتۈپ، 1816-1880-يىللىرىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن، 30-40 يىللار ئۆتۈپ، 20-ئەسىرنىڭباشلىرىدا ۋە يەنە 30-40 يىللار ئۆتۈپ، 1950-60 يىللاردا يۈز بەردى.

بۇ ئىككى ئەسىر ئىچىدە ئەڭ زور كۆچۈشلەر 1816-1882-يىللىرى ئارىسىدا كۆپ قېتىم يۈز بەردى. ھەتتا بۇ جەرياندا ھەر بىر قانچە يىل، ئون نەچچە يىللار ئىچىدە بىر قېتىمدىن تەكرار يۈز بەردى. شۇ ۋاقىتلاردىكى كۆچۈشنىڭ قېتىم سانىنىڭ كۆپ بولۇشىدىن قاراپ تۇرۇپ، 19-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن 80-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىق پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتەسۇدا ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپەيگەن باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ يەرلەشكەن بىر قىسىم قەشقەرىيلىك ئەرلەرنىڭ تەكرار ئۆزلىرىنىڭ خوجىلىرىغا ئەگىشىپ، قايتىدىن ئانا ۋەتىنى قەشقەرىيىنى مانجۇلاردىن قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ، ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەرغانە ۋادىسىغا يەرلەشكەن قەشقەرىيلىكلەرنىڭ كۆپلەپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات يوق.

## 2. 20-ئەسىردىكى كۆچۈشلەرنىڭ سەۋەب-ئامىللىرى

يۇقىرىدا قەيت قىلغاندەك، 18-19-ئەسىرلەردىكى كۆچۈشلەردە چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ باستۇرۇشىدىن ساقلىنىش خەۋپى بولغان بولسا، 20-ئەسىردىكى كۆچۈش قويۇق سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا قوشنا پەرغانە ۋادىسىدا يەرلىشىپ قېلىشىدا ھەممە ئىككىنچى يېرىمىدىكى كۆچۈش ھەرىكىتىدە ئاساسلىق تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئامىلنى نەزەرگە ئېلىش لازىم.

بىرىنچى ئامىل، بۇ رايونلاردا ئىلگىرىدىنلا يەرلىشىپ بولغان بىر قانچە ئەۋلاد زور ساندا ئۇيغۇرلار ۋە

ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ، يەرلىك ئاھالىلار بىلەن بولغان نىسبەتتە مەلۇم سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى.

ئىككىنچى ئامىل. ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئامىلى. بۇ رايوننىڭ چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسى تەركىبىدە بولۇش بىلەن سودا-ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە سانائەت جەھەتلەردىن ئۇيغۇر ئېلىغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىلغار ۋە راۋاجلانغان بولۇشى.

بولۇپمۇ، 1918-يىلىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن ئۆزگىرىشلەر. بولۇپمۇ مەدەنىيەت- مائارىپ جەھەتلەردىكى كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلار.

ئۈچىنچى ئامىل. سىياسىي ۋە ئىدىئولوگىيە ۋە مىللەتپەرۋەرلىك.

1917-يىلىدىكى فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ئاتموسفېراسىدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. رايوندا مۇستەقىللىق، ئىسلامى گۈللىنىش، تۈركچىلىك، كوممۇنىزم قاتارلىق يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئېپادىسىنى تاپتى.

بولۇپمۇ، گراژدانلار ئۇرۇشى مەزگىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ مىللىي چېگرىلارنى ۋە مىللىي مەمۇرىي چېگرىلارنى ئايرىش ھەم بېكىتىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئايرىم مىللەت ھەم مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى ھەمدە ئايرىم ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىدىيىلىرى دۇنياغا كەلدى.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، كوممۇنىستلىرى ۋە مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ «قەشقەرىيە-جۇڭغارىيە ئىشچى دېھقانلار ئىتتىپاقى» دەپ ئاتالغان تەشكىلاتى 1921-يىلى 4-ئىيۇندا تاشكەنتتە تۇنجى قېتىم قۇرۇلتاي چاقىرىپ، بۇ نامىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى» دېگەن نام ئاستىدىكى تەشكىلاتنى قۇردى. بۇلارنىڭ تۈپ سىياسىي شۇئارى، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە «ئۇيغۇرىستان» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار قەشقەرلىك ۋە تارانچى دەپ ئاتالغان ئاھالىلارنىڭ ئايرىم خەلق ئەمەس بەلكى ئەسلى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن كۆچۈپ چىققان بىر خەلق — ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ، ئۇلارغا ئورتاق ئۇيغۇر نامىنى بېكىتىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ پروگراممىلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قوشنا شىنجاڭدىكى جۇڭگو مىلىتارىست ھاكىمىيىتىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۇ يەردىكى ئەمگەكچى

خەلقلەرنىڭ مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار گېزىت ۋە مەبۇئاتلارنى پەيدا قىلىپ، كەڭ تەشۋىقاتلارنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا كۆپ ساندىكى قەشقەرىيىدىن كۆچۈپ چىققان خەلقلەر بۇ ھەرىكەتلەرگە قوشۇلدى ۋە قوللىدى. دېمەك ئەنە شۇنداق خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلغانلىقى ۋە قوللىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا قايتىپ بارسا، مىللەتارستلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرىشى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۆز تۇپراقلىرىدا دۇچ كېلىۋاتقان قالاق ۋە مۇستەبىت ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈمنى كۆرۈشنى خالىمىغانلىقىدىن بۇ جايلارغا يەرلىشىش يولىنى تاللىغان.

مەلۇمكى، 1931-يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭى يۈز بېرىپ، 1933-يىلى، 12-نويابىردا قەشقەردە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ھۆكۈمەتنى قوللىماي، خەنزۇ مىللەتارستى شېڭ شىسەينى قوللاپ، سوۋېتپەرەس ئۆلكە ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ئۆلكىگە مەدەنىيەت-مائارىپ، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردىن كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ھال ئۆلكىنىڭ سوۋېت مودېلىدىكى مەدەنىيەت-مائارىپىنىڭ راۋاجلىنىش مەنزىرىسىنى ياراتتى. بارلىق دەرسلىك ماتېرىياللىرى ئاساسەن دېگۈدەك، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىپ كېلىندى. كۆپلىگەن ئۇيغۇر ياشلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ مائارىپ تەربىيىسى كۆرۈپ قايتىپ كەلدى.

1944-يىلغا كەلگەندە ئىككىنچى قېتىملىق مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى بولۇپ، غۇلجىدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلدى. مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى تاكى 1949-يىلى، جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭنى ئىگىلىگەنگە قەدەر داۋاملاشتى. ئىلى، چۆچەك ۋە ئالتاي قاتارلىق ئازاد ئۈچ ۋىلايەت ھەممە ئۆلكىنىڭ باشقا جايلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر خىل تەسىرى ئاستىدا بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى 1946-يىلدىن كېيىن شىنجاڭدا سوۋېت پۇقرالىقىغا قوبۇل قىلىش ئېلىپ بېرىپ، زور ساندا كىشىلەرگە سوۋېت پاسپورى تارقاتتى.

1949-يىلدىن كېيىن، ئۆلكىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا بولۇشىدىن كېيىن كېلىپ چىققان بىر قاتار، سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەر، مىللەتپەرۋەرلىككە زەربە بېرىش ھەممە سىياسىي كۈرەشلەر شۇنىڭدەك يەنە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېغىر چېكىنىش ۋە باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر ئۇيغۇرلارنىڭ 1955-يىلدىن تاكى 1962-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا رەسمىي ھۆججەتلەر بىلەن سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىغا كۆچۈشى، 1962-يىلى، ماي ئېيىدا كەڭ كۆلەمدە، ئاممىۋى يوسۇندا چېگرىدىن قېچىپ ئۆتۈشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## 4.پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس مەسىلىسى

بىز يۇقىرىدا قەيت قىلغاندەك بەش قېتىملىق كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشنىڭ پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى تەبئىي. بۇ خىل ئۈزلۈكسىز كۆچۈش بۇ رايونلاردىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ سۈنئىي يوسۇندا كۆپىيىش رولىنى ئوينايدۇ. ئەسلىدىن بار بولغان كۆچمەن ئاھالىلارنىڭ تەبئىي كۆپىيىشى بىلەن يېڭىدىن كەلگەن توپلۇقلارنىڭ قوشۇلۇشى ھەمدە بۇ خىل ئەھۋالنىڭ تەكرارلىنىشى پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپەيتىدىغان مۇھىم ئامىللار ھېسابلىنىدۇ.

پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ 19-ئەسىردىلا زور سانىنى ئىگىلەپ، پەرغانە ئاھالىسىنىڭ مۇھىم سالمىقىنى تەشكىل قىلغانلىقى ھەققىدە ئۈچ خىل مەلۇمات مەۋجۇت. بۇلار : 1) تارىخىي مەنبەلەر. 2) مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مەنبەلەر بويىچە ئوتتۇرىغا قويغان سانلىق مەلۇماتلىرى. 3) دەسلەپكى سابىق سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىگەن سانلىق ئۇچۇرلىرى. مەن بۇ نۇقتىنى ئەنە شۇ ئۈچ تەرەپتىن ئوتتۇرىغا قويىمەن:

(1) تارىخىي مەنبەلەر بويىچە پەرغانە ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇسى

-1759-1760يىلىدا زادى قانچىلىك ئادەم كۆچكەنلىكى ھەققىدە كۆپ مەلۇماتلار يوق. بىراق، سىرگېيي ئاباشىن مەنبەلەر بويىچە بۇ ۋاقىتتا 12 مىڭ ئائىلە قەشقەرلىك ۋە قالماقنىڭ كۆچكەنلىكى، بۇلارنىڭ 9 مىڭ ئائىلىسىنىڭ پەرغانىغا، ئۈچ مىڭ ئائىلىسىنىڭ بەدەخشاننىڭ پەيزاباد رايونىغا كۆچكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. بۇ 9 مىڭ ئائىلە، يەنى تەخمىنەن 40 مىڭ ئادەمنىڭ قەشقەرلىك ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ[31]. بۇنداق كۆچۈش ئىزچىل داۋاملىشىۋەرگەن بولۇپ، بۇرۇن بەلكى ئامىۋى تۈس ئالغان بولسا، كېيىنكى ئۆزۈن يىللار جەريانىدا ئايرىم -ئايرىم ھالدا كۆچۈش داۋاملاشقان. يۈسۈپ خوجىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭغا قاتناشقان مىرزا شەمسى بۇخارىنىڭ مەلۇماتى بويىچە ئالغاندا، 1830-يىلى قوقەنت قوشۇنلىرى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىشنىڭ ئالدىدا قوقەنتتە 10 مىڭدىن 12 مىڭغىچە قەشقەرلىك بولغان[32]. 1830-يىلى، يۈسۈپ خوجا قوزغىلىڭى مانجۇلار تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندا 70 مىڭ ئادەم قەشقەردىن پەرغانىغا كۆچۈپ بېرىپ، سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى خوجەنت ۋە تاشكەنتتىن يىراق بولمىغان جايلارغا ئورۇنلاشقان.[33] بۇ ھەقتە جۇڭگو تارىخچىلىرىمۇ جۇڭگو مەنبەلىرىگە تايىنىپ مەلۇمات قالدۇرغان بولۇپ، جۇڭگو تارىخچىسى لىيۇ فېڭشۇ 1936-يىلى ئېلان قىلغان ماقالىسىدە يۈسۈپ خوجا

قوزغىلىڭدىن كېيىن، ئاق تاغلىقلاردىن 60-70 مىڭ ئادەمنىڭ قوقەنتكە كەتكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ[34].

چوقان ۋەلىخانوفنىڭ مەلۇماتىدىكى 70 مىڭ ۋە مىرزا شەمسى بۇخارىنىڭ مەلۇماتىدىكى 10 مىڭدىن 12 مىڭغىچە بولغان سانىنى قوشقىنىمىزدا، بۇ چاغلاردا پەرغانە ۋادىسىدىكى قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ سانى 80 مىڭدىن ئارتۇق بولىدۇ.

1847-يىلى، يەتتە خوجا قوزغىلىڭى مانجۇر قوشۇنلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندا، قەشقەر تەۋەسىدىن يەنە 20 مىڭ ئادەم مانجۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ پەرغانىغا قاچتى[35]. كروپاتكىن بولسا 100 مىڭ ئادەم ھەققىدىكى ئۇچۇرنى بېرىدۇ [36]. جۇڭگو تارىخچىسى سېڭ ۋېنۋۇ 1936-يىلى يازغان ئەسىرىدە بۇ قېتىمقى ئۇرۇش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر قانچە ئون مىڭ ئادەم خوجىلار بىلەن قوقەنتكە قېچىپ كەتتى دەپ مەلۇمات بېرىدۇ [37].

بۇ قېتىمقى كۆچۈش قىش مەزگىلىگە توغرا كەلگەن بولغاچقا نۇرغۇن ئادەم پامىر-ئالاي تاغلىرىدىن ئۆتكىچە ئاچلىق، قاتتىق سوغۇق ۋە قار شىۋىرغانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، توڭلاپ ئۆلگەن. كۆچكەنلەرنىڭ ئارىسىدا قېرى-چۆرىلەر، بالىلارمۇ بولۇپ، ئادەملەر ئائىلە-ئائىلە بويىچە كۆچكەن. كروپاتكىننىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ قېتىم كۆچكەنلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت قەشقەر ۋە يېڭىسىساردىن كۆچكەنلەرنىڭ سانىلا 37 مىڭ ئەتراپىدا بولغان [38]. بۇ كۆچكەنلەرنىڭ ھەممىسى ساق-سالامەت پەرغانە ۋادىسىغا يېتىپ بارالمىغان بولۇپ، ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن تېرەك داۋان ئەتراپىدىكى دەريا سۈيىنى شۇ يەردىكى قىرغىزلار ئۈچ يىلغىچە ئىچەلمىگەن ئەھۋال كۆرۈلگەن.[39]

مۇسۇلمان تارىخچىلىرىدىن مۇھەممەد ئاتىق ئۆزىنىڭ «تارىخي كاشغەر» ناملىق ئەسىرىدە قەشقەر ئاھالىسىدىن 100 مىڭغا يېقىن نوپۇس ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوقەنتكە كۆچتى» دەپ بايان قىلىدۇ.[40]

يەتتە خوجا قوزغىلىڭىدىن يەنە 10 يىل ئۆتۈپ، ۋەلىخان تۆرە باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ يۈز بەردى. ئۈچ ئايغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار جەريانىدا نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى شۇنىڭدەك ۋەلىخان تۆرىنىڭ زوراۋانلىقىغا قارىماي، ئۇيغۇرلار چىڭ قوشۇنلىرىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ۋەلىخان تۆرە قاتارلىقلار پەرغانىغا قاچتى. 19-ئەسىردىكى رۇس تارىخچىسى ۋ. نالىۋكىننىڭ مەلۇماتىچە، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 15 مىڭ ئەتراپىدا قەشقەرلىك پەرغانە ۋادىسىغا

قاچتى[41]. بۇ ھەقتە جۇڭگو تارىخچىلىرىمۇ مەلۇمات قالدۇرغان بولۇپ، لىيۇ فېڭۋۇ پەرغانىغا كەتكەنلەرنىڭ سانىنىڭ بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى[42]، لىيۇ زىشاۋ 15 مىڭ ئىكەنلىكىنى قەيت قىلدۇ[43].

سېك مېنۋۇ جۇڭگو مەنبەلىرى ئاساسىدا جاھانگىر خوجا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خوجىلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭلىرىغا قاتناشقانلارنىڭ ئادەم سانى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، جاھانگىر خوجىغا ئەگىشىپ چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قەشقەر ئەتراپىدا بولغان جەڭگە قاتناشقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ 100 مىڭ ئەتراپىدا[44]ئىكەنلىكىنى، 1857-يىلى ۋەلىخان تۆرىگە ئەگىشىپ چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلغانلارنىڭ بىر قانچە تۈمەن ئىكەنلىكىنى قەيت قىلدۇ[45]. دېمەك، چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەڭلەرگە قاتناشقان بۇ ئادەملەرنىڭ ھايات قالغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بىردىن بىر ھاياتلىق يولى ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ پەرغانىغا قېچىپ پاناھلىنىش بولۇپ، قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى، ئۇلارنىڭ پەرغانىغا قېچىپ پاناھلىنىش نىسبىتىنىڭمۇ كۆپ بولۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھەر قېتىملىق قېچىپ پاناھلىنىش جەريانىدا بىر قىسىم ئۈلگىرەلىگەن كىشىلەر ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى، بالاۋاقىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە خېلى كۆپ ساندىكى ئەرلەر ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى تاشلاپ ئۆزلىرى تەنھا قېچىشقا مەجبۇر بولغان. ئائىلىسى ئۆز ۋەتىنىدە قالغان بۇ ئەرلەرنىڭ بىر قىسمى پەرغانە ۋادىسىدا خوجىلار تەشكىللىگەن قوشۇنلار تەركىبىگە قوشۇلۇپ، قايتىدىن قەشقەرگە كېلىپ، ئۆز يۇرتلىرىنى چىڭ قوشۇنلىرىدىن ئازاد قىلىش ئارقىلىق ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنى جەم بولۇش يولىنى تاللىغان ئىدى.

1877-1878-يىللىرى ئارىسىدا چىڭ سۇلالىسى پۈتۈن قەشقەرىيىنى قايتا بويسۇندۇرغاندا، قانچىلىك ئادەمنىڭ پەرغانە ۋادىسىغا كۆچكەنلىكى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن ئېنىق سانلىق مەلۇمات يوق. لېكىن، يەنىلا خېلى كۆپ ساندا ئادەملەر رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى پەرغانىغا قاچقانلىقى ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىستاندىكى رۇسىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن خاتىرىگە ئېلىنغان ئىدى[46]. پەرغانىدىكى رۇسىيە ئەمەلدارى 1877-يىلى 12 مىڭ ئەتراپىدا قەشقەرلىك ۋە تۇڭگانىنىڭ رۇسىيە تەۋەسىگە قېچىپ ئۆتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ 7 مىڭ نەپىرىنىڭ يەتتە سۇ تەرەپكە، قالغانلىرىنىڭ ئوش ئارقىلىق پەرغانە ۋىلايىتىگە كەتكەنلىكىنى قەيت قىلدۇ[47]. بىراق، بۇ ھەقتىكى سانلىق مەلۇماتلارمۇ ھەر خىل بولۇپ، ئابلەت كامالوفنىڭ رۇسىيە مەنبەلىرى ئاساسىدا تەكشۈرۈشىچە، ياقۇپ بەگنىڭ ئوغلى بەكقۇل بەگ بىر قىسىم ئۆز قوشۇنلىرى ھەم ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى باشلاپ، 1877-يىلى، 15-دېكابىر كۈنى چېگرىدىن ئۆتۈپ، ئوشقا يېتىپ كەلگەن ھەمدە ئارقىدىن، يەنى 16-17-دېكابىر كۈنلىرى زور ساندىكى قەشقەرلىك مۇساپىرلار چېگرىدىن ئۆتكەن بولۇپ، 23-دېكابىر كۈنىدىكى رۇسىيە تەرەپنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا

ئاساسلانغاندا، ئوشقا 4641 نەپەر قەشقەرلىك كۆچمەن ( بۇلارنىڭ 3573 نەپىرى ئەر، 968 نەپىرى ئايال) ئورۇنلاشقان[48]. رۇسىيە ئارخىپىدىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، چېگرىدىن كوللېكتىپ ھالدا ئۆتۈپ قېچىش ئىزچىل داۋاملاشقان بولۇپ، 1877-يىلى، 14-دېكابىردىن 29-دېكابىرغىچە بولغان 15 كۈن جەريانىدا 5675 ئادەم ( 4413 ئەر، 1262 ئايال) كۆچۈپ كەلگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە 500 ئادەم قاراسۇ ئارقىلىق ئەنجانغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. دېمەك، ئەنە شۇ 15 كۈنى ئىچىدىلا 6000 ئەتراپىدا ئادەم ئوش ۋە ئەنجان تەۋەسىگە قېچىپ كەلگەن. رۇسىيە ئارخىپ ئۇچۇرلىرىغا كۆرە قوقەنت خانلىقى مەۋجۇت بولغان ۋاقىتتىلا ئوش شەھىرى ئاھالىسىنىڭ 3 تىن 1 قىسمىنى قەشقەرلىك ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلغان بولۇپ، 1877-يىلى، ئوش تەۋەسىگە كىرگەن 1459 قەشقەرلىكنىڭ 959 نەپىرى ئوش شەھىرىگە قېپ قالغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە 909 نەپىرىنىڭ ئوشتا ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشقان[49]. قېچىپ كەلگەن مۇساپىرلارنىڭ بىر قىسمى پەرغانە ۋادىسىدىكى ھەر قايسى جايلارغا تارقىلىپ كەتكەن. ئەلۋەتتە، قەشقەرىيەدىن قېچىپ كەلگەن مۇساپىرلارنىڭ تەركىبى ھەر خىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەرلىكلەر، يەنى ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇلاردىن قالسا، تۇڭگانلارمۇ بار ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە قوقەنتلىكلەر ۋە ئەنجانلىقلارمۇ بار ئىدى. يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلار پەقەت رۇسىيە تەرەپنىڭ 15 كۈن ئىچىدىكى كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ سانى ھەققىدىكى مەلۇمات بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن كەلگەنلەر شۇنىڭدەك باشقا جايلاردىن ئۆتكەنلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. چىڭ قوشۇنلىرى قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چىقىرىپ، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى ۋە ئائىلە ئەزالىرى پەرغانىدا تۇرىۋاتقانلارنى دەرھال چېگرىدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇغان. بۇ بۇيرۇق بويىچىمۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پەرغانىغا كەتكەنلىكىدە شەك يوق.

چىڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى ئەھۋالىنى قەيت قىلغان بولسىمۇ، بىراق، قانچىلىك ئادەمنىڭ كۆچۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرمىغان. ئەمما 1877-يىلى، 17-دەكابىر كۈنى قەشقەر چىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، زو زوڭتاڭ بېيجىڭدا چىڭ ئىمپېراتورغا قەشقەردىكى ئۇرۇش ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ قەشقەر شەھىرى ئاھالىسى ئىچىدە خېلى كۆپچىلىكنىڭ رۇسىيە تەۋەسىگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان[50].

چىڭ سۇلالىسى رەسمىي ھۆججىتى بولغان «چىڭ شىلۇ» دا بولسا، بەي ياڭخۇ قاتارلىقلارغا ئەگىشىپ قاچقان توپىلاڭچىلارنىڭ 5 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكىگە ئائىت ئۇچۇرمۇ مەۋجۇت. بۇ پەقەت تۇڭگانلارنىلا كۆرستەمدۇ ۋە ياكى باشقا بارلىق قاچاقلارنىڭ ھەممىسنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟ داۋاملىق ئىنىقلاش كېرەك، ئەمما، بۇ سان رۇسىيە رەسمىي ئۇچۇرلىرىغا بىراز يېقىنلىشىدۇ.

مەلۇمكى، چار رۇسيە 1876-يىلى، قوقەنت خانلىقىنى ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىپ، پۈتۈن پەرغانە ۋادىسىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چېگرىسى بىۋاستە قەشقەرىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چىڭ ئىمپېرىيىسى بىلەن بىۋاستە چېگرىلاندى. رۇسيە قوقەنت خانلىقى تېررىتورىيىسى بولغان پەرغانە ۋادىسىنى، تۈركىستان گېنېرال -گۇبېرناتورلۇقىنىڭ پەرغانە ئوبلاستى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، 1881-يىلى، ئۇنىڭ تەركىبىدە ئەنجان، نامەنگان، قوقەنت، چۇست، ئىسفارىن، مەرغىلان ۋە ئوشتىن ئىبارەت يەتتە ناھىيە تەسىس قىلغان ئىدى. نوپۇسى 564970 ئادەم دەپ بېكىتىلگەن. بۇ ۋاقىتتا ئوش ناھىيىسىنىڭ نوپۇسى 59760 ئادەم بولۇپ، ئوش شەھىرىنىڭ نوپۇسى 3950 ئادەم ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئوش پەرغانىدىكى 6 شەھەر ئىچىدە نوپۇسى ئەڭ ئاز شەھەر ھېسابلىناتتى. بىرىنچى ئورۇننى مەرغىلان ئىگىلىگەن بولۇپ، 44480 ئادەم ياشىغان. بىراق، 1910-يىلىغا كەلگەندە چار رۇسيە ھۆكۈمىتى پەرغانە ئوبلاستىنىڭ نوپۇسىنى 2مىليون 34مىڭ 62 ئادەم دەپ ھېسابلىغان. پەرغانىدىكى بەش ناھىيىنىڭ نوپۇس تەركىبى مۇنداق بولغان:

نامەنگان ناھىيىسىدە 467423

ئەندىجان ناھىيىسىدە 461240

قوقەنت ناھىيىسىدە 453555

سكوبېلېۋسكي ناھىيىسىدە 453462

ئوش ناھىيىسىدە 193.382[51]

بىراق، 1910-يىلىدىكى بۇ ئىستاتېستىكىدا ئوش شەھىرىنىڭ 44204 كىشىلىك نوپۇس تەركىبىدە قەشقەرلىكلەرنىڭ سانى ئاز بولۇپ، 500 نەپەر قەشقەرلىك بارلىقى كۆرسىتىلگەن. ئەمما نوپۇسى ئەڭ كۆپى سارتلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى 38646 نەپەر دەپ كۆرسىتىلگەن[52]. ئەلۋەتتە، بۇ سانغا ئوش شەھىرى ئەتراپىدىكى يېزىلارنىڭ ئاھالىسى كىرمىگەن بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئوش شەھىرىدە بىر قانچە ئونلىغان مەھەللىلەر بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاشلاق-گۇزەر، تۆرت كوچا، ئەندىجان كوچا، شامال كوچا، قوش تاش، داۋان، شاھدان تۆپە، شەيخلەر، گۇزەر، جىدەلىك، ئىمام- ئاتا، ئارچا-مازار، ساراي كوچا ۋە رابات كوچا قاتارلىقلار مەشھۇر ئىدى. بۇ مەھەللىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ناملىرى قەشقەرىيە تەۋەسىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ مەھەللىلەرنىڭ بىر قىسمى قەشقەرىيىدىن كۆچۈپ چىققانلار تەرىپىدىن پەيدا قىلىنىپ، شۇلار تەرىپىدىن قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئەگەر رۇسيە دائىرىلىرى 1877-يىلىنىڭ ئالدىدىلا ئوش ئاھالىسىنىڭ 3تىن 1 قىسمىنىڭ

قەشقەرلىكلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى مەلۇم قىلغىنىنى نەزەرگە ئالساق ئەگەر، 1881-يىلى، ئوش ناھىيىسىنىڭ ئاھالىسى 59760 ئادەم بولسا، ئۇنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى 20 مىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ. دېمەك، بۇ سانىنىڭ تەخمىنەن 20 مىڭى ئۇيغۇرلار بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1877-يىلى قېچىپ كېلىپ ئوشقا يەرلەشكەنلەرنى قوشقاندا ئوش تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇشى تەبىئىي. ئەگەر ئوش شەھرىنىڭ نوپۇسى 1881-يىلى 3950 ئادەم بولغان بولسا، بۇنىڭ ئۈچتىن بىرىنى قەشقەرلىكلەر ئىگىلىگەن بولسا، بۇ چاغدا قەشقەرلىكلەرنىڭ سانى تەخمىنەن بىر يېرىم مىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1877-يىلى، 950 نەپەر قەشقەرلىك ئوش شەھرىگە ئورۇنلاشتى دېسەك بۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ بولۇشى ھەتتا ئوش شەھرىنىڭ نوپۇسىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىشىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. بىراق، ئوش شەھرىنىڭ نوپۇسى 1910- يىلىغا كەلگەندە تەخمىنەن 11 ھەسسە ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما، قەشقەرلىكلەر ئاران 500 نەپەر بولغان. ئۇ چاغدا ئەسلىدىكى قەشقەرلىكلەر نەگە كەتتى؟ ئەمما سارتلار يەنى ئۆزبېكلەر ناھايىتى زور دەرىجىدە كۆپەيگەن بولۇپ، كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوش شەھرىدىكى ئاساسلىق ئاھالە بولغان قەشقەرلىكلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۆزىنى سارت دەپ تىزىمغا ئالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، يەرلىك خەلق ۋە چار رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە «قەشقەرلىك» پەقەت قەشقەردىن كۆچۈپ كەلگەن مۇساپىر كۆچمەن ئاھالىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، كۆچمەنلەر بۇ جاينىڭ يەرلىك خەلقى ھېسابلانمايتتى ھەمدە مۇھاجىرلىق خاراكتېرىغا ئىگە ئىدى. ئەنە شۇنداق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 1877- يىلى كەلگەن ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن كېلىپ ماكانلىشىپ بولغان قەشقەرلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنى سارت دەپ ئاتاپ تىزىمغا ئالدۇرغان. بۇ ۋاقىتتا شەھەر ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلار، يەنى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەر قىرغىزلار ۋە رۇسلار تەرىپىدىن بىردەك ھالدا سارت دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلارنى ئايرىم ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك دەپ ئايرىش تېخى بېكىتىلمىگەن ئىدى.

رۇس پۇقرالىرى ۋە رۇسىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھەم دائىرىلىرى شەھەر ۋە يېزا ئاھالىلىرىنى تىزىمغا ئالغاندا ئۆرپ-ئادەت، تىلى ۋە كىيىم-كېچەك، مەدەنىيەت ھەمدە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھايات شەكلى ئوخشاش بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەرنى پەرقلەندۈرۈشى قىيىن بولۇپ، نوپۇس تىزىملىغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاشلا سارت دەپ تىزىمغا ئېلىشى تەبىئىي ئىدى.

بۇرۇندىنلا پەرغانە ۋادىسىغا كېلىپ يەرلىشىپ، يەرلىك ئاھالىلار بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ بولغان قەشقەرىيىلىكلەر ئەنە شۇ ئورتاق سارت ئاتالغۇسى بىلەن بىر گەۋدە ئىچىگە كىرىپ كەتتى.
بىز بۇ يەردە تېمىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن «سارت» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتنولوگىيىسى مەسىلىسى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزمەيمىز، ئەمما ئۇنىڭ 18-19-ئەسىرلەردە ھەتتا 20-ئەسىرگىچە بولغان

ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك خەلقلەر ئۆزبېكلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنا چارۋىچى خەلقلەر قىرغىزلار ۋە قازاقلار تەرىپىدىن «سارت» دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەن شۇنىڭدەك تاكى 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ مىللىي سىياستى يولغا قويۇلغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا رۇسلار ۋە چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئولتۇراق ھاياتتىكى ئاھالىسىنى «سارتلار» دەپ ئاتىغان ھەتتا بۇرۇنقى رۇس سەيياھلىرى قەشقەرىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىمۇ ئوخشاشلا «سارت» دەپ ئاتىغان بولسا، غەربلىكلەر ئۇلارنى «تۈرك» دەپ ئاتىغان ئىدى [53]. 19-ئەسىردىكى رۇسلارنىڭ نەزەرىدە قەشقەرىيە ۋە پەرغانىنىڭ بىر-بىرىگە ئىنتايىن يېقىن بولغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەمدە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولغان شەھەر ۋە دېھقان ئاھالىسى بىلەن پەرغانىنىڭ دېھقان ۋە شەھەر ئاھالىلىرى ئوخشاشلا «سارت» دەپ پەرقلەندۈرۈلمىگەن ئىدى. رۇسلار، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنى پەرغانە ۋادىسىدىكى «سارتلار» دىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈنلا ئۇلارنى «قەشقەر سارتلىرى» دەپ ئاتىغان. رۇس ئالىمى ل. ن. سوبولېۋنىڭ قارىشىچە سارتلار ئالاھىدە باشقا قەبىلە ئەمەس، شەھەرلەردە ياشايدىغان ۋە سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەيلى ئۆزبېك، مەيلى تاجىكلارنىڭ ھەممىسى پەرقلەندۈرۈلمەستىن سارت دەپ ئاتالغان[54]. 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى، قازاق تۈركشۇناسى سىرالى لاپىن «ئۆزبېكلەردىن پەرقلىق بولغان سارت دەپ ئاتىلىدىغان ئۆزگىچە بىر خەلق يوق، شۇنىڭدەك يەنە ئۆزبېك تىلىدىن باشقا بولغان ئايرىم سارت تىلى دەيدىغان تىلمۇ مەۋجۇت ئەمەس» دەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سارتلار دەپ ئۆزبېكلەر، يەنى ئولتۇراق ھاياتتىكى تۈركىي تىللىق ئاھالىلاردۇر[55.[

لېكىن، 1897-يىلى چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى نوپۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، تۈركىستان ئۆلكىسىدىكى ئاھالىلارنىڭ تەركىبى ئايرىپ چىقىلىپ، سارتلار ئۆزبېكلەر، قارا قالپاقلار، قىرغىزلار، قەشقەرلىكلەر ۋە قىپچاقلاردىن ئايرىۋېتىلگەن. شۇ ۋاقىتتىكى سانلىق مەلۇمات بويىچە، پۈتۈن رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تۈركىستان ئۆلكىسىدە 968655 نەپەر سارت، 726534 نەپەر ئۆزبېك، 34908 نەپەر قەشقەرلىك ۋە باشقا خەلقلەر بولغان. بۇ ۋاقىتتا سارتلار ئۆزبېكلەر ۋە قەشقەرلىكلەردىن ئايرىم بولۇپ چىققان[56]. رۇسىيە ئالىملىرى چار رۇسىينىڭ بۇ قېتىمقى نوپۇس تەكشۈرۈشى ئېنىق ئەمەس ۋە كۆپلىگەن خاتالىقلارغا يول قويۇلغان ھەمدە ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ بېكىتكەن. 1897-يىلى نوپۇس تەكشۈرۈش بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ، يەنى قەشقەرلىكلەرنىڭ سانى رەسمىي تۈردە تۇنجى قېتىم چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تىزىمغا ئېلىنغان بولۇپ، ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغان پەرغانە ئوبلاستىدىكى ئۇيغۇرلار، يەنى قەشقەرلىكلەرنىڭ سانى سەمەرقەند ئوبلاستىدىكىدىن ئاز بولۇپ چىققان. ئىستاتىستىكا بويىچە، پەرغانە ئوبلاستىدا 14915 نەپەر قەشقەرلىك، سەمەرقەند ئوبلاستىدا 19993 نەپەر قەشقەرلىك بارلىقى كۆرسىتىلگەن[57.[

بۇ يەردە بىر سوئال تۇغۇلىدۇ، نېمە ئۈچۈن چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ تۈنجى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشىدە يەرلىك خەلقلەرنى ئايرىغاندا سارت دېگەن ئايرىم تۈپلۈقنى بېكىتىپ، نوپۇس جەدۋىلىگە كىرگۈزدى؟ ئەگەردە ئەنە شۇنداق ئايرىما ئالدىن بېكىتىلىپ بېرىلمىگەن بولسا، ئاھالىلارنىڭ تەركىبى مۇنداق ئايرىلمىغان بولار ئىدى. بۇ بەلكى تىل شىۋە ئالاھىدىلىكى ۋە رايونلىرى بويىچە بېكىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. نەتىجىدە، تۈركىستاننىڭ نۇرغۇن ئولتۇراق ھاياتتىكى شەھەر ئاھالىلىرى، يەنى قەبىلە ـ ئۇرۇغ چۈشەنچىلىرىدىن خالى ئاھالىلار ئۆزلىرىنى چار رۇسىيىنىڭ نوپۇس تىزىملىكىدىكى «سارت» دېگەن كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزگەن، قەبىلە ـ ئۇرۇغ چۈشەنچىلىرى تېخى مەۋجۇت بولغان بىر قىسىم ئاھالىلار ئۆزلىرىنى ئۆزبېكلەر دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. ھەتتا سارت كاتېگورىيىسىگە شەھەرلەردە ۋە يېزىلاردا ياشايدىغان زور ساندىكى ئەسلى قەشقەرىيىدىن كېلىپ ماكانلىشىپ ئاللىقاچان يەرلىكلىشىپ كەتكەن قەشقەرلىك ـ ئۇيغۇرلارمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇشى ئېھتىماللىقا يېقىن. چۈنكى، چوقان ۋەلىخانوفنىڭ مەلۇماتىدىكى ئەشۇ پەرغانە ۋادىسىدىكى 50 مىڭ ئائىلە قەشقەرلىكنىڭ ئارىلىقتا 40 يىل ئۆتمەي تۇرۇپلا بىراقلا غايىپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار كۆپىيىشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە ئازلاپ پەرغانە ۋادىسىدا قانداقسىگە 14 مىڭ بولۇپ قالدى؟ ئېنىقكى ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى شۇ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئۆزلىرىنى قەشقەرلىك دەپ ئاتاشتىن ۋاز كېچىپ، سارت دەپ ئاتاپ تىزىمغا ئالدۇرغان. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ تىزىمغا ئالدۇرۇشى ئانچە رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس بولۇپ، بىرىنچىدىن ئۆزبېك ئاتالغۇسى بىۋاستە شەيبانىخان دەۋرى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆچمەنلىك ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قەبىلىنىڭ نامى بولغاچقا بۇنىڭ قەشقەرىيە ئاھالىلىرى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئىككىنچىدىن قەشقەرىيىدىن كۆچۈپ كەلگەن بىر قانچە ئەۋلاد ئۇيغۇرلار ئۈچۈن سارت ئاتالغۇسى يېگى ئاتالغۇ ئەمەس، چۈنكى، ئۇلار قوشنا قىرغىزلار تەرىپىدىن ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق ئاتىلىدىغانلىقىنى ئۇزۇندىن بۇيان بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە پەرغانە ۋادىسى چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسى تەركىبىگە كىرگەندىن كېيىن پەرغانىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ باشقا قېرىنداش شەھەر ۋە ئولتۇراق ھاياتتىكى قېرىنداشلىرى، يەنى «ئەنجانلىقلار» بىلەن ئوخشاش ھالدا «سارت» دەپ ئاتىلىشىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىكلەشكەن مەزكۇر قەشقەرىيە مۇھاجىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئالللىقاچان تىل جەھەتتىن يەرلىك ئەنجانلىقلار ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ بولغان بولۇپ، زاتەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تىل ۋە باشقا ئورتاقلىقلارمۇ كۆپ ئىدى. بۇ بىر قاتار ئەھۋاللارغا قارىتا قەشقەرىيە كۆچمەنلىرى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە سارت دەپ ئاتىدى خالاس. رۇسىيە ئىستاتىستىكىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ ۋاقىتتا پەرغانە ئوبلاستىدىكى سارتلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى 788989 بولۇپ، پۈتۈن تۈركىستاندىكى سارتلارنىڭ 80% دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان. پەرغانە ئوبلاستىدىكى

ئۆزبېكلەرنىڭ سانى 153780 نەپەر بولغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەرغانە ۋادىسىدىكى سارتلارنىڭ مۇنداق كۆپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسىي ئامىل قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ چىقىپ ئاللىقاچان يەرلىكلىشىپ بولغان ئاھالىلارنىڭ، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى سارت دەپ نوپۇسقا ئالدۇرۇشىدۇر. ئەمدى، نوپۇس ئىستاتىستىكىسىدىكى «قەشقەرلىكلەر» مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇلار بەلكى قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ چىقىپ يەرلىكلىشىش تارىخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان، بولۇپمۇ 1878-يىلىدىن كېيىن كۆچۈپ چىققان ۋە 1890-يىللاردا قەشقەرىيەدىن پەرغانە ۋادىرىلىرىغا ئىشلەشكە، سودىگەرچىلىككە چىقىپ يېڭىدىن يەرلىكلىشىپ قالغان ئاھالىلار بولۇپ، ئۇلار ئۆز تىل شىۋىلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەمدە ۋەتىنى بىلەن بولغان بىۋاستە باغلىنىشلىرىنى تېخى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدى. بۇ ئاھالىلار ئۆزلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن «قەشقەرلىك» دېگەن كاتېگورىيەدە تىزىمغا ئالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن.
بەلكى، 1910-يىلى، چار رۇسىيە تۈركىستان ئۆلكە ھۆكۈمىتىنىڭ تىزىمىدىن ئورۇن ئالغان ئوش شەھىرىدىكى 500 نەپەر قەشقەرلىكمۇ پەقەت يېڭىدىن قەشقەر تەۋەسىدىن كېلىپ يەرلەشكەن ھەم رۇسىيە پۇقرالىقىنى قوبۇل قىلغانلار بولۇپ، ئۇلار تىل ئالاھىدىلىكى ۋە بەزى تەرەپلەردىن يەرلىكلەشكەن ئۆز قېرىنداشلىرىدىن پەرقلىق ھالەتنى ساقلاپ قالغان بولۇشى ئېھتىماللىقا يېقىن.

مەلۇمكى، چوقان ۋەلىخانوف 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىلا پەرغانە ۋادىسىدا قەشقەرىيەدىن چىققان 50 مىڭ ئائىلە قەشقەرلىك مۇھاجىر نوپۇس ياشايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇ، 50 مىڭ ئائىلە قەشقەرلىكنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەندىجان ئەتراپىدىكى يېزىلار، شەھرىخان ۋە قاراسۇ قاتارلىق جايلاردا ياشىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ يەرلىكلەر تەرىپىدىن «تاغلىقلار» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ[58]. چوقان ۋەلىخانوف يەنە شەھرىخان بىلەن قاراسۇ ئارىسىدىكى جايلارغا 9 مىڭ دولانلىقنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ، يەنە تاشكەنتنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا يېڭى شەھەر مەھەللىسى نامىدا بىر مەھەللە بارلىقى، بۇ يەردە قەشقەر مۇھاجىرلىرى ياشايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.[59]

چوقان ۋەلىخانوفنىڭ خاتىرىسىدە ۋەلىخان تۆرىنىڭ 1857-يىلى، ئاقسۇدىكى چىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن ئادەملىرىدىن توختى مانجۇ ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر قانچە مىڭ دولانلىقنى باشلاپ، قوقەنتكە كۆچۈرۈپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلغان. بەلكى، ئۇ ئېيتقان 9 مىڭ دولانلىق ئەشۇ قېتىملىق كۆچۈشتە كەلگەنلەر بولۇشى مۇمكىن. دولانلىقلار، ئاساسلىقى قەشقەرنىڭ مارالبېشى، مەكىت، ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىلىرى تەۋەسىگە تارقالغان بولۇپ، ئۇلار تىل شىۋىسى جەھەتلەردىن باشقا رايوندىكى ئاھالىلاردىن ئازراق پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا زور ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىيات جەريانى ئۆزگىچە

مۇساپىلارنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تىل، ئۆرپ-ئادەت، مۇزىكا ۋە باشقا تەرەپلىرىدە يەنىلا ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئوخشاشلا بىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ گەۋدىسىدىن ئايرىم بولغىدەك زور پەرقلەرگە ئىگە ئەمەس ئىدى. دولانلىقلار گۇرۇپپىسى 1897-يىلدىكى چار رۇسىيىنىڭ نوپۇس تەكشۈرۈشىدە ئايرىم گۇرۇپپا سۈپىتىدە كۆرسىتىلمىگەنلىكىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ياكى قەشقەرلىك ۋە ياكى سارت ياكى ئۆزبېك كاتېگورىيىسىگە كىرىشىدىن باشقا ئامال يوق ئىدى. تەھلىل قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار باشقا ئۆز قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش ئاللىقاچان ئۆز كىملىكىنى يوقاتقان ۋە ياكى ئاجىزلىشىپ بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوخشاشلا سارتلار تەركىبىگە كىرىپ كەتكەنلىكىدە شەك يوق.

چوقان ۋەلىخانوفنىڭ بايانىدا «شەھرىخان ئاھالىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قەشقەرلىكلەر» دەپ ئەسكەرتىدۇ.[60] باشقا ماتېرىياللاردا يەنە 1840-يىللاردا شارىخان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك قەشقەرلىكلەر ئىكەنلىكى، پەقەت بىر جايدىلا 20 مىڭ ئۆيلۈك قەشقەرلىك ياشايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن [61].

ئۆزبېك ئالىمى، ئاكادېمىك ھەيدەربەك باباېكوۋنىڭ نەقىل كەلتۈرۈشىچە، يەنە شۇ دەۋرنىڭ ئۆلۈمالىرىدىن بىرى موللا مۇسۇلمان 1868-يىلى، ئەندىجان ئەتراپىدا 70 مىڭغا يېقىن قەشقەرلىك ياشىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرغان [62].

(2) سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى 19-ئەسىردىكى پەرغانە ۋادىسىنىڭ ئېتنىك تەركىبى جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋاللىرى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ھەر خىل مەنبەلەر بويىچە تۈرلۈك سانلىق مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بولۇپمۇ، بۇ خىل تەتقىقاتلار 20-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ تىلى، ئىجتىمائىي -ئىقتىسادىي ۋە مىللەتشۇناسلىق مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئەۋجى ئالغان ۋاقىتلاردا كۆپرەك مەيدانغا چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە 20-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، بولۇپمۇ 1960-1970-يىللىرىدىكى سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىنىڭ رەقىبلىك يىللىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ سىياسىي ئېھتىياجىدىن چىقىش قىلىپ، ئۇيغۇر تارىخى، تىلى -ئەدەبىياتى، ئېتنوگرافىيىسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارنى كۈچەيتىشكە ئومۇمىي جەھەتتىن تەتقىقاتنىڭ ۋە تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ مۇھىم قىسمى سۈپىتىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلاردا كۆپلىگەن نەتىجىلەر مەيدانغا

كەلدى. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى-دىئالېكتلىرى تەتقىقاتىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى مەخسۇس تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭغا باغلىق ھالدا پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەمدە ئېتنىك تەرەققىيات تارىخي جەريانى مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققىتىدىن ئورۇن ئېلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە پەرغانە ۋادىسىدىكى مۇھىم ئېتنىك ۋە ئىجتىمائىي تەركىب بولغانلىقى، بىراق ئۇلارنىڭ قەدەممۇ-قەدەم ئۆزبېكلىشىپ كەتكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئالىملارنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى نوپۇسى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئۆچۈن چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ۋە كېيىنكى ھۆكۈمەت مەنبەلىرى ھەم ئەينى ۋاقىتتىكى رۇس ئالىملىرىنىڭ ئەمگەكلىرىمۇ ئاساس بولدى.

س. س. گۇبايېۋا چوقان ۋەلىخانوفنىڭ مەلۇماتلىرى ئاساسىدا 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەرغانە ۋادىسىدا 300 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى [63].

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇر ئالىمى، ئاكادېمىك غوجاخمەت سادۋاقاسوف، پەرغانە ۋادىسىدا چوقان ۋەلىخانوف قەيت قىلغان 9 مىڭ نوپۇس دولانلىقلارنى قوشۇپ، 324 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشىغان دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى [64].

ئى.ۋ. زاخوروۋانىڭ قارىشىچە، 1860-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قوقەنت خانلىقى تەۋەسىدە 200-250 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشىدى [65].

قازاق ئالىمى، ئاكادېمىك ئابدۇۋالى قايداروف بولسا، 1860-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىياغا قەشقەرىيىدىن كۆچۈپ چىققانلار 250 مىڭ ئىدى [66] دەپ يازىدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىدىن، ئۇيغۇر تارىخچىسى گېگېل ئىسخاكوۋ، رۇس ئالىمى ئا.م. رېشېتوۋ ۋە ئا. ن. سېدلوۋسكايا 18-19-ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىياغا قەشقەرىيىدىن 85 مىڭدىن 160 مىڭغىچە ئادەم كۆچۈپ چىققان دەپ قارايدۇ [67]. بىراق، يەنە بىر سوۋېت ئالىمى گ. ب. نىكولسكايا بولسا، 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، 19-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەن قەشقەرلىكلەر 85 مىڭدىن 165 مىڭغىچە دەپ كۆرسىتىدۇ [68].

سابىق رۇس ۋە سوۋېت ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، 18-19-ئەسىرلەردىكى قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈش ھەرىكەتلىرىدە ئۇلار پەقەتلا پەرغانە ۋادىسىغىلا تارقالغان بولماستىن بەلكى، داۋاملىق تۈردە كۆچۈپ، تاشكەنت، كانىبادام، خوجەنت، سەمەرقەنت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى، بۇخارا، قاراتېگىن، ھەتتا ئەڭ يىراقتىكى خورەزىم ۋە شەرقىي بۇخارا قاتارلىق جايلارغىچە تارقالغان [69].

1897-يىلدىكى رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇس تەكشۈرۈشىدە سەمەرقەند ئوبلاستىدىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ نوپۇسىنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىكىدىن كۆپ كۆرسىتىلىشى، گەرچە ئەمەلىي سانغا ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا پەرغانە ۋادىسىدىن ئۆتۈپ، سەمەرقەند ۋە باشقا جايلارغىمۇ كۆپ تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلارنىڭ بىرىدۇر.

19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا پەرغانە ۋادىسىدىكى قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ رايوننىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا بەلگىلىك رول ئوينىغانلىقى مەلۇم. بۇ كۆچمەن ئاھالىلار قەشقەرىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەشقەرىيىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بەزى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان رايونلارغا ئېلىپ بارغان ھەتتا ئۇلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى پەرغانىلىقلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. قەشقەرىيىلىكلەر ئارىسىدا قوقەنت خانلىقىدا يۇقىرى مەرتىۋە بىلەن خىزمەت قىلغان مەمۇرىي ۋە ھەربىي شەخسلەرمۇ بولغان. قوقان خانى ئۆمەرخاننىڭ ئەڭ يېقىنلىرىدىن بىرى قەشقەرىيە مۇھاجىرلىرىدىن يۇسۇپ تاغلىق، يەنى يۇسۇپ مىڭ باشى كاشغارى ئىدى. يۇسۇپ تاغلىقنىڭ قىزىغا كېيىن قوقان خانى مەدەلىخان ئۆيلەنگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە مەدەلىخاندىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن خۇدايارخاننىڭ ئاياللىرىدىن بىرى قەشقەرلىك ئىدى. خۇدايارخان دەۋرىدە قوقان ئوردىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ھەربىي خادىملارمۇ كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ تەسىرى كۈچلۈكلەردىن بىرى يۇنۇس تاغلىق دېگەن كىشى ئىدى. خۇدايارخاننىڭ ئوردىسىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئارىسىدا يەنە ئەيسا ئەۋلىيا ئىسىملىك كىشى بار ئىدى.

رۇسىيە ئالىمى سېرگېي ئاباشىننىڭ ھېساباتىچە، پەرغانە ۋادىسىنىڭ ئاھالىسى 1870-يىللاردا كۆپ بولغاندا بىر مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، 1897-يىلغا كەلگەندە، پەرغانە ئوبلاستىدا بىر يېرىم مىليون ئاھالە ياشىغان. ئەگەردە قەشقەرىيىدىن كۆچۈپ چىققان مۇھاجىرلار سانى ھەققىدىكى ئەڭ ئاز بولغان 85 مىڭ دېگەن مەلۇماتنى ھېسابلىغاندىمۇ، 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا قەشقەرلىكلەر پۈتۈن پەرغانىنىڭ ئولتۇراق ھاياتتىكى ئاھالىسىنىڭ 11-14% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئەگەردە 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 300 مىڭ ئۇيغۇر بار ئىدى دېگەن مەلۇمات بويىچە ھېسابلىغاندا، 19- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىدا قەشقەرلىكلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ناھايىتى زور بولۇپ، پۈتۈن پەرغانە ئاھالىسىنىڭ 40%-50% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئەگەردە پەرغانە ئاھالىسى رۇسلارنىڭ پەرغانىنى بېسىۋالغان پەيتلىرىدە 700-800 مىڭ ئەتراپىدا دەپ قارالسا، قەشقەرلىكلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى چىقىدۇ.

بىراق، قەشقەرىيىلىك مۇھاجىرلار 18-ئەسىردىن 19-ئەسىرغىچە بولغان بىر ئەسىر جەريانىدا ئىلگىرى

كەلگەنلىرى ئۆزلۈكسىز تۈردە يەرلىك ئاھالىلار بىلەن ئارىلىشىپ سىڭىشىپ كېتىش ھەمدە ئۆزلىرىنى قەشقەرلىك دېمەيدىغان ئەھۋال كۆرۈلگەن بولۇپ، پەقەت 19-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىن باشلاپ كۆچۈپ چىققان ئاھالىلارلا ئۆز كىملىكىنى ساقلىغان. بەلكى چوقان ۋەلىخانوف ئېيتقان 50 مىڭ ئائىلە قەشقەرلىك ئەنە شۇ 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ كۆچكەنلەر بولسا كېرەك.

ئەمما، پەرغانە ۋادىسى ۋە باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن قەشقەرىيىلىكلەر پەرغانە ۋادىسى ۋە باشقا رايونلارغا كەڭ تارقىلىپ كەتكەن بولغاچقا ئۇلار بىر رايوندا مۇتلەق نوپۇس ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان. ئۇلار بەرىبىر مۇھاجىر تەرىقىسىدە كۆرۈلگەن. بۇنداق بىر ياكى بىر قانچە رايوندا توپلىشىپ ئولتۇرۇپ، شۇ رايوننىڭ نوپۇسىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمىگەنلىكى، يەنى تارقاقلىشىپ كېتىشى بەرىبىر ئۇلارنىڭ قەدەم-قەدەم يەرلىك، ئۆزلىرى بىلەن تىلى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ئاساسەن بىر خىل بولغان شەھەر ۋە يېزا ئاھالىلىرى بولغان-ئۆزبېكلەرگە سىڭىپ كېتىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. مەسىلەن، رۇسىيە تۈركىستان گۇبېرناتورلۇقىنىڭ پەرغانە ئوبلاستى مەرغىلان ناھىيىسىنىڭ 1890-يىلى، تۈزگەن ئېتنوگرافىيىلىك تەركىبىگە ئائىت مەنبەدە قەشقەرلىكلەرنىڭ پۈتۈن مەرغىلاندىكى 251 قىشلاقنىڭ 111 غا تارقىلىپ كەتكەنلىكى كۆرسىتىلگەن[70].

لېكىن، چار رۇسىيە دائىرىلىرىنىڭ 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئېلان قىلغان نوپۇس مەلۇماتلىرىدا قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ سانى بىراقلا ئازلاپ كەتكەن بولۇپ، چار رۇسىيە ھۆججەتلىرىدە تۈركىستان ئۆلكىسىدە 1904-يىلى، 47388، 1906-يىلى، 50238، 1917-يىلى، پۈتۈن تۈركىستاندا 39528 نەپەر قەشقەرلىك بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن. چار رۇسىينىڭ تۈركىستان ئۆلكىسى ئەلۋەتتە، بۇ دەۋردە قەشقەرلىك بىلەن تارانچىنى ئايرىم خەلق تەرىقىسىدە كۆرگەن بولۇپ، چار رۇسىيە دائىرىلىرى 1917-يىلى يەتتەسۇدىكى تارانچىلارنىڭ سانىنى 60988 ئادەم دەپ ئېلان قىلغان. بۇ ئىككى نوپۇسنى قوشقاندا، 1917-يىلى چار رۇسىيە تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 100516 ئادەم بولۇپ چىقىدۇ.

بىراق، بۇ سانلىق مەلۇماتلار پۈتۈنلەي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 20-ئەسىرنىڭ بېشى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر قەدەم كۆپىيىشى كېلىپ چىققان ئىدى. مەسىلەن، رۇسىيە ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشچە، 1911-1913-يىللىرى ئارىسىدا ھەر يىلى 20 مىڭدىن 25 مىڭغىچە بولغان قەشقەرلىك پەرغانە ۋادىسىغا پەسىللىك ئىشلەشكە كەلدى. پەقەت 1914-يىلى، بىر يىلدىلا 40 مىڭ ئادەم ئىشلەمچىلىككە كەلگەن. ئەمەلىيەتتە قەشقەرلىكلەرنىڭ رۇسىيە تەۋەسىگە بېرىش، بەلكى تۇغقان يوقلاش، ئىشلەش، تىجارەت ۋە باشقا خىلدىكى سەپەرلىرى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا باشلانغان بولۇپ، 1896-يىلىلا رۇسىينىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى

68 ملڭ 760 ئادەمنىڭ رۇسىيگە بېرىش رەسمىيتىنى بېجىرىپ بەرگەن [71]. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا يەنە قانچىلىك ئادەمنىڭ رەسمىيتى بېجىرىلگەنلىكى ھەققىدە قولىمىزدا ماتېرىيال يوق. بىراق، ئۇيغۇر مەنبەلىرىدە ئېيتىلىشچە، يەنە نۇرغۇن ئادەمنىڭ بەلكى ھېچقانداق رەسمىيەتسىز ھالدا چېگرىدىن ئۆتۈپ، رۇسىيە تەۋەسىگە كىرىپ تىرىكچىلىك قىلغان. بەلكى رەسمىيەت بېجىرىش ئىشلىرى ۋە چېگرىلارنى قاتتىق كونترول قىلىش 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا كۈچەيتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

-1911يىلدىن 1914-يىلغىچە بولغان تۆت يىل جەريانىغا ئائىت مەلۇم سانلىق مەلۇماتنى ھېسابلىغاندا، تەخمىنەن 110 ملڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر پەرغانە ۋادىسىغا ئىشلەشكە كەلگەن بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئالدىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن توختىماي كەلگەنلەرنىڭ سانى نامەلۇم. مانا شۇلارنىڭ مەلۇم قىسمى داۋاملىق تۇردە پەرغانە ۋادىسىدا تۇرلۇك شەكىللەر ۋە ئۇسۇللار ھەم مەقسەتلەر بىلەن يەرلىشىپ قېلىشىدا شەك يوق.

تۈركىستان ئۆلكىسىدىكى ئۇيغۇرلار يەنى قەشقەرلىك ۋە تارانچىلارنىڭ ئومۇمى سانى ھەققىدە ھەر خىل ئۇچۇرلار مەۋجۇت. مەسىلەن، رۇسىيە تارىخچىسى ۋلادىمىر داسىشي 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا تۈركىستاندا 194 مىڭدىن 215 مىڭغا يېقىن شىنجاڭدىن چىققانلار ياشىغان [72] دەپ قارايدۇ.
ئى.س. سولوگۇبوۋنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 1915-يىلى، پۈتۈن رۇسىيە تۈركىستاندا 279 ملڭ شىنجاڭدىن چىققان نوپۇس مەۋجۇت بولۇپ، بۇنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلغان [73]. بۇ ئىككى ئاپتورنىڭ ئۇچۇرلىرىنىڭ چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ مەنبەلىرىدىن كەلگەن بولۇشى ئېھتىماللىققا ئۇيغۇن بولسىمۇ، ئۇلار ئارىسىدا پەرق مەۋجۇت. بۇ بەلكى يېڭىدىن كېلىپ-تۇرغان نوپۇسلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

### (3) ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى مەلۇماتلىرى

پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىستاندا ( تۈركېستانسكىي كرايد-رۇسچە) 1918-يىلى، كوممۇنىسلار تاشكەنتنى مەركەز قىلىپ، تۈركىستان سوتسيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى( 1918-1924) قۇرۇپ، سوۋېت بولشېۋىكلار ھاكىمىيتى تىكلەنگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1924-يىلى، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېتنىك چېگرىلار ئايرىلىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىتتىپاقداش ۋە ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەر قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس ئىستاتىستىكىسى ھەر خىل تۇردە ئېلان قىلىندى. ھۆكۈمەت مەلۇماتى بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بىراقلا ئازلاپ كەتتى. ئەمما، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بولسا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ئاھالىسى، يەنى

پەرغانە ۋادىسىدىكى قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار بىلەن يەتتەسۇ رايونىدا ياشىغۇچى ئىلى ئۇيغۇرلىرى (تارانچىلار) نىڭ ئومۇمىي سانىنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ھەقتە تولۇق سانلىق ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلدى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بۇ سانلىق مەلۇماتلىرى 1921-يىلى، ئىيۇن ئېيىدا تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ بەلكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سانىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، مەلۇم دەرىجىدە تەكشۈرۈش ۋە ئېنىقلاش ئېلىپ بارغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئۇيغۇر رەھبەرلىرى ئۆزلىرى توپلىغان بۇ مەلۇماتلار ئاساسىدا تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋە بولشېۋىكلار پارتىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسى قاتارلىق رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى، تارقىلىشى، سىياسىي-ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت-مائارىپ ئەھۋاللىرى ھەققىدە مەلۇماتلار يوللىغان ئىدى. ئۇيغۇر رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرىغا يوللىغان دوكلاتلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىش ئۇچۇن مەلۇم دەرىجىدە ئېنىقلاش ئېلىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تونۇلغان ئۇيغۇر دۆلەت ۋە كومپارتىيە رەھبەرلىرىدىن بىرى، ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ [74] 1923-يىلى رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا بۇيروسىغا ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە يوللىغان دوكلاتىدا، پۈتۈن تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانلىق مەلۇماتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، يەتتەسۇ رايونىدا 265مىڭ، سىر دەريا رايونىدا 30 مىڭ، پەرغانە ئوبلاستىدا 300 مىڭ، تۈركمەنىستاندا 2500، سەمەرقەنتتە 2500 بولۇپ، جەمئىي 600 مىڭ ئۇيغۇر بارلىقىنى كۆرسەتكەن [75].

1924-يىلدا، قەشقەرىيىلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تونۇلغان جامائەت ۋە سىياسىي ئەربابلاردىن بىرى قادىر ھاجى تۈركىستاندا 435 مىڭ ئالتىشەھەرلىك بار دەپ يازغان.

تونۇلغان ئۇيغۇر زىيالىيسى بۇرھان قاسىموف، 1924-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەممە ئۇيغۇرلارنى قوشساق بىر مىليوندىن ئاشىدۇ، دەپ يازغان.[76]

شۇ يىلى، يەنە تاشكەنتتىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا 600 مىڭ ئۇيغۇر بارلىقىنى مەلۇم قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەلۇماتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئۆزبېكىستاندا 300 مىڭ، قىرغىزىستاندا 70 مىڭ، قازاقىستاندا 115 مىڭ، تاجىكىستاندا 15 مىڭ دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا پەقەت ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستانلا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت دەرىجىسىدە بولۇپ، تاجىكىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ئۆزبېكىستان، قازاقىستان بىلەن قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى رۇسىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى تەركىبىدە بولۇپ، ئۇلار تېخى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت سالاھىيىتىگە ئىگە بولمىغان

بولسمۇ، ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيا تۇپراقلىرىنىڭ سىياسىي خەرىتىسى دەسلەپكى قەدەمدە سىزىلغان ئىدى.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئارىلىقتىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، يەنى 1925-يىلى، ئۆزىنىڭ «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىدە ئېلان قىلغان ماقالىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنى 500 مىڭدىن 700 مىڭغىچە دەپ ھېسابلايدۇ[77]. ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلارنى قانداق توپلىغانلىقى ۋە قايسى مەنبەلەردىن ئىگىلىگەنلىكى نامەلۇم، ئەمما ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ۋە كېيىنكى قازاقىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە ئاتقۇرغان يۇقىرى رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرى ھەمدە ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى باشقۇرۇشى ۋە 1924-يىلدىن كېيىن مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك ۋە تېررىتورىيە چېگرىلىرىنى ئايرىش بويىچە ھۆكۈمەت كومىسسىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇشتەك بىر قاتار يۇقىرى سالاھىيىتىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن سانلىق مەلۇماتلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي سانىغا بىر قەدەر ئۇيغۇن ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى، ئۇنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي ئورگانلىرىنىڭ قولىدىكى سانلىق ئۇچۇرلار ۋە تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ھەم ئېتنىك سىياسىي پىلانلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

لېكىن، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتىنى ئېلان قىلىپ، 9 ئاي كېيىن نېمە سەۋەبتىندۇر، بۇ سانلىق مەلۇماتنى ئۆزگەرتىپ «پۈتۈن شورا ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 300 مىڭ »دەپ كۆرسىتىدۇ [78]. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئۆزىنىڭ مەزكۇر يېڭى سانلىق مەلۇماتىنى ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا ئەۋجى ئالغان، «تارانچى ۋە قەشقەرلىك ئايرىم مىللەت» دېگەن تالاش-تارتىش مەزگىلىدە يازغان ماقالىسىدە كۆرسەتكەن بولۇپ، قەشقەرلىك ۋە تارانچى ئايرىم ئىككى خەلق ۋە ئىككى مىللەت ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىككى جۇغراپىيىلىك رايون تارمىقىدىكى ئاھالىلار، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئانا ۋەتىنى قەشقەرىيە / ئۇيغۇرىستان دېگەن ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان روزىباقىيېۋ مەزكۇر ماقالىسىنى يېزىش ئارقىلىق تارانچىلار بىلەن قەشقەرلىكلەرنى ئايرىم ئىككى مىللەت دەپ كۆرسىتىشكە تىرىشقان ئۇيغۇر زىيالىيسى سابىرجان شاكىرجانوفنى تەنقىد قىلغان ئىدى. ئۇ، مۇنداق دەپ يازغان:

»شورا ئىتتىپاقى (سوۋېت ئىتتىپاقى-ن. ت) دا بىر يۈز مىڭ >تارانچى <بولسا، ئىككى يۈز مىڭ > قەشقەرلىق <بارلىقىنى بىلمەمسىز؟ شورا ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنى >قەشقەرلىك <ھەم >تارانچى<، يەرسىز، يەرلىك دەپ بۆلمەكچى بولسىڭىز، پەرغانىدىكى يۈز مىڭدىن ئوشۇق يەرلىك >قەشقەرلىق < لەرگە نېمە دەيسىز؟ دېمەك شورا ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىنى ئىككى خىل قىلىپ

**كۆرسەتمەك مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، شورا ئىتتىپاقىدىكى ئۈچ يۈز مىڭ (300) ئۇيغۇرنىڭ ئىككى يۈز مىڭدىن ئارتۇقى دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل.» [79]**

**سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتى ھەققىدىكى بۇرۇنقى يۇقىرى كۆرستىلگەن مەلۇماتلىرى ئەنە شۇ 1926-يىلدىن كېيىن بىردىنلا بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئازراق كۆرستىلىشكە باشلىغان. بۇنىڭ سەۋەبى ھەر خىل بولۇپ، بۇ ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ 1926-يىلى، 17-دېكابىردىكى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئېلىپ بارغان تۇنجى قېتىملىق ئومۇمىي يۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، بىراق ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا 300 مىڭ ئۇيغۇر بارلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشى باشلىنىشتىن تەخمىنەن 8 ئاي بۇرۇن ئېلان قىلىنغان ئىدى، ئەمما ئۇ بۇ ۋاقىتتا موسكۋادىكى شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرستېتىدا ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتلەر ۋە ئېتنىك چېگرىلارنى ئايرىش كومىسسىيسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى تېخى بېجىرىۋاتاتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ سانلىق مەلۇماتىنى كۆرستىشتىن 8 ئاي ئىلگىرىلا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى 500 مىڭدىن 700 مىڭغىچە دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.**

**سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1926-يىلدىكى تۇنجى قېتىم نوپۇس تەكشۈرۈشىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تارانچى، قەشقەرلىك ۋە ئۇيغۇر دېگەن ئۈچ خىل ئايرىم مىللەت كاتېگورىيىسى بىلەن تىزىملىتىشنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نوپۇس تەكشۈرۈش تىزىملىكىدە ئۇيغۇرلار «قەشقەرلىك»، «تارانچى» ۋە «ئۇيغۇر» دېگەن ئۈچ ئايرىم مىللەت تەۋەلىكىدە ئورۇن ئالغان. بۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، 1926-يىلى، پۈتۈن سوۋەت ئىتتىپاقىدا قەشقەرلىكلەر 13010 نەپەر، تارانچىلار 53010 نەپەر، ئۇيغۇرلار 42550 نەپەر بولغان [80.]**

**ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1926-يىلدىكى بىرىنچى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشىدىن تاكى 1937-يىلدىكى 2-قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرىشگىچە بولغان 11 يىل جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىدا بارغانسېرى ئازلاش كۆرۈلگەن. 1926-يىلدىكى بىرىنچى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۆزبېكىستاندا 40115 ئۇيغۇر بارلىقى كۆرستىلگەن. لېكىن، يەنە باشقا ماتېرىياللاردا 1926-يىلى، ئۆزبېكىستاندا 4421 قەشقەرلىك، 31مىڭ 941 ئۇيغۇر بارلىقى قەيت قىلىنغان. 1937-يىلدىكى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۆزبېكىستاندا 61 مىڭ 180 ئۇيغۇر بارلىقى يېزىلغان[81.]**

قىرغىزىستاندا بولسا، 1926-يىلى 7467 نەپەر قەشقەرلىك، 523 تارانچى، 73 ئۇيغۇر بولغان. 1937-يىلى 14 مىڭ 224 ئۇيغۇر بولغان. ئوخشاشلا قەشقەرلىك ۋە تارانچى نامى ئەمەلدىن قالغان.

قازاقىستاندا 1926-يىلى، 1121 قەشقەرلىك، 51803 تارانچى، 10 مىڭ 510 ئۇيغۇر بولغان [82]. 1937-يىلغا كەلگەندە 32 مىڭ 982 ئۇيغۇر قالغان.[83] بۇ جۇمھۇرىيەتتىمۇ ئوخشاشلا قەشقەرلىك ۋە تارانچى ئايرىمىسى بولماي، ھەممىسى بىردەكلا ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان.

-1926يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى قەشقەرلىك، تارانچى ياكى ئۇيغۇر دەپ ئاتاش ئەركىنلىكى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئەينى ۋاقىتتا پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق ھالدا «ئۇيغۇر» نامىنى قوبۇل قىلىش تېخى تولۇق ئىشقا ئېشىپ بولالمىغانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ بىر قىسىم تارانچى ۋە قەشقەرلىك زىيالىيلار ھەم جامائەت ئەرباپلىرى ئارىسىدىكى تارانچى ئايرىم، قەشقەرلىك ئايرىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئەمەس دېگەن تالاش-تارتىش ۋە تەشۋىقات بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەمما، 1937-يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە قەشقەرلىك ۋە تارانچى ناملىرى پۈتۈنلەي يوقىلىپ، پەقەت ئۇيغۇر نامىلا پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئورتاق ۋە بىرلىككە كەلگەن نامى سۈپىتىدە بېكىتىلدى. دېمەك، بۇ ۋاقىتتا قەشقەرلىك ۋە تارانچى دېگەن ئايرىمچىلىق قىلمىشلىرى سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەتئىي يول قويۇلمىغان ئىدى.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 1926-يىلدىن كېيىن بىراقلا ئاز كۆرسىتىلىشكە باشلىغانلىقىنىڭ سىرتىدا يەنە ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانلىق مەلۇماتى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارمۇ ھەر خىل بولدى. ھەتتا ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئۇيغۇرلارنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىكى سانى 1923-يىلى 300 مىڭ دېيىلگەن بولۇشىغا قارىماي، يەنە بىر نەپەر ئۇيغۇر زىيالىيسى ك. غەيبۇللا ئوغلى 1928-يىلى ئۆزبېكىستاندا 50 مىڭ ئۇيغۇر بار دەپ يازدى [84]. تۇنجى ئۇيغۇر پروفېسسورلىرىدىن بىرى بۇرھان قاسىموف بولسا ئۆزىنىڭ 1924-يىلى، پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مىليوندىن ئاشىدىغانلىقىنى قەيت قىلغىنىغا قارىماي، 1925-يىلى ئېلان قىلغان ماقالىسىدە، 1923-يىلى، يەتتەسۇدىكى بارلىق تارانچىلارنىڭ 46100 نەپەر ئىكەنلىكى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرلەرنىڭ 24064 نەپەر، ئاياللارنىڭ 22036 نەپەرلىكىنى قەيت قىلغان [85]. ئۇ يەنە، ئۆزىنىڭ 1937-يىلى يازغان ماقالىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 300 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

قسقىسى، ھۆكۈمەت ئىستاتىستىكىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى دائىم زىت بولغان. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدا دائىم ھۆكۈمەت سانلىق مەلۇماتلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پەرەزلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئانالىز قىلىش كۆرۈلگەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى كۆپ كۆرسىتىشكە ئەلۋەتتە بۇ رايوننىڭ ئىككى ئەسىرلىك تارىخى مۇناسىۋەتلىرى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جايلاردا ناھايىتى كەڭ تارقىلىپ ئورۇنلاشقانلىقى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك.

قىسقىسى، تارىخى مەنبەلەر، مۇتەخەسسىسلەر ۋە زىيالىيلارنىڭ تەكشۈرۈش ئۇچۇرلىرى ھەم تارىخىي رېئاللىق 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن تارتىپ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەرغانە ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر دىئاسپورىسى ئەڭ كۆپ جايلاشقان رايون ئىكەنلىكىنى، بۇ رايوندا كۆپلىگەن قەشقەرلىكلەر مەھەللىلىرى ۋە يېزىلىرىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى جەزملەشتۈردى.

(4) پەرغانە ۋادىسىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت-مائارىپى ۋە مىللىي كىملىكىنىڭ گۈللىنىشىدىن يوقىلىشىغىچە

-1930-1921يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مىللىي جۇمھۇرىيەتلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئايرىم مىللىي كىملىكىنىڭ تىكلىنىش ۋە راۋاجلىنىش دەۋرىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكمۇ بارغانسېرى تىكلىنىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇلار ئارىسىدىكى بۇرۇنقى قەشقەرلىك ۋە تارانچى دېگەن ئىككى گۇرۇپپا بويىچە بىر-بىرىنى ئايرىش خاھىشلىرى بارغانسېرى تۈگەپ، ئورتاق ئۇيغۇر نامى ئاستىدىكى مىللىي كىملىك روھى كۈچەيدى. 1922-1923-يىللىرى ئارىسىدا تاشكەنتتە ئۇيغۇر ياش زىيالىيلىرىنىڭ تۇنجى نەشر ئەپكارى «ياش ئۇيغۇر» ژۇرنىلى نەشر قىلىندى.
-1920يىللاردا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاشكەنتكە توپلانغان بولۇپ، 1923-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىلا 500 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياش موسكۋا، تاشكەنت، باكۇ، لېنىنگراد، سەمەرقەنت ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاشكەنت ئەڭ مۇھىم بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىنستىتۇتى بىلەن تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بىلىم دەرگاھىغا ئايلاندى. بۇ ئورۇنلاردا كۆپلىگەن زىيالىيلار تەربىيىلىنىپ چىقتى. 20-30-يىللاردا تاشكەنت پەقەت ئۆزبېكىستاننىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت -مائارىپ مەركىزىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي، ئەمما مەدەنىيەت جەھەتتە ئالدىدا ماڭغان خەلققە ئايلانغان ئىدى.

-1930يىللاردا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللىي كىملىك ئىدىيىسىنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىك ئىدىيىسمۇ كۈچەيگەن بولۇپ، 1937-يىلدىكى ئىككىنچى قېتىملىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 61 مىڭغا يەتتى. پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەنجان ئوبلاستىدىكى ئۇيغۇرلار 30 مىڭ 757 نەپەر دەپ تىزىمغا ئېلىندى.

پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئۆزلىرىنى ئۇزۇندىن بۇيان قەشقەرلىك كىملىكى بىلەن ئاتاپ كەلگەن يەنە كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئۆزبېك دەپ تىزىمغا ئالدۇرغان بولسىمۇ لېكىن، ئۇلارنىڭ يەنە بەزىلىرى 1930-يىللاردا ئۆز كىملىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. 1930-يىلدىن كېيىن تارانچى -قەشقەرلىك ئايرىمچىلىقىغا چەك قويۇلغاندىن كېيىن، ئەنجان ۋە تاشكەنت سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان بولۇپ، 1937-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن ئۆزبېكىستاندا 60 ئۇيغۇر كولخوزى مەۋجۇت بولدى. ئۇيغۇر تىلىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئېچىلدى. ئەنجاندا پېداگوگىكا تېخنىكومى قۇرۇلغان بولۇپ، 5000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇدى. شۇنىڭدەك يەنە ئەنجاندا 1935-يىلى، ئۇيغۇر دراما تىياتىرى قۇرۇلدى. باشتا فرۇنزىدا (ھازىرقى بىشكەكتە) «قۇتۇلۇش» گېزىتى چىققان بولسا، كېيىن بۇ گېزىت «كۆن چىقىش ھەقىقتى» نامىغا ئۆزگەرتىلىپ، تاشكەنتكە يۆتكىلىپ، «شەرق ھەقىقتى» دېگەن نامدا چىقتى، ھەمدە 1930-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا گېزىتنىڭ تىراژى 5 مىڭدىن ئاشتى. تاشكەنتتىكى بۇ گېزىت ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلىدىكى تىراژى ئەڭ كۆپ گېزىت ھەمدە ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە تاشكەنتتە ئۇيغۇر تىلىدا دۆلەتلىك نەشرىيات ئورگانلىرى تەسىس قىلىنىپ، مائارىپ نەشرىياتى قارمىقىدىكى ئۇيغۇر بۆلۈمى ئۇيغۇر تىلىدا قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى باستى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاشكەنتتە توپلانغان ئىدى. تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى، سەمەرقەند يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى، پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى، ماركسىزم -لېنىنىزم ئىنىستىتۇتى قاتارلىق تۈرلۈك ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىدا كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرى خىزمەت قىلدى. ئۇيغۇر يازغۇچى ئەدىبلىرىدىن ئۆمەر مۇھەممەدى (1906-1931)، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى (1901-1937)، ھېزىم ئىسكەندىروف (1906-197)، تۇردى ھەسەنوف (1909-1937)، نۇر ئىسرائىلوف (1910-1953)، مۆمىن ھەمرايېف (1907-1955)، تۇردى ھەسەنوف (1912-1937) ۋە باشقىلارنىڭ كىتابلىرى تاشكەنتتە نەشر قىلىندى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى رومان مۆمىن ھەمرايېفنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇپ، «دولقۇنلار ئارىسىدا» دەپ ئاتالغان ئەسەر 1934-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ئىدى [86]. 1930-1937-يىللىرى ئارىسىدا تاشكەنتتە

ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ رومان، پوۋېستلىرى، دراما ۋە شەئىرلار توپلاملىرى ئارقىمۇ-ئارقىدىن نەشر قىلىندى. 1931-يىلى بولسا ئالمۇتىدا ئايلىق «قىزىل تاڭ» ژۇرنىلى نەشر قىلىندى.

بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق ئەللەرنىڭ مەدەنىي-مائارىپ، پارتىيە ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش ساھەلىرىدە يېتەكچىلىك خىزمەتلىرىنى ئىگىلەش مۇمكىنچىلىكلىرىنى قولغا كەلتۈردى. يولداش ئاخۇنبابايېۋ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئىسمائىل تاھىروف، ئابدۇغوپۇر قۇربانوف، ياقۇپ روزىن، ئەلىيېۋ ۋە باشقا ئۇنلىغان ئەربابلار ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە يۇقىرى رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇردى.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ يۇقىرى دۆلەت رەھبىرلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن كىشى يولداش ئاخۇنبابايېۋ بولۇپ، ۋىكى ئېنسىكلوپېدىيىسىدە كۆرسىتىلىشچە، مەرغىلاندا توغۇلۇپ چوڭ بولغان يولداش ئاخۇنبابايېۋ 1924-يىلى، ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇلغاندىن كېيىن، 1925-يىلى ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ بىرىنچى رەئىسى بولۇپ بېكىتىلگەن ھەمدە بۇ ئالىي ۋەزىپىدە تاكى 1938-يىلىغىچە ئولتۇرغان. ئەمما، مەرغىلاندا ئاددىي قەشقەرلىق دېھقان ئائىلىسىدە توغۇلغان يولداش ئاخۇنبابايېۋ 1937-يىلىدىكى تازىلاشتىن ساق قېلىپ، 1938-يىلى قايتىدىن ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىپ، بۇ ۋەزىپىدە تاكى 1943-يىلى ۋاپات بولغىچە ئولتۇرۇش مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشكەن. يولداش ئاخۇنبابايېۋنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆزۈندىن بۇيان خەلق ئىچىدە كۆپ ئۇچۇرلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلە ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي ئاشكارىلانماي ساقلىنىپ كېلىنمەكتە. ھەتتا ھازىرقى زامان ئۆزبېكىستان ناخشا چولپىنى يۇلتۇز ئوسمانوۋانىڭ دادىسى ئۇرايىماخۇنمۇ ئەنە شۇ مەرغىلاندا 1926-يىلى توغۇلغان ئىكەن. ئەلۋەتتە، «ئاخۇن» قوشۇمچىسى ئۆزبېكىستاندا پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا خاس بولۇپ، يۇلتۇزخانىنىڭ دادىسى مەرھۇم ئۇرايىماخۇننىڭ تېگى قەشقەرلىك ئۇيغۇرلاردىن ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇرلار مەۋجۇت.

1920-1930-يىللاردىكى ئۇيغۇر مەشھۇر ئەربابلىرى ئارىسىدا يەنە بىر ئەڭ يۇقىرى سالاھىيەتكە ئىگە بولغان كىشى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ بولۇپ، ئۇ، ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستاندىكى ئالىي رەھبەرلىك دەرىجىسىدىن ھالقىپ موسكۋادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدا مىللەتلەر ئىشلىرى بويىچە رەھبىرى ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇردى.

بۇلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئالىي مەكتەپلەر ۋە فاكۇلتېتلارنىڭ مۇدىرلىق

ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇردى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇر زىيالىيسى ياقۇپ روزىن تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ خىزمەت قىلدى.

تۇنجى ئۇيغۇر دوتسېنتى بۇرھان قاسىموف ئوتتۇرا ئاسىيا پاختا-سۇغۇرۇش ۋە سانائەت ئىنستىتۇتى ئىشچىلار فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى. تۇنجى بىئولوگىيە پەنلىرى دوكتورى ئابدۇمېجىت روزىباقىيېۋ، 1935-1937-يىللىرى ئارىسىدا تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇردى. ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى دوتسېنت-پروفېسسورلار يېتىشىپ چىقتى. مەسىلەن دوتسېنت-پروفېسسورلاردىن بۇرھان قاسىموف، ئۆمەر قاسىمى، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى ۋە باشقىلار تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى، ماركسىزم -لېنىنىزم ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردە دەرس ئۆتتى. 1934-1937-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر ئېلىدىن تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئۈچ تۈركۈمدىكى 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي قىلغان تۈركىي مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئەنە شۇ بۇرھان قاسىموف، ئۆمەر قاسىمى، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى ۋە باشقا ئۇيغۇر ھەم ئۆزبېك ئوقۇتقۇچىلار دەرس بەرگەن ئىدى.

ئۇيغۇر ئالىمى مەرھۇم مۇرات ھەمرايېفنىڭ يېزىشىچە، 1930-يىللاردا ئۇيغۇرلاردا باشلانغۇچ مائارىپ ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملىشىپ بولۇنغان ھەمدە خەلقنىڭ مائارىپ ساپاسى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئۆسكەن ئىدى.

1937-يىلى ئالمۇتىدا پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى ۋە ئىملا مەسىلىسى بويىچە چوڭ كونفېرېنسىيە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، تاشكەنتتىن بارغان زىيالىيلار بۇ يىغىننىڭ ئاساسىي تەركىبىنى تەشكىل قىلغان ئىدى. بۇ يىغىندا ئۇيغۇرلارنىڭ تىلشۇناس ئالىملىرى رۇس تىلشۇناسلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئىملا قائىدىلىرىگە ئائىت كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى ئىلمىي ئاساستا مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە ئورتاق ئىملا قائىدىسىنى بېكىتتى.

قىسقىسى، 1921-1937-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە مائارىپىنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە رول ئويناپ، 20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنىڭ گۈللىنىشىگە ئاساس سېلىنغان ماكانغا ئايلاندى. ئومۇمەن 1920-1930-يىللار ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئايرىم بىر قانچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ تېمىسى بولۇپ، بۇ ماقالىدە پەقەت مەزكۇر نۇقتىنى قىسقىچە ئەسلەشتىن ھالقىش مۇمكىن ئەمەس.

1930-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە مۇنداق ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ يەنە بىر سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ موسكۋانىڭ ئۇيغۇر ئېلىغا قاراتقان سىياسىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 1934-يىلى، موسكۋا قەشقەردە قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتنى ۋە ما جۇڭيىڭنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى قوللىماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە شېڭ شىسەينى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، سوۋېتپەرەس شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەسىس قىلىپ، بۇ رايوننى نامدا جۇڭگوغا، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 17-جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاش ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ھەربىي-سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىمتىيازلارنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى تەسىرىنى ۋە ئوبرازىنى تېخىمۇ تىكلەش مەقسىتىدە سوۋېت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى.

بىراق، 1937-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا باشلانغان كەڭ كۆلەملىك تازىلاش ھەرىكىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ بۇ تازىلاشنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلاندى. ئالمۇتىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئىملا يىغىنىغا قاتناشقان زىيالىيلار ۋە ئالىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۈرمىلەرگە تاشلاندى ۋە ياكى ئۆلتۈرۈلدى. 1937-يىلىدىكى بۇ تازىلاش ئۇيغۇر ئېلىدە ماخمۇت مۇھىتىنىڭ ھىندىستانغا قېچىشى ۋە ئابدۇنىياز بەگ ھەم ما خۇسەنىنىڭ ئىسيانىدىن كېيىن بىر-بىرىگە ماسلىشىپ، ھەر ئىككىلا تەرەپتە ئۇيغۇر خەلقى بۇ تازىلاشلارنىڭ ئەڭ چوڭ قۇربانىغا ئايلانغان ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۇ ياقتا يوسىف ستالىن، بۇ ياقتا شېڭ شىسەينىڭ خالىغانچە جازالىشىدىن قۇتۇلالمىدى.

1937-يىلىدىن كېيىن ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئىسمايىل تاھىروۋ، ئەلىيېۋ، ئابدۇغوپۇر قۇربانوۋ قاتارلىق ئالىي رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇرغان سىياسىي ئەربابلاردىن باشقا يەنە نۇر ئىسرائىلوۋ، ھېزىم ئىسكەندوروۋ، تۇردى ھەسەنوۋ، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى، مۆمىن ھەمرايېۋ، ھەبىب زاكىرىي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە ئونلىغان ئەدىبلەردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى ئاتاقلىق تەرجىمان، لۇتفۇللا مۇتەللىپنىڭ تاغىسى مىجىت مۇتەللىپوۋ، بۇرھان قاسىموۋ، ئۆمەر قاسىمى شۇنىڭدەك 20-يىللارنىڭ ئاخىرىدا تۈرپاندىن تاشكەنتكە بېرىپ ئوقۇپ، كۆزگە كۆرۈنگەن تىلشۇناس بولۇپ يېتىشىپ چىققان قادىر ھوشۇرى قاتارلىق ئۇنىۋېرسىتېت دوتسېنت-پروفېسسورلىرى ھەم باشقا يۈزلىگەن زىيالىيلار بىراقلا قولغا ئېلىندى. لېكىن، بۇ تازىلاش يۇقىرى قاتلام سىياسىي ۋە مەمۇرىي ئەربابلار ۋە زىيالىيلار بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ھەم نەشرىيات ئورگانلىرىنىڭ تاقىلىشىغىمۇ بېرىپ تاقاشتى. ئەينى ۋاقىتتا تاشكەنتتە

خىزمەت قىلغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ئابدۇمەجىت روزىباقىيېف [87] ۋە خېلەم خۇدابەردىيېفلارنىڭ ئەسلىمىلىرىدە بايان قىلىنىشىچە، بۇ ۋاقىتتا تاشكەنت ۋە ئەندىجاندىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئورگانلىرى تاقالغاندىن سىرت يەنە ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستاندىكى بارلىق ئۇيغۇر مەكتەپلىرى تاقالدى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك خەلق دۈشمەنلىرى دەپ بېكىتىلدى [88]. 1937-يىلىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن بىرى مەرھۇم ئەخمەت ئېلىيېفنىڭ «يېڭى ھايات» گېزىتىدىكى خاتىرىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، 1937-1938-يىللىرىدىكى تازىلاشتا تاشكەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆزبېكىستاندا 3800 نەپەر ئۇيغۇر زىيالىيسى «ئۇيغۇر ئازادلىق تەشكىلاتى» دېگەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى دېگەن جىنايەت بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ، جازالانغان، ئۇلارنىڭ كۆپى ھاياتىدىن ئايرىلغان. قازاقىستاندا 1937-1938-يىللىرى ئۆلتۈرۈلگەن 1668 نەپەر ئادەمنىڭ ئىچىدە 97 نەپەر ئۇيغۇر زىيالىيسى ۋە جەمىيەت ئەربابلىرى بار. بۇ ۋاقىتلاردا ستالىننىڭ ن ك ۋ د ئورگانلىرى ۋە شېڭ شىسەينىڭ ساقچى دائىرىلىرى ئىككى تەرەپ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان جىنايەت «پانتۈركىست»، «تروتسكىچى»، «ياپوننىڭ ئىشپىيونى»، «خەلق دۈشمىنى»، «جاھانگىرلارنىڭ قۇيرۇقى» ۋە باشقىلارنى ئارتتى. بىچارە ئۇيغۇر خەلقى، دىني ئەربابلىرى ۋە زىيالىيلىرى ھەر خىل جىنايى ناملار ۋە سياسي قالپاقلارنىڭ قۇربانى بولۇشتىن قۇتۇلالمىدى.

-1939-1937يىللىرىدا، تاشكەنتتە چىقىدىغان «شەرق ھەقىقتى» گېزىتى ۋە ئالمۇتىدا نەشر قىلىنىدىغان «قىزىل تاڭ ژۇرنىلى»، «قىزىل تۇغ» گېزىتلىرى بىراقلا تاقالدى. خېلەم خۇدابەردىيېف سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ 1937-يىلىدىكى كەڭ كۆلەملىك تازىلاش ھەرىكىتىنىڭ پۈتۈن خەلقلەرگە ئېغىر پاجىئە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئەسكەرتىش بىلەن بىرگە بۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ قاتتىق بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

»ئۇيغۇرلار بۇ ئاممىۋى قىرغىن-تۇتقۇننىڭ زەررىچىسى ئىدى. زەررىچىسى بولغان بىلەن نوپۇسى ئاز بولغاچقا باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا بەك زىيادە زەرەر كۆردى. نېمە ئۈچۈن دەڭ؟ بىز يۇقىرى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر مەدەنىي-ئاقارتىش ئورۇنلىرىنىڭ بىرىمۇ قالماي يېپىپ تاشلاندى. ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن مەكتەپلىرىدە ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەمدى ئانا تىلدا ئوقۇيدىغان بىر پارچىمۇ گېزىت ۋە كىتاب قالمىدى. مىللي مەدەنىيەت بىردىنلا گۇمران بولغىنى ئاقىۋىتىدە بولۇپمۇ ياش ئەۋلاد ئاستا-ئاستا ئانا تىلىدىن قاقاس بولدى. ئەدەبي تىل بۇزۇلدى» [.89]

ئۆزبېكستان ۋە قازاقىستان تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ يېپىلىپ كېتىشى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچۈن زور زەربىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ھال ئارىلىقتا 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە مەيدانغا كېلىپ، راۋاجلىنىش يولىغا كىرگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى خاراپلاشتۇرۇپلا قالماستىن بەلكى پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلەرگە سىڭىشىپ كېتىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بولماسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلىشىش قەدىمىنى بېسىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ تاقىلىپ كېتىشى مەسىلىسى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ۋە زىيالىيلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان بولۇپ، يەرلىك زىيالىيلار بۇ ئىشنىڭ ئۆزبېكستان ۋە قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى تەرىپىدىن قىلىنغان قارار دەپ ھېسابلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنى، جۈملىدىن ستالىننى خەۋەرلەندۈرۈش ئويلىرىدا بولغان. ئەمما، ھازىرغىچە مەۋجۇت بولغان مەنبەلەردە ئۇيغۇر مەكتەپلىرى، ئۇيغۇر نەشرىيات ھەم مەدەنىي-مائارىپ ۋە سەنئەت ئورگانلىرىنى تاقىۋېتىش توغرىسىدا بىۋاستە موسكۋادىن كەلگەن بۇيرۇق بولغانلىقىغا ئائىت ھېچقانداق مەلۇمات ئېلان قىلىنغىنى يوق. ھەقىقەتەن، مەزكۇر بۇيرۇق بىۋاستە موسكۋادىن كەلگەنمۇ؟ يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قارارىمۇ؟ بۇنىسى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. خېلەم خۇدابەردىيېف بۇ مەسىلە بويىچە 1940- يىلى 12- ئاينىڭ 28- كۈنى موسكۋاغا، يوسىف ستالىننىڭ نامىغا بىۋاستە خەت يازغان بولۇپ، مەزكۇر خەت ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت-مائارىپى ۋە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ بېشىغا چۈشكەن پاجىئەنىڭ جانلىق ئىسپاتىدۇر. چۈنكى، خەتنىڭ مۇئەللىپىنىڭ رىيالىقنى بۇرمىلاپ، ياكى قەستەن ھالدا مۇنداق خەتنى ستالىنغا ئەۋەتىشى مۇمكىن بولۇپ، ئەگەر رېئاللىق ئۇنداق بولمىسا، خەت ئاپتورىنىڭ كاللىسى كېتىشى تەبىئىي ئىدى.

خەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

قەدىرلىك يوسىف ۋىسسارىئونوۋىچ!

تۆۋەندە ئىزاھلىغان مەسىلىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى تاپالمىغاچقا سىزگە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئىلتىماس، ئۇقتۇرۇپ بەرسىڭىز. ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، س س س ر دا ( ئۆزبېكستان، قازاقىستان، قىرغىزىستاندا) ئۇيغۇر ئاھالىسى ئىستىقامەت قىلىدۇ. بۇ رەسپۇبلىكىلاردا باشقا رەسپۇبلىكىلارغا ئوخشاش ئانا تىلدا (يەنى ئۇيغۇر تىلىدا) تەلىم بېرىدىغان ئون يىللىق، يەتتە يىللىق، باشلانغۇچ مەكتەپلەر، بىر قاتار تېخنىكوملار بار ئىدى. ئۆزبېكستاننىڭ ئۈچپېيىگىز ۋە دۆلەت نەشرىياتى (تاشكەنتتە) ئۇيغۇر بۆلۈملىرى ئىش ئېلىپ باراتتى. قازاقىستاندا (ئالمۇتىدا) بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتىدا ئۇيغۇر بۆلۈملىرى بار ئىدى. 1939-يىلنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ ئاۋۋال قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندا، كېيىن ئوزبەكىستاندا بارلىق ئۇيغۇر مەكتەپلىرى يېپىلدى. ئايرىم جايلاردا (قازاقىستاندا) بىرىنچى ۋە ئىككىنچى سىنىپلارلا ساقلىنىپ قالدى، خالاس.

ئۇيغۇر باللىرى قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز تىللىرىدا ئوقۇيدىغان بولدى. كېيىنرەك ئۆزبېكىستانىنىڭ ئۇچپېدگىز ۋە دۆلەت نەشرىياتلىرىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈملىرى يېپىلدى. قازاقىستانىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە ئۇيغۇر بۆلۈمى ئىش ئېلىپ باراتتى، يېقىندا بۇ بۆلۈممۇ يېپىلدى.

س س س ر ئاساسىي قانۇنىدا پۇقرالارنىڭ تەلىم ئېلىش ھوقۇقى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئانا تىلدا يۈرگۈزۈش ئارقىلىق تەمىنلىنىدۇ، دېيىلگەن. ئۇيغۇر ئاھالىسى نېمە ئۈچۈن بۇ ھوقۇقى مەھرۇم بولۇشنى چۈشىنىش قىيىن بولۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي قىسمى بىر بۆلەك ئىنسانلار زۇلۇم ئاستىدا ياشاۋاتقان ھازىرقى تارىخىي ۋەزىيەتتە بۇنداق تەدبىرلەرنىڭ قوللىنىلىشى توغرا بولارمىكىن؟ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەزمۇنەن سوتسىيالىستىك، شەكلەن مىللىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەسلىسى ئەمدىلىكتە قانداق بولىدۇ دېگەن مەسلە توغۇلىدىغۇ؟

شۇ مۇئەممانى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىڭىزنى سوراپ ئۆزبېكىستان ئۇچپېدگىز ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقى، ھازىر ئارمىيە سېپىدىكى مۇئاۋىن سىياسى كوماندىر خېلەم رەھمووۋىچ خۇدابەردىيېۋ.

مېنىڭ ئادرېسىم. ئۇ س س ر، ۋىنىنسا شەھىرى. پوچتا بۆلۈمى، پ/پ 125.

1932-يىلدىن تارتىپ ۋ ل ك س م (لېنىنچە كومسومول ئەزاسى). 1940-يىلى، 28-دېكابىر [90].

خېلەم خۇدابەردىيېفنىڭ بۇ خېتى تاكى 1940-يىلدىن 1944-يىلىنىڭ قىش كۈنلىرىگىچە جاۋابسىز قالدى. بىراق، ئۇ، قىزىل ئارمىيە سېپىدە جەڭلەرنى داۋاملاشتۇرىۋاتقاندا، 1944-يىلى، قىش ئايلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۇنى موسكۋاغا چاقىرتىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئارقىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە تاشكەنتتە «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىندى. ئەمما، بۇ ۋاقىتتا ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ئەسلىگە كەلمىدى. موسكۋانىڭ خۇدابەردىيېفنى چاقىرتىشى ۋە ئارقىدىن ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئەمەلىيەتتە موسكۋانىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى، يەنى 1943-يىلىنىڭ ماي ئېيىدىن كېيىن شەكىللەنگەن ئۇيغۇر ئېلىدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى قوزغاش ئىستراتېگىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ تەسادىيىلىق ئەمەس ئىدى خالاس. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، 1937-1939-يىللىرى ئارىسىدا ۋەيران قىلىنغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئۆزۈنىغىچە ئەسلىگە كېلەلمىدى. مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى خارابلىق تاكى 1950-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىققىچە داۋاملىشىپ، شۇنىڭدىن كېيىن قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەن ئىدى.

ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، 1937-1940-يىللىرى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئۆز كىملىكىنى ئۆزگەرتىش دەۋرى بولۇپ، زور ساندىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ئۆزبېك قىزلىرى بىلەن توي قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇيغۇر ئەمەس، بەلكى ئۆزبېك دەپ يېزىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1941-1945-يىللىرىدىكى ئۇرۇش يىللىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپى چەتئەللىك كۆچمەن دەپ قارالغان بولغاچقا ئۇلار ئەسكەرلىككە ئېلىنمىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزبېك قىزلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرلار بىلەن توي قىلىش ئەھۋالى كۆپەيدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ھۆكۈمەتنىڭ 1937-يىلدىكى سانلىق مەلۇماتىدا ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە 60 مىڭ ئۇيغۇر بارلىقى يېزىلسىمۇ، بىراق، ئۇ ۋاقىتتا پۈتۈن ئۆزبېكىستاندا 60 ساپ ئۇيغۇر كولخوزى بولغان. ئەگەردە ھەر بىر كولخوزدا ئاز دېگەندە 2000 ئادەم بار دەپ ھېسابلىغاندىمۇ، 60 كولخوزدا تەخمىنەن 120 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنجان، تاشكەنت ۋە باشقا شەھەرلەردە ياشايدىغان ئاھالىلار كولخوزلارغا تەۋە ئەمەستۇر. مۇنداق ھېسابلىغاندىمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزبېكىستان تەۋەسىدىكى ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ تىزىمغا ئالدۇرغانلارنىڭ سانىلا 60 مىڭدىن خېلىلا كۆپ بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ چاغلاردىكى ئەمەلىي سانى خېلىلا كۆپ بولۇشى تەبىئىي.

لېكىن، 1937-يىلدىن كېيىنكى ئۆزگىرىش پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستان تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز كىملىكىنى ئۆزگەرتىش دولقۇنى قوزغىدى. ئەمما، قازاقىستاننىڭ شەرقىي قىسىملىرىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئارىسىدا ۋە قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 1932-1933-يىللىرىدىكى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئاچارچىلىق ۋە بايلارغا زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىدە ئۇيغۇر ئېلىغا قېچىش دولقۇنى قوزغالدى. شۇ قېتىملىق قېچىشتا خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار يەتتەسۇدىن (قازاقىستاننىڭ شەرقىي ۋە قىرغىزىستاننىڭ شىمالى تەرەپلىرى) ئىلىغا كەتكەن. شۇنىڭدەك يەنە 1932-1933-يىللىرىدىكى چوڭ ئاچارچىلىقتا قازاقىستان تەۋەسىدە 27 مىڭ ئۇيغۇرنىڭ ئاچارچىلىقتىن ئۆلگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. ئەمما، مۇنداق قېچىش ۋە كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ھەرىكەتلىرى پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن دېيىلگەندىمۇ گەۋدىلىك ئەمەس ئىدى. بۇ ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇزىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيتتى.

ئومۇمەن، 1937-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا 1917-يىلدىكى چار رۇسىيە تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدىكى 39528 «قەشقەرلىك» نىڭ سانى ھېچقانداق كۆپىيىش كۆرۈلمىگەن. سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ ستاتىستىكىسىدىن كېيىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازلاپ ماڭغان. مەسىلەن 1926-يىلى ئەنجان ئوبلاستىدا 30 مىڭ 757 نەپەر ئۇيغۇر تىزىمغا ئېلىنغان بولسا، 1979-يىلى، 11867 نەپەر ئۇيغۇر قالغان.

ئۆزبېكستان جۇمھۇرىيىتىدىكى 1937-يىلدىكى 61 مىڭ ئۇيغۇر 1959-يىلىغا كەلگەندە 19 مىڭغا چۈشۈپ قالغان. 1979-يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئاران 29104 ئادەم دەپ ئېلان قىلىنغان. 1989-يىلى، 35 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان. 2000-يىلى، بولسا 20 مىڭغا چۈشۈپ قالغان. ئەمما، 2009-يىلى، ئۆزبېكستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى نىجات نىيازوف پۈتۈن ئۆزبېكستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ 60 مىڭ ئىكەنلىكىنى يازغان بولسىمۇ[91]، بىراق بۇ رەسمىي ھۆكۈمەت ئىستاتېستىكىسى ئەمەستۇر. ئۆزبېكستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى ئەنجان شۆبىسىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا نۆۋەتتە ئەنجان ئوبلاستى تەۋەسىدە 30 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشىماقتا. تەخمىنەن 4-5 مىڭ ئۇيغۇر شەھرىخان ناھىيىسىنىڭ دولان يېزىسىغا جايلاشقان[92.[

قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدىكى، يەنى پەرغانە ۋادىسىنىڭ قىرغىزىستانغا تەۋە قىسمىدىكى ئوش ۋە جالال-ئاباد ۋىلايەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئەزەلدىن ئېنىق ئەمەس بولۇپ، 2009-يىلدىكى قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي سانلىق مەلۇماتى بويىچە ئالغاندا، ئوش ۋىلايىتى بىلەن جالال ئابادتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى 15 مىڭ ئەتراپىدا، ئوشتىكى ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى قارا سۇ رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى ئوش ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ 11 مىڭ ئىكەنلىكى، ئوش شەھرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ 791 نەپەر ئىكەنلىكى ئېلان قىلىنغان [93]، بۇلار ئاساسلىقى قاراسۇ ناھىيىسىدىكى قەشقەر قىشلاق قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان. قىرغىزىستاننىڭ ئوش شەھرىدىكى مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەپ كۆپچىلىكى ئەمەلىيەتتە، 1955-1962-يىللاردا كۆچۈپ كەلگەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يەردە ئەسلىدىن بار بولغان ئۇيغۇرلار ئاللىقاچان ئوزبېكلەر تەركىبىدە يوقىلىپ بولغان ئىدى. بۇلار بۈگۈنكى كۈنلەردە داۋاملىق تۈردە ئۆزبېكلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. پەرغانە ۋادىسىدىكى قەشقەرلىكلەر يەنى ئۇيغۇرلار ئىككى ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا 19-ئەسىردە بۇ رايوندىكى ئاساسلىق خەلقلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغانلىق ئەھۋالىنى يوقىتىپ، بۈگۈنكى كۈندە رايوندىكى ئەڭ ئاز نوپۇسلۇق مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى. نۇرغۇن ئۇيغۇر يېزىلىرى، مەھەللىلىرى، كوچىلىرى يوقالدى شۇنىڭدەك بۇ مەھەللە، قىشلاق ۋە كوچىلاردىكى ئەسلى قەشقەرلىكلەر-ئۇيغۇرلار سىڭىپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۈگۈنكى كۈندىكى پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ تەركىبىگە سىڭىپ تۈگەپ، ئۆزبېك مىللىي كىملىكىگە ئايلاندى. شۇ

ۋەجدىن مەيلى ئوش، مەيلى ئۆزگەند ۋە ياكى ئۆزبېكستان تەۋەسىدىكى ئەنجان، مەرغىلان ۋە باشقا جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ئەجدادلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدىغان «ئۆزبېكلەر» هازىرمۇ ئاز ئەمەس. ئەنە شۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم قازاق، قىرغىز هەم باشقا مىللەت ئالىملىرى ئارىسىدا ئەنجان ئاھالىسىنىڭ 60% ئۇيغۇر ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ستالىن دەۋرىدە ئۆزبېكلەشتۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى يازىدۇ [94].

ئوش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەسلى قەشقەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىزلارنىڭ تەركىبىگە سىڭىپ كېتىش ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇماتلار يېتەرلىك ئەمەس، بىراق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئېتنوگرافى س. م. ئابرومزون ئۆزىنىڭ 1955-يىللىرىدىكى بۇ رايونلاردىكى تەكشۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە جەنۇبىي قىرغىزلار تەركىبىدە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىغان قەبىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېنىقلاپ چىققان ئىدى [95]. ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرلارغا تەۋە دەپ ئاتىغان گۇرۇپپا ئۈچ-قورغان رايونىدا ۋە قارول بۇيغا، ئاۋۇزتام-پىلال، تېگىرمەچ، قاراغاندي، كېرېگېتاش، ئۆلېگىش، قاراقشتاق، پۇم دېگەن جايلاردا ھەمە بۇرۇن شېپى (شىبىە) يېزىلىرى ھەمدە لەڭگەر دېگەن جايغا تارقالغان. ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ دەپ قارىغان قېرىلاردىن كېنجىباي ئايتېمىروف ۋە رايىمبەردى ئورمونوف بۇ گۇرۇپپىنىڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىنىڭ بۇخارادىن كەلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۈچ قورغاندىكى ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى بولسا ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىنىڭ بىر قىسمى ياشايدىغان قوش-تېگىرمەن دېگەن جايدىن كەلگەن. بۇ ئۇيغۇر گۇرۇپپىلىرىنىڭ بىر قىسمى چارۋىچىلىق، يەنە بىر قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، قارائوئول دېگەن جايدا « ئۇيغۇر ئارىق» دەپ ئاتالغان سۇ قانىلى بار. بۇ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى قىرغىزلارنىڭ بۇيگا ۋە تۆلەس قەبىلىسى بىلەن تۇغقانچىلىقتا ئىگە دەپ قارايدۇ شۇنىڭدەك يەنە قىرغىزلارنىڭ تېيىت قەبىلىسىنى ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش ئۇرۇقتىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ [96].

لېكىن، چوقان ۋەلىخانوفنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى تاغلىق دەپ ئاتالغا قەشقەرلىكلەرنىڭ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان پامىر-ئالاينىڭ ئېتەكلىرىدىكى قىسىملىرى ئارىسىدا قىرغىز قەبىلىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىش نەتىجىسىدە قىرغىزلاشقانلارنىمۇ يوق ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ.

1960-يىللاردا پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى مەخسۇس تەكشۈرۈلگەن سوۋېت ئالىملىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن غوجا ئەخمەت سادۋاقوسوفنىڭ تەكشۈرۈشىچە، 1960-يىللاردا پەرغانە ۋادىسىدىكى ئاھالىلار ئىچىدە ئۆزبېكلىشىپ كەتكەن ھەمدە ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ ھېسابلىغان بولسىمۇ، بىراق ئەسلى كېلىپ چىقىشىنىڭ قەشقەر ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلار كۆپرەك بولغان. ئوش ۋىلايىتى ۋە ئەنجان ۋە مەرغىلان ۋىلايىتى تەۋەسىدە كۆپلىگەن

ئەسلى قەشقەرىيەدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن جاي ئىسىملىرى ۋە مەھەللە ئىسىملىرى ئۆچرىغان بولۇپ، پەقەت ئەنجان ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى موسكۋا رايونى، يەنى ھازىرقى شەھرىخان ناھىيىسىدىلا ئارتۇش، دولان، جاڭجال، قەشقەرمەلە، قەشقەرقىشلاق قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق جاي ئىسمى تىزىمغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەنجان ۋىلايىتىنىڭ ئىزباسقان ناھىيىسى تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يېزىسىدا قەشقەرمەلە دېگەن جاي بار بولۇپ، 1960-يىللىرىدا بۇ يېزىدىكى 200 دىن ئارتۇق ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ ھېسابلىغان كىشلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ 110-120 يىللار ئىلگىرى قەشقەردىن كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يەردە قەشقەر مەھەللىسى پەيدا قىلغان. بۇ كىشلەر 60-يىللارغا كەلگەندە تىل ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئۆزبېكلىشىپ كەتكەن [97]. 1960-1970-يىللىرى ئارىسىدا يەنە شەھرىخان يېزىسىدا 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرى ئەلخان موللاخۇن ئوغلى ئارازىنىڭ ئوغلى 73 ياشلىق مۆمىنجان ئەلخانوفمۇ ياشىغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا شەھرىخان يېزىسىغا ئارازىنىڭ قەبرىسىگە ئورنىتىلغان خاتىرە تاشقا ئارازىنىڭ 1869-يىلى، مەرغىلان ناھىيىسىنىڭ شەھرىخان يېزىسىنىڭ قەشقەر مەھەللىسىدە توغۇلغانلىقى، ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ 1930-1835-يىللىرى ئارىسىدا قەشقەردىن كېلىپ، يەرلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلاردىن ئىكەنلىكى يېزىلغان بولۇپ، ئارازىنىڭ ئوغلى مۆمىنجان ئەلخانوف شۇ ۋاقىتتىكى شەھرىخان يېزىسىنىڭ زور كۆپچىلىك ئاھالىسىنىڭ قەشقەردىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن[98]. بىراق بۇ ئاھالىلارنىڭ ھەممىسى 60-70-يىللاردا ئالللقاچان ئۆزبېكلىشىپ، ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ ئاتايدىغان بولغان ئىدى. غوجاخمەت سادۋاقوسوف قاتارلىقلار يەنە ئەنجان ۋىلايىتىنىڭ بۇتاقارا يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلىشىش جەريانى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ يېزىدىكى قەشقەردىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ 1939-1940-يىللىرى ئارىسىدىن باشلاپ ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ ھېسابلىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان[99.[

-1960-1959يىللىرى ئارىسىدا ئەنجان ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ناھايىتى تارقاق ياشىغان بولۇپ، سوۋېت ئېتنوگرافلىرى شۇ ۋاقىتتا پەقەت ئەنجان ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەزكۇر ۋىلايەتتىكى 79 كولخوزغا ھەممە پەرغانە ۋادىسىنىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى بېكىتكەن[100.[

-1960-1950يىللاردا قەشقەر كۆچمەنلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى يەنە نامەنگان شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىمۇ ياشىغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتلاردا ئۇلار ئوخشاشلا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆزبېك كىملىكىنى قوبۇل قىلىپ بولغان ھەممە نامەنگان، ئەنجان ۋە باشقا جايلاردا ئۆزبېك تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئارىلاشقان ئۆزگىچە شۋىلىق خۇسۇسىيەتلىرى شەكىللەنگەن.

سوۋېت ئۇيغۇرشۇناسى ئا.ك بوروۋكوۋ ئۆزىنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىكى تەكشۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە 1963-يىلى يازغان ئىلمىي تەتقىقات ئەمگىكىدە نامەنگان ئاھالىسىنىڭ مۇھىم يادروسىنى قەشقەردىن كەلگەن كۆچمەنلەر تەشكىل قىلغانلىقى شۇنىڭدەك بۇ قەشقەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلىشىپ، ئۆزبېك تىلىنىڭ بىر شۋىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى يەكۈنلىگەن[101]. ئۆزبېكىستان ئالىمى ئا.مەمەتوف بولسا، ئۆزىنىڭ 1967-يىلى ئۆزبېك تىلىنىڭ ئەنجان شەھەر شۋىسى ھەققىدىكى دىسسېرتاتسىيىسىدە، «ئەنجان شۋىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇيغۇرلار مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇلار ھازىرمۇ ئەنجان شەھىرىدىكى مائارىپ، ئەسكىلىك، تاختاكۆپرۈك، كالىنىن ۋە باشقا مەھەللىلەردە ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۆزبېك تىلىدا سۆزلىشىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ تىزىملاتقان» دېگەن مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان [102].
قىرغىز، ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىللىرى ساھەسىدە كۆپ تەتقىقات قىلغان ئاتاقلىق سوۋېت تۈركىلوگى كونستانتىن يۇداخىن 1940-1950-يىللىرى ئەتراپىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە 1950-يىلى مەخسۇس ئۆزبېك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئارىلىشىش مەسىلىسى ھەققىدە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلىشىش ھەمدە ئۆزبېك تىلىغا سىڭىپ تەسىر كۆرسىتىش ئەھۋالى ھەققىدە خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئۇ، ئاساسلىقى پەرغانىنىڭ قىرغىزىستانغا تەۋە ئوش ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر-ئۆزبېك تىللىرى مەسىلىسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، «ئوش شەھىرى ئاھالىسىنىڭ تەركىبىنى خېلى بۇرۇنلا تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەت ۋە تىل جەھەتتىن يەرلىك ئۆزبېك ئاھالىسى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن قەشقەرىيىدىن كۆچۈپ كەلگەن مۇھىم قىسىم ئاھالە تەشكىل قىلىدۇ» دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئوشتىكى ئۆزبېك تىلى شۋىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئەنە شۇ كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان.

سوۋېت ئالىملىرىدىن پولىۋانوۋ، رېشېتوۋ، يۇداخىن، بوروۋكوۋ، قايداروۋ، سادۋاقوسوف، ئىسمايىلوف ۋە باشقىلار پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۆزبېك تىلى شۋىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرى سىڭگەنلىكىنى بىردەك ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇ رايونلاردىكى ئۆزبېك تىلى شۋىلىرى تەركىبىدە ئۆزبېك تىلىنىڭ باشقا شۋىلىرىدە كۆرۈنمەيدىغان، ئەمما پەقەت ئۇيغۇر تىلىغىلا خاس بولغان بىر قىسىم سۆزلەر ھەم فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بارلىقى ئالىملار تەرىپىدىن ئېنىقلاپ چىقىلدى.
ئومۇمەن، پەرغانە ۋادىسىنىڭ ھەر قانداق بىر جايىدا ھازىرمۇ يەنىلا كۆپلىگەن ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ ئاتاپ يۈرگەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدىغانلار مەۋجۇت. ئەنجان، مەرغىلان، نامەنگان ۋە ئوش قاتارلىق شەھەرلەر ھەم ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردىكى بۈگۈنكى كۈنلەردىكى ئۆزبېكلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تەركىبىنى زور ساندىكى ئەسلى قەشقەرلىك كۆچمەنلەر- ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىگەنلىكىدە شەك يوق.

پەرغانە ۋادىسىدا ھازىر ياشاۋاتقان، ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتايدىغان ئاھالىلارنىڭ سانى مەيلى ئۆزبېكىستان ۋە ياكى قىرغىزىستان بولسۇن، ھەر ئىككىسىدىلا ناھايىتى ئاز. ئۆزبېكىستان تەۋەسىدىكى ئەنجان ۋىلايىتىدە يەنە ھازىرمۇ «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئاستىدىكى جايلار مەۋجۇت. ئوش ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى قاراسۇ رايونىنىڭ قەشقەر قىشلاق يېزىسىدا ئۇيغۇرلار بىر قەدەر زىچ ئولتۇراقلاشقان. پەرغانە ۋادىسىدىكى بۇ قالدۇق ئۇيغۇرلار گەرچە بەزى جايلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا ئۆز ئانا تىلىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزبېك تىلىنى ئىشلىتىدۇ. ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ تىزىمغا ئالدۇرغان بۇ ئاھالىلارنىڭ ھەممىسى، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيەت ۋە تىل جەھەتتىن يەنىلا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆزبېكلىشىپ بولغان بولۇپ، پەقەت ئۇلارنىڭ مىللەت ناملا ساقلىنىپ قېلىنغان. سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ، بۇ جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى 20 يىل ئىچىدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرى پەرغانە ۋادىسىدىكى بۇ قالدۇق ئىسمى بار، جىسمى يوق ئۇيغۇر ئاھالىلار 21-ئەسىردە خۇددى 19-20-ئەسىردە بېشىغا كەلگەندەك ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان سىڭىش ۋە يوقاپ كېتىش تەقدىرىگە يەنە دۇچ كېلىشى مۇقەررەر.

ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ تارىخىي مۇساپىلىرىنى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ يەرلىك خەلقلەرگە سىڭىپ كېتىش ھادىسىسى پەقەت ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاندا ئەڭ گەۋدىلىك بولدى. بولۇپمۇ ئۆزبېكىستان بىلەن قىرغىزىستان ھەم تاجىكىستان ئەڭ روشەن بولۇپ، بۇ خىل ھادىسە بۇ ئۈچ جۇمھۇرىيەتنىڭ پەرغانە ۋادىسىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. سىڭىشىش ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلەرگە سىڭىپ، ئۆزبېك مىللىتىنىڭ پەرغانىدىكى ئاساسلىق قىسمىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە تەشكىل قىلىش بىلەن خۇلاسىلاندى. ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈنلەردە ئۆز تىلى، مەدەنىيىتى ۋە بەزى تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغان قىسمىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تاشكەنت ۋە باشقا جايلارغا تارقىلىپ، شۇ جايلارنى مەركەز قىلغان بولۇپ، بۇلار 1955-1963-يىللىرى ئارىسىدىكى كۆچۈشتە ئۇيغۇر ئېلىدىن كۆچۈپ چىقىپ، ئۆزبېكىستاندىن تاشكەنت شەھىرىنى ئاساس قىلىپ، ئەنجان ۋە يەنە باشقا شەھەرلەرگە تارقالغان ئۇيغۇر ئاھالىلىرى شۇنىڭدەك يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرلىرىدە قازاقىستاندىن تاشكەنت ۋە باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ ئوقۇپ ۋە خىزمەت قىلىپ تۇرۇپ قالغان يەتتەسۇلۇق ئۇيغۇرلاردۇر. مانا بۇ گۇرۇپپا بۈگۈنكى كۈنلەردە ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسىي مىللىي قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرىنچى ئەۋلادلىرى تۈگەپ، ئىككىنچى ئەۋلادلىرى ئۆز ئانا تىلىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك 50-80-يىللار ئارىسىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ مائارىپ تەربىيىسىنى ئۆزبېك ۋە رۇس تىللىرىدا، قىسمەنلىرى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قازاقىستاندا ئۇيغۇر تىلىدا ئالغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇيغۇر تىلى پەقەت ئائىلە تىلى ۋە ئۆزئارا ئالاقە تىلى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. ئەمما ئۇلارنىڭ 3-ئەۋلادلىرى بولسا تامامەن

دېگۇدەك ئۆزبېك تىلى ۋە ياكى رۇس تىلى ئىشلىتىدىغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىشىنىڭ ئالدى كەينىدە دۇنياغا كەلگەن يېڭى ئەۋلادلار بولسا ئاساسەن دېگۇدەك ئۆزبېك تىلدا تەربىيە ئېلىپ، ئۆزبېك جەمئىيىتى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. دېمەك، ئەمدىكى نۆۋەت ئۆز ئانا تىلىنى بىلمەيدىغان ۋە تىل، ئۆرپ-ئادەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئۆزبېكلەردىن ھېچ پەرقى بولمىغان يېڭى ئەۋلادنىڭ يەنە بىر قەدەم ئۆزبېك جەمئىيىتىگە قوشۇلۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. قىرغىزىستانغا تەۋە ئوش، ئۆزگەند، قاراسۇ، جالال ئاباد قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا، تېخىمۇ شۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا. ئۇلار ئومۇمەن، ئۆز تىلىدىن ئايرىلىپ بولغان. گەرچە، ئەنجان ۋە ئوش قاتارلىق جايلاردىكى پەرغانە ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۆز مىللىي كىملىكىنى ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش قىزغىنلىقى بولسىمۇ، ھەتتا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تۈرلۈك سەنئەت گۇرۇپپىلىرى ئۆز مىللىي ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداش ئارقىلىق ئۆز سەنئىتىنى نامايەن قىلىش ھەم ئۆگىنىش پائالىيەتلىرى بولسىمۇ، بىراق بۇلارنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى ساقلاپ قېلىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالماسلىقى تەبىئىي.

مەنبە : كۆكلەم تورى

# 14-مۇرات ناسىروف ۋە مەن

نەبجان تۇرسۇن (تارىخ پەنلىرى دوكتورى)




ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك شانلىق مەدەنىيەت ۋە سىياسي تارىخ ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ چىن قەلبىدىن پەخىرلىنىدىغان، سۆيىدىغان ۋە ئۇلۇغلايدىغان سۇلتان سۇتۇق ، مويۇنچۇر ، سەئىدىخان

كەبى ئىمپېراتورلىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك سىياسىيون-دۆلەت ئەربابلىرى، مەھمۇت قەشقىرى كەبى ئالىملىرى، ئەلىشىر ناۋايى كەبى يازغۇچى-شائىرلىرى ۋە ئامانىنساخان كەبى سەنئەتكارلىرىدىن ئىبارەت كۆپلىگەن نامايەندىلىرىگە ئىگە بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق ۋە سەلتەنەتلىك ئۆتمۈشى ھەم ئەشۇ بۈيۈك نامايەندىلىرى ئۇلارنىڭ مىللىي ئېڭىنىڭ يىلتىزىنى سۇغارغۇچى روھى مەنبە بولغان بولسا، 20 – ئەسىردە مەيدانغا چىققان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۇلۇغ ئادەملىرى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە كۈچەيتىشنىڭ ئاۋانگارتلىرى سۈپىتىدە تېڭىرقاش ھەم ئۈمىدۋارلىق بىلەن كېلەچەككە قاراپ مەردانە قەدەم تاشلاۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بېرىش شۇنىڭدەك چاقىرىق قىلىشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرماقتا. 20-21-ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىشكە ھەسسە قوشۇۋاتقان ئۇيغۇر پىداكارلىرىنىڭ سانى ۋە كەسىپ دائىرىسى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ئالىقاچان تەكلىماكان ۋە جۇڭغارىيەدىن ئىبارەت ئىككى ئويمانلىقتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ياۋرو-ئاسىياغا جۈملىدىن دۇنياغا يۈزلەندى ھەمدە خەلقئارالىق تۈس ئالدى. ئۇزۇن يىللار بۇ ئىككى ئويمانلىققا دۆلەپ قويۇلغان ئۇيغۇر كىملىكى بۈگۈنكى كۈندە تارىختىكى ئورخۇن دۆلىتىنىڭ ئىگىلىرىلىق سۈپىتى بىلەنلا ئەمەس بەلكى، يېڭى ئۇيغۇر كىملىكى ھالىتىدە يەر شارىغا تونۇلۇشقا باشلىدى. دۇنيا مۇنداق بىر مىللەتنىڭ ھېچقاچان ئۈنتۈلۈپ كېتىلمەيدىغانلىقى، بەلكى ئەجدادلىرىغا ئوخشاشلا يېڭى تارىخ يازىدىغانلىقىغا ئىشەندى ۋە ئىشەنمەكتە.مەن ئەنە شۇ كۆپلىگەن تالانتلىق ۋە پىداكار كىشىلىرىمىز قاتارىدا پەقەت ئاددىي بىر ئۇيغۇر ناخشىچىسى يەنى ئۇيغۇر سەنئەتكارى ھەققىدە ئاساسىي تېما سۈپىتىدە توختالماقچىمەن. ئەمما ئەسكەرتمەنكى، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۆز خەلقى ئۈچۈن جاۋاپكارلىق تۇيغۇسى ھېس قىلغان ھەم مىللىتىنىڭ ئالدىدا نېمىنىڭ نومۇس، نېمىنىڭ شەرەپ ئىكەنلىكىنى ھەس قىلالىغان ئاددىي ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر !رۇسلارنى ئۇسۇلغا سالغان ئۇيغۇر مۇڭسۆيۈملۈك دوستلار! شۇنچە شوخ“ گۈل ئايىم“ ناخشىسى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كىشلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، ھاياتلىققا رومانتىك مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن ئۇزۇلمەس شجائەت بەخش ئېتىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەممىگە مەلۇم! بەلكى، بۇ ناخشىنى بىلمەيدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر بولمىسا كېرەك؟! ئۇيغۇرنىڭ پاك مۇھەببەتكە، ساداقەتمەنلىككە شۇنداقلا ئەركىن، شاد-خورام ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشى بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ ناخشا ئۇيغۇرنىڭ مەنىۋى كۈچ قۇۋۋىتىنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە، ئۇيغۇرنىڭ ئايىغى تەككەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە يېتىپ بارغان ھەم بارماقتا. مانا بۈگۈنكى كۈنلەردە بۇ ناخشا رۇسيە سەھنىلىرىنى زىل-زىلىگە سېلىپ، سەنئەتخۇمار رۇس تاماشىبىنلىرىنى ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزىۋەتمەكتە. بۇ ناخشا بىپايان رۇسيىنىڭ موسكۋا، سانكت پېتىربۇرگ قاتارلىق كۆپلىگەن چوڭ-كىچىك شەھەرلىرى ھەتتا سىبىرىيە ئورمانلىقلىرىدىكى سوغۇق ئىقلىم قىشلاقلىرىدا، ۋولگا -ئۇرال ۋادىلىرىدا، ئۇكرائىنىيىنىڭ دنېپر دەريالىرى ۋادىلىرىدا، بەلارۇسىيىنىڭ يېشىللىققا

پۈركەنگەن تۈزلەنگلىكلىرىدە، مولداۋىيەنىڭ ئۈزۈمزارلىقلىرىدا ياڭراپ، ئۇ يەرلەردىكى كىشلەرگە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دوستلۇق تىلەكلىرىنى بىلدۈرمەكتە. ئۈمرىدە ئۇيغۇر دېگەن نامنى ئاڭلاپ باقمىغان كىشلەر ئۇيغۇرنىڭ بۇ شوخ ناخشىسىنىڭ كۈچلۈك مۇزىكىلىق ئۇدارلىرىغا جۇر بولۇپ ئۇسۇلغا چۈشمەكتە. ئەلۋەتتە، ئۆزىدىن باشقا خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆزىدىن ئۇستۇن كۆرۈش تۇيغۇسى ۋە ئۆزىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئاھاڭلىرىدىن زوق ئېلىش ئىقتىدارى كەمچىلىك بىلەن تونۇلغان رۇسلارنىڭ ئۇيغۇرنىڭ كىچىككىنە بىر يېزىسى بولغان ئاتۇشنىڭ ئەنئەنىۋى خەلق ئاھاڭلىرىغا ئۇسۇلغا چۈششى زور بىر مۆجىزە بولسا كېرەك؟ بۇ مۆجىزە پەقەت مەخسۇس رۇس مۇزىكىلىرىنى ۋە رۇسلارنىڭ مۇزىكا پسىخىكىسىنى ياخشى چۈشەنگەن ئۇيغۇر يىگىتى مۇرات ناسىروف تەرىپىدىن يارىتىلدى.

ئۇنداقتا مەزكۇر ناخشىنى شۇنچە يېقىملىق ئېيتىپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقى كىشىلىرىنى هاياجانغا سالغان بۇ ناخشىچى كىم؟ ئۇ، بۇگۈنكى كۈندە رۇسىيە جۇملىدىن پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقىدا مەشھۇر بولۇپ تونۇلغان، ناخشا خۇمار ياشلارنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلانغان، ناخشا چولپىنى مۇرات ناسىروفتۇر. مۇرات ناسىروف بۈگۈنكى رۇس ئەسترادلىق ناخشا -مۇزىكىسىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ئاللا پۇگاچېۋا، فىلىپ كىركوروۋ، ئولېگ گازمانوپ، ۋالېرى لېئەئونتېۋ ۋە باشقىلار غا ئوخشاش شان-شۆھرەتكە ئېرىشكەن بولۇپ، ھازىرقى زامان رۇسىيە سەنئەت تارىخىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئالغان.

ئەلۋەتتە، شوخ ۋە يېقىملىق ناخشا-مۇزىكىلارنىڭ ۋاقتى كەلسە مىللەت ۋە تىل ئايرىمىسى بولمايدۇ، ئەنە شۇنداق ھەممە مىللەت جۇملىدىن ھەممە ئىنسان ئورتاق ھوزۇرلىنالايدىغان، بەھر ئالالايدىغان ناخشا-مۇزىكىلارنى ھەممە مۇزىكانت ئىجاد قىلالمايدۇ شۇنداقلا ھەممە ناخشىچىلار ئېيتالمايدۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىلگىرى كېيىن ئىككى ئۇيغۇر ناخشىسى رۇسلارنى قىسقىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنى ئۇسۇلغا چۈشۈردى دېسەك مۇبالىغە بولمىسا كېرەك، بۇ ئىككى ئۇيغۇر ناخشىسىنىڭ بىرى 70-80-يىللاردا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تونۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ " ياشلىق " ئانسامبلى تەرىپىدىن ئورۇنلانغان " ئاپپاق-ئاپپاق توشقانلار" بولسا، يەنە بىرى 90-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋە ھازىرمۇ ئېيتىلىۋاتقان "گۈل ئايىم" ناخشىسىدۇر. ھەر ئىككىلا ناخشا ئۇيغۇر خەلق ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىجراچىلىرىنىڭ ئىسىملىرى مۇرات بولۇپ، ئالدىنقىسى قازاقىستان خەلق ئارتىسى، قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ دىرېكتورى مۇرات ئەخمەدى ئىدى. 70-80-يىللاردا " ياشلىق" ئانسامبلىغا رەھبەرلىك قىلغان ياش مۇرات ئەخمەدى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇنجى قېتىم مەخسۇس گۇرۇپپا تۈزۈپ، ئۇيغۇر چالغۇلىرى بىلەن غەرب ۋە زامانىۋى چالغۇلارنى ھەم مۇزىكا ئۇدارلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرىنى قازاقىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان

ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە شۇنىڭدەك سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە رايونلىرىدا ئورۇنلاپ، مىليونلىغان ئىخلاسمەنلەرنى بويسۇندۇرغان ئىدى. ياشلىق ئانسامبلىنىڭ گۇرۇپپىسى دائىم تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا كۆرۈنۈپ، "ئاپپاق-ئاپپاق توشقانلار" ناخشىسى رادىئو-تېلېۋىزورلاردا دائىم ياڭراپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ توي -تۆكۈنلىرىدە، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ۋە تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدە بۇ ناخشىنى ئېيتىش ھەم ئۇسسۇل ئويناش نورمال ئەھۋالغا ئايلانغان ئىدى.

مۇرات ئەخمەدىنىڭ نامى ئەينى ۋاقىتتا ياشلىق ئانسامبلى بىلەن ھەم ئەشۇ ئۆزى ئورۇندىغان بىر قاتار ناخشىلىرى بىلە زىچ باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرى تار ئۇيغۇر دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. بەلكى، مۇرات ئەخمەدى ھازىرمۇ ئەشۇ 20 -30 يىللارنىڭ ئالدىدىكى شۆھرىتى بىلەن ياشاۋاتقان بولسا، كېرەك؟! مۇرات ئەخمەدى دېسە كىشىلەر ئۇنىڭ ھازىرقى ناخشىلىرى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ياشلىق مەزگىلدە ئېيتقان " ئاپپاق-ئاپپاق توشقانلار"، " بىرىنچى مۇھەببەت" ۋە باشقا بىر قاتار ناخشىلىرىنى ئەسلىرىگە كەلتۈرىدۇ. قىسقىسى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نوپۇسى ئاز مىللەت ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇردىن چىققان ئىككى مۇرات ئۇ يەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنى تونۇتتى. كېيىنكى مۇرات بۇرۇنقى مۇراتتىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەنكى، ئۇ موسكۋادەك رىقابەت شەھرىدە، رۇسلارنىڭ مانا مەن دېگەن چولپانلىرى رىقابەتلىشىپ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكلىرى ۋە تالانتلىقلىرى ئۆتۈپ چىقىدىغان بىر جايدا رىقابەت مەيدانىغا چۈشۈپ، داڭ چىقاردى ۋە شۆھرەت قازاندى! .

ئەلۋەتتە، ھەر بىر ناخشىچىنىڭ دەۋر سۈرىدىغان، شان-شەرەپ قازىنىدىغان، سان-ساناقسىز ئىخلاسمەنلەرنى مەھلىيا قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىن بويسۇندۇرىدىغان بىر مەزگىلى بولىدۇ شۇنىڭدەك يەنە يېڭى ئەۋلادلارغا ئورۇن بېرىپ، پەخىرلىك نامى ۋە ئاۋازى بىلەن ئۆز ھۆرمىتىنى ساقلاپ قالىدىغان ۋە ياكى ئۇنى يوقىتىپ، بارا-بارا ئىخلاسمەنلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلىدىغان مەزگىلمۇ بولىدۇ. ئەمما، مۇرات ناسىروۋ ئالدىنقىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز شۆھرىتىدىن مەھرۇم قالمىدى ھەم تېخىمۇ يېڭى ۋە زامانغا لايىق ئىجادىيەتلىرىنى مەيدانغا چىقىرىپ، ئىخلاسمەنلىرىنىڭ سانىنى ۋە دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتمەكتە ۋە كۆپەيتمەكتە.

دېمەك، مېنىڭ بايان قىلىدىغىنىم كونا مۇرات ئەمەس بەلكى يېڭى مۇرات، يەنى موسكۋا چولپانلىرى تىزىملىكىنىڭ ئالدىنقى رېتىدىن ئورۇن ئالغان، مىليونلىغان ناخشا-خۇمار رۇس ئىخلاسمەنلىرى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بويسۇندۇرغان مۇرات ناسىروفتۇر!

ئۇيغۇر روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان مۇرات

ھەرقانداق بىر دەۋر سۈرۈپ داڭ چىقارغان شەخسنىڭ مۇئەييەن بىر ئۇسلۇب-يېتىلىش ھەم ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشىش مۇساپىسى بولىدۇ، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بۇ شەخسنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار ۋە سەۋەبلەر بولىدۇ. مۇراتنىڭ نەتىجە قازىنىشىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس بىر سەۋەبى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۇيغۇر مىللىي روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئاتا مىراس سەنئەت روھىدۇر.

مۇرات ناسىروف 1969-يىلى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە سەنئەتكار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. خۇددى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۇسلۇب يېتىلىپ، نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدە مەلۇم بىر ئاساسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان سەۋەپ بولغىنىدەك مۇرات ناسىروفنىڭمۇ مۇنداق مەشھۇر سەنئەتكار بولۇپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيىلىشى، كۆيۈنۈشى ۋە قوللىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، دەسلەپكى ناخشا- مۇزىكا تەربىيىسىنى دادىسىدىن ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى ئىسمائىلناسىروف ئەسلى كەسپىي سەنئەتكار ئىدى.

ئىسمائىلاكا قەشقەردە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، 1940-يىللاردىن باشلاپ قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى سەنئەت گۇرۇپپىلىرىدا ئىشلىگەن. 1945-يىلى 8-ئايدا مىللى ئارمىينىڭ پودپولكوۋنىكى سوپاخۇن باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا مۇزارت داۋىنى ئارقىلىق جەنۇبقا چۈشۈپ، ئاقسۇنى قورشاۋغا ئالغاندا، ئىسمائىلاكا مىللىي ئارمىيە سىپىگە پىدائىي بولۇپ قوشۇلۇپ، ئاقسۇ ئەتراپىدىكى جەڭلەرگە قاتناشقان. 1945-يىلى 10-ئايدا مىللى ئارمىيە بۇيرۇق بويىچە شىمالغا چېكىنىپ چىققاندا، ئۇ سوپاخۇن پولكىدا سەنئەت كورۇجوكى قۇرغان. كېيىن، غۇلجىغا يۆتكىلىپ، شەرقىي ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ۋە مىللى ئارمىيە سەنئەت ئۆمىكىدە خىزمەت قىلغان. ئەينى ۋاقىتتىكى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سەنئەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ناخشا-مۇزىكا ئىشلىرىمۇ تەرەققى قىلغان بولۇپ، بىر تۈركۈم ياش مۇزىكانتلار، ناخشىچىلار يېتىشىپ چىققان، روزا تەمبۇر قاتارلىق بىر قىسىم پېشقەدەم سەنئەتكارلارغا ”خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىست“ دېگەندەك شەرەپلىك ناملار بېرىلگەن ئىدى. ئىسمائىلاكا شەرقىي ھۆكۈمىتىنىڭ يارىتىپ بەرگەن بۇ ئەۋزەللىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، قابىلىيىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى.

ئىسمائىل ئاكا 1949-يىلى 12-ئايلاردا شەرقىي ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مىللى ئارمىيە جۇڭگو ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5-كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندە، مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوۋ قوماندانلىقىدىكى 13-دىۋىزىيە تەركىبىدە جەنۇبقا چۈشۈپ، قەشقەرگە ئورۇنلىشىپ، ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ چاغدا ئۇ 13-دىۋىزىيە سەنئەت ئۆمىكىدە ئاساسلىق ناخشىچى ۋە مۇزىكانتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولۇپ، مىللىي ئارمىيە 5-كورپۇس ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، 13-دىۋىزىيىمۇ قىسقارتىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ھەرەمباغ، جىك -شىخولاردىكى قاتتىق جەڭلەردە تاۋلانغان قەھرىمان ئوفىتسېرلار ۋە پېشقەدەم جەڭچىلەر ھەربىي سەپتىن بوشۇتۇلۇپ، ئۆز يۇرتلىرىغا

قايتۇرۇلغاندا ۋە ئەمگەك مەيدانلىرىغا ئەۋەتىلگەندە، ئىسمائىل ناسىر ئاكىمۇ ھەربىي سەپتىن بوشۇتۇلغان. ئۇ، 1958-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن ھەمدە ئالمۇتىغا كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان. مۇرات مانا شۇ پېشقەدەم سەنئەتكارنىڭ تەربىيلىشىدە ئالدى بىلەن ئىسكىرىپكا ۋە ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەنگەن. ئۇ، ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا دادىسى ئۆگەتكەن ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى بولۇپمۇ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مارشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنقىلابىي ناخشىلىرىنى ئائىلە سورۇنلىرى ۋە مەكتەپلەردە ئېيتىپ، ئۆز تالانتى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلغان. مۇراتنىڭ ئانىسى خاتىرە خانىممۇ ئۇغلىنىڭ باللار باغچىسى، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ۋاقىتلىرىدىلا دادىسىدىن كۆپلىگەن ناخشىلارنى ئۆگىنىپ ئېيتقانلىقى ھەتتا ئۆزى سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرغانلىقىنى، دادىسىنىڭ بۇنىڭدىن ھاياجانلىنىپ، ئۇنى پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرى بىلەن تەربىيلىگەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتكەن ئىدى.

مۇرات باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئالمۇتىدا تۈگەتكەندىن كېيىن، 18 يېشىدا ئارمىيە سېپىگە چاقىرتىلىپ، تۈركمەنىستاندا خىزمەت ئۆتىگەن. ئۇنىڭ ئاكىسىمۇ سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ مايور دەرىجىلىك ئوفىتسېرى بولۇپ، ئۇ ئىنىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان ئىكەن. مۇرات ھەربىيدىكى ۋاقتىدىمۇ سەنئەت كۇرۇجوكى تەشكىل قىلىپ، سەپداشلىرىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن ئىدى. ھەربىي خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سەنئەت تالانتىغا قايىل بولغان موسكۋالىق رۇس سەپداشلىرى ئۇنى موسكۋاغا بېرىپ، ئوقۇشقا دەۋەت قىلغان. مۇرات تەۋەككۇل قىلىپ، ئۆيىگە قايتماستىن ئۇدۇل موسكۋاغا بېرىپ، ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن گنېسوپ نامىدىكى مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ئۇنى 1996-يىلى پۈتتۈرگەن.

موسكۋادىكى ئوقۇش ھاياتى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسانغا چۈشمىگەن بولۇپ، ئاتا-ئانىسىنى ئىقتىسادىي مەنبە قىلىشنى نومۇس دەپ بىلگەن بۇ ئۇيغۇر يىگىتى بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئېغىر-يېنىك جىسمانىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۇرمۇش راسخودىنى ئۆزى ھەل قىلغان. ئۇ، قىيىنچىلىققا باش ئەگمەي، تىرىشىپ ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تالانتى تېزدىنلا مەكتەپ رەھبەرلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنى شۇنىڭدەك ئۇستازلىرىنى قايىل قىلغان.

مۇرات ناسىروف1991-يىلى يالتا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ياشلار فېستىۋالىغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە سازاۋەر بولغان ھەمدە پوپ ناخشا تۈرلىرى بويىچە بىرىنچى ئورۇننى ئىگەللەپ، ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. يالتىدا قولغا كەلگەن مەزكۇر زور نەتىجىدە مۇراتنىڭ سەنئەت ھاياتىغا ئىلھام بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ موسكۋا سەنئەتكارلىرى ئارىسىدا تونۇلۇشى ھەم ئۇلارنىڭ دىققەت قىلىشىغا يول ئاچقان. مۇرات بىر ياقتىن ئوقۇپ يەنە بىر ياقتىن ئۆزىنىڭ "يېڭى پورت" ناملىق ناخشا-مۇزىكا گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە كونسېرتلار ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان شۇنىڭدەك يەنە بەزى كىنو ۋە تېلېۋىزىيە

فىلىملىرىنىڭ مۇزىكىسىنى ئىشلەپ، ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئاتاقلىق چولپانلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىشىنىڭ ئاساسىنى ياراتقان ئىدى.

موسكۋادا بىرگە يېگەن لەغمەن

1995-يىلى، مېنىڭ موسكۋادىكى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا دوكتۇرلۇق دىسسېرتاتسىيەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياقلاپ، ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەندىن كېيىن يەنە شۇ ئورۇندا ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرىمنى داۋاملاشتۇرىۋاتقان كۈنلىرىم ئىدى. نامىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ”گۈل ئايىم“ ناخشىنى موسكۋا تېلېۋىزىيىسىدە ئورۇنداۋاتقان قىياپىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن ئەشۇ كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە ئالمۇتادىكى مەلۇم بىر دوستۇم ئارقىلىق ئۇنىڭ موسكۋادىكى ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئالدىم ۋە ئۇنىڭغا تېلېفون بەردىم. مېنىڭ ئۇيغۇرچە ئەھۋال سورىغىنىمدىن ھەيرانلىق ۋە ھاياجانلىق ئىپادىلىرىنى بىلدۈرگەن مۇرات مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە رازى بولدى.

كۆرۈششكە پۈتۈشكەن مېترو ئېغىزىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتىم، تۇساتتىن ”ئەسسالامەلەيكۇم ! ”دېگەن ئۇيغۇرچە ئەھۋال سوراش ئاۋازى ئاڭلاندى. ئالدىمدا ئېگىز بويلۇق، ئۇزۇن چاچلىق، گەۋدىلىك ئوتتۇرا ئاسىيا تىپىدىكى بىر يىگىت كۈلۈمسىرەپ پەيدا بولدى. مەن دەرھاللا ئۇنىڭ مۇرات ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم ۋە مەنمۇ جاۋابەن ‘ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام، سىز مۇراتمۇ؟ “ دېدىم. “ شۇنداق“ دېدى ئۇ. بىز قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق، مەن مۇراتنىڭ ئۇيغۇرچە بىلگەنلىكىدىن خوش بولساممۇ، لېكىن بەزى سۆزلىرىمنى چۈشەنمەي قالمىسۇن دەپ رۇسچە سۆزلەشكە باشلىدىم، مۇرات كۈلۈپ تۇرۇپ، رۇس تىلىدا ”مۇمكىن بولسا سىز ھەممە گەپلىرىڭىزنى ئۇيغۇرچە ئېيتسىڭىز، مەن ئۇزۇندىن بۇيان بۇ ئاۋازغا تەشنا ئىدىم، مېنىڭ ئۇيغۇرچەم ياخشى ئەمەس، لېكىن سىزدىن ئۆگىنىۋالاي ”دېدى. شۇنداق قىلىپ، رۇسچە بىلەن ئۇيغۇرچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەشتۇق. بۇ چاغدا مەن مۇراتنى تونۇشسۇن دەپ ياتىقىمغا ۋەتەندىن ساياھەتكە ۋە ئوقۇشقا كەلگەن بىر قانچە ئۇيغۇر دوستلىرىمنى تەكلىپ قىلغان ئىدىم. مەن مۇراتنى ئۆيگە باشلاپ كىرگىچە ئۇلار لەغمەنگە تەييارلىق قىلىپ قويۇپتۇ. سورۇنىمىز قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدى.

مۇرات ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان موسكۋادا ياشاپ، ئۇيغۇرلار بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ باقمىغانلىقىنى، مۇنداق ئۇيغۇرچە تۈس ئالغان قاينام تاشقىنلىق مەنزىرىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى. بولۇپمۇ، ئارىمىزدىكى لەغمەنگە ئۇستا دوستىمىزنىڭ ئىنچىكە تارتقان چۆپلىرى، كېلىشتۈرۈپ قورىغان قورۇمىسى مۇراتقا بەكلا يېقىپ كەتتى، ئەيىبكە بۇيرىماسلىقنى تەلەپ قىلغان مۇرات ئۆزىنىڭ بۈگۈن لەغمەندىن كۆپرەك يەپ قويىدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىن لەغمەنگە ئامراق ئىكەنلىكىنى، بىراق لاتىش مىللىتىدىن بولغان ئايالىنىڭ لەغمەن ئېتەلمەيدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئانىسى ئېتىپ بەرگەن ئەشۇ لەغمەنلەرنى دائىم سېغىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىرىپ ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇيغۇر لەغمەنسىز ياشىيالمىسا كېرەك، مەن مۇنداق ئۇيغۇر ھاياتىدىن

بۇرۇنلا ئايرىلىپ، باشقا بىر مىللەتلەرنىڭ جەمىيىتىگە سىڭىپ كەتكەن بىر قانچە ئونلىغان ئۇيغۇرنىڭ يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ لەغمىنىنى سېغىنىدىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى باشقا مىللەت بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بولسا ئەشۇ باشقا مىللەتتىن بولغان ئاياللىرىغا ئالدى بىلەن لەغمەن ئېتىشنى ئۆگىنىش تەلىپى قويىدىغانلىقىنى، لەغمەن ئېتەلمىسە، ھېچ بولمىغاندا تەييار چۆپ سېلىپ، لەغمەن يېگەندەك ھېسسىياتقا كېلىدىغانلىقلىرىنى، باشقا مىللەتكە تەگكەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بولسا ئەرلىرىنى لەغمەنگە ئامراق قىلىۋەتكەنلىكلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم.

ھېس قىلىشىمچە دۇنياغا تېرىقتەك چېچىلىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارىسىغا چۆكۈپ كەتكەن ھەمدە باشقا مىللىي مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىككى نەرسىسى يەنى بىرى ئۆز ئانا تىلىدىكى مىللىي كىملىكنى ئىسپاتلايدىغان "مەن ئۇيغۇر" دېگەن ئەقەللىي جۈملە بىلەن ئۆز مىللىي تاماقلىرىنىڭ بىرى بولغان لەغمەننى ئۇنتۇپ قالمىغان. مەن بۇنىڭغا بولسىمۇ، شۈكرى دېدىم، ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكنى ئۇنتۇمىغىن مىللەتتە يەنىلا ئۈمىد بار ! ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ يامىنى ئۆزىنى ئۇنتۇش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكنى ئۇنتۇشتۇر ! مىللىي كىملىك بىلەن مىللىي روھ زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. بىر مىللەتنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئالدى بىلەن ئۇ مىللەتنىڭ تىلىنى ئۇنتۇلدۇرۇش، ئۇنىڭغا ئۇلاپ، مىللىي روھىنى، ئاخىرىدا بولسا مىللىي كىملىك تۇيغۇسىنى يوقىتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر بىر مىللەت مىللىي تىلى، مىللىي روھى ۋە مىللىي كىملىك تۇيغۇسىنى مۇستەھكەم ساقلاپ قالالىسا، ھامان ئۆز كېلەچىكىنى تاپىدۇ.

مۇرات بىزگە سەنئەت پائالىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ دائىم قازاق سپونسورىنىڭ (ئىقتىسادىي كاپالەتچىسى)تەلىپى بويىچە ئۆزىنى قازاقىستانلىق دەپ يۈرۈشكە ھەتتا بەزى يەرلەردە قازاق دېيىشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. ئۇ چاغدا مۇرات تېخى كەڭ تونۇلمىغان بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللايدىغان كىشىلەرگە مۇھتاج ئىدى. ئۇ، مىڭ تەسلىكتە ئەشۇ قازاق سپونسورنى تاپقان ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە؛ ئۇ ئاخشاملىرى موسكۋانىڭ كەچلىك كۇلۇبلىرىدا ناخشا ئېيتىپ، تۇرمۇش كىرىمىنى ھەل قىلىدىكەن ۋە ئۆزىنىڭ ناخشىلىرىغا سۈرەت كىرگۈزۈش ئارقىلىق تېلېۋىزىيە ئەركانلىرى ئارقىلىق كەڭ تونۇلۇشىنىڭ يوللىرىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئىكەن .

زور مقداردا ئىقتىسادىي مەبلەغنىڭ بولماسلىقى ئۇنىڭ تالانتىنىڭ كەڭ تۈردە نامايەن قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا ئىكەن، "ئەگەردە ئۇيغۇرلاردىن ئۆز مەدەنىيىتى ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىدىغان بىرەر باي چىقىپ قالغان بولسا، سىزنىڭ تونۇلۇشىڭىزغا پايدىسى تېگىپ قالار ئىدى" دېدىم مەن مۇراتقا. ئۇ، "ئىنشا ئاللا " دەپ جاۋاب قايتۇردى ئۇيغۇرچە قىلىپ. بىز ھەممىمىز ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلىرىمىزنى بىلدۈردۇق. مەن مىسكىن مىللەتلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى ئەشۇنداق بىر-بىرىگە قۇرۇق تىلەك تىلەش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويۇمغا كەلتۈرۈپ خىجىللىق ھېس قىلدىم. ئامال قانچە؟ ئەينى ۋاقىتتا موسكۋادا قازاقىستانىنىڭ " ئا- ستۇدىيە" ناملىق بىر گۇرۇپپىسى خېلى نام چىقىرىپ قالغان ئىدى. مۇراتتەك ئاۋازى يوق قازاق ناخشىچىسى باتىرخان پات-پاتلا تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا رۇسىيىنىڭ ئاتاقلىق چولپانلىرى قاتارىدا كۆرىنىپ تۇراتتى. گىرۇزىيىلىك، بېلارۇسىيىلىك ۋە ئۇكرائىنىيىلىك بىر قانچە ناخشىچىلارمۇ تېزدىن شۆھرەت قازىنىپ كەتتى. خەلق ئېچىدە بولۇۋاتقان سۆز-چۆچەكلەردە بۇ چولپانلارنىڭ رۇسىيە سەھنىسىدە تونۇلۇشىدا ئۆز جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۆز جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئاتاقلىق بايلىرىنىڭ مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن ئىدى. ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان بىچارە مۇراتقا كىممۇ يار –يۆلەك بولسۇن؟ ئۆز كۆچىگە تايانماي نە چارە؟ چۈنكى، ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ئۇنىڭ مىللىي جۇمھۇرىيىتى يوق –دە؟ مۇرات شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرنىڭ تەلەيسىزلىكىدىن بەكمۇ ئېچىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. ئەمما، ئۇ چولپانلار تېزدىنلا غايىپ بولدى، كىشىلەر ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئۇنتۇپ بولدى.

پاراڭلىرىمىز جەريانىدا مۇراتقا مەن ئانا ۋەتەندىكى ئۇيغۇر سەنئىتى جۈملىدىن مىللىي ناخشا-مۇزىكا ۋە ياشلاردىكى يېڭىچە يۈزلىنىش، ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ زامانىۋى ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرىغا بولغان تەسىرى ۋە باشقا ئەھۋاللار ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم. بىراق، مۇرات ۋەتەندىكى بۇ يېڭىچە تەرەققىياتتىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى، ئەمما دادىسى ئېيتىپ بەرگەن كونا ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى ۋە بىر قىسىم ئۆزبېكچە، تۈركچە ناخشىلارنى ئېيتىشنى بىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كۆپرەك غەربچە بولۇپمۇ، ئىنگلىزچە ناخشىلارغا ئىشتىياق باغلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مۇرات ھەقىقەتەن ئىنگلىزچە ناخشىلارنىمۇ ياخشى ئېيتاتتى. ئۇ، 90-يىللارنىڭ بېشىدا ئالمۇتىدا ئۆتكۈزۈلگەن "ئاسىيا تاۋۇشى" ناخشا فېستىۋالىدىمۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ ئىنگلىزچە ناخشا ئېيتقان ئىدى! .

مۇرات بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىمدە مەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا يۈزەكى چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭغا " گۈل ئايىم" ناخشىسىدىن باشقا ئۇيغۇرچە ناخشىلارنىمۇ موسكۋا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىش تەكلىپىنى بەرسەم، ئۇ " ئۇيغۇرچە ناخشا بىلەن داڭ چىقارغىلى بولمايدۇ، مەن "گۈل ئايىم" ناخشىسىدىن باشقا ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتمايمەن. مۇشۇ بىرسى يېتىدۇ" دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ

ئەدىبىسىدىن مەن، ئۇنىڭ خۇددى باشقا نۇرغۇنلىغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدا مەۋجۇت ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىگە ئېرەنسىز ۋە ياكى بەربىر دەپ قاراشتەك ئورتاق ھېسسىياتنى، قىسقىسى بارلىق دېگۈدەك رۇس ئەمەس مىللەتلەردە مەۋجۇت رۇس مەدەنىيىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈش، پەقەت رۇس مەدەنىيىتى ئارقىلىقلا دۇنياغا تونۇلۇشقا بولىدۇ دەيدىغان خاتىشلارنىڭ ئېغىرلىقىنى سېزىۋالغان ئىدىم. ئەلۋەتتە، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ خاتالىقى بولماستىن، ئەشۇ دەۋرنىڭ خاتالىقى ھەم دەۋرنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان سوغىسى ئىدى. بەلكى بۇ كوممۇنىزم قالپىقى ئاستىدىكى ئۇلۇغ رۇس مىللەتچىلىك ئىدىيىسى يوشۇرۇنغان يەتمىش يىللىق تۇزۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئە ئىدى. مەن مۇراتنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۇيغۇر روھىيىتىگە تولۇق قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلدىم ۋە ئىشەندىم. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ سۆزىنىڭ يەنىلا مەنتىقىسى بار ئىدى.

نوپۇس ۋە سىياسىي جەھەتتە مۇتلەق ئاجىز ئورۇندا قالغان بىر مىللەتنىڭ پەقەت ئەشۇ ھەر جەھەتتىن ھاكىم مىللەتنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىپ چىقىش ۋە ئۆزىنى تىكلەش ھەم قۇتۇلدۇرۇش يولىنى تاللىشى مەجبۇرىيەتتۇر خالاس ! مۇرات دەل شۇنداق قىلدى ! مەن تاكى 1996 ـ يىلىغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىر قانچە قېتىم كۆرۈشتۈم ۋە تېلېفونلىشىپ تۇردۇم. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئارزۇلىرى ۋە تىرىشچانلىقلىرى 1997 ـ يىلدىن كېيىن بىردىنلا ئەمەلگە ئاشتى. ئۇنىڭ نامى ھەقىقەتەن بىردىنلا پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقىغا كەڭ تونۇلدى. ئۇ، ”تامبوۋغا بارماقچى بولغان بالا“ ناملىق ناخشىسىنى ئېيتىپ، داڭ چىقاردى. ئۇنىڭ بۇ ناخشىسى رۇسىيە جۇملىدىن پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقىدىكى ياشلارنىڭ ئەڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ۋە ئاڭلايدىغان ناخشىسىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تېلېۋىزىيە قاناللىرى تەرىپىدىن ھەر كۈندىكىدەك نەچچە قېتىملاپ كۆرسىتىلىپ، ئۇنىڭ ئوبرازى ۋە ناخشىلىرى كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىراتلار قالدۇردى. مۇرات ناسىروف ئارقىدىنلا ئاتاقلىق رۇس ناخشىچىسى ئاپىنا بىلەن بىرگە ”ئايدىڭ كېچە“ ناملىق ناخشىسىنى ۋە ” مەن دېمەك سەندۇر“ ناملىق ناخشىسىنى ئېيتىپ، ناخشا ھەۋەسكارلىرىنى يەنە بىر قېتىم زىل-زىلىگە سالدى. ئۇنىڭ بۇ ناخشىسى مەخسۇس كۆرۈنۈشلەر بىلەن كىرۈشتۈرۈلۈپ، تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا كۆرسىتىلدى. ھەتتا، ئۇنىڭ ئاتاقلىق رۇس ناخشا چولپىنى، گۈزەل رۇس قىزى ئاپىنا بىلەن بولغان رومانتىك مۇھەببەت ھىكايىسى كىشىلەر ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرگە ئايلاندى. ئەپسۇسكى، بۇنداق ئىش بولمىغان ئىدى.

مۇرات ناسىروف ھەققىدە رۇسىيىدىكى جۇملىدىن مۇستەقىل دۆلەتەر ھەم دوستلۇقىدىكى تېلېۋىزىيە، رادىئو كومپانىيىلىرى مەخسۇس پروگراممىلارنى ئىشلەپ تارقاتتى. گېزىت، ئىنتېرنېت سەھىپىلىرى ۋە جۇرناللار بولسا تۈرلۈك ماقالىلارنى ۋە باھالارنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىنتېرنەت تورلىرىدىمۇ مۇرات ناسىروف ئۈچۈن مەخسۇس سەھىپىلەر ئېچىلدى.

مۇرات ناسىروف خۇددى بۇگۈنكى كۈندىكى رۇسىيە ناخشا چولپىنى ۋىتاس كەبى چولپانغا ئايلىنىپ، ھەممە كىشى ئۇنىڭ نامىنى بىلىپ كەتتى، تېلېۋىزور ئېكرانىدا رۇسچا ئوخشمايدىغان، ۋە ياكى كاۋكازلىققا ئوخشمايدىغان، ئوتتۇرا ئاسىيا تىپىدىكى ياش يىگىتنىڭ مۇڭلۇق ۋە سۇزۇك ئاۋاز بىلەن چاققان ھەرىكەتلىرى بىرلەشكەن كۆرۈنۈشلىرى پەيدا بولغاندا، كىشلەر بۇ كىم ؟ دېگەن سوئالنى قويماي تۇرالمايتتى. ئۇيغۇر دېگەن مىللەت ئىسمىنى ئاڭلىغاندا كىتابخۇمار رۇسلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى كىتاب ئىشكاپلىرىدىكى كىتابلىرى ئارىسىدىن ۋە ياكى كۇتۇپخانىلاردىن بۇ مىللەتكە ئائىت كىتابلارنى ئىزدەپ ئوقۇپ بېقىش ئىستىكى قوزغالماي تۇرالمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. بەلكى، ئۇيغۇرلارنى ياخشى بىلىدىغان ئەشۇ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئالىملار، خەنزۇشۇناسلار، رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگو ئىشلىرى بويىچە مەسلىھەت بېرىدىغان سىياسەتچىلەر مەزكۇر ئۇيغۇر چولپانىنى تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا كۆرگەندە، دەرھال تارىختا رۇسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىمپېرىيىلىرى تەرىپىدىن دائىم قۇربان قىلىنغان، دىپلوماتىك ئويۇنلار قەرتى قىلىپ ئوينالغان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمي مەدەنىيەت ياراتقان، رۇس ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىدىن پىرژىۋالسكىي، پېتروۋ، گرۇم گرجىمايلو ۋە باشقا ئونلىغان كىشىلەر زىيارەت قىلىپ، خەرىتىسىنى سىزغان ئەشۇ تۇپراقنىڭ ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى ئەسلىرىگە كەلتۈرۈشۈپ، ئازراق بولسىمۇ خىجىللىق ھېس قىلىشقاندۇ؟

بىر مەزگىل رۇسىيە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىدا ”مۇرات ناسىروف !“ دېگەن ئىسىم تولىمۇ ياڭراق ۋە يېقىملىق ھالدا ھەممىلا يەردە ئاڭلىنىشتەك تارىخىي سەھىپە ئېچىلدى. قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ۋە باشقا جۇمھۇرىيەتلەردىكى ئۇيغۇرلار بۇ ئىسىم بىلەن پەخىرلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈنسايىن خاراپلىشىۋاتقان سىياسىي، ئىجتىمائىي ئورنىغا ئازراق بولسىمۇ روھى ئوزۇق بەرگەندەك ھېس قىلىشتى، ئۇلار باشقا ھاكىم مىللەت كىشىلىرى بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىدە مۇرات ناسىروف ھەققىدە سۆز بولسا، دادىللىق بىلەن “ ئۇ ئۇيغۇر ! مۇرات ناسىروف ئۇيغۇر ! “ دەپ ئېيتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى خوش قىلىشاتتى.

ھەقىقەتەن، بۇ مەزگىللەردە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە مۇرات ناسىروفتەك كەڭ تونۇلغان ۋە زور شۆھرەت قازانغان ياش ناخشا چولپانلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز جۇمھۇرىيەتلىرى دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالغان. ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئاز سانلىق مىللەت دەپ ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى مۇرات مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئۆزبېكلەر، قازاقلار، قىرغىزلار، تۈركمەنلەر ۋە باشقىلارنىڭ چولپانلىرى يېتەلمىگەن ئارزۇلارغا يەتتى. ئۇ، ئالمۇتا ياكى تاشكەنت ئەمەس بەلكى، موسكۋا سەھنىسىنى ئاساس قىلىپ پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقىغا كەڭ تونۇلۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىدى ھەم بۇ پۇرسەتنى ئۆز تالانتى بىلەن ياراتتى. چۈنكى، موسكۋا سەھنىسىدە تونۇلالمىغان، ئۇ يەردىكى چولپانلار قاتارىغا كىرەلمىگەن كىشى پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقىغا تونۇلالمايدۇ، پەقەت ئۆز دائىرىسىدىلا

چەكلىنىپ قالىدۇ خالاس! خۇددى، ئۆزبېكىستاننىڭ ئاتاقلىق چولپىنى يۇلتۇز ئوسمانوۋا ئۆز جۇمھۇرىيىتىدە پادىشاھ كەبى شۆھرەتكە ئېرىشكىنى بىلەن ئۇنىڭ موسكۋا سەھنىسىگە چىقالىشى قىيىن بولغىنىدەك بىر ئىش ! ئەلۋەتتە، ئۆزبېكىستاننى زىل-زىلىگە سالغان، ئۆزبېكىستان ناخشىچىلىقىنىڭ شاھى دەپ تەرىپلىنىۋاتقان يۇلتۇزخان ئوسمانوۋانىڭمۇ ئۇرايىماخۇن ئىسىملىك قەشقەرلىك ئۇيغۇر كىشىنىڭ قىزى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆزبېكىستانلىق ئۇيغۇرلار گۇۋاھلىق بەرمەكتە. ئۆزبېكىستاندا ئۆزىنى ئۆزبەك دەپ ئاتىۋالغان مۇنداق مەشھۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىلا ساھەدە كۆپلەپ بارلىقى سىر ئەمەس.

مۇرات كومپوزىتور ۋە شائىر

مۇرات ناسىروف ئۆزىگە شان شەۋكەت ئېلىپ كەلگەن مەزكۇر ناخشىلىرىنىڭ مۇزىكىسىنى ئۆزى ئىشلىگەن، سۆز تەكستىنى ئۆزى يازغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق كوپ تەرەپلىمىلىك تالانتى بىلەن رۇسىيە ناخشا-مۇزىكا ساھەسىدىكى ئەربابلارنى قايىل قىلدى. مۇرات ناسىروف ھازىرغىچە ”مېنىڭ تارىخىم“، ” ئويغاتقىن مېنى“، ” كىمدۇ بىرى ئەپۇ قىلىدۇ“، ” بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن بىلەن بولمىغان “، ” قالدىم يالغۇز“ قاتارلىق بەش كىد پلاستىنكىسىمۇ ئىشلەپ چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭ پلاستىنكىلىرى كەڭ بازار تاپتى.

موسكۋادىكى ئاتاقلىق ئىنتېرنەت گېزىت لىرىدىن بىرى ”لىرىكس. رۇ“دا “ مۇرات ناسىروف دۇنيادىكى ئەڭ ئاتاقلىق ئۇيغۇر“ دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ماقالىدە مۇرات ناسىروفنىڭ مۇخبىرغا بەرگەن سۆھبىتى ئېلان قىلىنغان. ماقالىنىڭ ئاپتورى رۇسىيە مۇزىكا ساھەسىدىكى مۇتەھەسسىسلەرنىڭ مۇرات ناسىروفقا بەرگەن باھاسى ئۈستىدە توختىلىپ، ”ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، كىشىگە يېقىن، يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدۇ. مۇزىكىلىرى لىرىك ۋە يۇمشاق بولۇپ، كۈچلۈك كەسپىي سەۋىيە ئىپادىلەنگەن“ دەپ يازغان ئىدى.

مۇرات ناسىروف مەخسۇس كومپوزىتورلۇق ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ رۇس ناخشىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى جۈملىدىن ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان مۇزىكىلىرىنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن ھەم تەتقىق قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز ناخشىلىرىنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئۆزى ئىشلەش بىلەن ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن سۆزنى ۋە مۇزىكىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرالىغان. قانداقتۇر، باشقىلار ئىجاد قىلىپ بەرگەن ئاھاڭ بىلەن باشقىلار يېزىپ بەرگەن تېكىستقا ناخشا ئېيتىشتىن ساقلانغان. ئەلۋەتتە، مۇنداق كۆپ قىرلىق تالانتلىق چولپانلار رۇسلار ئىچىدە ۋە دۇنيا يۈزىدە كەم ئۇچرايدۇ.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ رۇسىيە ناخشا پادىشاھى ئاللا پۇگاچېۋا، فىللىپ كىركىروپ قاتارلىق كۆپلىگەن چولپانلارغا مۇزىكا ۋە سۆز تېكىستى يېزىپ بېرىشكىمۇ باشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى خاتىرە خانىمنىڭ ئېيتىشىچە ئاللا پۇگاچېۋا ۋە باشقا چولپانلار مۇراتنى قەۋەت ياخشى كۆرىدىكەن. يېقىنقى ۋاقىتلاردا رۇس ناخشىچىلىقىدا شەكىللەنگەن مىللىيچە پۇراقنى ئارىلاشتۇرۇش ئېقىمىدىن

پايدىلانغان مۇرات بەزىدە ئەشۇ ئاتاقلىق رۇس چولپانلارغا مۇزىكا ئىشلەپ بەرگەندە ئازراق ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە پۇراقنى كىرگۈزۈشكە ھەتتا ئۇلارغا ئۇيغۇر ئاھاڭلىرى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشكە ئۈلگۈرگەن. بەزى ئاتاقلىق رۇس چولپانلىرى مۇراتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇيغۇرچە لەغمەن ۋە مانتا يەپ كېتىدىغان بولغان. مۇراتنىڭ ئۆيىنىڭ تاملىرىغا تۇرلۇك ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ئېسىلغان بولۇپ، بۇ يەرگە كەلگەن كىشى خۇددى بىر مۇزېيغا كىرگەندەك بولۇپ قالىدىكەن.

مۇرات ناسىروف ئۆزىنىڭ بەش ئالبومىدىكى ناخشىلارنىڭ تېكىستلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى ئۆزى يازغان، مۇزىكىسىنى ئۆزى ئىشلىگەن. ئۇ، باشقىلارنىڭ يېزىپ بەرگەن مۇزىكىسى بىلەن سۆزىگە ناخشا ئېيتىشنى ياقتۇرمايدۇ.

مىللىي روھقا چوڭ قەدەم بىلەن قايتىش

ئاتا-ئانىدىن، ئەجدادتىن قالغان ئەسلى قان بىلەن مىللىي تۇيغۇ ۋە مىللىي روھ زىچ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۆز دۆشمەنلىرىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇغان قەھرىمان مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچىسى، بىر قولىدا راۋاب، بىر قولىدا مىلتىقنى كۆتىرىپ، ئاقسۇ جەڭ مەيدانلىرىدا قان كېچىپ جەڭ قىلغان، جەڭ تىنجىغاندا بولسا، مىللىي ئارمىيە جەڭچى-ئوفىتسىرلىرىگە روھ بېغىشلايدىغان، ئۇلارنى ئازادلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا ئۈندەيدىغان ناخشىلارنى ئېيتىپ، مىللىي ئىنقىلابقا ئۆز ھەسسىسىنى قوشقان ئىسمائىلاكىنىڭ مىللىي روھىي دۇنياسى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرى بەش بالىسىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغان مۇراتنىڭ تومۇرلىرىدا ھامان خۇددى ئىلى دولقۇنلىرى كەبى مەۋج ئۇرۇشقا نېسىپ بولدى.

مۇرات بارغانسىرى رۇس ناخشىچىسى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ناخشىچىسى بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. مانا بۇ مەرھۇم ئىسمائىلاكىنىڭ ئارزۇسى ئىدى، دېمىسمۇ، ئۇ ماناس دەرياسىدا مىلتىق بىلەن راۋابنى مەھكەم تۇتۇپ، تۆت يىل ياتقان كۆنلىرىنى ئەسلىگىنىدە خۇددى باشقا سەپداشلىرىغا ئوخشاشلا ئازابلىناتتى، ئۆكۈنەتتى، " دائىم ھەي –ئېست ئەشۇ چاغلار !" دەيتتى. مۇرات موسكۋاغا ماڭغاندا، ئىسمائىل ئاكا " قېنى بار، يىگىت بولغاندىكىن ئۆز يولۇڭنى تاپ ! لېكىن ئۇيغۇرلىقىڭنى ھەرگىز ئۇنۇتما ! مۇمكىن بولسا ئەشۇ كۆك-كۆزلەرنى ياڭراق ناخشىلىرىڭ بىلەن بويسۇندۇر " دەپ جېكىلىگەن ئىكەن. بۇ سۆزلەرنى ئىسمائىلاكا ھايات ۋاقتىدا زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغاندا سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

مۇرات ئاتا ئارزۇسىنى ئاقلىدى! ئانا سۈتىنى ئاقلىدى ! ئۇنىڭ شۆھرەت قازانىۋاتقان پەيتلىرىدە دادىسى ئىسمائىلاكا بۇ ئالەمدىن خوشلاشتى، بۇ يوقىتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق ئازاب بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ئۇنىڭ ناخشا-مۇزىكا ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى بۇرۇلۇشىنى پەيدا قىلدى. دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلاپ، ئالمۇتىغا يېتىپ كەلگەن مۇرات دادىسىنىڭ نەزىرىنى بەردى، ئۇنى ھەيرانلىق ھەس قىلدۇرغان بىر نۇقتا شۇكى، نەزىردە ئۇ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان ناھايىتى زور ساندىكى

ئۇيغۇرلارنى كۆردى، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇنىڭ ئۆيىگە پېتىگە كېلىۋاتقان، تۇشمۇ-تۇشتىن ھال سوراۋاتقان ئۇيغۇرنى كۆردى. بۇ، يۈرىكى ئازابقا چۆمگەن مۇراتقا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتىكى، ئۇ ئۇيغۇر بولۇشنىڭ نەقەدەر شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلۇق دېمەكلىك ئىنسانپەرۋەرلىك، ئۆزارا مۇھەببەت ۋە مېھرى-شەپقەت شۇنداقلا ئىتتىپاقلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ، ھەتتا ئۆزىنى ئۇزۇن يىللار موسكۋادا ياشاپ، ئۇيغۇرلۇقنى يوقىتىپ قويغاندەك، دادىسىدىن مىراس قىلغان ئۇيغۇر روھىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، ئۆزىگە بەك ئېچىندى. ئۇ، دادىسىنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭغا ئاتاپ ئوقۇلغان قۇرئان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، دادىسىنىڭمۇ دائىم نامىزىنى تاشلىمايدىغانلىقى ۋە شۇنداق چىرايلىق خەتمە-قۇرئان قىلدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. كىچىك ۋاقىتلىرىدا دادىسىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازدا قىلغان قۇرئان-تىلاۋەتلىرى مۇراتقا بەك كۈچلۈك تەسىر قىلغان بولۇپ، ئۇ دادىسىدىن ئازراق قۇرئان سۈرىلىرىنىمۇ ئۆگىنىۋالغان ئىدى.

مۇرات بىر ئۇيغۇرلار ئەمەس، بەلكى بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. دادىسىدىن ئۆگەنگەن سۈرىلەرنى ئۇنلۇك ئوقۇيدىغان بولدى، ئۇ ئويلىدىكى مۇشۇنداق قىلغاندا، دادىسىنىڭ روھىنى تېخىمۇ خوش قىلالايدۇ، ئۇيغۇر ئۇچۇن پەقەت ئۇيغۇر بولۇشلا يەتمەيدۇ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلۇق مىللىي روھ بىلەن مۇقەددەس بىر ئېتىقاد بولۇشى كېرەك! مانا بۇ ئىككى نەرسە ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى! مۇراتنىڭ دادىسى ئىسمائىل ئاكا ئەلۋەتتە، ناخشىچى بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە 30 پارە قۇرئاننى تولۇق يادلىغان كىشى بولغاچقا، ئالمۇتىدىكى دىنىي پائالىيەتلەردە كۆپىنچە ھالدا شۇ كىشى خەتمى قۇرئان قىلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

مۇرات دادىسىنىڭ روھىنى خوش قىلىشنىڭ يەنە بىرى ئۇيغۇرلۇققا قايتىش ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر ناخشىچىسى سۈپىتىدە تونۇلۇش ۋە ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى رۇسىيە ھەم دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

ئۇ، دادىسىغا بېغىشلاپ، ئۇيغۇرچە ناخشا ئىجاد قىلىشقا كىرىشتى. بۇ جەھەتتە ئالمۇتا ۋە يەركەنتتىكى ئۇيغۇر مۇزىكانتلار بىلەن ھەمكارلىق ئورناتتى، ئۇيغۇر يېزىلىرىغا بېرىپ، ئۇيغۇر ھاياتىنى ۋە ئاھاڭلىرىنى ئۆگەندى. بۇ جەريانىدا ئۇ، يەركەنتتىكى ”يەركەت بۇلبۇللىرى“ ناملىق گۇرۇپپىنىڭ چالغۇچىسى پولات مۇرات ئۈچۈن كۆپ پىداكارلىق كۆرسەتتى، ئۇ مۇراتقا ئۇيغۇر ئاھاڭلىرىنى ۋە خەلق ناخشىلىرىنى تولۇشقا ياردەملەشتى. ئاخىرى، مۇرات ناسرووف 2004-يىلى دادىسىغا بېغشلاپ ”قالدىم يالغۇز“ ناملىق ئۆزىنىڭ تۇنجى ئۇيغۇرچە ناخشا ئالبۇمىنى تەييارلاپ موسكۋا شەھرىدە نەشر قىلىپ تارقاتتى. بۇ رۇسىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇرچە ئۈن پلاستىنكىسى بولۇپ، مەزكۇر پلاستىنكا موسكۋا ۋە رۇسىيە بازارلىرىدا تارقالدى. مانا ئەمدى، رۇسلار ئۇيغۇرچە ناخشا پىلاستىنكىسى سېتىۋېلىپ ئاڭلايدىغان مەنزىرە شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە پىلاستىنكىسى تارقىتىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ئۇنىڭ بىلەن تېلېفونلىشىش

پۈرستىگە ئېرىشتىم. يىراق ئوكيان قىرغىقىدىن كەلگەن ئاۋازىمنى ئاڭلىغان مۇرات ماڭا دادىسىغا بېغىشلاپ ئۇيغۇرچە ناخشا ئىجاد قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

مۇرات ناسىروف ماڭا ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ، ئۇيغۇرچە ناخشا ئالبۇمى چىقارغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ، بۇنىڭغا دادىسىنىڭ ۋاپاتىنىڭ مۇھىم سەۋەپ بولغانلىقىنى شۇنىڭ بىلە بىر ۋاقىتتا قانداقتۇر بىر روھى كۈچ ئۇنى ئۆز مىللىتىگە قايتىشقا، ئۇنى تېخىمۇ سۆيۈشكە ئۈندەۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتتى. مەن مۇراتنى ئۇيغۇرلۇققا قايتۇرغان ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى كۈچەيتكەن ئەشۇ مىللىي روھ ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم□: .

بۇنىڭدىن 10 يىللار ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمما تېخى ئۇيغۇرلۇققا تولۇق قايتمىغان مۇرات بۈگۈنكى كۈندە ھەممىلا يەردە " مەن ئۇيغۇر !" دەيدىغان، مەيلى چەت' ئەللەردە بولسۇن ۋە ياكى رۇسىيە ھەم باشقا جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ سەھنىلىرىدە بولسۇن چوقۇم ئۇيغۇرچە بىر -ئىككى ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتماي قالمايدىغان شۇنىڭدەك ئەشۇ ئۇيغۇرنى ئاڭلاپ باقمىغان تاماشىبىنلارغا " مەن ئۇيغۇر " دەپ ئۆزىنى ۋە ئۇيغۇرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمىسە كۆڭلى ئۇنىمايدىغان مۇراتقا ئايلانغان ئىدى. رۇسىيە گېزىتلىرىنىڭ مۇرات ھەققىدە ئېلان قىلغان ھەممە ماقالىلىرىدا، ئۇنىڭ "مەن ئۇيغۇر "، "دادام ئىسمائىلسوپى قەشقەردىن" دەپ تونۇشتۇرىدىغان جۈملىلەر ئورۇن ئالغان. مۇرات بىر ئىنتېرنەت گېزىتىنىڭ مۇخبىرىگە مۇنداق دەپ بىلدۈرگەن.

"مەن ئۇيغۇر، دادام رەھمەتلىك ئىسمائىلسوپى ناسىروف قەشقەردە تۇغۇلغان، ئانان خاتىرە غۇلجىدا تۇغۇلغان، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇرلۇقىمدىن پەخىرلىنىمەن، مەن موسكۋا ۋە ئالمۇتىلاردا ياشايمەن، باشقا ئەنئەنىلەرنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۆز ئەنئەنەمنى سۆيۈش بىلەن ياشايمەن." مانا بۇ مۇراتنىڭ يۈرىكىدىن چىققان سۆزلەردۇر□

مۇرات ناسىروف يېقىنقى ۋاقىتلاردا موسكۋادىكى مەركىزىي تېلېۋىزىيە قاناللىرىدىكى چولپانلارنى تونۇشتۇرۇش سەھىپىسىدە دائىم كۆرۈنۈپ تۇرغان. ئۇ، ئۆزى بىلەن تۇرلۇك ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى بىرگە ئېلىپ چىقىپ، تېلېۋىزىيە كۆرگۈچىلەرگە ئۇيغۇر مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى، ئۇيغۇر سەنئىتىنى ۋە ھازىرقى ھالىتىنى تونۇشتۇرغان، بىر قېتىملىق چولپانلار پروگراممىسىدا ئانىسى بىلەن بىرگە ئۇيغۇرچە لەغمەن، مانتا قاتارلىق مىللىي تاماقلارنى ئېتىشنى كۆرسەتكەن.

مۇراتنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ بىر ئوغۇل، بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇنىڭ لاتىش مىللىتىدىن بولغان ئايالى ئۇنىڭ ئەڭ سەممىي ۋە ئەڭ يېقىن قوللىغۇچىسى بولۇپ، ئۇ ئايالىغا ئۇيغۇرچە ئۆگەتكەندىن سىرت يەنە ئۇيغۇرچە ناخشىلارنىمۇ ئۆگەتكەن. ئۇلار دائىم سەھنىلەردە ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى جۈر بولۇپ ئېيتىدىكەن. مۇرات ھەتتا ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە تاماقلارنىمۇ تەييارلاشنى ئۆگىتىپ قويغان.

مۇرات ناسىروف خۇددى ئۇ ئۆزى موسكۋا مۇخبىرىغا ئېيتقاندەك ”دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر ئۇيغۇردۇر !“. ئۇنى ھېچ بولمىغاندا مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىدىكى 300 مىليون ئەتراپىدىكى خەلق بىلىدۇ، ئۇنىڭ نامى يەنە ياۋروپا مەملىكەتلىرى، ئامېرىكا ۋە ئۇيغۇر دىيارىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تونۇلغان.

شۇنىڭغا ھەيرانلىق ھېس قىلىمەنكى، بەزىدە ئۇيغۇر مىللىتى ھەققەتەن تالانتلىق خەلقمۇ دېگەن سوئالنى قويغۇم كېلىدۇ. ھۆكۈمەت ئىستاتىستىكىلىرى بويىچە ئەينى ۋاقىتتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە نوپۇس جەھەتتە 60 ـ ئورۇنلاردا تۇرغان، ئانا ۋەتىنىدىكى ئۆز قېرىنداشلىرىدىن كەم دېگەندە 30ـ40 ھەسسە ئاز ھېسابلىنىدىغان شۇنىڭدەك قازاقىستان،ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستانلاردىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى دەپ قارىلىدىغان ئۇيغۇرلاردىن نېمە سەۋەب بىلەن شۇنچە تالانتلىق ئادەملەر كۆپلەپ يېتىشىپ چىقالىدى؟ بۈگۈنكى كۈندە قازاقىستاندىكى مىللەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇرلاردىن مۇرات ناسىروفتىن باشقا يەنە دىلناز ئەخمەدىيېۋادەك ئاتاقلىق ئارتىستلار، ”دەرۋىشلەر“كەبى مەشھۇر گۇرۇپپىلار مەيدانغا كەلگەندىن سىرت يەنە زاكىر توختىيېۋ، ھېيتاخۇنوپ، ئابدۇللايېۋ قاتارلىق نەچچە ئونلىغان چامباشچىلىق، تاكۋاندۇ ھەم بوكس تۈرلىرى بويىچە دۇنيا چېمپىيونلىرى، ياۋروپا چېمپىيونلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە كەڭ تونۇلدى.

ئۇيغۇرلاردىن چىققان ماخمۇت ئومەروپ 50ـ يىللاردىلا ئىككى قېتىم ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، قارىغا ئېتىش بويىچە بىر قېتىم چېمپىيون يەنە بىر قېتىم يېڭى رېكورت ياراتقۇچى بولغان. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا دۇنيانىڭ ئەڭ ماھىر قارىغا ئاتقۇچىسى ھېسابلانغان ئىدى. ماخمۇت ئومەروپ پەقەت ئولىمپىك چېمپىيونى بولۇپلا قالماستىن بەلكى، لېنىنگراتتىكى ھەربىي مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ، تۇنجى ئۇيغۇر مېدىتسىنا پەنلىرى دوكتۇرلىرىدىن ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ 30 نەچچە يېشىدىلا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار بوكس ماھىرى ئابدۇراخماننىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتناشقانلىقىدىن پەخىرلەنمەكتە، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ماھىرى ماخمۇت ئومەروپ بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپلا قالماستىن بەلكى، ئولىمپىك چېمپىيونلىق شۆھرىتىگە سازاۋەر بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئولىمپىك تارىخىنىڭ تۇنجى بېتىنى يازغان ئىدى. ئۇيغۇرلار بۇ نامنى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، جۇڭگونىڭ قارىغا ئېتىش ماھىرى شۈ خەيفېڭ 1984ـ يىلى جۇڭگو ئۈچۈن تۇنجى ئولىمپىك ئالتۇن مېدالىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن جۇڭگو ئولىمپىك تارىخىدىكى تۇنجى شەخسكە ئايلانغان ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇر ئوغلى ماخمۇت ئومەروپ شۈ خەيفېڭدىن 30 يىللار ئىلگىرى بۇ قەدەمنى باستى.

ماخمۇت ئومەرەپ دۆلەت تەۋەلىكىدىن ئېيتقاندا مەيلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقلىق بولسۇن، ئۇنىڭ قازانغان غەلىبىسى ئۆزى تەۋە بولغان دۆلەتكە مەنسۇپ بولسۇن، لېكىن مىللىي كىملىك جەھەتتىن ئۇ ئالدى بىلەن بەرىبىر ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپتۇر، شۇڭا ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇر تەنتەربىيە تارىخىدا ئالتۇن خەت بىلەن يېزىلىدۇ خالاس!

شۇنىڭغا ئوخشاش قازاقىستانلىق ئۇيغۇر يىگىتى سەھرىدىن يۈسۈپوۋ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى دۇنيا كىنو پايتەختى هولليۋودتا ئۆتكۈزۈلگەن مىللىيچە ناخشا-مۇزىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، كونا قەشقەر راۋابى بىلەن ئۇيغۇرچە ناخشا-مۇزىكا ئورۇنلاپ، بىرىنچى ئورۇنغا سازاۋەر بولغان ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ نەتىجىسى قازاقىستان دۆلىتىنىڭ بولسىمۇ، ئەمما سەھرىدىن يۈسۈپوۋ ئالتۇن مېدالنى قازاق مۇزىكىسىنى، قازاق دومبۇراسى بىلەن ئورۇنلاپ ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى، قەشقەر راۋابى بىلەن ئورۇنلاپ ئالدى. ئۇ، ئېتنىك كىملىك جەھەتتىن يەنىلا ئۇيغۇرغا مەنسۇپ بولىدۇ. قىسقىسى ماخمۇت ئۆمەرەپ، مۇرات ناسىروف، قۇددۇس غوجامياروپ، ئەزىز دۇگاشېۋ، سەھرىدىن يۈسۈپوۋ ۋە دىلناز ئەخمەدىيېۋا قاتارلىقلار شۇنىڭدەك بۇ يەردە ئىسمى ئاتالمىغان ئەشۇ قازاقىستانلىق، ئۆزبېكىستانلىق نەچچە ئونلىغان، نەچچە يۈزلىگەن مەشھۇر ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى ئوخشاشلا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر . ئاتوم-يادرو ئالىمى ئىسكەندەر رەخموپ ، ئوپتىكا ئالىمى دېمىر ساتتاروپ، ئالەم تېخنىكىسى ئالىمى تېلمان كەرىمبايېۋ ۋە پىلولوگىيە پەنلىرى ئالىمى مۇرات ھەمرايېۋ قاتارلىق نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇر ئالىملىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىلا ئەمەس ، بەلكى خەلقارا ئىلىم ساھەسىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان ئىلىم ئەربابلىرىدۇر. مانا بۇ ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئانا ۋەتىنىدىكى ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىغا ئوخشاش، بۇ سەنئەتكارلار ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى سەنئەتكارلارغا ئوخشاش ئۇيغۇر مىللى روھىنىڭ، ئۇيغۇر تالانتىنىڭ، ئۇيغۇر قابىلىيىتىنىڭ گۇۋاھچىلىرى خالاس!

تەخمىن قىلىشىچە ھازىر مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقى، جۇڭگو، ياۋروپا ئەللىرى ، ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرى) تۈركىيە، سەئۇدى ۋە باشقىلار(، ياپونىيە ھەمدە شىمالىي ئامېرىكا قاتارلىق مەملىكەتلەردە ئىلمىي تەتقىقات قىلغان ھەم قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئالىملىرى جۈملىدىن دوكتۇرلىرىنىڭ سانى 1000 دىن ئاشىدۇ. بىراق ، بۇلارنىڭ تەخمىنەن 80%دىن ئارتۇقراقى چەتەللەردە دېيىشكە بولىدۇ.

يېقىندىن بۇيان ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر يىگىت –قىزلىرى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان نەتىجىلەر، ئۇلاردىكى ئىرادە ۋە جاسارەت ھەقىقەتەن ئۇيغۇرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى، ئەسلى روھى كىملىكىنى نامايەن قىلماقتا. مەن بۇلارنى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۈچەيتىلىۋاتقان روھى ئاجىزلىققا قارشى جەڭ ئېلان قىلىش دەپ چۈشىنىمەن. ئۇيغۇرلاردا قوزغالغان دۇنيا جىنىس رېكورتى يارىتىش قىزغىنلىقى كىشىنى تېخىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ. پەلەك شاھى ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشانى بويىسۇندۇرۇش روھىدىن تۇغۇلغان روھ يەنە ئابلا مەجۇن، ئەسقەر شۇنىڭدەك كىچىك ئادىلجان ۋە سەمەت ئىمىن كەبى

باتۇرلارنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئادىل ھوشۇر، ئابلا مەجۇن ۋە سەمەت ئىمىن ھەم باشقىلار جۇڭگودىكى بىر مىليارد 300 مىليون ئادەمنىڭ ئىچىدىكى يىگانە باتۇرلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، دۇنيادىكى بەش مىليارد ئادەمنىڭ يىگانە باتۇرلىرى ئىدى. بۇنداق باتۇرلۇق تەكلىماكانغىلا بەخش ئېتىلگەن بولۇپ، قېنى كىملەر ھازىرغىچە ئۇلار بىلەن كۈچ سىنىشالىدى؟ قېنى دۇنيا سىياسىي خەرىتىسىگە ئۆز ئورنىنى يازغان ئەزىمەتلەر؟

”بوكس شاھى“ دەپ نام ئالغان ئابدۇشۈكۈرمۇ بىر مەزگىل دۇنيا سەھنىسىدە بولمىسىمۇ، ئەمما دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان ئادەملەر ئارىسىدا يەنى جۇڭگودا“شاھلىق “ ئالتۇن كەمىرىنى باغلىدى ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭ مۇشتى، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرنىڭ مۇشتى ئەمەسمۇ؟ تەكلىماكان مەلىكىسى گۈلزۆھرە ئۇيغۇرنىڭ تەكلىماكاننى ئۇيغۇر ئۆزى بويسۇندۇرۇش ئىرادىسىنى نامايەن قىلدى. گۈلزۆھرە روھى ئەمەلىيەتتە تارىخىمىزدىكى قەھرىمان خانىم ـقىزلىرىمىزنىڭ يەنى ئامانىنساخاننىڭ، نۇزۇگۇمنىڭ، مايىمخاننىڭ ۋە ھەرەمباغ جەڭ مەيدانلىرىدىكى رىزۋانگۈللەرنىڭ روھىنىڭ يېڭى ئىپادىسى بولۇپ، بۇ ئىككى روھنىڭ ئاخىرقى مۇددىئاسى بىر ئىدى. گۈلزۆھرە روھى ئۈرۈمچى ۋە ئىچكىرى جۇڭگو شەھەرلىرىنىڭ قاۋاقخانىلىرىدا، مېھمانخانىلىرىدا يېرىم يالىڭاچ بەللىرىنى تولغاپ، ئۇسۇل ئويناپ، خېرىدار كۈتۈش قىسمىتىگە دۇچار بولغان ئەشۇ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ روھىيىتىگە ئېلان قىلىنغان جەڭ بولۇپ، ئەسلىدە ئەشۇ قىزلارنىڭ قېنىدىمۇ ۋە روھىيەت قاتلىمىدىمۇ تەكلىماكاننى بويسۇندۇرالايدىغان گۈلزۆھرە روھى يوشۇرۇنغان ئىدى. ئەپسۇسكى، ئاچچىق رېئاللىق، ئۆز روھىيىتىنى قۇربان قىلىشتەك روھىي ئاجىزلىق ۋە روھىي ئەسىرلىك مىكروپلىرى ئۇيغۇر قىزلىرىنىلا ئەمەس بەلكى ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىمۇ كېسەللىككە دۇچار قىلماقتا. گۈلزۆھرەنىڭ كۆرىشى، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى ئۆز ئاياللىرىغا، ئۆز ھەدە ـسىڭىللىرىغا ھەم ئۆز ۋىجدانىغا سادىق بولۇشقا چاقىرىپ چالغان ئاخىرقى سىگنال بولسا كېرەك.

ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنىڭ بايراقدارى سۈپىتىدە ھەر زامان تۇرداخۇننى، پاشا ئىشانى ۋە باشقا يۈزلىگەن نامايەندىلىرىمىزنى ھۆرمەتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا دائىملا ياش ناخشىچى ئەركىن ئابدۇللانى مۇرات ناسىروفقا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكىرى جۇڭگو شەھەرلىرىدىكى مۇسابىقىلەردە غالىپ كېلىپ، مىليونلىغان ئىخلاسمەنلەرنى مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزىگە مەھلىيا قىلىشى مېنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ”دۆڭ كۆۋرۈك ھەققىدىكى پاراڭلار“ ۋە باشقا ناخشىلىرى ئارقىلىق ئۆز كەسپداشلىرىنىڭ دولاننى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئەتە ـئۆگۈن بولسا، ”سادىر پالۋان“، “ ئايشەمگۈل“، ”ئاللا خالىدەم“قاتارلىقلارغىمۇ ئىگە چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە سادىر پالۋان ۋە ياكى خالىدەم دەپ ئىسىم قويىۋۋېلىشىدىن مۇداپىئە كۆرمەكچى بولغان پىداكارلىقى مېنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈردى.

قىسقىسى، ئۇيغۇرغا مىڭلىغان سادىر پالۋانلار، مىڭلىغان مۇرات ناسىروف ۋە ئەركىن ئابدۇللالار كېرەك. سادىر ناخشىسى ئىلى ۋادىسىدىلا ئەمەس بەلكى، پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدا، پۈتۈن جۇڭگودا،

پۈتۈن دۇنيادا ياڭرىشى كېرەك ئىدى، ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇيغۇر ئۆز ئىسمى-جىسمىگە لايىق بولالايدۇ. خالاس، ئۇنداق بولمايدىكەن تالانتلىق ياش ئارتىست ۋە يازغۇچى راخمانجان يازغان، ئەركىن ئابدۇللا ئېيتقاندەك "دۆڭ كۆۋرۈكتىن كېلىدىغان ھەقىقى ئۇيغۇر ھەدى" بىلەن روھلىنالمايمىز. بەلكى، دۆڭ كۆۋرۈككە كەلگەن كىشلەرنى خۇددى قەدىمى ئاسارە-ئەتىقىلەرنى ۋە ياكى ئېپتىدائىي بىر قوۋمنى زىيارەت قىلغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىمىز خالاس. دۆڭ كۆۋرۈكتىن ئەسلى كېلىشكە تېگىشلىك ھەد، كاۋاب-سېرىق ئاشلارنىڭ ھەدى، دۆڭ كۆۋرۈكتىن كېلىدىغان ئاۋاز، سولغۇن چىرايلىرنى ئۇپا-ئەڭلىك بىلەن يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ۋە قولۇلىرى سازلىرىنىڭ پەدىلىرىدە بولسىمۇ، ئەمما خىياللىرى باشقا يەردىكى ئەشۇ كۆزلىرىدىن ئەنسىرەش بىلەن چۈشكۈنلۈك سېزىلىپ تۇرغان ناتىۋان سازچىلارنىڭ ناخشا سادالىرى ئەمەس بەلكى، سادىرنىڭ ئارغىمىقى ئاستىدىن چىققان توپا-چاڭ ھەدى بىلەن ئۇنىڭ ياڭراق ۋە مەرت ناخشا سادالىرى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس....

مۇرات ناسىروفنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز مىللىتىگە قايتىپ كېلىشى، ئۇنىڭ رۇسىيە چولپىنىدىن ئۇيغۇر چولپىنى بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكى، مېنى ئويغا سالدى ۋە قولۇمغا قەلەم ئېلىشكە ئۈندىدى. مېنىڭچە ئۆز ئۆتمۈشى ۋە مىللىي كىملىكىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەنمىگەن بىر مىللەتنىڭ قاراڭغۇلۇقتا، روھي ۋە ماددىي خارلىقتا قېلىشى تەبىئي، ئۆز روھىنى ساقلىمىغان ۋە ئۇنى قۇتقۇلدۇرمىغان مىللەت بەئەينى ھاسىسىنى يوقىتىپ قويۇپ قاياققا قەدەم بېسىشنى بىلمەي، گاڭگىراپ قالغان ھەتتا باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىن ئايرىلغان ئەما كىشىگە ئوخشايدۇ.

مۇراتنىڭ قايتىپ كېلىشى، ئەسلى تومۇردىكى قاننىڭ ۋە قەلبىدىكى روھنىڭ غەلىبىسى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى تاللىشى ئىدى. مۇرات ئۆز خەلقىنى قانچە سۆيسە، ئۆز خەلقى مۇراتنى شۇنچە سۆيدى. ئۆتكەن يىلى ئالمۇتادىكى قازاقىستان ئۇيغۇر بايلىرى كۇلۇبى تەشكىللىگەن "ئىلھام مۇكاپاتى"بېرىش مۇراسىمىدا باھالىغۇچىلار بىردەك ھالدا ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا سەنئەت ۋە ناخشا-مۇزىكا ساھەسى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك "ئىلھام مۇكاپاتى" بەردى.

مۇرات، قەشقەر پەيزىۋات ۋە مارالبېشىدىكى يەر تەۋرەشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، موسكۋادىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەردە مەخسۇس خەيرىساخاۋەتلىك ناخشا كېچىلكى ئۆتكۈزۈپ، ۋاپات بولغان ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان قېرىنداشلىرىغا ماتەم بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇق بۇرچىنى ئادا قىلدى.

ئانا ۋەتەن، ئانا تىل ۋە ئانا مەدەنىيەت روھى

رۇسىيە ناخشا چولپىنى، رۇسىيە ۋە ئۇيغۇر سەنئەت تارىخىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئالغان ئۇيغۇر يىگىتى مۇرات ناسىروف ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇلىرىنىڭ بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تۇپراقلىرىنى كۆرۈش، دادىسى تۇغۇلغان ئەزىزانە قەشقەرنىڭ تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى بىر يۇتۇم ئىچىش، بۈيۈك

ئالىم ماخمۇد قەشقىرىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ، شۇ يەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ زاتلىرىغا ئاتاپ دۇئا قىلىش، ئەگەر مۇمكىن بولسا، ”قالدىم يالغۇز“ ناخشىسىنى ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە غۇلجا سەھنىلىرىدە ئېيتىش ئىكەنلىكىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەرگىنىدە ئۇيغۇرنىڭ مۇساپىرلىق تارىخىغىنى ۋە ئۇيغۇرنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇساپىر بولغانلىقىنى ئەسلىگىم كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئانا ۋەتەنلىرىدىن ئايرىلىپ، تاشقى دۇنيادا ماكانلىشىپ قېلىش تارىخى خېلى ئۇزۇن. ئەڭ قەدىمقى ۋاقىتلارنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت يېقىنقى ئۈچ ئەسىردىن سۆز باشلىغىنىمىزدا تاكى ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ چەت مەملىكەتلەرگە كۆچۈش دولقۇنىنى ئالتە قېتىمغا ئومۇملاشتۇرۇش مۇمكىن.

تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلار 1759-1760-يىللىرىدا جاۋ خۇي باشچىلىقىدىكى مەنچىڭ قوشۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ فېئوداللىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش جەريانىدا قەشقەرىيىگە باستۇرۇپ كىرگەندە ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاھالىلىرى مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، قوشنا پەرغانە ۋادىسى، يەتتە سۇ ۋە باشقا جايلارغا قېچىپ بېرىپ ماكانلاشقان ئىدى. ئەنە شۇ يىللاردىن تارتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مەملىكەتلەرگە بولۇپمۇ، قوشنا تۇپراقلارغا كۆچۈپ كېتىپ ماكانلىشىپ قېلىشى ھېچ توختىمىدى. ئىككىنچى قېتىملىق دولقۇن 19-ئەسىرنىڭ دەسلىۋىدىكى جاھانگىر غوجىنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغانغا توغرا كەلگەن بولۇپ، 1825-1830-يىللىرىدا زور ساندىكى قەشقەرىيە ئاھالىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا كەتتى. ئۈچىنچى قېتىملىق دولقۇن 19-ئەسىرنىڭ 70-80-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. مەلۇمكى، 1864-1865-يىللىرىدا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مەنچىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭلار پارتلىدى. ئىلگىرى كېيىن كۇچار قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولۇپ، ئىلگىرى كېيىن ئۇلار ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. ئەمما، 1865-يىلىدىن ئېتىبارەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ياقۇپ بەگنىڭ باشلامچىلىقىدىكى يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىردى. زو زۇڭتاڭ 1877-1878-يىللىرى قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرغاندا، يەنە بىر قېتىملىق كۆچۈش دولقۇنى قوزغالدى. بۇ ھەقتە ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرىيىگە كەلگەن چار پادىشاھ ئەلچىسى گېنېرال كروپاتكىن ۋە باشقىلار ئېنىق مەلۇمات بېرىدۇ.1881-يىلى ”جۇڭگو-رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى“ ئىمزالىنىپ، رۇسىيە 10 يىل بېسىۋالغان ئىلى مەنچىڭ سۇلالىسىغا قايتۇرۇلغاندا، ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلاردىن 50 مىڭ ، تۇڭگانلاردىن 5 مىڭ ئەتراپىدا كىشى مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆز ئۆي-ماكانلىرىنى تاشلاپ، كوللېكتىپ ھالدا يەتتە سۇغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشتى. بۇ ھەقتە ئىلى خەلقى ئارىسىدا ئاتاقلىق ”كۆچ-كۆچ “ ناخشىسىمۇ پەيدا بولغان بولۇپ، خەلق ئۇنى تېخى ئۇنتۇلۇپ كەتكىنى يوق.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 4- قېتىملىق كۆچۈشى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بولۇپ، بۇ چاغدىكى كۆچۈشنىڭ خاراكتېرىدا ئازراق پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ مەزگىلدە ياڭ زېڭشىڭ قاتارلىق مىلىتارىستلار ئۇيغۇر يەرلىرىنى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن قوشنا ئەللەردىن كۆپ ئارقىدا قالدۇرغان

بولۇپ، ئۇنىڭ نادان قالدۇرۇپ باشقۇرۇش سىياستى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلار باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا ھەر جەھەتتىن قالاق قالدۇرۇلغان ئىدى. بۇ چاغدا تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى بولۇپمۇ قەشقەر تەۋەسىدىن ھەر يىلى ياز ئايلىرىدا قوشنا پەرغانە ۋادىسىغا ۋە يەتتە سۇغا بېرىپ، تۈرلۈك مەدىكارچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە تىجارەت قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئاشتى. بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدەملىرى يىراق ياۋروپا شەھەرلىرى ھەتتا موسكۋا، سانكتپېتىربۇرگقىچە يېتىپ بېرىپ، مەلۇم ساندىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى شۇ جايلاردىكى زاۋود، كارخانا قاتارلىق جايلاردا قارا خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار رۇسىيە تۇپراقلىرىدا ماكانلىشىپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇ ياقلاردا قېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىنقىلابلارغا قاتنىششى، شۇنىڭدەك يەنە ئابدۇللا رۇزىباقىيېۋ تەشكىللىگەن ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا قايتىپ بارسا، مىللەتارستلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرىشى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۆز تۇپراقلىرىدا دۇچ كېلىۋاتقان قالاق ۋە مۇستەبىت تۈزۈمنى كۆرۈشنى خالىمىغانلىقى ھەم يەرلىكلەر بىلەن ئۆي-ئوچاقلىق بولۇش ھەم باشقىلاردۇر.

-

ئۇيغۇرلارنىڭ بەشىنچى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش دولقۇنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50-60-يىللىرىدا قوزغالغان بولۇپ، جۇڭگو رەسمى مەلۇماتلىرىدا 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكى سۆزلەنسىمۇ، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ ك گ ب ئورگىنىنىڭ بىر قىرغىز پولكوۋنىكى ك گ ب ھۆججەتلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ، 1955-يۇلدىن 1963-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تەخمىنەن بىر مىليوندىن ئەتراپىدا ئادەمنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى يازىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇتلەق كۆپ سانىنى ئۇيغۇرلار ئىگىلەيدىكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ 6-قېتىملىق چەت مەملىكەتلەردە ماكانلىششى دولقۇنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلىنىپ، 90-يىللارنىڭ ئاخىرىلىرىدا يۇقىرى پەللىگە يەتتى. بۇ قېتىمقى دولقۇن ئىلگىرىكىدىن تۈپتىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇرۇنقىدەك ئوتتۇرا، جەنۇبىي ۋە غەربىي ئاسىياغا كۆچۈشتەك ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى مەملىكەتلەرگە، شىمالىي ئامېرىكىغا كېلىپ يەرلىششكە باشلىدى. ھازىر ياۋروپانىڭ ھەر قانداق بىر يېرىگە بارسىڭىز ئۇيغۇرنىڭ دۇتار ئاۋازىدىن چىقىۋاتقان ئاچچىق ۋە مەغرۇر ئاۋازلىرىنى ئاڭلىيالايسىز، ھېچقاچان ئۇيغۇرنىڭ ئايىغى تەگمىگەن بۇ زېمىنلەردىكى كىشىلەر تەكلىماكاندىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان بۇ قارا كۆزلۈك ئىنسانلار توپىغا ھېسداشلىق ئارىلاشقان مېھرىبانلىقلىرىنى ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر

كىشىلىك ئۆز نېمىنى ئۆزلىرى تاپالايدىغان ئىقتىدارىنى ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارغا پۇرسەتلەر يارىتىپ بەردى.

ئەلۋەتتە، بۇ يېڭى دۆلەتنىڭ تەشكىل قىلغۇچىلارنىڭ تەركىبى تۈرلۈك بولۇپ، بۇ دۆلەتكە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇملىدىن تەكلىماكاندا دۆلەتچىلىك روھىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تونۇشلۇق بولمىغان غەرب دۇنياسى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنى باغلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ تونۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ دۆلەتكە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان تەكلىماكاندا قاپسىلىپ قالغان ئاۋازىنى يىراق شىمالىي مۇز ئوكياندىن تارتىپ، ئاتلانتىك ئوكيان، تىنچ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكيان بويىلىرىغىچە يەتكۈزۈشتە ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئۈچىرىلمەس بەتلىرىنى ياراتتى ۋە ياراتماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزۈن يىللىق كۆچۈش دۆلەتلىرىدا ئىلگىرىكى ئۈچ قېتىملىق دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى ھېسابلانغان سانسىزلىغان ئۇيغۇرلار ئۆزى بارغان يەرلەردىكى ئاساسلىق خەلقلەرگە سىڭىپ تۈگىدى. ئەمما، ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پەرغانە ۋادىسىنىڭ نۇرغۇن شەھەر ۋە يېزا قىشلاقلىرىغا بارسىڭىز، ئۆزىنى ئۆزبەك دەپ ئاتاپ، ئالىقاچان مىللىي كىملىكىنى ئۆزگەرتكەن كۆپلىگەن ئەشۇ دۆلەتنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىن ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى سۆھبەتلەر جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى پەخىرلىنىش بىلەن يادلىغانىنى ئۇچرىتىسىز. ئەمما، كېيىنكى كۆچۈش دۆلەتلىرىنى تەشكىل قىلغۇچىلار بولسائا، ئۆز مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قالدى ۋە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن تىرىشماقتا.

ئەلۋەتتە، غەرب مەملىكەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇرچە ئۆگىتىش، ئۇيغۇرچە كىيىندۈرۈش، مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئادەتنى تەربىيە بېرىشكە ئەھمىيەت بەرمەكتە. بۇ يەردە مەزكۇر تېما ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىشنى مۇددىئا قىلمايمەن. ئومۇمەن، دېمەكچى بولغىنىم، بايانىمدىكى باش قەھرىمان مۇرات ئەشۇ كېيىنكى ئۇيغۇر مۇساپىرلار دۆلىتىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش سانسىزلىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ۋە ياكى بوۋىلىرى تېخى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ۋەتەندىن كۆچۈپ چىققان بولغاچقا، ئۇلار قويۇق، ئۇيغۇر مىللىي پۇرىقى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىشكە، ئاتا-ئانىسى ۋە ياكى بوۋىلىرىنىڭ كىچىكىدىن سىڭدۈرگەن ئۇيغۇرلۇق تۇيغۇسى بىلەن ئوزۇقلىنىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى.

كۆچلۈك رۇس سىياسى ۋە مەدەنىيەت مۇھىتى 19-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى كۆچۈپ چىققان يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىمۇ يوق قىلالامىغان بولۇپ، قازاقىستان تەۋەسىدىكى ئۆزلىرىنى ”يەرلىك“لەر دەپ ئاتايدىغان بۇ گۇرۇپپىمۇ ئوخشاشلا ھېچ قاچان ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىدىن تانمىغان ئىدى. سوۋېتلەر يىمىرىلگەندىن كېيىن بولسا، ئۇلاردىكى ئانا ۋەتەن تۇيغۇسى ۋە چۈشەنچىلىرى ئۆزگىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى “ سوۋېت ئۇيغۇرلىرى“ دەپ پەخىرلىنىدىغان تۇيغۇسىنىڭ ئورنىغا

“ ئۇيغۇر“لۇق روھنى دەسسەتتى. ئۇلاردا ئۆزلىرىنى ئانا ۋەتەنىنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلاش، ئانا ۋەتەننى سۆيۈش، ئانا تىلنى سۆيۈش چۈشەنچىلىرى كۈچىيىشكە قاراپ يۈزلەندى. ئۇلاردىكى بۇرۇنقىدەك ئۆزلىرىنى 50-60-يىللاردا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەندۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىك، ۋە ئېسىل قىسمى يەنى“ سوۋېت ئۇيغۇرلىرى“ دەپ قارايدىغان سۇنىيلىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يوق بولۇشى بىلەن يوقالدى. 90-يىللاردا كۈچىيىشكە باشلىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە باشقىلارنىڭ مىللىي كىملىك ھەم مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتى تەبئىي ھالدا، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. نەتىجىدە، دۇنيا يۈزىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ۋە ياشىغان يەرلىرى پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ“ ھەممىسىنىڭ تەقدىرى بىر، ھەممىسى بىر ئۇيغۇر، “ دەيدىغان چۈشەنچىلەر ئومۇملىششقا قاراپ يۈزلەندى.

دېمەكچى بولغىنىم، دۇنيانىڭ نەرىگە بارسىڭىز، ئۇيغۇرنىڭ ئۆز كىملىكى ئۈچۈن ئورتاق كۈرۈشۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىدىيىلىرىنىڭ بارغانسىرى ئورتاقلىشىۋاتقانلىقىنى شۇنىڭدەك بىر گەۋدىگە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇيغۇرلاردىكى ئانا ۋەتەن، ئانا تىل، ئانا مەدەنىيەت ئىدىيىلىرى چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخىي ۋەتىنىگە بولغان سۆيگۈسى ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن يىغلاش ھەم بەدەل تۆلەش خائىشنى پەيدا قىلدى.

مۇرات ناسىروف ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئەزىمەتلەر ئەنە شۇ ئۇيغۇرلاردىكى روھنىڭ ھامىسى بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پەيدا بولغان ئۇيغۇرلاردىكى جىنس رېكورتى يارىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان“يېڭىلىق يارىتىش“،“ئالەمشۇمۇل نەتىجە يارىتىش“ھەرىكىتى ئۇيغۇرلاردىكى شەخسىي كىملىك سۆيگۈسى ئەمەس بەلكى ،ئورتاق مىللىي سۆيگۈنىڭ بەدەللىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادىل ھوشۇر باشلىغان بۇ ھەر ساھەلەردە كۆرۈلۈۋاتقان يېڭىلىقنى دادىللىق بىلەن “ ئۇيغۇرلاردىكى بىر يېڭى دولقۇن“ دەپ ئېيتساق خاتالاشمايمىز. بۇ ئەمەلىيەتتە، 20-ئەسىرنىڭ 30- ۋە 40-يىللىرىدا قوزغالغان كەڭ كۆلەملىك ئۆزىنى ئازاد قىلىش، روھى قۇللۇق ۋە زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ، ئىسمى-جىسمىغا لايىق سىياسىي مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش دولقۇنىنىڭ يېڭىچە ۋە ئۆزگىچە ۋارىيانتى خالاس!

خاتىمە

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ20-ئەسىردە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى بىلەن ئۇچرىغان ئېغىر مۇسىبەتلىرىنى ھېچ ئۇنتۇيالمىغان ھالدا 21-ئەسىرگە قەدەم قويدى. 20-ئەسىردە سانسىزلىغان قۇربانلىرى بەدىلىگە ئاخىرقى غايىلىرىگە يېتەلمەي قالغان ئۇيغۇرلار 21-ئەسىردە ئۆز غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالامدۇ يوق بۇ ئالدى بىلەن ھەر بىر ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ھېسابلىغان ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىغا باغلىق، ئۆز ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش بىلەن كېلەچەكدىن ئۈمىد ئۆزگەن ئادەملەر بىلەن

توشقان ئۇيغۇر جەمىيتىنىڭ ئوخشاشلا تېخىمۇ ئېغىر بەختسىزلىكلەرگە گىرىپتار بولۇشى مۇقەررەر (خۇدا ساقلىسۇن(!

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مۇساپىلىرىدىن قارىغاندا، ھەر بىر ئەسىردە ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلغان تەھدىدلەر ھەر خىل شەكىلدە بولغانكى، 21-ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى تېخىمۇ ئېغىر تاللاش ، رىقابەت ۋە كرىزىس خاراكتېرلىق ھەيۋىگە توغرا كەلدى. ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ زېمىندا بىر قانچە مىڭ يىللاردىن بۇيان سىياسىي، مەدەنىيەت ، ئىقتىساد ۋە نوپۇس جەھەتتە يۇقىرى سالماقنى ھەمدە باشلامچىلىق سالاھىيەتنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇرلار 21-ئەسىردە بۇ سالاھىيىتىنى ساقلاپ قالالامدۇ يوق؟

-20ئەسىردە ئۆز ئىستىقبالىنى قولغا كەلتۈرگەن نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر 21-ئەسىردىن تېخىمۇ زور ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتە. ئۇلار 21-ئەسىردە ئۆز زېمىنىدىن ۋە ئۆز رايونىدىن ھالقىپ، دۇنياۋى تەسىر كۆرسىتىدىغان ئېلېكترونلۇق مەدەنىيەت ۋە سانائەت بىلەن ئالەمشۇمۇل ئىلمىي ئىشلارغا ئىگە بولۇش سەۋىيىسىگە يېتىشكە تىرىشىپ، 21-ئەسىرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەسىرى بولىدىغانلىقىنى جاكارلىماقتا. ئەمما، ئۇيغۇر مىللىي ئەخلاق چۈشەنچىلىرىگە كرىزىس ئېلىپ كەلگەن 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغۇسىدىلا 20-ئەسىرنىڭ دەھشەتلىك ۋاباسى ھېسابلىنىدىغان زەھەرلىك چېكىملىك بىلەن ئەيدىز كېسىلى ھەتتا ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان ئەڭ چەت يېزىلارغىچە يېتىپ كەلدى. ئەزەلدىنلا ئىسلام دىنىي ئەخلاقى ۋە مىللىي ئەخلاق قاراشلىرىغا باي بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ لۇغىتىدە بۈگۈنكى كۈندە ”ئاق تاماكا“ بىلەن ”ئەيدىز“ دائىم قوللىنىلىدىغان سۆز سۈپىتىدە يەر ئالدى. ئامېرىكا ئالىمى جوستىن رۇدېلسون ئەپەندىنىڭ تەبىرى بويىچە ئالغاندا، ”ئەيدىز بۈگۈنكى كۈندە ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت سۈپىتىدە يوقۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى ئەگەر ئۆزىنى ساقلاپ قالماقچى بولسا، ئەيدىز بىلەن زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى پۈتۈن ۋۇجۇد بىلەن كۈرەش قىلىشى كېرەك“

-21ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن دەسلەپكى ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيادا ئورتاق ئەدەبىي تىللىق رولىنى ئوينىغان ئۇيغۇر-تۈركىي تىلى، ئەرەبلەرنىڭ، پارىسلارنىڭ، قىتانلارنىڭ، موڭغۇللارنىڭ ھەمدە مانجۇلارنىڭ ھۆجۈملىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، تەككەممۇللاشقان ھەم زامانىۋى پەن-تېخنىكا تىلى ۋە سىياسەت تىلى بولۇپ، 20-ئەسىردە قايتا قەد كۆتەرگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار خىمىيە، فىزىكا، بىئولوگىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زامانىۋى پەنلەر ھەم مېدىتسىنا ھەتتا كومپيۇتېر –ئۇچۇر تېخنولوگىيىسىدىن ئىبارەت يېڭى ۋە نازۇك تېخنىكىلىق پەنلەرنىمۇ ئۆز تىلىدا ئۆگىنىش ھەم ئوقۇتۇش، تەتقىق قىلىش شۇنىڭدەك ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى 2000 نەچچە مىللەتنىڭ ئىچىدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ يۈز مىللەتنىڭ قاتارىغا كىرىش بىلەن جۇڭگودا ئاز سانلىق مىللەت دەپ قارالسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ئاساسىي مىللەت، كۆپ سانلىق مىللەت شۇنىڭدەك دۇنيا مىللەتلىرى ئىچىدە

يەنىلا كۆپ سانلىق مىللەت ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلى 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدىلا تارىختا كۆرۈلمىگەن رىقابەت ۋە شاللىنىشقا دۇچ كەلدى.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇر تىلى-يېزىقىنى بىلىش مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قارىلىپ، مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيا ئىنسانلىرى بۇ تىلنى بىلگەنلىكىدىن پەخىرلەنگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بۇ تىلنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزلىرى ئېتىبارسىز قالدۇرماقتا ۋە ئۇيغۇر تىلدا سۆزلەشتىن نومۇس قىلىش كەيپىياتىنى پەيدا قىلماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تىللىرىنى قەدىرلىمەسلىكىنى ھېس قىلغان سىياسەتچى ئەرباپلار ئاشكارا ھالدا " ئۇيغۇر تىلدا پەن-تېخنىكا ئۆگىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى، بازار ئىگىلىكىگە تېخىمۇ ماسلاشقىنى بولمايدىغانلىقىنى" تەكىتلىمەكتە، سىياسەت ۋە جەمىيەت خاراكتېرلىق شەكىللىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىنىڭ رولىنى چۈشۈرۈش دولقۇنى، ماخمۇت قەشقەرىنىڭ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋە ئەلىشىر ناۋايىنىڭ شۇنىڭدەك 1944-يىلىدىن 1949-يىلىغىچە ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرى دائىرىسىدە سىستېمىلىق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىلىرىنى بەش يىل باشقۇرۇش بىلەن ھەممىگە قابىل ۋە لايىق تىل ئىكەنلىكى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلانغان ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شۇنىڭدەك بۇ تىلنى قوغداش ئۈچۈن جانلىرىنى قۇربان قىلغان يۈز مىڭلىغان قۇربانلارنىڭ تىلىغا تەھدىد يەتمەكتە.

تىلدىن ئىبارەت مىللەتنىڭ قەلب ئەڭگۈشتىرىدىن ئايرىلىپ قالغان مىللەتنىڭ ئىستىقبالىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، خالىسىڭىز، رۇسلاردىن، ياپونلاردىن، فرانسۇزلاردىن ۋە خەنزۇلاردىن ئۆز تىلىڭىزنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا تىلنى ئىشلىتىشنى، ئۆز تىلىڭىزنى ئۇنتۇشنى خالامسىز دەپ سوراپ بېقىڭ، ئۇلار بەلكى بۇ سوئالىڭىزغا چىرايلىق گەپ بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇشتى بىلەن جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، باشقا بىر تىلنى ياخشى ئۆگىنىش بىلەن ئۆز تىلىنى ئۆزىنىڭ مائارىپىغا ۋە كۈندىلىك پائالىيەتلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدۇرۇشنىڭ پەرقى بار.

-21ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇيغۇرلار يەنە ئىنتايىن كۈچلۈك بازار رىقابىتى، مەدەنىيەت رىقابىتى ھەم مىللىي ئاڭ ۋە غۇرۇر رىقابەتلىرىگە دۇچ كەلدى. ئۇيغۇرلارغا بۇ رىقابەتلەردە غالىپ چىقىشتىن باشقا چىقىش يولى يوق، ئەگەر ئۇتتۇرسا، ئاقىۋەتنى ھەر قانداق شەكىلدە تەسۋىرلەش مۇمكىن. لېكىن، خۇشاللىنارلىق بىر نۇقتا شۇكى، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۆزلىرىنى ھېچ كىمدىن كەم سانىماسلىق روھى مىللىي پىشكىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى باشقا خەلقلەردىن ئارتۇق تۇرىدىغان يېقىندىن بۇيانقى نەتىجىلىرى ئارقىلىق دادىللىق بىلەن " 21-ئەسىر بىزنىڭ ئەسىرىمىز بولىدۇ" دەپ ئېيتىشقا ھەقلىق.

ئۇيغۇر دىيارى جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىم ۋە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. ئۇيغۇر دىيارى 21-ئەسىردە يېڭى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولۇش رولىنى ئۆتەيدۇ. جۇڭگونىڭ كۈنسايىن ئېشىۋاتقان ئېنېرگىيە ئېھتىياجى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى شۇنىڭدەك خەلقئارا ھەربىي-سىياسىي ئىستراتېگىيىسى ئۇيغۇر دىيارى بىلەن زىچ

باغلانغان بولۇپ، نۆۋەتتە، قازاقىستان بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى نېفىت توشۇش تۇرۇبىسى ئىشقا كىرىشتى. بۇ يول جۇڭگونىڭ نېفىتكە بولغان ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشتىكى ناھايىتى مۇھىم ۋاستە. 2011-يىلدىن ئېتىبارەن گاز ئاقتۇرىلىدىغان رۇسىيە بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى تەبىئىي گاز تۇرۇبىسمۇ ئۇيغۇر دىيارىدىن ئۆتىدۇ.

تۆمۈر يول قاتنىشى جەھەتتىنمۇ، قەشقەر-قىرغىزىستان-ئۆزبېكىستان تۆمۈر يولى تۇتاشتۇرۇلسا، ئۇ چاغدا جۇڭگونىڭ بىۋاستە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق غەربىي ئاسىياغا ھەمدە كاۋكازىيە رايونى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئەگەردە پاكىستانغا تۇتىشىدىغان تۆمۈر يول مەيدانغا كەلسە، جۇڭگو ئۇيغۇر دىيارى ئارقىلىق پاكىستاننىڭ كاراچى پورتىغا ئاندىن كېيىن ھىندى ئوكيانغا چىقىپ، ھىندى ئوكيان بويىدىكى نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى بۇ يول ئارقىلىق قىسقا ۋاقىت ھەم قىسقا مۇساپە بىلەن جۇڭگوغا توشۇپ كېلەلەيدۇ شۇنىڭدەك تاۋار ئالماشتۇرۇشتا ۋە سودىدا يەنە يېڭى مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىدۇ. قىسقىسى ، ئۇيغۇر دىيارى جۇڭگونىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي ئاسىيا جۈملىدىن ياۋروپا بىلەن بولغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئالاقىلىرىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولۇپلا قالماستىن بەلكى، كەلگۈسىدە جۇڭگونىڭ ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولىدىغان دىپلوماتىيىلىك مۇناسىۋەتلىرىدىكى مۇھىم ۋاستىلىق رولىغا ئېرىشىدۇ. شۇڭا، جۇڭگو ئىستراتېگىيىچىلىرى " شىنجاڭ گۆھەر زېمىن" دەپ بىكارغا ئېيتمىغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن تاشقى دۇنيا ئارىسىدىكى شۇنىڭدەك جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بەلۋاغقا جايلاشقانلىقىدەك ئەۋزەللىكىنى ۋە رولىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەۋزەللىكلىرى ۋە روللىرىدىن قانداق پايدىلىنىش يوللىرىنى تېپىپ چىقالىسا، بۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بەخت ئېلىپ كېلەلىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئارزۇلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن بەدەل تۆلەش كېرەك، ئادىل ھوشۇر سەنىشىئا بوغۇزىغا تارتىلغان تۆت يۈز مېتىر ئېگىزلىكتا مېڭىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە تەييار ئىدى. چۈنكى، ئۇمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش ئادەم بولغاچقا، ئەشۇ ئېگىزلىكتىن چۈشۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ھېچنېمىسى قالماس ئىدى. ئابلا مەجنۇنمۇ خۇددى شۇنداق!

گۈل زۆھرە بەلكى تەكلىماكاندىن يۈگۈرەپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئوخشاشلا ئادىل ھوشۇردىن قېلىشمايدىغان خەتەرگە تەۋەككۈلچىلىك قىلدى . ئۇلار ئەنە شۇنداق بەدەل تۆلەش روھى بىلەن ئۆزىنىلا ئەمەس بەلكى مىللىتىنى تونۇتتى، بۇ مىللەتنىڭ دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر ئۆزلىرىنى ئىلغار ۋە بۈيۈك ھېسابلىغان ئىنسانلار توپىدىن قېلىشمايدىغان، ھەممىگە قادىر ۋە لايىق بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى! مانا بۇ ئۇيغۇرغا كېرەك روھ! شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن ئۆز باتۇرلىرى، ئۆز ئالىملىرى، سەنئەتكارلىرى، قىسقىسى ئۆز مىللىتى ئۈچۈن ياخشى

ئىشلارنى قىلغان ئادەملىرىنى قەدىرلەشكە ۋە سۆيۈشكە شۇنىڭدەك ئۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بىر خەلقتۇر.

ئۇيغۇر ئۇچۇن ئۇيغۇرسىز قالغان، يۇرت ئۇچۇن يۇرتسىز قالغان، ئانا تىلى ئۇچۇن تىلسىز قالغان، پاك روھى ئۇچۇن جانسىز قالغانلارنىڭ مۇرات-مەخسەتلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، چۈنكى تارىخ ئەڭ ئادىل سوتچىدۇر! چۈنكى تارىخ ھېچ قاچان كۆز يېشىغا ئىشەنمىگەن ھەم ئىشەنمەيدۇكى، بۇ خۇددى ئادىل ھوشۇرنىڭ پەلەكنى بويسۇندۇرۇش روھى تارىخ ياراتقاندەك بىر ئىش، ئىشىنىمەنكى، ياش تالانتلىرىمىز ئەركىن بىلەن راخمانجانلار خىتاپ قىلغاندەك دۆڭ كۆۋرۈكتىن كېلىدىغان ئۇيغۇر ھىدى ئەبەدىيلىك بولغۇسى ! ھەم بۇ ھىد خۇددى تارىختا سۇلتان سۇتۇقتەك ، باتۇر تەڭرىقۇتتەك، مويۇنچۇردەك قەھرىمان ئەجدادلىرىمىز دۇنياغا ياىغاندەك يەنە دۇنياغا يېيىلغۇسى!!

ئۇيغۇر ناخشىلىرىدىن شۇنداق يۇراقلار كەلسۇنكى، ئۇنىڭدا ئاجىزلارنىڭ يىغىسى بىلەن بىچارىلەرچە ئىگرىشى ئەمەس، بەلكى مەردانە نەرىلەر، جاسارەت ۋە ئۇمىدۋارلىقلار مەۋجى ئۇرسۇن، سەنئەت بىلەن بىرگە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ھامان سەنئەت بىلەن ئۆزىنى تۇيىدۇ ۋە سەنئەت بىلەن ئۆزىنى تەربىيىلەيدۇ. ئۆز ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ۋە يوقاتماسلىق ئاساستا باشقا مىللەتلەرنىڭ ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىپ ، ئۇنى ئۇيغۇر مۇزىكىسىغا سىڭدۈرۈش كېرەككى، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ مۇزىكىلىرىنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالماسلىق كېرەك. قوبۇل قىلىپ پايدىلىنىش بىلەن كۆچۈرىۋېلىشنىڭ ئارىسىدا زور پەرقلەر مەۋجۇت. ناخشا-مۇزىكىدىكى تەرەققىياتمۇ بىر مىللەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە راۋاجلىنىش يۆلۈنىشىنى كۆرستىپ بېرىدىغان بەلگىلەرنىڭ بىرىدۇر

ئىشىنىمەنكى، مۇراتنىڭ ئىلى ۋە تۇمەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىش ئارزۇلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، يالغۇز مۇراتنىڭلا ئەمەس بەلكى، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئون مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان ، مىليونلىغان مۇراتلارنىڭ مۇرات-مەقسەتلىرى چوقۇم رىئاللىققا ئايلىنىدۇ.□

مەنبە: ئاسمان تورخاتىرىسى

# 15- قەشقەردىكى چۆكۈش ۋە ئورلەش

ئەختەم ئۆمەر

## 1.قەشقەرنىڭ چۆكۈشى

ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ بىلىدىغىنىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئۇنتۇيدىغانلىرىمۇ كۆپ بولدى. ئەلۋەتتە ئادەمنىڭ كاللىسىغا سىغىدىغان نەرسىنىڭ چېكى بار. بۇ خۇددى ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ كۆرۈش ئۇزۇنلۇقى توختىغان يەر قازانغا ئوخشاش كۆرۈنگەندەك ئىش. شۇڭا ئادەملەر ئۇنتۇپ كەتمەسلىكنىڭ ئامالىنى قىلىپ يېزىق ئىشلىتىپ قەغەزگە پۈتۈۋالغاندى. مانا ئەمدى كاللامغا سىغمىغان نەرسە قەغەزگە قانداق پاتسۇن دېگەندەك، قەغەزگىمۇ سىغمىغاننى يەنە بىر سۈنئىي كاللا ئىشلەپ چىقىرىپ ئۇنىڭغا كومپيۇتېر دەپ ئات قويۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئاشۇ كاللىسىغا تايىنىپ ھەل قىلىدىغان بولۇشتى. بۇرۇنقى ئادەملەرنىڭ بىر كاللىسى بولسا ھازىرقى ئادەملەردە ئىككى كاللا بولدى. بۇنىڭغا قاراپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدىكى "ھەرقانداق بىر كاللىسى بارلا ئادەم بولسا ئالدىمغا چىقسا تەڭ تۇرالايمەن... يەتتە باشلىق دىۋە... يەتتە باشلىق يالماۋۇز... بىر بېشىنى كەسسە قالغان ئالتە بېشى ئۆلمەيتۇ" دېگەن سۆزلەرنىڭ ئەپسانە - رىۋايەت ئەمەسلىكى ئىسپاتلىنىۋاتامدۇ نېمە دېگۈسى كېلىدۇ كىشىنىڭ. دۇنيانىڭ ساختىلىشىشى، تەبىئىيلىكلەرنىڭ ۋەيران بولۇپ ھەممە نەرسىنىڭ سۈنئىيلىشىشى تەبىئەتتىن ياتلىششتەك زور پاجىئەنى باشلىدى. مەسىلەن: ئاياللارنىڭ تەبىئىي تۇغماي سۈنئىي ھالدا قورساقنى كەستۈرۈپ تۇغۇشى، باللارنىڭ تەييار ئىشكتتىن كىرىپ چىقماي دېرىزىدىن ئۆيگە كىرىشدەك سارائىلىق كېسىلنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئانىلارنىڭ باللارنى ئېمىتمەي كالا سۈتى بىلەن بېقىپ ئادەم قىلىشى، باللارنىڭ ئادەملىك تەبىئىتىدە بىر - بىرىگە ئىنسانىي مېھرىبانلىقتىن كۆرە، ھايۋانىي نەپسى ئۈستۈن بولۇپ چىقىش پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئادەم سۈتىدە ئادەملىك ئەخلاقنىڭ ھۆججەيرىسى مەۋجۇت بولسا، كالىنىڭ سۈتىدە پەقەت ئۆز نەپسى ئۈچۈن ياشايدىغان ھايۋان تەبىئىتىنىڭ ھۆججەيرىسى تولغاندى. ئادەملەر ئۆز نەپسى مەنپەئىتى ئۈچۈن باشقا جامائەتنىڭ بارلىق تەبىئىي ھوقۇقلىرىنى تارتىۋالغانچە ئۆزلىرىنىڭمۇ تەبىئىي ھوقۇقى كەملەپ مېڭىۋاتىدۇ. "مەن قىلارمەن

ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار يوققۇز". يەرگە چاچقان ئۇرۇق، زىرائەتلەرنى ئاسراش ئۈچۈن قۇشلارنى يوقاتقاندىن كېيىن ئادەملەرنىڭ نادان ھېسابى بويىچە ھوسۇل ئاشسا بولاتتى. ئەمما ئەكسىچە، پىت ئۆلتۈرگەنچە پىت بېسىپ، چاشقانغا تۇزاق قۇرسا مۈشۈك ئۆلۈپ چاشقان كۆپىيىپ، بۆرە ئۆلگەنچە قوي ئاينىماي، تۈلكە ئۆلسە توشقان بېسىپ زىيان سېلىش قاتارلىقلار تەبىئەتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئادەملەرنىڭ تەبىئەتكە زىيانكەشلىك قىلىش ھېسابىغا پايدا ئالماقچى بولغانلىقىدىن دەپ زىيان تارتىشى ئىدى .

خوش، ئەمدى قەشقەرنىڭ گەپ قىلىش ئادىتى بويىچە بىز گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ، ئاخىر دېمەكچى بولغان يەرگە يۆتكەيمىز .ئادەملەر تەبىئىي، ھاياتلىق تەبىئىي چاغدا ئۇنتۇغاق ئىنسانلار ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغان ئۇيغۇرلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن، ئۇيغۇر دېسە بىلمەي گاڭگىراپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما "قەشقەر" دېگەن ئىسمنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. قەشقەر ھەرھالدا جاھان مەدەنىيىتى ئەستىلىكلىرى ئىچىدە يەر شارىدىكى ھەر ئون ئادەمنىڭ ئىچىدە بىرەر ئادەمنىڭ كاللىسىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىگە ۋەكىل شەھەر بولۇپ ساقلىنىپ كەلگەنىدى. ئەمما ھايات رىتمى، رىقابەت، ئۈچۈر ئالىمى، تەرەققىيات تورمۇزى بۇزۇلغان ماشىنا ئېگىز دۆڭدىن تەكتى ئەسراغا قاراپ ئۈچقاندەك كېتىۋاتقاندەك، قەدىمىي مەدەنىيەت ھالىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بۇ شەھەرنى بارغانچە تېز ئۇنتۇپ، تېز ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا باشلىدى. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ بىردىنبىر تەبىئىي يادىكارلىقى بولغان بۇ قەدىمىي مەدەنىيەت شەھىرى گويا توپان بالاسىدا قۇمغا چۆكۈپ كەتكەن تەكلىماكاندىكى قۇياش شەھىرىگە ئوخشاش، بۈگۈنكى تېز رىتىملىق مەدەنىيەت ئالىمىدە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى نۇرلۇق مەدەنىيەت جۇلاسىنى يوقىتىپ چۆكۈپ كېتىشكە باشلىدى. ئۇ گويا دۇنيانى تىترەتكەن ھون مەدەنىيىتىگە ئوخشاش كۆزدىن غايىب بولماقچى ئىدى. ئەگەر ھوللىۋودتىكى كىنو ئىشلىگۈچى تەلۋە بايلار تېتانىك ناملىق پاراخوتنىڭ دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىشىدەك ئىنسانىيەت پاجىئەسىنى ئىشلىگەن پۇلغا قەشقەرنىڭ چۆكۈپ كېتىشىنى ئىشلىمەكچى بولسا، مەدەنىيەت كىرىزىسى، ئەخلاق كىرىزىسى، ۋىجدان كىرىزىسى، ئار ـ نومۇس كىرىزىسى، شەخسىيەتچىلىك، غەيۋەت ـ شىكايەت، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق، نادانلىق كىرىزىسى ئىچىدە چۆكۈپ كېتىۋاتقان قەشقەرنىڭ ھالىتى پۈتۈن دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇرغان بولاتتى. ھەرقانداق بىر سەيياھنىڭ قىزغىن، جۇشقۇن، جەڭگىۋار ھالدا قەشقەرنى بىر كۆرۈپ كېلىش ئارزۇسىدا بېرىپ لاسسىدە بوشاپ، ھەتتا روھى چۈشۈپ كېتىدىغان بىر كەيپىياتقا كېلىپ قېلىشى چۈشىنىشلىك ئىدى. چۈنكى بارلىق ھاياتلىق ھەرىكەتلىرى ئۆلۈكنىڭ سىماسىدەك نۇرسىز، گەپلەر پۇچۇق. تولا گەپ قىلىدىغان قەشقەرلىق دېگەن ناممۇ ئۆتمۈشكە ئايلانغان، ھەممە ئادەم قەرزدار چىراي ئىدى. بۇ يەردە تار، قاراڭغۇ كوچىلاردىكى كىچىك مەسچىتلەردىن نامازغا چىللاپ ئېيتىلغان ئەزان ئەمەس، ھازىدارنىڭ يىغىسىدەك ئاڭلىنىدۇ. ئەنگلىيە مۇخبىرى جون كىرىڧ 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا قەشقەرگە كېلىپ يازغان "يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت شەھەر قەشقەر" دېگەن ماقالىسىدە تەسۋىرلىگەن شوخ، قەدىمىي جۇلاسى، ھاياتىي كۈچىنى يوقاتمىغان ئوتتۇرا ئەسىر ئېغى، مەدەنىيىتىنى تىرىك پېتى ساقلاپ كەلگەن

شەھەر"ئەمدى غايىب بولغان .

ئادەملەردىكى بۇ چۈشكۈنلۈك، جىملىق قەشقەرگە كۆلۈپ - ئېچىلىپ بارغان ئادەمنىڭ كۆلكىسىنى دەرھال ئۆچۈرۈۋەتكۈدەك سېھرىي تەسىرگە ئىگە. ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىكى غەم - تەشۋىش، ئەنسىز، خامۇشلۇق، نەشە تاپالماي كەندىرنىڭ خام يېغىنى ئېچىۋالغان كونا بەڭگىنىڭ قەبرىستانلىقتا بىھوش چۈرگىلەپ يۈرگەن ھالىتىنى ئەسكە سالىدۇ .

دېمەك، روھى چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئېتىمۇ چاپالمىغاندەك، روھىيەتتىكى چۈشكۈنلۈك، بۇرۇقتۇرمىلىق، قەشقەردىن ئىبارەت ئەزىزانە شەھەرنىڭ بۈگۈنكى روھىيەت مەدەنىيەت ئالىمدە چۆكۈپ كېتىشكە سەۋەب بولغان زور ئامىل. قەشقەرنىڭ كۆلىسىمۇ ئادەمگە يىغلاۋاتقاندەك، پاكىز، رەتلىك بولسىمۇ مەينەت چىراي، ھاياتلىق داۋام قىلىۋاتقان بولسىمۇ ئۆلۈكتەك تۇيغۇ بېرىشى ئۇنىڭ بۈگۈنكى چۆكۈپ كېتىشىنى، بارغانچە ئۇنتۇلۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇ شۇنداق چۆكتىكى، تارىختا ئۇنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈلۈك سەھرا ھېسابلانغان بىرمۇنچە چۆل شەھەرلىرىدىنمۇ پەسلەپ كەتتى. ئىلگىرىكى يالغۇز دەرەخ، ئەسكى كەپە، دەڭ - سارايچىلىك يەرلەردە ھازىر جۇشقۇن، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش شەھەر ياكى شەھەرچاقلار يۈلتۈزلاردەك پەيدا بولدى. قەشقەر ئۆلمەس، ئۆزگىچە ھاياتىي كۈچى بىلەن ئەبەدىي ياش تۇرىدىغان، ياشلىقنى مەڭگۈ يوقاتماس شەھەر ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئۇ مەمۇرىي ھاكىمىيەت نۇقتىسىدىن قايسى دەرىجىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىيەت ئالىمدىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، دىن، سودا - سانائەت، ھۈنەر - كەسىپ، تىل، ئۆرپ - ئادەت، مىللىي گەۋدە مەركىزى، ئىشقىلىپ مەڭگۈلۈك مەنىۋى مەركەز ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە بۇ شەھەر يېڭىدىن گۈللەنگەن جانلىق، جۇشقۇن، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش شەھەرچاقلار ئالدىدا چېنىشقا قاراپ يۈز تۇتتى. قەشقەرنى جېنىدىن ئەزىز بىلىدىغان، دۇنيادىكى ھەرقانداق شەھەرنى قەشقەرگە تەڭ قىلمايدىغان قەشقەرلىكلەر بۇ شەھەردىن بىرلەپ - ئىككىلەپ ھەر تەرەپكە كېتىشكە باشلىدى. كىشىلەرنىڭ قەشقەردىن چىقىپ كېتىشى، قەشقەرنى تاشلىۋېتىشى، ھەتتا بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ قەشقەردىن ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ مەغرۇر يۈرىدىغانلارنىڭ بارغانچە ئۆزلىرىنىڭ قەشقەردىن ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشتىن نومۇس قىلىشقا بېرىپ يەتكەنلىكى بۇ شەھەرنىڭ تېخىمۇ تاشلىنىپ، مەنىۋى جەھەتتىكى ئوبرازىنىڭ تېخىمۇ تېز سۈرەتتە چۆكۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. قەشقەرنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى مىللىي مەنىۋىيەت ئالىمنىڭ تېخىمۇ يېتىم، تېخىمۇ غېرىب مۇساپىر بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، تېخىمۇ چېچىلاڭغۇلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلاردىكى بۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن، ئۆزلۈكسىز تۈردە قەشقەرنى كەمسىتىش، قەشقەرنى خۇنۈكلەشتۈرۈش، ئاخىر بېرىپ قەشقەرنى يامان كۆرۈش، ھەتتا قەشقەردىن نومۇس قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىشتەك ياتلىشىش ئېڭىنىڭ شاماللىرى قەشقەرنىڭ مانا مۇشۇنداق چۆكۈپ ئۆلۈك چىراي بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇيغۇرلار تولا ئازىدۇ. ئازغاندا دائىم

پىتىنىڭ ئاچچىقىدا ئىشتاننى ئوتقا تاشلاپ كۆتى ئېچىلىپ زىيان تارتىدۇ. قەشقەرنى چۆكتۈرگەن، قەشقەرنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرگەن، باشقىلارنى قەشقەرگە ھەم قەشقەرلىققە ئۆچ قىلىۋەتكەن دەل قەشقەرنىڭ ئۆز ئادەملىرى. ئەينى چاغدا قەشقەرنى مەرۋايىت قىلىپ جۇلالاتقان، جاھانغا تونۇتقانلارمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋىيەت مەركىزى قىلىپ چىققانمۇ، گۈللەندۈرگەنمۇ قەشقەرنىڭ ئۆز ئادەملىرى بولسا، قەشقەرنى بۈگۈنكى ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانمۇ دەل قەشقەرنىڭ ئادەملىرى بولدى .

شۇڭا قەشقەردىن، قەشقەرلىقتىن پۈتكۈل گەۋدىنى بىزار قىلغان، كەمستىشكە پاس چىقىرىپ بەرگەن قەشقەر خەلقى "نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ" دېگەن سوئالنى ئۆزىگە قويۇپ، ئۆزى ھەققىدە قاتتىق ئويلىنىشى، ئۆزىنىڭ خەقنى بىزار قىلىدىغان ئاجىزلىق، ئەيىب - نۇقسانلىرىنى تونۇپ ھەم ئۆزىنى تۈزىتىپ، كەمتۈكلىشىپ كەتكەن يەرلىرىنى تولۇقلاپ، ئۆزىنى ئادەم قىلىش يولىدا ئىزدىنىشى كېرەك. ئەينى چاغدا قەشقەرنى خەلقارادا داڭلىق ئىلىم - مەرىپەت بۆشۈكى قىلىپ جۇلالىتالىغان، پۈتۈن مىللەتنىڭ مەنىۋىيەت مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقالىغان قەشقەر خەلقى مانا ئەمدىلىكتىمۇ ئۇلۇغ ئەجدادىنىڭ ئاشۇ جەڭگىۋار، ئىناق، ئۇلۇغۋار ئەخلاقى بىلەن ئۆزلىرىنى قايتا قۇرۇپ ھەم نۇرلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تارىخى، سەلتەنەتلىك يۈكسەك ئىناۋىتى، ئوبرازى، نوپۇزىنى قايتا تىكلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە ئاشۇ نۇرلۇق، يالتىراپ تۇرغان سەلتەنەتلىك، شانۇ شەۋكەتلىك ئابرۇي - ئىناۋەتنى يالغۇز مىللەت ئىچىدە ئەمەس، پۈتۈن دۇنيادا تىكلىيەلىگەن قەشقەر خەلقى ئەلۋەتتە ھىممەت قىلسا، جاسارەت قىلسا ئۇنى چوقۇم قايتا تىكلەيدۇ .

قەشقەرنىڭ كوچىلىرى شۇنچە چىرايلىق، ئازادە تۇرۇپ، نېمىشقا ئۆلۈك چىراي كۆرۈنىدۇ؟ بۇ يەردە ھاياتلىق شۇنداق تىنچ، خاتىرجەم، ھەممە ئىناق - ئىتتىپاق تۇرۇپ نېمىشقا سۈرلۈك جىملىق ھۆكۈم سۈرىدۇ؟ گۈزەل قەشقەر، ئەزىزانە قەشقەر، غەپلەت ئۇيقۇسى ئىچىدە يامان چۈشنى كۆرۈۋېرىپ، قارا باسقانچە ئۇخلاۋەرمەسلىكى كېرەك. قەشقەر پۇل تاپتى، باي بولدى، چىرايلىق ياسانسا ياساندىكى، تەرەققىي قىلسا قىلدىكى، قەشقەردە ئامانلىق بولدىكى، بىرەر يامان ئىش بولغىنى يوق. مانا مۇشۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا جىمجىت چۈشكۈنلىشىپ، چۆكۈپ كېتىدۇ؟ تارىختا قەشقەردە ئاجايىپ دەھشەت يىغىلىق، قىرغىنچىلىقلار بولۇپ ئۆتكەن، قەشقەر كوچىلىرى جەسەتلەر بىلەن تولۇپ، تۆمەن دەريادا قانلار ئاققان، ئەمما شۇ چاغدىمۇ قەشقەرنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى بۇ دەرىجىدە چۈشكۈن بولمىغان. ھازىرقى تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق، خاتىرجەملىك بايرىقى ئاستىدا قەشقەر روھىنى چۈشۈرمەسلىكى، چۆكۈۋالماسلىقى، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى، سودىدىكى ماھىرلىقىنى قايتا نامايان قىلىپ، قەشقەرنىڭ بۈيۈك ئوبرازىنى قايتىدىن تىكلىشى كېرەك .

## 2 .تەقلىدچىلىك، دورامچىلىقتىن ئىجادىيلىققا قاراپ سىلجىش

ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىدا، بىر پۈتۈن مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مىللىي خاسلىق سۈپىتىدە شەكىللىنىپ راۋاجلىنىشى شۇنداقلا مۇكەممەللىشىشىدە، ئىجاد قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇش، داۋاملاشتۇرۇش قاتارلىق مۇرەككەپ، ئەگرى ـ توقاي تارىخ داۋانلىرىدا قەشقەر باشتىن ـ ئاخىر مەركەزلىك رولىنى جەڭگىۋارلىق بىلەن جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلاردا دەسلەپكى دۆلەتچىلىك كۆزقارىشى ھەم ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى قۇرۇلمىسىدا "قۇرۇلتاي" سايلام قانۇنىنى يولغا قويۇشتىن باشلاپ، يەر يۈزىنىڭ يىرىمىدىن كۆپرەكىنى بېسىۋېلىپ، پەقەت قەشقەرگە كەلگەندە قەشقەرنىڭ تۆت مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىمپېراتور ئىسكەندەرنىڭ تۇنجى مەغلۇبىيىتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىنى قۇرۇپ چىقالىغان قەشقەردە ئاجايىپ زور ئىجادچانلىق، تەڭداشسىز جەڭگىۋارلىق، قورقۇمسىز قۇربان بېرىش روھى تومۇزدا تىكلەشكەن قۇياش نۇرىدەك يالتىرىغانىدى .

مانا بۇ قەشقەرنىڭ بۈيۈك دەۋرى، جەڭگىۋار، جۇلالىق دەۋرى، ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە، ھۆرمەتكە، نوپۇزغا ئىگە بولغان دەۋرى ئىدى. ئىلىم ـ مەرىپەتچىلىك، سانائەت، سودا، مەدەنىيەت، بىناكارلىق، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى. ھازىر خۇددى ئامېرىكىلىقلار ئۆزىنىڭ ئامېرىكىلىق بولغىنىدىن، ئامېرىكىسى بولغىنىدىن پەخىرلەنگەندەك، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ قەشقەرى بولغىنىدىن پەخىرلەنگەنىدى .

ھەممە نەرسىدىن، ئىجادىي روھتىن ئايرىلغان قەشقەر ئۆزىدە ئىجاد قىلغۇدەك تەپەككۇر قۇۋۋىتى بولمىغانلىقتىن ئۇنى ـ بۇنى، ئۇ يەر ـ بۇ يەرنى دوراپ، تەقلىد قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان بىچارە ھالغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ دورامچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن ئۇزاقتىن ئۇزاق ھايات ئۇنىڭ ئار ـ نومۇسى چەيلەنگەن زۇلمەت دەۋرى بولدى. كۆلگە كۆمۈلۈپ كەتكەن قوقاستەك ئىجادىي روھنىڭ قايتىدىن يېلىنجاپ ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى نامايان قىلىشى، ئۆز نۇرىنى قايتا جۇلالىتىشقا ئىنتىلىشى ئىجادىي روھنىڭ تەلتۆكۈس ئۆلمىگەنلىكى، ئۆلمەيدىغانلىقىنى، تېخى ئۈمىد بار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. قەشقەرلىق مۇھەممەت ئەلىنىڭ قەدىمكى قەبرىلەرگە ئىشلىتىلگەن سىرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق بوران، قار، يامغۇر، ئاپتاپتىمۇ ئۆز جۇلاسىنى يوقاتماي پارقىراپ تۇرغان ھاياتىي كۈچى نەدىن كەلگەن؟ دېگەن سۇئالغا جاۋاب ئىزدەپ بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا ئون يىللاپ، قەدىمىي سىر تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا "كۆك بۆرە" ناملىق سىرنى كەشىپ قىلىشى، تۇرپاندىكى

ئاددىي بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئايروپىلان ياسىشى، مەكتىتىكى قاسىم ھاجىنىڭ "مەكىت قويى" سۈرتىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى، ئادىل دارۋازىنىڭ ئەنەنىۋى ئۇيغۇر داۋازچىلىقىنىڭ دۇنيادىلا ئەمەس، ئۇيغۇر جەمىيىتىدىمۇ ئۇنتۇلۇپ تۈگەش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەندە ئۇنى بىراقلا جاھان مەدەنىيەت سەھنىسىدە قايتا تىرىلدۈرۈشى، قەشقەردىكى "گۆھەر زېمىن" شىركىتىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەربەت مەدەنىيىتىنى قايتا جەمىيەتلەشتۈرۈشى، ئارمان قۇۋۋەت تالقىنى، ئامىنە نوقۇت تالقىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئوزۇقلۇق مەدەنىيىتىنى قېزىپ چىقىرىشى، ئەلشىر خۇرۇم ئاياغلىرىنىڭ ئەجدادلارنىڭ تېرە، كۆن - خۇرۇم مەدەنىيىتىگە يۈرۈش قىلىشى، ئابدۇشۈكۈر، ئەكرەم، ئابدۇراخمانلارنىڭ جاسارىتى، جۈرەتىنىڭ جۇڭگونى ئايلىنىپ، تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈشى، ئۈرۈمچىدىكى يۈسۈپ ئىمىنىڭ ئۇيغۇر پۇتبولچىلىقىنى جۇڭگوغا، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقى، قەشقەر غەربىي ئاسىيا سودا - سانائەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى غېنى ھاجى ئىمىنىڭ تۆت يۈزمىڭ يۈئەندىن ئارتۇق مەبلەغ چىقىرىپ، يەتتە ياشلىق ئۆسمۈرلەردىن تاللاپ ئۆسمۈرلەر كەسپىي پۇتبول سىنىپى قۇرۇشى ئىجادىي روھىنىڭ قەشقەردەك غول مىللىي گەۋدە تۇپرىقىدا قايتا تىرىلىشى، تىرىكلىك روھىنىڭ قايتا قۇرۇلۇش بەلگىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققانلىقى، چۆكۈپ كەتكەن، ئۆلۈك چىراي، سىرلىق، سۈرلۈك توپا - چاڭ باسقان قەدىمىي شەھەرنىڭ قايتا جۇلالىنىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى.

## 3.مېنىڭ ئەتىم غېنى ھاجى

مەن بۇ خەۋەرنى دەسلەپ قەشقەرنىڭ پولات - تۆمۈر بازىرىنى ئاچقان بۇرادىرىم ياسىن ھاجىدىن ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولغانىدىم.

–قەشقەردىكى غېنى ھاجىم شىنجاڭ بويىچە يەتتە ياشلىق ئوقۇش يېشىغا توشقان باللاردىن تاللاپ ئۆسمۈرلەر پۇتبول كەسپىي سىنىپى قۇردى،– دېدى ياسىن ھاجىم مەن بىلەن كۆرۈشەر - كۆرۈشمەيلا قەشقەرنىڭ يېڭى خۇش خەۋىرى سۈپىتىدە ماڭا. مەن،– نۇرغۇن ئادەم، ھەتتا مەنمۇ تولا ئويلاپ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بىر بۈيۈك مەقسەتنى غېنى ھاجىم ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كارامەت ئېسىل ئىش قىپتۇ، تەبرىكلىگۈدەك قوللايدىغان ئىش بوپتۇ. يائاللا، قەشقەردە مۇشۇنچىلىك ئىش قىلغىلى بولىدىمۇ زادى؟– دەپ سورىغانىدىم ياسىن ھاجىم جاۋابەن دېدى:
–بولدى. غېنى ھاجىم بەش يۈز مىڭ يۈئەنگە يېقىن پۇل چىقىرىپ قۇردى. باللارنىمۇ پۈتۈن شىنجاڭغا ئېلان چىقىرىپ ئىختىيارى قىلغۇچىلار ئارىسىدىن مۇتەخەسسىسلەر قاتتىق ئۆلچەم، قاتمۇقات تاللاشلاردىن

ئۆتكۈزۈپ رەسمىي ئۆلچەملىكلەر ئارىسىدىن سەرخىللىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلدى. باشلىق، ئەل - ئاغىنە، ئۇرۇق - تۇغقان، مۇناسىۋەت تورى دېگەنلەر ئارقىلىق بالىلىرىنى يېتىلەپ كەلگەن نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرى تاللاشتىن ئۆتەلمىگەنلىكتىن رەنجىش، قېيداشلار بىلەن كېتىپ قېلىشتى. ھەتتا ئۆزىنىڭ بالىسى تەلەپكە لايىق بولمىغانلىقتىن تاللىنالمىدى.

-ھەببەللى، ئاشۇنداق قاتتىق تەلەپ بويىچە قوبۇل قىلمىسا، ئادەتتىكى پاراۋانلىق مەكتىپىگە ئايلىنىپ قالىدۇ - دە.

-قەشقەردە غېنى ھاجىم دەيدىغان بايلار تولىكەن. بۇ ئىشنى قىلغان قايسى غېنى ھاجىم ئەمدى؟

-بۇ ئىشنى قىلغان غېنى ھاجىمنى خەقلەر غېنى ھاجىم تۆگە دېمىسە بىلمەيدۇ. بۇ ئىشنى قىلغىنى ئاشۇ غېنى ھاجىم.

-بۇ ئىشنى ھۆكۈمەت قوللىدىمۇ؟

-ھەئە، ھۆكۈمەت ناھايىتى ئوبدان قوللىدى. ھۆكۈمەت پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ بەرمىگەن بولسا بۇ ئىش ھەرگىز بولمايتتى. ئۈرۈمچىدىن تەنتەربىيە كەسپىدىن چىققان ئوسمان شۇجى دەيدىغان بىر ئادەم نەق قەشقەر شەھىرىگە مائارىپ، تەنتەربىيە، مەدەنىيەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ بېرىپتىكەن. ئۇ ئادەم ئۆزى تەنتەربىيىچى بولغاچقا، شەھەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، مائارىپ، تەنتەربىيە ئورۇنلىرىنى ئاكتىپ سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ ئىشنى قاتتىق قوللىدى. ھۆكۈمەت 1- ئوتتۇرا مەكتەپتىن پۇتبول مەيدانى، پۇتبول سىنىپى ئۈچۈن مەخسۇس يەر ئاجراتتى. غېنى ھاجىم پۇل چىقىرىپ سىنىپ، ياتاق، مۇنچا، ئاشخانا قۇرۇلۇشى قىلدى. 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ مەيدانىنى ئۆلچەملىك پۇتبول مەيدانى قىلىپ قايتىلاپ كېڭەيتىپ ياسىدى.

-ۋاھ، قالتىس ئىش بوپتۇ دېدىم مەن،- شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي پۇتبولچىلىرىنى مانا مۇشۇنداق بالا ۋاقتىدىن تەربىيىلىگەندە ئاندىن يېتىشىپ چىقىدۇ. شىنجاڭنىڭ پۇتبولى مانا مۇشۇ بالىلار ئارقىلىق پۈتۈن جۇڭگوغا، دۇنياغا يۈزلىنىدۇ. ئۈمىد مانا مۇشۇ تەربىيىدە، مانا مۇشۇ مائارىپتا. بىز بۇ ئىشنى قوللايلى، كۈچىمىز قانچىلىك يەتسە شۇنچىلىك قوللايلى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مەن بىر جۈپ ئوغلۇمنىڭ نامىدىن تېلېۋىزىيىدە دۇنيا پۇتبول ناخشىسى ئارقىلىق قەشقەردىكى غېنى ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئۆسمۈرلەر پۇتبول سىنىپىنى تەبرىكلىگەن ھەم ئىسمى تونۇش، ئۆزى ناتونۇش بۇ ھىممەت ئىگىسىگە قىزغىن ھۆرمەت ئىچىدىكى دۇئايى سالامىمنى ئەۋەتكەنىدىم. ئارىدىن قانچە ۋاقىت ئۆتتى ئېسىمدە يوق، بىر چاغلاردا، ئۈرۈمچىنىڭ مەن دائىم ماڭىدىغان كونسۇل كوچىسىدا كېتىۋاتسام، ئېسىل بىر ماشىنا مەندىن يانداپ ئۆتۈپ توختاپ، بىر دارازا ئادەم ماڭا سالام قىلدى.

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سىلى مېنى تونۇيالمىدىلا - ھە؟

ھەرھالدا تىلىمنى چايناپ ئۆزۈمنىڭ تونۇيالماسلىقىمنىڭ خىجىلچىلىقىنى ئوڭشاپ بولغۇچە بۇ كىشى

ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆلگۈردى .

-مېنىڭ ئېتىم غېنى هاجى. قەشقەردە ئۆسمۈرلەر پۇتبول سىنىپى قۇرغان غېنى هاجى مەن بولىمەن .

مەن شۇندىلا باشقىدىن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتىم .

-هە، باللارنىڭ، پۇتبول سىنىپلىرىنىڭ ئەهۋالى ئوبدان كېتىۋاتقاندۇ؟

-ناهايىتى ياخشى. باللارنى كۆرسىلە ئۆزلىرىنى قويىدىغان يەر تاپالماي هاياجانلىنىپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتمىسە هېساب ئەمەس. قەشقەردە قېنى قانچىلىك ئىشكىن دەپ ئاتايىن كۆرۈپ كېتىدىغانلار جىق. ئۇلار باللارنىڭ ئوينىشىنى، مەشقلىرىنى، توپ تېپىشلىرىنى، رەتلىكلىكنى، سىنىپ، ياتاق، مۇنچا، هاجەتخانا، ئاشخانىلىرىنى كۆرۈپ، هەممىسىنىڭ باللىرىنى بەرگۈسى كېلىپ كېتىدۇ. باللارنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن يىغلاپ كېتىدىغانلار جىق .

-پۇل بەرگەنلەر، تۇغقانلار، ئەل ـ ئاغىنىلەر، نوپۇزلۇقلار دەپ ئۆلچەمگە قارىماي ئېلىۋېرىپ، سىنىپنى بىر توپ لايغەزەل باللارنىڭ پاراۋانلىق ساناتورىيىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويمىغانلا. بىزدە هەر ئېسىل ئىشلار، كەسىپلەرگە ئاشۇنداق يۈزى چوڭلارنىڭ كېرەكسىز خام گۆش باللىرىنى تىقىپ قويۇپ ئىشنى بۇزىدىغان، قاقاسلىققا كۆچەت قويۇپ ئورمان بىنا قىلدۇق دەپ كېلەر يىلى قارىسا پادىچىغا هاسا تاياق بولغۇدەك گىيا كۆرۈنمەيدىغان ئىشلار سامانىدەك تولا .

-يوقسۇ، ئۇنداق ئىش بولامدىغان. مەن پۇلنى يازدا ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيۈپ، قىشتا مۇزنىڭ تېگىدە توڭۇپ ئاران تاپقان. مېنىڭ پۇلۇمنىڭ بىر ئۆچى بىلەكتە بولسا بىر ئۇچى يۈرەكتە. مەن پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئېلان چىقىرىپ، ئىختىيار قىلغانلاردىن قاتتىق ئۆلچەم بويىچە ئىمتىهان ئېلىپ شەرتكە چۈشكەنلەرنى ئالدىم. ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنە، هەتتا ئۆزۈمنىڭ بالىسى، چەت ئەللەردە هەر خەترلەرنىڭ ئىچىدە بېشىنى دو تىكىپ سودا قىلىپ، ئىگىلىكىمىز ئۈچۈن ئەڭ زور تۆهپە قوشقان ئاكام ئابلىكىم هاجى، ئىنىم يۈسۈپ هاجى، ئىسلام هاجىلارنىڭ باللىرىمۇ ئىمتىهاندىن ئۆتەلمىگەچكە بۇ سىنىپقا كىرەلمىدى .

بىر خەنزۇ كىشى پۇتبولنى جېنىدىنمۇ ياخشى كۆرىدىغان پۇتبول مەستانىسىكەن. ئۇرۇمچىدىن ئىشنى تاشلاپ، بىر تال ئوغلىنى ئېلىپ كېلىپ ئىمتىهانغا سالدى. بالا ئىمتىهاندا لاياقەتلىك بولالمىدى. ئەمما ئۇ ئادەم بالىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قاتتىق مەشقلەندۈرۈپ يەنە قايتا ئىمتىهانغا قاتناشتۇردى. ئەمما بالا يەنە ئۆلچەمگە توشمىدى. ئەمما بۇ كىشىنىڭ پۇتبولغا بولغان چەكسىز مۇهەببىتى، بالىسنى پۇتبولچى قىلىپ چىقىش ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى هەممە ئادەمنى تەسىرلەندۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ بۇ سىنىپقا ئىمتىهان بەرگەن بىردىنبىر خەنزۇ بالا مۇشۇ بولغانلىقتىن بالىنى قوبۇل قىلدۇق، هەم ئۇنى باشقا

ساۋاقداشلىرى بىلەن تەڭ يېتىشتۈرۈپ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆگىنىش مەشقىگە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ تەربىيىلەۋاتىمىز. ئەمما بىر بالا مېنىمۇ، باش تېرىنىمىز زۇنۇن مۇئەللىمنىمۇ، ياردەمچى مەشقاۋۇل مۇئەللىملەرنى قاتتىق ئارماندا قويۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ بالا ئاقسۇدىن تاللانغانىدى. ئۇ پۇتبولنىڭ ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان تەبىئىي ماتېرىيالى بولغان بولسىمۇ، بۇ يەرگە كۆنگىلى ئۇنىماي يىغلاپ ئۆيىگە كېتىمەن دەپ خاپا قىلىپ تۇرۇۋالدى. دادىسى شۇپۇرلۇقنى، ئانىسى خىزمىتىنى تاشلاپ ئاقسۇچە يەردىن قەشقەرگە كېلىپ مېھمانخانىدا ئالتە ئاي ياتتى. بالىنى كۆندۈرگۈچە تۇرايلى دەپ بالا بىلەن تۇردى. ئەمما بالا زادىلا كۆنگىلى ئۇنىماي ئاخىردا كېتىپ قالدى. دادىسىمۇ پۇتبولنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن. ئالتە ئاي خىزمىتىنى تاشلاپ بىرمۇنچە چىقىمدار بولۇپمۇ بالىسىنىڭ جاھىللىقىدىن ئامالسىز ئارماندا ئېلىپ كەتتى .

ـ يائاللا، بىزدە بالا تەربىيىلەشكە شۇنداق زور بەدەل تۆلەشكە، قۇربان بېرىشكە تەييار ئاتا ـ ئانىلار بار

ـ ھە؟!ـ دەۋەتتىم ئۇ كىشىگە ئاپىرىن ئوقۇپ .

ـ باللارنىڭ ئوزۇقلۇق ئەھۋالىچۇ؟

ـ باللارنىڭ ئوزۇقلىنىشى خەلقارا پۇتبول ئوزۇقلۇقشۇناسلىرى بەلگىلىگەن ئۆلچەم بويىچە. ئامېرىكا پۇتبول ئوزۇقلۇق قائىدىسىنى ئۆلچەم قىلدۇق. ئۇنىڭغا يەنە ئۇيغۇر ئوزۇقلۇق تېبابىتىنى بىرلەشتۈردۇق. باللارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇقى كالا گۆشى .

ـ كالا گۆشىگە كۆندىمۇ؟

ـ ۋاي، تازا كۆندى .

ـ بىزدە كالا گۆشى سوغۇق يەل دەيدىغان ئەنەنىۋى قاراشلار بار. باللارغا زىيان قىلمىدىمۇ؟

ـ يەنە شۇ ئۇيغۇر تېبابەت قائىدىسىدىكى سوغۇق يەلگە قارشى دورا ـ دەرمەك بىلەن تەڭشەپ بەرسەك باللارغا شۇنداق ئوبدان سىڭدى. باللار ھازىر كالا گۆشىگە كارامەت كۆنۈپ كەتتى. ئەتىگەندە سۈت، قايماق، ياغاق، ھەسەل بىلەن ئەتكەنچاي، چۈشتە كالا گۆشى قوردىقى، پولۇ، مانتا، كاۋاپ، كالا گۆشى شورپىسى، كەچتە مەخسۇس كالا يىلىكى شورپىسى بىلەن پىشۇرغان ھەرخىل تاماقلار بار. باللارنىڭ پۈتۈن تامىقىغا كالىنىڭ يىلىك سۆڭىكىنى قايناتقان شورپا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ .

ـ باللار تويغۇچە يەمدۇ؟

ـ تويۇپ ئاشقۇچە يەيدۇ .

ـ باللارنىڭ ئىشتىھاسى قانداقراق .

ـ باشتا كەلگەندە زورلاپ تۇرمىسا تۈزۈك تاماق يېمەيتتى. ھازىر ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسى ئېچىلىپ كەتتى. مەشىق قاتتىق بولغاندىكىن، ھازىر يېگەن نەرسىسى ھازىر چۈشۈپ قالغاندەك، ئەتىگەندە مەشىق قىلىپ، مەشىقتىن چۈشۈپ قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەنگە چىدىماي يەيدىغان نەرسە نەدە دەپ يۈيۈنماي تۇرۇپ تاماق يېيىشكە ئاران تۇرىدۇ. ئەمما تۈزۈم قاتتىق بولغاچقا، يۇيۇنۇپ چىقىپ ئاندىن يەيدۇ. ئەتىگەن سائەت ئالتە يېرىمدىن يەتتىگىچە ئەتتىگەنلىك ناشتىنى تازا تويۇنۇپ قىلىپ، توققۇز يېرىم بولار ـ

بولماي ۋاي قورسقىمىز ئاچتى دەپ ئاشخانىغا ئاران ئۈلگۈردۇ. باللارنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئاشپەز دەل مۇشۇ چاغقا ئۈلگۈرتۈپ شورپا بىلەن نان تەييار قىلىپ تۇرىدۇ. باللار قاچان قورساق ئاچتى دەپ كىرسە، ئاشخانىدا تاماق تەييار. باللارنىڭ ھەرىكەت، ئوزۇقلۇقى ياخشى بولغاچقا، ناھايىتى ساغلام، تېز يوغىناۋاتىدۇ .

– سىلى ئوقۇغانمۇ؟

– باشلانغۇچنىڭ بەشىنچى سىنىپىغىچە ئوقۇپ، كەمبەغەللىكتىن ئانام بەرگەن ئاش - نانغا تويماي، ئەس - يادىم قورسقىمنى قانداق قىلسام تويغۇزارمەن دەپ كەمپۈت سېتىپ، پۇلىغا نان ئېلىپ يەپ، نان سېتىپ پايدىغا قالغان ناننى يەپ ئوقەت قىلىپ قورساق تويدىغان ئىشنى قىلاي دەپ ئوقۇمىغان .

– ئانىلىرىغا ئاش - ناننى جىق بەر دېسىلە بولمامدۇ؟... ھا - ھا - ھا ...

– بىز ئالتە بالا، ئانام ئىشلىمەيدىغان. دادام ئەسلى ترانسپورتنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. مائاشى 60 يۈئەن. بۇ مائاش بىلەن بىز ئالتە بالىنى باقاتتى. شۇڭا قورساق تويغۇزۇش تەس ئىدى .

– سىلى پۇتبولغا بۇرۇندىن قىزىقامتىلە؟

– مەن بۇرۇن ئانچە - مۇنچە قىزىقىپ تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ قوياتتىم. ئەمما ئاكام ئابلىكىم ھاجىم پۇتبولنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. پۇتبولنىڭ گېپى چىقسىلا ھەممىنى ئۇنتۇپ ھېسسىياتلىنىپ سۆزلەپ كېتىدۇ. ئۇ دائىم چەت ئەللەردە سودا قىلىپ، تاماق يېگىلى چولىسى تەگمەي ئاچ قالسا قالىدۇكى، پۇتبول كۆرمەي قويمايدۇ. مېنىڭ پۇتبولغا قىزىقىشىمدا ئاكامنىڭ تەسىرى زور. ئۇ قازاقىستاننىڭ چىمكەنت ئوبلاستىدىكى يارى پۇتبول كوماندىسىنىڭ دىرېكتورى يارى ئەپەندىنى دائىم ماختاپ، ئۇنىڭ كوماندىسى ھەققىدە توختىماي سۆزلەپ، مەندە مۇشۇ پۇتبول سىنىپىنى قۇرۇشنىڭ ئوي - خىيالىنى پەيدا قىلدى. مەن تەستە تاپقان پۇلنى بۇ ئىشقا سەرپ قىلسام قانداق بولار دەپ ئويلاپ ئارىسالدى بولۇپ يۈرسەم، ئۈرۈمچى پۇتبول كوماندىسىنىڭ سەركىسى يۈسۈپ ئىمىن ئۈرۈمچى پۇتبول كوماندىسىنى ئېلىپ قەشقەرگە مۇسابىقىگە كەلدى. پۇتبولغا بولغان ھۆرمەت - مۇھەببەت بىلەن يۈسۈپ ئىمىن كوماندىسىنىڭ تاماق، ياتاق خىراجەتلىرىگە ھەمدەم بولۇپ، ئۇلارنى مېھمان قىلىپ، ئۇلار بىلەن كۆپ ئۇچرىشىپ سۆزلىشىپ، مەندە پۇتبولغا بولغان چۈشىنىش، مۇھەببەت تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. بۇ ئىشنى قىلىشىم، بۇ ئىشقا پۇل خەجلىشىمدە، ئاكام ئابلىكىم ھاجى بىلەن يۈسۈپ ئىمىننىڭ ماڭا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. پۇلنى بىز بەش ئوغۇل تەستە تاپقان بىلەن، خەجلەش ئىشى بىزنى ئۆزى ئاچ قېلىپ بېقىپ قاتارغا قوشقان مېھرىبان ئانام نۇرخان ھاجى رازىلىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ خىيالنى ئاۋۋال ئاكام ئابلىكىم ھاجىمغا دېۋىدىم، ئۇ خۇشاللىقتىن مېنى قۇچاقلاپ: "ئاخىر بىر قارارغا كەلدىلە" دەپ سۆيۈنۈپ ماختاپ كەتتى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ناھايىتى ئۇيۇل، بولۇپمۇ بەش ئوغۇل ئوۋ قولنىڭ بەش بارمىقىغا ئوخشايمىز. بۇ بەش بارماق ئاچام ئامانگۈلدەك ئالىقان، ئانامدەك بېغىشنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن شۇنداق ئىناق ياشايمىز. بىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمىز، ئىگىلىكىمىز، بايلىقىمىزنىڭ، ھەتتا مۇشۇ پۇتبول سىنىپىمىزنىڭ يۆلەنچۈكىمۇ ئانام نۇرخان ھاجى بولدى. ئاكام ئابلىكىم ھاجىنىڭ

تەشكىللشى بىلەن بۇ ئىشنى قىلىش قارارىغا كەلدۇق. بىز، ئانام توپ ئوينايدىغان ئىشقىمۇ پۇل خەجلىگەن بارمۇ دەپ ئۇنىمسا قانداق قىلارمىز، دەپ ناھايىتى كۆپ ئەندىشە قىلدۇق. بۇ ئىشنى ئاكام ئابلىكىم ھاجىم بىلەن مەن ئانامغا دەيدىغان، ئاچام بۇ ئىشنىڭ ياخشىلىقىنى سۆزلەيدىغان، قالغان ئۇكىلىرىمىزمۇ بىزگە ھە - ھۇ دېيىشىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ ئانام جايىنامازدا ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقاننىڭ ئۇستىگە ئانامنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتۇق. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ئىشنى پەملىدى. ئۇ ياشنىپ قالغان بىلەن ناھايىتى سەزگۇر ئىدى. بىز دائىم بىرەر چوڭ ئىشنى ئانامنىڭ ماقۇللۇقىغا سالغاندا، مانا مۇشۇنداق ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتۇق، ئۇ بۇنى بىلەتتى .

–ھە... يەنە نېمە بەلەن گەپ، ئوبدان ئىش تاپتىڭلار؟

–بىر كاتتا ساۋاب تاپىدىغان ياخشى ئىشنى قىلماقچى بولدۇق ئانا؟ – دېدى ئابلىكىم ھاجى ئاكام .

–مەھەللىگە مەسچىت سالدىڭلار، يول ياسىدىڭلار، ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا ساۋاب تاپىدىغان قانداق ئىش ئۇ؟

–بىر پۇتبول سىنىپى قۇرىدىغان بولدۇق؟

–پۇتبول سىنىپى دېگەن نېمە ئۇ؟ قانداق قىلىدىغان ئىش .

–توپ ئوينايدىغان؟ – دېدى ئاچام .

–نېمە توپ ئوينايدىغان؟– مەن ھېچقاچان بۇنداق ساۋابنىڭ بارلىقنى ئاڭلىماپتىكەنمەن. ساۋابنى ئۇنداق ئاسان، ئەرزان قىلىۋەتسەڭلارمۇ گۇناھ بولىدۇ، بالام. نەدە ئويۇن ئويناپ ساۋاب تاپىدىغان ئىش بار؟ بىر مەسچىتكە ئۈچ يۈزمىڭ كوي، يولغا ئىككى يۈز مىڭ كوي خەجلىدىڭلار .

–بۇنىڭغا كەم بولغاندا بەش يۈز مىڭ كوي بىلەن ئىش باشلايمىز، – دېدى ئاكام ئابلىكىم ھاجى .

–نېمە، بەش يۈز مىڭ كوي بىلەن ئاندىن باشلىنامدا؟ بۇ نېمانچە قىممەتلىك ئىش؟

–شۇنداق، بۇ بەكمۇ قىممەتلىك ئىش، – دېدى ئاكام ئابلىكىم ھاجى .

–بالام، مېنىڭ بېشىم ئايلىنىپ قالدىمۇ ياكى سىلەر خاتا يولغا كىرىپ قالدىڭلارمۇ، بىلمىدىم. ماڭا بىر چۈشەندۈر .

شۇنداق قىلىپ ھەممىمىز تەرەپ - تەرەپتىن بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتى، قىممىتىنى ئانامغا چۈشەندۈردۇق. نەتىجىدە، ئاخىر ئانام قايىل بولۇپ دۇئا بەردى.

## 4 .تۇمانلىق شەھەردىكى ئۇمىد يۇلتۇزلىرى

ئۇرۇمچىنىڭ ئادەملىرى يېقىن كىشىلىرى بىلەن خوشلاشقاندا "بىرىڭلار – ھە" دەپ بىر - بىرىگە تەكەللۇپ

قىلىپ ئادەتلەنگەن بولسا، قەشقەردە "ئۆي سىيان بارمالا، خىزمەتتە بولاي" دەپ تەكەللۇپ قىلىدۇ. بۇ رەسمىي تەكلىپ قىلىش ئەمەس، تەكەللۇپ قىلىش بولۇپ، بۇنى ھەممە ئادەم كۆڭلىدە بىلىدىغان بىر غەيرىي رەسمىي ئادەت ئىدى. بەزىلەر بۇنى سەمەرقەنت تەكلىپى دەپمۇ ئاتىشىدىكەن. ئەمما بۇ رەسمىي مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىشتىن دېرەك بەرمەيدىغان گەپ، خالاس. غېنى ھاجىم تازا ھېسسىياتلىنىپ ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ: "خۇدا بۇيرۇسا باللارنى بىر كۆرۈپ كەلسىلە. بىر كۆرستىمەن زادى" دېدى. كېيىنكى چاغلاردا بىز ھەر قېتىم بىر يەرلەردە ئۇچرىشىپ قالساقلا، "بىر كۆرمىسىلە بولمايدۇ، باللار بەك ياخشى" دەپ سۆزلەپ تۇردى. بۇ تەكلىپ بىلەن تەكەللۇپ ئارىسىدىكى گەپ بارغانچە رەسمىي تەكلىپكە ئۆزگىرىپ، "سىلىگە بىر كۆرستىمەن، سىلىنى ئاپىرىپ كۆرستىمەن" دېگەن گەپلەر بارغانچە كۆپەيدى. ئاخىر 2000 - يىلى 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى رەسمىي تەكلىپ بىلەن ئاتايىن غېنى ھاجىمنىڭ ئۆسمۈرلەر پۇتبول كەسپىي سىنىپىنى زىيارەت قىلىشقا ئۇرۇمچىدىن قەشقەرگە باردىم. ئىسسىمايدىغان ياتاقتا تەستە تاڭ ئاتقۇزۇپ، ئەتىسى سەھەردە قەشقەر 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە باردىم. شۇكىلىشىپ، جىمغۇرلىشىپ كەتكەن بۇ قەدىمكى شەھەر قويۇق تۇمان ئىچىدە تېخىمۇ تۇتتۇق كۆرۈندى. تۇمانلىق كوچىدا ئادەملەر ئالدىراش ئۆياق - بۇياققا ئۆتۈشەتتى. ياشلىق چاغلىرىمدىكى قەشقەرنىڭ قايناق، قىزغىن، جۇشقۇن، روھلۇق سىماسى ئۆچكەندەك ئىدى. قەشقەردە 4 - ، 5 - ئايلاردا، يەنى تېرەك تەڭگە بولۇپ چوكانلار بەڭگە بولغاندا، كاككۇك ئەكىلىدىغان بوراندىن كېيىن بىر توپا ياغىدىغان، توپا يېغمى بولغاندا كۈندۈزدىمۇ كېچە بولغاندەك قاتتىق تۇمان چۈشۈپ كېتىدىغان ئادەت بار ئىدى. ئەمما دەل قىشتا بۇنداق قىرو - تۇمان چۈشكەننى كۆرمىگەنىدىم .

قەشقەر قەشقەر ئۇچۇنلا ئەمەس، پۈتكۈل ئۇيغۇر ماتارىپى، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئاجايىپ ئېسىل تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيلەپ قاتارغا قوشقان بۇشۇكلەرنىڭ بىرى. ئالىي مەكتەپلەر بىلەن باراۋەر نوپۇزغا ئىگە قەشقەر 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تەنتەربىيە مەيدانىغا بارغان چېغىمدا، قويۇق تۇمان ئىچىدە بىر توپ ئۆسمۈر يېلىڭ كىيىملىرى بىلەن باش - بويۇنلىرىدىن، ئېغىز - بۇرنىدىن قويۇق ئاق ھور چىقىرىپ مەشىق قىلىۋاتاتتى. باللارنىڭ يالاڭ كىيىنىۋالغانلىقىغا قاراپ، ئۆزۈم قېلىن كىيىنىۋالغان تۇرۇقلۇق شۈركىنىپ كەتتىم. باللارنىڭ تۇمشۇقى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ ئۆزىدىن يوغان كېلىۋاتقان توپنى "گۈپ – گۈپ" تېپىشلىرى ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۆزۈمنى چاغلاپ باقسام، ھەرقانچە كۈچىسەممۇ توپنى ماۋۇ باللاردەك تور يېگۈدەك تېپەلەيدىغان ئەمەسمەن. قازاقىستان يارى كوماندىسىنىڭ باش بۇغى يارى ئەپەندىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر ئەپەندىگە ھاياجان بىلەن "ئۇيغۇرلارنىڭ پۇتبولدىكى ئىستىقبالىنى مەن قەشقەردە بىر توپ باللاردىن كۆردۈم. بىزنىڭ ھەقىقىي پۇتبولچى ئەزىمەتلىرىمىز ئاشۇلاردىن چىقىدىكەن، چوقۇم چىقىدۇ" دېگەن مەدھىيىسىنىڭ مۇبالىغە بولۇپ كەتمىگەنلىكىگە مانا ئەمدى ئىشەندىم. باللاردىكى چەبدەسلىك سەزگۈرلۈك، ئىنكاسىنىڭ تېزلىكى، ھۇجۇمدىكى چاققانلىق، مۇداپىئەدىكى ئەپچىللىككە قاراپ "ھەي،

ھەممە ئادەملىرىمىز مۇشۇنداق چاقاقان، سەزگۈر بوپكەتسچۇ"دېگەن گەپلەرنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قاپتىمەن .

–بىزنىڭ ھەممە ئادەملىرىمىز مۇشۇ باللاردەك ھەرىكەت قىلسا، بەدىنىنى چېنىقتۇرسا، مۇشۇنداق ئەقىللىق، چېچەن، ساغلام بولىدۇ. ئوبدان يەپ، خام گۆش بولۇپ يېتىشۆرسە خامۇش، گاراڭ، لەقۋا، كېسەل كۆرپىسى بولىدۇ. مۇشۇ باللار مانا مۇشۇ بىر مەزگىللىك قاتتىق چېنىقىشتا بىر ئۆمۈر ئاغرىماي، سالامەت قېرىمىسا قۇلىقىمنى ساپالدا كېسىمەن. مانا مەن ھازىرغىچە ئاتمىشتىن ئاشتىم، "ۋاي" دەپ ئاغزىمغا بىر تال دورا سالغىنىمنى، دوختۇرخانىغا بارغىنىمنى بىلمەيمەن .

باللارنىڭ باش مەشقاۋۇلى زۇنۇن ئەپەندىنىڭ قانداق قىلىپ ئالدىمغا كېپقالغىنىنى تۇيماي قاپتىمەن .
–باللار مۇشۇ بىر مەزگىللىك قاتتىق چېنىقىشتا ئاجايىپ ياخشى ئۆسۈپ يېتىلدۇ. بويى ئۆسىدۇ، كاللىسى ئېچىلىدۇ، ئىنكاسى، پىكرى ئۆتكۈرلىشىدۇ. مۇشۇ باللارنىڭ ئەڭ ناچىرى دېگەنلىرىمۇ ئاجايىپ ساغلام ياشايدۇ، – دېدى زۇنۇن ئەپەندى. يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان بۇ ئادەمنىڭ بوي - تۇرقى، رەڭگىنىڭ قارىلىقى، پۇتبولغا بولغان چەكسىز ئەقىدە، مۇھەببىتى قەشقەر خەلقى ئارىسىدىكى نوپۇزى پۇتبول پادىشاھى برازىلىيىلىك بىلى ئەپەندىگە تولۇق ئوخشايتتى. "زۇنۇن قارىۋاي" دېسە قەشقەردە بىلمەيدىغان ئادەم يوق. ئۇ كىچىك چېغىدا ئاۋۋال تۇمىقىنى پۇتبول قىلىپ تەپكەندىن تارتىپ، مانا ھازىرغىچە بىر ئۆمۈر پۇتبول ئوينىدى. ھەممىدىن قىزىقارلىقى، ئۇنىڭ ئوغلى، ھەتتا كۈيوغلى، نەۋرىلىرىمۇ پۇتبولچى .

–باللارنى بەك قاتتىق تۇتۇپلا .
–بىز ھازىر باللارنى ئامېرىكىنىڭ ئەڭ يېڭى پۇتبول دەرسلىك قوللانمىسى بويىچە تەربىيىلەۋاتىمىز. ئەسلىدە باللارنى تەربىيىلەشنى تۆت يېشىدىن باشلايدىغان ئىشكەن. بىز ئۈچ يىل كېچىكىپ يەتتە ياشتىن باشلاپتۇق. بۇ قېتىم ئالغان باللارنى تۆت يېشىدىن ئالساق دېگەن ئارمىنىم بار .
–بىزنىڭ مۇشۇ 30 بالىدىن ئۆلچەملىك بالىدىن قانچىسى چىقار؟ !
–چۈجىنى كۈزدە ساناش ئەڭ ئاقىل تاللاش بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈمدە مانا مۇشۇ تۇمانلىق سەھەردىكىدەك بىر سۈرەت دائىم ئايان بولۇپ تۇرىدۇ. تۇمان ئىچىدىن بەش گىگانت پۇتبولچى ئەزىمەت خەلقارا سەھنىدە ئالتۇن لوڭقا ئېلىۋاتقان كۆرۈنۈش دائىم كۆز ئۇڭگە كۆرۈنگەندەك بولىدۇ. ئەگەر مەن تەربىيىلىگەن مۇشۇ ئوتتۇز بالىدىن بەش بالا خەلقارالىق ئۆلچەمدە يېتىشىپ چىقالىسا، بىر بالىنىڭ خەلقارالىق بىر قېتىملىق مۇسابىقىگە تەكلىپ قىلىش ئىجارىسىلا جۇڭگو پۇلىغا ئالتە يۈز مىڭ كوي بولىدۇ. پۇتبولچى بولۇپ باي بولدى، مىليونېر بولدى دېگەن شۇ. بىر قېتىملىق مۇسابىقە ھەققى شۇنداق بولغاندىن باشقا، ئايلىق مائاش، تەمىنات دېگەنلەر ئۇنىڭ سىرتىدا .

–غېنى ھاجىم سالغان مەبلەغمۇ زايا كەتمىگۈدەك .
–ۋاي مېنىڭ بۇ باللاردىن سېرىق سىنىت تەمەيىم يوق. پەقەت مۇشۇ باللار ئاشۇنداق كاتتا پۇتبولچى بولۇپ ئۆزلىرى باي بولۇپ، ۋەتەنگە، مىللەتكە شان ـ شەرەپ كەلتۈرسە مېنىڭ ھاردۇقۇم چىقىدۇ. ئۆزلىرى ياخشى ئويناپ، ياخشى ياشىسا مەن شۇنىڭغا خۇش .

بىزنىڭ ئاشۇ سۆھبىتىمىزگە ئۇلىشىپ يېتىپ كەلگەن غېنى ھاجىم بىلەن باللارنىڭ ياتاق، مۇنچا، ئاشخانىلىرىنى بىرگە كۆردۇق. ياتاق دېرىزىسىدىن سەھەرنىڭ قويۇق تۇمانلىرى ئىچىدە باللار بىلەن تەڭ سەكرەپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن زۇنۇن ئەپەندىگە مەستلىكىم كەلدى .
–زۇنۇن ئەپەندىگە قارىغاندا مېنىڭ يېشىم كىچىك بولسىمۇ، لېكىن مەن قېرى بوۋاي، ئۇ شوخ يىگىتتەك يۈرىدۇ .
–ۋاي بۇ ئادەمنىڭ قاتتىق قوللۇقىدىن ئىككى ياردەمچى مەشقاۋۇل بۇ ئادەمنى "فاشىست مەشقاۋۇل" دەپ توختىماي قاقشايدۇ. سەۋەبىنى سورىسام، "مەن ئاتايىن ئامېرىكا يېڭى پۇتبول مائارىپ دەسلىكىنى ئەكەلدۈرۈپ شۇ ئۇسۇل بويىچە تەربىيىلەۋاتىمەن، پۇلنى سىلى چىقاردىلا، بىلىمنى مەن چىقاردىم، ئەتە ـ ئۆگۈن باللار قوغلاتاق چىقىپ قالسا سىلىگىمۇ، ماڭىمۇ ياخشى ئەمەس. شۇڭا مېنىڭ بىر قوللۇق تەربىيىلىشىمگە ئارىلاشمىسىلا" دېدى، شۇڭا مەنمۇ ئاشۇ ئادەمگە قويۇپ بەردىم .
غېنى ھاجىم بىلەن مەيدانغا، باللارنىڭ يېنىغا يەنە كەلدۇق. زۇنۇن ئەپەندى بىزگە يەنە سۆزلىدى :
–ھازىر خەلقارادا توپنى بېشىدىن چۆشۈرمەي ئۈچ مىڭ توپ ئۇرۇش ئەڭ يۇقىرى رېكورت. بەش بالام ئىككى مىڭ سەككىز يۈز توپ ئۇرغۇدەك بولدى. پۇتتا توپنى ئويىنتىش ھەرىكىتى 158 خىل، ھازىر باللار 148 خىل ھەرىكەتنى ئىگىلەپ بولدى. توپ باللارنىڭ پۇتىغا ماگنىت ئورناتقاندەك يەملىشىپ ماڭىدۇ .

## 5. سۈتچىنىڭ سۈتىلا ئاق ئەمەس

دەسلەپكى ھەم ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق ئىمتىھان، ئىنچىكە تەكشۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىدە قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىن بىر بالا باشتىن ـ ئاخىر ھەرقايسى تۈرلەردىكى كومىسسىيەلەرنىڭ ئالاھىدە رازىلىقى ھەم يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتتى. بالىنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى، سۆڭىكى، چېچەنلىكى، سېزىمى، ئەقلىي قۇۋۋىتى كەم تېپىلىدىغان پۇتبول ماتېرىيالى ئىدى. بالا قوبۇل قىلىنىپ ئەتىسىلا بالىنىڭ دادىسى شۆھرەت يوغان بىر تۇڭ سۈتنى ۋېلسىپىتكە ئارتىپ 20 كىلومېتىر يەردىن قارا تەرگە چۆمۈپ كەلدى .
–سىلى شۇنچە پۇل دەسمايە سېلىپ باللىرىمىزنى تەربىيىلىرىگە ئالدىلا، قولۇمدىن باشقا ئارتۇق ئىش

كەلمەيدۇ، مېنىڭ بىر كىچىك قېرمام بار. ئوتتۇز باللىنىڭ سۈت تەمىناتىنى مەن ھەقسىز ئۈستۈمگە ئېلىپ ئۆز كۆڭلۈمنى بىلدۈرەي دەيمەن .

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ شۆھرەت ھەر ئەتتىگىنى تاڭ ئاتماستا 10 كىلوگرام سۈتنى ۋېلىسىپىتگە ئارتىپ 20 كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ باللارغا سۈت ئەكېلىپ بېرىپ كېتىدىغان بولدى. بۇ ئاق كۆڭۈل دادا، ئەسلىدە ئۈستۈن ئاتۇشتىكى داڭلىق گىگانت ئادەم 19- ئەسىر ۋە 20- ئەسىرلەردە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا چېلىشىشتا داڭق قازانغان ئابلىز توخسۇن پالۋاننىڭ ئوغلى ئىكەن. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسىنىڭ ۋەتەن، مىللەتنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن چېلىشقان پالۋانلىق روھى، خالىسلىق جاسارىتى تومۇرىدا ئاققان قېنىدا بار ئىكەن .

## 6 .قەشقەر يەنىلا چەۋەندازلار ماكانى

بۈگۈن قەشقەر مەيلى قايسى دەرىجىدە ئۆزىنىڭ تارىخىي روھىنى يوقاتسۇن ياكى ئۆزگىرىپ يېڭىدىن تۇغۇلغان شەھەرچاقلارنىڭ چاڭ - توزانلىرى ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالسۇن، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئامەتلىك يىللىرىدا تىكلىگەن غايەت زور شان - شۆھرىتى، ئىناۋىتى، ئوبرازى، نوپۇزى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئېسىدىن ئالدىراپ چىقىپ كەتمەيدۇ، ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىنى يازغان، ئوقۇغان، ۋاراقلىغاندا ھېچكىم قەشقەردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلىگەن ئەمەس. چۈنكى ئۇ دۇنيا تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن شەھەر. چۈنكى بۇ شەھەردە دۇنيانى تىترەتكەن جاھانگىر ئىمپېراتور ئافراسىياپ تۇغۇلغان، ئۆسۈپ يېتىلگەن. دۇنيا تارىخىنى بىلىدىغان، دۇنيانى بىلىدىغان ھەربىر مەدەنىيەتلىك بەندە بۇ شەھەرنى ئافراسىياپنىڭ ئوبرازى دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر ھەرقەدىمى چالمىسىدا ئافراسىياپنىڭ ئەرۋاھى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قەشقەرنىڭ كېيىنكى چوكۇپ كېتىشىگە ھازىرقى زاماننىڭ دانىشمەنلىرى ھەرخىل تەبىرلەرنى بېرىشىدۇ. بەزى دانىشمەنلەر: مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپى مۇسا جارۇللا ھەزرەتلىرى قەشقەر ھېيتگاھ مەيدانىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە، قەشقەرنىڭ كاتتا ئالىملىرىدىن بىرسى سەللىنى يوغان ئوراش كېرەكمۇ، كىچىكمۇ دەپ سورىسا، يەنە بىرسى ساقالنى قانچىلىك قويۇش لازىملىقىنى تالىشىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇسا جارۇللا: "يا پەرۋەردىگار، خەلق ئاچلىق - يالىڭاچلىقتىن ئۆلۈۋاتسا ئۇنىڭغا باش قاتۇرىدىغان ئادەم يوق. سەللە بىلەن ساقالنى تالىشىدىغان ئادەمنىڭ جىقلىقىنى كۆرمەمدىغان. مېنى قەشقەرنىڭ نادان موللىسىدىن قىلىپ ياراتمىغانلىقىڭغا يۈز مىڭ شۈكۈر" دېگەنىكەن. قەشقەرنى نادانلار چۆكتۈرۈۋەتكەن دەپ تاپا - تەنە قىلىشىدۇ. يەنە بەزىلەر: "قەشقەر"

دېگەن ئىسمىمۇ كاھىش غەر دېگەن غايەت زور بىر بۇتتىنىڭ ئىسمى. قەشقەر خەلقى بۇتتىن بىزار بولغان بىلەن بۇتتىن قۇتۇلالمايدىغان، ئاسانلا بىركىملەرنى بۇت قىلىۋېلىپ شۇنىڭغا باش ئۇرىدىغان، كۆندۈزى ئاللاغا ئىبادەت قىلىپ، كېچىسى ئادەمگە باش ئۇرىدىغان بۇتپەرەس، قەشقەرنىڭ نەزەردىن قېلىشىغا شۇ سەۋەب، دەپمۇ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدۇ. ئىشقىلىپ مەيلى قانداقلا بولسۇن، قەشقەر ئۇنتۇلماس چۈشكۈن شەھەر بولۇپ قالدى .

ئەمما قەشقەر يەنىلا چەۋەندازلار ماكانى. تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۈيۈك بېرىتانىيە كۇتۇپخانىسىنىڭ مەخپىي ئارخىپلىرىنىڭ بىرىدە ۋاسكېتبول ئەسلى قەشقەردە ئىجاد بولغان دەپ خاتىرىلەنگەنمىش. ۋاسكېتبولنى ئىجاد قىلغۇچى ئەنگلىيىلىك ساياھەتچى قەشقەرگە كېلىپ شەھەرنىڭ بىر نامراتلار كوچىسىدا كېتىۋاتسا، پاكار ئەنجان تاملىق بىر ھويلىدا سەككىز ياشلىق بىر ئوغۇل بالا دادىسىغا ئەگىشىپ يىغلاۋاتقۇدەك، دادا ئوغلىنى ھېچقانداق قىلىپ كۆندۈرەلمەي، كالا ئېغىلى ئالدىدا تۇرغان تېگى يوق سېۋەتكە كۆزى چۈشۈپ، كۆڭلىگە بىر ئەقىل كەپتۇ ـ دە، سېۋەتنى پېشايۋان تۈۋرۈكىنىڭ ئېگىز يېرىگە باغلاپ، ئوغلىنىڭ دوپپىسى ئىچىگە سامان تىقىپ ئۇنىمۇ يۇملاق قىلىپ باغلاپ يىراقتىن سېۋەتكە ئېتىپتۇ. پومزەك دوپپا بەزىدە سېۋەتكە كىرىدىكەنۇ، ئەمما تېگى تۆشۈك بولغاچقا يەنە چۈشۈپ كېتىدىكەن. بۇ ئويۇننى كۆرگەن بىر مۇنچە بالا ئويۇنغا قىزىقىپ ھويلىغا توپلىشىپتۇ. دوپپىنى تالىشىپ سېۋەتكە ئېتىپ ئويناپتۇ. بۇ قىزىقارلىق ئويۇنغا باللار شۇنداق قاتتىق بېرىلىپ ئويناپ كېتىپتۇ. ئەنگلىيىلىك سەييياھ ئۆزىمۇ بۇ ئويۇنغا بەند بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بۇ قىزىق ئويۇننى خاتىرىلەپ ئەنگلىيىگە قايتىپ ئۇزۇنغا قالماي ۋاسكېتبولنى ئىجاد قىلغانىكەن. بۇ ئىشلار قانچىلىك راست ياكى يالغان بولسۇن، بۇنىڭغا دەلىل قىلىدىغان نۇرغۇن پاكىتلار بىزنىڭ بۇ ئانا تۇپراقنىڭ چەۋەندازلار تۇپرىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بىرەلەيدۇ. قەبرىلەرنى كولىساقمۇ ئەرلەرنىڭ ھەممىسدە چەۋەندازلىق جابدۇقلىرى ھازىر ئىشلەتكۈدەك تۇرۇپتۇ. مىڭۆيلەردىكى تام رەسىملىرىگە قارىساق، ئۆلاردىمۇ پۇتكۆل تەنھەرىكەت تۈرلىرى جانلىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئەمدى كېيىنكى تىرىكلەرگە كەلسەك، 30- يىللاردىكى ئىكساق دېھقانلار پۇتبول كوماندىسىنىڭ ئەنگلىيە – شۋېتسىيە بىرلەشمە كونسۇل كوماندىسى بىلەن پۇتبول ئويناشلىرى، 50- يىللاردا شىنجاڭ ۋاسكېتبول، ۋالىبول، ئات بەيگە، چېلىشىش، پۇتبول كوماندىلىرىنىڭ پۈتۈن جۇڭگو بويىچە چېمپىيونلۇقنى بەرمەسلىكى، ئارىپ پالۋان، پازىل پالۋان، ھاجى پالۋان، ئابدۇكېرىم داڭ، ئادىل، ئابدۇشۈكۈر، ئەكرەملەرنىڭ چەۋەندازلىق ھەرىكەتلىرى بۇ ئانا تۇپراقنىڭ ئەسلى چەۋەندازلار ماكانى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ .

بۈگۈنكى كۈندە پۇتبول سىنىپىنىڭ قۇرۇلۇشى مانا بۇ تۇپراقنىڭ ئەجدادتىن ـ ئەۋلادقا ئۇلىشىپ كېلىۋاتقان چەۋەندازلىق قېنىنىڭ داۋاملىق ئېقىۋاتقانلىقىنىڭ تىرىك نىشانى. بۇنداق ئىش – بۇنداق ھەرىكەتنىڭ قاچاندا بولسۇن بولىدىغانلىقى ئېنىق. ئەمما ياخشى ئىشنىڭ كېيىن بولغىنىدىن بالدۇر بولغىنى ياخشى.

قەشقەردىكى ئەسلى روھ، قەشقەرنىڭ تىرىكلىك روھى مانا مۇشۇ پۇتبول مايىسلىرىنىڭ يۇمران تېنىدىن ئۇچقۇن بولۇپ چاچراپ، يەر شارى بويىچە تەسىر كۆرسەتكۇدەك پۇتبول كوماندىسى بولۇپ قېلىشىنى ھەممىمىز تىلەيمىز. يوغان دەريامۇ كىچىك كۆزدىن باشلىنىدۇ. غايەت زور دەرەخمۇ كۆچەتتىن يوغىنايدۇ. بۇ تۇپراق يەنە چوقۇم زور ئىشلارغا ھامىلدار بولدى. ئۇنىڭ ۋاقتى ـ سائىتىنى بىز تەقەززا ـ تەشنالىق بىلەن كۈتىمىز.

2001ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى.

("تەڭرىتاغ" 2001ـ يىللىق 4ـ سانىدىن ئېلىندى)